شىنجاڭدىكى يازغۇچىلارنىڭ نادىر ئەسەرلىرى

ئابدۇقادىر جالالىددىن



# مەۋجۇتلۇق تەشنالىقى

— ئەنگلىيەدە كۆرگەن - ئاڭلىغانلىرىم

شىنجاڭ پەن-تېخنىكا نەشرىياتى

ئابدۇقادىر جالالىددىن

مەۋجۇتلۇق تەشنالىقى

شىنجاڭ پەن-تېخنىكا نەشرىياتى

مۇقاۋىنى لايىھەلىگۈچى: نۇرمۇھەممەد ئۆمەر ئۇچقۇن
خەتتات: ھەمدۇللا ئابدۇسالام

## ئابدۇقادىر جالالىددىن ئەسەرلىرى

قىشتىكى خامان
داغمۇ ياكى زىننخمۇ
مەۋجۇتلۇق تەشنالىقى
ئىنسانىي سۈپەت مەنزىلى
ئۆزىنى ئىزدەش بوسۇغىسىدا
يۈزىمىز، ئۆزىمىز ۋە كۆزىمىز

ISBN 978-7-5466-1257-7

ئۇيغۇر كىتاب تورى بىكىتى
www.uyghurkitap.com



# The Works of Abduqadir Jalaliddin



www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى

ئابدۇقادىر جالالىددىن

# مەۋجۇتلۇق تەشنالىقى

— ئەنگلىيەدە كۆرگەن - ئاڭلىغانلىرىم



شىنجاڭ پەن-تېخنىكا نەشرىياتى




ئاپتور مونتو (ئوڭدىكى) ۋە ئېدموند (سولدىكى) قاتارلىق كەسپداشلار
بىلەن بىللە كەمبرىج ئۇنىۋېرستېتىدا



ئاپتور كەمبرىج ئۇنىۋېرستېتىدىكى بىر قىسىم دوكتور ئاسپىرانتلار
بىلەن دالا سەيلىسىدە

www.uyghurkitap.com

# يەر شارىدا بىزمۇ بار

## — ئاپتورنىڭ كىرىش سۆزى

«مەۋجۇتلۇق تەشنالىقى» دېگەن كىتابىمنى يېزىپ ئاخىرلاشتۇرۇپ، ئۇنى يېڭىلىق ۋە پىكىرگە تەشنا ئوقۇرمەنلىرىمنىڭ قولىغا تاپشۇرۇش ئالدىدا تۇرغانلىقىمدىن يەڭگىللىك ۋە ئارام ھېس قىلىمەن. بەلكىم، كىتابتىكى بەزىبىر بايانلارنى تەلتۆكۈس يېڭىلىق دەپ كەتكىلىمۇ بولماس، ئەمما، ئۇلار يات ئىقلىملارغا ئىنتىلىپ، ئۆزگىچە رايونلارنى ئۆز كۆزى بىلەن كۆرۈش پۇرسىتىگە ئېرىشەلمىگەن كىشىلىرىمىزگە نىسبەتەن ئاز – تولا جەلپكارلىققا ئىگە بولۇشى مۇمكىن. ئەسكەرتىپ قويۇش لازىمكى، مەسىلىنىڭ نېگىزى قانداقتۇر كۆرگەن – بىلگەن ئىشلارنى تەسۋىرلەپ قويۇشتا ئەمەس، بەلكى قەلەمگە ئېلىنغان ئۇششاق ئىشلارغا نىسبەتەن قانداق ئويلاردا بولۇشتا.

مۇئەللىپنىڭ مەزكۇر كىتابنى يېزىشقا تۈرتكە بولغىنى ئۇنىڭ ئەنگلىيەدە يۈرۈپ ناھايىتى چوڭ ئىشلارنى كۆرۈپ كەتكەنلىكى ئەمەس ياكى ئەنگلىيەگە چىقىشنى شەرەپ بىلىپ، ئۇ يەردىكى شەخسىي تۇرمۇشىنى داۋراڭ قىلىپ قويۇشمۇ ئەمەس ۋە ياكى كىچىك ئىشلارنى كىتاب قىلىپ يېزىپ، نەپ ئۈندۈرۈشمۇ ئەمەس. ياق، ھەرگىز ئۇنداق ئەمەس. كىتاب يېزىپ، ئائىلەمنى باققۇدەك نەپكە ئېرىشىپ باققىنىممۇ يوق. بۇ كىتابنى يېزىشىمغا ھەيدەكچى بولغان ئامىللار ھېچبولمىغاندا مۇنداق بولۇشى مۇمكىن: مەن بىردىنلا تەرەققىيات دەرىجىسى، تۈزۈلمە شەكلى،

تۇرمۇش يوسۇنى بىزگە تامامەن ئوخشىمايدىغان بىر جەمئىيەتكە بارغىنىم ئۈچۈن، بۇ جەمئىيەتتىكى ھەرقانداق ئادەم، ھەرقانداق مەنزىرە، ھەرقانداق قىياپەت، ھەرقانداق قائىدە روشەن تارتىش كۈچىگە ئىگە بىلىنىدى. مەن ئەنە شۇ خىل بېرىلىپ كۆزىتىش داۋامىدا، ھەرقانداق ئاددىي نەرسىدىن يېڭىلىق ھېس قىلدىم. مەن كۆرگەنلىكى نەرسە مەندە سېلىشتۇرما پىكىر - خىياللارنى ئويغاتتى. ئېھتىمال، دىققىتىمنى تارتقان ئۇ نەرسىلەر يەرلىكلەر ئۈچۈن ئەرزىمەس نەرسىلەر بولۇشى مۇمكىن. بىر قەشقەرلىككە نىسبەتەن ئۇنىڭ ئەتراپىدىكى تۇرمۇش ھادىسىلىرى ھېچقانداق مەنىگە ئىگە بولمىغىنى بىلەن نىيۇيورك ياكى لوندوندىن كەلگەن ساياھەتچى ئۈچۈن كىشىنى ئىنتىلدۈرىدىغان ئاجايىپ ئىشلار بولۇشى مۇمكىن. كۆرگەنلىرى توغرىسىدا ئەستايىدىلرەك ئويلاپ بېقىشنى ئادەت قىلمىغان كىشىلەرنىڭ ئالدىدا مۆجىزە يۈز بەرگەندىمۇ ھېچ نېمىنى ئويلىماسلىقى مۇمكىن. بىراق، مەنىۋى كۆزلىرىنى ئىشقا سالىدىغان كىشىلەر ئۈچۈن ھەرقانداق نەرسە مۆجىزىگە ئايلىنالايدۇ. ئەسلىدە، ئىنسانىنىڭ ئۆزىمۇ مۆجىزە ئەمەسمۇ؟! ئەنگلىيەدىكى تۇرمۇشۇم بەكلا ئاددىي، قالتىس ئىشلارغا يولۇققۇدەك ياكى شاھىت بولغۇدەك ئىمتىيازىممۇ يوق. لېكىن، ئاشۇ ئاددىي تۇرمۇشۇمدىكى شەيئىلەر ھەققىدە ئويلارنى سۈرۈپ، ئۆزۈمچە زىلزىلىگە كەلگەن پەيتلىرىممۇ كۆپ بولغان. شۇڭا، مېنى ئوي - خىياللارغا گىرىپتار قىلغان ئاددىي تۇرمۇش تەسىراتلىرىمنى ئوقۇرمەنلىرىمگە سۆزلەپ بېرىپ، ئۇلار بىلەن بىللە ئويلاشنى راۋا كۆرۈپ قالدىم. ناھايىتى ئەپسۇسكى، ۋەتەنگە قايتىپ كەلگەندىن كېيىن قولۇمغا دەرھال قەلەم ئالالماي، نەق مەيداندىكى نازۇك ئىچكى كەچۈرمىشلىرىم غۇۋالىشىپ، پەقەت ئىدىيەلا ساقلىنىپ قاپتۇ. شۇنداقتىمۇ ئەينى چاغدىكى ھېسلىرىمنى ئەسلەشكە كۆپ تىرىشتىم. ھېسلار ئىدىيەدەك روشەن بولمىغىنى بىلەن قەلبىنىڭ تېرەنلىكىنى كۆرسىتىدىغان

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تورى

قىممەتلىك خۇرۇجلاردۇر. گەرچە مەن ئەنگلىيەدە ئۇزۇن تۇرمىغان بولساممۇ، ئۇ يەردە تۇرۇپ كۆرگەن - بىلگەنلىرىمنى كىتاب قىلىپ يېزىشتەك قىيىن ئىشقا تەۋەككۇل قىلدىم. بۇنداق كىتابنى چەت ئەلدە ئۇزۇن تۇرغانلار يېزىشقا ھەقلىق دېيىشكە توغرا كەلگەندە، مەن پەقەت سۈكۈت قىلىشنى تاللىۋالاتتىم. ئەمما، مېنىڭ يېزىشقا جۈرئەت قىلىشىم باشقىلارنىڭ يولىنى ئېتىپ قويۇش ئەمەس، بەلكى يول ئېچىش. يەنە بىر سەۋەب شۇكى، ۋەتەنگە قايتىپ كەلگەندىن كېيىن، تەلەپچان ئوقۇرمەنلىرىم مېنى كۆرگەندە ئەنگلىيەدىكى تەسىراتلىرىم توغرىسىدا بىرنەرسە يېزىشقا رىغبەتلەندۈردى. ئۇلارنىڭ ئىچىدە پېشقەدەملەر، ئىستۇدېنتلار ۋە كىتابخۇمار جەمئىيەت ياشلىرى بار. ئىچكى ئۆلكىلەردىكى ئوتتۇرا مەكتەپلەردە ئوقۇۋاتقان ئۆسمۈرلەر ۋە ياشلارمۇ ئالايىتەن خەت يېزىپ، ساددا، سۆيۈملۈك تەۋسىيەلىرىنى بىلدۈرۈشتى. «ئۆزىنى ئىزدەش بوسۇغىسىدا» ناملىق كىتابىم نەشردىن چىققاندىن كېيىن، كۆڭلىدە ئارمانلار يېلىنجاپ تۇرغان ياشلار، بولۇپمۇ ئالىي مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرى قىزغىن خېرىدارلىق بىلدۈرۈشتى. پەرزەنتلىرى يېڭىدىن ياپونىيەگە چىقىپ كەتكەن بەزى ئاتا - ئانىلار كوچىلاردا، توي - تۆكۈن ۋە نەزىر - چىراغ سورۇنلىرىدا ماڭا تەشەككۈر ئىزهار قىلىشتى. ھەتتا تۇرمىدىن ئەۋەتىلگەن دىل بايانلىرىنىمۇ تاپشۇرۇپ ئالدىم. مەن بۇلاردىن خەلقىمىزنىڭ دۇنيانى چۈشىنىشكە نەقەدەر تەشنا ئىكەنلىكىنى چۈشەندىم. ئەلۋەتتە، بۇ تەشنالىقنى تولۇق قاندۇرۇپ كېتەلەيمەن، بۇ جەھەتتىكى خىزمەتنى ۋايىغا يەتكۈزۈپ قىلالايمەن دەپمۇ قارىمايمەن. ئەمما، شۇنداق بىر ئىشنى قىلىش كېرەكلىكىنى ياخشى بىلىمەن. ئەڭ ياخشى قىلىشنى ئەڭ ياخشى قىلالايدىغانلارغا قالدۇراي، ئەمما، قولۇمدىن كەلگىنىنى قىلاي، دەپ ئويلىدىم - دە، شۇنىڭ بىلەن مەزكۇر كىتابنى يېزىشقا ئىرادە قىلدىم.

شۇنىسى ئېنىقكى، مەن ئەنگلىيەنى تولۇق چۈشىنىشتىن خېلىلا يىراق. مەندىكىلىرى پەقەت تار دائىرىدىكى بىر يىللىق تۇرمۇشنىڭ گادىرماچ تەسىراتلىرىدىن ئىبارەت، خالاس. شۇنداق بولغاچقا، ئەنگلىيە مەدەنىيىتى ۋە تارىخىغا دائىر ماتېرىياللارنى كۆرۈشكە توغرا كەلدى. جۇڭگو ۋە چەت ئەللىك قەلەم ئىگىلىرى يازغان بىر قىسىم كىتابلارنى كۆرۈپ چىققاندىن باشقا يەنە ئەنگلىيەگە ئائىت ساياھەت قوللانمىلىرى، خەرىتىلەرگىمۇ نەزەر سېلىپ چىقتىم. بۇلاردىن بىلىم ۋە ئۇچۇر خاراكتېرلىك نۇرغۇن مەلۇماتقا ئېرىشتىم. مېنىڭ ھەممىدىن كۆپ پايدىلانغىنىم ئىنتېر تورى (Internet) بولدى. مەن بۇ قېتىمقى يېزىقچىلىقىمنىڭ ئىنتېر تورىغا ئىنتايىن باغلىنىپ كەتكەنلىكىنى ھەيرانلىق بىلەن بايقىدىم. كىتابتا يازغان نۇقتىلىق جايلارنى گوگىل خەرىتىسى (Googlemap) ئارقىلىق قايتىدىن كۆزدىن كەچۈرۈپ، ئەينى ۋاقىتتىكى نەق مەيدان ھەققىدىكى تۇيغۇلىرىمنى قايتىلىدىم. ئارىدا ئىنتېر تورى توختاپ كەتكەندە، يېزىقچىلىقىمنىمۇ توختىتىشقا مەجبۇر بولدۇم. تۇرمۇش ۋە خىزمەتتىكى تۈرلۈك مەسىلە، رىياكارلارچە كىشىلىك ئالاقىلەر يېزىقچىلىقىمنى تالاي قېتىم ئۈزۈپ قويدى. بۇ كىتابنى تاماملاش جەريانىدا بەزى ژۇرناللارنىڭ بۇيرۇتمىلىرىنىمۇ ئېلىپ تۇردۇم، دىسسېرتاتسىيەلەرنى كۆزدىن كەچۈرۈپ، پىكىر بېرىپ تۇردۇم. خۇداغا شۈكۈر، «مەۋجۇتلۇق تەشنالىقى» غا ئاخىرقى چېكىتنى ئۇرۇشقا مۇۋەپپەق بولدۇم.

كىتابتا بەزى ئورۇن ۋە شەخسلەر توغرىسىدىكى دېتاللار بىرئاز تەپسىلىي يېزىلغان بولۇشى مۇمكىن، ھېچبولمىغاندا، بىر قىسىم ئوقۇرمەنگە زىيادە ئىنچىكىلىگەندەك تەسىرات بېرىشى مۇمكىن. مۇئەللىپنىڭ مەقسىتى ئوقۇرمەنلەرگە باشقىلارنىڭ ياشاش ۋە ئويلاش شەكلى ھەققىدە ئىمكانقەدەر كۆپرەك يىپ ئۇچى بېرىش بولغانلىقتىن ئۆزىنىڭ ئۇلار بىلەن بولغان مۇلاقەتلىرىنى

تەسۋىرلەشكە بولغان مايىللىقىنى كۆرسەتتى. ئۇنىڭدىن قانچىلىك ئۇنۇم يارىتىشنى ئوقۇرمەنلەرنىڭ ئۆزىگە قالدۇرىمىز. چۈنكى، ھەربىر ئوقۇرمەننىڭ ئۇنۇم قارىشى ئوخشىمايدۇ.

ئەنگلىيەگە بېرىشتا، مەن نۇرغۇن ئەزگۈ نىيەتلىك كىشىنىڭ خالىس ياردىمىگە ئېرىشتىم، ئۇلارنىڭ ياردىمى بولمىغان بولسا، چەت ئەلگە چىقىش ئارزۇيۇم كۆپۈككە ئايلانغان بولاتتى. يەنە ماڭا نۇرغۇن دوستۇم، يۇرتداشىم ۋە ئىخلاسمەنلىرىم ھىممەت قولىنى سۇندى. ئۇلارنىڭ دۇئاسىنىڭ بەرىكاتى بىلەن بەزى كىتاب ـ ماتېرىياللارنى ئىككىلەنمەي ئېلىشقا مۇيەسسەر بولالىدىم. يۇقىرى ئىستېماللىق لوندوندا زىيادە ئىزتىراپ چەكمەي، تېجەشچانلىق ۋە پىلانلىق ھالدا ئىستىقامەت قىلالىدىم. مەن ئۇلارغا تەشەككۇر ئېيتىمەن ھەم ساخاۋىتى ئۈچۈن ياراتقۇچىدىن ئاسايىشلىق تىلەيمەن.

كىتابنى پۈتكۈزگىچە ئائىلەمدىكىلەرنىڭ ئىللىق سۆيگۈ رىغبىتى ۋە تەسەللىي ھىممىتىدىن ئوزۇق ئالدىم. بۇ مەنىدىن ئېيتقاندا، بىر كىتابنى ئاپتور يازىدۇ، ئۇنىڭ ئەتراپىدىكى كىشىلەر ئاپتورنىڭ يۈرىكىگە قان بىلەن جان بېرىدۇ.

ئەجرىم ئەلنىڭ نەزىرىدە ئەجىرگە ئايلانسا، ئۇشبۇ بەستۇر. ئىچ پۇشۇقى ئۈچۈن كىتاب ئوقۇيدىغان كىشىلەرگە بۇ كىتاب ئېغىر كېلەر، بەلكىم.

ئابدۇقادىر جالالىددىن

2011 ـ يىلى ماي، ئۈرۈمچى



ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

سەپەردە بەش خىل پايدا باردۇر: بىرىنچى، غەم ۋە خاپىلىق كېتىدۇ. ئىككىنچى، تىرىكچىلىك سەرمايىسى ھاسىل بولىدۇ. ئۈچىنچى، بىلىم ئۆگىنىدۇ. تۆتىنچى، ئەدەپ ۋە ئەخلاق ئۆگىنىدۇ. بەشىنچى، ئۇلۇغلارنىڭ سۆھبىتىدىن بەھرە ئالىدۇ. بىراق، سەپەردە ھارغىنلىق، تەنھالىق، باياۋان كەزمەكلىك ۋە قاتتىقچىلىقلارنى كۆرمەكلىكتەك جاپا ـ مۇشەققەت بولسىمۇ، بۇ، چېقىمچى ۋە ھەسەتخورلارنىڭ ئارىسىدا تىرىك يۈرۈشتىن مىڭ ياخشىراقتۇر.

ـ مۇھەممەد سادىق كاشغەرىي

مەن بايقىغان بىر سىر شۇكى، سەن بىر ئېگىز تاغقا چىققاندىن كېيىن، يامىشىشقا تېگىشلىك نۇرغۇن تاغنىڭ بارلىقىنى كۆرىسەن.

ـ نېلسون ماندېلا

باشقىلارنىڭ قولى بىلەن گۆھەر كولىما، ئۆز يۈت ـ قولۇڭنى ئىشقا سال.

ـ نىزامىي گەنجەۋىي

www.uyghurkitap.com

# نەشرىياتتىن

ئابدۇقادىر جالالىددىن شىنجاڭ پېداگوگىكا ئۇنىۋېرسىتېتى ئە-
دەبىيات ئىنستىتۇتىنىڭ پروفېسسورى، ئۇيغۇر ھازىرقى زامان ۋە
بۈگۈنكى زامان ئەدەبىياتى يۆنىلىشىدە ماگىستىرانتلار يېتەكچىسى.

ئابدۇقادىر جالالىددىن 1964 ـ يىلى مارتتا قەشقەر شەھىرى
بەشكېرەم يېزىسىدا ئۆلىما ئائىلىسىدە تۇغۇلغان. ئۇ دادىسىدىن
ناھايىتى كىچىك قالغاچقا، ئانىسىنىڭ پەرۋىشىدە چوڭ بولغان.
1986 ـ يىلى ئىيۇندا قەشقەر پېداگوگىكا ئىنستىتۇتىنىڭ جۇڭگو
تىل ـ ئەدەبىيات فاكۇلتېتىدا ئۇيغۇر تىل ـ ئەدەبىياتى كەسپى
بويىچە ئوقۇش پۈتكۈزۈپ، شىنجاڭ تەجرىبە ئوتتۇرا مەكتەپتە تىل ـ
ئەدەبىيات ئوقۇتقۇچىسى بولۇپ ئىشلىگەن. 1988 ـ يىلى شىنجاڭ
مائارىپ ئىنستىتۇتىغا يۆتكىلىپ، «شىنجاڭ مائارىپ ئىنستىتۇتى
ئىلمىي ژۇرنىلى»دا مۇھەررىر بولۇپ ئىشلىگەن. 1990 ـ يىلى
ئىيۇندىن باشلاپ بۇ مەكتەپنىڭ تىل ـ ئەدەبىيات فاكۇلتېتىدا
ئوقۇتقۇچى بولۇپ، باشلانغۇچ ۋە ئوتتۇرا مەكتەپ ئوقۇتقۇچى-
لىرىغا ئۇيغۇر ئەدەبىياتىدىن دەرس ئۆتكەن. 2009 ـ يىلى
كۈزدە شىنجاڭ پېداگوگىكا ئۇنىۋېرسىتېتىغا يۆتكىلىپ، ھا-
زىرغىچە مەزكۇر ئۇنىۋېرسىتېتنىڭ ئەدەبىيات ئىنستىتۇتىدا
ئىشلىمەكتە.

ئابدۇقادىر جالالىددىن ئىزچىل تۈردە دەرس مۇنبىرىدىن ئاي-
رىلماي كەلگەن بولۇپ، ئۆزلۈكىدىن ئۆگىنىشكە كۆپرەك تايانغان.
ئۇ 2002 ـ يىلى ئىيۇلدا ياپونىيەدە ئىلىم تەھسىل قىلىۋاتقان ئايا-
لىنى يوقلاش پۇرسىتىدە خوكورىكو ئىلغار پەن ـ تېخنىكا ئالىي
ئىنستىتۇتىنىڭ بىلىمشۇناسلىق بۆلۈمىدە ئۆز خىراجىتى بىلەن
بىر يىللىق ئىلمىي زىيارەتتە بولغان. 2006 ـ يىلى ئۆكتەبىردىن

2007 ـ يىلى سېنتەبىرگىچە ئەنگلىيەنىڭ كامبىرىج ئۇنىۋېرسىـ
تېتى ئوتتۇرا ئاسىيا تەتقىقات مۇنبىرىدە ھۆكۈمەت خىراجىتى بىـ
لەن ئىلىم زىيارىتىدە بولغان. ئۇ بۇ ئىككى قېتىملىق ئىلىم زىـ
يارىتىدە ئىگە بولغان تەسىراتلىرىنى مەدەنىيەتشۇناسلىق ۋە جەمـ
ئىيەتشۇناسلىق نۇقتىسىدىن سېلىشتۇرۇپ مەخسۇس ئەسەرلەرنى
يازغان.

ئابدۇقادىر جالالىددىن شېئىر، ماقالە، تەرجىمە ۋە دەرسلىك قاتارلىق تۈرلەردىن تەشكىل تاپقان يىگىرمە پارچىدىن ئارتۇق كىتابنىڭ ئاپتورى ۋە تەرجىمانى. بۇ كىتابلار تېما جەھەتتىن سىياسىي، پەلسەپە، ئېستېتىكا، ئەدەبىيات، مەدەنىيەت، مائارىپ، فولكلور قاتارلىق ساھەلەرگە چېتىلىدۇ. ئۇنىڭ ئاساسلىق ئىلمىي ئەمگەكلىرى تۆۋەندىكىچە:

**شېئىرلار**

«شاراب تومۇرى»، شىنجاڭ ياشلار ـ ئۆسمۈرلەر نەشرىياتى 1993 ـ يىلى نەشرى.

«كۆيگەن دېڭىز»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 2001 ـ يىلى نەشرى.

«قىشتىكى خامان»، شىنجاڭ پەن ـ تېخنىكا نەشرىياتى 2012 ـ يىلى نەشرى.

**ماقالىلەر توپلىمى**

«ئەقىل مېۋىسى ۋە شەيتان»، قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى 1995 ـ يىلى نەشرى.

«ئابدۇقادىر جالالىددىن ماقالىلىرى»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 2000 ـ يىلى نەشرى.

«ئىنسانىي سۆيەت مەنزىلى»، شىنجاڭ پەن ـ تېخنىكا نەشرىياتى 2012 ـ يىلى نەشرى.

«يۈزىمىز، ئۆزىمىز ۋە كۆزىمىز»، شىنجاڭ پەن ـ تېخنىكا نەشرىياتى 2012 ـ يىلى نەشرى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

## ساياھەتنامىلەر

«ئۆزىنى ئىزدەش بوسۇغىسىدا»، شىنجاڭ پەن ـ تېخنىكا نەشرىياتى 2012 ـ يىلى نەشرى.

«مەۋجۇتلۇق تەشنالىقى»، شىنجاڭ پەن ـ تېخنىكا نەشرىياتى 2012 ـ يىلى نەشرى.

## تەرجىمىلەر

«ئەپلاتون پاراڭلىرى ــ سوقراتنىڭ ئاخىرقى كۈنلىرى» (ئەركىن ئىبراھىم بىلەن بىللە)، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 1996 ـ يىلى نەشرى.

«زورو ئاستىر شۇنداق دەيدۇ» (ئاپتورى: فرېدرىخ نىچشې)، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 1998 ـ يىلى نەشرى.

«ھۆكۈمدارلار دەستۇرى» (ئاپتورى: ماكىياۋېللى)، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 2000 ـ يىلى نەشرى.

«غەربنىڭ تەپەككۇرى» (ئاپتورى: م. ئادلېر)، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 2004 ـ يىلى نەشرى.

«قىزىل خەت» (ئاپتورى: ن. خاۋسورن)، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 2009 ـ يىلى نەشرى.

«پەزىلەت گۈلىستانى» (ئاپتورى: شياۋلىڭ دىڭداڭ)، شىنجاڭ ياشلار ـ ئۆسمۈرلەر نەشرىياتى 2004 ـ يىلى نەشرى.

«ھايۋانلار قورۇقى» (ئاپتورى: گ. ئورۋېل)، مىللەتلەر نەشرىياتى 2012 ـ يىلى نەشرى، بېيجىڭ.

«غايىۋى دۆلەت» (ئاپتورى: ئەپلاتون)، شىنجاڭ پەن ـ تېخنىكا نەشرىياتى 2012 ـ يىلى نەشرى.

«ئۆلۈم رەزىل ئەمەس» (تەرجىمە شېئىرلار)، شىنجاڭ پەن ـ تېخنىكا نەشرىياتى 2012 ـ يىلى نەشرى.

**تۈزگەن كىتابلار**

«تىل - ئەدەبىيات» (ئۇيغۇر مەكتەپلىرى تولۇقسىز 1 - يىللىق 2 - قىسىم، باشقىلار بىلەن بىرلىكتە تۈزگەن)، شىنجاڭ مائارىپ نەشرىياتى 2003 - يىلى نەشرى.

«يېزىقچىلىق» (ياندىشما مەشىق، تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپ 3 - يىللىقلار ئۈچۈن)، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 2003 - يىلى نەشرى.

«تىل - ئەدەبىيات — ئوقۇتقۇچىلارنىڭ ئوقۇتۇش قوللانمىسى»، (تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپ 1 - يىللىقلار ئۈچۈن، يالقۇن روزى بىلەن بىرلىكتە تۈزگەن)، شىنجاڭ مائارىپ نەشرىياتى 2008 - يىلى نەشرى.

«ئەدەبىيات - سەنئەت نەزەرىيەسىدىن ئاساسلار» (ئالىي مەكتەپ ئوقۇشلۇقى، باشقىلار بىلەن بىرلىكتە تۈزگەن)، شىنجاڭ مائارىپ نەشرىياتى 2003 - يىلى نەشرى.

«قەشقەردىكى يەر شارى» (كوللېكتىپ ئاپتورلارنىڭ شېئىرلىرىدىن، باشلامچى تۈزگۈچىلەرنىڭ بىرى)، مىللەتلەر نەشرىياتى 2000 - يىلى نەشرى، بېيجىڭ (ئاپتور بۇ توپلامنىڭ خەنزۇچە نەشرى بولمىش «飞石»نىڭ تەرجىمىسىنى بېكىتىش خىزمىتىنىمۇ ئۆتىگەن).

ئابدۇقادىر جالالىدىننىڭ بىر قىسىم ئىجادىي ئەسەرلىرى ۋە تەرجىمە ئەسەرلىرى باشلانغۇچ ۋە ئوتتۇرا مەكتەپلەرنىڭ ئۇيغۇر تىل - ئەدەبىيات دەرسلىكلىرىگە كىرگۈزۈلگەن، بىر قىسىم شېئىرلىرى خەنزۇچىغا تەرجىمە قىلىنغان، يەنە بىر قىسىم شېئىرلىرى ئۆزبېكىستان ۋە قازاقىستان مەتبۇئاتلىرىدا ئېلان قىلىنغان. ئۇ ئۇيغۇر تىلىدىكى تۈرلۈك ئاممىۋى تاراتقۇلارنىڭ مېھمىنى سۈپىتىدە كۆپلىگەن سۆھبەت ۋە بايانغا ئىشتىراك قىلغان. ئۇ بىر ئىجتىمائىي پائالىيەتچى سۈپىتىدە دىيارىمىزنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىكى ئەدەبىيات - سەنئەت ئەنجۇمەنلىرىدە، ئىلمىي ئەنجۇمەن-

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

لەردە، باشلانغۇچ، ئوتتۇرا مەكتەپلەردە، ئاتا ـ ئانىلار يىغىنلىرىدا، مائارىپ مەسئۇللىرى ۋە ئىشچى، كادىرلار كۇرسلىرىدا ئىككى يۈز قېتىمدىن ئارتۇق نۇتۇق سۆزلىگەن.

ئۇنىڭ ئىلمىي ۋە ئەدەبىي ئەمگەكلىرى مەملىكەت ۋە ئاپتونوم رايون بويىچە ھەر دەرىجىدىكى مۇكاپاتلارغا ئېرىشكەن.

ئابدۇقادىر جالالىددىن شېئىرىيەتنىڭ ئىجادىيەت، تەرجىمە، تەتقىقات ۋە تەنقىدچىلىك قاتلاملىرىدا سەمەرىلىك ئەمگەك مېۋە-لىرىنى ئوتتۇرىغا چىقاردى، ئۇ ئەدەبىياتىمىزدا ئۆزگىچە تەسىر پەيدا قىلغان «گۇڭگا شېئىر» ھادىسىسىنىڭ كۆزگە كۆرۈنگەن بىر ۋەكىلى سۈپىتىدە ئوقۇرمەنلەرنىڭ دىققىتىگە سازاۋەر بولدى. دەۋ-رىمىز كىشىلىرىنىڭ مەنىۋى تەقەززاسى ئۇنى پۇبلىستىك ماقالە-لەر ئۇچۇن كۆپرەك قەلەم تەۋرىتىشكە ئۈندىدى. شۇنىڭ بىلەن ئۇ-نىڭ ئىجتىمائىي مەسىلىلەرنى نىشانغا ئالغان قىسقا ماقالىلىرى پەلسەپىۋى تىرەنلىككە ئىگە ئىكەنلىكى ھەمدە ئىلھامبەخش خا-ھىشلار بىلەن تويۇنغانلىقى بىلەن مەنىۋى زوقتىكى ئالاھىدە بىر قىزغىنلىقنى ياراتتى. ئوقۇرمەنلەر شائىر ئابدۇقادىر جالالىددىننى بىر ئىجتىمائىي تەنقىدچى سۈپىتىدىكى پۇبلىست سۈپىتىدە قىياس قىلىشىدىغان بولۇشتى.

ئابدۇقادىر جالالىددىن بۈگۈنكى گۇمانىتار پەنلىرىمىزنىڭ ئاكتىپ پەرۋىشكارى سۈپىتىدە ئەدەبىيات ـ سەنئەت، مائارىپ، پەلسەپە، مەدەنىيەت، جەمئىيەت ساھەلىرى بويىچە كىرىشمە ئىزدى-نىشلەردە بولدى ھەم ئۇنىڭ بىر قىسىم نەتىجىلىرى جامائەتنىڭ ئېتىراپ قىلىشىغا ئېرىشتى. ئۇ تەپەككۇرنىڭ مەلۇم بىر قىرى بىلەن چەكلەنمىدى، بەلكى ئۆزگىرىشچان ھادىسىلەر دۇنياسىنى ھەرىكەتچان نەزەر بىلەن كۆزىتىشكە تىرىشتى. ئۇنىڭ نەزىرىدە ئى-لىمنىڭ ھەرقايسى ساھەلىرى مۇرەككەپ رىئاللىقنىڭ بىر تەرىپى-نى يورۇتۇشنى مەقسەت قىلغان بولۇپ، دۇنيانى بىر پۈتۈنلۈككە ئىگە قىلىپ چۈشىنىش ئۈچۈن ھالقىما پەنلەر نۇقتىسىدىكى كۆ-

زىتىشنى قولغا كەلتۈرۈش لازىم ئىدى. ئۇ ھازىرغا قەدەر ئېلان قىلىنغان تۈرلۈك ئەسەرلىرى ئارقىلىق كىشىلىرىمىزدە كەلگۈسىدىكى تېخىمۇ پىشقان ئىلمىي ۋە بەدىئىي ئەسەرلىرىنى روياپقا چىقىرىش ئۈمىدىنى تۇغدۇردى.

نەشرىياتىمىز ئابدۇقادىر جالالىددىننىڭ ئەدەبىي ۋە ئىلمىي ئەمگەكلىرىنى يۈرۈشلۈك نەشر قىلىپ كەڭ ئوقۇرمەنلەرگە سۇنۇش بىلەن بىللە، ئۇنىڭ نۆۋەتتىكى ئىزدىنىشلىرىگە يېڭى نەتىجىلەرنى تىلەيدۇ.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

# مۇندەرىجە

ئىشىكلەرنى چېكىش ئاسان ئەمەس .......................... 1
يوللارنى بىر ـ بىرىگە ئۇلاپ .......................... 14
لوندوندىكى تۇنجى كۈن .......................... 47
ئەنگلىيە ــ شەكىلسىز پىلانېتا .......................... 75
ئادەمئاتىنىڭ باللىرى .......................... 109
كۆزدىن ئەقىلگە .......................... 132
ئۇلپەت .......................... 155
بەخت ۋە دەججالنىڭ پىتنىسى .......................... 227
لوندوندىكى ئۇيغۇر باللىرى .......................... 258
سوغا ئوخشايمەن: دەريادا قىيان، قاچىدا نىمجان .......................... 299
مەيدان .......................... 328
مەن ئۇيغۇر تىلى ئوقۇتقۇچىسى .......................... 357
ئىبلىسنىڭ كۆلەڭگىسى: لوندوندا ئوقۇغان بەزى كىتابلىرىم... 397
پاسپورت ۋە كىملىكتىكى مەن .......................... 437

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



# ئىشىكلەرنى چېكىش ئاسان ئەمەس

*ئەزەلدىنلا خىيالچان، مۇڭلۇق بىر يىگىت ئىدىم،*
*تېڭىشىغاچقا مومام ئاغزىدىن ساماۋى چۆچەكلەرنى.*
*سۆيگۈ دېگىنى چوڭقۇرلىرىدا مەن قايىنام تۇرسام،*
*ئۇسسۇزلۇقۇم قانداق قانسۇن ئىچىپ كىچىك كۆلچەكلەرنى.*

— لوتپۇللا مۇتەللىپ

ھاياتىمدا بىرەر ئۆزگىرىشنىڭ يۈز بېرىشىنى خالاپ قالغىلى خېلى يىللار بولدى، لېكىن ھېچ ئىش يۈز بەرمىدى. ئۆيۈم بار، خوتۇنۇم بار، باللىرىم بار، خىزمىتىم بار، مائاشىم بار، قانداقلا بولمىسۇن كۈن ئۆتكۈزگۈدەك ھالىم بار. كۈنلىرىم دەرس ئۆتۈش، يىغىنلاردىكى ئۇزۇندىن - ئۇزۇن بىمەسىلەرنى ئاڭلاش، تويلارغا بېرىش، سورۇنلارغا ئاندا - ساندا داخىل بولۇش بىلەن ئالدىراش ئۆتۈپ كېتىدۇ. ھەر كۈندە بىر تالاي ئىش بار، لېكىن بۇ ئىشلاردا مەن يوق، جىددىي قەدەملىرىمدىن قالغان ئىزلار ماددىي ھايات قورشاۋىدىكى ۋەسۋەسىدىن گۇۋاھلىق بېرەتتىكى، قەلبىم ئۆزىنىڭ بۇرۇقتۇرما قېپىدىن چىقمىغان پېتى چۈشلەرگە سىڭىپ ئىدى.

ھەربىر قەدەم ئۆزۈمگە ھەقىقىي تەۋە بولغان ئۆزلۈكنى دەسسەپ، ياتلاشقان بىر ئۆزلۈكنى ئىزلەيتتى. ماركس: ئەمگەك كىشىلەرنىڭ ئۆزلۈكنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش جەريانى، كىشىلەر ئەمگەك ئارقىلىق ئۆزىنىڭ تەبىئىتىنى يېتىلدۈرىدۇ ۋە ئۇنى ئىپادىلەيدۇ، دېگەنىدى. ۋاھالەنكى، تۇرمۇش كەچۈرۈش ئۈچۈن

قىلغان ئىشلىرىم ئىنسانىي نېگىزىمدىن يىراقلاش ياكى ئۇنى كۆمۈپ تاشلاش مەنزىلىگە باشلاپ، گويا ھەقىقىي ئۆزۈمدىن ئۇزۇل - كېسىل ۋىدالىشىشقا ئېلىپ بارىدىغاندەك تۇيۇلماقتا ئىدى.

ئىدىيە، ئەمگەك ۋە پائالىيەت دېگەنلەر مەلۇم بىر ئىجتىمائىي فورمىدىكى ئىنساننىڭ تۈپ مەزمۇنىنى تەشكىل قىلىدۇ. ئىنسان ئۆزىگە كېرەكلىك زۆرۈر مەنقۇلاتلارغا ئېرىشىش ئۈچۈن ئەمگەك قىلىدۇ. بۇ مەنىدىن ئېيتقاندا، ئەمگەك بىر خىل زۆرۈرىيەت. لېكىن، ئىنسان ئەمگەك شارائىتىنى ئۆزىنىڭ تەبىئىي ئېھتىياجى ۋە ئىقتىدارىغا ئاساسەن قوبۇل قىلىش ئارقىلىق ئۆزىنى نامايان قىلىشقا ئۆتكەندە، ئەمگەك (ئەلۋەتتە، خىزمەت) بىر خىل ئىنسانىي ھوقۇققا ئايلىنىدۇ. شۇڭلاشقا، ئەمگەك ئۆز نۆۋىتىدە باشقىلار تارتىۋالسا بولمايدىغان ھوقۇق ياكى ھۆرلۈكتۇر. ئىنسان ئەمگەك قىلىدىغان زۆرۈرىيەتتىن ئايرىۋېتىلىپ، تەييار نېمەتلەردىن بەھرىمەن قىلىنىدىغان ئېتىبار بەندىسىگە ئايلاندۇرۇپ قويۇلغاندا، ئۇنىڭ ئىنسانىي ئىززىتى كەمسىتىلىشىنىڭ زەي زىندانلىرىغا مەھكۇم بولغان بولىدۇ - دە، ئۇنىڭدىكى ئىدىيە يىگىلەپ قالىدۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۇ تاماق يېيىش، جىنسىي ھېرىسلىرىنى قاندۇرۇش، ئۇخلاش قاتارلىق بىيولوگىيەلىك ھاجەتلەر دائىرىسىدىكى سەزگۈلەرنى ئىدىيە دەپ قارىۋالىدىغان بولۇپ قالىدۇ. بۇنى ئەجدادلىرىمىز «نەپس» دېگەن ئۇقۇم بىلەن ئىپادىلىگەن. بۇنداق ئىپادە بويىچە ئېيتقاندا، ئۆز نەپسىنىڭ قۇلىغا ئايلىنىپ كەتكەن ئىنسان ئۆزىنىڭ قانداق ئىنسان بولۇشىنىڭ تىزگىنىنى باشقىلارغا تۇتقۇزۇپ قويىدۇ، ئاخىر ئۆزىنىڭ ئىنسانىي شان - شەرىپىنى خورلۇققا ئالماشتۇرىدۇ. روشەنكى، ئەمگەك بىر خىل ھوقۇقتۇركى، ئۇ باشقىلار تەرىپىدىن قايتا تەقسىملەپ بېرىدىغان نەرسىگە ئايلانغاندا، تەبىئىي ھالدا تەقسىملىگۈچى ۋە تەقسىملەنگۈچىلەر ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەتنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ. بۇ مۇناسىۋەت

www.uyghurkitap.com



باراۋەرمۇ ـ ئەمەسمۇ؟ تەقسىملىگۈچىلەر ھامان مۇناسىۋەتلەرنىڭ ئاكتىپ تەرىپىدە تۇرىدۇ. ئەمگەك تەقسىماتىنى قوبۇل قىلغۇچىلار ئۆزىنىڭ ئىززىتى ۋە مەنپەئىتى توغرىسىدىكى ئىدىيەگە ئىگە بولمىغاندا، تۇرلۇك ئىجتىمائىي مۇناسىۋەتتىكى تېگىشلىك ئورنىنى يوقىتىپ قويىدۇ. نەتىجىدە، بۇ ئىنسانىي قەدىر ـ قىممەتنى يوقىتىشقا ئېلىپ بارىدۇ. بۇ يەردە بىز فىرانسۇز مۇتەپەككۇرى ژان ژاك روسسو (1712 ـ 1778) ،Jean ـ Jacques Rousseau) نىڭ «ئىنسان تۇغۇلۇشىدىنلا ھۆر بولۇپ، باشقىلارنىڭ بويۇنتۇرۇقىغا كېيىن چۈشۈپ قالغان» دېگەن سۆزىنى ئەسلەيمىز.

توغرا، ئەمگەك ئالدى بىلەن ئىنساننىڭ زۆرۈر ھاياتلىق ئېھتىياجىنى قامدايدۇ. ئەمما، ئىنسان تىرىكچىلىك تەشۋىشلىرىدىن ئۆمۈر بويى قۇتۇلالماي، ۋاقتى ۋە زېھنىنى تالادا قالماسلىقتا ياكى ئاچ قالماسلىقتا سەرپ قىلىپ ئۆتسە، ئۇنىڭ پۇتبول ياكى چېلىشىش مۇسابىقىلىرىنى كۆرگۈدەك ھەپسىلىسى بولمىسا، شېئىر ۋە مۇزىكىلاردىن بەھرىلىنىشكە زوقى بولمىسا، تەبىئەتتىكى قۇشلارنىڭ خۇش ناۋالىرىغا قۇلاق سالغۇدەك ھالى بولمىسا، ھەققانىيەتكە ئىنتىلگۈدەك ئالىيجانابلىقتا جۈرئەت قىلالمىسا قانداق قىلغۇلۇق؟! تەبىئىيكى، بۇنداق ئىنسان ئۆزى ۋە ياشاۋاتقان مۇھىتى ھەققىدە قايتا ئويلىنىپ بېقىشى، باشقا بىر تاللاشنىڭ مۇمكىنچىلىكى ھەققىدە ئىزدىنىپ بېقىشى كېرەك.

ئۇلۇغ بوۋىمىز ئۇلۇغبەگ سەمەرقەنتتە رەسەتخانا قۇرۇپ، چەكسىز ئالەم بوشلۇقى ۋە ئۇنىڭدىكى يۇلتۇزلارنى كۆزىتىپ، سەييارىلەرنىڭ ھەرىكىتى ھەققىدە مۇلاھىزە قىلغانىدى. جىسمانىيىتى مېيىپ ستېفېن خاۋكىڭ (Stephen Hawking) ئالەمنىڭ سىرلىرى ھەققىدە دادىل پىكىر قىلىپ، بۈگۈنكى زامان نەزەرىيە فىزىكىسىنىڭ بۈيۈك ئەللامىسى بولدى. بۇنىڭدىن شۇنى

كۆرەلەيمىزكى، كائىناتقا نىسبەتەن ئەرزىمەس ۋۇجۇدقا ئىگە ئىنساننىڭ ھېكمىتى كائىناتنىڭ ھېكمىتى بىلەن تەڭ ياكى ئۇنىڭدىن يۇكسەك بولۇپ، ئۇنىڭ كۈچ - قۇدرىتى ئويلاش ۋە پىكىر قىلىشتا ۋايىغا يېتىدۇ. كېچىككىنە تەجرىبىخانىدىكى خاۋكىنىڭ پايانسىز كائىناتنى ئۆزىنىڭ پائالىيەت بوشلۇقىغا ئايلاندۇرغاچقا، ئۇ ئۆزىنىڭ مەۋجۇدىيىتىنى چەكسىز كېڭەيتىپ چۈشىنىشكە مۇۋەپپەق بولالىغانىدى. شۇ تاپتا بۇ مۇھاكىمىگە بالىلىق دەۋرىمدىكى روھىي ھالىتىمنى تەققاسلاپ باققۇم كەلدى:

مەھەللىمىزدىن ئىككى كىلومېتىر ئۇزاپ ماڭغاندا، بىر ئىھاتە ئورمانلىقنى كۆرەتتۇق، ئۇنىڭدىن ئۆتكەندىن كېيىن بىر قاقاس ساي بار ئىدى. سايىنىڭ شىمالىي چېتىدە تاپتاقىر بىر تاغ بار ئىدى. بالىلىقىم ئۇزاپ كەتكەنگە قەدەر ئاشۇ غىلاڭ سايىنى كېسىپ ئۆتۈپ تاغقا يامىشىپ باقماپتىمەن. سەھرايىمىزنىڭ يوللىرىدا ماڭغاندا، ئېگىزلىقلاردا قوي باققاندا، ئۆگزىلەرگە چىقىپ لەگلەك ئۇچۇرغاندا، ئۇ تاغ مانا مەن دەپ كۆرۈنۈپ تۇراتتى. بەزىدە ئۆگزىدە ئولتۇرۇپ تاغنىڭ تولغىنىپ ياتقان ئۇزۇن گەۋدىسىگە تىكىلىپ قارايتتىم. تاغنىڭ بىر تەرىپى شەرق تەرەپكە سوزۇلۇپ، كۆزدىن غايىب بولاتتى. ياز كۈنلىرىدە قۇياش تاغنىڭ شەرقىي ئۇپۇقتىكى گىرىمسەن گەۋدىسىدىن چىقىپ، ۋادىلارنى يورۇتاتتى. بۇنىڭغا قاراپ، مەن ياشاۋاتقان جاھاننىڭ دائىرىسى مۇشۇنچىلىككەن، مەھەللەم دۇم كۆمتۈرۈلگەن ماۋۇ قازاننىڭ تېگىدە ئىكەن، ئاۋۇ كۆرۈنۈپ تۇرغان تاغ جاھاننىڭ ئاخىرقى پاسىلى ئىكەن، دەپ ئويلايتتىم. تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپتە ئوقۇۋاتقان مەزگىلىمدە ئاشۇ تاغنىڭ باغرىدىكى جىگدە ئورمىنىغا ئەمگەككە چىقاتتۇق. بىر قېتىم بالىلىقتا بولىدىغان تەلۋىلىكىمىز تۇتقانمۇ - قانداق، ئون نەچچىمىز يانچۇقىمىزنى جىگدىلەر بىلەن تولدۇرۇپ، قوللىرىمىزغا ئۇزۇن تاياقنى ئېلىپ، كۆز ئالدىمىزدىكى تاقىر تاغنىڭ كەينىگە ئۆتۈپ باقماقچى بولۇپ

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى


ئاتلاندۇق. بىر - ئىككى سائەت ماڭغاندىمىز، نەچچە جىرادىن ئۆتتۇق، نەچچە چوققىغا ياماشتۇق، خۇددى تاغدىن تاغ تۇغۇلۇۋاتقاندەك چوققىلار كۆپەيمەكتە ۋە بارغانسېرى ئېگىزلەپ بارماقتا ئىدى. يۈرتتىن يىراقلاشقانسېرى نامەلۇم تەبىئەتنىڭ قوينى بىزنى دەككە - دۈككىگە سېلىشقا باشلىدى. نامەلۇم بىر ئەندىشە ۋە بارا - بارا سېزىلىۋاتقان ھارغىنلىق ئىرادىمىزنى سۇندۇرۇشقا باشلىدى. تاغنىڭ ئۇ تەرىپىگە ئۆتۈشنى خالايدىغانلار ئازلاشقا باشلىدى، كوللېكتىپ روھىمىز بەرباد بولۇپ، كەينىمىزگە قايتتۇق. بۇ ئىشلارنى ئانامغا دەپ بېرىۋىدىم، ئۇ قورقىنىدىن مېنى ئەيىبلەپ كەتتى.

ئورخان پامۇك بىر ئەسىرىدە: «ئاللانىڭ پۈۋلىشى بىلەن تەڭ ئالەمگە روھ بىلەن بىرلىكتە ئادەمئاتىنىڭ كۆز نۇرىمۇ يېيىلدى» دېگەنىدى. كېيىن بىلسەم، كائىناتنىڭ ھەربىر بۆلىكى ۋە ھەربىر ئورنىغا كىرىدىغان ئىم (مەخپىي نومۇر) ئادەمئاتىنىڭ زامانىدىلا ماڭا قاچىلىنىۋېتىلگەنىكەن. شۇڭلاشقا تۇرۇۋاتقان ماكانىمغا قانائەت قىلمايدىكەنمەن؛ شۇڭلاشقا، پۈتۈم زېمىندا بولغان بىلەن نەزىرىم يىراق ئۇپۇقلاردا ئىكەن؛ شۇڭلاشقا، شاماللارغا ئەگىشىپ پەرۋاز قىلغۇم كېلىدىكەن؛ شۇڭلاشقا، قۇياشنىڭ كەينىدىن ئەگەشكۈم كېلىدىكەن؛ شۇڭلاشقا، ئاينىڭ يۈزىدىكى داغلارغا قاراپ ئىچىم سىيرىلىدىكەن.

ئىنساننىڭ رەمزى تۇپراق بولغىنى بىلەن ئىلاھىي نەپەس «ئىنسان» نىڭ مەنىسىنى بىزگە مەلۇم ۋە نامەلۇم بولغان دۇنياغا قوشۇۋەتكەنىدى. شۇڭلاشقا، يىراق - يىراقلارغا، يېڭى - يېڭى بۇرجەكلەرگە تەلپۈنىدىكەنمىز. ئەمىسە، ئەينى ۋاقىتتىكى مەن ۋە دوستلىرىمنى تاغ كەينىگە ئۆتۈشكە ئۈرۈندۇرغان سەۋەب نېمە؟

ئاشۇ كىچىككىنە مەھەللىدىن ئانامغا ئەگىشىپ پىيادە يۈرۈپ قەشقەر شەھىرىگە كىرگىنىمنىڭ قايسى يىللار ئىكەنلىكىنى

ئېنىق ئەسلىيەلمەيمەن، لېكىن مەھەللىمىزنىڭ سىرتىدىكى ناتونۇش مەھەللىلەرنى، مازارلاردىكى يېشىل گۈمبەزلەرنى، ھەر خىل كىيىنگەن ئادەملەرنى كۆردۈم، جاھاننىڭ مەھەللىمىزگە باققاندا ناھايىتى چوڭ ئىكەنلىكىنى ھېس قىلىپ ھەيران قالدىم. بىلگەن نەرسىلىرىم بۇرۇنقىدىن كۆپەيدى. بىلگەنلىرىمنى دوستلىرىمغا ئېيتىپ بېرىپ ئاۋۇندۇم. ئەمدى بىلسەم، دۇنيا بىر مۇقەددەس كىتاب ئىكەن، ئۇنىڭ يېزىقلىرىنى ئىنسان ئۆزىنىڭ ئاللا بەرگەن كۆز نۇرى ۋە ئەقىل - ئىدراكى بىلەن تونۇيدىكەن. يېزىقشۇناسلار تېخى مۇئەييەنلەشتۈرۈشكە ئۈلگۈرمىگەن بۇ يېزىقلارنى مەكتەپ كۆرمىگەن كىشىلەرمۇ زورۇقماي ئوقۇيالايدىكەن. ئىنسان دۇنيانىڭ بۇ ئاجايىپ يېزىقلىرىنى ئوقۇغانسېرى ئۆزىنى قايتا تونۇيدىكەن ۋە بۇنىڭدىن بەختىيارلىق ھېس قىلىدىكەن.

لېكىن، كىشىلەرنى ئۆزىنىڭ تۇغۇلغان يېرىگە بىر ئۆمۈر بەند قىلىپ قويۇپ، ئۇلارنى ھايات ۋە ئۆزلۈك تۇيغۇسىدىن مەھرۇم ھالدا كېتىپ قېلىشقا مەجبۇر قىلغان سەۋەب زادى نېمىدۇ؟

مەن ئاشۇ كىچىككىنە مەھەللىمىزدىن ھېچ يەرگە چىقماي ئۆمرىنى تامام قىلغان تالاي ئاق كۆڭۈل كىشىنى كۆرگەنىدىم. ئۇلار بۇ دۇنيادا يەر تېرىش، ئورما ئوروش، مال بورداشتىن ئۆزگە ئىشلارنىڭمۇ بارلىقىنى يادىغا كەلتۈرۈپ قويمايتتى. ئۇلار مەھەللىمىزنىڭ ئاسمىنىدىن ئۇچۇپ ئۆتكەن ئايروپىلانلارغا قىزىقسىنىپ بىر قاراپ قويۇشاتتى - دە، تاپىنى ئاستىدىكى پورپۇس توپىلارنى كېچىپ يولىنى داۋاملاشتۇراتتى. مەھەللىمىزدىن چىققان يۇسۇپ قارىھاجى دېگەن كاتتا باينىڭ بۇخارا، ئەندىجان، ئوشلارغا بېرىپ سودا قىلغىنىغا دائىر ھېكايىلەر ئۇلار ئۈچۈن ئەپسانە ئىدى.

«سەپەر قىلىپ تۇرۇڭلار، ساغلام ۋە رىزىق - نېسىۋىلىك

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى



بولىسىلەر» دېگەن «ھەدىس شەرىف» نىڭ روھىدىن قارىغاندا، مەھەللىمىزنىڭ كىشىلىك كىشىلىرى ھاياتتىكى بۇ خىل نېسۋىنى يادىدىن تامامەن چىقىرىپ قويغانىدى. ئىجتىمائىي بىخۇدلۇق توغما بولمايدۇ. ئۇنداقتا، ئۇلارنى ئاشۇنداق بەقىرو ھالەتكە كەلتۈرۈپ قويغان نەرسە زادى نېمىدۇ؟

ئەمگەك، ئىدىيە ۋە پائالىيەت... ئىدىيە پەيدا قىلالمىغان ياكى ئىدىيەنى ئادالەت يۈكسەكلىكىگە كۆتۈرەلمىگەن ئەمگەك ئادەمنى تەپەككۇرسىز ھايۋان ياكى ماشىنا ھالىتىگە چۈشۈرۈپ قويىدۇ. بۇنداق ئەھۋالدا ئادەم ئۆزىنىڭ تاماق قاچىسىنى قانداقتۇر بىر ھاكىمغا تۇتقۇزۇپ قويۇپ، ھەمىشە ھاكىمنىڭ ياشاش مەنتىقىسىگە بويسۇنۇپ ياشاشقا مەجبۇر بولىدۇ. كۆڭلەرنىڭ ئۆتتۈشى بىلەن ئۇنىڭدىكى شەخسىي ئارزۇ ۋە خاسلىقنىڭ ھۆجەيرىلىرى قۇرۇپ، ئۆزىنىڭ تۇرمۇش مۇھىتىدىن ھېچنېمە تەلەپ قىلمايدىغان بولىدۇ. شۇ تاپتا لىۋانلىق يازغۇچى ئەمىن مائالوفنىڭ «سەمەرقەنت» ناملىق رومانىدىكى مۇنداق بىر ۋەقە ئېسىمدىن كەچتى:

ماۋەرائۇننەھىر ھۆكۈمدارى ناسىرخان سەمەرقەنتتە ئۆزىنىڭ ئالدىغا تۇزۇك چىقمىغان ئەمىر - سىپاھلارنى ئۆزىنىڭ قوبۇلخانىسىدا ھازىر بولۇشقا بۇيرۇيدۇ. خاننىڭ سۇرلۇك قوبۇلخانىسى مەنسەپدارلار، سودىگەرلەر بىلەن تولىدۇ. جۈملىدىن بۇ يەردە يىگىرمىگە يېقىن ساراي شائىرى تەق بولۇشقانىدى. مەيداندا خاننىڭ ئۆزىنى بۈركۈت، قۇياش، ئارسلانغا ئوخشىتىپ مەدھىيىلەيدىغان شېئىرلارنى ئاڭلاشنى خالىمايدىغانلىقى ئۇقتۇرۇلىدۇ. نۆۋەت بۇخارالىق شائىرە جاھانغا كەلگەندە ئۇ شېئىر ئوقۇيدۇ. شېئىردا ئۇ سەمەرقەنت ۋە بۇخارا زېمىنلىرىنى سېخىيلىق بىلەن سۇغارغان سوغدى دەرياسىنى تەرىپلىگەنىدى. بۇنىڭ شەنىگە خان شائىرەنىڭ ئاغزىغا سىغقۇدەك ئالتۇن بېرىشنى بۇيرۇيدۇ. شائىرە نەپسى بوغۇلغۇدەك بولۇپ 46 ئالتۇن تەڭگىنى

چىشلەپ ئالىدۇ. نەق مەيداندا بۇ ئەھۋالغا قاراپ تۇرغان ئۆمەر ھەييام ئەلەم ۋە خورلۇق ھېس قىلىدۇ. شۇ سورۇندىكى قازىكالان ئۆمەر ھەييامنىڭ ئىلىم بابىدىكى نادىر سۆپەتلىرىنى خانغا مەلۇم قىلىپ تونۇشتۇرىدۇ. خان كۆڭلى خۇش پەيتلەردە ئېيتىدىغان ئادەت سۆزى بويىچە «ئاغزى ئالتۇن بىلەن تولدۇرۇلسۇن!» دەپ بۇيرۇغاندا، ھاقارەت ھېس قىلغان ئۆمەر ھەييام «روزا تۇتۇۋالغانىدىم» دەپ ئۆزرە بىلدۈرىدۇ. ئەتراپتىكىلەر ئۆمەر ھەييامنىڭ بۇنداق قاپ يۈرەكلىكىدىن ئالاقزەدە بولۇشۇپ كېتىدۇ. ئۆمەر ھەييامنىڭ باھانىسىگە ئانچە قايىل بولۇپ كەتمىگەن خان «ئىلتىپاتىمنى رەت قىلىشىڭنىڭ باشقا سەۋەبىمۇ بارمۇ؟» دەپ سورايدۇ. ئۆمەر ھەييام بۇنىڭغا جاۋابەن تۆۋەندىكى رۇبائىينى ئوقۇيدۇ:

نىتەي، مەن ئالدىڭغا ئېھسان سوراپ كەلسەم،
ناچار، يېلىڭ مەن دەپ دانۇ نان سوراپ كەلسەم،
بار بولسا ئۆتۈنەي، سېخىي بول، بەرگىن،
ئىنساندەك ياشاشقا ئىمكان سوراپ كەلسەم.

سورۇندىكىلەر ئۆمەر ھەييام خاننىڭ غەزىپىگە ئۇچرايدىغان بولدى، دەپ ساراسىمىگە چۈشكەندە، خان تەختىدىن چۈشۈپ، ئۆمەر ھەييامنى قۇچاقلاپ تەخت تەرەپكە باشلايدۇ.

ئۆمەر ھەييام غۇرۇرنى ئالتۇنغا تېگىشمىگەنىدى. چۈنكى، غۇرۇر ئالتۇندىن يۈكسەكتۇركى، نابۇت بولغان غۇرۇرنى ئالەمچە ئالتۇن بىلەن تولدۇرغىلى بولمايتتى. بۇ يەردىكى غۇرۇر شائىر ياكى ئالىمنىڭ، ئەڭ مۇھىمى دۇنيا ھېرىسلىرىگە قۇل بولمىغان بىر تەقۋادار ئالىمنىڭ غۇرۇرى ئىدى. ناسىرخان بىزنىڭ ھازىرقى تىلىمىزدىكى «فېئودال خان» بولسىمۇ، شائىردىكى ئىنسانىي غۇرۇرنى پەرق ئېتەلەيدىغان مەنىۋى كامالەتكە ئىگە ئىدى. ئەگەر

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



ئۆمەر ھەييام بۇگۈنكى ماتېرىيالىزم دەۋرىدە ياشىغان بولسا، ئىلىمنىڭ غۇرۇرىنى «مۇتەخەسسىس» لىككە تېگىشكەن بولارمىدى؟ ئىنساننىڭ چوڭ - كىچىك ھاجەتلىرىگە يۇرگۈزۈلگەن مۇتلەق ھاكىمىيەتچىلىك ئىنسانىيەتنى ئېتىقاد بىلەن ياشاش ئوتتۇرىسىدىكى زىددىيەتكە، ئىدىيە بىلەن ھەرىكەت ئوتتۇرىسىدىكى قارىمۇقارشىلىققا مەھكۇم قىلىپ، ئايىغى چىقماس ئازابنىڭ ئىچىدە كىشىنىڭ خاراكتېر ۋە ئىدىيە مۇستەقىللىقىنى يىمىرىپ تاشلايدۇ. بۇنداق ۋەزىيەتتە ئىنسانلار ئارىسىدا تەبىئىي بولىدىغان قېرىنداشلىق، ئەر - خوتۇنلۇق، ئاتا - بالىلىق مۇناسىۋەتلىرى كىشىلەرنىڭ جان بېقىشتەك تەبىئىتىنى كوزىرغا ئايلاندۇرۇۋالغان ھۆكۈمراننىڭ ئىرادىسى بويىچە غەيرىي ئىنسانىي يۆنىلىشكە يېتەكلىنىدۇ. بۇ ھالدا كىشىلەر مۇنداق ئىككى خىل يولنىڭ بىرىنى تاللايدۇ: بىرى، ئىدىيە (ئەقىدە) ئۈچۈن ياشاش ئىمكانىيەتلىرى پەۋقۇلئاددە تار بولغان، ھەتتا يوقنىڭ ئورنىدا بولغان خەۋپ - خەتەر (غايىپەرۋەرلىك) يولى، يەنە بىرى، ياشاش ئۈچۈن ئىدىيە، غۇرۇرنى سۇرۇشتە قىلماسلىق ياكى ھېچقانداق ئىنسانىيلىق دەۋاسىنى قىلماسلىق. 20 - ئەسىردىكى گىتلېر ۋە ئىستالىنلارنىڭ ھاكىممۇتلەقلىك سىياسىي تۈزۈمى ئاستىدا ياشىغان زىيالىيلارنىڭ تەقدىرىگە قاراپ باقايلى: گېرمانىيە پەيلاسوپى ھېيدىگىر ئۆزىنىڭ تاماق قاچىسىنى ساقلاپ قېلىش ئۈچۈن گىتلېرنىڭ يولىنى ياقلاپ سۆزلىگەنىدى. ئىستالىن تەرىپىدىن ئالدىنىپ ئىتالىيەدىن دۆلىتىگە كەلگەن كاتتا يازغۇچى ماكسىم گوركىي ئۆزىنىڭ تاماق قاچىسىدىن تارتىپ خۇسۇسىي ئەركىنلىكىگە قەدەر ھەممە نەرسىسىنى ئىستالىننىڭ كونتروللۇقىغا تاپشۇرۇپ، بولۇۋاتقان دۆلەت تېررورىزمىغا سۈكۈت قىلغىنىچە ھەسرەت بىلەن ئۆلۈپ كېتىدۇ، ئۇنىڭ ۋىجدان بابىدىكى ئۆتكۈرلۈكىمۇ خاراب بولىدۇ. ناتسىستلار گېرمانىيەسىدىن ئۆزىنى قاچۇرۇپ، چەت ئەللەردە سەرگەردان

بولغان زىيالىيلار قانچە؟ ئىستالىننىڭ مۇستەبىتلىكىدىن ئۆزىنى قاچۇرۇپ، يات ئەللەردە ياشاشقا مەجبۇر بولغان زىيالىيلار قانچە؟ توماس مان، سولژېنىتسىن، بىروتىسىسكي، تىروتىسكي، مىلان كۇندېرا ... مانا بۇلارنىڭ ھەممىسى ئۆز دەۋرىدىكى ئىنسانىيلىققا قارشى جەمئىيەتكە مۇرەسسە قىلىشنى خالىماي، چەت ئەللەردىكى مۇشكۈل سەرسانلىقنى تاللىۋېلىشقانىدى. ئامېرىكىدا مۇساپىر بولۇپ تۇرۇۋاتقان چيەن شۆسىنمۇ يېڭى قۇرۇلغان دۆلىتىگە قايتىپ كېلىپ، ئىلىم - پەن تۆھپىسىنى ئانا ۋەتىنىگە تەقدىم قىلغان.

ئوخشىمىغان ئېتنىك قوۋملار، ئوخشىمىغان تىل ۋە مەدەنىيەتلەر، ئوخشىمىغان ئىدىيە ۋە مەسلەكلەر، ئوخشىمىغان سىياسىي ۋە ئىقتىسادىي گۇرۇھلار ئۆزئارا ئۇچرىشىپ، ئەقلىي سوغۇققانلىق تۇسىدە رىقابەتلىشىۋاتقان، ئۇچۇر ۋە يېڭىلىقلار تەرەپ - تەرەپتە يامراپ تۇرۇۋاتقان پەۋقۇلئاددە بىر دەۋرنىڭ ئادىمى بولۇش سۈپىتىم بىلەن كىشىلىك ئىززىتىم ۋە ئېتىقادىم ئۇچۇن تۇيغۇن ھالەتتە ياشىشىم كېرەكلىكىنى ھەر دەقىقە ھېس قىلىپ تۇرىمەن. ئۆزۈمنى مۇكەممەللەشتۈرۈش، جەمئىيەتتىكى ئورنۇمنى باشقىلار بىلەن باراۋەرلەشتۈرۈش ئۇچۇن ھەر زامان پۇرسەت ئىزدىشىم كېرەك ئىدى. پۇرسەت؟ پۇرسەت زادى قانداق نېمە؟ پۇرسەت كۈتۈپ تۇرۇشنىڭ ئەمەس، ئۇرۇنۇپ تۇرۇشنىڭ نەتىجىسى. پۇرسەت ھەربىر ئادەمنىڭ ئۆز مۇھىتى ۋە ئۆز زامانىغا يارىشا ئاكتىپ پائالىيەت قىلىشىدىن تۇغۇلىدۇ. ئۇ بىراۋدىن بىراۋغا بېرىلىدىغان نەرسە ئەمەس، بەلكى پەم بىلەن ئېلىنىدىغان نەرسە. شۇڭا، پۇرسەت بەزىدە سىياسىي مەنىگە، بەزىدە ئىقتىسادىي مەنىگە ئىگە. پۇرسەت شەخس بىلەن دۆلەت ئوتتۇرىسىدىكى قانۇنىي ئەھدىنىڭ مۇئەييەن زامان ۋە ماكاندىكى كونكرېت ئىجرا بولۇشىدۇر. بۇ مەنىدىن ئېيتقاندا، پۇرسەت ئاساسىي قانۇن ۋەدە

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تورى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يىگانە ئادرېسى



قىلغان ھوقۇقىنىڭ شەخس تەرىپىدىن تەشەببۇسكارلىق بىلەن ئۆتكۈزۈۋېلىنىدىغان ئاشۇ كونكرېت ۋاقتىدۇر. پۇرسەتتىن مەھرۇم بولۇش ئادەمنى تىرناقسىز شىرغا ئوخشىتىپ قويىدۇ. تىرنىقى ئېلىنىۋېتىلگەن شىر ھەرقانچە كۈچلۈك بولسىمۇ، قۇدرىتىنى جارى قىلدۇرالمايدۇ. پۇرسەتتىن مەھرۇم بولۇش بەزىدە ئادەمنى ساڭدىكى چاشقانلار ئالدىدا بويىنى باغلانغان مۈشۈكتەك ئەھۋالغا چۈشۈرۈپ قويىدۇ.

ئىنسانىي مۇلاقەتلەر يەر شارىلاشقان بۈگۈنكى كۈندە پۇرسەتمۇ دۇنياۋى كەڭلىككە ئىگە بولىدۇ. بىر يەكەنلىك بالا ياۋروپادا ئوقۇشنى كۆڭلىگە پۈكسە بولمايدىغان يېرى يوق، بىر ئامېرىكىلىق قەشقەرگە كېلىپ ئۇيغۇر فولكلورى بويىچە ئىلمىي تەھسىل قىلسا، بۇنىڭمۇ بولمايدىغان يېرى يوق. ئىلغار قانۇنلارنىڭ ھەممىسى كىشىلەرنىڭ پۇرسەت ئىزدەش ئىستەكلىرىنى دەخلى - تەرۇزسىز ھالدا كاپالەتلەندۈرىدۇ.

نوپۇس بىلەن پاسپورت «پۇرسەت» ئۇقۇمىنى مەركەزلىك ئەكس ئەتتۈرۈپ بېرىدىغان سىياسىي دەستەكلەردۇر. پۇقرالارنىڭ نوپۇس ۋە پاسپورت جەھەتتىكى ھوقۇق - ئىمكانىيەتلىرىنىڭ ئاز - كۆپلۈكى ئۇلارنىڭ پۇرسەت جەھەتتىكى تاللاش ئىمكانىيەتلىرىنىڭ قانچىلىك دەرىجىدە ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ. ئەڭ كەڭ تاللاشقا بولغان ئەڭ كۆپ ھۆرمەت پۇقرالىق ھوقۇقىنى قوغداشتىن ئىبارەت قانۇنىي نىزامنىڭ ئەڭ ياخشى سەمىمىيىتىدىن دېرەك بېرىدۇ. بۇ نەرسىلەرگە نىسبەتەن قانۇنىي ئەھدىدىن تاشقىرى قاتتىق كونترول پۇرسەتلەرنى مونوپوللاش بولۇپ، بۇنداق ۋاقىتتىكى پۇرسەت مەھەللىلىۋى ياكى رايون دائىرىسىدە چەكلىنىدۇ. بىر ئادەم ئەگەر ئۆيىدىن چىقمىسا، ئۇنىڭ بىلىدىغانلىرى ئۆيىنىڭ دائىرىسىچىلىك بولىدۇ. بىر ئادەم مەھەللىسىدىن نېرى ئۆتمىسە، ئۇنىڭ ئېڭى ئاشۇ مەھەللىگىلا لايىق بولىدۇ. بۇنداق ئادەملەرنىڭ ئاڭ ۋە تەپەككۇرىنى دۇنيا

كېزىپ تۇرىدىغان ئادەملەرنىڭ ئېڭى بىلەن سېلىشتۇرۇش مۇمكىنمۇ؟!

ئاز - تولا ئوقۇپ قالغانلىقىم ئۈچۈن دۇنيانى چۈشىنىپ، ئۆزۈمنى تېپىش ھېرىسمەنلىكى يۈرىكىمدىن ئورۇن ئالغانىدى. بۇ ھېرىسمەنلىك مېنى قەشقەردىن ئۈرۈمچىگە ئېلىپ كەلدى. ئۇزۇن يىللىق تىركىشىشلەر نەتىجىسى مېنى ياپونىيە سەپىرىگە ئۇلاشتۇردى. ياپونىيەدىكى بىر يىللىق ئىلمىي ھايات ئۆزۈمدىكى نۇرغۇن ئاجىزلىقنى تونۇتتى. ئاجىزلىقلارنى تونۇش ئەقىل كۆزۈمنى يورۇتتى. ئىلىم سەپىرىنىڭ ئېپتىدائىي باسقۇچىدا تۇرۇۋاتقانلىقىنى بايقىغان ئاشۇ پەيتلىرىم قولىدىن كەتكەن ھەقلىرىمگە ئاچچىق نادامەت ھېسسىياتىنى ئويغاتتى. مەن كۈچۈمنىڭ يېتىشىچە ئۆزۈمنى تەربىيەلەپ، كارغا كەلگۈدەك ئادەم بولۇشقا تىرىشىپ كەلدىم. يىراق ئىقلىملارغا بېرىپ، بىلىم ئېلىش تاماسىدا داۋاملىق پۇرسەت ئىزدىدىم. ئاخىر پۇرسەت كەلدى. 2006 - يىلى كۈزدە شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق مائارىپ نازارىتىنىڭ ھۆكۈمەت خىراجىتى بىلەن ئىلمىي زىيارەتكە چىقىش تۈرىگە قارىتا يوللىغان ئىلتىماسىم تەستىقلاندى. ئىلمىي زىيارىتىمنى قوبۇل قىلىدىغان ساھىبخانا ئىلىم يۇرتى كەمبىرىج ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ مەركىزىي ئاسىيا مۇنبىرى (Central Asia Forum, University of Cambiridge) نىڭ چاقىرىقىمۇ يېتىپ كەلدى. بۈيۈك بېرىتانىيە ۋە شىمالىي ئىرېلاندىيە بىرلەشمە پادىشاھلىقى (ئەنگلىيە) نىڭ جۇڭگودىكى باش ئەلچىخانىسى ئىلتىماسىمدىكى بەزىبىر كەمتۈكلۈك تۈپەيلى بىرىنچى قېتىملىق ئىلتىماسىمنى رەت قىلدى. رەسمىيەتلىرى تولۇقلانغان ئىككىنچى قېتىملىق ئىلتىماسىمنى تەستىقلاپ، ئەنگلىيەگە كىرىش ۋىزىسىنى بېجىرىپ بەردى. بۇ ئارىدا قانچىلىغان بوسۇغىدىن ئۆتتۇم، قانچىلىغان ئادەم بىلەن سۆزلەشتىم، قىممەت قارىشىمغا مۇخالىپ قانچىلىغان كېچىكتىن ئۆتتۇم. بۇنى تەسۋىرلەپ ئولتۇرۇشنى ئارتۇقچە كۆردۈم.

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تورى



چۈنكى ئوقۇرمەنلىرىمنىڭ ئۆزلىرىنىڭ ھاجەتلىرىنى راۋا قىلىش داۋامىدا سەرگۈزەشتىلىرىمگە ئوخشاپ كېتىدىغان تەسىراتلاردىن يىتەرلىك ھوسۇل ئالىدىغانلىقىغا ئىشىنىمەن. ئوقۇرمەنلىرىمنىڭ كەچۈرمىشلىرى ئۆلارنى چوقۇم مېنىڭ بوسۇقلار ھەققىدىكى ئوي - خىياللىرىمغا باشلاپ كىرەلەيدۇ.

مۇھىتىمدا بىرەر ئۆزگىرىشنىڭ يۈز بېرىشىنى خالاپ قالدىم، لېكىن ئۇنداق بولمىدى. ئەمدى ھېچبولمىغاندا ئۆزۈمنى ئۆزگەرتىپ بېقىشىم، بۇنىڭ ئۈچۈن جاھاننى كۆزىتىدىغان نۇقتامنى ئالماشتۇرۇپ بېقىشىم كېرەك ئىدى. كىتابلاردىكى بىلىملەر مېنى زەئىپلەشتۈرۈۋەتكەندەك تۇيۇلدى. تېلېۋىزور، گېزىت قاتارلىق ئاممىۋى تاراتقۇلار كۆزلىرىمنى تورلاشتۇرۇپ قويدى. گويا بىلىملىرىم دۇنيانى توسۇپ نەزىرىمدىن قويۇۋاتقاندەك ئۈمىدسىز كەيپىياتقا پېتىپ قالدىم. روھىمنى ئۆلۈك قائىدىلەرنىڭ كېيىنكىگە ئوراپ ياشاۋېرەمدىم؟ باش كۆتۈرمەي كىتاب ئوقۇۋاتقان جاللاددىن رۇمىينى كۆرگەن شەمسىددىن تەبرىزىي «بولدى، ئوقۇۋېرەمسەن؟» دەپ توۋلىغانىكەن. ئۇ، ھەقىقەت كىتابتا ئەمەس، جانلىق ھاياتنىڭ ئۆزىدە، ئاينى قۇدۇقتىن ئەمەس، ئاسماندىن ئىزدە، دېمەكچى ئىدى.

ماڭا ئاسمان كېرەك ئىدى، ئاسمانلارغا ئۇچىدىغان قانات كېرەك ئىدى. شۇنداق قىلىپ، بىر قېتىملىق پەرۋاز پۇرسىتى يېقىنلاپ كەلدى.

# يوللارنى بىر - بىرىگە ئۇلاپ ...

*– قايسى تەرەپكە قاراپ يولغا چىقماقچى بولۇۋاتىسەن؟*
*– بىلمەيمەن، لېكىن ھازىر تاڭ يورۇۋاتىدۇ.*

– لېئونىد سولوۋيېف: «غوجا نەسىردىن ھەققىدە قىسسە» دىن

سەپەرنىڭ ماددىي تەييارلىقلىرىنى پۈتكۈزۈش ئۈنچە قىيىنغا توختاپ كەتمىدى. يېتەرلىك كىيىم - كېچەك، قورال كىتابلار، سوۋغا - سالاملارنى بىرقانچە كۈن ئىچىدە تەل قىلالايدىكەنسىز. ئەمما، يوچۇن بىر ئەلگە بولغان زىيارەتنىڭ مەنىۋى تەييارلىقىنى پۈتكۈزمەك ئاسان ئەمەس ئىكەن. مەن بىر قېتىملىق ئىلمىي زىيارەتكە كېتىۋاتقاچقا، ئۆز سالاھىيىتىمگە لايىق بىر ئوبراز ئۈچۈن تەييارلىق كۆرۈشۈم كېرەك ئىدى. بىر ئالىي مەكتەپنىڭ ئوقۇتقۇچىسى بولۇش سۈپىتىم بىلەن ئەنگلىيەنىڭ زامانىمىزدىكى داڭلىق بىر ئالىي بىلىم يۇرتىغا بېرىش ئالدىدا تۇرۇۋاتىمەن. شۇنداق ئىكەن، ئۆزۈمنى ئاز - تولا ئىپادىلەپ بەرگۈدەك ئېغىزچە ئىنگلىزچەم بولۇشى كېرەك ئىدى. ياپونىيەدىكى بىر يىللىق ئىلمىي زىيارىتىمدە باشقىلار بىلەن مەقسەتلەشكۈدەك ئىنگلىزچە سەۋىيەگە يەتكەن بولسامۇ، ۋەتەنگە قايتىپ كەلگەندىن كېيىن ئۇنى داۋاملىق ئىشلىتىدىغان ئىنگلىز تىلى مۇھىتى ياكى ھېچبولمىغاندا ئايدا بىرنەچچە قېتىم پىكىرلەشكۈدەك شالاڭ مۇھىتمۇ بولمىغاچقا، ئېغىزچەم ئاستا - ئاستا خېمىغا يېنىپ كەتتى. ياپونىيەدىن ۋەتەنگە قايتىش ئالدىدا، بىر دوستۇم ماڭا

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



مۇنداق دېگەنىدى: «ۋەتەنگە قايتىپ بارغاندىن كېيىن ئۈچ ئاي ئەتراپىدا ياپونچە روھ بىلەن تىرىشىسەن. كېيىن ۋەتەندىكى تۇرمۇش يوسۇنلىرى بىلەن ئۆزۈڭنى بىلمەي مۇرەسسە قىلىسەن ـ دە، سورۇنلارغا بېزەك بولۇپ، ئۆزۈڭنى قالتىس چاغلايدىغان بولۇپ قالىسەن، شۇنىڭ بىلەن ئاران ئۆگەنگەن ئىنگلىزچەڭنىمۇ ئاستا ـ ئاستا يەپ كېتىسەن، ياپونىيەدە پەيدا بولغان ئارمانلىرىڭمۇ بىر چەتتە قالىدۇ.»

ئۇنىڭ گېپىنى ئاڭلاپ كۈلۈپ كەتتىم ۋە «راست دەيسەن» دەپ تەستىقلىدىم. ئىككىمىزنىڭ ۋەتىنىمىزنىڭ ئىلمىي ھاۋاسى توغرىسىدىكى تەسىراتلىرىمىز بىردەك بولغاچقا، ئۇنىڭ پىكىرلىرىگە شەك كەلتۈرۈپ ئولتۇرۇشنىڭ ئورنى يوق ئىدىكى، ئۇ ئەسكەرتكەن ئېھتىماللىق ئېنىق رېئاللىق بولۇپ چىقاتتى.

دەرۋەقە، ياپونىيەدىن قايتىپ كېلىپ، ئىككى ئاي ئەتراپىدا ئۆيۈمدە ئولتۇرۇپ ئىنگلىزچە تېكىستلەرنى ئۈنلۈك ئوقۇپ يۈردۈم، ئەھمەد راشىد (Ahmad Rashid) نىڭ ئوتتۇرا ئاسىيا توغرىسىدىكى بىر پارچە كىتابىنىمۇ ئوقۇپ چىقتىم. لېكىن، مۇھىت دېگەن يامان نەرسە، ئۇ ھەر كۈنى سەن تۇيمايدىغان رەۋىشتە سېنى غىدىقلاپ، ئۆزىگە مايىل قىلىدۇ، سەن تەدرىجىي ھالدا ئاشۇ مۇھىتنىڭ قېلىپىدا قايتىدىن قۇيۇلۇپ چىقىسەن. ئىندىۋىدۇئال تاللاش مۇمكىنچىلىكى ئىنتايىن ئاز بولغان مۇھىت كىشىنى تەبىئىي ھالدا ئۆز ئىرادىسىگە خىلاپ ھالدا مۇرەسسەچىگە ئايلاندۇرۇپ قويىدۇ، ئۇ ئاخىر ئۆزى بىلىپ ـ بىلمەي ھەممە ئىشتا پىرىنسىپ سۈرۈشتۈرمەيدىغان ئادەم بولۇپ قالىدۇ. مەن ئاخىر ھېلىقى ئاگاھلاندۇرۇلغان ئادەمنىڭ دەل ئۆزى بولدۇم. خىزمەت مەندىن خەنزۇچە ئىشلىتىشنى تەلەپ قىلاتتى. قىزىقارلىق يېرى شۇكى، مەندىكى ئىنگلىزچىنى ھېچكىم كېرەك قىلمىدى، ئۇ مېنىڭ خىزمەت مۇھىتىمغا نىسبەتەن ئارتۇقچە نەرسىگە ئايلىنىپ قالدى. تۈركچە، ئۆزبېكچە، قازاقچە، قىرغىزچە

مەنبەلەرنى كۆرۈشۈم بەجايىكى ئۆزۈمنىڭ ئىشىمكى، ئۇنى خىزمەت ۋە تەتقىقاتتىكى ئەۋزەللىك سۈپىتىدە مۇئەييەنلەشتۈرىدىغان بىرەر ئورگاننى ئۇچراتمىدىم. ئايالىمنىڭ چاڭچۇندىكى بىر يىل، ياپونىيەدىكى ئۈچ يىللىق مۇساپىرەتتە تۇرۇپ ئۆگەنگەن ياپونچىسى قەتئىي ئىشلىتىلمىدى. ئادەمدىكى ئىقتىدار، ساپا ۋە بىلىم خەزىنىزۇ تىلى بىلىش بىلەنلا ئۆلچىنىدىغان بۇنداق مەدەنىيەت ھاۋاسى ئىلىم ئۆگەنگۈچىلەرنى شەرەپ ۋە ئىززەت تاماسىدىن خالىي ھالدا ئۆزى تاللىغان يولنى خۇسۇسىي بىر ئەقىدە سۈپىتىدە ئۈن - تىنسىز مېڭىشقا غۇۋا بىر ئاۋاز بىلەن دالالەت قىلاتتى.

ئېغىزدىكى ئىنگلىزچەم نوقۇل تېكىستتىكى ئىنگلىزچە (English in text) گە تەرەققىي قىلدى. ئاخىر بۇ يامان سۈپەتلىك تەرەققىياتقا ئىتتىرىلدىم. شۇنداق بولسىمۇ تىرىكچىلىك ۋە خىزمەتتىن ئېشىنغان ھامان بىساتىمدىكى ئىنگلىزچە كىتابلارنى ۋاراقلاپ تۇردۇم.

ئەنگلىيەگە ئىلمىي زىيارەتكە چىقىشنىڭ پىلانى ئىشقا ئېشىشقا باشلىغاندا، ئىنگلىزچىدىكى قوللىنىشچان جۈملىلەرنى يادلاشقا قايتىدىن كىرىشتىم. 40 ياشلارغا كىرگەندە ئۆگىنىشنىڭ ئۈنۈمى ئانچە يۇقىرى بولمايدىكەن. بۇ ياشتا ئادەم مۇستەقىل ئوي - پىكىر، ھادىسىلەرگە قارىتا مۇلاھىزە قىلىشقا مايىل بولۇپ قالىدىكەن، يادلاش تىپىدىكى مېھنەتلەردىن كېلىدىغان نەتىجىلەر تايىنلىق بولۇپ چىقىدىكەن. ئۇنىڭ ئۈستىگە زېھنىمىزنى سۆزۈك ساقلىيالىغۇدەك غۇبارسىز تۇرمۇشقا كاپالەتلىك قىلىپ كېتەلمەسلىكنىڭ ئۆزىمۇ روھنى باتىللىققا پاتۇرۇپ قويىدىغان يېتەرلىك سەۋەب بولالايتتى. ئىنگلىزچىنى قايتا قولغا ئېلىش بىلەن تەڭ، يېرىملىشىپ قالاي دېگەن «ئۇيغۇرلار ئۇچۇن بىلىم» دېگەن كىتابىمىمۇ يېزىلىشتىن توختاپ قالدى (بەلكىم، بۇ كىتاب نامى ئۆزگەرگەن ھالدا يېقىن كەلگۈسىدە ئوقۇرمەنلەر بىلەن يۈز كۆرۈشەر، ئىنشائاللا). شۇ چاغدا

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تورى



ئۆزۈمنى تەربىيەلەشنى كىتاب يېزىشتىن مۇھىم ئورۇنغا قويغانىدىم. ئادەملەر بىلەن كۆرۈشكەندە، تۇنجى قېتىملىق تەسىراتنىڭ ياخشى بولۇشى كېيىنكى مۇناسىۋىتىمىزنىڭ ئىجابىي داۋاملىشىشىغا چوڭ تەسىر كۆرسىتىدۇ. بىر - ئىككى ئېغىز گەپنى ئوڭشاپ دېيەلمىسەم تەستە كەلگەن پۇرسەتتىن ئېرىشىدىغان ھوسۇلۇم ئاز بولۇپ قالاتتى. كىشىلەر بىلەن بولغان بىۋاسىتە سۆھبەتتىن كېلىدىغان مەدەنىيەت ۋە خاراكتېر ئۆچۈرلىرى كىتابتىن ئالغان تەسىراتقا قارىغاندا جانلىق ۋە ئەمەلىي بولاتتى. مۇشۇلارنى ئويلاپ، يېزىۋاتقان كىتابىمنى توختاتتىم. بالىلارچە بىر ئەلپاز بىلەن ئىنگلىزچە يادلاشنى يەنە باشلىدىم. كىتاب يېزىشقا ئائىت ئالىيجاناب بۇرچكارلىق ئېلىپ كەلگەن بېسىم دەمالى يوقىلىپ، خېلى ئازادە بولۇپ قالدىم. زىددىيەتلىك تاللاشتىن كېلىدىغان ئازاب گاھى - گاھىدا نەشتىرىنى سانجىپ قاياقلارغىدۇر غايىب بولاتتى. ھەممە نېمىدىن تولۇق ساقىت بولۇش، دېلىغۇللۇقتىن مۇتلەق قۇتۇلۇش دېگەنلەر يوق گەپ ئىكەن، قولۇڭدىن كەلگەن ئىشقا بولغان سەمىمىيەت ۋە ساداقەتتىن كېلىدىغان لەززەتنىڭ قەدرىگە يېتىش لازىم ئىكەن.

شېنجېن شەھىرىدە ئىنگلىز تىلى ئوقۇتقۇچىلىقى قىلىدىغان ئابابەكرى ئىسىملىك بىر ئىخلاسمەنىم بار ئىدى. ئۇ شېنجېن شەھىرىدە سودا ۋە ئوقۇش بىلەن تونۇلغان، ئىنگلىز تىلىنى ئانا تىل قىلغان چەت ئەللىكلەرنىڭ بارلىقىنى، ئۇلار بىلەن ئۇچرىشىپ كۆرۈش مۇمكىنچىلىكىنىڭ بارلىقىنى، سۆزلەش پىراكتىكىسىنى شۇلار بىلەن قىلغاندا تېز ئۈنۈمگە ئېرىشىدىغانلىقىمنى ئېيتىپ، مېنى شېنجېنغا تەكلىپ قىلدى. ئۇنىڭ تەكلىپى مېنى ئويلاندۇرۇپ قويدى. ئۈرۈمچىدە بولسام خىزمەت، بىھۇدە يىغىن، رىياكار داستىخان، توي - تۆكۈنلەر ۋاقتىمنى يەپ كېتەتتى، زېھنىممۇ ئۇششاق ئىشلارغا چېچىلىپ

تۇراتتى. مۇبادا شىنجىنغا كەتسەم بۇنداق نارىزا ۋاقىت سەرپىياتىدىن ساقىت بولۇپلا قالماي، ئېغىزچە ئىنگلىزچە سەۋىيەمنىڭ ئۆسۈشى ئۈچۈن مەجبۇرىي بىر مۇھىتقا ئېرىشىدىكەنمەن، يەنە تېخى جۇڭگونىڭ تەرەققىي تاپقان بىر شەھىرىنىڭ ياشاش يوسۇنلىرى ئۈستىدە بىر قېتىملىق تەجرىبە پۇرسىتىگە نائىل بولىدىكەنمەن. ئائىلەمدىن ئازراق ۋاقىت ئايرىلسام نېمە بوپتۇ، قىسقا مۇددەتلىك ئايرىلىشتىن كەلگەن سېغىنىش مۇھەببەتنىڭ ئېلاستىك خۇسۇسىيىتىنى ئاشۇرۇشى مۇمكىن. ئاخىر شىنجىنغا بېرىپ ئىككى ئاي تۇرۇپ بېقىشنى قارار قىلدىم ـ دە، رەھبەرلىرىمنى ھەرنېمىلەر قىلىپ ئۇناتتىم.

شىنجىن ئىقتىسادى ئالاھىدە تۈزۈمدىكى مەمۇرىي رايون شياڭگاڭ بىلەن تۇتىشىدىغان بىر شەھەر بولۇش سۈپىتى بىلەن جۇڭگونىڭ ئالاھىدە بىر سىياسىي، ئىقتىسادىي تەجرىبىخانىسى ئىدى. مەن بۇ يەردىكى تۈرلۈك ئەۋزەللىكنى شۇ ھامان ھېس قىلىشقا باشلىدىم. بۇ يەردىكى مەتبۇئات، تېلېۋىزىيە، ئىقتىسادىي ئالاقە ۋە ھەمكارلىق، قىلىق ـ قىياپەت جەھەتتە خېلىلا ئەركىن ئىدى. چەت ئەللەر شېرىكچىلىكىدىكى كارخانىلار، سودا گۇرۇھلىرى، تۇرمۇش ئۈچۈن تەۋەككۈل قىلىپ كەلگەن ھەر خىل چەت ئەللىكلەر ناھايىتى كۆپ ئىدى. چوڭ ـ كىچىك قەھۋەخانىلار، رېستورانلار ۋە سودا سارايلىرىدا چەت ئەللىكلەر ئۇچراپ تۇراتتى. چوڭ كىتابخانىلاردا چەت ئەللەرنىڭ نەشر ئەپكارلىرىدا نەشر قىلىنغان ئىنگلىزچە كىتابلار خېلى كۆپ ئىدى.

بۇ شەھەردە تۇغقان ئاشخانىلىرى يېتەرلىك ئىدى، ئازراق ئىزدىسەك ئۇيغۇر رېستورانلىرىنىمۇ تاپقىلى بولاتتى. تۈرك، ئەرەب ئاشخانىلىرىنىڭ تائاملىرىغىمۇ ئىختىيار قىلساق ئېغىز تېگەلەيتتۇق. شەھەرنىڭ ئانچە يىراق بولمىغان يەرلىرىدە

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى



تۇڭگانلار جامائىتىنى ئاساس قىلغان چوڭ جامەلەر بولۇپ، جۈمە كۈنلىرى مەسچىت جاھاننىڭ ھەرقايسى يەرلىرىدىن كەلگەن تۈرلۈك ئىرقتىكى مۇسۇلمانلار بىلەن توشاتتى، ئايرىم بۆلمىدە ئىخلاس بىلەن خۇتبە تىڭشاپ ئولتۇرغان ئاياللار توپىنىمۇ كۆرگىلى بولاتتى. قىسقىسى، شىنجىڭ جۇڭگونىڭ خەلقئارا شەھەرلىرىنىڭ بىرى بولۇپ، ئۇرۇمچى بىلەن سېلىشتۇرغاندا تامامەن باشقا بىر دۇنيا ئىدى. مەن شىنجىڭ شەھىرىنىڭ كەيپىياتىغا قاراپ، بىر رايوننىڭ گۈللىنىشىدىكى ھەل قىلغۇچ مەسىلە ئۇ رايوننىڭ مول تەبىئىي بايلىقى بولماستىن، بەلكى شۇ رايوننىڭ باشقۇرۇلۇشىغا دائىر سىياسەتتىن ئىبارەت ئىكەن، دېگەن خۇلاسىگە كەلدىم. كىچىككىنە بىلىقچىلىق كەنتىنى چوڭ بىر خەلقئارا شەھەرگە ئايلاندۇرغان نەرسە سىياسەت بولماي نېمە؟

مەن شىنجىڭدا ئابابەكرى ۋە «ئىبرىيان» شىركىتىدىكى دوستلارنىڭ كۆڭۈل بۆلۈشى بىلەن قولايلىق شارائىتلارغا ئېرىشتىم. شىنجىڭدا تۇرۇۋاتقانلىقىمدىن خەۋەر تاپقان ۋە مېنى يىراقتىن غايىبانە تونۇيدىغان ئۇيغۇر قېرىنداشلار ماڭا ئوبدان خەۋەندىخاھلىق قىلدى، ھالىمدىن خەۋەر ئېلىپ تۇردى. «مۇساپىر مۇساپىرنىڭ قاياشى» دېگەنىدەك، ئۆزلىرىنىڭ رىزقىنى مۇساپىرەت ۋە ھىجرەتتىن تېپىپ يەۋاتقان قېرىنداشلىرىمىنىڭ باشقىلارنىڭ ھالىغا يېتىشتىكى خالىس خەۋەندىخاھلىقىدىن تەسىرلەنمەي تۇرغىلى بولامدۇ! ئابابەكرى ماڭا بىر قىسىم قېرىنداشنى تونۇشتۇردى. ئۇلار مېنى شىنجىڭنىڭ ئاۋات بازارلىرى، باغچىلىرىغا تەكلىپ قىلىپ، كۆڭۈل ئىمزھار قىلىشتى. ئۇلار بىلەن تونۇشتا ئورتاقلىشىش، ئەسرالىشىش جەريانىدا شۇنى ھېس قىلدىم: جۇڭگودىكى ھەرقايسى شەھەردە تەۋەككۈل قىلىپ يۈرۈشكەن پارتىزان تىجارەتچىلىرىمىزنىڭ ياشاش ئىقتىدارى جۇش ئۇرۇپ تۇرىدىكەن. شارائىت ئۇلارنى قايسى

خىل تىجارەت يولىغا قىستىسا، ئۇلار شۇ ھامان ئۆزلىرىنىڭ يېڭى تاللىشىغا تامامەن ماسلاشقان ھالدا تۇرمۇش ئۈچۈن يوچۇق تاپالايدىكەن. ئۇلارنىڭ تىجارىتىنىڭ كەلگۈسى غۇۋا ئىدى، لېكىن ئۇلار بۇ غۇۋالىقتىن ئارتۇقچە تەشۋىشلىنىپ ئولتۇرمايدىكەن، بەلكى ئاللاغا ئىشەنگەن ھالدا ئۆزىنىڭ ھەربىر كۈنىگە ئىگە بولۇپ، بېشىغا چۈشكەن ئاپتاپنىڭ قەدرىگە يېتىپ ياشايدىكەن. مۇقىم تۇرمۇش كاپالىتى بولمىغان بۇ ئىنسانلار تىرىكچىلىك يولىدا شۇنچە ئالدىراش، ۋاقىتلىرى قارارسىز بولسىمۇ ۋەزىيەتكە كۆڭۈل بۆلۈپ تۇرىدىكەن. جاھاندا بولۇۋاتقان ئىجتىمائىي، ئىقتىسادىي ئۆزگىرىشلەر، تېخنىكا يېڭىلىقلىرى ھەر زامان ئۇلارنىڭ دىققەت دائىرىسىدە ئىدى. مۇساپىرەتتە ئويغىنىشقا باشلىغان قېرىنداشلىق ھېسسىياتى ئۇلارنى ئۆزلىرىدىن كېيىن كەلگەن قېرىنداشلىرىغا بۇرچكارلىق بىلەن مۇئامىلە قىلىدىغان كىشىلەرگە ئايلاندۇرغانىدى. ئۇلاردىن تۇرمۇشتىكى تاسادىپىيلىقلارغا تاقابىل تۇرالايدىغان ئىقتىدار، مۇناسىپ ئادىمىيلىك، تەقۋالىق، قىزغىنلىق، يات مۇھىتقا نىسبەتەن ھوشيارلىقلارنىڭ ھەممىسى تېپىلاتتى. ئۇلارنىڭ بەزىلىرى يېتەرلىك مەكتەپ تەربىيەسىگە ئېرىشەلمىگەن بولسىمۇ، رىقابەتلىك ھايات ئۇلارنى ياشىيالايدىغان دەرىجىدە تاۋلاپ يېتىشتۈرگەنىدى. بۇ ھال ئالىي مەكتەپلەرنىڭ قوينىدا كەلگۈسىدىكى مۇھىم خىزمەت تاماسىدا غاپىللىق بىلەن ئوقۇپ، بىرەر ئورگاننىڭ خىزمەت كاپالىتى بولمىسا ياشىيالمايدىغان، خىزمەتتىن ئايرىلسا سوقۇپ تۇرغان يۈرىكى ۋە كىشىلىك ئەقىدىدىن ئادا - جۇدا بولۇپ كېتىدىغان قېرىما چۈجىلىرىنىڭ ئېزىلەڭگۈ، خامۇش مىجەزى بىلەن روشەن سېلىشتۇرما ھاسىل قىلاتتى.

تۇرمۇشتا ھەمىشە ئېقىننى بويلاپ ئۈزگىلى بولمايدۇ، بەزىدە ئېقىننى يانتۇ بويلاپ ئۈزۈشكە، بەزىدە توغرىسىغا ئۈزۈشكە، ھەتتا

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تورى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يىگانە ئادرىسى



بەزىدە ئېقىنغا قارشى ئۈزۈشكە توغرا كېلىدۇ. زادى قانداق قىلىشنى كونكرېت ۋاقىت بەلگىلەيدۇ. ھە دېسىلا ۋەزىيەتكە ئۆلۈك ھالدا ئەگىشىدىغانلار ھەمىشە چاق بولىدۇكى، رول بولالمايدۇ، شوپۇر تېخىمۇ بولالمايدۇ.

ئابابەكرى ئىنگلىز تىلى ئوقۇتۇشى بىلەن شۇغۇللانغاچقا، بۇ ساھەدە تونۇشىدىغان كەسىپداشلىرىمۇ ئاز ئەمەس ئىكەن. ئالايىتەن چەت ئەللەردىن تەكلىپ قىلىنغان ئىنگلىز تىلى ئوقۇتقۇچىلىرىمۇ شىنجىڭدا كۆپ ئىكەن، ئابابەكرى ئۇلارنىڭ بىر قىسمىلىرى بىلەن ئوبدانلا تونۇش ئىدى. سۆزلىشىشنى پىراكتىكا قىلىشىم ئۈچۈن ئۇ مېنى ئۇلار بىلەن ئۇچراشتۇرىدىغان پۇرسەت ۋە مۇھىتنى ئالاھىدە ۋاقىت چىقىرىپ لايىھەلىدى. شۇنىڭ بىلەن بەزى چەت ئەللىك كىشىلەر بىلەن ئۇچرىشىش پۇرسىتىگە ئېرىشتىم.

تۇنجى قېتىم تونۇشقىنىم كانادادىن كەلگەن ۋالت بولدى. ئۇ ئورۇق، ئۆسكىلەڭ يىگىت بولۇپ، قىسقا، سارغۇچ چېچى ئۇنى روھلۇق كۆرسىتەتتى. ئۇچىسىغا سۇس ماش رەڭ ئاسما مايكا، كالتە ئىشتان، پۇتىغا ساپما كەش كىيىۋالغانىدى. مەن قولاشمىغان ئىنگلىزچەم بىلەن خۇدۇكسىرىگەن ھالدا سوئال سورايتتىم. ئۇ كۆكۈچ كۆزلىرىنى نەگىدۇر تىككەن ھالدا جاۋاب بېرەتتى. گەپ ئارىلىقىدا ئۇ موخوركىسىنى قاتتىق شوراپ، ئىسىنى ئالدىرىماي چىقىراتتى، بۇنداق ۋاقىتتا ئۇنىڭ كۆكۈچ كۆزلىرى خۇمارلىشىپ كېتەتتى. ئۆتكۈر نەشە پۇرىقى مېنىڭ دىققىتىمنى غىدىقلاپ ئۆتتى. سۆھبەتلەردىن مەلۇم بولدىكى، ئۇ كانادادىن كېلىپ شىنجىڭدىكى بىر خەنزۇ ئايالغا ئۆيلىنىپتۇ، ھازىر ئۇ ئايالى بىلەن بىرلىكتە پۈتخانا ئېچىۋېتىپتۇ. مەن ئۇنىڭ بىلەن ئىككى كۈندە بىر قېتىم كەچلەردە كۆرۈشەتتىم. بۇ ئارىدا ئۇنىڭ باشقا دوستلىرى بىلەنمۇ ھەمسۆھبەت بولدۇم. ئۇلار بىر ئورام نەشە ئارىلاش موخوركىنىڭ تۈتۈنىگە شېرىك بولۇشقاچ

پاراڭلىشاتتى. نەشىنىڭ ھۇزۇرى - لەززىتىگە مەستخۇش بولغان بۇ بىر توپ ياش گويا جاھاننىڭ ئاللىقانداق يەرلىرىدىن جۇڭگونىڭ بۇ بۇرجىكىگە قىزىقسىنىپ كېلىپ قېلىشقاندەك ئىدى، بەزىلىرىگە ئەپچىل خەنزۇ قىزلىرى ھەمراھ ئىدى. قارىسام چەت ئەللەردىن كەلگەن بۇ ياشلار شىنجىڭدا تۇرغىلى خېلى بوپتۇ، لېكىن خەنزۇچە سۆزلىشىشنى ئانچە بىلمەيدىكەن. ئىنگلىز تىلى بىلەن ئاۋاتلاشقان بۇ شەھەردە ئۇلارغا راۋان تۇرمۇش يولى ئېچىپ بېرىشكە قادىر بولالىغانىدى. ئىنگلىز تىلى ئۇلارغا يۇمشاق ۋە سۇزۇك ھەمراھلارنى تېپىپ بەرگەنىدى. ماڭا ئىنگلىز تىلى خۇددى شىلىمشىق يوغان قىزىل تىلدەك ھەممە نەرسىنى ئۆزىگە يېپىشتۇرۇپ، يۆگەپ ئەكىرىپ كېتىۋاتقاندەك تۇيۇلۇپ كەتتى.

ئىككىنچى قېتىم تونۇشقىنىم ئامېرىكىلىق•كارل ئىدى. ئۇمۇ ئورۇق، ئېگىز ئادەم بولۇپ، ئولتۇرۇپ - قوپۇشلىرى سىپايە، گەپ - سۆزلىرىمۇ دانە - دانە ئىدى. سىمىز خەنزۇ خوتۇنى قاچان كۆرۈشسەم ئۇنىڭ يېنىدا ئىدى. ئۇ شىياڭگاڭ - شىنجېن ئارىلىقىدا قاتراپ يۈرۈپ سودا قىلىدىكەن. ئۇنىڭ جۇڭگو جەمئىيىتى ھەققىدىكى قاراشلىرى خېلى ئەتراپلىق بولۇپ، بۇ جەمئىيەتنىڭ كەلگۈسىگە سەۋرچان بىر ئۈمىد بىلەن باھا بېرەتتى. جۇڭگو جەمئىيىتىنىڭ كەلگۈسىدىكى يۈزلىنىشىنىڭ كارلنىڭ بۈگۈنكى مەنپەئىتى بىلەن ئۇنچە زىچ ئالاقىسى بولمىغاچقا، كارل گويا مەسىلىنىڭ سىرتىدىكى ئادەمدەك بىپەرۋا تەمكىنلىك بىلەن مۇلاھىزە قىلاتتى. ئۇنىڭ مۇلاھىزىلىرىدە ئاقىلانىلىك، سوغۇققانلىق ئېلېمېنتلىرى شۇ قەدەر قويۇق ئىدىكى، قايىل بولاتتىم، لېكىن يۈرىكىم مۇزلاپ كەتكەندەك بولاتتى.

قارا تەنلىك دېرىكمۇ ئامېرىكىدىن كەلگەنىدى. ئۇ ياش ھەم قاۋۇل ئىدى، ئەمما ئۆزىنىڭ قامىتىگە ماس كەلمىگەن دەرىجىدە

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



سادىدا چىراي كۆرۈنەتتى. ئۇ مۇسۇلمان بولۇشنىڭ تەييارلىقىدا بەزى ئىسلامىي كىتابلارنى ئوقۇپ يۈرەتتى. ئىپى كەلسىلا مەندىن ئىسلام ئەھكاملىرى ھەققىدە سوئال سورايتتى، قابىلىيىتىمنىڭ يېتىشىچە جاۋاب بېرەتتىم.

شوتلاندىيەدىن كەلگەن سەم ۋاتسون بىلەن ھەپتىدە بىر رەت «تارىم رېستورانى»دا كۆرۈشەتتىم. ئۇ ئوتتۇرا بويى، دىققەتلىك بىر مويسىپىت بولۇپ، نان بىلەن كاۋاپنى ياخشى كۆرەتتى. بىر نان، ئالتە زىخ كاۋاپ، بىر تەخسە سالات ئىككىمىزنىڭ مەززىلىك غىزايىمىز بولاتتى. سەم ناھايىتى ئەستايىدىل ئىدى، مەن ئۇنىڭدىن ھەرگىز تارتىنمايتتىم. سەمنىڭ تەلەپپۇزىدىكى ئۆزگىچىلىك ئاڭلاپ چۈشىنىشتە مېنى گاڭگىرىتىپ قوياتتى، مەن ئۇنى ئاستىراق سۆزلەشكە ئۈندەيتتىم، سەم قايتا ئالدىرىماي سۆزلەپ بېرەتتى. سەمنىڭ بىر ياخشى يېرى، تەلەپپۇزۇمدىكى زىيادە ئېنىق سەۋەنلىكنى ئاڭلاپ ئۆتكۈزۈۋېتىشنى راۋا كۆرمەي، تۈزىتىپ قوياتتى. سەمنىڭ جۇڭگوغا كەلگىنىگە خېلى يىللار بوپتۇ، ئۇمۇ خەنزۇ خوتۇنى بىلەن پەرزەنتلىك بوپتۇ.

مەن ئۇچراتقان چەت ئەللىكلەرنىڭ كۆپىنچىسىنىڭ خەنزۇ خوتۇنى بار ئىدى. مەن بۇ ھەقتە سەمدىن سورىماي تۇرالمىدىم.

— شىنجاڭدىكى چەت ئەللىكلەر جۇڭگولۇقلاردىن نىكاھلىنىشنى ياخشى كۆرەمدۇ ـ قانداق؟

— شۇنداق، — دېدى سەم، — ئۇلار ئەرنىڭ خىزمىتىنى ئوبدان قىلىدىكەن. بىزنىڭ ئەلدە ئاياللار ئائىلىدە تاماق ئېتىشنى ياخشى كۆرمەيدۇ.

— سىز جۇڭگودا ئۇزاق تۇرۇپ قېلىشنى خالامسىز؟

— بەلكىم، ئۇنداق بولماس، بالامنى تەربىيەلەش ئۈچۈن ۋەتىنىمگە قايتىشىم كېرەك.

— ئاياللىقىڭىز سىزنى ياخشى كۆرەمدۇ ياكى دۆلىتىڭىزنىمۇ؟

— بەزىدە بىلەلمەي قالىمەن، ئۇنداق مۇرەككەپ ئويلاردا بولغۇم

يوق.

بىزنىڭ پاراڭلىشىدىغان ۋاقتىمىز توشقان ھامان سەم «مەن ئەمدى بالامنى بېقىشىم كېرەك» دەپ ئالمان - تالمان كېتىپ قالاتتى.

ئالىنا رومىنىيەدىن كەلگەن بودەك خانىم ئىدى، ئاق سۈزۈك تېرىسىدىن، پارقىراپ تۇرغان سارغۇچ چاچلىرىدىن ئاياللىقنىڭ جازىبىلىرى كېلىپ تۇراتتى. ئۇنىڭ بودەكلىكى ئۆزىگە شۇنداق ياراشقانكى، ئالىنانىڭ ئۇنىڭدىن باشقا قىياپەتتە بولۇشى گۈزەللىك بابىدىكى بىر يوقىتىشتەك تۇيۇلىدۇ. ئالىنادا شاشلىق، ياشلىق ۋە مېھىر ئارىلىشىپ كەتكەنكى، ئۇنىڭ گەپلىرىگە ئانچە دىققەت قىلىپ كەتمىسىڭىزمۇ ئۆزىنىڭ تەبىئىي سىپايىلىكى بىلەن مېڭىڭىزنىڭ قات - قېتىغا سىڭىپ كېتەتتى. ئالىنا بىلەن ھەر قېتىم قەھۋەخانىدا كۆرۈشەتتۇق، پىژغىرىم ئىسسىق بىزنىڭ مۇزلۇق قەھۋە ئىچىشىمىزگە سەۋەب بولاتتى. مەن ئالدىنئالا تەييارلىۋالغان سوئاللىرىمنى ئالىنادىن سورايتتىم. سوئاللىرىمنىڭ دائىرىسى تۇرمۇش، مەدەنىيەت، رومىنىيەدىكى دىن مەسىلىسى ھەققىدە بولاتتى. مۇشۇنداق قىلغاندا ھەم ئىنگلىزچە سۆزلەشنى مەشىق قىلىش، ھەم پىكىر ئالماشتۇرۇش مەقسىتىگە يەتكىلى بولاتتى. ئالىنا جۇڭگوغا كەلگىلى ئالتە يىل بوپتۇ، يېشى 30 دىن ئاللىبۇرۇن ئېشىپتۇ، تېخىچە توي قىلماپتۇ، ئالتە يىل جەريانىدا دۆلىتىگە قايتىپ باقماپتۇ، ياخشى كۆرىدىغان يىگىتى بىلەن تېلېفوندا كۆرۈشۈپ تۇرىدىكەن.

— شىنجاڭغا سىزنى باغلاپ تۇرغان نەرسە نېمە؟ — دەپ سورىدىم ئالىنادىن.

— پۇل، — دېدى ئالىنا، — كەلگۈسىدىكى ئارامخۇدا تۇرمۇش ئۈچۈن ماددىي ئاساس سېلىش.

— رومىنىيەدە پۇل تېپىش شارائىتى يوقمۇ؟

— بارلىقى بار، لېكىن ماڭا جۇڭگودىن پۇل چىقىپ قالدى.

— شىنجاڭنى كۆڭۈللۈك شەھەر دېيەلەمسىز؟

— جۇڭگوغا نىسبەتەن ئەركىنرەك شەھەر، لېكىن

www.uyghurkitap.com ئۇيغۇر كىتاب تورى

مەنسۇپلىكتە تويۇنغان شەھەر دېگىلى بولمايدۇ. ھەشەمەتلىك بىنالار بىلەن تولغان بۇ شەھەرنىڭ ياشلىقى مانا مەن دەپ چىقىپ تۇرىدۇ. قەدىمىي شەھەرلەردەك تەمكىن ئەمەس، مەنسۇپلىقان يېتەرلىك ئەمەس. شەھەرلەردىكى ئادەملەرنىڭ مەنسۇپ كامالىتى ھەممىدىن مۇھىم ـ دە.

ــ سىزنىڭچە، بىر ئايال ئۈچۈن نېمە ئەڭ مۇھىم؟

ــ ئەلۋەتتە ئەر، ــ دېدى ئالىنا غەمكىن ئويلىنىۋالغاندىن كېيىن، ــ بولۇپمۇ يات شەھەردىكى مۇساپىرچىلىقتا شۇنداق.

ــ لېكىن يىگىتىڭىز يېنىڭىزدا ئەمەس ئىكەن.

ــ ھازىرقى بوشلۇقنى يىگىتىمگە بولغان ئەقىدەم بىلەن تولدۇرۇپ يۈرۈۋاتىمەن. سىزنىڭچە، بۇ تۇرمۇش رومانتىك ئەمەسمۇ؟ رومانتىك، لېكىن بۇ ھەسرەتلىك رومانتىزم. كېرەك يوق، ئاياللارغا ھەسرەت يارىشىدۇ.

كۈلۈپ قويدۇم. قارىماققا ئالىنا ھەسرەتلىك ئەمەس ئىدى، شوخ كۆرۈنەتتى. تۇرمۇشتىكى نۇرغۇن شوخ ئايالنىڭ قات ـ قېتىدىكى ھەسرەتنى سېزىپ چىقىشقا كىملەر قادىر بولالايدىكىن! چېۋەر ئاياللار ئەقدىر ئاتا قىلغان بىر مەزگىللىك ھەسرەتنى ئۆزىگە يارىشىدىغان ھەسرەتكە ئايلاندۇرۇشقا ماھىر كېلىدۇ، ھەسرەت ئاخىر ئۇلارنىڭ قەلبىدىكى يوشۇرۇن ئاپتاپ بولۇپ قالىدۇ. بەزىدە ئاشۇ ئاپتاپتا ئولتۇرۇپ تەبىئەتنىڭ جامالىنى كۆرگۈم كېلەتتى.

كېيىنمۇ ئالىنا بىلەن ئاندا ـ مۇندا ئېلخەت يېزىشىپ ئالاقىلىشىپ تۇردۇق، ۋاقىت ئۇنىڭ ئوبرازىنى سۇغا چۈشۈپ كەتكەن دۇغ بوياقتەك ئاستا ـ ئاستا خىرەلەشتۈرۈپ باراتتى.

بىرەر قېتىم مۇلاقەتلەشكەن يەنە بىر قىز بار، ئۇ بولسىمۇ مارىيە. بۇ قىز بۇلغارىيەدىن كەلگەن بولۇپ، ئالىنادىن كىچىك، كەم سۆز ھەم مۇڭلۇق ئىدى، ئۈچىسىدىكى بىنەپشە رەڭ كوپتا بىلەن يوپكا بۇ زىلۋا قىزنىڭ ئاپپاق رۇخسارىنى تېخىمۇ ئاچقانىدى. ئۇ ئەسلىدە رويال ئۆگەنگەنىكەن، شىنجېڭدىكى

مېھمانخانىلارنىڭ رېستورانلىرىدىن ياكى چوڭ سودا سارايلىرىنىڭ زالىدىن رويال چالىدىغان بىرەر ئىشنى ئىزدەپ يۈرۈپتۇ. بىز ئۇنىڭغا يېرىم كۈن دېگۈدەك ئىش ئىزدىشىپ بەردۇق، ئېنىق جاۋاب بولماي قالدى. مارىيەدىكى ئىچ پۇشۇشتىن كەلگەن گاراڭ ھالەت ئۇنىڭ ئۆز نازىنىنلىقىغا ئىشىنىشتىن كەلگەن سۈس مەغرۇرلۇقنى سۇندۇرۇپ قويۇشقا تېخى ئۈلگۈرمىگەنىدى. موھتاجلىق بۇ گۈزەل قىزنى ئۇ يالۋۇرۇشنى خالىمىغان ھەرقايسى بۇلۇڭغا ئۈمۈندۈرماقتا ئىدى. كۆز ئالدىمدىكى كۆيۈپ تۇرغان بۇ چىراغنىڭ قايسىبىر بۇلۇڭدا ئۆچۈپ قېلىشىنى خالىمىدىم، گۈزەللىككە نامراتلىشىپ كېتىۋاتقان بۇ دۇنيانىڭ ئاشۇ ئاجىز بىر مايسىسىغا ئىچىمدە ئامەت تىلىدىم.

شىنجېندىكى ئىككى ئايدىن ئارتۇق ۋاقىت يۇقىرىقى كىشىلەر بىلەن قەرەللىك ئۇچرىشىش ۋە پاراڭلىشىش بىلەن ئۆتتى. بۇ جەرياندا چەت ئەللىكلەر بىلەن ئىنگلىزچە پاراڭلاشقان چاغدا مەندە ئاسانلا يۈز بېرىدىغان ئىززىتىنى ئاياش تۈپەيلى كېلىپ چىقىدىغان پاسسىپ پىسخىكىلىق ھالەتنى يېڭىشنى ئازراق ئۆگەنگەندەك بولدۇم، يەنى يۈزۈم ئازراق قېلىنلاشتى. شىنجېننىڭ قاينام ـ تاشقىنلىق ھاياتى ماڭا «ھايات» دېگەن ئۇقۇمنىڭ مەنىسىنى يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا ھېس قىلدۇردى. كاپىتالىزم ئىنسانىنىڭ ۋۇجۇدىدا بار بولغان ۋە ئىنسانلار قېزىشقا قادىر بولالىغان نەرسىلەرنى تاۋلاشتۇرغانىدى، بۇنداق شارائىتتا «ئەخلاق» دېگەن گەپ مەسخىرىلىك سۆزدەك تۇيۇلاتتى. بۇ شەھەردە بانكا كارتىسى، ئىناۋەتلىك كارتا، پۇل بىلەن تولغان يانچۇق، سېمىز ساغرا ۋە تولغان كۆكرەكلەر گويا ئورتاق تىلدەك ھەممە ئادەمگە چۈشىنىشلىك ئىدى. ئالاقىلەر ئاشۇ نەرسىلەر بىلەن راۋان يۈرۈشۈپ كېتەتتى. ھەركىم ئۆزى ئۈچۈن ئالدىراش يۈرگەن بۇ شەھەر ئۆزىگە نىسبەتەن يېگانە كىشىلەرنىڭ دىيانەت ۋە قىيامەت بابىدىكى ئۆزگىچە پىكىرلىرىگە

www.uyghurkitap.com



يوچۇق بىرىپ قويىدىغىنىدىن بىخەۋەردەك كۆرۈنەتتى. شۇڭا بۇ شەھەر ئۆز نۆۋىتىدە يەكلەنگەن كىشىلەرنىڭ ئۆز يارىسىنى تېڭىشىغا ئورۇن بەرمەيمۇ قالمايتتى.

رۇسىيەنىڭ 19 ـ ئەسىردىكى كاتتا يازغۇچىسى دوستويېۋىسكى 1862 ـ يىلى ياۋروپانىڭ پارىژ، لوندون شەھەرلىرىنى كۆرۈپ قاتتىق ئۈمىدسىزلەنگەنىكەن. ئۇنىڭ قارىشىچە، بۇ شەھەرلەر ماددىچىلىقتا بىرىلگەن چۈشكۈن شەھەرلەرگە كىرەتتى. ئۇ، تەڭرىنىڭ پەرمانىدىن چەتنىگەن شەھەرلەر ئىنسانىنىڭ مەنىۋى قىممەتلىرىنىڭ قەبرىستانىغا ئايلىنىپ كېتىدۇ، دەپ ئويلايتتى. ئەبۇ ناسىر فارابىي جىسمانىي ساغلاملىق، شۆھرەت، ھۇزۇر ـ ھالاۋەت، ئىشرەت، پۇل ـ پۇچەكلەرنى بەختنىڭ كۆرسەتكۈچىگە ئايلاندۇرۇۋالغان شەھەرلەرنى پەزىلەتسىز شەھەر قاتارىدا سانىغانىدى.

ھاياتىي دۇنيانىڭ لەززەتلىرىگە ئەس ـ ھوشىنى يوقاتقان ھالدا بېرىلىپ، چاھارپايلاردەك يەپ ـ ئىچكىنىدىن كېرىلگەنلەر قەھرىمان ياكى تىپ ھېسابلانغان يەردە ھېچكىمنىڭ قەلبى ئاسايىشلىق ۋە تىنچلىق تاپالمايدۇ. ھەركىم ئۆز ئېھتىياجىنى قانائەتلەندۈرىدىغان پۇرسەتلەرنى ئىزدەپ پايپاسلاپ يۈرىدۇ، ئۇلارنىڭ كۆز ئالدىدا رىقابەت، پۇرسەت ۋە خىرىس. ئۇلارنىڭ كۆزى كۆز ئالدىدىكى كونكرېت ئادەملەرنى تونۇمايدۇ، ئېگىز بىنالارنىڭ ئاراچىلىرىدا قىمىلداپ يۈرۈشكەن شۇنچە زىچ ئادەملەر بىر ـ بىرىگە ناتونۇش، يالغۇزلۇق ۋە تىت ـ تىتلىق مەيخانىلار ۋە تۈنەكخانىلارنىڭ تىجارىتىنى كۆپۈكتەك ئۆرلىتىدۇ.

ئويلاپ كۆرسەم، شىنجىڭنىڭ 20 ـ 30 قەۋەتلىك بىر بىناسىدا يېزىمىزدىكى نوپۇسى زىچراق بىر كەنتنىڭ ئاھالىسى ئولتۇرالايدىكەن. «ئېرپان» ئېلېكترون شىركىتىنىڭ دىرېكتورى ئابدۇللا ئۆمەر مۇشۇ خىل تىپتىكى سېلىشتۇرما تەپەككۇرنى كۆپ قىلاتتى. ئۇ شىنجىڭدىكى 31 قەۋەتلىك بىر بىنانى گۇما

ناھىيەسىنىڭ بىر يېزىسى بولغان قاراتاغىز بىلەن سېلىشتۇرۇپ كۆردى. ھېلىقى 31 قەۋەتلىك بىنانىڭ ھەربىر ئىشىكىدىكى قەۋەتتە ئون ئىككى يۈرۈش ئۆي بار ئىكەن، شۇنداقتا، بىر ئىشىكتە 372 يۈرۈش ئۆي دېگەن گەپ. پۈتكۈل بىنادا يەتتە ئىشىك بار بولۇپ، بۇ مەزكۇر بىنادا 2604 يۈرۈش ئۆي بار دېگەن گەپ. ھەربىر يۈرۈش ئۆيدە ئۈچتىن نوپۇس بار دەپ قارىساق، كۆلىمى 2000 كىۋادرات مېتىردىن ئاشىدىغان بۇ ئولتۇراق بىنادا 8000 غا يېقىن نوپۇس بار ئىدى. بۇنى 70 مىڭ كىۋادرات مېتىر تېرىلغۇ يېرى بار، 20 مىڭ نوپۇسقا ئىگە قاراتاغىز يېزىسى بىلەن سېلىشتۇرغاندا، ھەيران قالارلىق بىر مەلۇمات كېلىپ چىقاتتى. 20 مىڭ نوپۇسنىڭ ئۈچتىن بىرى بەلكىم قاراتاغىز يېزىسىنىڭ ھۆكۈمەت ئورۇنلاشقان يەرچىلىك زېمىنغا جايلىشىپ كەتكەندى. بىز شېنجېندىكى 31 قەۋەتلىك ئاشۇ بىنادىكى ئاھالىلەرنىڭ بانكىدىكى پۇلى ۋە باشقا مۈلۈكلىرىنى ھېسابلاشقا ئامالسىزمىز. ئەمما، پەرەز قىلىش تەس ئەمەسكى، ئۇلارنىڭ ئىقتىسادىي كۈچىگە قاراتاغىز يېزىسىنى يېقىن ئەكېلىش مەنتىقىگە سىغمايدىغان گەپ بولۇپ چىقىدۇ. سىياسەت شېنجېنغا ئەنە شۇنداق ئىقتىسادىي گۈللىنىش ئەكەلدى. كۈننىڭ سىرىقىنى كۆرۈپ يۈرگىنىگە مىڭبىر شۈكۈر بىلەن ياشاۋاتقان قاراتاغىزلىق بىر دېھقان بۇنى ھەرگىز ئويلاپ يېتەلمىسە كېرەك.

ناۋادا ھېچقانداق سانائەت ۋە شەھەر ئېڭىغا ئىگە بولمىغان بىر دېھقاننى بىردىنلا بىنالاشتۇرۇپ قويسا قانداق ئاقىۋەت كېلىپ چىقار؟ قىيامەت دېگەن ئەنە شۇ!

رۇس يازغۇچىسى چېخوف «ئالتىنچى نومۇرلۇق پالاتا» دېگەن ئەسىرىدە «سادىغاڭ كېتەي، رۇسىيەمىزنىڭ باغرى كەڭ!» دەپ نادامەت چەككەنىكەن. مەنمۇ «دىيارىمىزنىڭ زېمىنى كەڭ، بايلىقى مول» دېگەن سۈپەت - تەرىپلىرىنى زىكىر قىلغىنىمچە تەگسىز خىيال سۈردۈم.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى



شىنجىڭدىن قايتىپ كېلىپ ئىرادەم ۋە تەقەززايىمغا باقماي، ئالدىرىماي پۈتىدىغان مەمۇرىي، سىياسىي رەسمىيەتلەرنى بېجىرىش بىلەن بولدۇم. ئوقۇشقا تېگىشلىك بەزى كىتابلارنى ئوقۇدۇم، دىيارىمىزدىكى نەۋايى تەتقىقاتىغا دائىر بىر دوكلات تەييارلاپ قويدۇم. ئىلىم زىيارەتچىسى بولۇش سۈپىتىدە ئىلىم ئادەملىرىنىڭ ئارىسىغا بارغانىكەنمەن، ئۇلار مەندىن ئىككى ئېغىز ئىلىم پارىڭى ئۈمىد قىلىپ قىلىشى مۇمكىن ئىدى. يەنە بىر يىل بەخۇدۇك كىيگۈدەك كىيىم - كېچەك، دورا - دەرمەك دېگەندەك نەرسىلەرنى غەملىدىم. پۇلنى تېجەش ئۈچۈن ئەزەربەيجان ھاۋا يوللىرىنىڭ ئۈرۈمچى - باكۇ - لوندون لىنىيەسىدىكى ئايروپىلان بىلىتىنى ئالدىم. 2006 - يىلى 26 - ئۆكتەبىر چۈشتە باكۇغا ئۇچۇشقا توغرا كېلەتتى، بۇ دەل روزا ھېيت كۈنى ئىدى.

ھېيت نامىزى ئوقۇلدى. قىزىم بىلەن ئوغلۇمغا روزا ھېيتقا مۇناسىۋەتلىك تارىخىي بىلىملەردىن ئازراق سۆزلەپ بەردىم، ھېيتنىڭ ئالدى - كەينىدە نېمىلەرنى قىلىش كېرەكلىكى توغرىسىدا ئۆگۈتلىدىم. ئوغلۇم قارا كۆزلىرىنى ھەيرانلىق بىلەن پارقىرىتىپ جىم ئاڭلايتتى. باللىرىم ئورنىدىن تۇرۇشتىن ئىلگىرى ئۇلارنىڭ يېنىغا ئايرىم - ئايرىم كىرىپ بىر پەس پۇراپ ياتتىم. باللارنىڭ پۇرىقى ئادەمگە ئۈمىد ۋە تەسەللى بېرىدۇ. باللىرىمدىن كەلگەن پۇراق مېنى باللىققا قايتۇرۇپ، ئۇلار بىلەن بىر دېمەتلىك ئادەمگە ئايلاندۇرۇپ قوياتتى. بەزىدە باللىرىمدىن ئۆتە كىچىكلەپ، باللارچە قىلىقلارنى قىلىپ كېتەتتىم.

باللار ئەركىلەيدۇ، ئەلۋەتتە. بىراق، چوڭلارنىڭمۇ ئەركىلىگۈسى كېلىدۇ. سۆز - ھەرىكەتلەر بىرلىككە كەلتۈرۈلۈپ، ساداقەتمەنلىك ۋەزىپىگە ئايلانغاندا، ئادەمنىڭ باللىق خۇمارى

قوزغىلىپ قالدۇ. مەن بالىلىق خۇمارى پات - پات قوزغىلىپ قالىدىغان ئادەممەن. بالىلىق چاغلىرىمدا يۇمران چۈپلەرنى يۇزۇمگە قويۇپ، ئوڭدىسىغا ياتاتتىم، مۇلايىم، ئوماق پاقلانلىرىم كېلىپ يۇزۇمدىكى چۈپلەرنى تەشۇشلىنىپ تورۇپ يەيتتى. يۇزۇم پاقلاننىڭ يۇمشاق تۇمشۇقلىرىدىن غىدىقلىنىپ، سۆيۇنۇپ كېتەتتىم. ۋادەرىخا! قېنى شۇ بالىلىق، قېنى شۇ پاقلانلار!؟

ماڭىدىغانلىقىمدىن خەۋىرى بار دوستلىرىمدىن ئەسقەر، يالقۇن روزى ۋە مۇھەممەد ھاجى ئاكىلار ھېيت نامىزىدىن قايتىپلا ئۆيۈمگە يېتىپ كېلىشتى. ئايالىمنىڭ مېنى لەڭمەن بىلەن ئۇزاتقۇسى كەلدى بولغاي، ئالدىمىزغا ئەپچىل تەخسىدە لەڭمەن كەلتۇردى. قېرىنداشلار ئارىسىدا بولىدىغان كۆڭۈللۈك گەپلەر، ئاررۇلار ۋە تىلەكلەر داستىخان ئۇستىدە ئېيتىلدى. ھەرقانچە ئاررۇ قىلغان سەپەرنىڭمۇ ئادەمنى پەرىشان قىلىدىغان تەرىپى بولىدۇ. شۇ تاپتا ئىللىق ئائىلەم ۋە دىكلەش دوستلىرىمدىن، مېھرى ئاچچىق ۋەتىنىمدىن بىر مەزگىل ئايرىلىدىغانلىقىم ئۇچۇن بىر مۇڭ مېنى ئۆز ئىختىيارىغا ئالغانىدى.

ئەقلىم كۇتكەن، لېكىن مەيلىم يوق دەقىقە ئاخىر يېتىپ كەلدى. مېڭىش كېرەك!

دوستلىرىم ۋە بالىلىرىم ئىككى پىكاپتا ئايرودۇرۇمغا قاراپ ماڭدۇق. كۇزنىڭ ئالتۇن ئاپتاپلىرى ئۇرۇمچىنىڭ زەپىران دەرەخلىرىنى مىسكىن، رومانتىك تۇسكە كىرگۇزگەنىدى. ياپراقلار پىشىپ، شىلدىرلاپ توكۇلىسىمۇ تۇرمۇش ھەلەكچىلىكى بىلەن ئاۋارە شەھەر ئاھالىسىنىڭ بۇ مەنزىرىدىن مەززە قىلغۇدەك چولىسى يوق ئىدى.

يۆلك - تاقلارنى ئۆلچىتىپ ئۆتكۇزۇۋەتتۇق. دوستلار بىلەن بىرمۇبىر قۇچاقلىشىپ خەيرلەشتىم. بالىلىرىمنىڭ پېشانىسىگە سۆيدۇم، ئايالىمغا تەمكىن ۋە ئۇ چۇشىنىدىغان نەزەردە خوش دېدىم. قوللار ھاۋادا پۇلاڭلىدى، شۇنچە جىق ئادەم توپىدا مېنى

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يىغىن ئادرىسى



ئۇزاتقىلى چىققان ئاشۇ بىرنەچچە ئادەمنىڭ چېھرىلا كۆرۈنەتتى. توساتتىن ئامېرىكا شائىرى ئېزرا پاند (Ezra Pound, 1972 ـ 1892) نىڭ «مېترو بېكىتىدە» (In a Station of the Metro) دېگەن مەشھۇر شېئىرى ئېسىمدىن كەچتى:

توپ ئىچىدە كۆرۈنگەن چىرايلار سېھرى،
نەم ۋە قارا شاختىكى چېچەكلەر بەرگى.
(The apparition of the faces in the crowd
Petals on a wet, black bough.)

پاندنىڭ بۇ شېئىرى پارىژ مېترو بېكىتىدە تاسادىپىي ئېرىشكەن بىر ئىلھامنىڭ تۈرتكىسىدە ۋۇجۇدقا كەلگەن بولۇپ، سوزۇنچاق مېترو نەمخۇش، قارا شاخقا ئوخشىتىلغان، قىستىلىپ يۈرۈشكەن ئادەملەرنىڭ پەقەت چىرايىنىلا ئىلغا قىلغىلى بولاتتى، چىرايلار گويا ئاشۇ قارا شاختا ئېچىلغان چېچەكلەر ئىدى. «قارا ۋە نەم شاخ» ئادەمدىكى بۇرۇقتۇرما روھىي ھالەتتىن شەپە بەرگەندەك قىلاتتى. پاندنىڭ ئۆزىمۇ شېئىر ھېسسىياتنىڭ تەڭلىمىسى، دېگەنىدى. ئايرودۇرۇمدىكى ھېسسىياتىم تەبىئىي ھالدا پاندنىڭ يۇقىرىقى شېئىرىدىن چىقىش يولى ئىزدىگەندەك قىلاتتى.

كۆلەڭگىلەر
كېلىدۇ
كېتىدۇ

ئۇزۇك ـ ئۇزۇك پويىز ئاۋازى
ياشلار بىلەن نەملەنگەن
.........................
دۇنيادىكى ھەممە شېئىر قايسى تىلدا يېزىلغان بولۇشىدىن

قەتئىينەزەر بىر تۇغقان.

مەنمۇ ئايرودرومدىكى ئۆزىتىش مەنزىرىسىنى مۇنداق ئىپادىلىگەنىدىم:

پۇلاڭلىغان قوللار
چۈچىلىدىن ئۆرلىگەن تۇتۇن،
چىرايلار
گۈلخانلارغا تاشلانغان ئوتۇن.
........................

بۇ يەردە ھىجراندىن ئۆرتىنىش مەنزىرە ئىچىگە باشلاپ كىرىلگەنىدى.

يېنىمدا قالغان چاقلىق سومكىنى سۆرەپ چېگرادىن چىقىش رەسمىيەتىنى ئۆتىگىلى كېتىۋاتقىنىمدا، ئوغلۇم «دادا، خوش» دەپ توۋلىدى، يىراقتىن ئۇنىڭ دۇپدۇگىلەك يۈزى كۆرۈندى، مەنمۇ ئۇنىڭغا «خوش» دەپ قول پۇلاڭلاتتىم.

پاسپورتنى خادىمغا ئۇزاتتىم. ئۇ پاسپورتۇمنى بىرھازا ئۆرۈپ - چۆرۈپ تەكشۈردى.

— قەيەرگە؟

— باكۇغا.

— نېمە قىلغىلى؟

— لوندونغا ئالماشقىلى.

— لوندون؟ لوندوندا نېمە ئىشىڭىز بار؟

— ۋىزىغا ئوبدان قارىسىڭىز بىلىسىز.

ئۇ ۋىزىغا يۈزەكى قاراپ قويدى.

— ئەنگلىيە، مۇنداق ئىكەن - دە.

— شۇنداق.

— تۇرۇش ۋاقتى بىر يىل؟

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يىگانە ئادرېسى
www.uyghurkitap.com



ــ شۇنداق.
ــ قانداق ئىش بىلەن؟
ــ ۋىزىدا ئېنىق بار.
ــ زادى قانداق ئىش بىلەن؟
ــ ئىلمىي زىيارەتتى بىلەن.
ــ ئىلمىي زىيارەتتى؟ ...

خادىم ۋىزىنى يېنىدىكى بىرەيلەنگە كۆرسەتتى. ئۇ باش لىڭشىتتى.

خادىم پاسپورتۇمنى ئېلىپ نەگىدۇر غايىب بولدى. مەن پاسپورتسىز ھالدا بىر چەتتە ساقلاپ تۇردۇم. شۇ تاپتا مەن قىزغىن بىر مۇلاھىزە ئېمىسىغا ئايلىنىپ بولغانىدىم. كەينىمدىكى يولۇچىلار، تەكشۈرگۈچى خادىملار ئالدىمدىن بىر ـ بىرلەپ ئۆتۈپ كېتىپ باراتتى. شاۋقۇن ـ سۈرەن ئىچىدە ۋىزىلار ئۈستىگە بېسىلغان ئىجازەت تامغىسىنىڭ ئاۋازىنى ئېنىق ئاڭلاپ تۇراتتىم. ماڭا بۇنداق ئەستايىدىل مۇئامىلە قىلىنىشى مەۋجۇتلۇقۇمنى بىلدۈرىدىغان ئالامەت ئىدى. سەن بىلەن ھېچكىمنىڭ كارى بولمىسا ئۆزۈڭنىڭ مەۋجۇتلۇقىنى بىلەلمەي قالىدىغان ئەھۋاللارمۇ بولىدىغۇ؟

خادىم يىراقلاپ كەتكەندە سائىتىمگە قاراپ قويدۇم. نېمىشقىدۇر بۇ يەردىكى كۈتۈش چەكسىز بىر كۈتۈشكە ئوخشاپ كېتەتتى، مىنۇتلار سەمرىپ ۋە كۆپچۈپ سائەتنىڭ ۋەزنىگە كىرەتتى. خادىملار مېنى تەكشۈرمىسىمۇ غەلىتىلىك ھېس قىلىپ قالامتىمكىن، بىلمەيمەن. بۇ ھال ئالىي مەكتەپتىكى بىر تىلشۇناس ئوقۇتقۇچۇمنىڭ ھېكايىسىنى يادىمغا سالدى. ئەمگەك بىلەن ئۆزگەرتىش مەيدانىدا، تاماق بېرىلگەندە «جاھىل ئۇنسۇر» دەپ ئۇنىڭغا ئاتايىتەن كۆيۈپ كەتكەن ياكى كۆلگە چۈشۈپ كەتكەن مايماق ـ سايماق نانلار بېرىلىدىكەن. بىركۈنى كۆيۈك نان چىقماي قالغانمۇ، ساقراق نان تېگىپ قاپتۇ. ئوقۇتقۇچى ناننى

سەپسىلىپ قارىۋەتكەندىن كېيىن قايتۇرۇپ بېرىپ:
— بۇ مېنىڭ ئىنىم ئەمەسكەن، ئۆزۈمنىڭ ئىنىنى بېرىڭلار، — دەپ تۇرۇۋالغانىكەن.
كۈتتۇم، كۈتتۇم ... ھېلىقى خادىم ئاخىر كۆز ئالدىمدا پەيدا بولدى - دە، پاسپورتۇم ئۈستىدە «كوم!» قىلغان ئاۋاز ئاڭلاندى. خادىم پاسپورتۇمنى قولۇمغا بەرگەندە سۇس تەبەسسۇم قىلىپ قويدى. بۇ تەبەسسۇم ئىنسانىي سۆيۈتمىگە بېرىلگەن ئەڭ چوڭ مۇكاپات ئىدى.
ئايروپىلاننىڭ ئۇچۇشىغا يەنە ئازراق ۋاقىت بار ئىدى. كۈتۈش زالىدىن كىچىككەن ھالدا بىرەر ئورۇننى تېپىپ ئولتۇرۇپ ئەتراپقا نەزەر تاشلىدىم. سائىتىمگە قارىسام ئىجازەتنى 40 مىنۇتتىن ئارتۇق كۈتۈپتىمەن. ئولتۇرغانلار ئاساسەن دېگۈدەك ئەزەرىيلەر بولۇپ، قوللىرىدا ئورۇمچىدىن سېتىۋالغان ھەر خىل تۇرمۇش بۇيۇمى بار ئىدى. تېلېفونلاشقاندىكى ئاۋازىدىن بۇ يەردە ئولتۇرغان بىرقانچە قىز ۋە ئوغۇلنىڭ ئۇيغۇر ئىكەنلىكىنى بىلدىم. ئۇدۇلۇمدا 18 ياشلاردىكى ئېگىز بوي بىر بالا ئولتۇراتتى. مەن ئۇنىڭدىن «نەگە بارىسىز؟» دەپ سورىغىنىمدا، ئۇ «ئىستانبۇلغا» دەپ جاۋاب بەردى. ئەپتىدىن ئۇ ئارتۇق سوئال سورىشىمنى خالىمايدىغاندەك تۇراتتى. بۇ ماڭا ناھايىتى چۈشىنىشلىك روھىي ھالەت ئىدى. شۇڭا، ئەجەبلىنىپ كەتمىدىم. كىشىلەر چېگرا سىرتىغا چىقىشنىڭ ئالدى - كەينىدە ئالاھىدە سەزگۈرلىشىپ، باشقىلارغا ئۆز شەخسىيىتى ھەققىدە ئازراق گەپ قىلىشنىمۇ خالىمايدۇ. بۇ ھەقتە چوڭلاردىن يېتەرلىك نەسىھەت قوبۇل قىلغان بۇ بالىلار ئۆز ئارزۇسىغا ئۇيغۇن نەسىھەتنى ھوشيارلىق بىلەن ئادا قىلىۋاتاتتى.
مەن ئۇ بالىنى ئەندىشىگە سېلىپ قويماسلىق ئۈچۈن ئۆز خىياللىرىمغا بەند بولدۇم. باشقىلارغا يۈك بولىدىغان نورمال ئىنسانىي مېھرنى ئىچىمنىڭ نامەلۇم بۇرجەكلىرىگە تۆكۈۋەتتىم.
ئايروپىلانغا ئورۇنلاشتۇق. كۆڭلىمىز ئارام تاپقاندىن كېيىن

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



يېنىمىزدىكىلەرگە قاراپ ھەمراھلىرىمىز ھەققىدە تاشقى تونۇش ھاسىل قىلىشتۇق. يېنىمدا ئولتۇرغان سېمىز ئادەمنىڭ ئىسمى مۇھەممەد بولۇپ، ئۇ ئورۇمچىگە كېلىپ تىجارەتتە بولغىلى تۆت ئاي بولغانىكەن. ئايروپىلان ئاستا قوزغالدى، بىر پەس يەر بىغىرلاپ ھاۋاغا كۆتۈرۈلدى، پەستىكى يېشىل يەر ھېلى قىيپاشلىنىپ، ھېلى تۈزلىنەتتى. بىردىنلا بەدىنىم ئاجىزلىشىپ، يۈرىكىم بىر قىسما بولغاندەك بولدى. ھېلىمۇ ياخشى، مەن ۋەتىنىمنىڭ ئاسمىنىدا ئىدىم، ئۇنىڭدىن بىراقلا جۇدا بولمىغانىدىم. ئېسىمگە يۇنان ئەپسانىلىرىدىكى ئانتىئۇس كەلدى. ئانتىئۇس ھېچقانداق دۈشمەن تەڭ كېلەلمەيدىغان تەڭداشسىز ئەزىمەت بولسىمۇ، تاپىنى ئۆزىنىڭ ئانا دىيارىدىن ئاجرىغان ھامان ھەممە كۈچ ـ قۇۋۋىتىدىن ئايرىلىپ، ئەڭ ئاجىز دۈشمەن ئالدىدىمۇ ئەرزىمەس ئادەمگە ئايلىنىپ كېتىدۇ. ئۇنىڭ رەقىبى گىراكلىس ئۇنىڭ بۇ ئاجىزلىقىنى بىلىپ ئانتىئۇسنى كۆتۈرۈپ يەردىن ئۈزۈۋالغان ۋە پۈتىنى يەرگە تەگكۈزمەي بوغۇپ ئۆلتۈرگەن.

خىيالىمدا بۇ ئەپسانىنىڭ مەزمۇنى كېڭىيىپ بارماقتا ئىدى. تاپىنى ئانا يەرگە دەسسەپ تۇرۇپمۇ ۋەتەن تۇيغۇسىدىن بىخەۋەر ئادەملەر تالاي. ۋەتەندە ياشاپ تۇرۇپ ۋەتىنىنى بىلەن روھىي ئالاقىسى بولمىغان ئادەملەرنىڭ ئەخلەتچىلىك قىممىتى بولمايدۇ. تېنى ۋەتىنىدىن ئايرىلسىمۇ، ۋەتىنىنىڭ غېمىدە ياشايدىغان ئادەملەر يەنىلا زېمىنغا تاپىنى تېگىپ تۇرغان ئانتىئۇستەك يېڭىلمەس بولىدۇ. بۇ يەردە ئانتىئۇس بىر ئادەمنى ئەمەس، بەلكى روھنى بىلدۈرەتتى. ۋەتىنىگە ئەقىدىسى بولمىغان جان باقتىلارنىڭ روھى ئاللىبۇرۇن باشقىلارنىڭ بوغۇشىدا ھالاك بولۇپ بولغان بولىدۇ.

ئايروپىلاندىكىلەرنىڭ تولىسى ئۇيقۇغا كېتىشكەن ياكى مۈگدەشكە باشلىغانىدى. مەنمۇ ئازراق خىيالدىن كېيىن ئۇخلاپ

قاپتىمەن.

— ئاھ، ۋەتەن! — يېنىمدىكى مۇھەممەدنىڭ توۋلىشىدىن ئويغىنىپ كەتتىم.

— كاسپى دېڭىز كۆرۈندى، ئۇنىڭدىن ئۆتسەكلا قەدىرلىك ئەزەربەيجان تۇپرىقىنى كۆرىمىز، — دېدى ئۇ.

پەسكە قارىدىم، سۇ ۋە ھاۋا تۇتىشىپ كەتكەندەك گىرىمسەن مەنزىرە يېيىلىپ تۇراتتى.

— ۋەتىنىڭىزنى سېغىنىپسىز - دە؟

— كۆپ سېغىندىم، ئەزەربەيجان بەكلا گۈزەل.

— باكۇدا تۇرمۇش قولايلىقمۇ؟

— باكۇدا مۇشكۇلات يوق، — دېدى سول تەرىپىمدىكى بىر ئايال، — چۈنكى باكۇ بىزنىڭ ئۆيىمىز.

— ئۈرۈمچى قانداقراق ئىكەن؟

— باكۇدا ھايات گۈزەل!

— فۇزۇلىنى بىلەمسىز؟ — دەپ سورىدىم يەنە ئايالدىن.

— مۇھەممەد فۇزۇلى؟

— شۇنداق.

— ۋاھ، مۇھەممەد فۇزۇلىنى سىزمۇ بىلەمسىز؟ — دەپ قايتۇرۇپ سورىدى ئايال مەندىن.

— ئەلۋەتتە، فۇزۇلى بىلەن نەۋايى بىر باغنىڭ ئىككى بۇلبۇلى ئەمەسمۇ. بىزنىڭ بۇرۇنقى مەكتەپلىرىمىزدە ئوقۇغان ئوقۇمۇشلۇق ئادەملىرىمىزگە نىزامى بىلەن فۇزۇلىنىڭ ئەسەرلىرى ناھايىتى تونۇش.

ئايال نېمە ئىش قىلىدىغانلىقىمنى سورىماي تۇرالمىدى. جاۋابىمنى ئاڭلاپ كۈلۈمسىرەپ باش لىڭشىتىپ قويدى.

ئايالغا ئۇيغۇرچە گەپ قىلدىم. ئۇ ئايال گېپىمنى ئازەرچە (ئەزەربەيجانچە) چۈشەندى. نەۋايى بىلەن فۇزۇلى ئوتتۇرىسىدىكى مەدەنىيەت قانداشلىقى ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ ئىككى بۈرجىكىدىكى

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يىگانە ئادرېسى



ئىككى ئەۋلادقا بەش ئەسىردىن كېيىنمۇ ئۆزىنى روشەن نامايان قىلىۋاتاتتى. مەدەنىيەتتىكى گېپ ئەجەب نەرسە ئىكەن ـ ھە!؟
ھاۋادا كېتىۋېتىپ فۇزۇلىنىڭ غەزەللىرىدىن مىراج توغرىسىدىكى مۇنۇ مىسرالىرى يادىمدىن كېچىپ قالدى:

رۇتبەئى ھېكمەتى مىراجى كەمالىنا گۆرە
ھۇكەما فىرقەئى دۇن فەلسەفە جەمئىي سۇفەھا.

(مىراج كېچىسىدىكى ھېكمەتنىڭ كامالەتكە ئېرىشكەن زاتنىڭ مەرتىۋىسىگە نىسبەتەن پەيلاسوپلار تەبىقىسىنىڭ قىلىپ يۈرگەن ئىشلىرى مەنىسىزدۇر.)

فۇزۇلى مەڭگۈ قېچىپ يۈرىدىغان شائىر، بايىلا ئۇنى چۈشەندىم دېسەك، بۇ چۈشەنچە سېنى ئالداپ قويىدۇ، يەنى فۇزۇلى سېنى قويۇپ مەنىنىڭ يىگى مەنزىلىگە يۈرۈپ كېتىدۇ. ھەقىقەت ئەلچىسىنىڭ مىراج كېچىسىدىكى ئالامەتلىرىنى كۆرۈش ئۈچۈن تەبىئەت ئىلمىلىرىدىن ھالقىغان روھىي نەزەر بولۇش كېرەك ئىدى. شائىرلىقنىڭ فۇزۇلى يەتكەن پەللىسىنى بويلاش ئۈچۈن ئەقىللا كۇپايە قىلمايتتى، بەلكى چوڭقۇر مېتافىزىك بالاغەت بولۇش لازىم. قاراڭ، تالاي پەيلاسوپ پەقەت ئۆز دەۋرىنىڭ دانىشى سۈپىتىدە قامۇسلاردىلا قالدى، ئالەمنىڭ ئىرادىسى مىراج كېچىسىدە جۇلا تاپتى.
مۇشۇ تاپتا ئوقۇرمەنلىرىمگە بىر ئىشنى ئىقرار قىلىپ ئۆتەي: فۇزۇلىنىڭ مىسرالىرى مېنى مىراج ھېكمىتىگە دائىر تەگسىز خىياللارغا ئۈندىدى، قەلىمىم ئىختىيارسىز ھالدا توختاپ قالدى. گويا فۇزۇلى ئالدىدا قەلەم تەۋرىتىش ئارتۇقچە بىلىندى. نە ئامال، مەنمۇ ئىرىكلىك سازىمنى چېلىشىم كېرەك.
ئايروپىلاندىكىلەر نەرسە ـ كېرەكلىرىنى جۆندەشكە باشلىدى،

قارىغاندا باكۇ ئاسمىنىدا ئۇخشايمىز.

— كەلدۇقمۇ؟ — دەپ سورىدىم قېشىمدىكى مۇھەممەدتىن.

— يىگىرمە مىنۇتتىن كېيىن يەرگە قونىمىز.

مەنزىلگە يېتىپ كېلىشتىن پەيدا بولغان شادلىق ئايروپىلاندىكىلەرنىڭ چىرايلىرىغا تەپكەنىدى. ۋەتەن ھاۋاسى سېغىنىشتىن چاك - چاك بولغان روھلارنى سۇغارماقتا ئىدى.

ئايروپىلان پەسلەشكە باشلىدى. يامغۇر ياغقان بولسا كېرەك، ئايروپورت سەيناسىدىكى كىچىك كۆلچەكلەردە سۇلار پارقىرايتتى.

يولۇچىلار چۈشۈشكە باشلىدۇق. ئايروپورتنىڭ ئىسمى ئەزەربەيجان رەئىس جۇمھۇرى ھەيدەر ئەلىيېفنىڭ نامى بىلەن ئاتالغانىكەن. ھايال ئۆتمەيلا زالغا كىردۇق. زالدىكى لاتىن ھەرپلىرىنى خۇددى ئۇيغۇرچە ئوقۇغاندەك ئوقۇپ چىقتىم. سۆزلەرنىڭ ئايرىم تاۋۇشلىرى ئۇيغۇرچىدىن بىرئاز پەرقلىنەتتى، بۇنى پەقەت شېۋە پەرقى دېيىشكىلا بولاتتى.

ئەزەرىيلەر «ۋەتەنداشلار» دېگەن خەت بار ئېغىزغا قاراپ مېڭىشتى، مەن ۋە ئىستانبۇلغا ماڭغان ئالتە - يەتتە ئۇيغۇر بالا ئالمىشىدىغانلار (Tranzit) دېگەن خەت بار ئېغىزنىڭ ئالدىغا كەلدۇق. ئەزەرىيلەر بىردەمدىلا كۆزدىن غايىب بولۇشتى، زالدا بىز بىرقانچە ئۇيغۇر، تېبلىسقا بارىدىغان بىر خەنزۇ ۋە جۇڭگونىڭ تۈركىيەدىكى باش ئەلچىخانىسىدا ئىشلەيدىغان بىر خەنزۇ يىگىت قالدۇق. ياش بىر خادىم ھەممىمىزنىڭ پاسپورتىنى بىر دەپتەرگە خاتىرىلەپ، يانچۇقىغا سالدى. بۇ يەردە كومپيۇتېر مەشغۇلاتىنىڭ يوقلۇقىنى قوبۇل قىلالماي ئارامسىزلاندىم. قولىمىزغا ھېچقانداق ئىسپات بەرمەي پاسپورتىمىزنى يىغىۋېلىشتى، بىر خىل ئەنسىزلىك مېڭەمدىن كىرىپ تاپىنىمدىن چىقتى.

— پاسپورتنى قاچان قايتۇرۇپ بېرىسىز؟ — سورىدىم بۇ خادىمدىن ئەنسىرەپ.

خادىمنىڭ جاۋاب بەرگۇدەك ھەپسىلىسى يوق ئىدى. ئۇ

www.uyghurkitap.com ئۇيغۇر كىتاب تورى

مېنىڭ سوئالىمنى جاۋاب بەرمىسمۇ بولىدىغان سوئالدەك ھېس قىلىسا كېرەك، ئانچە ئېرەنشىپ كەتمىدى. ئىسپات ۋە ھۆججەتلەرمۇ بىر تىيىنغا ئەرزىمەيدىغان بۇ جاھاندا ئۇنىڭ بىر ئېغىز ئىزاھات بەرمەيلا پاسپورتنى يىغىۋېلىشى مەن ئۈچۈن زور تەھدىتكە ئايلىنىپ قالدى.

— پاسپورتنى ...

ۋاراڭ - چۇرۇڭ ئاۋازىمنى بېسىپ كەتتى.

— ئەنسىرىمەڭ، — دېدى يېنىمدىكى خەنزۇ يىگىت، — ئۇلار ئەتە ئەتىگەن ماڭىدىغان ۋاقتىڭىزدا پاسپورتىڭىزنى قولىڭىزغا بېرىدۇ.

— شۇنداقمۇ، رەھمەت سىزگە، — دېدىم خەنزۇ يىگىتكە.

بۇ يەردىكى ئىشلار ئادەمنى دېھقان بازىرىدىكى ئاغزاكى توختام بىلەن پۈتىدىغان ئىشلارچىلىكمۇ خاتىرجەم قىلمايتتى. ھەيرانلىقتا لەيلەپ يۈرۈپ قالدىم.

خادىم ئىشىنى تۈگىتىپ مېڭىشقا تەمشەلدى. مەن ئۇنىڭ ئالدىغا بېرىپ:

— ئەپەندى، مەن قانچە ۋاقىت ساقلايمەن؟ — دەپ سورىدىم.

— ئون بەش سائەت.

ئۇ بۇ گەپنى مېنى تونۇپ دېدىمۇ ياكى ئېرەنشىمەيلا دەپ قويدىمۇ، جەزم قىلالمىدىم.

كۈتۈش زالى (waiting room) غا كىرىپ، كۈتۈشنى باشلىدۇق. ئىستانبۇلغا بارىدىغانلار ئىككى سائەتتىن كېيىن ماڭاتتى. لېكىن، مەن ئون بەش سائەت ساقلىشىم كېرەك ئىكەن. مەن چوڭ بىلىدىغان فوزۇلىنىڭ يۇرتىدا ئون بەش سائەت كۈتۈش زالىدا بەند بولۇپ يۈرىدىكەنمەن.

ئۇيغۇر بالىلار بىلەن گەپلىشىپ ئازراق ۋاقىت ئۆتكۈزدۈم. ئۇلار ئالىي مەكتەپنى ياكى تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپنى پۈتكۈزگەن بالىلار بولۇپ، تۈركىيەگە ئوقۇشقا مېڭىپتۇ. نېمىشقىدۇر، بىر يەرگە

ئوقۇشقا ماڭغان بالىلارنى كۆرسەم مەستلىكىم كېلىدۇ، لېكىن ئوقۇشنى ئوقۇشقا ئوخشىتالايدىغانلارنىڭ ئاز بولۇۋاتقانلىقىنى ئويلىسام غەشلىكىم كېلىدۇ. 18 ياشلىرىمدا ماڭا ئاشۇنداق پۇرسەت بولغان بولسىچۇ، دەيتتىم ئىچىمدە. بەزى بالىلار ماڭا يەيدىغان نەرسىلەرنى تەڭلەشتى. ئۇلار توقاچ، پېچىنە، تۇرپان كىشمىشلىرىدىن ئېلىۋېلىشقانىدى. يېنىمدا ئاز - تولا يېمەكلىك بار ئىدى، شۇنداقتىمۇ بالىلارنىڭ كۆڭلىنى قوبۇل قىلدىم.

ئىككى سائەتمۇ ئۆتتى، ئۇيغۇر بالىلارمۇ ئىستانبۇلغا يۈرۈپ كەتتى. تبىلىسقا بارىدىغان بىر خەنزۇ بىلەن ئىككىمىز كەڭ، يورۇق كۈتۈش زالىدا قالدۇق، نېمىشقىدۇر «ئىككى ئايرىلالماسلىق» دېگەن ئىبارە ئېسىمدىن يالت قىلىپ كەچتى.

مەن چاقلىق سومكامنى سۆرەپ، كۈتۈش زالىنىڭ ئىچىنى ئايلاندىم. مەخسۇس چەت ئەللەرنىڭ ھاراق، تاماكىلىرىنى ساتىدىغان ئەينەك تاملىق دۇكانلار خېلى كۆپ ئىدى. ھاراق، تاماكىلار يەتتە ئىقلىمدىن كەلتۈرۈلگەنىدى. شىشىلەر چىراغ يورۇقىدا ھەشەم بىلەن يالتىرايتتى. ئايلىنىپ بىر ھۈنەر - سەنئەت دۇكىنىنىڭ ئالدىدا توختىدىم. دۇكاندا ئەزەربەيجان مىللىي ھۈنەر - سەنئەت بۇيۇملىرى، توقۇلمىلار، چاقچۇقلار، مىس لېگەن ۋە جاملار بىلەن بىللە كىتابمۇ بار ئىدى. مەن كىتابلارنىڭ ئىچىدە بىرمۇ ئەدەبىي كىتاب تاپالمىدىم. كىتابلار ئاساسەن دېگۈدەك ئەزەربەيجاننىڭ مىللىي جۇغراپىيەسى، دۆلەت ۋە ئىجتىمائىيەت ئەھۋالى، مىللىي تېبابىتىگە دائىر ئىدى. فۈزۈلىنىڭ دىۋانىنى قانچە ئىزدەپمۇ تاپالمىدىم.

— فۈزۈلى بارمۇ؟ — دەپ سورىدىم مۇلازىم قىزدىن. ئىشنىڭ تايىنى يوق زېرىكىپ ئولتۇرغان قىز ماڭا لەپپىدە بۇرۇلۇپ قارىدى.

— ئەپەندىم؟ ...

— فۈزۈلى، يەنى مۇھەممەد سۇلايمان فۈزۈلىنىڭ شېئىرلار دىۋانى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

— كەچۈرۈڭ، فۇزۇلى بۇ يەردە يوق.

ھەممە گەپ تۈگىدى. قىز فۇزۇلىنى تازا چۈشىنەلمىگەندەك قىلاتتى. ئاق كوپتا بىلەن قارا يوپكا قىزنىڭ ئۇزۇن بويىنى قورۇپلا قويغانىدى، بېلى بىر تۇتام بىيدەكلا كېلەتتى، قاش - كىرپىكلىرى تۆكۈلۈپ تۇراتتىكى، قاراقلار چوڭقۇر ھەم تۇمانلىق بىر يەردىن نۇر چىقىراتتى. ئېلىپتەك قاڭشار ئۇدۇل ئېقىپ چۈشكىنىچە قىزنىڭ غۇنچە ئاغزىدىن ئەيمىنىپ قېتىپ قالغانىدى. قىز مەندەك خېرىدارلارنىڭ كىرىپ - چىقىشىغا كۆنۈك بولسا كېرەك، ئۆز ئىشى بىلەن بولۇۋەردى.

مەن زېرىككەنسېرى زالدىكى ئەر - ئايال مۇلازىمەتچىلەرنىڭ قىياپىتىنى كۆزىتەتتىم، قىياپەتلەر ئارقىلىق كىشىلەرنىڭ روھىي ھالىتى ۋە تۇرمۇشىنى قىياس قىلىشقا تىرىشاتتىم. ئۇلارنىڭ ھەممىسى شۇنداق كېلىشكەنىدى. مەيلى ئەر، مەيلى ئايال بولسۇن، ئېگىز بوي، قاشلىق ۋە قاڭشارلىق ئىدى، ئۇستىبېشىدىن پاكىزلىق چىقىپ تۇراتتى. ئايروپورت خادىملىرى ئۇچۇن سەردانە ئادەملەر تاللانسا كېرەك، بۇ مۇھىتتىن بىرمۇ سەت ئادەمنى ئۇچراتمىدىم. بۇلار بىلەن بىزنىڭ سۈپەت پەرقىمىز خېلى بارمۇ نېمە دەپ ئويلىدىم - يۇ، «ئادەم سەتى ئەمەس، كىيىم سەتى» دېگەن ماقال بىلەن تۈگەللىدىم. بۇ يەردىكى كىيىم بىر ئادەمنىڭ گۈزەللىكى ۋە قىممىتىنى ئاچىدىغان ئوبيېكتىپ ئىجتىمائىي شارائىتنى كۆرسىتەتتى.

ئاردا ئۇسساپ كەتتىم، بىر قەھۋەخانىغا بېرىپ مىنېرال سۇ ئالماقچى بولدۇم. مىنېرال سۇنىڭ بىر قۇتىسى بىر ئامېرىكا دوللىرى ئىدى. مەن مۇلازىمەتچىگە ئەللىك ئامېرىكا دوللىرىنى تەڭلىدىم، چۈنكى يېنىمدا پارچە دوللار يوق ئىدى.

ئەر مۇلازىمەتچى ئېرەنشىمىگەن ھالدا:

— بىر دوللار بېرىڭ، پارچە پۇل بولمىسا سۇ بېرىلمەيدۇ، — دېدى. ئۇ كېلىشكەن، لېكىن شەپقەتسىز ئىدى.

مەن ئەللىك دوللارنى پارچىلاش ئۈچۈن جىق دۇكانغا قاتىرىدىم، ھېچقايسىسى پارچىلاپ بەرمىدى. بىر خىل خورلۇق ھېسسىياتى ئەلەم قىلىشقا باشلىدى. ئاخىر قەھۋەخانىدىكى ھېلىقى باغرى تاشنىڭ ئالدىغا كېلىپ ئەھۋالنى دېدىم، ئۇ پىسەنتىگە ئالمىدى. دۇنيادا بۇ قەدەر مۇلازىمەت قائىدىسىنىڭ بولىدىغانلىقىغا ئىشەنمەي، تۇرۇپلا قالدىم، لېكىن ئارتۇق تاقەت قىلالمىدىم.

— سەن مۇلازىمەت قىلىشنى بىلەمسەن - يوق، زادى نېمە دېمەكچىسەن؟ ئېنىق دە! — دەپ ۋارقىرىدىم مەن.

ئۆز ئىشلىرى بىلەن بەند ئادەملەر بىزگە جىددىي قارىدى، مەن تىترەپ كەتكەنىدىم. قاياقتىندۇر بىر قىز يېنىمدا پەيدا بولدى ۋە قولى بىلەن ئىشارەت قىلدى. ئۇنىڭ كەينىدىن بىر دۇكانغا كىردىم. ئۇ بىر ئىشكاپنى ئېچىپ، پۇللارنى چىقىرىپ ساناشقا باشلىدى.

— ئەپەندى، بىر قاپ تاماكا ئالسىڭىز قانداق؟ — دېدى قىز ماڭا.

— بۇ زالنىڭ ھەممە يېرىدە تاماكا چەكمەڭ (No Smoking) دەپ يېزىپسىلەر، مەن قەيەردە چېكىمەن؟ — دېدىم.

قىز تۇرۇپ كېتىپ ئەللىك دوللارلىق پارچە پۇلنى ئالدىمغا قويدى، مەن ئەللىك دوللارلىق پۈتۈن پۇلنى ئۇنىڭغا بېرىپ رەھمەت ئېيتتىم ۋە ھېلىقى قەھۋەخانىدىن بىر دوللارلىق سۇ ئالدىم.

بۇرۇن بەشكېرەمدىن قەشقەر شەھىرىگە پىيادە كىرىۋېتىپ، ئۇسساپ كەتسەم ئۇدۇل كەلگەن ھويلىغا كىرىپ بىر نوگاي سۇ سوراپ ئىچەتتىم. بىر قۇتا مىنېرال سۇنى تەشنالىق بىلەن ئىچىۋېتىپ ئاشۇ كۈنلەرنى ياد ئەتتىم.

ئەزەربەيجان قەدىمىي تارىخقا ئىگە، قىسمىتى مۇرەككەپ بىر ئەل. مەدەنىيىتىدە خۇددى بىزگە ئوخشاشلا ئەرەب، پارس مەدەنىيىتىنىڭ تەسىرى روشەن. بېشىدا ھېلى ئىران، ھېلى

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تورى



رۇسىيە تەھدىتلىرى ئەگىپ تۇرغان. 19 ـ ئەسىردىكى رۇسىيە ـ ئىران ئۇرۇشلىرى نەتىجىسىدە ھازىرقى ئەزەربەيجاننىڭ كۆپ قىسمى رۇسىيە تەۋەلىكىگە كىرىپ كەتكەن. 1917 ـ يىلىدىن كېيىنكى سوۋېتلەر دەۋرىدە ئەزەربەيجان سوۋېتلەر ئىتتىپاقىنىڭ مۇھىم نېفىت سانائەت بازىسى بولغان. سوۋېتلەر ئىتتىپاقى پارچىلانغاندا، 1991 ـ يىلى مۇستەقىللىقىنى جاكارلىغان. بۇ ئەل بىزدىن جۇغراپىيە جەھەتتە يىراقتا بولغىنى بىلەن مەدەنىيەتتە تۇغقان كېلىدۇ. ئەينى دەۋردىكى مەدرىسەلىرىمىزدە نەۋايى بىلەن بىللە نىزامى گەنجەۋي ۋە فۇزۇلىلارنىڭ ئەسەرلىرى ئوقۇلاتتى. نەۋايى نىزامىنى ئۆزىنىڭ ئۇستازى دەپ قارىغان. ئەزەرى خەلقلىرىمۇ نەۋايىنى ئۇستاز تۇتۇپ كەلگەن. ھەر ئىككى خەلقنىڭ شائىرلىرى «پەرھاد ۋە شىرىن»، «لەيلى ۋە مەجنۇن»، «غېرىب ۋە سەنەم»، «گۆر ئوغلى» تېمىلىرىدا تەكرار قەلەم تەۋرەتمىشكەن. ئۇ. ھاجىبېكوف تەرىپىدىن 1913 ـ يىلى يېزىلغان «ئارشىن ـ مال ئالان» كومېدىيەسى ئۇيغۇر تاماشىبىنلىرىغىمۇ تونۇش ئىدى. 1990 ـ يىللاردىكى ئىستاتىستىكىغا ئاساسلانغاندا، دۇنيادىكى ئەزەرىيلەر 17 مىليوندىن ئاشىدۇ، بۇلاردىن 5.8 مىليونى ئەزەربەيجاندا ياشايدۇ. ئىراندا بولسا 10 مىليوندىن ئاتۇق ئەزەريي بار، يەنە رۇسىيە، گىرۇزىيە، قازاقىستان، ئەرمەنىستان قاتارلىق ئەللەردىمۇ بار. ئەزەرىيلەرنىڭ تىلى تۈركىي تىللار ئائىلىسىنىڭ ئوغۇز گۇرۇپپىسىغا تەۋە بولۇپ، تاكى 1929 ـ يىلىغىچە ئەرەب ئېلىپبەسىنى ئىشلەتكەن. ئۇنىڭدىن كېيىن لاتىن ۋە سىلاۋيان يېزىقلىرى ئارىسىدا تەمتىرەپ، 1992 ـ يىلىدىن باشلاپ يەنە لاتىن ھەرپىنى قوللىنىشنى باشلىغان.

تىل ئۆزۈكىدىن، يېزىق باشقىلاردىن، پۇتكۇل ئىش ـ ھەرىكەتكە قوماندان بولىدىغان مەپكۇرە باشقىلاردىن، مانا بۇ ئەزەرىيلەرنىڭ ھازىرغىچە بولغان تەقدىرى. بىر خەلقنىڭ

قىسمىتى ئەدەبىياتتا ئەڭ روشەن ئەكس ئېتىدۇ، ئەزەربەيجان شائىرى سەمەد ۋۇرغۇن (1906 ـ 1956) پېشقەدەم ئەدەبىيات مۇخلىسلىرىمىزغا خېلى تونۇش. ئۇ «يىگىرمە ئالتە» دېگەن داستانىدا مۇنداق يازغان:

چىرايىدا ئېغىر قايغۇ تۇمانى،
ياتار باكۇ دۇچار بولۇپ ئازابقا.
ئۇ گوياكى نېمىنىدۇر كۈتكەندەك
نەزىرىنى تىككەن يىراق ـ يىراققا.

ئاچچىق چېقىپ ئۇشقۇيتىدۇ ئىزغىرىن،
ئوق ئىزلىرى كۆرۈنىدۇ تاملاردا.
خەلق قىرغىن قىلىنماقتا شەپقەتسىز،
يول بويالغان ئاققان قىزىل قانلاردا.

تۆمۈر تاپان چەيلەپ ئۆتكەن تار كوچا،
ئۇلتۇرىدۇ ھامال يىرتىق پالاستا.
ئارام ئېلىش ئىستەيدۇ ئۇ ئاز ـ تولا،
خىيال ئۇنى ئۆز باغرىغا ئالماقتا.

ئەزەربەيجاننىڭ 20 ـ ئەسىردىكى قىسمىتى تالاي كۈرەش بىلەن خاراكتېرلەنگەنىدى. ئىران مىللەتچىلىرى ئەزەري (ئەزەربەيجان) تىلىدىكى كىتابلارنى كۆيدۈرگەندە، شائىر سەمەد ۋۇرغۇن مۇنداق يازىدۇ:

جاللات! سېنىڭ كۆيدۈرگىنىڭ دەستە ـ دەستە كىتابلار،
مىڭ ئۆمۈرنىڭ شۆھرىتىدۇر، مىڭ يۈرەكنىڭ ئارزۇسى.
بىز كېتەرمىز بۇ دۇنيادىن، كىتاب قالار يادىكار،
ھەر ۋاقىتتا نەقىشلەنگەن نەچچە ئىنسان تۇيغۇسى،
مىڭ ئۆمۈرنىڭ شۆھرىتىدۇر، مىڭ يۈرەكنىڭ ئارزۇسى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



جاللات! مېنىڭ تىلىمدۇر ئۇ شوخ غەزەل ـ قوشاقلار
ئېيتقىن ماڭا، سېزەلەمدۇ بۇلارنى تاش يۈرىكىڭ!
ھەر جاراھەتلىك پەدىسىدە مىڭ ئانىنىڭ قەلبى بار.
ھەربىر ئاھاڭ پەرزەنتىمدۇر بىر مۇقەددەس تىلەكنىڭ،
ئېيتقىن ماڭا، سېزەلەمدۇ بۇلارنى تاش يۈرىكىڭ؟

دۇنيادىكى ياۋايىلىقنىڭ تۈرى كۆپ. بىر مەدەنىيەتنىڭ يەنە بىر مەدەنىيەتكە بولغان ئۆچمەنلىكى تۈزۈملەشتۈرۈلگەندە، بۇنىڭ ئۆزى زامانىۋى ياۋايىلىق بولۇپ، ئۇنىڭ خەتىرىگە ھېچنېمە توغرا كەلمەيدۇ. سەمەد ۋۇرغۇن تارىختىكى ئاشۇ مەشئۇم قارا يىللارنىڭ شاھىتى سۈپىتىدە ئەنە شۇنداق ياللۇنلۇق مىسرالارنى قالدۇرغانىدى.

بىر دۇكاندا ھەيدەر ئەلىيېفنىڭ كۆلۈپ تۇرغان سۈرىتى كۆزۈمگە چۈشتى. بۇ سۈرەت سەمەد ۋۇرغۇننىڭ شېئىرىي ئوبرازى بىلەن زادىلا ماس كەلمىگەندەك تۇيۇلدى. ھەيدەر ئەلىيېفنىڭ قولىدا تۇم بىر قارا قەلەم تۇراتتى. ۋاھالەنكى، ئۇ سەمەد ۋۇرغۇننىڭ قولىدىكى قەلەمگە ھەرگىز ئوخشىمايدۇ. نېمىشقا؟ ئوقۇرمەنلەر ئۆزلىرى ئويلاپ كۆرۈشسۇن.

بىر كېچە كۈتۈش زالىدا مېڭىپ يۈرۈش بىلەن ئۆتتى. بىر خادىم سەھەر پەيتىدە يېنىمغا كەلدى.

— ئەپەندى، يۈككىڭىز ئارتۇق ئىكەن.

— سىلەر بىلەتتە ئەسكەرتكەن ئېغىرلىق ئۆلچىمىدىن ئاشمايدۇ.

— بىز قايتا ئۆلچىدۇق، 10 نەچچە كىلوگىرام ئارتۇق ئىكەن، بۇ بىرمۇنچە پۇل بولىدۇ.

— سىلەر ئۇرۇمچىدە ئەسكەرتمىگەنىدىڭلار.

— سىز مۇسۇلمانمۇ؟ — دېدى ئۇ ئەتراپقا قارىۋېتىپ.

— شۇنداق، — دېدىم مەن.

— ئەمسە ئون دوللار بېرىڭ.

مەن تامامەن پاسسىپ ئەھۋالدا ئىدىم. ئاۋارىچىلىكتىن قۇتۇلۇش ئۈچۈن ئون دوللارنى بەردىم. ئۇ قايتا كەسكەن بىلەتنى قولۇمغا بېرىپ كېتىپ قالدى. بىلەتكە قارىسام باكۇ — لوندون لىنىيەسى، دەپ يېزىلغانىدى. يەنە بىرەر سائەت ساقلىغاندىمەن، ئايروپىلانغا چىقتۇق. باكۇ ئاسمىنى سەھەر قىزىللىقىدىن ئەگىلىك سۈرگەندە ھاۋاغا ئۆرلىدۇق.

خوش قال، ئەي فۈزۈلىنىڭ يۇرتى، پايدا ۋە قىزىل كۆزلۈك روھىڭنى كۆيدۈرۈۋەتمىسۇن!

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com



# لوندوندىكى تۇنجى كۈن

*بۇ پەلەك بىر خىل تەرزدە ئايلىنىشۇرمەيدۇ... پات ـ پات ئالەم ئەھۋالىنى ئۇقۇپ تۇرۇشىمىز ۋە مەردانە بولۇشىمىز كېرەك.*

ــ مىرزا مۇھەممەد ھەيدەر كۆرەگان: «تارىخى رەشىدىي»

*ئېيتقىنىم يوق، مەلۇمات بەردىم، خالاس.*

ــ ئابدۇللا قاھھار (ئۆزبېكىستان)

ئورمانلار ئۈستىدىن ئۆتتۇم. تاغلار ئۈستىدىن ئۆتتۇم، بەزى قاپتاللاردا گوت شەكىللىك بىنالارنى كۆرگىلى بولاتتى، قايسىدۇر بىر قانالدا ئۈزۈپ كېتىۋاتقان رەڭدار كېمىلەر گويا قېتىپ قالغاندەك كۆرۈنەتتى. ئوچۇق ھاۋادا ۋادىلار ئۆز ئىلكىدە بار ھەممە نەرسىنى بىمالال يايغان...

ئايروپىلان بېرىتانىيە ھاۋا تەۋەلىكىگە كىرگەندىلا تەدرىجىي پەسلەشكە باشلىدى، بۇلۇت ۋە تومانلار ئارىسىدىن كېتىۋاتىمىز، پەستىكى مەنزىرىلەرنى ئېنىق كۆرگىلى بولمايتتى. ئايروپىلان پەسلىگەنسىرى زېمىننىڭ يېشىل رۇخسارى پارچە بۇلۇتلار ئارىسىدىن ئايان بولاتتى. ئايروپىلاندا ئولتۇرۇپ، پوتكول ياۋروپا ياپېشىل ۋادىدىن ئىبارەت بولسا كېرەك، دەپ ئويلاپ قالدىم. لوندون ئاسمىنىدا ئۇچۇپ كېتىۋېتىپ، نىمىشقىدۇر «لوندون ئاسمىنىدىكى قوزغۇنلار» دېگەن كىنونىڭ ماۋزۇسىنى ئەسلەپ قالدىم. ئەينى دەۋردىكى قوزغۇنلار ئاللىبۇرۇن كۆمپەيكۇم بولغان،

بىراق لوندون ئاسمىنى يەنىلا تۇتۇق.

مەيلىلا، تەبىئەتنىڭ ئاسمىنى تۇتۇق بولسا ھېچقىسى يوق، چۈنكى بۇنداق ئەھۋالدا كىشىلەرنىڭ چىراغ يېقىشىغا ھېچكىم كاشىلا بولمايدۇ. ئەمما، سىياسەتنىڭ ئاسمىنى تۇتۇق بولسا، چىراغ يېقىش تۇگول، تۇزۇك يۆتەلگىلىمۇ بولمايدۇ.

مانا، لوندون ئاسمىنىدا پەسىلەۋاتىمىز، يولۇچىلار نەرسە ـ كېرەكلىرىنى يىغىشتۇرۇپ ئايروپىلاندىن چۈشۈشنىڭ تەييارلىقىنى قىلىشقا باشلىدى. مەندىن باشقا ئادەملەرنىڭ چىرايىدا خاتىرجەملىك، مەنزىلگە ئۇلىشىش رازىمەنلىكى ئەكس ئېتەتتى. مەن ئايروپورتتىن چىقىش ئالدىدىكى ھەر ئېھتىماللىقنى ئويلاپ ئولتۇردۇم. پەستىكى مەنزىرىلەر بارغانسېرى ئېنىق كۆرۈنۈشكە باشلىدى. ياپيېشىل دالالاردا توپ ـ توپ ئوتلاپ يۈرۈشكەن كالىلارنى كۆردۈم. كۆز ئالدىمدا تىپىك بىر سەھرانىڭ قىياپىتى ئايان ئىدى. قىياسىمدا لوندون ئاسمان ـ پەلەك ئېگىز بىنالار بىلەن تولغان ئاۋات بىر شەھەر ئىدى، بىراق قېنىكىن ئۇ بىنالار؟ يېشىل ۋادىلار تانابتەك تۈز تارتىلغان يوللار بىلەن چاسا ـ چاسا بۆلۈنگەن. يوللاردا ماشىنىلار ئالدىراش، ۋادىلاردا كالىلار ئوتلايدۇ ياۋاش. شەھەرنىڭ يالماۋۇز ئەرۋاھى بۇ يەرگە ۋەھشىيانە چاڭ سېلىشقا ئۈلگۈرمىگەنمۇ ـ نېمە؟ شەھەر ئەسلىدە تەبىئەتكە ئۇيغۇن مەدەنىيەت بۆشۈكى، ھەرگىز تەبىئەت ھۆسنىگە زەھەرخەندىلىك بىلەن چېچىۋېتىلگەن كىسلاتا ئەمەس. «شەھەر ئىنسانىيەتنىڭ ئىززىتىنى، ھۆرلۈكىنى، سۆلتىنى نامايان قىلىدىغان جاي!» (كەۋىن لىنچ)، لېكىن تەبىئەتتىن ئايرىلغان شەھەر ھەرگىز ئۇنداق ئەمەس.

ئايروپىلان پەسلەشكە باشلىدى، پەسلىگەنسېرى تىترەشكە باشلىدى، دائىرە ئېلىپ ئايلىنىشقا باشلىدى، يېشىل ۋادىلار ھېلى يانتۇ بولاتتى، ھېلى تۈز بولاتتى. ئايروپىلان يەرگە قونغاندا بىر سىلكىنىدۇق ـ دە، مەنزىل ۋەسلىدىن كۆڭلىمىز ئارامغا

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى



چۈشكەندەك بولدى.

چاقلىق سومكامنى سۆرەپ ئايروپىلاندىن چىقتىم ۋە كۆتۈرمە كارىدور ئارقىلىق باشقا بىر كارىدورغا چىقتىم. چېگرادىن كىرىش رەسمىيىتى ئۆتەيدىغان زال ئادەملەر بىلەن توشۇپ كەتكەنىدى. قولۇمدا ئەنگلىيە پاسپورتى بار كىشىلەر ياندىكى بىر قانال ئارقىلىق ئۇدۇللا ئۆتۈپ كېتەتتى. مەنمۇ چەت ئەللىكلەر تىزىلغان ئۆچرەتنىڭ بىرىدىن ئورۇن ئالدىم. خادىملار نېمىلەرنى سورىشاركىن، دەپ ئالدىمدىكىلەرنىڭ سۆز - ھەرىكىتىگە سەپسالاتتىم - يو، ۋاراڭ - چۇرۇڭ ئىچىدە ھېچنېمىنى ئاڭلىيالمايتتىم.

خادىم ئايال ئىدى. ئۇ پاسپورتۇمنى قولىغا ئېلىپ ئەستايىدىل بىر قاراپ چىقتى، ماڭا قارىسىمۇ چاندۇرماي قاراشقا تىرىشاتتى. ئۇنى سوغۇق نەزەردە تىكىلىپ قاراپ دۆلەت دىكتاتورىسىنىڭ كۈچىنى بىر كۆرسىتەمدىكىن، دەپ ئويلىغانىدىم. ئەمما، ئۇنداق قىلمىدى. بەلكىم بۇنداق يەردە سۈرلۈك تىكىلىپ قاراش ئادەمنىڭ شەخسىيىتىگە خىرىس قىلغاندەك بولۇپ قالامدۇ، بىلمىدىم. ئايال خادىم ئۇنداق قىلمىدى. بۇنداق ئىبغىزلاردىن ئۆتكەندە جىددىيلىشىپ، ھەرقانداق گەپ - سۆزنى بويىنىغا ئېلىشقا كۆنۈپ كەتكەن مەندەك ئادەم ئايال خادىمنى ئىنچىكە كۆزەتمەي قالامدۇ؟

— قەيەردىن كەلدىڭىز؟ — دەپ سورىدى ئايال خادىم.

— جۇڭگودىن.

— راست شۇنداقمۇ؟ — ئازراق كۈلۈمسىرىدى ئايال ماڭا قاراپ.

— راست.

— قەيەرگە بارىسىز؟

— كەمبىرىجگە.

— قانچىلىك تۇرىسىز؟

— بەلكىم، 10 ئاي تۇرسام كېرەك.

— رەھمەت...

ئايال پاسپورتۇمغا تامغا باستى.

— نۆۋەتتىكى كىشى...

سومكامنى سۆرەپ خېلى ماڭغاندىن كېيىن يۈك - تاق ئالىدىغان جايغا باردىم ۋە ئايلانما تاسمىنى چۆرىدەپ تۇرۇشقان كىشىلەرنىڭ ئارىسىدىن ئورۇن ئالدىم. بۇ بىر چوڭ زال بولۇپ، مۇشۇنداق ئايلانما تاسما خېلى كۆپ ئىدى. گەتۋىك (Gatwick) ئايروپورتى ئەنگلىيەدىكى ئىككىنچى چوڭ ئايروپورت ئىدى. ئەنگلىيەدىكى ئەڭ چوڭ ئايروپورت خىسروۋ (Heathrow) بولۇپ، دۇنيادىكى ئەڭ ئالدىراش ئايروپورت ھېسابلىنىدۇ. گەتۋىك ئايروپورتى لوندوننىڭ جەنۇبىغا جايلاشقان بولۇپ، شەھەر مەركىزى بىلەن بولغان ئارىلىقى 45 كىلومېتىر ئىكەن. بۇ ئايروپورتنىڭ ئورنى ئەسلىدە بىر چارۋىچىلىق مەيدانى سۈپىتىدە 1245 - يىلى ئىشقا كىرىشتۈرۈلگەن بولۇپ تاكى 19 - ئەسىرگىچە زور فېرما بولغانىكەن. 1958 - يىلى رەسمىي ئايروپورت قۇرۇلۇپ، ھازىرغىچە ئىزچىل تەرەققىي قىلىپ كېلىۋېتىپتۇ. كۆتۈش زالىدا ھەرقايسى دىنىدىكىلەر ئۈچۈن ئايرىم ئىبادەت ئۆيى ئاجرىتىلغانىكەن. مەلۇماتلارغا قارىغاندا، بۇ ئايروپورتنىڭ 2008 - يىللىق يولۇچى توشۇش مىقدارى 40 مىليون ئادەم قېتىم بولغان.

يۈك - تاقلىرىم پىرقىراپ يېتىپ كەلدى. ئۇلارنى توشۇش ھارۋىسىغا قامداپ، ئالدىمدىكى بىر ئېغىزغا قاراپ ماڭاي دەپ تۇرۇشۇمغا، ئىككى ئايال ساقچى يوغان بىر ئىتنى يېتىلىگەن ھالدا پەيدا بولۇشتى. مەن ھېچنېمىنى ئاڭقىرالماي ھاڭۋېقىپ تۇرۇپ قالدىم. ئۇنىڭغىچە ھېلىقى يوغان سېرىق ئىت يول بويى ھەمراھ قىلىپ كەلگەن چاقلىق سومكامغا ئالدى پۇتلىرىنى قويۇپ، ھىدلاپ باقتى - دە، غوجايىنلىرىغا قاراپ قۇيرۇقىنى شىپاڭشىتتى. ئايال ساقچىنىڭ بىرى ياش ھەم ئېگىز ئىدى، يەنە بىرى كاداڭراق ۋە سېمىز ئىدى.

www.uyghurkitap.com



— سومكىنىڭ ئىچىدە نېمىلەر بار ئىدى؟ — دەپ سورىدى ياش ئايال ساقچى سۇر كۆرسەتمەي.

— كىيىم بار.

— يەنىچۇ؟

— كىتاب.

ئىككى ئايال ساقچى بىر - بىرىگە قاراشتى.

— ئەپەندىم، سومكىڭىزدا يېمەكلىكلەر يوقتۇ؟

ئېسىمگە دوستلار تۇتقان يوللۇقلار كەلدى، يولغا چىقىش هارپىسىدا زۇلپىقار بارات ئۆزباش يەرلىك مەھسۇلات، دەپ ئوراپ قاچىلانغان كەپتەر گۆشى ۋە قوتاز گۆشلىرىنى ئەكەلگەنىكەن، مەن ئۇلارنى لوندوندىكى ۋەتەنداشلىرىمغا بېرەرمەن، دەپ ئېلىۋالغانىدىم. يەنە ئازراق توقاچ ۋە پېچىنىلەر بار ئىدى. قازاقلارنىڭ «ئۆلگەن سارتنىڭ قويىنىدا توقاچ بار» دېگەن گېپى بىكار ئېيتىلمىغان بولسا كېرەك. «كارۋان بويۇك» — «يىپەك يوللىرى»دا كارۋان تارتىپ ئۆتكەن ئاتا - بوۋىلىرىمىزنىڭ بەزىلىرى سەپەردە ئۆلۈپ قالسىمۇ خورجۇنىدىن نان - توقاچ چىققان بولسا كېرەك. مەنمۇ ئۇلارنىڭ پۇشتى بولغاچقا، ناننى هەمراھ قىلماي كۆڭلۈم ئۇنىمىغانىدى.

مەن دەررۇ ئىنكاس قايتۇردۇم:

— ئازراق يېمەكلىك بار ئىدى.

ئۇلارنىڭ نېمە ئۈچۈن ئاشۇنداق سورايدىغانلىقىنى چۈشەنمەيتتىم. ئەمما، ئۇلارنىڭ «سومكىنى ئاچ، كۆرىمىز» دېمەي مەندىن سوئال سورىشى ئىنسانىي هوقۇقۇمغا بىلدۈرۈلگەن بىر خىل هۆرمەتتەك تۇيۇلدى.

— ئەپەندىم، بۇ ياقىقا كېلىڭ، — دېدى سېمىز ئايال ساقچى.

ئۇلارنىڭ كەينىدىن باردىم، ئۇلار مېنى بىر بۆلۈككە ئاپىرىپ سومكامنى ئاچتۇردى، هېلىقى ياشقىنە بىرى ئىتتىكى يىتىلگىنىچە كەتتى.

سومكامدىن بەش خالتا پىششىقلاپ ئىشلەنگەن گۆش چىقتى. سېمىز ئايال ساقچى رېزىنكە پەلەي كىيگەن قوللىرى بىلەن خالتىلارنى خۇددى زەھەرلىك نەرسىلەرنى تۇتقاندەك ناھايىتى ئاۋايلاپ تۇتتى، پەم بىلەن ئۆرۈپ - چۆرۈپ قارىدى، ئاندىن بىر جەدۋەللىك قەغەزگە نېمىلەرنىدۇر يازدى. كۆزۈم «200g» دېگەن رەقەمگە تەتۇر چۈشۈپ، 500 دوللار دېگەندەك كۆرۈنۈپ كەتتى - دە، پېشانەمدىن تەر چىقىپ كەتتى. ئەنگلىيە تېررىتورىيەسىگە كىرە - كىرمەيلا بەش يۈز دوللار جەرىمانە تۆلىگىلى تۇرسام قانداق بولغىنى؟ تۇنجى كۈنۈمدىلا پالاكەت باستىغۇ، دېگەنلەرنى خىيال قىلىپ، كۆڭلۈم سۇۋۇپلا كەتتى. ساقچى سومكامدىن يەنە بىر خالتا نەرسىنى تاپتى:

- بۇ نېمە؟

- چاي دورىسى.

- قانداق چاي دورىسى بۇ؟

- ئۆزىمىزنىڭ يەرلىك چاي دورىسى.

ساقچى چاي دورىسىغا ۋە توقاچلىرىمغا ئارتۇقچە بىرنەرسە دېمەيلا جايىغا قويۇپ قويدى.

- بۇ نېمىلەرنىڭ گۆشى؟ - سورىدى ئايال ساقچى.

- قۇشلارنىڭ گۆشى، - دېدىم تومتاقلا. دىيالوگلار ئىنگلىزچە بولۇۋاتقاچقا، كەلسە - كەلمەس سۆزلەۋەردىم. بۇنداق ۋاقىتتا سۆزنىڭ ئەركەك - چىشىسىنى ئىلغىغۇدەك مەندە نېمە ھال بولسۇن، ئىشقىلىپ بىرنېمىلەرنى دەيتتىم. قولاشمىغان ئىنگلىزچەم مەندەكلەرنى تولا كۆرگەن ئايال ساقچىغا غەيرىي بىلىنمىگەن بولسا كېرەك، چىرايىدىن مېنى خۇدۇكلەندۇرىدىغان بىرەر ئالامەتنى سەزمىدىم. ئەگەر بۇ ئايال ساقچى مۇھتىپەرۋەر ئايال بولسا مەندىن قانداق رەنجىپ كېتەر، دېگەنلەرنى ئويلىدىم. شىر، يولۋاس، بۆرە، تۈلكە، ئېيىقلار يا ئىشەكلەر ياشايدىغان بىر ماكاندا قاتتىق قۇرغاقچىلىق بولۇپ كەتكەنىكەن. بۇ جانىۋارلار بىر يەرگە

ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى



يىغىلىپ بۇ قۇرغاقچىلىق بالاسىنىڭ سەۋەبىنى تەھلىل قىلىشىپتۇ. بىرەرسىمىز ئېغىرراق گۇناھ قىلغاچقا تەڭرى بىزنى جازالىغان گەپ، دېيىشىپتۇ ئۇلار. ئۇلار ئۆز قىلمىشلىرىنى نۆۋەت بىلەن دەپ باقماقچى بولۇشۇپتۇ.

— مەن بىرىنىڭ كالىسىنى يەپ قويغانىدىم، — دەپتۇ شىر.

— شۇمۇ گۇناھ بولامدۇ! — دېيىشىپتۇ ھەممە ئالمان - تالمان.

— مەن بىرىنىڭ ئېشىكىنى يەپ سالغانىدىم، — دەپتۇ يولۋاس.

— ئۇ گۇناھ بولامتى! —دېيىشىپتۇ ھەممە ئالمان - تالمان.

— مەن بىر تۇل خوتۇننىڭ ئۆچكىسىنى يەپ تاشلاپتىمەن، — دەپتۇ بۆرە.

— ئۇ گۇناھ ئەمەسقۇ، — دېيىشىپتۇ ھەممە بىردەك.

— مەن بىر كەنتنىڭ چېتىدىكى دېھقاننىڭ توخۇسىنى يەپ قويۇپتىكەنمەن، — دەپتۇ تۈلكە.

— ئۇ قانچىلىك ئىشتى، — دېيىشىپتۇ كۆپچىلىك.

نۆۋەت ئېشەككە كەلگەندە، ھەممىسى ئۇنى نېمە دەيدىكىن دەپ قاراپتۇ. ئېشەك:

— ئىگەم مېنى مىنىپ بىر يەرگە كېتىۋاتقاندا، بىر تونۇشى ئۇچراپ قالدى. ئۇ ئۇستۇمدىن چۈشمەيلا ئۇنىڭ بىلەن پاراڭلىشىپ قالدى. ئىچىم پۇشۇپ ئالدىمدىكى بىر تال خوخنى يېگەنىدىم، — دەپتۇ.

— يەر - جاھاننىڭ قۇرۇپ كېتىشى سېنىڭ كاساپىتىڭدىنكەن - دە، — دەپتۇ شىر ھۆركىرەپ.

— شۇ ئەمەسمۇ، — دېيىشىپتۇ باشقىلار. ئارقىدىنلا ئېشەك خامتالاش قىلىنىپتۇ.

نەرسە - كېرەكلىرىم تەكشۈرۈلۈۋاتقاندا، مەندە ئىختىيارسىز ھالدا «گۇناھ» ۋە «جازا» ھەققىدىكى ئاللىقانداق ئويلار پەيدا

بولۇپ قالدى. بۇ ئويلار تەبىئىي هالدا مۇشۇ هېكايىنى كاللامدا ئەكس ئەتتۇردى. ئۆزى بىلىپلا «گۇناهكار» بولۇۋېلىش ياكى گۇناهنى تەسەۋۋۇر قىلىۋېلىش، تەسەۋۋۇردىكى گۇناهنى راست دەپ قورقۇپ كېتىش كۆپىنچە هالدا ئاجىزلاردا بولىدىغان پسىخىكا. هېكايىدە بىر خىل «گۇناه» ئۇقۇمى بار ئىدى. بۇ ئۇقۇم هەممىگە بىردەك تەهدىت ئېلىپ كەلگەن قورغاقچىلىق بىلەن بىرىكىپ كەتكەنىدى. لېكىن، بۇ يەردىكى «گۇناه» ئۇقۇمىنىڭ مەزمۇنى هەركىمدە باشقا بولۇپ، بەش خىل ۋارىيانتقا ئىگە ئىدى. شۇنداقتىمۇ، بۇ يەردە مۇقەررەر هالدا شىرنىڭ كاللىسىدىكى «گۇناه» ئۇقۇمى كۈچكە ئىگە بولۇۋاتاتتى، يەنى شىرنىڭ مەنتىقىسىگە ئۇيغۇن «گۇناه» ئۆلچەمگە ئايلىنىۋاتاتتى. چۈنكى، ئەنە شۇ مەيداننىڭ ئۆزىدە شىر هەممىدىن كۈچلۈك بولۇپ، شىرنىڭ ئېيتقانلىرى قانۇن بولۇۋاتاتتى. بېمەك، گۇناه دېگەن نېمە؟ دېگەن مەسىلىگە شىرنىڭ بەرگەن ئېنىقلىمىسى قوبۇل قىلىنىپ، قالغان «گۇناه» ئۇقۇمى باستۇرۇلۇپ كېتىلگەنىدى. هېكايىنىڭ يەنە بىر كومېدىيەلىك تەرىپى بار، ئۇ بولسىمۇ، ياۋۇزلۇقنىڭ كەچۈرۈلۈش قانۇنى. تۆت گۆشخورنىڭ باشقىلارنىڭ مۈلكىگە زىيان سېلىشى يوللۇق بولۇپ چىقىپ، ئۇلارنىڭ ئارىسىدىكى بىر ئوتخورنىڭ يوللۇق قىلمىشى گۇناه بولۇپ چىقتى، يەنى بۇ گۇناه قۇرغاقچىلىق ئاپىتىنىڭ سەۋەبى بولۇپ چىقتى. مىچېل فوكاۋنىڭ دېيىشىچە، گەپ - سۆز هوقۇقى (ئېيتىم هوقۇقى 话语权力) كۈچلۈك قورال سۈپىتىدە باشقىلارنىڭ تەپەككۇرىنى تىزگىنلەيدۇ ياكى ئۆزگەرتىدۇ، هەتتا باشقىلارنى تەپەككۇر قىلالمايدىغان ئەهۋالغا چۈشۈرۈپ قويۇشىمۇ مۇمكىن. روشەنكى، ئېيتىم هوقۇقىنىڭ بىر تۈرلۈك ئىپادىسى. هېكايىدە شىرنىڭ ئېيتىم هوقۇقى قاتلامموقاتلام ئەمەلىيلىشىپ، ئېشەككە كەلگەندە تىغنىڭ ئۇچىغا ئايلاندى، ئېشەك تىغنىڭ نىشانىغا ئايلاندى. بۇ هال قورالسىزلانغانلارنىڭ

ئۇيغۇر كىتاب تورى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يىڭى ئادرىسى
www.uyghurkitap.com



ئادالەتتىن نىسبۇسى بولمايدىغان ئىجتىمائىي تەقدىردىن بەلگىدۇركى، ئىجتىمائىي دارۋىنىزم ئەكس ئېتىپ تۇرىدۇ. مونتىسكيو «قانۇن روھى» دېگەن ئەسىرىدە «ھۆكۈمرانىنىڭ ئۆزىلا قانۇنغا ئايلانغاندا، ئادەملەر ھايۋانغا ئايلىنىپ، ھايۋانلار ئادەملەر قاتارىغا ئۆتىدۇ» دېگەنىكەن.

دېمەك، ھاكىممۇتلەق ھۆكۈمرانىنىڭ ئۆزىلا جەمئىيەتتىكى بارلىق ئەخلاقسىزلىق ۋە ياۋۇزلۇقنىڭ مەنبەسى بولىدۇ. ئېدۋارد سەئىد (Edward. Said, 1935 ـ 2003) تېررورىزم ھەققىدە توختالغاندا، «نامراتلارنىڭ قورالى تېررورلۇقتۇر» دېگەنىدى. ئۇ 1980 ـ يىللاردا ئافغانىستانغا تاجاۋۇز قىلىپ كىرگەن سوۋېت قوشۇنىغا قارشى غازات قىلغانلار ئەركىنلىك جەڭچىسى دېيىلدى ـ يۇ، ئافغانىستانغا ھازىر تاجاۋۇز قىلغانلارغا قارشىلىق قىلغانلار تېررورچى بولامدىكەن، دەپ سوئال قويىدۇ. بىز نامراتلىقنى كەلتۈرۈپ چىقارغان يەنە بىر تېررورلۇقنىڭ مەۋجۇت ئىكەنلىكىنى نەزەرگە ئالغىنىمىزدا، «تېررورلۇق نامراتلىقنىڭ بىردىنبىر قورالى» دېگەن ھۆكۈمنىڭ مەنتىقىي ئاساسىنى چۈشىنىمىز.

ـ چېگرادىن گۆش تېپىدىكى يېمەكلىكلەرنى خالىغانچە ئەكىرىشكە بولمايدىغانلىقىنى بىلمەمتىڭىز؟ ـ سېمىز ئايال ساقچىنىڭ ئاۋازى خىيالىمنى بۇلۇپ تاشلىدى.

ـ ياق، ـ دېدىم مەن دەرھال، ـ بۇ مېنىڭ بىرىتانىيە چېگراسىدىن تۇنجى كىرىشىم، بۇنداق گەپنى تۇنجى ئاڭلاۋاتىمەن.

ئايال تۇرۇپ كەتتى.

ـ دۆلىتىڭلاردا بۇنداق ئىشلارغا دائىر تەشۋىقاتلار يوقمۇ؟

ـ ئاڭلىماپتىكەنمەن. مۇنۇلار دۆلىتىمىزنىڭ مەھسۇلاتلىرى.

ئايال بىر ۋاراق قەغەزنى ماڭا سۇندى ۋە بارمىقى بىلەن بىرنەچچە قۇر خەتنى كۆرسەتتى. قارىسام، مېنىڭ ئىشىم جىنايەت ھېسابلىنىدىكەن.

ـ كەچۈرۈڭ، ئەمدى چۈشەندىم. بۇنداق ئەھۋاللار قايتا يۈز بەرمەيدۇ.
ئايال ساقچى بەش خالتا پىششىقلاپ ئىشلەنگەن گۆشنى ئېھتىيات بىلەن تۇتۇپ بىر ساندۇققا جايلاشتۇردى ۋە نېمىلەرنىدۇر يازدى. مەن ئاللىقانداق بىر جازانى تەشۋىش بىلەن كۈتۈپ تۇراتتىم.
ئايال يېنىمغا كېلىپ كۈتۈش زالىدىن چىقسام بولىدىغانلىقىمنى بىلدۈردى. دېمەك، مەن كەچۈرۈمگە ئېرىشكەنىدىم. نەرسە ـ كېرەكلىرىمنى رەتلەپ سومكا ۋە چامادانلىرىمنىڭ ئاغزىنى ئەتكىچە خېلىلا يېنىكلەپ قالدىم. مەغپىرەت (ئەپۇچانلىق) كىشىدە قايىللىق ۋە ساداقەتمەنلىكنى پەيدا قىلىدۇ، دەپتىكەن بىر دانا. ئېيتقىنىمدەك، بېرىتانىيە ساقچىسىنىڭ كەچۈرۈمگە ئېرىشكەن مەندە غۇۋا ئىللىق ھېسسىيات ئويغانماقتا ئىدى. نېمىنىڭ خاتالىق ئىكەنلىكى تولۇق بىلىدۈرۈلمىگەن ئەھۋالدا جازالاش مەدەنىيەتنىڭ نامەردلىكىدىن دېرەك بېرىدۇ. مۇنداقچە ئېيتقاندا، ئۇ ئىنسانىيلىققا تۇتۇلغان قاراقچىلىق.
سومكا ۋە چامادانلىرىمنى ھارۋىغا باستىم ھەم سىرتقا قاراپ ماڭدىم. لوندوندا ئىلىم تەھسىل قىلىۋاتقان قېرىندىشىمىز خەۋەرجان بىلەن لوندون ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ ئوقۇتقۇچىسى ئېدمۇند ئالدىمغا چىقماقچى بولغانىدى. ئۇلارنى ئارتۇقچە ساقلىتىپ قويدۇم دەپ خىجىلمۇ بولۇۋاتىمەن. دەرۋەقە، ئۇلار مېنى ساقلاپ تۇرغانىكەن. خەۋەرجان بىلەن ئىككى يىل ئىلگىرى ئۈرۈمچىدە كۆرۈشۈپ داستىخان ئۈستىدە كەڭ ـ كۇشادە پاراڭلاشقانىدۇق. يىللاردىن بېرى ئۇ لوندوندا ئىلىم تەھسىل بىلەن بولغاچقا، جەمئىيەت، تارىخ ۋە ئەخلاق مەسىلىلىرىدە ئۆزىگە خاس كۆزقاراشنى شەكىللەندۈرۈپ بولغانىدى. ئۇ خەلقىمىز، جەمئىيىتىمىز ۋە ھازىرقى ئەھۋالىمىز ھەققىدە تاشقى دۇنيانىڭ

www.uyghurkitap.com



نۇقتىئىنەزەرلىرىگە ئىزچىل دىققەت قىلىپ كەلگەچكە، نۇرغۇن
ئىلمىي ئۇچۇردىن خەۋەردار ئىدى. مەن سۆھبەتلەردە مەنىۋى
غىدىقلاش بېرەلەيدىغان كىشىلەرگە ناھايىتى قىزىقىمەن.
خەۋەرجاننىڭ مۇستەقىل كۆزىتىش ئىقتىدارى، كۆزقاراشلىرىنى
مول ئۇچۇرلار ئارقىلىق بېيىتىدىغان پىكىر ئادىتى، تۈز ۋە
مۇرەسسەسىزلىكى مەندە چوڭقۇر تەسىرات قالدۇرغانىدى. تۇنجى
ئەسىرالاشقاندىن كېيىنلا بىزنىڭ دىل رىشتىمىز باغلاندى ۋە
ئىنتىبىر تورى ئارقىلىق پىكىرلىشىپ تۇردۇق. مېنىڭ
ئەنگلىيەدىكى ئۇنىۋېرسىتېتلارغا، جۈملىدىن ئۇ كەمبىرىج
ئۇنىۋېرسىتېتى بىلەن بولغان ئالاقەمنىڭ ئوڭۇشلۇق بولۇشىدا
خەۋەرجان بىۋاستە رول ئوينىغانىدى. خەۋەرجان ئېدمۇند بىلەن
ھەمسۆھبەت بولۇپ تۇرىدىكەن. ئېدمۇند ئەسلىدىنلا كەمبىرىج
ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ ئوقۇغۇچىسى بولۇپ، ھېلىھەم بۇ
ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ ئوتتۇرا ئاسىيا تەتقىقاتىغا ئالاقىدار
ئىشلىرىدىكى دائىمىي ئىشتىراكچى ئىدى. ئۇنىڭ كەمبىرىج
ئۇنىۋېرسىتېتىدىكى ئالىم - تەتقىقاتچىلار بىلەن مۇناسىۋىتى
قويۇق ئىدى. مۇنداقچە ئېيتقاندا، كەمبىرىج ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ
ئوتتۇرا ئاسىيا مۇنبىرى تەرىپىدىن چاقىرتىلىشىم خەۋەرجاننىڭ
ۋاستىسى ئارقىلىق ئېدمۇندنىڭ بىۋاستە قول تىقىشى بىلەن
ئەمەلگە ئاشقانىدى. ئۇنىڭدىن ئىككى يىل ئاۋۋال، ئېدمۇند ئۇيغۇر
دىيارىغا كەلگەندە يەنە شۇ خەۋەرجاننىڭ ۋاستىسى ئارقىلىق
مېنى ئىزدىگەنىدى. مەن ئۇنى ئۆرۈمچىدىكى بىر ئۇيغۇر
ئاشخانىسىغا باشلىغىنىمدا، ئىنىمىز زۇلپىقار بارات ئۆزباشىنىمۇ
ھەمراھ بولۇشقا چاقىرغانىدىم. بىز ئېدمۇند بىلەن لەڭمەن، بەل
كاۋاپ، كۆكتات سالات ۋە مېۋىلەرگە ئېغىز تەگكەچ بىر قىزىملىق
سۆھبەتتە بىللە بولغانىدۇق. ئەنگلىيەگە بېرىشتىن ئاۋۋال
ئېدمۇند بىلەن كۆپ قېتىملىق ئىنتىبىر تورى ئالاقىسى قىلىشىپ
ئۇنىڭ ئىنسانىي ياردىمى، ئېسىل سۈپەت ئىبارىلىرى ھەققىدە

سۆيۈنۈشلۈك تەسىراتلارغا ئىگە بولغانىدىم. ئەمما، مەيلى خەۋەرجان ياكى ئىبدمۇند بولسۇن، ھەر ئىككىسى بىلەن پەقەت بىرلا رەت دىدارى مۇلاقەت بولۇشقانىدۇق. ئۇلارنىڭ چىرايى خاتىرەمدە غۇۋالىشىپ قالغان بولسا ياكى ئۇلارنىڭ خاتىرىسىدە مەن غۇۋالىشىپ قالغان بولسام دەرھال تونۇشۇپ كېتەلمەي ئاۋارىچىلىك تۇغۇلارمۇ، دېگەندەك ئويلارمۇ خىيالىمدىن نېرى ئەمەس ئىدى.

زالدا قارشى ئېلىش ئۈچۈن كېلىپ ساقلاپ تۇرغان ئادەملەر ئاز ئەمەس ئىدى. زالغا چىقىشىم بىلەن كۆزلىرىم ئەتراپنى چارلىدى، دوغىلاق بوي خەۋەرجان، ئۇزۇنتۇرا ئىبدمۇندنى يىراقتىنلا كۆردۈم ۋە قولۇمنى ئېگىز كۆتۈرۈپ پۇلاڭلاتتىم. ئۇلارمۇ شۇ زامات مېنى تونۇدى. ئۇلار ئادەملەر توپىنى ئايلىنىپ مەن تەرەپكە ماڭدى. «ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم» دېدى خەۋەرجان، «ۋەئەلەيكۇم ئەسسالام» دېدىم مەن. قۇچاقلاشتۇق. قۇچاقلىشىش بار يەردە سۆز بىھاجەت. بىز سۆكۈتلۈك ھەرىكەتلىرىمىزدە ۋۇجۇدىمىزدىن تېپىلىدىغان قېرىنداشلىق، دوستلۇق، مېھرىبانلىقلا ئوخشاش ھەممە نەرسىمىزنى بىر - بىرىمىزگە بەردۇق. گەتۋىك ئايروپورتىدا تەگرىتاغ ۋە تارىم بىر ئارقا كۆرۈنۈش بولۇپ بىزنى ئوراپ تۇرغاندەك ئەلۋەك ۋە خاتىرجەم ھېسسىياتتا بولدۇم.

«ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم» دېدى ئىبدمۇند، «ۋەئەلەيكۇم ئەسسالام» دېدىم مەن تەئەججۇپ ۋە رازىمەنلىك بىلەن. بىز قۇچاقلاشتۇق. جاھاننىڭ ئىككى چېتىدىكى تۇمەن دەرياسى بىلەن تايمىس دەرياسى بىر لەھزە قوشۇلۇپ ئاققاندەك بولدى.

شۇ تاپتا، ئەھلى سۈننىينىڭ بالىسى بىلەن ئەھلى كىتابنىڭ بالىسى «ئادەم بالىلىرى بىر - بىرىنىڭ ئەزالىرىدۇر، ئۇلار يارىتىلىشتا كىچىككىنە جەۋھەردىن ۋۇجۇدقا كەلگەن» دېگەن ئىبارىنىڭ تىرىك تەسۋىرىگە ئايلانغانىدى.

خەۋەرجان ھارۋىنى قولۇمدىن ئالدى، تىنچلىق - ئامانلىق

www.uyghurkitap.com ئۇيغۇر كىتاب تورى

سوراشلار قىزغىنلىق ئىچىدە داۋام قىلدى.

— بەلكىم چارچاپ كەتكەنسىز؟ — دېدى ئېدمۇند ئىنگلىز تىلىدا.

— شۇنداق، چارچىدىم، — دېدىم مەن ئارانلا.

ئىنگلىزچە سۆزلەشتە خۇدۇكۇم بولغاچقا، قىسقىلا جاۋاب بېرىش بىلەن بولدى قىلدىم.

— ئەلۋەتتە چارچايسىز، ھەقىقەتەن ئۇزۇن سەپەر بۇ، — دېدى ئېدمۇند.

— باكۇدا 15 سائەت تۇردۇم، ئۇخلىمىدىم، — دېدىم مەن.

— ۋاي خۇدايىمەي، شۇنداقمۇ؟ — دېدى ئېدمۇند ھېسداشلىق تەلەپپۇزىدا.

مەن ئېدمۇند بىلەن خەۋەرجاننىڭ ئەنگلىيەگە كېلەلىشىم ئۈچۈن كۆرسەتكەن تىرىشچانلىقىغا ئايرىم - ئايرىم رەھمەت ئېيتتىم.

ئېدمۇند پىكاپىنى توختىتىپ قويغان يېرىدىن ئەكەلگىچە خەۋەرجان بىلەن پاراڭلاشقاچ تۇردۇق. خەۋەرجان ئېدمۇند بىلەن مەسلىھەتلىشىش ئارقىلىق، لوندوندا ھەپتە تۇرغاندىن كېيىن كەمبىرىجكە يۆتكىلىشىمنى، بىر ھەپتە ئىچىدە لوندوننى زىيارەت قىلغاچ تۇرۇشۇمنى قارار قىلىشقانلىقىنى دەپ بەردى. خەۋەرجان ھەپتىلىك تۇرالغۇنى ئالدىنبۇرۇن ھەل قىلىپ قويغانلىقىنى ئېيتىپ، مېنى خاتىرجەم قىلدى. شۇ تاپتا تەقدىر ماڭا قېرىنداشلىقنىڭ لەززەتلىك تەمىنى تېتىتماقتا ئىدى. بىر ۋەتەندە بىر - بىرىنى تونۇماي چوڭ بولغان ئىككى ۋەتەنداش ئۆز ۋەتىنىدىن ناھايىتى يىراقتا تۇرۇپ، ۋەتىنىنىڭ تەقدىرىگە قول تىققان بىر دۆلەتنىڭ ئايرودرومىنىڭ كىرىش - چىقىش زالىدا بىر - بىرىنىڭ يۈرىكىنى تىڭشاپ ساپ قەشقەر شىۋىسىدە پاراڭلاشماقتا ئىدى.

ھاۋانىڭ ئەلپازى كۆڭۈلنىڭ غەشلىكىنى قوزغايتتى. يامغۇر

بىر خىل رىتىمدا سىمىلداپ يېغىۋاتاتتى. يىغىلىپ قالغان يامغۇر سۇلىرىنىڭ ماشىنىلارنىڭ چاقىدا ۋىشىلداپ چاچراشلىرىنى ھېس قىلىپ تۇراتتىم. قەشقەر شىۋىسىدىكى پاراڭلار يات ئەلنىڭ مۇھىتى ئېلىپ كەلگەن ئەندىشىلەرنى ھازىرچە بېسىپ تۇرۇۋاتقاندەك ئىدى.

ئىچىمدە ئىدمۇندنىڭ مەن بىلەن كۆرۈشۈشلىرىنى تەھلىل قىلاتتىم. ئىنسان ئۆزىگە تەسىر قىلغان ئىشلارنى خاتىرىسىدىن زورمۇزور يىراق قىلالمىسا كېرەك. خەۋەرجان بىلەن بولغان پارىڭىمىز ئۇزۇلگەن قىسقا دەقىقىلەردە ئىدمۇندنىڭ ماڭا «ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم» دەپ سالام بېرىشى بارغانسېرى جانلىنىپ كۆز ئالدىمغا كېلىۋالدى. سالام - سەھەت بىر مىللەت ئۆزىنىڭ ئۇزۇن دەۋرلىك ئېتىقادى ئاساسىدا شەكىللەندۇرۇپ قېلىپلاشتۇرغان قائىدە - يوسۇنلىرى سۈپىتىدە شۇ مىللەتنىڭ مەدەنىيىتى ۋە ئوبرازىنى تەشكىل قىلىدۇ. بىر مىللەت سالام - سەھەت ئارقىلىق ئۆزىنىڭ مەنىۋى ئالاقە رىشتىلىرىنى چىڭىتىدۇ ۋە باشقىلارغا ئۆزىنى تونۇتىدۇ. ئۆزئارا سالام - سەھەت بىر - بىرىنىڭ مىللىي، دىنىي سالاھىيىتىنى مۇئەييەنلەشتۇرۇش بولۇپلا قالماي، بىر - بىرىنىڭ ئىنسانىي قىممىتىنى ئەتىۋارلاش بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. يېگانە بىر ئىنسان دەل ئاشۇ سالام - ساھەت ئارقىلىق باشقا بىرى بىلەن ئىجتىمائىي ئالاقە ھالىتىگە كىرىپ، بۇ ئالاقىلەردە ئۆزىگە خاس ئورۇن تىكلەيدۇ. مىللەت ۋە ئۇممەتتىن ئىبارەت زور ئورتاق گەۋدە سالامدىن باشلانغان ئۇيۇشۇش ۋە ھەمكارلىق ئارقىلىق ئۆز مەۋجۇتلۇقىنى نامايان قىلىدۇ ھەم ئۇنى باشقا بىر ئورتاق گەۋدىگە ئېتىراپ قىلدۇرىدۇ. ئىدمۇندنىڭ بىر ساھىبخانا سۈپىتىدە ئۇيغۇرنىڭ قائىدىسىگە ئۇيغۇن سالامنى بەجا كەلتۈرۈشى كۆپ مەنبەلىك مەدەنىيەتتىن تۈزۈلگەن دۇنيانى كۆرگەن ۋە چۈشەنگەن بىر ئىنساننىڭ بىر تۈرلۈك ئىنسانىي پەزىلىتى ئىدى. بۈگۈنكى دۇنيا ئۆزىگە يات

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تورى



مەدەنىيەتنى يەكلەشنى ئەمەس، سىغدۇرۇشنى، چەكلەشنى ئەمەس، يول بېرىشنى تەشەببۇس قىلىدۇ. «مەدەنىيەتلەر توقۇنۇشى» ھەققىدىكى ئاۋازلارغا قارشى «مەدەنىيەتنىڭ بىللە تۇرۇشى» ھەققىدىكى ئىنكاسلارمۇ ياڭراۋاتىدۇ. جاھانغا ئۆزىنى تېڭىدىغان بىر ئىمپېرىيەنىڭ بالىسى تەكلىماكان بويىدىن كەلگەن، تېخى تۇزۇك جاھان كۆرمىگەن بىر دېھقان بالىسىغا تەمەننا ۋە تەكەببۇرلۇقتىن خالىي ساپ ئىنسانىيلىق بىلەن مۇئامىلە قىلىپ، ئۆز سىستېمىسى ئىچىدە يېتىلگەن ۋە پىشقان مەدەنىيەتنىڭ چوڭ سىڭىدۈرگۈچىلىكىنى نامايان قىلماقتا.

مەن بىر ئىنسان، تاماق يېيىش بىلەن ئۇخلاش فىزىيولوگىيەلىك تەرىپىم. لېكىن، مەن ئۆز تىلىمدا سۆزلەيمەن، مېنىڭ باشقىلارغا ئوخشىمايدىغان نۇرغۇن تەرىپىم بار. مانا بۇلار مەدەنىيىتىمنىڭ مەزمۇنىنى ھاسىل قىلىدۇ. شۇڭا، ماڭا بىلدۈرۈلگەن ھۆرمەت مېنىڭ ئېتىقادىم، تىلىم، ئۆرپ - ئادىتىمگە بىلدۈرۈلگەن ھۆرمەتتىن باشلىنىشى كېرەك. شۇ چاغدىلا مەن بىر مەدەنىي ئىنساننىڭ مۇئامىلىسىگە ئۇچرىغان بولىمەن. ئېتىراپ قىلىش ۋە ئىشىنىش بولمىغان يەردە، يەككىلەمچى سالاھىيەت (单一身份) باش كۆتۈرۈپ، كىملىك زوراۋانلىقىنى پەيدا قىلىدۇ. «پەقەت مەن سىنى ھۆرمەتلىگەندىلا، سىنى ئۆزۈمگە ئوخشاش مۇھىم ۋە ئەزىز دەپ تونۇغاندىلا، ئىدىيە بىلەن ھەرىكەتنىڭ مەئىشىتىدىن سەن بىلەن باراۋەر بەھرىمەن بولۇشنى خالىغاندىلا، ئاندىن ساڭا ھەقىقىي خالاپ ياخشىلىق قىلالايمەن، ساڭا ئۆزۈمگە ئىشەنگەندەك ئىشىنەلەيمەن» (E. Young Bruehl). مانا بۇ ئىناقلىقتىن ئىبارەت ئاممىۋى ئەخلاقنىڭ يىلتىزى. ئىنسانىيەتچىل مەنىگە ئىچىدىن تويۇنمىغان مەدەنىيەت ھە دېسىلا ئۆزىنى باشقىلارغا تېڭىپ تەكەببۇر قىياپەتتە تۈر ئىگىلەشكە تىرىشىدۇ ۋە بارغانسېرى باشقىلارنىڭ ئىشەنچىسىدىن ئايرىلىپ قالىدۇ. ئاڭلىق -

ساكسون مەدەنىيىتىنىڭ كېڭىيىشىدىكى نۇرغۇن قوپال ھېكايىنى تارىخ ئۇنتۇپ كەتمىدى، يەنە شۇ ھېكايىلەرنى چۇۋۇپ قايتا قۇراشتۇرۇشنى خالايدىغان رېژىسسورلار تارىخ سەھنىسىدە بار.

ئېدمۇند پىكاپىنى ئېلىپ كەلدى، يۈك - تاقلارنى پىكاپقا جايلاشتۇرۇپ، مەن ئۈچۈن تەييارلاپ قويۇلغان ياتاققا قاراپ يۈرۈپ كەتتۇق. تېز سۈرئەتلىك تاشيولدا ماشىنىلار غۇيۇلدايتتى. پەرىزىمچە، بىز لوندوننىڭ جەنۇبىي رايونىدىن شەرقىي رايونغا قاراپ ماڭغان بولساق كېرەك. بۇلۇتلۇق ھاۋا ئەتراپتىكى ھەممە نەرسىنى كۆل رەڭ تۈستە كۆرسىتەتتى. يامغۇر پىكاپنىڭ ئالدى ئەينىكىنى خىرەلەشتۈرۈۋەتتى، ئەينەك سۈرتكۈچ توختىماي ھەرىكەتلىنەتتى. يولنىڭ ئىككى چېتىدىكى تەبىئىي ئورمانلار يامغۇرلۇق ھاۋادىن شەكىللەنگەن سۇس مانانىدا قارىيىپ كۆرۈنەتتى. لوندوننىڭ زامانىۋى ئېگىز بىنالىرىنى كۆرەرمەن، دەپ يىراق بوشلۇقلارغا قاراپ باقتىم، ئەپتىدىن كونىلىق چىقىپ تۇرغان پاكار بىنالار پەيدا بولۇپ، قويۇق توقايلىقلار كۆرۈنەتتى. مەن لوندون شەھىرىنىڭ ئۆزىگە ئەمەس، يىراق بىر سەھراسىغا كېتىۋاتقان ئوخشايمەن، دېدىم ئىچىمدە ۋە ئويۇمنى زىنھار چاندۇرمىدىم.

ئېدمۇند پىكاپنى پەم بىلەن ھەيدەۋاتاتتى. بايا مەن كۆرگەن بۇ دارازا ئىنگلىزنىڭ ئەپچىل پىكاپقا قانداق پاتقانلىقىغا ھەيرانمەن. مەن ئۇنىڭ يېنىدا ئولتۇراتتىم. خەۋەرجان كەينىمىزدە ئولتۇرۇپ، مېنىڭ سەيمېل خانتىڭتوننىڭ «مەدەنىيەتلەر توقۇنۇشى ۋە دۇنياۋى تەرتىپنىڭ قايتا ئورنىتىلىشى» دېگەن كىتابىنىڭ ئۇيغۇرچە نەشرىگە ئاتاپ يازغان ئۇزۇن تونۇشتۇرۇش سۆزۈم ھەققىدە گەپ قىلىپ بېرىۋاتاتتى.

— ئۇ كىتاب ئۇيغۇر ئوقۇرمەنلىرىدە قانداق ئىنكاس قوزغىدى؟ — دەپ سورىدى ئېدمۇند.

— ئىنكاس ناھايىتى قىزغىن، — دېدىم مەن، — كىتابنىڭ

ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يىگانە ئادرېسى



بازىرىمۇ ئىتتىك بولدى، ئىنتېر تورلىرىدا كىتاب توغرىسىدا بەس ـ مۇنازىرە بولدى.

ــ كىتابىنىڭ مۇقاۋىسى قىزىقارلىق بوپتۇ، يەر شارى تارام ـ تارام قانغا مىلەنگەن، نېمىشقا شۇنداق لايىھەلەنگەندۇ؟

ــ كىشىلەر مەدەنىيەت توقۇنۇشى يەر شارىغا قان چاچتى، دېگەن بولسا كېرەك. ئومۇمەن، خەلقىمىز ھازىرقى يەر شارىدىن ئەندىشە قىلىدۇ.

ــ نېمە ئۈچۈن بۇ كىتابنى نەشر قىلماقچى بولۇپ قالدىڭلار؟

ــ كىتابنىڭ تەرجىمىسىدە مەن يوق، مەن ئومۇمەن دۇنيادىكى باشقا خەلقلەر غۇلغۇلا قىلغان داغلىق ئەسەرلەرنى ئۇيغۇر خەلقىگە تونۇشتۇرۇش تەرەپدارى. دۇنيا بىلگەننى بىزمۇ ماس قەدەمدە بىلىپ ماڭساق ئاندىن دۇنيادا ئورنىمىز بولىدۇ، دەپ قارايمەن.

ــ توغرا، لېكىن باشقا ئەسەرلەرمۇ ئاز ئەمەس.

ــ راست، تاللاپ ئىش قىلىش تەس، مىللىي شارائىتىمىزدا مۇمكىن بولغان ئىشلارلا بىزنىڭ تاللىشىمىز بولىدۇ.

ــ چۈشەندىم، ــ ئابدۇمۇنىدنىڭ تەلەپپۇزى سىپايە ۋە سىلىق ئىدى. ئۇ، گەپلىرىمنى ئاڭلىغاچ كۈلۈمسىرەپ قويىاتتى. مېنىڭ تەسىراتىمدا ياۋروپالىقلار مۇشۇنداق كۈلۈشكە ئۇستا كېلىدۇ. ئۇلارنىڭ چېھرىدە نورمىدىن ئاشۇرۇۋەتمىگەن بىر تۇزۇت كۈلكىسى «يالت» قىلىپ كۆرۈنۈپ، دەرھال ئۆچۈپ كېتىدۇ ـ دە، يۈز مۇسكۇلى دەرھال ئەسلىگە كېلىدۇ. مەن بولسام كەيپىياتىمدىكى كۈلكە ئالامەتلىرىنى ئۇنداق تېز ئۆچۈرەلمىگەچكە ئالدىرىماي ئەسلىگە كېلەتتىم. ئەسلىدە قانداق بولسام شۇنداقمەن.

ــ ئۆزۈممۇ بۇ ئەسەرگە خېلى يىللاردىن بېرى قىزىقىپ كېلىۋاتقان. بۇ كىتابنى ئايرىم بىر شەخسنىڭ پىكرىدىن ھالقىغان سىياسىي پىروگراممىدەك ھېس قىلىپ قالىمەن. ئامېرىكىنىڭ پارس قولتۇقى ۋە بالقان رايونلىرىدىكى ھازىرقى سىياسىتى مۇشۇ كىتابنىڭ روھى بىلەن ئاساسەن بىردەك، ــ

دېدىم مەن خەۋەرجانغا.

خەۋەرجان بۇ گېپىمنىڭ ئاساسىي مەزمۇنىنى ئېدمۇندقا تەرجىمە قىلىپ بەردى.

— راستمۇ؟ سىز مۇشۇنداق ئويلايدىكەنسىز — دە.

— شۇنداق.

ھاۋا بۇلۇتلۇق، يامغۇر داۋاملىق يېغىۋاتاتتى. چاقلارنىڭ ئاستىدىن شىرقىراپ ئاۋاز كېلەتتى. پىكاپنىڭ سۇرئىتىدىن قارىغاندا، مەنزىلگە خېلى بارەك تۇراتتى. ھېلىمۇ ئاز ماڭمىغانىدۇق.

خەۋەرجاننىڭ تونۇشتۇرۇشىچە، ئېدمۇند ئوتتۇرا ئاسىيا تەتقىقاتىنىڭ ئۇيغۇرلارغا مۇناسىۋەتلىك تەرەپلىرىنى تەتقىق قىلىدىكەن، ئۇيغۇرلاردىكى ۋاھابىزم ھەققىدە بىر پارچە ماقالە يازغانىكەن.

— «ۋاھابىزم؟» ...قورقۇنچلۇق ئىسىم، — دەۋەتتىم مەن.

— دېمەكچى بولغىنىڭىز؟...

— «ۋاھابىزم» دېگەن ئاتالغۇ ۋەتىنىمىزدە ناھايىتى قورقۇنچلۇق، ئۇ گەپنى ھۆكۈمەتمۇ ياخشى كۆرمەيدۇ. ئۇ گەپنىڭ سايىسى ناھايىتى ئاپەتلىك.

— كىشىلەر بۇ گەپنى قانداق چۈشىنىدۇ؟

— ئادەتتىكى ئامما ئۇ گەپنى چۈشەنمەيدۇ، ئەمما، ئىنتايىن قورقىدۇ. بەلكىم، بۇ گەپنى بىرقانچە سىياسەتچى بىلەن ئۇلارنىڭ ئەتراپىدىكى مەسلىھەتچى مۇتەخەسسىسلەر بىلسە كېرەك.

— سىلەر تەرەپتە ئادەملەر سەئىد قۇتۇپقا قانداق قارايدۇ؟

— ئادەملىرىمىز سەئىد قۇتۇپقا باھا بەرگۈدەك چۈشەنچىگە ئىگە ئەمەس. كىشىلەرنىڭ بۇ ھەقتىكى چۈشەنچىلىرى ئاممىۋى ئاساسقا ئىگە ئەمەس.

— ئۇيغۇر مۇسۇلمانلىرى رايىش ۋە تىنچ كېلىدۇ، ئېلىشقا تېگىشلىك ھېساب — كىتابنىمۇ ئاللانىڭ ئۆزىنىڭ ئىشى دەپ

ئۇيغۇر كىتاب تورى بىكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يىگانە تارقاتقۇچىسى



قارايدۇ، ــ دېدى خەۋەرجان.

خەۋەرجاننىڭ گېپىنىڭمۇ خېلى ئاساسى بار ئىدى. سەئىدىيە خانىدانلىقىدىن كېيىن خەلق هاياتىي دۇنياغا تۇتۇلغان پوزىتسىيەدە تامامەن تەركىدۇنيالىشىپ، ئۆزى ياشاۋاتقان دۇنيادىن غەپلەتتە قالغانىدى. ئىجتىمائىي ۋە سىياسىي داۋالغۇشلار ئۈزۈكسىز ئېلىپ كەلگەن ئاپەتلەر كىشىلەرنى بۇ دۇنيانىڭ هالاۋىتىدىن ئۈمىد ئۈزۈپ، ئاخىرەت سائادىتىگە تەلمۈرىدىغان قىلىپ قويغانىدى. «سىگاھ» مۇقامىنىڭ «جۇلا»سىدىكى مۇنۇ بېيىت ئېسىمدىن كەچتى:

ئىزدىمەس كۆڭلۈم مېنىڭ يار، ئىزدىگەننىڭ يارى بول،
كىم سېنى يارىم دېسە، بارىپ شۇنىڭ گۈلزارى بول.

بۇ قوشاق «ئاكاڭ كىمنى ئالسا يەڭگەڭ شۇ» دېگەن ماقالنىڭ يەنە بىر ۋارىيانتىدەك تۇيۇلۇپ كەتتى. بۇلاردىن تەقدىرچىلىك ئىدىيەسى پۇراپ تۇراتتى. «يامان ئىشلارنى ئەمەلىي هەرىكىتىڭلار بىلەن، ئۇنىڭغىمۇ كۈچۈڭلار يەتمىسە تىلىڭلار بىلەن، ئۇنىڭغىمۇ كۈچۈڭلار يەتمىسە دىلىڭلار بىلەن رەت قىلىڭلار» دېگەن خىتابلار گويا كىشىلەرنىڭ قۇلىقىدىن كۆپ ئۈزاپ كەتكەندەك ئىدى.

ئېدمۇند گېپىمگە تەئەججۇبلەنگەندەك قاراپ قويدى. مەن قاندىقتۇر بىرنەرسىنى چۈشەنگەندەك بولۇپ، گېپىمنى تولۇقلاپ قويدۇم:

ــ ئۇيغۇر جەمئىيىتى ئۆزى توغرىسىدىكى ئېنىق چۈشەنچىنى تېخىچە هاسىل قىلىپ بولالمىدى، ئۆزى ۋە ئۆزگە هەققىدە روشەن قاراشلارغا ئىگە ئەمەس. خەلقنى يېتەكلىگۈدەك زىيالىيلار قوشۇنىمۇ ئاجىز.

ــ بىلىشىمچە، سىلەردە زىيالىيلار ئاز ئەمەس، ــ دېدى ئېدمۇند جاۋابەن.

— راست دەيسىز، — دېدىم مەن، — زىيالىيلار يوق ئەمەس، لېكىن كۆپمۇ ئەمەس. مۇشۇ زىيالىيلارمۇ ھەمكارلىشىپ ئىش قىلىشنى ئۆگىنىپ بولالمىدى. بىرى يەنە بىرىنىڭ يېتەكلىشىنى قوبۇل قىلالمايدۇ.

— ۋاھ، ئىشلار تولىمۇ كاج ئىكەن، — دېدى ئېدمۇند.

مەنزىلىمىز خېلى يىراق بولسا كېرەك، تېخى يېتىپ بارىدىغاندەك ئەمەس. لوندون زادى قانچىلىك چوڭ، بۇ ماڭا قاراڭغۇ. تالانتلىق ھاراقكەش يازغۇچى پ. خامىلتون 20 - ئەسىرنىڭ 30 - يىللىرىدىكى لوندوننى تەسۋىرلىگەن بىر ئەسىرىگە «پەلەك ئاستىدىكى يىگىرمە مىڭ كوچا» دەپ ئىسىم قويۇپتىكەن. بۇ ئىسىم لوندوننىڭ چوڭلۇقىنى ھەقىقەتەن گەۋدىلەندۈرۈپ بېرەلەيتتى. بۇرۇلىدىغان دوقمۇشلارغا كەلگەندە، ئېدمۇند پىكاپىنى توختىتىپ خەرىتىگە قارايتتى، ئىمىر - چىمىر خەرىتىنى قانداقمۇ كۆرۈپ چۈشىنىۋاتقاندۇ، دېگۈم كەلدى.

يامغۇر پەسەيگەندەك قىلاتتى، ئەمما ھاۋا يەنىلا بۇلۇتلۇق ئىدى.

خەرىتىگە قاراپ، باشقىلاردىن يول سوراپ، ئالدى - كەينىمىزگە مېڭىپ، ئاخىر ئىستخام (East Ham)نىڭ ھېنرى كوچىسىنى تاپتۇق. (East Ham) لوندون شەھىرىگە قاراشلىق بىر ئاپتونومىيەلىك شەھەر ئىكەن. جەنۇبىي ئاسىيا، ئافرىقا، كارىب تاقىم ئاراللىرى ۋە شەرقىي ياۋروپادىن كەلگەن ئادەملەر ئارىلىشىپ ئولتۇراقلاشقان بۇ رايون لوندوندىكى تىپىك كۆچمەنلەر يۇرتى ھېسابلىناتتى. بۇلارنىڭ ئەڭ بالدۇر كەلگەنلىرى ئەمگەك كۈچى سۈپىتىدە پىلانلىق يۆتكەپ كېلىنگەنلەر، كېيىن تۇرمۇشتا چىقىش يولى ئىزدەپ كەلگەنلەر، ئۇرۇشتا سەرسان بولغانلار، پاناھلىق ئىزدىگۈچىلەر بولۇپ، بۇ رايوننىڭ تەركىبىنى كۆپ خىللاشتۇرغانىدى. كوچىلاردا چېركاۋ، مەسچىت، بۇتخانىلار

ئۇيغۇر كىتاب تورى بىلىكى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يىگانە ئادرېسى



ئۆچرايتتى. بۇنىڭدىن ئۇنىڭ كۆپ ھەزارەتلىك (كۇلتۇرلۇك) رايون ئىكەنلىكى چىقىپ تۇراتتى. ئەسلىدىكى چەت بىر رايون 1859 ـ يىلى ئېچىلغان تۆمۈريول ترانسپورتى بىلەن تەدرىجىي كىچىك بىر شەھەرگە تەرەققىي قىلغان. بۇ يەر مەملىكەت بويىچە تۆۋەن كىرىملىك ئائىلىلەر ئەڭ كۆپ رايون ھېسابلىنىدىكەن.

خەۋەرجان بىر ئىشىكنىڭ قوڭغۇرىقىنى باستى، ھايال ئۆتمەي دوغىلاق كەلگەن، ئۆڭكى ئاق بىر ئادەم ئىشىكنى ئاچتى ۋە بىزنى ئۆيگە باشلىدى. خەۋەرجان ئىككىمىز كىلەڭسىز چامادانلارنى كۆتۈرۈپ پەشتاقتىن چىقتۇق. ئۆي ئىگىسى ئىككىنچى قەۋەتتىكى بىر ئىشىكنى ئاچتى، بىز چامادان ۋە سومكىلارنى كارىۋاتقا قويۇپ، قولىمىزنى بىكارلىدۇق. ئۆي ئىگىسى بىزنى باشلاپ ئاشخانا، ئوچاق ۋە سۇخانىلارنى كۆرسەتتى ۋە مۇناسىۋەتلىك بىلىملەرنى چۈشەندۈردى. دىمىقىدا گەپ قىلىدىغان بۇ ئادەمنىڭ گېپىنى تۈزۈك ئاڭقىرالمىدىم. ئۇ نېمىگىدۇر غودۇڭشىغاندەك بىلىندى. لېكىن، خەۋەرجان ئۇنىڭ گېپىنى ياخشى چۈشىنىدىكەن. ئېدمۇند سۇخانىنى كۆرسىتىپ تۇرۇپ ئۆي ئىگىسىدىن ھاجەت قىلىۋالسام بولامدۇ، دەپ سورىدى. ئۆي ئىگىسى قوشۇلغاندىن كېيىن ئۇ كىرىپ كەتتى. بىز تاماق يېيىش ئۈچۈن سىرتقا چىقىپ، ئىشىك ئالدىدا ئېدمۇندنى ساقلىدۇق. خەۋەرجاننىڭ تونۇشتۇرۇشىچە، ئۆي ئىگىسىنىڭ ئىسمى تام ئىكەن. ئۇ ئىرېلاندىيەلىك بولۇپ، ئىرېلاندىيەلىك ئاچقان بىر قۇرۇلۇش شىركىتىنىڭ ئامانلىق ساقلاش خادىمى ئىكەن. كېچىسى ئىشلەپ كۈندۈزى ئارام ئالىدىكەن، بويتاق ئىكەن. بۇ بويتاقنىڭ ئۆي تۇتۇشى كىشىنى ھەيران قالدۇرىدۇ: ئاشخانا ۋە سۇخانىلار شۇنداق پاكىز، سەرەمجانلار جاي ـ جايىدا. ئۆي ئىچىدە غەيرىي پۇراق يوق.

ئېدمۇند چىقتى. ئۇ خەۋەرجاننىڭ ئىرېلاندچە (Irish) تەلەپپۇزىدىكى ئىنگلىزچىنى ئوبدان چۈشىنىدىغانلىقىدىن ھەيران

قالغانلىقىنى بىلدۈردى. ئۇ:

— تامنىڭ گېپىنى مەنمۇ تۈزۈك ئاڭقىرالمىدىم، — دېدى.

خەۋەرجان ئۆگىنىشتىن سىرتقى ۋاقىتلاردا تام بىلەن بىللە ئىشلەيدىكەن، شۇڭا ئۇنىڭ تەلەپپۇزىغا كۆنۈك ئىكەن.

بىز بىر پاكىستانلىقنىڭ ئاشخانىسىغا كىرىپ گۈرۈچ يېدۇق. چۈچۈمەل خورۇجىلاردىن تەييارلانغان قورۇما گۈرۈچنىڭ تەمى ئۆزگىچە ئىدى. تاماق خېلى ئىسسىق باستى. ئېدمۇند مېنى بىرنەچچە كۈندىن كېيىن ئىزدەيدىغان بولدى. مەن ئۇنىڭغا ئاتاپ ئېلىپ كەلگەن «ئۇيغۇر ئېتنوگرافىيەسى» (ئابدۇرېھىم ھەبىبۇللا ئەسىرى)، «خوجىلار جەمەتى ھەققىدە» (ۋېي لياڭتاۋ ئەسىرىنىڭ ئۇيغۇرچە تەرجىمىسى) قاتارلىق كىتابلارنى بەردىم. ئۇيغۇرلاردىكى دىن ۋە سوپىزم مەسىلىلىرىنى تەتقىق قىلىدىغان ئېدمۇند كىتابلارنى كۆرۈپ خۇش بولۇپ كەتتى.

ئېدمۇند كەتتى، خەۋەرجانمۇ كەتتى، يېڭى ياتاقتا ئۆزۈم يالغۇز قالدىم. بىر كىشىلىك كارىۋات ۋە ئۆرە تۇرۇپ ئىشتان كىيگۈدەك بوشلۇق ماڭا تەۋە ئىدى. ئىشىكنىڭ يېنىدىكى تامدا بىر ئىشكاپ بولۇپ، ئىچىگە بىرنەچچە چاپاننى ئېسىپ قويغىلى بولىدىكەن. بەلكىم، ماڭا تەۋە بۇ ياتاق بەش كۋادرات مېتىر كەلسە كېرەك. مەن كارىۋاتتا ئولتۇرۇپ بىر پەس سۈكۈت قىلىۋالدىم. مانا بۇ ئەمدى «ئۆھ» دەپ ئۆزۈمنى تاشلايدىغان ۋاقىت ئىدى. جىددىي ئۆتكەن بىر يېرىم كۈن مېنى چارچاتقاندەك قىلاتتى. چامادانني بىر بۇلۇڭغا جايلاشتۇرۇپ، ئالماشتۇرىدىغان كىيىملەرنى تەقلىدىم، ئاندىن كارىۋاتقا ئۆزۈمنى تاشلاپ، كۆزۈمنى يۇمغىنىمچە خىيال سۈردۈم. ئۇيقۇ كېلىشكە باشلىدى، ئەمما ھازىرلا ئۇخلاپ قالسام بولمايتتى. ئورنۇمدىن دەس تۇردۇم - دە، يۇيۇنۇشقا تۇتۇندۇم. سۇخانا ياتىقىمدىن خېلىلا كەڭ ئىدى، ھەر خىل سوپۇندىن كەلگەن خۇش پۇراق سېرىنگۈل ئېچىلغان ماي ئاخشاملىرىنى ئەسلىتەتتى. سۇخانا شۇنداق پاكىز، ۋاننا ئاپپاق،

www.uyghurkitap.com



قىزىق سۇ بەدىنىم ۋە روھىمنى ئەللەيلىگەندەك بولدى. ئۆيدە ھېچكىم يوقتەك جىمجىت ئىدى، بۇ جىمجىتلىق مەندىكى قورۇنۇش ھېسسىياتىنى ئازايتتى.

كىيىملىرىمنى كىيگۈچە تاملارغا قارىدىم. ئىشكاپقا خەنزۇچە يېزىق چۈشۈرۈپ زىننەتلەنگەنىدى. بەلكىم، تام ئۆزىمۇ چۈشەنمەيدىغان بۇ يېزىقتىن يىراق شەرقنىڭ قەدىم سىرلىقلىقىنى ھېس قىلىسا كېرەك. بەزى تام قەغەزلىرىدىمۇ خەنزۇچە خەت بار ئىدى. پەسكە چۈشۈپ ئاشخانىنى كۆزەتتىم. ئوچاق، دۇخوپكا، بولكا قاقلىغۇچ دېگەندەك نەرسىلەر يېڭى ۋە پاكىز ئىدى، بىر بويتاق ئەرنىڭ مۇشۇنداق ئېدىتلىق ئۆي باشقۇرۇشى مېنى ئويغا سالماي تۇرالمىدى. ئاشخانىنىڭ بۇ تەرىپىگە ئىككى كىشىلىك دىۋان، دىۋاننىڭ قىيپاش ئۇدۇلىدىكى بۇلۇڭغا تېلېۋىزور قويۇلغان، دىۋاننىڭ دەل ئۇدۇلىدا ئەنگلىيەنىڭ كونا پاسونىدىكى تام ئوچاق بار ئىدى، ھەتتا قالايدىغان ئوتۇنمۇ تەييارلاپ قويۇلغانىدى. دىۋاننىڭ ئۇدۇلىدىكى تامغا پۇۋلەپ ئاتىدىغان ئوقيا ۋە پالتا ئېسىلغانىدى. مەن ئۇنداق ئوقيانى ئىندىيانلار چېنقىدىغان كىنولاردىن كۆرگەنىدىم. بۇلارغا قاراپ تامنى قەدىمىي نەرسىلەرگە قىزىقسا كېرەك، دەپ ئويلىدىم. ئۆينىڭ بىرىنچى قەۋىتىگە مېھمانخانا، ئاشخانا ۋە سۇخانىلار ئورۇنلاشتۇرۇلغانىدى. ئىككىنچى قەۋەتتە ئۈچ ئېغىز ئۆي بار ئىدى.

كىيىملىرىمنى كىيىپ، بايا خەۋەرجان كۆرسىتىپ قويغان بازارنى ئايلىنىپ، ئەتىكى ناشتىلىقنى غەملىمەكچى بولدۇم. بۇ يەردىكى بىنالارنىڭ ھەممىسى دېگۈدەك 2 ـ 3 قەۋەتتىن ئاشمايتتى. قىزىل خىشتىن قوپۇرۇلغان ئۆيلەر بىر - بىرىگە ياندىشىپ، كوچىلارنى بويلاپ سوزۇلغان بولۇپ، مەھەللىلەرمۇ ئەنە شۇنداق شەكىللەنگەنىدى. كونۇس شەكىللىك ئۆگزىلەرنىڭ ئۈستىگە كاھىشلار يېپىتىلغان. بىرقانچە تۇرخۇن بىر يەردىلا

چوقچىيىپ كۆرۈنەتتى. ھەربىر ئائىلىنىڭ ئۆيى ئايرىم بىر گەۋدە بولۇپ، بىرىنچى، ئىككىنچى قەۋەتلىرى پەشتاق بىلەن تۇتاشتۇرۇلغانىدى. بۇنداق ئۇسلۇبتا ھەركىمنىڭ ئىشىكى باشقا - باشقا بولۇپ، بىر ئائىلىنىڭ تۇرمۇش ئۇسۇلى يەنە بىر ئائىلىگە كاشىلا پەيدا قىلالمايتتى. ھەربىر ئائىلىنىڭ ئىشىكى پاكار ۋادەك ياكى تام بىلەن دائىرىلەنگەن بولۇپ، بىردىن ئەخلەت تۇڭى قويۇلغان. ئىشىكلەرنىڭ ئاستى تەرىپىدە پوچتا يوللانمىلىرى پاتقۇدەك يوچۇق بولۇپ، ياپقۇچى بار ئىدى. توك، سۇ، گاز شىركەتلىرىنىڭ ھېسابات ئۇقتۇرۇشلىرى ئاشۇ يوچۇق ئارقىلىق ئۆي ئىگىسىنىڭ بوسۇغىسى ئىچىگە تاشلىنىدىكەن. ھەركىمگە مۇستەقىل بوشلۇق ئاتا قىلىدىغان بۇ خىل مەدەنىيەت ماڭا ياردى. يەنە ئۆيلەرنىڭ كەينى تەرىپىدە بىر - ئىككى پۇڭ كېلىدىغان باغچە بولۇپ، ھەركىم ئۆز ھەۋەسىگە يارىشا گۈل - گىياھ ۋە دەرەخلەرنى ئەھيا قىلىشىدىكەن. بۇنى بىزنىڭ گېپىمىز بويىچە ئارقا ھويلا دېيىشكىمۇ بولىدۇ. كىر يېيىش، ئاپتاپسىنىش، كاۋاپ پىشۇرۇپ دوستلار بىلەن مەززە قىلىش دېگەندەك تۇرمۇش پائالىيەتلىرىنىڭ ھەممىسىنى ئەنە شۇ ئارقا ھويلىدا ئۆتكۈزۈشكە بولىدىكەن.

ھەربىر ئائىلىنىڭ ئۆيى ئائىلىنىڭ ئايرىم بىر گەۋدە سۈپىتىدە يېنىدىكى ئائىلىنىڭ ئۆيى بىلەن تۇتاشقان، ئۆيلەرنىڭ قاتار تۇتاشمىسىدىن كوچا ھاسىل بولغان. بىر ئائىلىنىڭ ئۆيىنىڭ سۇ، توك، گاز، پار مەسىلىسى باشقا ئائىلىنىڭ ئۆيى بىلەن ئالاقىسىز، بىر ئائىلىنىڭ ئۆيىنىڭ سەۋەنلىكى باشقا بىر ئائىلىگە كاشىلا قىلالمايدۇ، بىر ئائىلە كىشىلىرىنىڭ مىجەزى يەنە بىر ئائىلىدىكىلەرنىڭ ياشاش لوگىكىسىغا پۇتلاشمايدۇ. ئارقا ھويلىلارمۇ قاشا ياكى تام بىلەن ئايرىلغان، قوشنىلار ئارا پاسىللار ئېنىق، ھەركىم ئۆزىگە مەسئۇل، ھەركىم ئۆزىنىڭ ئىشىكىدىن كىرىدۇ، ئۇپچە ئىشىك يوق. ھەركىمنىڭ ئۆز شەخسىيىتىگە

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



بولغان مەسئۇلىيىتى چوڭ بىر كوللېكتىپنىڭ ئىچىدىكى ھەربىر ئەزاغا دەخلى ـ تەرۇز قىلماسلىقنى بارلىققا كەلتۈرگەن. قىزىل خىشتىن قوپۇرۇلغان، ئۆگزىلىرى كونۇس شەكىللىك، دېرىزىلىرى يايسىمان شەكىلدە سىرتقا قاپارتىپ چىقىرىلغان، ئاستى ۋە ئۈستى پەشتاق بىلەن تۇتاشتۇرۇلغان كۆز ئالدىمىزدىكى بۇ ئۆيلەر ۋىكتورىيە ئۇسلۇبىدىكى ئۆيلەرگە كىرەتتى. بۇ ئۆيلەر ئايال پادىشاھ ۋىكتورىيە دەۋرىدە بارلىققا كېلىپ، ئومۇملاشقانلىقى ئۈچۈن شۇنداق ئاتىلاتتى. ئەسلىدىكى كىلاسسىزم ئەنئەنىسىگە 1840 ـ 1850 ـ يىللاردا كىرىپ ئۆزلەشكەن ئىتالىيانچە ۋە گوتچە بىناكارلىق ئۇسلۇبلىرىنىڭ كىرىشى بىلەن روياپقا چىققان بۇ خىل ئۇسلۇب ئەنگلىيەنىڭ كەنت ۋە بازارلىرىدا ھەمدە بىرىتانىيەنىڭ بارلىق مۇستەملىكە رايونلىرىدا خېلى ئومۇملاشقان.

كوچىدا ساپلا قارا تەنلىك ئادەملەرنى كۆردۈم، ئۆڭى ئاق ئادەملەر كەمدىن ـ كەم ئۇچرايتتى. كوچىدا ھەر مىللەتنىڭ ئاشپۇزۇللىرى، گۆش ۋە بېلىق دۇكانلىرى، چەرچىنماللار دۇكانلىرى كۆپ ئىدى. يېمەك ـ ئىچمەك دۇكانلىرىدىكى ھالال (Halal) دېگەن خەتلەر چوشۇرۇلگەن ۋىۋىسكىلارغا قاراپ بۇ يەردە مۇسۇلمانلارنىڭ خېلىلا كۆپ ئىكەنلىكىنى بىلگىلى بولىدۇ. ئورتاق سالاھىيەت، تەقدىر، مەدەنىيەت ۋە ئىقتىسادىي سەۋىيە ئادەملەرنى قانداقتۇر شۇنىڭغا ماس كېلىدىغان بىر ماكانغا جەملەپ، بىر جامائەت قىلىپ قويىدۇ. ھەر خىل سەۋەب بىلەن كەلگەنلەر ئىستخام (East Ham)دا يەرلىنىپ، بىرىتانىيەنىڭ قانۇنى بەرگەن بوشلۇقتا ئۆزلىرىنىڭ تىرىكچىلىكىنى داۋام قىلىۋاتاتتى ئىدى. رەڭ ـ رېڭى بىلەن، خىل ـ خىلى بىلەن تېپىشقان بۇ كىچىك شەھەرنىڭ سىياسىي ئۆتمۈشى ۋە رېئاللىقىنى چۈشىنىشكە ھازىرچە بالدۇرلۇق قىلىدۇ. بۇلارنى چۈشىنىش مېنىڭ بۇ بىر يىللىق ئىستىقامىتىمنىڭ مۇددىئاسى

ئەمەس. ھەربىر يۇرتنى ياكى جامائەتنى ئۇنىڭ سىياسىي ئۆتمۈشى بىلەن چۈشىنىش ئادەمنى ئەقىللىق قىلىپ قويىدۇ، دەپ قارايمەن.

ئاۋات بازارلارنى ئارىلاپ ساينس بۇرى (Sainsbury) تاللا بازىرىغا يولۇقتۇم، ئىچىگە كىرىپ ئەتىلىك يېمەكلىكلەرنى غەملىدىم. ھالال يېمەكلەرنى تاللايمەن، دەپ تاۋارلارنىڭ چۈشەندۈرۈشلىرىنى ئوقۇپ، خېلى كۆپ ۋاقىتنى ئۆتكۈزدۈم.

كىچىككىنە ياتاقنىڭ دېرىزىسىدىن تامنىڭ ئارقا ھويلىسىغا قارىدىم. ھويلا ئەپچىل چىملىق، ھەر خىل گۈل ـ گىياھ ۋە دەرەخلەر بىلەن قورشالغانىدى. چىملىقنىڭ ئاخىرقى چېتىدە چوڭ بىر كاتەك تۇراتتى. ھويلىنىڭ ئاشخانا ئىشىكىگە يېقىن يېرىدە ئىككى تال ئەتىرگۈل كۆزنىڭ سوغۇقىدا چوغدەك جۇلالىنىپ تۇرۇپتۇ. بۇ گۈللەرنىڭ سىياقى ھازىرمۇ ئېسىمدىن چىقمايدۇ.

كۆزۈمنى يۇمۇپ ياتتىم، كۆز ئالدىمدا ئىككى تال ئەتىرگۈل مەيىن پۇلاڭلايتتى. ئۇلار سۈس ئىرغاڭلاپ قەلبىمدە تۆۋەندىكى شېئىرنى پەيدا قىلدى:

**تامنىڭ ئۆيى**

ھېنرى كوچىسى
East Ham
كىرىپلا كەتتىم
پوچتا يوللانمىسىدەك.

تام
ئىرىلاندىيەلىك بويتاق
تونەيدىكەن قاراۋۇل بولۇپ
قۇرۇلۇش ئورنىدا

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى
www.uyghurkitap.com



تەقلىدىي كۆمۈر
يالتىرايدۇ ئوچىقىدا تامنىڭ
لېكىن، يوق ئىكەن
چۆچەكچى موماي
تامغا پۈۋلەپ ئاتار ئوقيا ئېسىلغان
قەيەرگە كەتتىكىن ئوۋچى بوۋاي.

جۇڭگونىڭ يېزىقلىرى
قادالدى ماڭا تاملاردىن كېلىپ
رامكىدىكى قارلىق ئورمان
توڭدۇردى مېنى قويىنىغا ئېلىپ.

تامنىڭ چىملىقىدا
ئىككى تال ئەترگۈل سولمىغان تېخى
ئۇلار مېنى ئويلىغان چېغى
يورۇپ كەتتى تامنىڭ بېغى.
قارىدىم
قارىدىم
قارىدىم ئاڭا
ۋە لېكىن سەۋەبى ئېنىقسىز ماڭا.
دېدىم: كۆچكەنمىدۇ گۈلنىڭ شېخىغا
ھىجران كۆكسىدىكى يىغلاڭغۇ لاۋا.

دېرىزىدىن ئىشىككە ئۈچ قەدەم
بۇلۇڭدا ئېچىلماي تۇردى چامادان
كىتابلار تەڭقىسلىقتا ھومايدى ماڭا
باشلاندى قەلبىمدە مۇڭلۇق شىۋىرغان.

لوندون ئۆيلىرى
قايتۇردى مېنى ۋىكتورىيە دەۋرىگە
قوڭۇر رەڭنىڭ سۇلالىسىگە
تامدى ۋە لېكىن بىر تامچە شەربەت
زارىققان كۆڭلۇمنىڭ پىيالىسىگە.

كىرلىكىمگە يۆگىنىپ
مۇلايىم بايتالغا ئوخشىدى كارىۋات
شائىر ئابدۇقادىر كاتەكتەك ئۆيدە
قىيغىتىپ چاپماقتا دالالاردا ئات.

دېرىزىدىن جىمجىتلىق كىرىپ
چاقماقتا ئەينەكلەرنى
ئىتتىرمەكتە تاملارنى
سوزماقتا زامانلارنى
چاپماقتا دەقىقىلەرنى.

مەن
تۇتۇپ قويدۇم يانچۇقۇمنى.

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ پېگى ئادرېسى



# ئەنگلىيە ــ شەكىلسىز پىلانىتا

ئەنگلىيەنىڭ ياپيېشىل، سۆيۈملۈك تۇپرىقىدا يېرۇسالېمنى قۇرۇپ چىقمىغۇچە روھىي كۈرەشلىرىمنى توختاتمايمەن، قىلىچىممۇ ئارام تاپمايدۇ.

ــ ۋىليام بىلەك (1827 ــ 1757)، ئىنگلىز شائىرى

(I will not cease from mental fight, not shall my sword sleep in my hand, Till we have built Jerusalem, in England's green and pleasant land.

_William Blake
1827_1757 English Poet)

ئەنگلىيە دېيىلگەندە، كىشىلەر بۇ دۆلەتنىڭ ئوبرازىنى ھەر خىل بەلگە بىلەن كۆز ئالدىغا كەلتۈرۈشى مۇمكىن. مەن ئەقلىمنى ئازراق تاپقاندا، «ئەنگلىيە» دېگەن ئىسىم «جاھانگىر» دېگەن ئىسىم بىلەن تەڭداش ئىكەن. رادىيودىن «ئەنگلىيە جاھانگىرلىكى» دېگەن گەپنى ئاڭلاپ، ئانامدىن ئۇنىڭ نېمە گەپلىكىنى سورىسام دەپ بىرەلمىگەننىدى. بالىلىقتىكى قىزىقىش بىردەملىكلا بولسا كېرەك، كېيىن ئۇنداق سوئاللارنى سوراشنى ئۇنتۇدۇم. خېلى يىللاردىن كېيىن مەھەللىمىزنىڭ مەزىنىدىن يەنە شۇ گەپنى سوراپ قالدىم. چۈنكى، بۇ گەپ ھەممە يەر «جاھانگىر» بىلەن توشۇپ كەتكەندەك ئاڭلىناتتى. لېكىن، جاھانگىرنى كۆرەرمەن دېسەم، ئەتراپتا ساپلا ئادەم. جاھانگىر دېگەن ئاشكارا چېلىقمايدىغان نەرسە بولسا كېرەك، دەپ ئويلاپ

قالغانىدىم. «‹جاھانگىر› دېگەن گەپ، ــ دېدى مەزىنىمىز، ــ جاھاننى ئۆزىنىڭ قىلىۋالغان كىشى دېگەن مەنىدە. چۈنكى قىسىدىغان سايماننى لاخشىگىر دەيمىزغۇ، جاھانگىر دېگەن سۆزدىكى ‹گىر› تۇتماق دېگەن مەنىدە». مۇنداق ئىكەن ـ دە، پۈتكۈل جاھاننى مېنىڭ دەۋالغان كىشىلەر جاھانگىر بولىدىكەن. «جاھانگىرلار»نىڭ رادىيودا قاتتىق تىللانغىنىغا قارىغاندا ئۇ چوقۇم ياخشى نەرسە ئەمەس ئىكەن، دەپ چۈشەنگەنىدىم. ئەمدى بىلسەم، ئاجىزلارنىڭ ھەممىسى جاھانگىرلارنى تىللايدىكەن، ئاجىزلار كوچەيسە ئۆزى بۇرۇن تىللىغان ئىشنى قىلىشتىن يالتايمايدىكەن. شۇڭا، جاھانگىرلىكنىڭ تۈرلىرىمۇ ناھايىتى كۆپ بولىدىكەن. تارىخ دېگەن ھىيلە ـ مىكىرنىڭ ماغزاپلىرىدەك بىرنەرسە ئىكەن. خاتىرەمدە يەنە شۇنداق چۆكۈندىلەر تۇرىدۇكى، كىشىلەر دۇخاۋا دوپپىنى «مانچېستېر دوپپا» دېيىشىدىكەن. كېيىن بۇ گەپنى ئەدەبىي تىلىمىزدىنمۇ ئۇچراتقانىدىم. دۇخاۋىنىڭ ئىشلەنگەن يېرى ئەنگلىيەنىڭ مانچېستېر (Manchester) شەھىرى بولغاچقا، دوپپىلىرىمىز شۇنداق ئاتالغان بولسا كېرەك، دەپ قىياس قىلدىم. 20 ـ ئەسىرنىڭ كېيىنكى يىگىرمە يىلىدا ئىككىنچى دۇنيا ئۇرۇشىغا دائىر كىنولارنى كۆرەلەيدىغان بولدۇق. بۇ كىنولاردا چېرچىل قابىل رەھبەر سۈپىتىدە ئالاھىدە گەۋدىلىنەتتى. قارا شىلەپە ۋە پەلتو كىيىۋالغان بۇ سېمىز ئادەم ھە دەپ سىگارت چېكەتتى، خەرىتىنى قولىدىكى ھاسا تايىقى بىلەنلا كۆرسىتەتتى، شۇ چاغدا ئۇنىڭ ھاسا تايىقى نەگە تەگسە شۇ يەردە بىر ئىش بولىدىغاندەك تۇيۇلۇپ كېتەتتى. يالتا يىغىنى ئېچىلىپ، جاھاندىكى كۆرمىگ ئادەمنىڭ تەقدىرى ئۇيان ـ بۇيان قىلىنغاندا چېرچىلمۇ بار ئىكەن. بۇنى بىلگەندىن كېيىن، رېئاللىقتىكى نۇرغۇن ئىشنى چېرچىلنىڭ ھاسا تايىقى، ئىستالىننىڭ مۇشتىكى، روزۋېلتنىڭ قەلىمى بىلەن باغلاپ تەسەۋۋۇر قىلاتتىم. بىزدە نۇرغۇن ئادەم ئۆزى بىلەن

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يىگانە ئادرېسى



چېرچىل ئوتتۇرىسىدىكى يوشۇرۇن مۇناسىۋەتنى بىلمەيدۇ، بۇنى پەقەت تارىخچىلار بىلەن سىياسىيغا قىزىقىدىغان ئادەملەرلا چۈشەنسە كېرەك. 20 ـ ئەسىر كىشىلىرىنىڭ ئىدىيەسى ۋە تۇرمۇشىغا چوڭقۇر تەسىر كۆرسەتكەن كارل ماركسنىڭ ئىزدىنىش ھاياتىمۇ ئەنگلىيەدە ئۆتكەنىدى. نيۇتون، دارۋىن، پار ماشىنىسى دېگەندەك ئىسىملارمۇ «ئەنگلىيە» دېگەن نامنى سۈپەتلەيتتى. ھازىرقى ياشلار «ئەنگلىيە» دېسە بېكخام، جامىس بوند، خاررى پوتېرلارنى كۆز ئالدىغا كەلتۈرىدۇ.

ئۇنداقتا شېكىسپىرچۇ؟ مەن شېكىسپىرنىڭ ۋېنىتسىيە سودىگىرى توغرىسىدىكى قىزىقارلىق ۋەقەلىرىنى ئوتتۇرا مەكتەپتىكى ئەدەبىيات ئوقۇتقۇچىسى غېنى مۇئەللىمدىن ئاڭلىغانىدىم. ئۇ بۇ ھېكايىنى شۇ چاغلاردا ئۇيغۇرچە نەشر قىلىنغان «شېكىسپىر دراممىلىرىنىڭ ھېكايىلىرى» دېگەن كىتابتىن ئوقۇغانىكەن. ئۇنىڭ قىزىقتۇرۇشى بىلەن مارىيە لام ۋە چارلىز لاملار تەرىپىدىن درامىدىن ئۆزلەشتۈرۈپ چىقىلغان ئاشۇ توم كىتابنى بىرلىپ ئوقۇپ چىققانىدىم. كېيىنچە، «ۋېنىتسىيە سودىگىرى» دېگەن دراما ئوتتۇرا مەكتەپ دەرسلىكىمىزدىنمۇ ئورۇن ئالدى. شېكىسپىر بۈگۈنكى جاھانغا ھاكىم بولمىش ئىنگلىز تىلىنىڭ بەرپاچىلىرىنىڭ بىرى. ئىنگلىز سىياسىيونلىرى كۈندىلىك نۇتۇقلىرىدا ئۇنىڭ سۆزلىرىنى نەقىل كەلتۈرىدۇ. بىز ئۇنىڭ ئەسەرلىرى بىلەن ئابدۇشۈكۈر مۇھەممەتئىمىن، ئەھمەت ئىمىن، مىجىت تاشلارنىڭ تەرجىمىسى ئارقىلىق يۈز كۆرۈشتۇق.

بىر دۆلەت ياكى بىر مىللەتنىڭ ئوبرازىنى ئۇنىڭغا مەنسۇپ مەلۇم كونكرېت شەخسلەر ۋە نەرسىلەر ئارقىلىق كۆز ئالدىمىزغا كەلتۈرىمىز. ئۇنىڭ ئىجتىمائىي ۋە سىياسىي سىستېمىسىنى ئۇنىڭغا ئالاھىدە كۆڭۈل بۆلگەن ئادەملەرلا چۈشىنىدۇ. دۆلەت ئوبرازى ئۇنىڭ سىياسىي، ئىجتىمائىي، ئىقتىسادىي

سىستېمىسىنىڭ تاشقى پوستى سۈپىتىدە كىشىلەرنىڭ قەلبىدىن ئورۇن ئالىدۇ.

ئەنگلىيەنىڭ تارىخىي ۋە سىياسىي قىياپىتىنى مۇپەسسەل بايان قىلىش قولىڭىزدىكى بۇ كىتابنىڭ مەقسىتى ئەمەس. مۇئەللىپ سىزگە ئۆزىنىڭ كۆرگەنلىرى ئاساسىدىكى ئەھۋاللار ۋە ئوي - پىكىرلىرىنى تەقدىم قىلىپ، سىزنى دۇنيادا بىر كىشىلىك ئورنىڭىزنىڭ بولۇشى ئۈچۈن دۇنيانى كۆزىتىشكە دالالەت قىلىدۇ. بىر يىلغا يەتمىگەن مۇساپىرەتتىكى كەچمىشلەر ئەنگلىيەنى چۈشەندۈرۈشكە ھەرگىز كۇپايە قىلمايدۇ. بۇ ھەقتە بىز كىتابىي بىلىملەرگە مۇراجىئەت قىلىپ، كۆزىتىشلىرىمىزنى بىرلەشتۈرگەن ھالدا ئوقۇرمەنلىرىمىزگە بىر قىسىم بىلىمنى بەرمەكچى. بەلكىم، بۇ كېيىنكى سەھىپىلىرىمىز ئۈچۈن تولۇقلاش ۋە ياندىن يورۇتۇش رولىنى ئويناپ قالار. بىرىتانىيە ئىچكى ئىشلار ئىدارىسى (Home office) تۈزگەن «بىرىتانىيە بىرلەشمە پادىشاھلىقىدىكى ھايات» (Life in the United kingdom)، سىنگاپورلۇق تېررىي تەن (Terry Tan) يازغان «بىرىتانىيە» (Britain)، داۋىد پ. كىرىستوپىر (David p. Christopher) يازغان «بۈيۈك بىرىتانىيە مەدەنىيىتى» (British Culture)، جوئې بايىندلوس (Joe Bind loss) يازغان «لوندون»، جون مىكورمىك (John McCormick) يازغان «بۈگۈنكى ئەنگلىيە» (Contemporary Britain)، فېي شياۋ تۇڭ (费孝通) يازغان «ئەنگلىيەگە زىيارەت» (《重访英伦》)، خۇ خۈينىڭ (胡惠宁) يازغان «ئەنگلىيەلىكلەر مۇنداق ياشايدۇ» (《英国人过这样生活》) دېگەندەك بىرقاتار پايدىلانمىدىن جۇغلىغان بىلىملىرىم ئاساسىدا، ئەنگلىيە ھەققىدىكى ئومۇمىي بىر نەزەرگە ئوقۇرمەنلىرىمنى ئورتاقلاشتۇرىمەن.

ئەنگلىيە ھەققىدە كىشىلەر ئۆزلىرىنىڭ بىلىم مۇھىتىغا يارىشا تەسىراتلارغا ئىگە. بۇ ھەقتە ئومۇملۇققا ۋەكىللىك قىلىدىغان بىرەر خىل تەسىراتنى تىپىكلەشتۈرۈپ كۆرسىتىپ

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



بېرىش تەس.

بۈيۈك بىرىتانىيەنىڭ تازا گۈللەنگەن مەزگىللىرىدە، «ئەنگلىيەدە ئىشلەنگەن» دېگەن خېتى بار ماركىلار (سانائەت ئىنقىلابى دەۋرىدىن 20 ـ ئەسىرنىڭ 60 ـ يىللىرىغىچە) كىشىلەرنى جەلپ قىلالاتتى. شۇ چاغلاردا كىشىلەرنىڭ نەزىرىدە ئىنگلىزلارنىڭ ئوبرازى خۇددى ئەنگلىيەنىڭ مەنزىرىسىگە ئوخشاشلا ئۆزگىچە ئىدى: چىراي ئىپادىسى ھەمىشە تەمكىن، قارا شىلەپە كىيگەن، قولىدا ئىچىلمىغان كۈنلۈك، ئەنگلىيە مەنزىرىسى ئىلزابېت ئۇسلۇبىدىكى پاكار ئۆيلەر، قەدىمكى چىركاۋلاردىن ھاسىل بولغان قەدىمىيلىك پۇرىقى كۈچلۈك شەھەر ۋە قىشلاقلاردىن ئىبارەت ئىدى. بۇ قەدىمكى ۋە گۈزەل مەنزىرىلەر دۇنيادىكى تالاي كىشىنى ئۆزىگە تارتىپ، ئەنگلىيەگە ھېسابسىز ساياھەت كىرىمى ئېلىپ كەلگەن.

ۋاقىتنىڭ ئۆتۈشى بىلەن ئەھۋال ئۆزگەردى، يۇقىرىقى قاراشلار ئاستا ـ ئاستا تارىختا ئايلاندى. ئەمەلىيەتتە كىشىلەرنىڭ كۆز ئالدىدا باشقا بىر مەنزىرە نامايان بولۇپ، ئەنگلىيەلىكلەرنىڭ ھېلىقىدەك تىپىك ئوبرازى مەۋجۇت بولماي قالغانىدى. پادىشاھ ۋە خانىشلارنى، شۇنداقلا ئۇلارنىڭ مۇلازىملىرىنى ساقلاپ قېلىش بولسا تامامەن سودا ئېھتىياجىدىن ئىبارەت بولۇپ، بۇلار ساياھەتچىلەرنىڭ تارىختا قايتىش پىسخىكىسىنى قاندۇرۇشنى مەقسەت قىلالاتتى. ئۇنداق ئەنئەنىۋى قىياپەتتىكى كىشىلەرنى بۈگۈنكى كۈندە كوچىلاردا كۆرگىلى بولمايتتى.

قىزىل يۈز دېھقانلارچۇ؟ كىشىلەر ئەنگلىيە سەھرالىرىنى زامانىۋىلىقنىڭ تەسىرى يېتىپ بارمىغان، ئېچىلمىغان رايونلار دەپ قارايدۇ. ئەمەلىيەتتە، ئەنگلىيە سەھرالىرى تامامەن دېگۈدەك 21 ـ ئەسىرنىڭ ئىقىمىدا. دېھقانچىلىقنىڭ ماشىنىلىشىشىغا ئەگىشىپ بۇ ئاتالمىش «دېھقانلار» كومپيۇتېر تېخنىكىسىنى پۇختا ئىگىلەپ، يۇقىرى پەن ـ تېخنىكىنى ئوبدان چۈشىنىدىغان

بولۇپ كەتتى. ئۇلار ئەجدادلىرىدەك ئات ۋە بوقۇسا بىلەن تىرىقچىلىق قىلمايدىغان بولدى.

«سېرىق چاچلىقلار» دېگەن سۇپەت ئەمدىلىكتە ئەنگلىيەلىكلەر ۋە ياۋروپالىقلارغا ئانچە ماس كەلمەيدىغان بولۇپ كەتتى. چاچ ۋە تېرىسىنىڭ رەڭگى بىر ئادەمنىڭ ئىنگلىز ياكى ئەمەسلىكىنى ئايرىيدىغان بەلگە بولماي قالدى. ھەر خىل ئىرق ئىنگلىز تىلىنى قوللىنىدۇ. ئومۇمەن، بۈگۈنكى ئەنگلىيە كۆپ خىل ئىرق، كۆپ خىل مىللەت ئارىلىشىپ ياشايدىغان دۆلەتكە ئايلىنىپ كەتتى. شۇڭلاشقا، قايسى خىل ئامىلنىڭ ئىنگلىزلارنىڭ تىپىغا ۋەكىللىك قىلىدىغانلىقىنى دەپ بەرمەك تەس. داۋراڭ (ئېلان) رەسىملىرىدىكى كۆپ مىللەت ئارىلىشىپ تۇرغان ھالەتلەر شەكىل ئۈچۈن ئەمەس، بەلكى ئەنگلىيەنىڭ ھازىرقى رېئاللىقىدۇر.

ئەنگلىيەلىكلەرنىڭ ئەجدادىنىڭ تەركىبى مۇرەككەپ. ئۇلار مىلادىيەدىن بۇرۇنقى 2000 ـ يىلىدىن مىلادىيە 11 ـ ئەسىرگىچە بولغان ئارىلىقتا كېلىپ ئولتۇراقلىشىپ قالغان قەدىمكى رىملىقلار (Romans)، كېلتلار (Celts)، ساكسونلار (Saxons) ۋە شىمالىي ياۋروپالىقلارنىڭ كېيىنكى ئەۋلادى. كېلتلار بۇ يەرگە كېلىشتىن ئاۋۋال ئوتتۇرا دېڭىز بويلىرىدىكى بەزى مىللەتلەر بۇ يەرگە كېلىپ لوندون ۋە كانتېربۇرى دېگەندەك شەھەرلەرنى قۇرۇپ بولغانىدى. شۇنىڭدىن مىڭ يىل كېيىن كېلتلار فىرانسىيەنىڭ بىرتون ۋە ئالپىس تاغلىرىدىن ئەنگلىيە (England) گە كېلىشكەن. ئۇلارنىڭ بىر قىسمى شىمالغا ئىلگىرىلەپ شوتلاندىيە (Scotland) گە، ھەتتا دېڭىزدىن ئۆتۈپ ئىرېلاندىيە (Ireland) گىچە بارغان. مانا بۇ بۈگۈنكى ئىرېلاندىيە ۋە شوتلاندىيەدىكى بەزى مىللىي گۇرۇھلارنىڭ كېلت تىلىنى ئىشلىتىدۇرمەكچى بولۇشىنىڭ سەۋەبى.

ھازىرمۇ كورنۋال (Cornwall) كىشىلىرى بىرتونلار (Bretons)

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



ھەققىدە سۆز ئېچىلسا ھاياجانلىنىپ كېتىدۇ. مىلادىيەدىن تەخمىنەن 55 يىل بۇرۇن رىملىقلار ئەنگلىيەگە كۆز تىكىپ، كېلتلارنى ئەل قىلدى. مىلادىيەدىن كېيىنكى 4 ـ ئەسىرلەردە رىملىقلار گېرمانىيەدىن كەلگەن ئانگلېلار (Angles) ـ ساكسونلار ۋە جۇتلار (Jutes) غا تەڭ كېلەلمەي، ئاخىر رىم ئىمپېرىيەسى بەربات بولدى. شىمالىي ياۋروپادىكى دېڭىز قاراقچىلىرى ئانگلو ـ ساكسونلار ۋە جۇتلارنى يېڭىپ، ئەنگلىيەگە تاكى مىلادىيە 11 ـ ئەسىرگىچە ھۆكۈمرانلىق قىلدى. 1066 ـ يىلى نورماندىيە ئۆلكىسىنىڭ ھۆكۈمرانى كىنەز ۋىليام سكاندىنوۋىيە يېرىم ئارىلىنىڭ جەنۇبىدا قوشۇن تارتىپ غەلىبىگە ئېرىشتى ـ دە، پادىشاھلىق تەختىگە ئولتۇردى. نورماندىيەلىكلەردىن قالغان كونا قەلئەلەرنى ھازىرمۇ ئەنگلىيە سەھرالىرىدىن تاپقىلى بولىدۇ. رىملىقلارنىڭ قاتناش سىستېمىسىنىڭ ئىزنالىرى ھازىرمۇ بار. بۈگۈنكى ئىنگلىزچە جانلىق تىلدا ئاشۇ قەدىمكى مىللەتلەرنىڭ تەسىرى بار. ھازىرقى زامان ئىنگلىز تىلى بولسا كېلت تىلى، شىمالىي ياۋروپا دىيالېكتلىرى، ئانگلو ـ ساكسون تىلى، لاتىن تىلى ۋە فىرانسۇز تىلىنىڭ ئارىلاشمىسىدۇر.

19 ـ ئەسىرنىڭ باشلىرىدا نۇرغۇن يەھۇدىي شەرقىي ياۋروپادىكى ئىرقىي زىيانكەشلىكتىن قېچىپ ئەنگلىيە ۋە ئەنگلىيەنىڭ شەرقىدىكى شېفىلد (Sheffield) رايونىغا كۆچۈپ كېلىدۇ. ئۇلار تىرىكچىلىك، مويكىچىلىك ۋە كىيىم ـ كېچەك سودىسى ئارقىلىق بېيىيدۇ. 20 ـ ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىغا كەلگەندە يەنە بىر قېتىملىق كۆچمەنلەر دولقۇنى ئەنگلىيەنى قاپلىدى. بىنگاللىقلار نامراتلىق ۋە نوپۇس زىچلىقىدىن قۇتۇلۇش ئۈچۈن ئەنگلىيەگە كېلىپ، كېتىپ قالغان يەھۇدىيلارنىڭ سودىسىنى داۋاملاشتۇرىدۇ. شەرقىي لوندوننىڭ بىرىك كوچىسى (Brick Lane) غا جايلاشقان نەزىر ـ چىراغ ئۆيى بۇ خىل ئۆزگىرىشنى ناھايىتى ئوبدان ئەكس ئەتتۈرۈپ بېرىدۇ. بۇ ئۆيي 300

يىل بۇرۇن بىر فىرانسۇز چېركاۋى بولۇپ، كېيىن ۋېسلېي (Wesley) چېركاۋىغا ئۆزگەرگەن، ئاندىن يەھۇدىي چېركاۋى بولغان. ئەمدىلىكتە ئۇ بىر موناستىر ھالىتىدە.

بىنگاللىقلار 20 ـ ئەسىرنىڭ 50 ـ يىللىرىدىن باشلاپ ئەنگلىيەگە كەلدى. بىنگالنىڭ پەنجاب (Punjab) ئۆلكىسىدىن، ھىندىستاننىڭ گۇجىرات (Gujarat) ئىشتاتىدىن ۋە مىسىرنىڭ ئىسمائىلىيە رايونىدىن كەلگەن سىكلار (Sikh)؛ كېنىيە، تانزانىيە، ئۇگاندا، مالاۋىيە قاتارلىق ئەللەردىن كەلگەن ئافرىقىلىقلارمۇ ئەنگلىيەدە تىرىكچىلىك قىلىشقا باشلىدى. ئۇلار باشتا ئەنگلىيەنىڭ لەيستېر (Leicester)، بىرمىڭخام (Bermingham) قاتارلىق ئوتتۇرا قىسىمدىكى شەھەرلىرىگە ئورۇنلاشقان بولۇپ، بارا ـ بارا لوندون رايونىغا كۆچۈپ كېلىشىدۇ. ھازىرمۇ لوندوننىڭ بىر قىسىم رايونىنى ئارىلىسىڭىز ھىندىستانغا بېرىپ قالغاندەك تەسىراتقا كېلىسىز.

1950 ـ يىلىدىن باشلاپ غەربىي ھىندىستان ئادەملىرىمۇ ئەنگلىيەگە كېلىپ، يەرلىكلەر قىلىشنى ئانچە خالىمايدىغان ئىشلارنى قىلىپ تۇرمۇش كەچۈرىدۇ. «ئورتاق گۈللىنىش» چەمبىرىكىگە ئەزا دۆلەتلەرنىڭ پۇقراسى بولۇش سۈپىتى بىلەن ئۇلار ئەنگلىيەنى ئۆز دۆلىتى قاتارىدا كۆرىدۇ. ئۇلار بۇ يەردە چەتكە قېقىلىش ۋە كەمسىتىلىشنى خىيالىغىمۇ كەلتۈرمىگەنىدى. ئۇلار تۆمۈريول كەسپىگە ئوخشاش مۇلازىمەت خاراكتېرلىك ئىشلارنى قىلدى، بۇ ئىشلارنىڭ كىرىمى تۆۋەن بولۇپ، يەرلىكلەر كۆزگە ئىلمايدۇ. بۇ ئەھۋال ياش كۆچمەنلەرنى غەزەپلەندۈرۈپ، قانلىق توقۇنۇشلارنى كەلتۈرۈپ چىقارغانىدى.

بېرىتانىيەنىڭ ھازىرقى نوپۇسى 59 مىليون بولۇپ، بۇ نوپۇسنىڭ 2001 ـ يىلىدىكى ئەھۋالى مۇنداق:

ئېنگلاند: 49.1 مىليون (ئومۇمىي نوپۇسنىڭ 83% ى)

شوتلاند: 5.1 مىليون (ئومۇمىي نوپۇسنىڭ 9% ى)

ئۇيغۇر كىتاب تورى بىكىتى
www.uyghurkitap.com

ۋېلش: 2.9 مىليون (ئومۇمىي نوپۇسنىڭ 5% ى)
شىمالىي ئىرېلاندىيە: 1.7 مىليون (ئومۇمىي نوپۇسنىڭ 3% ى)
بىرىتانىيە نوپۇسىدا ئاق تەنلىكلەر ئومۇمىي نوپۇسنىڭ 92.1% نى، غەيرىي ئاق تەنلىكلەر 7.9% نى ئىگىلەيدىكەن. بىرىتانىيەدە يەنە ئاسىيا، ھىندىستان، پاكىستان، بىنگال، جۇڭگو قاتارلىق ئەللەردىن كۆچۈپ بارغان ئادەملەرمۇ كۆپ. بۇلارنىڭ ئىچىدە ھىندىستان، پاكىستان، بىنگالدىن بارغانلارنىڭ نوپۇسى 2 مىليوندىن ئارتۇق بولۇپ، پۈتكۈل بىرىتانىيە نوپۇسىنىڭ 3.6% نى تەشكىل قىلىدىكەن. بىرىتانىيەدىكى جۇڭگولۇقلارنىڭ نوپۇسى 200 مىڭدىن ئارتۇق بولۇپ، ئومۇمىي نوپۇسنىڭ 0.4% نى ئىگىلەيدىكەن. ۋىكىپېدىيە (Wikipedia) دىكى ئۇچۇرلاردىن مەلۇم بولۇشىچە، ھازىرقى مۆلچەرگە ئاساسلانغاندا، بىرىتانىيەدىكى مۇسۇلمانلارنىڭ كۆپى تۈركىيە ۋە سىپرۇس تۈركلىرىدىن بولۇپ، بىرىتانىيەدە جەمئىي 500 مىڭ تۈرك ياشايدىكەن. شۇنداق بولغاندا، بىرىتانىيەدىكى ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ ئومۇمىي سانى 5 مىليونغا يېقىن بولۇپ، پۈتكۈل دۆلەت نوپۇسىنىڭ تەخمىنەن 8% نى ئىگىلەيدىكەن. ئوخشىمىغان ئىقلىمدىن كەلگەن كۆچمەنلەرنىڭ كۆپىيىشىگە ئەگىشىپ، تەبىئىي ھالدا ئىرق مەسىلىسى كېلىپ چىققان ۋە بىرىتانىيە ھۆكۈمىتى ئالدىنقى ئەسىرنىڭ 60 ـ يىللىرىدىن باشلاپ ئىرقىي باراۋەرلىك ھەققىدە قانۇن تۈزگەن. مۇشۇ كۇنلەردە بىرەر كىشى ئۆزىنىڭ ئىرقىي ياكى مىللىي جەھەتتە كەمسىتىلگەنلىكى ھەققىدە ئەرز سۇنسا ۋە بۇ ئەرزنىڭ ھەقلىقلىقى ئىسپاتلانسا، كەمسىتكۈچى قايسى ئىرقتىن بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، مۇناسىپ قانۇنىي چارە كۆرۈلىدىكەن. ئەنگلىيە تارىخىدا ئىرقچىلىقتا دائىر مۇنۇ ۋەقە ئىنتايىن مەشھۇر: 1993 ـ يىلى ستېفېن لاۋرېنس Stephen Lawrence ئىسىملىك بىر قارا تەنلىك ئۆسمۈر لوندوننىڭ شەرقىي جەنۇبى رايونىدىكى ئاپتوبۇس بېكىتىدە ماشىنا ساقلاۋاتقاندا، بەش ئاق تەنلىك

ياشنىڭ زەربىسىگە ئۇچراپ ئۆلۈپ كېتىدۇ. ئۇلار قارا تەنلىك بالىغا ھېچبىر باھانە ـ سەۋەبسىزلا ھۇجۇم قىلىپ پىچاق تىقىدۇ ۋە ئۇنىڭ ئۆلۈكىنى پىيادىلەر يولىغا تاشلاپ قويىدۇ. لېكىن، قاتىل تۈزۈك ئەيىبلەنمەي، قانۇن ۋە ئەدلىيە ساھەسىدە ئىرقچىلىقنىڭ مەۋجۇتلۇقىنى ئاشكارىلاپ قويىدۇ. نەق مەيداننى تەكشۈرگەن ساقچىلار لاۋرېنسنى ئۆلتۈرگەن قاتىللارنى قوغلاپ تۇتۇشتا ئاكتىپ بولمىغان، ئۇنىڭ ئاتا ـ ئانىسىغىمۇ قوپاللىق قىلىپ دېلو ئەھۋالىنى بىلىش ھوقۇقىنى رەت قىلغان. ساقچى دائىرىلىرى لاۋرېنس سەۋەبسىز ئىرقىي ھۇجۇمنىڭ قۇربانى ئەمەس، بەلكى بىر مەيدان ماجىرانىڭ قۇربانى دەپ ھۆكۈم چىقارغان. گۇماندارلار ھەققىدە خېلى ئېنىق يىپ ئۇچى تۇرسىمۇ، تەكشۈرۈپ ئېنىقلاش ئىشلىرىغا ئەتەي سۇس قارىغان. ساقچى دائىرىلىرى ئۇچۇرلارنى يوشۇرۇپ، بىر ـ بىرىگە چاپان يېپىپ، ئۆزلىرىنىڭ خاتالىقلىرىنى يوللۇق قىلىۋالغان. شۇنداق قىلىپ بۇ دېلو 1997 ـ يىلىغىچە سوزۇلۇپ ئاخىر ئېنىقلانغان. 1999 ـ يىلىغا كەلگەندە «ماكفېرسون دوكلاتى» (Macpherson Report) ئېلان قىلىنىپ، ساقچى دائىرىلىرىنىڭ بۇ خاتالىقلىرىنى ئادەتتىكى خاتالىق بولماستىن، بەلكى پۈتكۈل قانۇن ۋە ئەدلىيە ساھەسىگە يامراپ كەتكەن تۈزۈملەشكەن ئىرقچىلىقنىڭ نەتىجىسى، دەپ يەكۈن چىقىرىلغان. «ماكفېرسون دوكلاتى» تۈزۈملەشكەن ئىرقچىلىقنىڭ بارلىقىنى تەن ئالغان ۋە ئۇنى كەسكىن ئەيىبلىگەن دوكلات سۈپىتىدە تېرە، مەدەنىيەت ۋە تىل پەرقىگە قاراپ ئىش تۇتۇپ، ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ ھوقۇق ـ مەنپەئىتىگە زىيان ـ زەخمەت يەتكۈزۈش قىلمىشلىرىنى قاتتىق سۆككەن. دوكلاتتا ئىرقچىلىق جىنايەت شەكىللىرىنى بىر تەرەپ قىلىشقا ئائىت 70 ماددىلىق لايىھە ئوتتۇرىغا قويۇلۇپ، ئىرقچى ساقچىلارنى تازىلاش تەكىتلەنگەن. بۇ يەردىكى تۈزۈملەشكەن ئىرقچىلىق ئادەتتىكى پۇقرالاردىن تارتىپ دۆلەت ئەمەلدارلىرىغا

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يىگانە ئادرېسى



قەدەر خۇپپىيانە سىستېمىلاشقان مىللىي كەمسىتىش، يەكلەش ۋە چەكلەشنى كۆرسىتىدۇ. «ماكفېرسون دوكلاتى»نىڭ مۇۋەپپەقىيىتى شۇكى، ئۇ بىرىتانىيە جەمئىيىتىدىكى ئىرقچىلىق ھادىسىلىرىنى ئاشكارا ئېتىراپ قىلىش بىلەن بىللە، ئۇنى ئوچۇق رەت قىلىدىغان يەنە بىر قوتۇپنىڭ بارلىقىنى كۆرسەتتى. بۇنى ئىرقچىلىق ياكى مىللەتچىلىك خاھىشلىرىنى چەكلەيدىغان غەيرىي كۈچنى تاپقىلى بولمايدىغان مۇتلەق تۈزۈملەشكەن ئىرقچىلىققا نىسبەتەن ئىلغارراق دېمەي تۇرالمايمىز.

ئىرقچىلىق قانۇن، ئەدلىيە، ئىقتىساد، مەدەنىيەت، سەھىيە ۋە تەنتەربىيە، نوپۇس قاتارلىق ساھەلەر بويىچە بىر ئىرقنىڭ يەنە بىر ئىرققا يۈرگۈزگەن بوزەك قىلىش سىياسىتىدۇر. بۇ خىل سىياسەت بارغانسېرى تەرەققىي قىلىپ، مەدەنىيەت تۈسىنى ئالدى ۋە «يېڭى ئىرقچىلىق» دەپ ئاتالدى. بۇنىڭدا بىر مىللەتنىڭ «دۆت» ياكى «ئەقىللىك» بولۇشى كۆپ سانلىقنىڭ مەدەنىيەت ۋە قىممەت قارىشىنى ئۆلچەم قىلىپ ئايرىلىدۇ، كۆپ سانلىققا سىڭىپ كېتىشنى خالىمىغان مەدەنىيەت تۈپى پىلانلىق ھالدا چەتلەشتۈرۈلىدۇ. بىز مىسال كەلتۈرگەن دېلودىكى قارا تەنلىك بالىنىڭ ئىسمى ئىنگلىزچە، تىلىمۇ ئىنگلىزچە بولۇپ، پەقەت تېرىسىلا ئاسسىمىلياتسىيە بولمىغانىدى. شۇنداقتىمۇ ئۇ ئىرقىي ئۆچمەنلىكنىڭ نىشانى بولۇپ قالغان. بۇ، ئىنسانلارنى چەكلەپ تۇرىدىغان باراۋەر نىسبەتتىكى كۈچ بولمىغاندا، ئۇنىڭ جىنايى قىلمىشلىرىنىڭ تېخىمۇ ئىلگىرىلەپ داۋام قىلىۋېرىدىغانلىقىنى چۈشەندۈرىدۇ. يەن - تېخنىكىنىڭ تەرەققىي قىلىشى ۋە ئىقتىسادنىڭ گۈللىنىشى بىلەن مىللەتچىلىك ياكى ئىرقچىلىق ئاخىرلىشىپ قالمايدۇ، بەلكى يېڭى تۈس ئالىدۇ. بۇنى بۈگۈنكى دۇنيانىڭ ۋەزىيىتىگە قاراپ ئاسانلا چۈشىنەلەيمىز. بىر كەمسىتىلگۈچىنىڭ جىسمانىي ھالاۋىتى ئۇنىڭ ئەركىن

ۋاقىتىدىكىدىن كۆپ ياخشى بولۇشى مۇمكىن، ئەمما ئۇ باشقىلار «تارتىۋالسا بولمايدىغان» ھوقۇقى ئارقىلىق ئۆزىنىڭ ئېتىقادىنى قوغداپ قېلىشقا قادىر بولالماسلىقى مۇمكىن. شۇنىڭ بىلەن ئۇ ھەقىقىي ئىنسانلىق سالاھىيىتىدىن ئايرىلىپ قېلىشى مۇمكىن.

بەزىلەر ئادەتتە «ئاز سانلىق مىللەت» دېگەن ئۇقۇمنى ناھايىتى ئاددىي چۈشىنىدۇ ـ دە، نوقۇل نوپۇس سانىدىكى مەسىلە دەپ قارايدۇ. ئەمەلىيەتتە، ئۇ ناھايىتى مۇرەككەپ ئۇقۇم. جەمئىيەتشۇناس داۋىد پوپېنو (David Popenoe) بىر تەرەپلىمىلىك ھالدا «ئاز سانلىق مىللەت دېگىنىمىز ئىرقىي، ئىجتىمائىي، مەدەنىيەت قاتارلىق جەھەتلەردە پەرقلىنىپ تۇرىدىغان، كەمسىتىش ۋە بوزەك قىلىش ئوبيېكتىغا ئايلانغان كىشىلەر تۈركۈمىدۇر» دەيدۇ. ئۇ يەنە «ئاز سانلىق مىللەت» بىلەن «كۆپ سانلىق مىللەت»نىڭ پەرقى سانىنىڭ ئاز ـ كۆپلۈكىدە ئەمەس، بەلكى ھوقۇقىنىڭ ئاز ـ كۆپلۈكىدە، دەپ ئىزاھلايدۇ. بەزى مىللەتلەر ئۆزى كۆپ سانلىق تۇرۇپ، باشقا يەرگە پاناھلىق ئىزدەپ كۆچۈپ بېرىش تۈپەيلى، بۆلۈنۈپ ئاز سانلىق بولۇپ قېلىشى مۇمكىن. مەسىلەن، ئەنگلىيەگە كۆچۈپ بارغان بېنگاللىقلار ياكى تۈركلەردەك. بەزى مىللەتلەر ئۆزىنىڭ يەرلىك مۇھىتىدا كۆپ بولسىمۇ، ئۇ يەرگە يەرلەشكەن كۆچمەنلەرنىڭ ئاۋۇپ كېتىشى بىلەن ئاز سانلىق مىللەت بولۇپ قالىدۇ. مەسىلەن، ئامېرىكىدىكى ئىندىيانلاردەك. بۇنىڭدىن مەلۇمكى، «ئاز سانلىق مىللەت» دېگەن ئۇقۇم ئىجتىمائىي ۋە سىياسىي مەنىگە ئىگە، جەمئىيەت كۈچلىرىنىڭ نىسبىتىدىكى ئۆزگىرىشتىن كېلىپ چىققان بولىدۇ. ھىندىستاندىكى شىكلار (Sikhs) پۈتكۈل ھىندىستان نوپۇسىنىڭ 2% ىگە يەتمەيدۇ. ئەمما، ئۇلارنىڭ رايونى پەنجابقا نىسبەتەن كۆپ سانلىق بولۇپ، شۇ يەردىكى نوپۇسنىڭ 65% ىنى ئىگىلەيدۇ. دېمەك، شىكلار ھىندىستانغا

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى



نىسبەتەن «ئاز سانلىق»، پەنجابقا نىسبەتەن «كۆپ سانلىق». ئومۇمەن، «ئاز سانلىق مىللەت» دېگەن ئۇقۇم شەرتلىك ھەم نىسپىي ئۇقۇم. شۇڭا، نورۋېگىيەلىك ئىنسانشۇناس توماس خوللاند ئېرىكسون (Thomas Hylland Eriksen) «گەرچە ئاز سانلىق مىللەت دېگەن سۆز ساندىكى ئاز - كۆپلۈكنى بىلدۈرسىمۇ، كەسپىي ھۆججەتلەردە سىياسىي جەھەتتىكى بويسۇنۇشنى بىلدۈرىدۇ» دېگەنىدى. روشەنكى، بۇ ئىنتىلىشلار غەربنىڭ ئىجتىمائىي شارائىتىنى شەرت قىلغان.

ئەنگلىيە ئىقتىسادىنىڭ ياخشى بولۇشى ۋە جەمئىيەتنىڭ مۇقىم بولۇشى دۇنيانىڭ تىنچسىز رايونلىرىدىكى كىشىلەرنى بۇ يەرگە جەلپ قىلدى. «11 - سېنتەبىر ۋەقەسى»دىن كېيىنكى مالىمانچىلىقلاردا تېخىمۇ شۇنداق بولدى. دۇنيانىڭ ئوخشىمىغان جايلىرىدىكى سىياسىي تەھدىتلەر، دىكتاتور تۈزۈملەر ۋە ئۇرۇشلار نۇرغۇن پاناھلىق تىلىگۈچىنى كەلتۈرۈپ چىقاردى. سومالى، ئافغانىستان، ئالبانىيە، ئىراق، ئوتتۇرا ئاسىيا باشقا يەرگە مۇساپىر «ئېكسپورت» قىلىدىغان رايونلارغا ئايلىنىپ قالدى. مۇساپىرلارنىڭ توركۆملەپ يېتىپ كېلىشى يەرلىك بىرىتانىيەلىكلەردە ئىقتىسادىمىز ئاشۇلار تۈپەيلى خاراب بولىدىغان بولدى، دېگەن ئەندىشىنى پەيدا قىلدى. دۆلەت ئىچىدىكى ئېتنىك تەركىبلەرنىڭ كۆپ خىللىشىشى تەبىئىي ھالدا نازۇك ئىرقىي مەسىلىلەرنى پەيدا قىلىپ، دۆلەتنىڭ جىددىي كۆڭۈل بۆلۈش نۇقتىسىغا ئايلاندى ھەمدە ئىرقىي كەمسىتىشكە قارشى تۈرىدىغان ۋە ئىرقلار ئارا باراۋەرلىكنى نىشان قىلغان قانۇنلار تۈزۈلۈپ يولغا قويۇلۇشقا باشلىدى.

سوغۇقچىلىق ئۇرۇشىنىڭ ئاخىرلىشىشى بىرىتانىيەنىڭ سىياسىي ئاتموسفېراسىغا تېخىمۇ كۆپ ئازادىلىك ئېلىپ كەلدى. ئاقسۆڭەكلەر تەبىقىسى بىلەن ئاۋام ئوتتۇرىسىدىكى تەبىقىچىلىك ئازايدى، كىشىلەرنىڭ ئىندىۋىدۇئال تاللاشلىرىغا بولغان

ئەنئەنىۋى كونتروللۇق بوشىدى. شەخس ئازادلىقى تەشەببۇسىدىكى مەدەنىيەت مەھسۇلاتلىرى بازارنى كەڭرى ئىگىلەشكە باشلىدى. تېخىمۇ ئەركىن، تېخىمۇ كەڭ قورساق، سەھىيە ۋە مائارىپ جەھەتتە تېخىمۇ ئەۋزەل بىر جەمئىيەت كىشىلەرنىڭ كۆز ئالدىدا ئايان بولۇشقا باشلىدى.

ئەنگلىيەدە ئىنگلىز تىلىدىن باشقا قانچە خىل تىلنىڭ سۆزلىنىدىغانلىقى ئېنىق بولمىدى. كىشىلەردىن سوراپ بىلىشىمچە، پەقەت لوندوننىڭ ئۆزىدىلا 200 خىلدىن ئارتۇق تىل سۆزلىنەرمىش. ئەلۋەتتە، بۇ سانىنىڭ ئىچىدە ئۇيغۇر تىلىنىمۇ بار دەپ قارىدىم. لوندوندا ئۇزۇنىراق تۇرغان ئۇيغۇر قېرىنداشلاردىن سوراپ بىلىشىمچە، بىرىتانىيەدە نەپەس ئېلىۋاتقان ئۇيغۇر زاتى 200 گە يېقىنمىش. ئۇلار باغچىلاردا، ئاپتوبۇسلاردا، بىر - بىرى بىلەن تېلېفون ئارقىلىق سۆزلەشكەندە ئانا تىلىدا بەھۇزۇر پاراڭلىشىدىكەن. ئاپتوبۇسلاردا غەيرىي ئىنگلىز تىلىدا سۆزلەشكەنلەر ھېچكىمنىڭ دىققىتىنى قوزغىيالمايدۇ. چۈنكى، لوندوندىكى كۆچمەنلەرنىڭ نوپۇسى پۈتكۈل لوندون نوپۇسىنىڭ 30% نى ئىگىلەيدىغان بولۇپ، دۇنيادىكى مۇساپىرلار مۇزېيى دېيىشكە بولاتتى. قىزىق يېرى، بىرىتانىيەدە قانچە مىللەت بار دېسەڭ شۇنچە خىل ئىنگلىز تىلى بار دېيەلەيمىز. چۈنكى، ئۇلار ئىنگلىز تىلىدا سۆزلىسە ئۆزلىرىنىڭ ئانا تىلىدىكى تەلەپپۇزنى قوشۇۋېتەتتى. شۇڭا، ئىنگلىزلارمۇ بۇزۇلغان ئىنگلىزچىنى ئاڭلاپ چۈشىنىشكە كۆنۈككەن.

بەلكىم، بىرىتانىيەنىڭ ئەڭ تىپىك يەرلىك مەھسۇلاتى ئىنگلىز تىلى بولسا كېرەك. بۇ مەھسۇلات بۈگۈنكى كۈندە پۈتكۈل دۇنيانى قاپلىدى. مەلۇماتلاردىن كۆرە، 1.4 مىليارد كىشى ئۈچۈن ئىنگلىز تىلى مەمۇرىي تۈسكە ئىگە ئىكەن. 400 مىليون ئادەم ئىنگلىز تىلىنى بىرىنچى تىل سۈپىتىدە سۆزلىسە، 500 مىليون ئادەم ئىككىنچى تىل سۈپىتىدە سۆزلەيدىكەن. ئۇنىڭدىن باشقا 1

مىليارد ئادەم مەكتەپلەردە ئىنگلىز تىلى ئۆگىنىدىكەن. دۇنيا نوپۇسىنىڭ ئۈچتىن ئىككى قىسمىنى ئىنگلىز تىلىدىن ئازراق مەلۇماتقا ئىگە دەپ ھېسابلاشقا بولىدىكەن. دۇنيادىكى 60 تىن ئارتۇق دۆلەتتە ئىنگلىز تىلى ھۆكۈمەت تىلى ياكى يېرىم ھۆكۈمەت تىلى سۈپىتىدە ئىشلىتىلىدىكەن.

بىرىتانىيەدە يەنە سۆزلىگۈچىلىرى 100 مىڭدىن ئاشىدىغان تىلدىن ئون ئىككىسى بار ئىكەن. بۇلاردىن ئوردۇ، ھىندى، ئەرەب، تۈرك، خەنزۇ تىللىرىنى مىسالغا ئېلىش مۇمكىن. بىرىتانىيەدە 2000 يىللىق تارىخقا ئىگە بىر تىل بار، ئۇ گېلىك تىلى (Gaelic language) بولۇپ، ئىنگلىز تىلىدىن پەرقلىنىدۇ. ئادەتتە، بۇ تىل مىلادىيەدىن بۇرۇنقى 14 ـ ئەسىردە شەكىللەنگەن دەپ قارىلىدۇ. بۇ تىلنىڭ ئىگىسى بولمىش گېل (Gaels) لار ئىرېلاندىيە، مان ئارىلى (Isle of Man)، (شىمالىي ئىرېلاندىيە بىلەن ئەنگلىيە ئوتتۇرىسىدىكى كىچىك ئارال)، شوتلاندىيە قاتارلىق يەرلەرگە جايلاشقان. مىلادىيە 15 ـ ئەسىرگە كەلگەندە (800 يىللاردىن كېيىن) شىمالىي ياۋروپادىن باستۇرۇپ كەلگەن ئانگلو ـ ساكسون (Anglo - Saxon) قەبىلىلىرى كېلتلارنى كورنۋول (Cornwall)، ۋېلس (Wales) ۋە شوتلاندىيە (Scotland) تەرەپلەرگە قوغلىۋەتكەن. گېلىك تىللىرى ئائىلىسىگە كىرىدىغان ۋېلش (Welsh)، ئىرېلاند تىلى (Irish)، شوتلاندىيە تىلى نىسپىي مۇستەقىل بۇ جۇغراپىيەلىك رايونلاردا مۇستەقىل راۋاجلىنىپ ماڭالىغان. مان ئارىلى (Isle of Man)نى ئالساق، نوپۇسى 80 مىڭدىن ئاشىدىغان بۇ ئارالدا ئىنگلىز تىلى بىلەن بىللە مان تىلى (Manx) ھۆكۈمەت تىلى قىلىنىدۇ، تېخى ئۆزىنىڭ پارلامېنتىغا ئىگە. ۋېلش تىلى (Welsh Language) نى ئالساق، سۆزلىگۈچىسى 750 مىڭدىن ئاشىدۇ، ۋېلشلار ئاساسەن دېگۈدەك شەرق تەرەپتىن ئەنگلىيە (England) بىلەن چېگرالىنىدىغان ۋېلش (Wales) تا ياشايدۇ. بۇ تىل 20 ـ ئەسىرنىڭ

ئوتتۇرىلىرىدا ئىنگلىز تىلىنىڭ ھۆكۈمەت، مائارىپ ۋە سودا ساھەلىرىدىكى زومىگەرلىكىگە ئۇچراپ چەتلەشتۈرۈلگەن. نەتىجىدە، ۋېلش تىلى چېركاۋ ۋە ئائىلىلەردىلا سۆزلىنىدىغان بولۇپ قالغان. 19 - ئەسىردە كان ۋە پولات - تۆمۈر ئىشچىلىرى بولۇپ كەلگەن ئىنگلىز ئىشچىلار ۋېلشلارنى چەتكە قاققاچقا، ئۇلارنىڭ بىر قىسمى ئارگېنتىناغا كۆچۈپ كەتكەن. ۋېلش تىلىنىڭ چېكىنىشى 1960 - يىللارغا قەدەر داۋام قىلىندۇ. كېيىن مىللەتپەرۋەرلىكنىڭ ئەۋج ئېلىشى بىلەن، كىشىلەر ۋېلش تىلى ئارقىلىق ئۆزلىرىنىڭ مىللىي كىملىكىنى قايتىدىن تىكلىمەكچى بولىدۇ.

1964 - يىلى بېرىتانىيە ھۆكۈمىتىمۇ كىشىلەرنىڭ بۇ خاھىشىنى قوللاپ، ئەنگلىيە رادىيو شىركىتى (British Broad Casting Corporation)نىڭ ۋېلش تىلى تارمىقىنى قۇرۇپ بېرىدۇ. 1967 - يىلى ۋېلش تىلى پائالىيىتىدە ۋېلش تىلى قوغدىلىدىغان تىل سۈپىتىدە قانۇنلىشىدۇ. نەتىجىدە، ھۆكۈمەت ھۆججەتلىرى ۋېلش ۋە ئىنگلىز تىلىدا يېزىلىدىغان بولىدۇ. 1970 - يىلىغا كەلگەندە ۋېلش تىلىدىكى يەرلىك گېزىت، 1982 - يىلىغا كەلگەندە تېلېۋىيە قانىلى تەسىس قىلىنىدۇ. 1993 - يىلىغا كەلگەندە ۋېلش تىلى ئىنگلىز تىلى بىلەن باراۋەر تىل سۈپىتىدە ھۆكۈمەت تەرىپىدىن مۇقىملاشتۇرۇلۇپ، قانۇنىي ۋە ئاممۇۋى ئىشلاردا ۋېلش تىلى ئىشلىتىلىدىغان بولدى. ۋېلش تىلى ھازىر مەكتەپلەردە بىمالال ئىشلىتىلىدۇ. ئۇزاق دەۋرلىك شانلىق ئەدەبىيات تارىخىغا ئىگە بۇ تىلدا مۇزىكا، ئەدەبىيات ۋە دىراما كېچىلىكلىرى ئۆتكۈزۈلۈپ تۇرىدۇ. كېچىلىكلەردە مىللىي شائىرلارنىڭ ساپ ۋېلش تىلىدىكى شېئىرلىرى كىشىلەرنىڭ يوللۇق بولغان مىللىي كىملىك تۇيغۇلىرىنى تازىلاپ، تاۋلاپ تۇرىدۇ.

ئىرېلاند تىلى (Irish) ئىرېلاندىيە 1803 - يىلى

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com


بىرىتانىيەنىڭ بىر تەركىبىي قىسمى بولغانغا قەدەر كەڭ تۈردە ئىشلىتىلىپ كېلىنگەنىدى. بىرىتانىيەگە قوشۇلغاندىن كېيىن، ئىرېلاند تىلى بىر مەزگىللىك خاراب بولۇش دەۋرىنى باشتىن كەچۈردى. 19 ـ ئەسىرنىڭ ئاخىرلىرىغا كەلگەندە، ئىرېلاندلاردا جۇمھۇرىيەت ھەرىكىتى پەيدا بولۇپ، ئىرېلاند تىلىنى ئۆزلىرىنىڭ سىمۋولى ۋە مەدەنىيەت كىملىكى سۈپىتىدە ھىمايە قىلىشقا باشلايدۇ. 1921 ـ يىلى جەنۇبىي ئىرېلاندىيە قىسمەن مۇستەقىل بولۇپ، ئىرېلاند تىلىنى ئەسلىگە كەلتۈردۇ. نۆۋەتتە، ئىرېلاند تىلى ئىرېلاندىيە جۇمھۇرىيىتىنىڭ رەسمىي بىرىنچى ھۆكۈمەت تىلى سۈپىتىدە ئىشلىتىلمەكتە. شىمالىي ئىرېلانىيەدە ئىرېلاند تىلىنى ئىشلىتىش سەزگۈر سىياسىي مەسىلە بولۇپ كەلگەن بولۇپ، 2001 ـ يىلغا كەلگەندە پۈتكۈل شىمالىي ئىرېلاندىيەدىكى 1.7 مىليون ئادەمدىن پەقەت 167 مىڭ 490 ئادەملا ئىرېلاند تىلىدىن ئاز ـ تولا خەۋىرى بار بولۇپ چىققان. بىرىتانىيە ھۆكۈمىتى ئىشنىڭ چاتاق ئىكەنلىكىنى تونۇپ يېتىپ، يەرلىك تىلنى كۈچەيتىش ئۈچۈن ئىقتىسادىي كاپالەت بېرىدۇ. شۇنىڭ بىلەن قوش تىللىق مەكتەپلەر ۋە مۇستەقىل تىلدىكى رادىيو ـ تېلېۋىزىيە پىروگراممىلىرى بارلىققا كېلىدۇ. 2004 ـ يىلى بىرىتانىيە ھۆكۈمىتى ئىرېلاند تىلىدا كىنو ـ تېلېۋىزىيە فىلىملىرىنى كەڭ تۈردە ئىشلەشنى يولغا قويىدۇ. ئىرېلاندىيە ئەدەبىياتى مىلادىيە 6 ـ ئەسىردىن باشلانغان مول نەتىجىلىك ئەدەبىيات بولسىمۇ، بۈگۈنكى كۈندە ئىرېلاند تىلىنى يەكتىل (ئانا تىل) سۈپىتىدە ئىشلىتىدىغان ئادەمدىن 5000 ئەتراپىدا قالغان.

شوتلاند تىلى (Scottish) مۇ باشقىنى ئاغرىتىدىغان مەسىلە بولۇپ كەلگەن. مىلادىيە 15 ـ ئەسىردە ئىرېلاندىيەدىكى كېلكلار شوتلاندىيەنىڭ غەربىگە كۆچىدۇ. بەش ئەسىردەك يېگانىلىق بۇ تىلنىڭ خاس راۋاجلىنىشىغا ئىمكان بېرىدۇ. بىراق، ئۇلار ئەۋزەل تۇرمۇش شارائىتىنى قوغلىشىپ ئۇياق ـ بۇياقلارغا چېچىلىپ

كەتكەچكە، مەزكۇر تىلنىڭ ھاياتىي كۈچى ئاجىزلاشقا باشلايدۇ. 1891 ـ يىلىدىكى مەلۇماتتا، بۇ تىلدا سۆزلىشىدىغانلار 250 مىڭ بولغان بولسا، 2001 ـ يىلى 60 مىڭغا چۈشۈپ قالغان. بۇ، شوتلاند ئاھالىسىنىڭ 2.1% نى تەشكىل قىلىدىغان سان ئىدى. مۇشۇ ساننىڭ ئىچىدىمۇ شوتلاند تىلىنى يەكتىل سۈپىتىدە ئىشلىتىدىغانلاردىن ئاران 5000 ئادەم قالغان. بۇ تىلمۇ نامرات، تەربىيە كۆرمىگەن قېقىندى ئادەملەر سۆزلىشىدىغان تىل سۈپىتىدە كەمسىتىلىپ كەلگەن بولۇپ، 2004 ـ يىلى بىرىتانىيە ھۆكۈمىتىنىڭ قوللىشى بىلەن مەكتەپلەردە ئىشلىتىلىشكە باشلايدۇ، مەخسۇس رادىيو ـ تېلېۋىزىيە پىروگراممىلىرى يولغا قويۇلىدۇ.

ئەسلىدىنلا شانلىق ئەنئەنىگە ئىگە بۇ تىل 1707 ـ يىلى شوتلاندىيە پارلامېنتىنىڭ ئەمەلدىن قالدۇرۇلۇشى بىلەن ئەمەلدىن قېلىپ، ئىنگلىز تىلى مائارىپ ۋە سودا تىلىغا ئايلانغان. بىراق روبېرت لۇئىس ستېۋېنسون (Robert L.Stevenson,1894 — 1850)، ۋالتېر سكوت (Walter Scott,1832 — 1771)، روبېرت بۇرنس (Robert Burns, 1796 — 1759) قاتارلىق دۇنياۋى ئەدىبلەر بۇ تىلنى شوتلاندلارنىڭ مۇبارەك ئاۋازى سۈپىتىدە قەدىرلەپ، شۆھرەتلىك ئەسەرلەرنى يېزىپ قالدۇرۇشقان. ئەمەلىيەتتە بۇلار شوتلاندىيەنىڭ پەخىرلىك نامايەندىلىرى بولۇپلا قالماي، دۇنيا ئەدەبىياتىدىكى كىلاسسىك نامايەندىلەردۇر. ھازىر ھەر يىلى 25 ـ يانۋار بۇرنسنىڭ خاتىرە كۈنى سۈپىتىدە داغدۇغىلىق خاتىرىلىنىپ، ئۇنىڭ بۇرۇنقى ئىناقلىقنى ئەسلىتىدىغان «قەدىناس دوستلار» (Auld Lang Syne) دېگەن شېئىرى ناخشا قىلىپ ئوقۇلىدۇ. بۇ، پۈتكۈل دۇنيا بىلىدىغان مەشھۇر ناخشىدۇر. بۈگۈن شائىر توم لېنارد (Tom Leonard) ۋە دىراماتورگ روبېرت ماكلېلان (Robert Mclellan) لار بۇ تىلدا ئىنچىل يېزىقچە قىلىپ كەلمەكتە.

www.uyghurkitap.com

ئەنگلىيە، ئامېرىكا، كانادا قاتارلىق غەرب دۆلەتلىرى مىللەتلەر مۇناسىۋىتىنى قانداق بىر تەرەپ قىلىشقا دائىر تەجرىبىلەرگە باي دۆلەتلەر بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. تۈرلۈك شەكىلدىكى ئاسسىمىلياتسىيە سىياسىتى مۇشۇ ئەللەردە بارلىققا كېلىپ، ئاسسىمىلياتسىيەنىڭ تۈرلۈك ئەندىزىسى تەييار پىششىقلاپ ئىشلەنگەن مەھسۇلاتلار سۈپىتىدە ئاسىيا، ئافرىقىدىكى كۆپ مىللەتلىك نۇرغۇن دۆلەت تەرىپىدىن سىناق قىلىنىدى ۋە قىلىنىۋاتىدۇ. ئامېرىكىنىڭ ھەر خىل مىللەتنى ئەۋزەل ئىقتىسادىي شارائىتتىكى ئانگلو ـ ساكسون مەدەنىيىتىنىڭ داش قازىنىدا قاينىتىپ، يېڭى مەھسۇلاتلارنى پەيدا قىلىشى «ئانگلو ئۇيغۇنلانمىسى» (Anglo ـ Conformity盎格鲁适应) مودېلىنى كەلتۈرۈپ چىقاردى. يەرلىك خەلققە ئىقتىساد، پەن ـ تېخنىكا، مائارىپ قاتارلىق جەھەتلەردە «ياردەم» بېرىش، تىل ۋە دىن تارقىتىش، ئەسلىدىكى ئولتۇراق يەرلەرنى ئۆزگەرتىش، نوپۇس قۇرۇلمىسىنى قايتا تەڭشەش قاتارلىقلار ئاشۇ ئەللەردە تەجرىبىدىن ئۆتكەن ئۇسۇللاردۇر. بىراق، بۇ ئۇسۇللاردىكى ئىنسانىيەتسىزلىكلەر تەنقىدكە ئۇچرىغان ۋە بىر قىسىم مىللەتنى ئېرىتىش قىيىنغا توختىغانلىقتىن كانادا ۋە ئاۋستىرالىيە ھۆكۈمەتلىرى 1970 ـ يىللىرىدىن باشلاپ ئاسسىمىلياتسىيە مودېلىدىن ۋاز كېچىپ، كۆپ كۇلتۇرچىلىك (Multi Culturalism 多元文化主义) سىياسىتىنى يولغا قويدى.

دۇنيانىڭ ئىرقىي سىياسەت جەھەتتىكى يېقىنقى ئۆزگىرىشىگە ئاۋستىرالىيەنىڭ يېقىندىن سايلانغان زۇڭلىسى رۇد مىخايىل كېۋىن (Rudd Michael Kevin) نىڭ يەرلىك خەلقتىن ئەپۇ سورىشى تىپىك بىر مىسال بولالايدۇ. كاپىتان كۇك ئاۋستىرالىيە تۇپرىقىغا تۇنجى قەدەم قويغاندا، بۇ يەردىكى يەرلىك خەلقنىڭ بۇ قۇرۇقلۇقتا ياشاپ كەلگىنىگە تالاي ئەسىر بولغانىدى. 1988 ـ يىلى ئاۋستىرالىيە ھۆكۈمىتى بۇ زېمىن بايقالغانلىقىنىڭ 200

يىللىقىنى خاتىرىلىگەندە، يەرلىك خەلقلەر 200 يىللىق ئىجارە ھەققىنى تۆلىسۇن دەپ تووۋلاشقانىدى. 1869 ـ يىلى ۋىكتورىيە ئىشتاتى «يەرلىك خەلقلەرنى قوغداش قانۇن لايىھەسى»نى تۈزۈپ، يەرلىك خەلقلەرنىڭ بالىلىرىنى ئاتا ـ ئانىلىرى ۋە يۇرتلىرىدىن ئايرىپ، ئاق تەنلىكلەرنىڭ ئائىلىسىدە «مەدەنىيەتلىك» قىلىپ تەربىيەلەش سىياسىتىنى يۈرگۈزگەنىدى. تولىمۇ دىيانەت تۇسىگە ئىگە بۇ پىلان كېيىنكى تارىخ تەرىپىدىن «خىيانەت» دەپ ئەيىبلەندى ۋە يەرلىك خەلقلەرنىڭ مەجبۇرلاپ ئېلىپ كېتىلگەن پەرزەنتلىرى «ئوغرىلانغان ئەۋلاد» (Stolen generation) دەپ ئاتالدى. كىشىلىك ھوقۇق (ئىنسان ھەقلىرى) پائالىيەتچىلىرىنىڭ ئىزچىل تەنقىدلەپ كېلىشى نەتىجىسىدە، ئالدىنقى قاراردىكى زۇڭلى جون خوۋارد (John Howard) ھۆكۈمىتىگە ئاشكارا ئەپۇ سوراش تەكلىپى قويۇلغانىدى. بىراق، جون خوۋارد تاكى ۋەزىپىسىدىن چۈشكىچە ئۇ تەلەپنى رەت قىلىپ كەلگەن. ئالدىنقىلارنىڭ خاتالىقىنى كېيىنكىلەرنىڭ ئۈستىگە ئېلىشى بولۇپ قارالغان بۇ مەسىلە 2008 ـ يىلى 13 ـ فېۋرال مۇشۇ جەھەتتە ۋەدە بېرىپ تەختكە چىققان رۇد مىخائىل كېۋىن تەرىپىدىن تولۇق مۇئەييەنلەشتى. ئۇ مۇنداق دېدى: «بىز ئۇلارنىڭ ئائىلىسى ۋە جەمئىيىتىنى پارچىلىۋەتكەنلىكىمىز ئۈچۈن ئاتا ـ ئانىلار، قېرىنداشلار ۋە ئاچا ـ سىڭىللاردىن ئەپۇ سورايمىز. بىز پەخىرلىك مىللەت ۋە مەدەنىيەتنىڭ خورلۇققا ئۇچرىشىغا سەۋەبكار بولغانلىقىمىزدىن كەچۈرۈم سورايمىز». بۇ گەپتىن ئاۋستراليە يۇقىرىسى ھاياجانلىق كۆز يېشى قىلدى. ئاھانەتلىك تارىخنىڭ بوپىسىنى قانداق تاشلىۋېتىشنى بىلىش سىياسىيوندىكى ئىقتىدارنىڭ بىر تۈرىدۇر. ئەگەر ئېلىمىزدە ئون يىللىق «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» داۋامىدا ئۇۋال قىلىنغانلار ئاقلانمىسا، كېيىنكى ئىسلاھات قەدىمى ئوڭۇشلۇق بولماس ئىدى. ئەگەر ئامېرىكا مارتىن لۇتېركىڭنىڭ تۇغۇلغان كۈنىنى

ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يىغىن ئادرىسى

دۆلەت بايرىمى قىلىپ بېكىتمىسە، ۋاشىڭتون قاتارلىق شەھەرلەرگە يۇقىرالار ھوقۇقى ئابىدىسىنى تىكلىمىسە تارىختىكى نومۇسلۇق سەھىپىلەرگە يۈز كەلگىلى بولمايتتى. دېمەك، كەڭ قورساقلىق كېلەچەكنىڭ ئەڭ ياخشى سىياسىي دەسمايىسى.

كۆپ مىللەتلىك دۆلەتلەردە كۆپ كۇلتۇرچىلىك سىياسىتىنى يۈرگۈزۈش يېڭى بىر يۈزلىنىش بولۇپ قالدى. كۆپ كۇلتۇرچىلىك دېگەن نېمە؟ ئۇ ئەۋزەل ئورۇندىكى ئېتنىك تۈركۈمگە يات بولغان باشقا ئېتنىك تۈركۈملەرنىڭ ئۆزىنىڭ مەدەنىيەت، تىل جەھەتتىكى ئالاھىدىلىكى ۋە خاسلىقىنى ساقلاپ، داۋاملىق جارى قىلدۇرۇشىغا بولغان قانۇنىي كاپالەتنى كۆرسىتىدۇ. بىرىتانىيەنىڭ ھازىرقى سىياسىتىمۇ كۆپ كۇلتۇرچىلىك تەشەببۇسى بىلەن تەركىبلەنگەن. سىرتتىن كۆچۈپ كېلىپ يەرلەشكەن توپلارمۇ مۇشۇ سىياسەتتىن بەھرىمەن بولالايدۇ.

مەدەنىيەت ۋە تارىخ جەھەتتە مۇرەككەپ باسقۇچلارنى باشتىن كەچۈرگەن بىرىتانىيە ئالدىنقى ئەسىرنىڭ ئاخىرلىرىدا يەنە چوڭ بىر سىياسىي ئىسلاھاتنى ئۇڭۇشلۇق تاماملىدى: 1997 ـ يىلى 12 ـ ۋە 18 ـ سېنتەبىردە شوتلاندىيە ۋە ۋېلش ئايرىم ـ ئايرىم ھالدا شۇ يەردىكى پۇتكۈل خەلقنىڭ راي سىنىشىدىن ئۆتكۈزۈپ چەكلىك ئاپتونومىيە تۈزۈلمىسىنى ئورناتتى. 1999 ـ يىلى مايدا ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ يەرلىك پارلامېنتلىرىنى تەشكىل قىلدى. بۇ، ھوقۇقنى يۈكسەك دەرىجىدە مەركەزلەشتۈرگەن ئەنئەنىۋى تۈزۈلمىنىڭ تارىخىي ئۆزگىرىشى بولۇپ قالدى. شۇ يىلى 26 ـ ئۆكتەبىردە يۇقىرى پالاتا پارلامېنت ئىسلاھاتى توغرىسىدىكى لايىھەگە ئۈچ قېتىم قاراپ چىقىپ، ئاقسۆڭەكلەر ۋارىسلىق تۈزۈلمىسىگە خاتىمە بەردى.

ئەگەر بىز يېقىنقى زامان دۇنيا تارىخىنى بىر قۇر ۋاراقلاپ چىقساق شۇنى بايقايمىزكى، بۈگۈنكى تالاي كىشىنىڭ تەقدىرى ئەنگلىيەنىڭ تەسىرىدىن مۇستەسنا ئەمەس. ئەنگلىيەنىڭ تەسىرى

دېمىلگەندە، ئىسسىمىزگە سانائەت ئىنقىلابى، پارلامېنت سىستېمىسى ۋە ئىنگلىز تىلى كېلىدۇ. ھەربىر ئىجتىمائىي ئىنقىلاب تەپەككۇر ئىنقىلابىدىن ئايرىپ قارالمايدۇ. ئادام سىمىس (Adam Smith)، جون مايىنارد كېينېس (John Maynard Keynes) قاتارلىقلار كاپىتالىزم ئىدىيەسىنىڭ شەكىللىنىشىگە زور تەسىر كۆرسەتكەن ئىقتىسادشۇناسلاردۇر. بۈگۈنكى دۇنيانىڭ دېموكراتىك سىستېمىسىغا توماس خوببېس (Thomas Hobbes)، جون لوك (John Locke)، جون ستۇارت مىل (John Stuart Mill) زور تەسىر كۆرسەتكەن. ئىنگلىز تىلىنىڭ تەسىرىگە كەلسەك، ئىنگلىز تىلىنى ياخشى ئۆگەنگەن ئادەم دۇنيانىڭ قەيىرىگە بارمىسۇن ئۆزىنى چۈشىنىدىغان ۋە ياردەم قىلىدىغان ئادەم تاپالايدۇ.

مەلۇم مەنىدىن ئېيتقاندا، ئەنگلىيەنى، يەنى ئىنگلىزلارنى چۈشىنىش دۇنيانى چۈشىنىش دېسەك مۇبالىغە بولماس.

بۈگۈنكى ئەنگلىيەلىكلەرنىڭ مىللىي كېلىپ چىقىشى ھەر خىل بولۇپ، ئۇلارنىڭ چەت ئەللىكلەرگە بولغان پوزىتسىيەسىمۇ ئوخشىمايدۇ، روشەنكى، ئەنگلىيەلىكلەرنى تۈرگە ئايرىشمۇ قىيىن. بۈگۈنكى ئەنگلىيە بەئەينى مىللەتلەر قوشۇلۇشىنىڭ قازىنىغا ئوخشايدۇ. ناۋادا بەزى مىللەتلەرنىڭ ئۇيۇشمىسى ئاجىز بولۇپ، تارقاق ھالەتتە تۇرغان بولسا، بۇنداق مىللەتلەرنىڭ يېڭى كەلگەن ئەزالىرى قېقىندى ـ سوقۇندى بولۇپ قالغاندەك ھېس قىلىدۇ. نۇرغۇن ئەنگلىيەلىك ياتلارغا نىسبەتەن ئالدىراپ ئېرىپ كەتمەيدۇ. ۋېلشلار ۋە شوتلاندىيەلىكلەر سەل قىزغىن. شوتلاندىيەلىكلەر ئىنگلىزلارنى دوستانە ئەمەس، دەپ ۋايسايدۇ.

ئەلۋەتتە، لوندونلۇقلار سەھرادىكىلەردەك قىزغىن ئەمەس، چۈنكى چوڭ شەھەر ئادەملىرى سۈركىلىپ يۈرۈشىمۇ مۇناسىۋەتتە سۇس كېلىدۇ.

سەھرادىكى ئەنگلىيەلىكلەر قائىدە ـ يوسۇنلۇق ۋە دوستانە كېلىدۇ. ئۇلار ياردەمگە موھتاج ناتونۇش ئادەملەرگە ياردەم قولىنى

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ بىرلا ئادرېسى



سۈنىدۇ. چوڭ شەھەرلەردە بولسا ئۇنداق ئەمەس. سەن ياردەم سورىغان ئۇ ئادەملەرمۇ پويىزغا ياكى مېتروغا ئالدىراش كېتىۋاتقانلار بولۇپ، سوئاللىرىڭغا جاۋاب بەرگىلى چولىسى يوق. بەلكىم ئۇلارمۇ سەندەك كەلگۈندى بولۇپ، ئىشلارنى تۈزۈك ئۇقۇپ كەتمەيدۇ. ئەمما، ياردەم كېرەك بولغاندا يەرلىك ئىنگلىزلار ئەسقېتىپ قالىدۇ. ئۇلاردىن خۇسۇسىي گەپلەرنى كۆپ سورىساڭ، رايى يېنىپ كېتىدۇ. مەسىلەن، يەرلىك ئىنگلىزلاردىن «نەدىن كەلدىڭىز؟»، «نەگە بارىسىز؟» دەپ سوراشتا ئېھتىيات قىلىش كېرەك، بۇ خۇسۇسىي مەخپىيەت قاتارىدا كۆرۈلىدۇ.

«ئۆز ئىشىغا پۇختا بولۇش» سۆزىگە مەركەزلەشكەن ئىپادىلەر ئەنگلىيەلىكلەرنى «سوغۇق» دېگەن بەتنامغا ئېرىشتۈرۈپ قويغان. بۇ ئانچە ئادىل بولمىغانلىق. كىشىلەر بىلەن ئارىلاشقاندا، ئەنگلىيەلىكلەر تونجى قەدەمدە قىزغىن بولۇپ كەتمەيدۇ. ئەگەر تەشەببۇسكار بولسىڭىز ۋە ئۇلارنىڭ شەخسىي ئىشىغا ئارىلاشمىسىڭىزلا، ئۇلار ئاستا ـ ئاستا ئېرىيدۇ.

مۇھىم دوقمۇشلاردا تىجارەت قىلىۋاتقان ئۇششاق تىجارەتچىلەر ئاسانلا ساياھەتچىلەرنىڭ گەپ سوراش ئوبيېكتىغا ئايلىنىپ قالىدۇ. مۇبادا ئۇلاردىن يول سورىسىڭىز، قىياس قىلىڭكى، بەلكىم، سىز يۈزىنچى سوئال سورىغۇچى بولۇپ قېلىشىڭىز مۇمكىن.

ئەنگلىيەلىكلەر پويىز، مېترو، ئاپتوبۇسلاردا جىم ـ گەپ قىلماي ئولتۇرىدۇ. ئەگەر بىر پويىز باشقا بېكەتكە بارغىچە يېرىم يولدا تاسادىپىي توختاپ قالسىمۇ، يەرگە چۈشكەن يىڭنىنىڭ ئاۋازى ئاڭلانغۇدەك جىمجىتلىق ھۆكۈم سۈرىدۇ. پەۋقۇلئاددە دوستلاردىن بولمىسلا، ئۇلار پاراڭلىشىپ يۈرمەيدۇ. ئوتتۇرىچە ئادەم بار ۋاگوندا گېزىت ياكى كىتابلارنىڭ شىرىقلىغان ئاۋازىدىن باشقا ئاۋاز ئاڭلانمايدۇ. جۇڭگودا ۋارقىراپ سۆزلىشىپ ئۆگىنىپ قالغان

ئادەملەر بۇنداق جىمجىتلىقتىن بىئارام بولىدۇ. چۈنكى، ئەنگلىيەلىكلەر ئۇلارنىڭ گېپىگە سۈكۈت بىلەن جاۋاب بېرىدۇ ياكى كۈلۈمسىرەپ قويىدۇ.

مېترولاردا مەست بولۇپ، ئالىتاغىل ۋارقىراپ يۈرگەن سايىقلارنى كۆرۈپ قېلىشىڭىز مۇمكىن. ئەنگلىيەلىكلەر ئۇنداقلارنى كۆرمەسكە سېلىپ ئۆتۈپ كېتىدۇ. تاماشا كۆرىدىغانلار ئومۇمەن چەت ئەللىك ساياھەتچىلەر بولۇپ چىقىدۇ.

ئەگەر مەلۇم بىر رايوندا بىر مىللەتتىن بولغان كىشىلەر كۆپ بولسا، شۇ مىللەت كىشىلىرى ئۆز مىللەت دائىرىسىدىلا ئالاقە قىلىپ باشقا مىللەت كىشىلىرى بىلەن ئارىلىشىپ كەتمەيدۇ. مىسالەن، بىر شەھەردە ئىنگلىزلار، قارا تەنلىكلەر (نېگىرلار)، خەنزۇلار، گىرېكلار، ھىندىلار ۋە باشقا مىللەتلەر ئولتۇراقلىشىشى مۇمكىن. سىز ئولتۇرغان كوچىدا ھىندىلارنىڭ كاۋاپخانىسى ۋە گېزىت - ژۇرنال بوتكىسى، ئىتالىيانلارنىڭ پىۋاخانىسى، جۇڭگولۇقلارنىڭ تېز تاماقخانىسى، ئىنگلىزلارنىڭ تاللا بازىرى، تۈركلەرنىڭ دۆنەر كاۋاپخانىسى بار بولۇشى مۇمكىن. بۇنداق ئارىلىشىپ ياشاش ئەنگلىيەدە ئومۇملاشقان ئەھۋال. دوست تۇتۇش ۋە ياخشى مۇناسىۋەت ئورنىتىشنىڭ ئۇنۇملۇك يولى نەرسە سېتىۋېلىش بولسا كېرەك. چۈنكى، دۇكاندارلار تەبىئىي ھالدا باشقىلارغا قىزغىن بولۇپ، قېتىۋالمايدۇ. ئۇلار كونا خېرىدارلارغا نىسبەتەن ناھايىتى قىزغىن بولسىمۇ، يېڭى خېرىدارلارغا ئۇنداق ئەمەس. چۈنكى، ئۇلار زىيادە قىزغىنلىقنىڭ باشقىلاردا تەشۋىش پەيدا قىلىپ قويۇشىدىن ئەنسىرەيدۇ. شۇڭا، خېرىدار تەشەببۇسكارلىق قەدىمىنى ئۆزى ئېلىشى كېرەك. ئەنگلىيە رەستىلىرىدىكى بۇ مىللەتلەرنىڭ دۇكانلىرى كونسېرۋاتىپ ئىنگلىزلار بىلەن ئالاقە ئورنىتىشنىڭ سەھنىسىگە ئايلىنىپ قالغان. چوڭ سودا ماگىزىنلىرى ۋە بېكەتلەر بۇنداق تونۇشۇشلارغا مۇۋاپىق كەلمەيدۇ.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



**شوتلانلار (شوتلاندىيەلىكلەر):**

شوتلانلار سۆز - چۆچەكلەردىكىدەك ئۇنچە ئىغىر مىجەز ئەمەس، بەكلا قىزغىن. كۆكسى - قارنى كەڭ، سەنئەت ھۇجەيرىسى مول. ئەگەر ئۇلارنى پىخسىق دىسەڭ، تازا ئادىل بولۇپ كەتمەيدۇ. بۇنداق قاراش ئاساسەن ئۇلارنىڭ قەدىمكى دەۋرىدىن قالغان بولۇپ، ئۇلارنىڭ چىشىغا تېگىش ئۇچۇن دىيىلگەن. شوتلانلار بۇ ھەقتە ئۆزىنى مەسخىرە قىلىپ ئوينايدۇ.

**ۋېلشلار:**

ئەگەر ۋېلشلارنى خاتا ھالدا ئەنگلىيەلىك دەپ سالسىڭىز، ئۇلار خاپا بولۇپ قالىدۇ، شوتلانلارمۇ شۇنداق. ۋېلشلار ناھايىتى دوستانە بولۇپ، شېئىر بىلەن مۇزىكىنى ياخشى كۆرىدىغان مىللەت، ئۇلار شوتلانلار بىلەن بىللە ئىنگلىزلارنى مەسخىرە قىلىدۇ.

شياڭگاڭدىن كەلگەن جۇڭگولۇقلارنى «شياڭگاڭلىقلار» دىيىشىڭىزنى ياقتۇرمايدۇ. ھازىر ئىككىنچى، ئۈچىنچى ئەۋلاد شياڭگاڭلىقلار پۈتۈنلەي ئىنگلىزلىشىپ، پەقەت ياپما قاپاقلىرىلا قالدى. ئۇلار ئۆزلىرىنى BBC (بىرىتانىيەدە تۇغۇلغان جۇڭگولۇقلار) دىيىشنى ياخشى كۆرىدۇ. ئەگەر سىز كانتون تىلى (گۋاڭدۇڭ شېۋىسى) نى بىلمىسىڭىز، چوڭ ياشتىكى جۇڭگولۇقلار بىلەن بىللە ئىشلەش زېرىكىشلىك بولىدۇ، چۈنكى ئۇلار ئىنگلىزچە بىلمەيدۇ. يېڭى ئەۋلاد جۇڭگولۇقلار ئەنگلىيەدە تۇغۇلۇپ ئۆسكەن بولۇپ، ئىنگلىزچىسى راۋان. ئۇلار پوچتا، ئاممىۋى قاتناش، دوختۇرخانا قاتارلىق ئورۇنلاردا ئىشلەيدۇ. كۆچمەنلەر، پاناھلىق تىلىگۈچىلەر ۋە چېگرادىن قانۇنسىز ئۆتكەنلەرنىڭ كۆپىيىشىگە ئەگىشىپ، «پۇتونگخۇا» (ئورتاق تىل) جۇڭگو بازىرى (China Town) دوقمۇشلىرىنىڭ تىلىغا ئايلاندى.

2001 ـ يىلىدىكى ئىستاتىستىكىغا ئاساسلانغاندا، ئەنگلىيەدىكى جۇڭگولۇقنىڭ سانى 200 مىڭدىن ئاشىدۇ.

دۇنيادىكى بارلىق ئاشخانىنىڭ خىزمەت تەرتىپى ئاساسەن ئوخشاپ كېتىدۇ. باشقىلار بىلەن چۈشىنىش هاسىل قىلىشنىڭ يوللىرى ناهايىتى كۆپ. چۈشلۈك تاماقنى ئەنگلىيەلىك خىزمەتداشلار بىلەن بىللە يېيىش ئەنگلىيە مەدەنىيىتىنى چۈشىنىشنىڭ ياخشى پۇرسىتى. ئەنگلىيەلىك خىزمەتچىلەرنىڭ چۈشلۈك تامىقى ئىنتايىن ئاددىي. شىركەت ئۆز خادىملىرىنى يۇقىرى كالورىيەلىك چۈشلۈك تاماق ياكى كەچلىك تاماق بىلەن تەمىنلەيدۇ. نۇرغۇن خىزمەتچى خادىمغا نىسبەتەن ساندۇۋىچ، ئىچكۈ ۋە شاكىلاتلار ئاساسىي يېمەكلىك بولۇپ هېسابلىنىدۇ.

بىللە غىزالىنىش ياتسىراش تۇيغۇسىنى يوقىتىپلا قالماي، ئۆز مەدەنىيىتىگىنى ئۇلارغا تونۇشتۇرۇپ، باشقىلارنىڭ كۆڭلىنى ئۇتىدىغان پۇرسەتكە نائىل قىلىدۇ. بەلكىم، ئەنگلىيەنىڭ هەممە نەرسىسىنى ياخشى كۆرىدىغان بولۇپ چىقىشىڭ ئۇلارنىڭ دوستلۇقىنى قولغا كەلتۈرۈشنىڭ ئۈنۈملۈك ئۇسۇلى بولۇپ كېتىشى ناتايىن. ئەنگلىيەلىكلەر ئۆز مەدەنىيىتىنى هىمايە قىلىدىغان هەمدە ئەنگلىيە مەدەنىيىتىگە قىزىقىدىغان چەت ئەللىكلەرنى هۆرمەت قىلىدۇ. بۇنداق چاغلاردا ئۇلار سىز بىلەن ئىچەركىششىپ، سىزگە چاي دەملەپ ۋە قايسى ماگىزىننىڭ ماللىرىنىڭ ياخشى ئىكەنلىكىنى ئېيتىپ بېرىدۇ. گەرچە ئەنگلىيەدە مىللەت ۋە ئىرقلار باراۋەر بولسىمۇ، چاقچاق ۋە گەپ ـ سۆزلەردە ئېشىپ كېتىش ئەھۋاللىرى بولۇپ تۇرىدۇ، يامان غەرەز بولمىسىلا بەزى سەۋەنلىكلەرنى ئۆتكۈزۈۋەتسىڭىز بولىدۇ. ئارتۇقچە زېرىكلاپ ئولتۇرمىسىڭىزلا بەزى بەھۇزۇر كۈلكە ـ چاقچاقلار مۇناسىۋەتنى ياخشىلايدۇ. خىزمەت ئورۇنلىرىدا ئىرقىي توقۇنۇشلار كەمدىن ـ كەم يۈز بېرىدۇ. بۇنداق ئەھۋالدا زىددىيەتنى

www.uyghurkitap.com ئۇيغۇر كىتاب تورى



ئۇلغايتماي، مۇناسىۋەتلىك ئورگانلار ئارقىلىق مەسىلىنى ھەل قىلىشقا بولىدۇ.

ئەنگلىيەلىكلەرنىڭ مىجەزى قىزىق، بىر قارىسا شۇنداق ئىچ مىجەز، بىر قارىسا شۇنداق يۇمۇرىستىك. مەيلى شوتلاندلار، ۋېلشلار ياكى ئىنگلىزلار بولسۇن، خەقنى كۈلدۈرۈشكە ئۇستا بولۇپ، ئۆزىنى مازاق قىلالايدۇ. شۇڭا، كىشىلەر ئامېرىكىلىقلارمۇ ئۆزلىرىنى مازاق قىلالىغان بولسا، پىسخىكا دوختۇرىنىڭ ئالدىغا بېرىپ يۈرمىگەن بولاتتى، دېيىشىدۇ. ئەگەر بۇ ئۈچ مىللەتنىڭ ئالاھىدىلىكىنى چاقچاق بىلەن يەكۈنلەشكە توغرا كەلسە، شوتلاندلارنى پىخسىق، ۋېلشلارنى رومانتىك، ئىنگلىزلارنى سوغۇققان دەپ سۈپەتلەش مۇمكىن.

تۇرمۇش يۇمۇر بىلەن سۇغىرىلغان. ئەنگلىيە تاراتقۇلىرىدىكى كۆپلىگەن ئېلان (داۋراڭ) قايسى خىل تاۋاردىن ئۈچۈر بەرمىسۇن ئازراق چېقىشقالدى خۇسۇسىيەتكە ئىگە. بەلكىم ھېچقانداق خەلق ئەنگلىيەلىكلەردەك ئۆزىنى مەسخىرە قىلالمىسا كېرەك. مەن ئۆسكەن مۇھىتتا، چوڭلارنى ھۆرمەتلەش ئەنئەنىسى ناھايىتى كۈچلۈك بولۇپ، چوڭلارغا چاقچاق قىلىش بىھۆرمەتلىك ھېسابلىنىدۇ. ئەمما مەن ئەنگلىيەدە نۇرغۇن مويسىپىتنىڭ ھەييارلىقلىرىنى كۆردۈم.

ئەنگلىيەلىكلەر كەمسىتىش خاراكتېرىدىكى سۆزلەرنى كۆپ ھالدا ئۆزىگە قارىتىپ ئېيتىدۇ. بۇنداق تەرەپلەرنى تېلېۋىزىيە ئېكرانلىرىدىن كۆپ ئۇچراتقىلى بولىدۇ. باش پېرسوناژلار ھەمىشە چېچىغا ناچىلارنى قىستۇرۇپ، ئۇچىسىغا ساڭگىل - سۇڭگۇل كىيىملەرنى كىيىپ، رەپرەپ قىياپەتتە سەھنىگە چىقىشىدۇ.

كۈلكە ئالدىدا ھەرقانداق نەرسە چېقىلغىلى بولمايدىغان دەرىجىدە سۇرلۇك بولۇپ كەتمەيدىغان روھقا ئىگە. بىر چاغلاردا (King's Cross) مېتروسىغا ۋە پاددىڭتون (Paddington) پويىز ئىستانسىسىغا ئوت كەتكەندە، ئاپەتكە ئۇچرىغانلارنىڭ ئائىلە

تاۋابىئاتلىرى ئۆزلىرىنىڭ بۇ بالا ـ قازادىن ئۆتۈپ كېتىش ئىشەنچىسىنى ئۆزىنىڭ جىمجىت چىراي ئىپادىسى بىلەن نامايان قىلغانىدى.

ئاممىۋى مەيدانلاردا ئۇرۇشۇش ئەنگلىيەلىكلەرگە يات قىلىق. ئەگەر بىرەر خىل مۇلازىمەتتىن رازى بولمىسا ئۇرۇشۇپ يۈرگەننىڭ ئورنىغا ئەدەپ بىلەن باھا بېرىپ كېتىپ قالىدۇ. ھەتتا مۇلازىمەت سۈپىتىنى تەپتىش قىلىدىغان ئورگانلارمۇ خېرىدارلارنىڭ بۇ تەرىپىنى تەنقىد قىلىشقا مەجبۇر بولغان. ئەنگلىيەلىكلەرنىڭ بۇنداق قىلىشىنىڭ توغرا ـ خاتالىقىنى ئايرىپ ئولتۇرۇش بىزنىڭ ئىشىمىز ئەمەس. ئۆزىڭىز ئۇچرىغان ناھەق تۈپەيلى ۋارى ـ ۋارى قىلىسىڭىز، باشقىلار سىزگە قىزىقىپ قارايدۇ، بۇ قاراشتىن سىزنى تەربىيە كۆرمەپتۇ، دەپ ئەيىبلىگەنلىك چىقىپ تۇرىدۇ.

ئەنگلىيەدە ئەر ـ خوتۇنلارنىڭ بىرى ئىشلەيدىكەن، ھازىر ھەر ئىككىسى ئىشلەيدىغان ئائىلىلەر كۆپىيىۋېتىپتۇ. ئادەتتە، ئائىلىلەردە بىردىن ئىككىگىچە بالا بولىدۇ. بانكىدىن قەرز ئېلىپ ئۆي سېتىۋالىدۇ. كۆڭۈل ئاچقاندا كۆپ ھالدا قاۋاقخانىغا بېرىشىدۇ. ھەپتە ئاخىرلىرىدا ئائىلە بويىچە بىللە دەم ئالىدۇ. يىلدا يېرىم ئاي كانىكۇلغا چىقىشىدۇ. ئائىلىلەردىكى باي ـ كەمبەغەللىك پەرقى پەقەت ئۇلارنىڭ ئۆيىنىڭ قايسى رايوندا ئىكەنلىكى، ئارام ئېلىش شەكلىنىڭ قانداقلىقى، كانىكۇل ئۆتكۈزىدىغان يەرنى تاللاش قاتارلىق جەھەتلەردە كۆرۈلىدۇ. ئەنگلىيەلىكلەر كۆپ ھالدا ئۆزلىرىنىڭ قىممەتلىك ۋاقىتلىرىنى گىرېتسىيە ۋە ئىتالىيەدە ئۆتكۈزۈشنى ياخشى كۆرىدۇ.

ئەنگلىيەدە ئائىلە ئەزالىرىنىڭ سانى ئاز بولىدۇ. چۈنكى، ياشلار ئىقتىسادىي جەھەتتىن مۇستەقىل بولغان ھامان ئائىلىسىدىن ئايرىلىپ، مۇستەقىل ياشايدۇ. ئائىلە ئەزالىرى سىرتقا ئوپچە تاماققا چىققاندا، خىزمەتتىكى پەرزەنتلەر بىلەن ئاتا ـ ئانىلارنىڭ ھېساباتى ئايرىم بولىدۇ. ئاتا پۈتكۈل ئائىلىسىنىڭ

ئىستېمالى ئۇچۇن پۇل تۆلەيدىغان ئىش ئەنگلىيەلىكلەردە كەم كۆرۈلىدۇ. تەتقىقاتلاردىن مەلۇم بولۇشىچە، خىزمەتتىكى بالىلار ئاتا ـ ئانىسىدىن ئايرىلىپ تۇرىدىغان ئەھۋاللار ئاستا ـ ئاستا ئۆزگىرىپ، ئۆي ـ ئوچاقلىق بولغۇچە ئاتا ـ ئانىسىنىڭ ئۆيىدە تۇرۇشنى خالايدىغان بولغان. چۈنكى، ئۆي ئىجارىسى قىممەت بولغانلىقىنىڭ ئۈستىگە، ئۇ ئۆيدە ئۇنى بىر دۆۋە كىر كىيىملەر بىلەن مۇزدەك سوغۇق تاماق كۈتۈپ تۇرىدۇ. بۇ ھال ئاتا ـ ئانىسى كۈلۈپ تۇرۇپ ئىشىك ئاچىدىغان ئىللىق ئائىلىگە يېتەمتى! بەزىلەر بۇ ئەھۋالدىن ئەنسىرەپ، ئانىلارنىڭ پەرزەنتلىرىگە ھەددىدىن زىيادە كۆيۈنۈشى ئۇلارنىڭ نىكاھلىنىشتىكى مەغلۇبىيىتىگە سەۋەب بولىمامدۇ، دېيىشىدۇ. بۇنداق ھادىسە داۋاملىق ئەۋج ئالامدۇ ـ يوق، بۇ، بويتاقلار تۇرالغۇسىنىڭ ئىجارىسى ئەرزانمۇ ياكى قىممەتمۇ، خىزمەت ۋە تۇرالغۇلارنىڭ مۇلازىمىتى مۇكەممەلمۇ، ئەمەسمۇ دېگەندەك مەسىلىلەرگە چېتىلىدۇ. ئەۋلادلارنى مۇستەقىل تۇرمۇشقا قويۇپ بېرىش ئۇلارنىڭ بالدۇرراق پىشىپ يېتىلىشىگە پايدىلىق بولۇپلا قالماستىن، ئۇلارنىڭ ئائىلە قۇرۇشىغىمۇ ئاساس سالىدۇ. ئادەتتە، تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپنى پۈتكۈزۈپ ئالىي مەكتەپكە كىرىش ئالدىدا تۇرغان ياشلار بىكار ۋاقتىدىن پايدىلىنىپ، ساياھەتكە چىقىشنى تاللايدۇ ۋە بۇ ئارقىلىق يات مۇھىتنىڭ تۇرمۇشىنى ياشاپ باقىدۇ. بالىلار ئاتا ـ ئانىسىنىڭ چۈنتىكىگە قول سوزمىسىلا، ئۇلار بالىلىرىنىڭ قاڭقىپ يۈرۈشلىرىنى توسۇپ كەتمەيدۇ. «تۇرمۇش مەنىلىك بولۇش كېرەك، ھەربىر دەقىقىنى زايە قىلماسلىق كېرەك» دېگەندەك گەپلەرگە ئەنگلىيەلىكلەر ئانچە ئېرەن قىلىپ كەتمەيدۇ.

ئۇلارچە، بۇ ھەرگىزمۇ بالىلارنى ئۆز مەيلىگە قويىۋېتىش بولماستىن، بەلكى ئۇلارنىڭ تۇرمۇش نىشانىنى ئۆزى تاللىشى ئۈچۈندۇر. پۇل تاپمايدىغان بالىلار ئاتا ـ ئانىلارنىڭ نەزىرىدە ساياقلارغا كىرمەيدۇ. ئوتتۇرا تەبىقىدىكى نۇرغۇن ئاتا ـ ئانا

بالىلىرىنى خىزمەتتىن بۇرۇن ساياھەتكە چىقىپ، كىشىلىك ھايات ھەققىدە ئىزدىنىپ كۆرۈشكە رىغبەتلەندۈرىدۇ.

بەزىلەرنىڭ ئەنگلىيە ياشلىرىنى ھۇرۇن دەپ ئەيىبلىشى ئانچە ئادىل ئەمەس. بالاغەتكە يېتىشتىن بۇرۇن ئۇلار ئۆز غايىسىنى قوغلىشىدۇ. بالىلارنىڭ قانداق قىلىشىدىن قەتئىينەزەر، ھەربىر ئاتا - ئانا يېتەرلىك شارائىت بولسىلا بالىلىرىنىڭ ئۆزلىرى بىلەن بىللە تۇرۇشىنى ئارزۇ قىلىدۇ. ئائىلە ئەزالىرىنىڭ ئىناق مۇناسىۋىتى توغرىسىدىكى ئېنىقلىما ھەربىر جەمئىيەتتە ئوخشاش بولمايدۇ. ئارىلىقنىڭ يېقىن بولۇشى ئىناقلىقتىن دېرەك بەرمەيدۇ. ئەنگلىيەلىكلەرنىڭ ئالاھىدە بىر تەرىپى شۇكى، ئۇلار قارشى تەرەپكە مەھكەم يېپىشىۋالمايدۇ. ئۇلار پەقەت باشقىلارنىڭ بېشىغا كۈن چۈشكەندىلا ياردەم قىلىدۇ.

ئەنگلىيەدىكى ئىرقىي مەسىلىلەر:

ئەنگلىيە ھۆكۈمىتى ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ ئېھتىياجىغا ئىنتايىن كۆڭۈل بۆلىدۇ. ئىرقىي كەمسىتىشكە مۇناسىۋەتلىك بىرەر ئىش يۈز بەرسە ئەنگلىيەلىكلەر ناھايىتى جىددىيلىشىپ كېتىدۇ.

ئاق تەنلىكلەر بىلەن غەيرىي ئاق تەنلىكلەر بىللە تۇرىدىغان مەكتەپ، ئىشخانا دېگەندەك خىزمەت ئورۇنلىرىدا كىشىلەر ئىرق مەسىلىسىگە نىسبەتەن سەزگۈر كېلىدۇ. بۇرۇن جۇڭگولۇقلار ئاساسەن يېمەك - ئىچمەك مۇلازىمىتى بىلەن شۇغۇللىناتتى. ھازىر ئۇلار پوچتا، تىرانسپورت، بانكا ساھەلىرىدىمۇ ئىشلەيدىغان بولدى. ئەمەلىيەتتە، جۇڭگولۇقلارغا قارشى كەيپىيات يوق ھېسابتا بولۇپ، جامائەتلەر ئارا ئىرقىي توقۇنۇشلارمۇ يۈز بەرمەيدىكەن.

ئەنگلىيەلىكلەرنىڭ تارىخ، مەدەنىيەت، سىياسىي پورترېتىنى تەلتۆكۈس تەسۋىرلەپ بېرىش قولۇمدىن كەلمەيدۇ. بۇ ھەقتىكى

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى


مۇناسىۋەتلىك ماتېرىياللارنى كۆرۈپ كېلىۋېتىپ، ئامېرىكا پەيلاسوپى ئېمېرسوننىڭ 19 ـ ئەسىرنىڭ ئالدىنقى يېرىمىدىكى ئەنگلىيە زىيارىتى دىققىتىمنى تارتتى. يەنە رۇس پېداگوگى كونستانتىن دىمترىيېۋىچ ئۇشىنسكىي (1824 ـ 1871) نىڭ «جەمئىيەت تەربىيەسىدىكى خەلقچىللىق ھەققىدە» دېگەن ئەسىرىنىڭ «ئەنگلىيەدىكى جەمئىيەت تەربىيەسى» بابى دىققەتكە سازاۋەردۇر. مەن بۇ ئىككى گىگانتنىڭ ئەسەرلىرىدىن نەقىل كەلتۈرۈش ۋە زۆرۈر تېپىلغاندىكى بەزى ئىزاھات ئارقىلىق ئىنگلىز خاراكتېرى توغرىسىدا پىكىرلىك ئوقۇرمەنلىرىمىزنى تۇرلۇك يىپ ئۇچىغا ئىگە قىلىشنى ئەرزىيدىغان ئەمگەك دەپ ھېسابلايمەن.

ئالدى بىلەن بىر پېداگوگنىڭ نەزىرىدىكى ئىنگلىز خاراكتېرى ۋە شۇ خاراكتېرگە ئاساسلانغان مىللىي مائارىپ توغرىسىدىكى ئېيتىلمىلارنى كۆرۈپ باقايلى:

«ئەنگلىيە تەربىيەسى ئۇچۇن ئىلىم مەقسەت ئەمەس، ئۇ بەلكى خاراكتېرنى، ئادەتلەرنى، پىكىر يۈرگۈزۈش ھالىتىنى، ھەقىقىي ئاقسۆڭەكلەرنىڭ قىلىقلىرىنى، ئارزۇ ـ ئارمىنىنى تەرەققىي ئەتكۈزىدىغان چارىلەرنىڭ بىرىدۇر.

ئۇلار يەنىي پائالىيەتلەرنىڭ كەمچىلىكىدىكى تەنلەرگە بىزنىڭ ئىشىمىز كىتاب يېزىش ئەمەس، ئادەم بەرپا قىلىش» دەپ جاۋاب بېرىدۇ.

ئىزاھات:

نوقۇل ئىلىم ـ پەن نەتىجىسىنى قوغلاشقان مائارىپ ئىلىمنى جاھالەتكە ئايلاندۇرۇپ قويۇش خەۋپىدىن يىراق ئەمەس. بۇنداق ئەھۋالدا، ئوقۇغۇچى مۇئەييەن نەتىجىنى سىناق قىلىش ۋاستىسىگە ئايلىنىپ قالىدۇ.

«گېرمانلارغا ئوخشاش ئەنگلىيە ئاقسۆڭەكلىرىمۇ ياشلىقىنىڭ ئەڭ ياخشى چاغلىرىنى كىلاسسىك ئەدەبىيات ئۈستىدە ئولتۇرۇپ ئۆتكۈزىدۇ ۋە كىلاسسىك ئەدەبىياتتىن مۇستەھكەم، ئۇنتۇلماس

بىلىمگە ئىگە بولۇۋالىدۇ. لېكىن، ئىنگلىزلار كىلاسسىك ئەدەبىياتتىن گېرمانلارغا ئوخشاش تارىخ ياكى پەلسەپە ئۆگەنمەيدۇ، بەلكى كىلاسسىك ئەدەبىيات تىلىنىڭ كۈچلۈكلۈكى ۋە ئوچۇقلۇقىنى، ئىبارىلىرىنىڭ ئېنىقلىقىنى ئۆگەنمەكچى بولىدۇ. چۈنكى، كىلاسسىك ئەدەبىيات ئۆزىنىڭ تىل ۋە ئىبارىلىرىنىڭ شۇ تەرىپى بىلەن پەرق قىلىدۇ ۋە شۇلار بىلەن ئىنگلىز تىلىدىكى مەنتىقىنىڭ تەشكىل بولۇشىغا چوڭ تەسىر كۆرسىتىدۇ... كىلاسسىك يازغۇچىلارنىڭ بەزىبىر ئىبارىلىرى پارلامېنت ناتىقلىرى تەرىپىدىن ھەرقاچان نەقىل كەلتۈرۈلىدۇ ۋە تەرجىمە قىلىشنىمۇ تەلەپ قىلمايدۇ.»

ئىزاھات:

ئۆزىنىڭ تىل ۋە ئەدەبىيات جەھەتتىكى ئەنئەنىسىدىن ئايرىلغان تەلىم - تەربىيە مىللىي روھ ۋە مىللىي ئاڭدىن مەھرۇم بولغان ناتىۋان تەلىم - تەربىيەدۇر. ئۆزىدىن ئوتتۇز نەچچە ھەسسە چوڭ تېررىتورىيەگە ئىگە بولۇپ، «كۈن پاتماس ئىمپېرىيە» دەپ نام ئالغان بىر ئارال خەلقىدىكى كۈچنى ئۇنىڭ ئۆز تىل - ئەدەبىياتىغا تۇتقان مۇئامىلىسىدىن ئايرىپ قارىيالامدۇق!؟

«نەسىھەت ئەھمىيەتلىك، كۆرسىتىلگەن ئۈلگە ئۇنىڭدىنمۇ ئەھمىيەتلىك، لېكىن ھەممىدىن مۇھىمى رەھبەرلىكتۇر» دەيدۇ ئەنگلىيە پېداگوگىكىسى.

خەلقنىڭ خاراكتېرى قانداق بولسا، ئۇنىڭ تەربىيە خاراكتېرىمۇ شۇنداق.

ئىزاھات:

باشقۇرۇش ئۇسۇلى، ئىدىيەسى، ھەتتا باشقۇرغۇچىلىرى ئۆزىدىن بولمىغان خەلقتە ئۆزىنىڭ ھەقىقىي مائارىپى بار دېيىشكە بولامدۇ؟

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



قېنى، پەيلاسوپ ئېمېرسون ئىنگلىزلار ھەققىدە نېمە دېگەن؟
«ئەنگلىيە باغچىغا ئوخشايدۇ. كۆل رەڭ ئۇپۇق ئاستىدىكى ئېتىزلار خۇددى قەلەمدە سىزىپ قويغاندەك.»

△ ئەگەر مىللەتنىڭ تالانتىنى ئۆلچەيدىغان ئومۇمىي ئۆلچەم بار دېيىلسە، ئۇ ئۆلچەم مۇۋەپپەقىيەتتۇر. ئەگەر دۇنيادا مىڭ يىل مابەينىدە مۇۋەپپەقىيەتكە ئېرىشىپ كەلگەن دۆلەت بار دېيىلسە، بۇ دەل ئەنگلىيە.»

«ئەنگلىيە ئۆزىنىڭ مەدەنىيىتى، پاراستى ۋە ھەۋەس - ئىشتىياقلىرىنى باشقا بارلىق دۆلەتكە سىڭدۈردى.»

«ئۇلار (ئىنگلىزلار)نىڭ قارىشىچە، ھەممە ئىش لوگىكىغا ئۇيغۇن بولۇشى كېرەك. ئەگەر پەۋقۇلئاددە زور بىر شەپقەت ئاسماندىن چۈشسە، بۇ لوگىكىغا ئۇيغۇن بولمىسا ئىنگلىزلار قوبۇل قىلالمايدۇ. گويا بۇ شەپقەت ئۇلارنىڭ ئۆز نەتىجىسىنى كۆمۈۋېتىدىغاندەك.»

«ئۇلارنىڭ غۇرۇرى، سەۋەب - نەتىجە مۇناسىۋىتىگە بولغان ئىخلاسى، رېئالىستىك لوگىكىسى، ۋاسىتىسى ۋە نىشانىنىڭ بىرلىكى ئۇلارنىڭ ھازىرقى زامان دۇنياسىدىكى رەھبىرىي ئورنىنى بەلگىلىگەن.»

«بۇ مىللەت بىر تەرەپلىمە ھالدا ئەمەلىيەتچىلىككە بېرىلىپ كەتكەن.»

«ئەگەر ئۇلار خۇشاللىق ئىزدىمەكچى بولسا، خىزمەت قىلىدۇ.»

«ئۇلار ئابرۇي، دىنىي ھېسسىيات ۋە قانداقتۇر غەلىتە بىر

خىيال ئۈچۈن قان تۆكمەيدۇ. ئۇلار بايلىق ۋە بايلىق بىلەن ئۆلچىنىدىغان ھوقۇق ئۈچۈن ئىنقىلاب قىلىدۇ. ئۇلار ئىندىيانلاردەك جەڭ پالتىسى ئۇسۇلىغا ھەۋەس قىلىپ كەتمەيدۇ، فىرانسۇزلاردەك ئوردىنى ۋە شان ـ شەرەپلەرگە بېرىلىپ كەتمەيدۇ. ئىنگلىزلار پەقەت ئۆز خىزمىتىنىلا قىلىدۇ، مائاش ئۈچۈن تىركىشىدۇ. ئەگەر سىز ئۇنىڭ مائاشىغا، كالىسىغا، ھوقۇق ـ مەنپەئىتىگە ياكى دۇكىنىغا تېگىپ قويسىڭىز، ئۇ سىز بىلەن قىيامەتكىچە ئېلىشىدۇ. بۈيۈك قانۇن، زاسېداتېللار ئەترىتى، جىسمانىي قوغدىنىش ھوقۇقى، خان جەمەتى سوت مەھكىمىسى، پارىخورلۇق بېجى، پاپا تۈزۈمى، مۇستەملىكە، ئامېرىكا ئىنقىلابى... دېگەنلەرنىڭ ھەممىسى پەقەت ئەركىن ـ ئازادە تاماق يېيىش ئۈچۈندۇر. بىراۋ بۇنىڭغا چېقىلمىسىلا ئىنگلىزلار باشقا ئىشلار ئۈچۈن غەزەپلىنىپ كەتمەيدۇ.»

«ئۇلار ‹ئىنجىل›، ‹ئادەت قانۇنى›، شېكىسپىر، بىكون، مىلتون، پاپىي، ياك، كوپۇر، بۇرنس ۋە سكوتلارنىڭ ئەسەرلىرىدىن نەقىل ئېلىپ سۆزلىشىدۇ.»

«ئەلۋەتتە، ئەنگلىيەنى چۈشىنىشنىڭ ئەڭ ياخشى يولى ئۇ يەرنىڭ خەلقلىرى بىلەن يۈزتۇرا ھالدا ئىش ۋە پائالىيەت بىرلىكىگە ئىگە بولۇشتۇر. دۇنيانى پەقەت گېزىت ۋە تېلېۋىزور تەشۋىقاتىغا تايىنىپ چۈشىنىش، ئېھتىمال، نەزىرىمىزنى توقۇلما بىر دۇنيانىڭ سېھرىگە چۈشەپ قويۇشى مۇمكىن.»

«بۇ دۇنيادا سىزنىڭمۇ ھەققىڭىز بار. سىز ھازىر نەدە، گىلوبۇسنى ئوڭ ـ تەتۈر پىرقىرىتىپ بېقىڭ!»

www.uyghurkitap.com ئۇيغۇر كىتاب تورى

# ئادەمىئاتىنىڭ باللىرى

بۇ كۆڭۈللەرنى بىز ئىنسانلار ئارىسىدا ئايلاندۇرۇپ تۇرىمىز (غەلىبىنى بەزەن بىر توپقا، بەزەن يەنە بىر توپقا نېسىپ قىلىمىز)، بۇ ھەقىقىي مۆمىنلەرنى ئايرىش ئۈچۈندۇر.

— «قۇرئان كەرىم» سۈرە ئال - ئىمران 140 - ئايەت.

ياقىلار ئېتەك بولدى، ئېتەكلەر ياقا،
دەرەختە يۇرىدۇ قۇيرۇقى يوق پاقا.

— ئۇيغۇر خەلق ماقالى

ھەرگىزمۇ مىللەت دۆلەتنى ھاسىل قىلمايدۇ... بەلكى دۆلەت مىللەتنى ھاسىل قىلىدۇ.

— مۇسسولىن (ئىتالىيە)

يات ئىقلىملارغا بارغاندا، تەبىئەتنىڭ رەڭدارلىقىنى، جەمئىيەت ۋە ئۆرپ - ئادەتلەرنىڭ خىلمۇخىللىقىنى، بىر - بىرىگە ئوخشىمايدىغان سىياسىي تۈزۈملەرنى كۆرۈش ۋە ھېس قىلىش پۇرسىتىگە ئىگە بولىمىز. شۇنىڭ بىلەن ئۆزىمىزنى باشقىلارغا سېلىشتۇرىمىز، ئۆزىمىزدىكى نۇقسانلارنى، باشقىلاردىكى ئەۋزەللىكلەرنى بايقايمىز. نەتىجىدە، ئۆزىمىز ھەققىدىكى چۈشىنىش سۇبيېكتىپلىق ۋە بىر تەرەپلىمىلىكتىن ئەمەلىيلىككە قاراپ چوڭقۇرلايدۇ. ئۆزىمىز ھەققىدىكى دىياگنوز ئەمەلىي بولغانسېرى، ئىللەتلىرىمىزنى كەسكىن تەنقىد قىلالايمىز ۋە ئۆزگەرتەلەيمىز، خىسلەتلىرىمىزنى مۇكەممەللەشتۈرۈپ

كۆپەيتەلەيمىز.

ۋاھالەنكى، چەت ئەلگە چىقىش ۋە ساياھەت قىلىش بىر جايىنىڭ گۈزەل مەنزىرىسىگە مەپتۇن بولۇشتىنلا ئىبارەت ئەمەس. يۈزەكى ئادەملەر گۈزەل مەنزىرىگە ۋە ھالاۋەتلىك تۇرمۇش يۈسۈنلىرىغا، ئەۋزەل ئىجتىمائىي تەرتىپلەرگە مەست بولۇش بىلەن ئۆزىنى يوقىتىپ قويۇشى مۇمكىن. ھەتتا ئۇلار ئاشۇنداق راھەتلىك تۇرمۇش مۇھىتىنىڭ ئۆزلىرىدە بولمىغانلىقىدىن ھەسرەتلىنىشى مۇمكىن. ئاز - تولا پىكىر قىلىش قابىلىيىتىگە ئىگە كىشىلەر تەبىئەتنىڭ گۈزەللىكى ۋە جەمئىيەتنىڭ ئەۋزەللىكى ئارقىلىق مەنىۋىيىتىنى غىدىقلاپ، دۇنيا ۋە ھايات توغرىسىدا، ئىنساننىڭ قەدىر - قىممىتى ۋە بۇرچى توغرىسىدا ئازدۇر - كۆپتۇر ئويلىنىپ، ئۆزلىرىنىڭ ياشاش مۇھىتىنى ئۆزگەرتىشكە كۈچىنىڭ يېتىشىچە ئۇرۇنۇپ كۆرۈشى مۇمكىن. قانداقلا بولمىسۇن تەبىئەتنىڭ گۈزەللىكى ياراتقۇچىنىڭ كاتتا بىر ئەسىرى سۈپىتىدە ئىنساننىڭ تەبىئىتىگە خوشلۇق ئېلىپ كېلىپ، جەمئىيەتنىڭ ناباب تەرەپلىرى كەلتۈرۈپ چىقارغان مەنىۋى جاراھەتلەرنى ئەملەيدۇ، ئىنساننىڭ يۈرىكىگە ئىستىخىيەلىك ھالدىكى ھۆرلۈك تاماسىنى سالىدۇ. ئوخشىمىغان جەمئىيەتنىڭ سىياسىي، ئىجتىمائىي ئادەتلىرى ئادەمنى ئوخشىمىغان مەدەنىيەتكە نىسبەتەن كەڭ قورساق، ئوچۇق پوزىتسىيەگە دەۋەت قىلىدۇ.

ئۇيغۇرلار ئۆز دەۋرىدە ئۆز مۇھىتى ۋە ئەتراپىغا نىسبەتەن كەڭ نەزەر دائىرە يېتىلدۈرگەن مىللەت ئىدى. ئورخۇن ئابىدىلىرىگە قارىساق، قوشنا ئەللەرنىڭ مىجەز - خۇلقى توغرىسىدىكى روشەن ئانتروپولوگىيەلىك پىكىرلەرنى ئۇچرىتىمىز. مەھمۇد كاشغەرىي ئۆز خەلقىنى ئەينى زامان جاھان ھاكىمىيىتىنىڭ ساھىبى بولمىش ئەرەب ئەللىرى بىلەن پاراللېل قويۇپ تەسۋىرلەيدۇ، يۈسۈپ خاس ھاجىپ ئۇيغۇر غايىۋى جەمئىيىتىنىڭ ئەندىزىسىنى قۇرۇپ

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com


چىققاندا، تەپەككۇر خۇرۇجلىرىنى يۇنان، ئىران، تۇران تېررىتورىيەلىرى بىلەن بېيىتتىدۇ. بۇ ۋەمىز مىرزا مۇھەممەت ھەيدەر كورەگانىينىڭ «تارىخى رەشىدىي» ئەسىرىدىن جاھانغا غوجايىنلىق غۇرۇرى بىلەن ئاياغ باسقان شىر يۈرەك ئەجدادلىرىمىزنىڭ ئات ئۈستىدىكى جەۋلانىنى كۆرەلەيمىز. زاھىرىددىن مۇھەممەد بابۇرمۇ «بابۇرنامە» دېگەن ئەسىرىدە ماۋارەئۇننەھر، كەشمىر، ھىندىستان دالالىرىنىڭ تاغ ـ دەريالىرى ۋە گۈل ـ گىياھلىرىنى زوق ـ شوق بىلەن تەسۋىرلەيدۇ. ئۇلار دۇنيا ھادىسىلىرى ئارىسىدا ئەقلى لال بولۇپ، ئۆزلىرىنى يوقىتىپ قويغان ئەمەس، بەلكى دۇنياغا بولغان غوجايىنلىق ھېسسىياتى بىلەن مەغرۇر ياشاپ، باشقىلارنىڭ ئەقلىنى لال قىلىدىغان ئىشلارنى قىلغاندى. بىز يۇقىرىقىلارنىڭ ئەسەرلىرىدىن ئۆزىمىز ۋە قوشنىلىرىمىز ھەققىدىكى نۇرغۇن قىممەتلىك مەلۇماتقا ئېرىشىمىز. ئۇيغۇرلار مەيلى ئىرقىي خۇسۇسىيەت جەھەتتىن بولسۇن، مەيلى دىن ۋە ئەدەبىيات نۇقتىسىدىن بولسۇن، دۇنياۋى تەئەللۇققا ئىگە بىر خەلق. بىز بۇ خەلقنىڭ ئومۇمىي تەرىپىنى ئىنسانشۇناسلىق ۋە مەدەنىيەتشۇناسلىق نۇقتىسىدىن چۈشەنمەكچى بولىدىكەنمىز، بىز ئاللىبۇرۇن ئادەتلىنىپ كەتكەن تار رايون تەپەككۇرىدىن ھالقىپ چىقىپ، خەلقئارا كەڭلىكتە ئۆزىمىزگە نەزەر سېلىشىمىز كېرەك.

بىزدىكى ئورخۇن ئابىدىلىرى، «تۈركىي تىللار دىۋانى»، «قۇتادغۇبىلىك»، «تارىخى رەشىدىي»، «بابۇرنامە» دۇنيانى چۈشەندۈرۈش خاراكتېرىدىكى جاھاننەما ئەدەبىياتى ئۆرنەكلىرىدۇر. ھازىر بىز دەۋاتقان «ساياھەت ئەدەبىياتى» تېخىمۇ كەڭ مەنىدە جاھاننەما ئەدەبىياتى دېيىلسە مۇۋاپىق بولىدۇ، دەپ قارايمەن. يۇقىرىقى ئەسەرلەردە ئەجدادلىرىمىزنىڭ ئۆزلىرىنىڭ ياشاش مۇھىتى، ئەتراپىدىكى خەلقلەرنىڭ تەبىئىي ۋە ئىجتىمائىي ھالىتى توغرىسىدا رېئال تونۇش ھاسىل قىلىپ، بىخۇدلۇق ۋە

غەپلەتتىن يىراق ياشىغانلىقىنى بىلەلەيمىز. ئەپسۇسكى، مۇشۇنداق ئېسىل ئەنئەنە پۈتكۈل تارىخىمىزدا تالاي قېتىم ئۈزۈلۈپ قالغان.

يېتەرلىك پۇرسەت بولمىغان ئەھۋال ئاستىدا، جاھاننىڭ قىسمەن تەرىپىگە غىل - پال بولسىمۇ نەزەر سالدىم. تەسىراتلىرىمنىڭ يۈزەلىكى ئېنىق، لېكىن پىكىر ھېرىسمەنلىكىم قايناپ تۇرىدۇ. تەبىئىي ھالدا ئۆزۈم تەۋە توپ بولغان ئۇيغۇرلارنى كۆرگەن ۋە چۈشەنگەن خەلقلەر بىلەن سېلىشتۇرۇپ، مەلۇم يەكۈنگە ئىگە بولدۇم. بۇ يەكۈنلەرنى نەزەرىيە جەھەتتىن قېلىپلاشتۇرۇپ كۆرسىتىشتە، بىزدىن ئىلگىرى بۇ ھەقتە بىر قىسىم ئىلمىي ئەمگەكنى ئوتتۇرىغا چىقارغان ئادەملەر بار. بىز ئۇلارنىڭ قاراشلىرىغا مۇراجىئەت قىلىش ئارقىلىق ئوقۇرمەنلىرىمىزگە تەپەككۇر يىپ ئۇچلىرىنى بېرىمىز.

مىللەتلەر ۋە ئۇلارنىڭ خۇلقى ھەققىدە يېزىلغان كىتابلار تالاي. بىز ئۇلارنىڭ ھەممىسىدىن گەپ ئاچالمايمىز. مەن پەقەت ئۆزۈمنىڭ ئەقلىي خاتىرەمدىن ئورۇن ئالغان بەزى پىكىرلەرنى ھەدىيە قىلاي.

ئون نەچچە يىل ئىلگىرى لى مىڭ (黎鸣) ئىسىملىك بىر خەنزۇ ئالىمنىڭ «ئادىمىيلىككە سوئال» («问人性») ناملىق ئىككى قىسىملىق كىتابىنى كۆرگەنىدىم. ئەنگلىيەگە زىيارەتكە چىقىپ، ئىنگلىز مىللىتىنىڭ ئېتنىك خۇسۇسىيىتى ھەققىدە ئويلارغا پاتقىنىمدا، لى مىڭ ئەپەندىنىڭ كىتابىدىكى قاراشلار ئېسىمدىن كەچتى. بۇ يەردە ئېسىمدىن كەچكەن ئاشۇ پىكىرلەرنى ئوقۇرمەنلىرىمدىن ئايىماسلىقنى لايىق تاپتىم.

لى مىڭ ئەپەندى كىتابىدا جۇڭخۇا، ئىنگلىز، يەھۇدىي مىللەتلىرىنى ئۆزئارا سېلىشتۇرۇپ، ئۇلارنىڭ تارىخى ۋە مەدەنىيىتىنى ئادىمىيلىك نۇقتىسىدىن تەكشۈرىدۇ. كىتابنىڭ قوشۇمچە ماۋزۇسى «جۇڭگو - غەرب مەدەنىيىتىنىڭ تارىخىي

تەقدىرى» («中西文化的历史命运») بولۇپ، ئاپتورنىڭ بايان قىلىشىچە، ئامېرىكا ئىرقشۇناسلىرى جۇڭگولۇقلارنىڭ شىمالىي ئامېرىكىغا كۆچۈپ بېرىشىنى چەكلىگەنىكەن. بۇنىڭغا ئىلمىي ئاساس تېپىش ئۈچۈن ئۇلار موڭغۇل ۋە جۇڭگو ئىرقلىرىنىڭ مېڭە سىغىمىنى تەكشۈرۈپ، ئۇلارنىڭ مېڭە سىغىمىنىڭ ئىنگلىز ۋە ئامېرىكىلىقلارنىڭكىدىن تۆۋەن ئىكەنلىكىنى بايقىغان ھەمدە ئامېرىكىدىن ئىبارەت «گۈزەل جەننەت» كە ئۇلارنىڭ كىرىشىنى مەنئى قىلغان. ئەمما، موڭغۇل ئىرقىغا تەۋە بولغان ياپونلارنىڭ 20 ـ ئەسىردە باش كۆتۈرۈشى ئىرقشۇناسلارنىڭ يۇقىرىقى نەزەرىيەسىنى ئاغدۇرۇپ تاشلىغان. بۇ ئارقىلىق ئاپتور بىر مىللەتنىڭ ئىجتىمائىي تەرەققىياتىنى بەلگىلەيدىغان كۈچلۈك ئامىل خاراكتېر، ئاندىن قالسا ئىنسانىيلىق، ئاندىن قالسا ئىرق دەپ ھۆكۈم چىقىرىدۇ. بۇ ئۈچ ئامىلنىڭ مۇھىملىق نىسبىتى: $10^5:10^2:1$.

بۇنىڭدىن مەلۇمكى، ئىنسانلارنىڭ ئىرقىي سۈپىتى باراۋەر، ئۇلارنىڭ ئەقلىي سۈپىتى ئەقلىنى ئاچىدىغان جەمئىيەتنىڭ خاراكتېرى بىلەن مۇناسىۋەتلىك. بۇ ھۆكۈم كورېيە دوڭسېيو ئۇنىۋېرسىتېتى (Dongseo University) نىڭ پىروفېسسورى جاڭ شېڭۋەن (张圣万) ئەپەندىنىڭ «رەقەملەشكەن جەمئىيەتتە ياشاش پاراسىتى» («生活在数字化社会的智慧») ناملىق كىتابىدا كۆرسىتىپ ئۆتكەن مۇنۇ بايان بىلەن بىردەك:

«نيۇتون» (Newton) ژۇرنىلىدا DNA غا ئائىت قىزىقارلىق بىر دوكلات ئېلان قىلىنغان. دوكلاتتا دېيىلىشىچە، DNA نىڭ تىپى ئىككى خىل بولىدىكەن. بىرى، L (Long) تىپلىق بولۇپ، ئاكتىپ، ئىجادىي ۋە مۇقىمسىز بولىدىكەن. يەنە بىرى، S (Short) تىپلىق بولۇپ، كونسېرۋاتىپ، ئىرۋا تۇسلۇق، مۇقىم بولىدىكەن. ئادەملەرنىڭ گېنى ئۈچ خىل بولىدىكەن: S تىپلىق، L تىپلىق ۋە S، L ئارىلاش تىپلىق. L تىپلىق ئادەملەر ئىجادچان

بولىدىكەن. S تىپلىق ئادەملەر ئەسلىدىكىسىنى ساقلاشقا مايىل بولىدىكەن. ئارىلاش (L+S) تىپلىق ئادەملەر مۆتىدىل بولىدىكەن. ئامېرىكىدا L تىپلىق ئادەملەر 30%، ئارىلاش تىپلىق ئادەملەر 50%، S تىپلىق ئادەملەر 20% ئىكەن. ياپونىيەدە بولسا L تىپلىق ئادەملەر 1.9%، ئارىلاش تىپلىق ئادەملەر 30.1%، S تىپلىق ئادەملەر 68% ئىكەن.

بىر جەمئىيەتتە L تىپلىق ئادەمنىڭ كۆپ بولۇشى شۇ جەمئىيەتنىڭ ئىجادچان، ئىسلاھات روھىغا باي ئىكەنلىكىدىن دېرەك بېرىدۇ. گېنشۇناسلارنىڭ مەلۇماتىچە،گېننىڭ 50% ى ئىرسىيەتتىن بولىدىكەن، 50% ى مائارىپ ۋە ئىجتىمائىي مۇھىت بىلەن مۇناسىۋەتلىك ئىكەن. دېمەك، بىر جەمئىيەتنىڭ ئىجتىمائىي تۈزۈلمىسى ئىلغار، مائارىپى ئەۋزەل بولسا، شۇ جەمئىيەتتە ئىجادچان گېن كۆپىيىدۇ. بىر جەمئىيەتنىڭ ئىجتىمائىي تۈزۈلمىسى قالاق، مائارىپى ناچار بولسا، شۇ جەمئىيەتتە قاتمال، كالۋا ئادەملەر كۆپىيىدۇ. قىزىقارلىقى شۇكى، ھاكىم ئورۇندا تۇرۇۋاتقان قوۋملارنىڭ ئايرىم سەرخىللىرى باشقىلارنى «مەدەنىيەتسىز»، «قالاق» دەپ چۆكۈرۈشكە ئامراق بولىدۇ. بۇ ھال تارىختا تەكرار كۆرۈلگەن مەسىلە بولۇپ، ھەتتا ئەينى ۋاقىتتا باشقىلارنىڭ كەمسىتىشىدىن قاقشىغانلارمۇ ئازراق قەد كۆتۈرۈۋالسا كۆرگەن كۈنلىرىنى ئۇنتۇپ كېتىدۇ.

لى مىڭ ئەپەندى ئادىمىيەت (人性) مەنسەپ، بازار، ئەقىدە قاتارلىق قىممەت قاراش كۆرسەتكۈچلىرىنىڭ تۇتاش چەمبەرلىرىدە ھەرىكەت قىلىدۇ، دەپ قارايدۇ. ھوقۇققا ئېرىشىش ۋە ھوقۇق ئارقىلىق ئۇستۇنلۇككە ئېرىشىش ئىنسان تەبىئىتىدىكى خاھىشلارنىڭ بىرى بولۇپ، بۇنى لى مىڭ ئەپەندى 官场 (ھوقۇق خاھىشى) دەپ ئاتىغان. ھوقۇق خاھىشىدا بۇيرۇق بىلەن بويسۇنۇش تەڭ مەۋجۇت. ھوقۇق خاھىشىنىڭ ئاقىلانە يولى ئادالەت، ھەققانىيەت پرىنسىپىنى چۆرىدەپ، كۆپ ساندىكىلەرنىڭ

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى
www.uyghurkitap.com



ئەمنلىكىنى كاپالەتلەندۈرۈش. ھوقۇق خاھىشىنىڭ ئەقىلگە يات يولى ئۆز كۆمچىگە چوغ تارتىش بولۇپ، ساختىپەزلىك، مەككارلىق، قىزىل كۆزلۈك، رەھىمسىزلىكلەر يورغىتىلىدۇ.

پايدا ئىزدەش ئىنساننىڭ يەنە بىر تەبىئىتى، بازار دەل ئاشۇ پايدا ئىزدەش خاھىشىنى قانائەتلەندۈرىدىغان ساھە. بۇ يەردىكى بازار نوقۇل ھالدا سودا پائالىيىتىنى، پۇل تېگىشىش، تاۋار ئالماشتۇرۇش قاتارلىقلارنى كۆرسەتمەيدۇ، بەلكى ئۇ ئىنسان بىلەن تەبىئەت ئوتتۇرىسىدىكى ماددىي ئالاقىنى كۆرسىتىدۇ. ئىگىلىكنى ئەركىن تاللاش، ئىجاد قىلىش، بىر - بىرىگە تايىنىش، ھەمكارلىشىش، ئۆز پايدىسىنى ئىزدەش ئارقىلىق پۈتكۈل جەمئىيەتنىڭ پايدىسىنى ئىلگىرى سۈرۈش بازارنىڭ ئاساسىي روھىدۇر. بازار ھوقۇقنىڭ قانۇن كاپالىتى ئاستىدا ئۆزى ئۈچۈن بىخەتەر مۇھىت يارىتىدۇ ھەم ئۆزىدىكى ئىقتىسادىي قانۇنىيەت ئارقىلىق ھوقۇقنىڭ زىيادە كونتروللىغا چەك قويىدۇ. بازار يەنە نىسپىي مۇستەقىل ئىقتىسادىي كۈچ بىلەن ئىنسانلارنىڭ ئەقىدە، ھېسسىيات خاھىشلىرىنى ھىمايە قىلىدۇ، ھوقۇقنىڭ ئەشەددىي تىزگىنلىشىدىن ساقىت قىلىدۇ ۋە ئۆز نۆۋىتىدە ئەقىدىدىن ئەقىل - پاراسەت ۋە روھىي كۈچ ئالىدۇ.

ئەقىدە ئىنسانلارنىڭ مەنىۋى قىممەت ئىزدەش (情场) تەبىئىتىگە قارىتىلىدۇ. ئىنسان سېغىنىش، چوقۇنۇش، قورقۇش، خۇشال بولۇش، نەپرەتلىنىش، رەھىم قىلىش، ئېتىقاد قىلىش تەبىئىتىگە ئىگە. بۇلار ئىلاھ، تەبىئەت، جەمئىيەت ۋە ئادەم قاتارلىقلارغا مەركەزلىشىدۇ. ئىلاھىيەت، مېتافىزىكا (پەلسەپە) ۋە پەنلەر ئىنسانلارنىڭ مەنىۋى قىممەت خاھىشلىرىنىڭ سەمەرىلىرىدۇر. ئەقىدە (مەنىۋى قىممەت) كىشىلەرگە چىنلىق، ياخشىلىق، گۈزەللىكنىڭ ئۆلچەم، پىرىنسىپلىرىنى تەمىن ئېتىدۇ.

جۇڭگو بىلەن غەرب ئىنساننىڭ تەبىئىتىگە ئوخشىمىغان

يەكۈنلەرنى بەرگەن. غەرب ئىنسانىنىڭ ئەسلىي تەبىئىتى رەزىل دەپ ئويلاپ، ئىزچىل قانۇن - تۈزۈم ئىسلاھاتى ئېلىپ بارغان. جۇڭگو ئىنسانىنىڭ ئەسلىي تەبىئىتى ياخشى دەپ قاراپ، بىر قاتار يوسۇننى ئىشلەپچىقارغان. فېئودال خانلارنىڭ رايىنى چۆرىدىگەن بىر قاتار قائىدە - يوسۇن قانۇننىڭ رولىنى ئۆتىگەن. غەرب قانۇنلىرى ھۆكۈمران بىلەن خەلق ئوتتۇرىسىدىكى كۈرەشنىڭ مەھسۇلى. جۇڭگونىڭ قانۇنى بولسا ھۆكۈمراننىڭ خاھىشىنىڭ مەھسۇلى. غەربتە ئادەم بىلەن ئادەم ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەتنىڭ يوسۇنى خۇدا ئالدىدىكى باراۋەرلىكنى نېگىز قىلغان. جۇڭگودا ئادەم بىلەن ئادەم ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەت پادىشاھنىڭ مەيلىنى نېگىز قىلغان.

لى مىڭ ئەپەندى جۇڭگولۇقلارنىڭ ئۇزاق تارىخىي جەريانلاردا ئىپادىلىگەن خۇسۇسىيىتى بويىچە، جۇڭگولۇقلارنى ھوقۇق مىللىتى دەپ قارىغان. ئۇنىڭ قارىشىچە، كۆڭزى ئەقىدىسى بىر تۈرلۈك ھوقۇق پەلسەپىسىدۇر ياكى بىر تۈرلۈك ھوقۇق مەدەنىيىتىدۇر. كۆڭزى ئەقىدىسى ياخشى ئارزۇلارغا ئىگە بولسىمۇ، ھېچقاچان ھۆكۈمرانلارنىڭ ئەخلاق ئۆلچىمىگە ئايلىنالمىغان. تارىختىكى ھۆكۈمرانلار كۆڭزى ئەقىدىسىنى ئۆزلىرىنىڭ رەھىمسىزلىكىنى يېپىش ئۈچۈن قوللانغان. پۇقرالار كۆڭزى ئەقىدىسى بويىچە ھۆكۈمرانلىرىنى تەڭرىنىڭ ئەركىسى ۋە ھىممىتى دەپ چۈشىنىپ كەلگەن. ئۇلار كۈرەش قىلىپ جەمئىيەتنى ئۆزگەرتىشنىڭ ئورنىغا خان - پادىشاھلارنىڭ شەپقىتىگە ئېرىشىشنى ئۈمىد قىلىپ كەلگەن. جۇڭگو كىلاسسىك ئەدەبىياتىدىكى «سۇ بويىدا» دېگەن ئەسەردىكى سۇڭ جياڭ تىپىك بىر كۆڭزىچى بولۇپ، 108 نەپەر ئىسيانچىغا باش بولۇشتىكى تۈپ مەقسىتى سۇڭ سۇلالىسىنىڭ زالىم ۋە چىرىك پادىشاھىنىڭ رەھىمدىللىكىنى قولغا كەلتۈرۈش بولغان.

جۇڭگو تارىخىدىكى شۇنچە ئۇزاق ئىككى مىڭ يىلدا تۈزۈك بىر

www.uyghurkitap.com ئۇيغۇر كىتاب تورى



ئىجتىمائىي ئىسلاھات بولماي، «بىرلىككە كېلىش ۋە بۆلۈنۈش»، «بۆلۈنۈش ۋە بىرلىككە كېلىش»، «گۈللىنىشنىڭ ئورنىغا مالىمانچىلىقنى تۈزەشنى قويۇش!» كەبى تەكرار ھادىسىلەرنىڭ يۈز بېرىشى دەل خان ـ پادىشاھلارنىڭ چەكسىز ئۆز بىشىمچىلىقىدىن كەلگەن. بۇنداق ئۆز بىشىمچىلىقنى چەكلەيدىغان ئامال ـ چارىلەر تېپىلماي كەلگەن. شۇنىڭ بىلەن كىشىلەر ئولتۇرسا ـ قوپسا مەنسەپدار بولۇپ چۈشەيدىغان بولغان. ھوقۇق ھېچقانداق چەكلىمىگە ئۇچرىمايدىغان خۇسۇسىي مۈلۈككە ئايلىنىپ، قالايمىقان ئىشلىتىلگەن. چوڭ ـ كىچىك ھوقۇقلاردىن تۈزۈلگەن ھوقۇق پىرامىداسىنىڭ ئۇچىدا پادىشاھ تۇرىدۇ. پىرامىدانىڭ ھەربىر قەۋىتىدىكى مەنسەپدار تۆۋىنىدىكى قاتلامغا نىسبەتەن بىر پادىشاھ، ئۇرۇق ـ تۇغقانلار ئارا مەنپەئەت يەتكۈزۈش قورالىغا ئايلىنىپ كەتكەن ھوقۇق مېخانىزمى ھوقۇقنىڭ تەتۈر فۇنكسىيەسىنى قەدەممۇقەدەم ئاشۇرۇپ بارغان. ھەممە ھوقۇقنى مەركەز قىلغان، ھەممە ھوقۇق ئۈچۈن خىزمەت قىلغان. مۇنداقچە ئېيتقاندا، جۇڭگو غايەت زور ھوقۇق مەيدانى بولۇپ، بازار ۋە ئەقىدىلەر ئېغىر دەرىجىدە ھوقۇقلاشتۇرۇلغان. بۇنداق ئىزچىل تارىخ جۇڭگولۇقلارنىڭ ھوقۇقنى چوڭ بىلىش خاراكتېرىنى شەكىللەندۈرگەن. دېمەك، جۇڭگولۇقلارنىڭ تەقدىرى جۇڭگولۇقلارنىڭ خاراكتېرىگە ئايلىنىپ كەتكەن.

نەتىجىدە، جۇڭگولۇقلارنىڭ كىشىلىك خاراكتېرىدە ھوقۇققا ئائىت ئۆزگىچە ئامىللار شەكىللەنگەن:

مۇسبەت ئامىللار:

1. ھوقۇق ئەسەبىيلىكى ـ پىرىنسىپ سۈرۈشتۈرمەي، ئېپادە سۈرۈشتۈرۈش، ھوقۇقى بارنىڭ گېپى يوللۇق بولۇش.

2. سۆز بىلەن ھەرىكەتنى بىردەك بولماسلىق ـ دېگىنىنى قىلماسلىق، قىلغىنىنى دېمەسلىك. لى مىڭ ئەپەندى كۆڭزىچىلارنىڭ كىلاسسىك دەستۇرى ھۆكۈمرانلارنىڭ

يالغانچىلىقنىڭ قورالى بولۇپ كەلگەن، دەيدۇ.

3. ئىدىيەنى بوغۇش، ھەسەت بىلەن ئادەم ئۆلتۈرۈش ــ بۇ جەھەتتە سىچۇەنلىك لى زوڭۋۇ (1880 ـ 1943، 李宗吾) ئۆلىمانىڭ مەملىكەتنىڭ ئىچى ـ سىرتىدىكى جۇڭخۇا مىللىتىنىڭ ئالقىشىغا ئېرىشىپ، قايتا ـ قايتا نەشر قىلىنىۋاتقان «بەتنىيەتلىك تەلىماتى» (厚黑学) دېگەن ئەسىرىدىكى ئايرىم قۇرلارغا قاراپ باقساقلا كۇپايە.

«ئەزىمەتلەرگە ئايلىنىپ، نام چىقىرىشنىڭ يولى بەتنىيەتلىك» دەيدۇ لى زوڭۋۇ ئۆلىما. ئۇنىڭ قارىشىچە، ساۋساۋ ئۆتۈپ كەتكەن قارا نىيەت ئىكەن. ئۇ مەقسىتىگە يېتىش ئۈچۈن ئىككىلەنمەي ئادەم ئۆلتۈرگەن. «جاھاندىكى ئادەملەرگە مەن ۋاپاسىزلىق قىلسام بولۇۋېرىدۇ، لېكىن ئادەملەرنىڭ ماڭا ۋاپاسىزلىق قىلىشىغا يول قويۇلمايدۇ» دېگەن سۆز ساۋساۋ ۋە ساۋساۋچىلارنىڭ مەشھۇر گېپى. ليۇبېي (刘备) قېلىنلىقتا داڭ چىقارغانىكەن. ئۇ ھېلى ساۋساۋغا، ھېلى لۈبۇ (吕布) غا، ھېلى ليۇ بياۋ (刘表) غا، ھېلى سۈن چۈەن (孙权) گە يۆلىنىپ ياشىغان، ھەر تەرەپكە قاتراپ، باشقىلارنىڭ خانىسىدە پاناھلانغان، بۇنىڭدىن قىلچىمۇ خىجىل بولمىغان. ليۇ بېي يىغلاشقا ئۇستا بولۇپ، تەس ئىشلارنى يىغلاپ ھەل قىلغان. شۇڭا، كىشىلەر «ليۇبېي يىغلاپ تۇرۇپ شەھەر ئالىدۇ» دېيىشكەن. سۈن چۈەن (孙权) قارا نىيەتلىكتە ساۋساۋغا، قېلىنلىقتا ليۇ بېيغا يەتمىسىمۇ، ھەر ئىككىسىدە بار بولغاچقا، قەھرىمان بولۇپ تونۇلالىغان. جۇگې لياڭ تالانتلىق بولسىمۇ، قارا نىيەتلىكتە سىمايىغا يېتەلمىگەچكە، سىمايىنىڭ زېمىنىنى ئالالماي ئۆلۈپ كەتكەن.

مەنبە ئامىللار:

1. ئىتائەتمەنلىك ۋە قۇللۇق
2. ئاسان ئىشىنىش ۋە خۇراپىيلىق

www.uyghurkitap.com ئۇيغۇر كىتاب تورى

3. بىكىنمىلىك، پاسسىپلىق ۋە قەدىمپەرەسلىك

شۇنى ئەسكەرتمەي بولمايدۇكى، ھوقۇقپەرەسلىك پەقەت جۇڭگولۇقلارنىڭ مىللىي خاراكتېرىگە تالىق بولغان خۇسۇسىيەت ئەمەس، بەلكى ئۇ ھەرقانداق مىللەتتە ئۆزىنى كۆرسىتىدۇ. بۇ جەھەتتە چىڭگىزخاننى، تېمۇرلەڭنى، ئىستالىننى، چىئوسىسكونى، پىنوچېتنى، كىم جۇڭئىلنى... ئويلىساقلا كۇپايە.

ــ ئىنگلىزلار، ــ دەيدۇ لى مىڭ ئەپەندى، ــ مىلادىيە 17 ـ ئەسىردىن كېيىن ئىزچىل تۈردە بازارنى ئۆز ئىجتىمائىي پائالىيىتىنىڭ نېگىزىگە ئايلاندۇرغان. بۇنىڭدا ھەممە ئىقتىسادىي نەپكە يۈزلەنگەن بولىدۇ، ھوقۇق ساھەسىدىكى كىشىلەرمۇ ئىقتىسادىي ئادەملەرنىڭ تەسىرىگە ئۇچرايدۇ. دۆلەتنى ئىدارە قىلىدىغان ئاز سانلىق سىياسىي گۇرۇھلار ئاساسىي قانۇنىنىڭ، پۇتكۇل خەلق قاتناشقان سايلامدىكى ئاۋاز سانىنىڭ، ئاممىۋى تاراتقۇلار (گېزىت، ژۇرنال، رادىيو، تېلېۋىزىيە، تور بېكەتلىرى...) نىڭ چەكلىمىسىنى قوبۇل قىلىدۇ. جۇڭگودىكى قانۇنلار خان ـ پادىشاھلارنىڭ خەلقنى ئىدارە قىلىش ئىرادىسىنى چىقىش قىلىپ تۈزۈلگەچكە، ئىدارە قىلىنغۇچىلارنىڭ ئادىمىيلىك لاياقىتى ۋە ئېھتىياجىنى قىلچە ئويلاشمىغان. غەربنىڭ قانۇنلىرى دىنىي ئەھكاملاردىن تۆرەلگەن، پەرۋەردىگار ئالدىدا پادىشاھ بىلەن پۇقرا باراۋەر بولۇش نۇقتىئىنەزىرىنىڭ تەسىرىگە ئۇچرىغاچقا، ئىنگلىزلار مۇتلەق ھۆكۈمرانلىققا مۇتلەق بويسۇنۇپ ئۆتۈشتەك تەقدىردىن ساقىت بولالىغان.

خىرىستىيان دىنى ئەنگلىيەگە مىلادىيە 6 ـ ئەسىردە كىرگەن. ئەينى ۋاقىتتىكى ئەنگلىيە ئانگلو ـ ساكسونلارنىڭ كىچىك خانىدانلىقلىرىدىن تۈزۈلگەن بولۇپ، خىرىستىيان دىنىغا كىرىش ئەينى ۋاقىتتىكى فېئودال ھۆكۈمرانلارنىڭ مەنپەئەتىگە ئۇيغۇن بولغان. دىنىي ھوقۇق بىلەن پادىشاھلىق ھوقۇقىنىڭ

ئايرىلىشىنىڭ فېئودال ئاقسۆڭەكلەرنىڭ ئورنىنى ھىمايە قىلىشتا ياردىمى بولغان. مىلادىيە 11 ـ ئەسىردە نورماندىيلار ئەنگلىيەنى ئىستېلا قىلغاندىن كېيىن، ۋىللىيام I پۈتكۈل مەملىكەتتىكى تېرىلغۇ يەرنىڭ ئالتىدىن بىرىنى ئۆزىگە قالدۇرۇپ، ئەڭ چوڭ زېمىندار بولۇش بىلەن بىللە، فىرانسىيەلىك تۇغقانلىرىغا يەر تەقسىملەپ، فېئودال تەبىقە تۈزۈمىنى بارلىققا كەلتۈردى. 13 ـ ئەسىرگە كەلگەندە پادىشاھ جون (King John 1167 ـ 1216) ئاقسۆڭەكلەر ۋە رىتسارلاردىن تۈزۈلگەن «چوڭ كېڭەش» 1215 ـ يىلى ئىيۇندا تۈزگەن بۈيۈك قانۇنغا ئىمزا قويۇشقا مەجبۇرلىنىپ، ئىقتىسادىي (بازار) ھوقۇق بىلەن سىياسىي ھوقۇقنىڭ تىركىشىش سەھىپىسى باشلىنىدۇ. بۇ بۈيۈك قانۇن غەرب تارىخچىلىرى تەرىپىدىن «ئەنگلىيە ئەركىنلىكىنىڭ ئۇل تېشى» دېيىلدى. 1343 ـ يىلى ئەنگلىيە پارلامېنتى يۇقىرى (دىندارلار ۋە ئاقسۆڭەكلەردىن تۈزۈلگەن) ۋە تۆۋەن (رىتسارلار ۋە شەھەر پۇقرالىرى ۋەكىللىرى) پالاتالارغا ئايرىلدى ـ دە، پادىشاھنىڭ ھوقۇقى يەنە بىر قەدەم ئىلگىرىلىگەن ھالدا چەكلەندى. خىرىستىيان دىنىدا نامراتلىق بىلەن ھۇرۇنلۇق مەنىداش قارىلىپ، بايلىق يارىتىشقا رىغبەتلەندۈرۈلىدۇ. ماكس ۋېبېرنىڭ پىروتېستانت (新教) دىنى بىلەن كاپىتالىزم روھىنى باغلاپ چۈشەندۈرۈشلىرى ئىلىم ئەھلىلىرىنىڭ دىققىتىگە ئالاھىدە سازاۋەردۇر.

بازار كاپىتالىزمىنىڭ پايدا مۇنبىرى، رىقابەت ۋە ھەمكارلىق، ئاچ كۆزلۈك ۋە شەخسىيەتچىلىك بازارنىڭ يامان سۈپەتلىك خاراكتېرى.

ئامېرىكىلىق جەمئىيەتشۇناس داۋىد رىسېمان (David Riesman 1909 ـ 2002) دېگەن «يېگانە توپ» (The Lonely Crowd) داڭلىق ئەسىرىدە تىپىك بازار خەلقى بولمىش ئامېرىكىلىقلارنىڭ خاراكتېرى ئۈستىدە ئانالىز يۈرگۈزگەن. ئۇ، غەرب جەمئىيىتىنىڭ

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى



تەرەققىيات يولى بويىچە، ئۈچ خىل ئىجتىمائىي خاراكتېرنى يەكۈنلەپ چىققان:

1. ئەنئەنىگە مايىل تىپ (tradition directed): بۇ تىپتىكى ئىنسانلار توپى ئۆرپ - ئادەت، قائىدە - يوسۇن بويىچە پائالىيەت قىلىدۇ، بۇنداق جەمئىيەتنىڭ ھەرىكىتى «نوموس» نى يادرو قىلىدۇ. ئاتا - بوۋىلارنىڭ باتۇرلۇقى ۋە شان - شەرىپىدىن پەخىرلىنىش، سەنئەتنى بىردىنبىر بايلىق ھېسابلاش، قائىدە - يوسۇن قوغلىشىش قاتارلىقلار بۇ خىل تىپتىكى كىشىلەرنىڭ ئاساسلىق قىممەت كۆرۈنۈشى بولۇپ قالىدۇ.

2. ئىچ مايىل تىپ (Inner directed): بۇ تىپتىكى كىشىلەر غايە، ئېتىقاد ئۈچۈن ياشايدۇ ۋە ئېتىقاد ئۈچۈن كۈرەش قىلىدۇ. غۇرۇر، ۋىجدان، مەسلەك دېگەنلەر بۇ خىل ئادەملەرنىڭ تۈرتكە كۈچى بولغان بولىدۇ.

3. يات مايىل تىپ (Outer directed): ئەمەلىي مەنپەئەتكە ئېرىشىش، ماددىي ئېھتىياجلارنى قامداش، پىلانلىق ۋە مەقسەتلىك ھالدا مۇناسىۋەت قىلىش، نىشانغا يېتىشتە شەخسىي قىممەت قارىشىدىن شەرتلىك چەتنەش قاتارلىق خاراكتېرلەردە كۆرۈلىدۇ. ئۇلار دىن، ئائىلە، نەسەب، شەجەرە قاتارلىقلار بويىچە ئۆزىنى باشقىلاردىن تارتىپ يۈرمەستىن، باشقىلار بىلەن كىرىشىش ۋە سىغىشىش ئاساسىدا كۆپرەك ماتېرىيال بايلىققا ئېرىشىشنى خالايدۇ. باشقىلارنى باشقۇرۇشنىڭ ئورنىغا ھەمكارلاشتۇرىدۇ.

داۋىد رىسمان ئامېرىكىلىقلارنىڭ خاراكتېرىنى ئۈچىنچى خىل تىپقا كىرگۈزىدۇ. ئۇنىڭ قارىشىچە، ئامېرىكىلىقلاردا ئەنئەنە ۋە يارقىن دىنىي مايىللىق كەم. ئۇرۇق - تۇغقان سۈرۈشتۈرۈشنى چوڭ بىلمەيدۇ. ئۇلار پىراگماتىست (پايدىچى) بولۇپ، پۇرسەت باراۋەرلىكىنى تەشەببۇس قىلىدۇ.

ئۇيغۇر جەمئىيىتى 20 - ئەسىرنىڭ 90 - يىللىرىدىن باشلاپ

دالى كارنېگ، ناپولېئون خىلل، ئوگ ماندىنو قاتارلىق ئۇتۇقشۇناسلارنىڭ ئەسەرلىرى بىلەن ئارقا - ئارقىدىن يۈز كۆرۈشتى. بۇرژۇئا خاراكتېرىدىكى مۇرەسسە - ماداراچىلىق ئىدىيەلىرى ئۇيغۇر ياشلىرىغىمۇ كۆرۈنەرلىك يۇقتى. مەسلەك، مەيدان، ئەقىدە سۈرۈشتۈرمەي پايدا ئىزدەش ياشلاردىن خېلى كۆپىنىڭ قىممەت قارىشى بولۇپ قالدى. ۋاھالەنكى، ئۇلار ئەنئەنىگە مايىل تىپىدىكى زور كۆپ ساندىكى خەلق بىلەن قانداق ئىچكى مۇناسىۋەت قۇرۇشنى ئەمەلىي ھەل قىلىپ بولالمىدى.

بازار ئىنساندا ئۆزىگە لايىق خاراكتېرنى يېتىلدۈرىدۇ. مىسالەن: پۇلنى چوڭ بىلىش. بۇ، جۇڭگولۇقلارنىڭ ھوقۇقنى چوڭ بىلىش خاراكتېرى بىلەن بىر سېلىشتۇرمىنى ھاسىل قىلغان. بۇ ھال رۇس شائىرى پۇشكىننىڭ مۇنۇ مىسرالىرىنى ئېسىمىزگە سالىدۇ:

ھەممە نەرسە مېنىڭكىدۇر: — دېدى زەر،
ھەممە نەرسە مېنىڭكى: — دېدى خەنجەر.
زەر دېدىكى: — بارىنى سېتىۋالىمەن،
خەنجەر دېدى: — بارىنى تارتىۋالىمەن.

مانا بۇ شەرق ھاكىممۇتلەقلىقى بىلەن غەرب پۇلمۇتلەقلىقىنىڭ دىيالوگى. تارىختا بۇ ئىككى خىل مۇتلەقلىق بىر يەرگە كەلگەن ئىشلار تولا. نۆۋەتتىكى تارىخمۇ ئۇنىڭدىن مۇستەسنا ئەمەس.

بازار يەنە پايدىنى چوڭ بىلىش بىلەن خاراكتېرلىنىدۇ. بۇ، ھوقۇقنىڭ مەككارلىق خۇسۇسىيىتى بىلەن سېلىشتۇرما بولىدۇ. بازاردا ساختىلىق ئاقمايدۇ، ۋاھالەنكى، ساختىلىق ھوقۇقنىڭ ئېھتىياجى بولۇپ قالىدۇ. قورقۇتۇش، ئالداش، يالغان سۆزلەش ھوقۇق سەھنىسىدە بولۇپ تۇرىدۇ. ھەتتا ھوقۇقسىز خەلق

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



دىكتاتورلارنىڭ سەپسەتىسىنى ھەقىقەت دەپ ماختاشقا مەجبۇر بولىدۇ.

بازار يەنە ئەركىنلىكنى شەرت قىلىدۇ. ئەگەر كىشىلەردە كەسىپ تالالاش، ئىگىلىك تىكلەش جەھەتتىكى ئەركىنلىك كاپالەتكە ئىگە بولمىسا، ھەقىقىي مەنىدىكى بازارمۇ بولمايدۇ. پۇرسەت ئالدىدىكى باراۋەرلىك، خۇسۇسىي مۈلۈكنىڭ قوغدىلىشى، ئىقتىسادىي ھوقۇققا ھامىي سىياسىي ھوقۇق قاتارلىقلار بازارنى بار قىلىپ تۇرىدۇ. غەربتە سايلام ھوقۇقى، گەپ - سۆز ھوقۇقى، ئاخبارات ۋە نەشرىيات ھوقۇقى، مۇناسىپ ھالدىكى قانۇن تۈزۈش ھوقۇقى، مەمۇرىي ھوقۇق ۋە ئەدلىيە ھوقۇقى قاتارلىقلار ئەركىنلىك ۋە كىشىلىك ھوقۇقنىڭ ئاساسلىق ئېلېمېنتى بولۇپ كەلدى.

ھايات ماڭا ھەممىدىن قىممەت،
ھاياتىمنىمۇ قىممەت مۇھەببەت.
ۋە لېكىن كېچىمەن ھەر ئىككىسىدىن،
ئەركىنلىك، ھۆرلۈك ئۈچۈنلا پەقەت.

ۋېنگىر شائىرى پېتوفىنىڭ بۇ شېئىرى «4 - ماي» ھەرىكىتىنىڭ ئالدى - كەينىدىكى جۇڭگو ياشلىرى ئۈچۈنمۇ قىزغىن، ھاياجانلىق خىتاب بولغانىدى.

راھەتپەرەسلىك، ئىلىم - پەن ۋە «مەن — مەركەز» چىلىك قاتارلىقلارمۇ بازارنىڭ ھاياتىي كۈچىنى ئاشۇرىدىغان ئامىللارغا ئايلانغان.

باشقىلارنىڭ نوپۇزىغا تايانماي، ئۆزۈڭنىڭ ھۆكۈم قىلىش ئىقتىدارىڭغا ئىشەن — مانا بۇ غەربلىكلەرگە ئورتاق خىتاب.

لى مىڭ ئەپەندى ئەقىدە - ئېتىقاد خاھىشى (情场) خۇسۇسىدا سۆزلىگەندە، تېپىكلەشتۈرۈپ يەھۇدىيلارنى مىسالغا

ئالىدۇ. ئۇ غەرب مەدەنىيىتىنىڭ مەنىۋى تۈۋرۈكى سۈپىتىدە دىنىي ئەقىدە، ئەقلىي تەپەككۇر (لوگىكا، قانۇن، پىلان، تەرتىپ)، ئىلمىي تەجرىبە قاتارلىقلارنى كۆرسىتىدۇ. ئۇ بۇلارغا مۇناسىپ ھالدا، جۇڭگولۇقلاردا سىستېمىلىق دىنىي ئېتىقاد يوق، پەقەت ئەجدادلارغا سېغىنىش ۋە ئەرۋاھلارغا ئاتاپ نەزىر قىلىشلا بار، دەيدۇ.

لى مىڭ ئەپەندىنىڭ قارىشىچە، دىن يەھۇدىيلارنىڭ سىمۋولى. دۇنيادىكى يەھۇدىيلاردا ئورتاق قان، ئورتاق تىل، ئورتاق يېزىق يوق، پەقەت ئىسرائىلىيە يەھۇدىيلىرىلا ئۆلگەن يېزىقنى تىرىلدۈرۈپ ئىشلىتىشكە مۇۋەپپەق بولالىغان. ئەمەلىيەتتە، پۈتكۈل دۇنيادىكى يەھۇدىيلارنىڭ كىملىكىنى سۇغۇرۇپ كەلگەن نەرسە ئورتاق دىن. بۇ ھەقتە ئىنگلىز شائىرى بايرون يەھۇدىيلارنى «پۈتكۈل تارىخىي تەقدىرىنى بىر پارچە كىتاب («تەۋرات») بىلەن بىر ئۆي (ئىبادەتخانا) گە مەركەزلەشتۈرگەن مىللەت» دەپ سۈپەتلىگەنىكەن.

لى مىڭ ئەپەندىنىڭ چۈشەندۈرۈشىچە، ئەگەر «تەۋرات» بىلەن ئىبادەتخانىسى بولمىغان بولسا، يەھۇدىيلار ئاللىبۇرۇن يوقىلىپ كەتكەن بولاتتى. ئىككى مىڭ يىللىق سەرسانلىق يەھۇدىيلارنى تۈرلۈك ئىرققا ئارىلاشتۇرۇۋەتتى، لېكىن ئۇلار يەھۇدىي ئېڭى بويىچە مەۋجۇت بولۇپ كەلدى. جۇڭگولۇقلار بولسا ئىزچىل مەدەنىيەت كېڭىيىشىدە، ئۆزلىرىنى ئىدارە قىلغان باشقا مىللەتلەرنى ئۆزىگە سىڭدۈرۈپ، ئۆز تۈركۈمىگە ئايلاندۇردى.

ئەقىدە خاھىشىدا، چىنلىق، ياخشىلىق ۋە گۈزەللىكنى ھەممىدىن ئۈستۈن قويۇش گەۋدىلىنىدۇ. «تەۋرات» ۋە «ئىنجىل» دىكى پەيغەمبەرلەرنىڭ مۇشەققەتلىك كەچۈرمىشلىرىدە ھەرقانداق بەدەل تۆلەشكە قارىماي ھەقنى ئىزدەش روھى ئىپادىلەنگەن.

لى مىڭ ئەپەندى يۇقىرىقى ئۈچ مىللەتنى سېلىشتۇرۇپ كېلىپ، ئۇلارنىڭ سىمۋوللۇق پەرقىنى تىلغا ئالىدۇ. ئۇنىڭ

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com


قارشىچە، جۇڭگولۇقلارنىڭ سىمۋولى خەنزۇ يېزىقى، يەھۇدىيلارنىڭ سىمۋولى «تەۋرات»، ئىنگلىزلارنىڭ سىمۋولى تىل (ئىنگلىز تىلى) ئىكەن.

بۇ يەردە بىرئاز مۇتلەقلەشتۈرۈۋېتىش بار. چۈنكى، تىل - يېزىق ۋە دىن كۆپ ھالدا نۇرغۇن مىللەتنىڭ سىمۋولى بولۇپلا قالماي، بەلكى جان تومۇرى بولۇپ قالىدۇ. بىر قىسىم ئالاھىدە مەزگىلدە، بەزى مىللەتلەر دەل ئۆزلىرىنىڭ ئېتىقادى ۋە تىل - يېزىقى ئارقىلىق ئۆزلىرىنىڭ پەرقىنى ساقلاپ قالىدۇ.

ئەلۋەتتە، جۇڭگولۇقلارنى ھوقۇق مىللىتى، ئىنگلىزلارنى بازار مىللىتى، يەھۇدىيلارنى ئېتىقاد (ئەقىدە) مىللىتى دەپ مۇتلەق كېسىپ ئېيتقىلى بولمايدۇ. چۈنكى، ھوقۇق، ئىقتىساد ۋە ئېتىقادنى بارلىق ئىنسان توركۈمى ئۇچۇن ئېيتقاندا، مۇقەررەر ئىنتىلىدىغان ۋە مۇقەررەر ئىپادىلىنىدىغان كاتېگورىيە دېيىشكە بولىدۇ. ئۆزىنى قوغداش (سىياسىي)، ئۆزىنى قامداش (ئىقتىساد)، ئۆزىنى ئاتاش (دىن) ئىنسان تەبىئىتىدە تەبىئىي ئېھتىياجلاردۇر. شۇڭا، ئۇلارنى قانداقتۇر مەلۇم بىر مىللەتكە تالىق قىلىپ قويۇش بىر تەرەپلىمىلىكتۇر. ۋاقتى كەلگەندە ھەرقانداق مىللەت بازار مىللىتىدۇر. ھەرقانداق مىللەت ھوقۇق مىللىتىدۇر. ھەرقانداق مىللەت ئېتىقاد مىللىتىدۇر. مەسىلە پەقەت سىياسىي، ئىجتىمائىي مۇھىتنىڭ شۇ خىل ئىقتىدارنى قوزغىتىشىدا. لېكىن ئەپەندىنى بەلگىلىك تارىخىي شارائىتتا مەيدانغا چىققان مىللىي تەقدىر، مىللىي خاسلىق، مىللىي خاراكتېرنى نەزەرگە ئېلىپ تۇرۇپ، ئۇلارنى يەكۈنلەپ كۆرسەتتى، دەپ چۈشەنسەك مۇۋاپىق بولىدۇ. بىر مىللەت مەلۇم بىر تارىخىي باسقۇچتا بەلگىلىك مىللىي خاراكتېرنى گەۋدىلىك نامايان قىلىش بىلەن بىللە، باشقا يوشۇرۇن خۇسۇسىيەتلەرنىمۇ ساقلايدۇ. ئاشۇ يوشۇرۇن تەرەپلەر گەۋدىلىك تەرەپلەر ئۇچۇن خىزمەت قىلىدۇ. مەسىلەن، كىشىلەر ئۇيغۇرلارنى «ناخشا - ئۇسسۇل مىللىتى» دەپ

سۈپەتلەشكە ئادەتلىنىپ كېتىشكەن. ئەمەلىيەتتە، بۇنى ھازىرقى تارىخنىڭ خاھىشى تەرىپىدىن يۈكلەنگەن سۈپەت دېيىشكە بولىدۇ. گەرچە بۇ مىللەت «ناخشا - ئۇسسۇل مىللىتى» دېيىلسىمۇ، ناخشا - ئۇسسۇلچىلىرى ئاساسەن مىللىي سەھنە، رېستوران ۋە بەزمىخانىلاردىن ئاشمىدى. سەنئەتچىلىرىمىز بىر يېرىم سائەتكە يەتمىگەن بىر قېتىملىق كونسېرتتا ئۆزبېك، تۈرك، ھىندى، ئەرەب، ياپون، رۇس، ئىنگلىز قاتارلىق نۇرغۇن خەلقنىڭ ناخشا - ئۇسسۇللىرىنى ئورۇنلىماي قالمايدۇ. دېمەك، بىز ناخشا - ئۇسسۇللارنى ئېكسپورت قىلىشنىڭ ئورنىغا ئىمپورت قىلىۋاتىمىز. بۇ بىزنى ھەقىقىي «ناخشا - ئۇسسۇل مىللىتى» ئىكەنلىكىمىزدىن گۇمانلاندۇرىدۇ. ئۇيغۇرلاردا ئىقتىسادىي مىللەت ۋە ئىلىم - پەن مىللىتى بولۇش يوشۇرۇن ئىقتىدارى يوق دەپ كىم ئېيتالايدۇ ۋە ئىسپاتلىيالايدۇ؟!

1995 - يىلى پىروفېسسور ئابدۇشۈكۈر مۇھەممەتئىمىن «شىنجاڭ مەدەنىيىتى» ژۇرنىلىنىڭ 1995 - يىلى 5 - ، 6 - (قوشما) سانىدا «يېپەك يولىدا قايتا ئويلىنىش» ناملىق مۇھاكىمىسىنى ئېلان قىلىپ، ئەسىر ئالمىشىش ھارپىسىدا مىللىتىمىزنىڭ ئىجتىمائىي، مەدەنىي ھالىتىگە بىر دىياگنوز قويۇپ چىققانىدى. ئۇ نەزەرىيەۋى تەپەككۇرىمىزدىكى ئاجىزلىقتىن نالە قىلىپ، «بىز ناخشا - ئۇسسۇل مىللىتى، شېئىر مىللىتى بولۇپ قېلىۋەردۇق. بوياقچىدىن ئارتۇق خىمىك، تۆمۈرچىدىن ئارتۇقراق فىزىكلىرىمىز بولمىدى» دېگەنىدى.

ئابدۇشۈكۈر مۇھەممەتئىمىن ئەپەندى دۇنيادىكى مىللەتلەرنى ئۇلارنىڭ كامالىتى ۋە رىقابەت ئىقتىدارىغا قاراپ ئۈچ خىلغا ئايرىغانىدى:

1. ئېتنولوگىيەلىك مىللەت — مىللەت بولۇش شەرتىنى ئومۇمەن ھازىرلىغان تۈركۈم. بۇلاردا مىللىي تىل - يېزىق، خاس تارىخ، مائارىپ، ئۆرپ - ئادەت، ئەدەبىيات، دىن، تېررىتورىيە

ئۇيغۇر كىتاب تورى بىكىتى
www.uyghurkitap.com



بولغان بولىدۇ. بۇنداق خەلقلەر ئۆزلىرىنىڭ ئەجدادى، مەدەنىيەت يىلتىزى ۋە گېنلىرىغا ھېسسىي رىشتە باغلىغان بولىدۇ. مىللەتنىڭ ئىپتىخارى ۋە ئار - نومۇسىغا چېتىلىدىغان نەرسىلەرگە كۈچلۈك ھېسسىياتىنى ئىپادىلىسىمۇ، ئاقىلانە تەھلىل ۋە مۇھاكىمىگە كەلگەندە ئاجىز بولىدۇ.

2. ئىجتىمائىي مىللەت ــ ئۆزىنىڭ تەبىئىي مىللىيلىكىنى ئۆزئارا كۈچلۈك ئورتاقلىق، ھەمدەملىك، ئىزچىللىقتا، باشقىلارغا نىسبەتەن كۈچلۈك رىقابەتچانلىقتا ئايلاندۇرغان تۈركۈم. بۇنداق تۈركۈمنىڭ ئەزالىرى شەخسىي مەنپەئىتى بىلەن ئومۇمنىڭ مەنپەئىتىنى ئاڭلىق باغلاپ، زۆرۈر تېپىلغاندا، ئومۇم ئۈچۈن شەخسىي مەنپەئىتىدىن ۋاز كېچىدۇ. روشەن قېرىنداشلىق رىشتىنى نامايان قىلالايدۇ.

3. سىياسىي مىللەت ــ يۇقىرى مىللىي مەدەنىيەت، يۇقىرى مىللىي ئاڭ، يۇقىرى ئۇيۇشۇشچانلىق، يۇقىرى ئىجادچانلىق بىلەن ئۆز تۈركۈمىنى ئەۋزەللىككە ئېرىشتۈرۈش بىلەن بىللە، ياشاش ئۇسلۇبى ۋە ئىجتىمائىي تەرتىپ جەھەتتە باشقا تۈركۈملەرگە تەسىر كۆرسىتەلەيدىغان تۈركۈم.

تۆۋەنكى بايلىقى يوق كىچىككىنە ئارال دۆلىتى ياپونىيەنى دۇنيانىڭ نەزىرىگە ئېرىشتۈرگەن نەرسە زادى نېمە؟ ئىككى مىڭ يىللىق سەرسانلىقتىكى يەھۇدىيلارنى ساقلاپ، مىللىي دۆلەتكە ئېرىشتۈرگەن نەرسە نېمە؟ بىز بۇ ئىككى مىللەتنى سىياسىي مىللەت دېسەك بولامدۇ - يوق؟

پىروفېسسور ئابدۇشۇكۇر مۇھەممەتئىمىن ياپونلار بىلەن يەھۇدىيلارنى تىپىك سىياسىي مىللەت سۈپىتىدە مىسالغا ئالىدۇ.

بىر مىللەتنىڭ قايسى خىلغا تەۋە بولۇشى ئۆزگەرمەس قانۇن ئەمەس. بىر ئېتنولوگىيەلىك مىللەت سىياسىي مىللەتكە ئايلىنالىشى مۇمكىن، بىر سىياسىي مىللەت ئۆزىنىڭ ئەۋزەللىك ئورنىدىن چېكىنىپ كېتىشىمۇ مۇمكىن. تارىخ سەھنىسىدىكى

باش قەھرىمانلار ئەزەلدىن بىرى ئالمىشىپ تۇرغان.

مەن «شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر مۇنبىرى» ژۇرنىلىنىڭ 2004 ـ يىلى 1 ـ سانىدا جۇڭگونىڭ نوپۇزلۇق مەدەنىيەتشۇناسى گەن ياڭ (甘阳) ئەپەندىنىڭ «سىياسىي مىللەت بولۇشقا يۈزلىنىش» دېگەن ماقالىسىنىڭ ئۇيغۇرچە تەرجىمىسىنى ئېلان قىلغانىدىم. قارىسام، جەمئىيەتتە بۇ ماقالە ھەققىدە تۈزۈك ئىنكاس بولمىدى، شۇنىڭغا قاراپ كىشىلەرنى ئەقلىي سەگەكلەردىن ھېسابلاشقا ئەقلىم بارمىدى.

ماقالىدە ئاپتور ئۇزاق مۇددەت قالاق، ئاجىز ھالەتتە ياشىغان مىللەتنىڭ ئىقتىسادىي جەھەتتىن باش كۆتۈرگەندىن كېيىنكى يامان ئاقىۋەتتىن ئەندىشە قىلغان. بۇنداق ئەھۋالدا جەمئىيەت تەۋرىنىلىشىپ، كۆپ قۇتۇپلىشىپ، ھەر تەرەپكە چېچىلىش خەۋپى بار ئىدى.

گەن ياڭ «سىياسىي مىللەت دېگەن نېمە؟» دېگەن سوئالنى قويۇپ، ئۇنىڭغا كۆپ قۇتۇپلۇق ۋە كۆپ مەنبەلىك ئىجتىمائىي، ئىقتىسادىي مەنپەئەتنى مىللەت بىر پۈتۈنلۈكىنىڭ سىياسىي ئىرادىسى ۋە سىياسىي ئۇيۇشۇش كۈچى ئاستىغا ئەكېلەلەيدىغان مىللەتنى سىياسىي مىللەت دەيمىز، دەپ جاۋاب بەرگەن. ئۇ داڭلىق جەمئىيەتشۇناس ماكس ۋېبېر (Max Weber، 1920 ـ 1864) نىڭ قاراشلىرى بويىچە، ئەزەلىرى ئورتاق مەنپەئەتكە قىزىقمايدىغان، ئارىلاشمايدىغان ياكى ئارىلىشىشنىڭ سىرتىدا قالدۇرۇلغان مىللەتلەرنى قالاق مىللەت دەپ چۈشەندۈرگەن. ئىلغار مىللەتنىڭ ئەزالىرى «سىياسىي ئارىلىشىشلار ئارقىلىق ئۆزىنىڭ ئۇزاق مۇددەتلىك مىللىي مەنپەئەتىگە نىسبەتەن يۈكسەك سىياسىي ئۇيۇشۇشچانلىقنى يېتىلدۈرگەن بولىدۇ.»

بىز مىللەتلەرنى ئۇلارنىڭ ئىجتىمائىي تەرەققىياتى بويىچە تۈرگە ئايرىشنىڭ بىرقانچە ئۆلچىمىنى كۆردۇق. بۇلارغا ئۇيغۇر جەمئىيىتىنىڭ ھالىتىنى تەتبىقلاپ كۆرگىنىمىزدە، مۇنداق

www.uyghurkitap.com

خۇلاسىگە كېلىمىز: ئۇيغۇرلار ئېتىقاد مىللىتى، لېكىن ئاساسىي گەۋدىسىدىن قارىغاندا ئاتېئىلىق ئېتىقادچىلاردىن ئەمەس؛ ئۇيغۇرلار ئەنئەنىگە مايىل تۇپ، لېكىن ئەنئەنىسىنى تۈزۈك قېزىشقا مۇۋەپپەق بولالمىغان؛ ئۇيغۇرلار ئېتنولوگىيەلىك مىللەت، لېكىن ئۆز ئېتنولوگىيەسىنىڭ پەلسەپىۋى تەسۋىرىنى تۈزۈپ بولالمىغان مىللەت. ئۇلارنىڭ مۇناسىۋىتىنى بىر - بىرىنى ئاتېئىلىق قوللاش مۇناسىۋىتى دېگەندىن كۆرە ئىستىخىيەلىك يۇغۇلۇش مۇناسىۋىتى دېگەن تۈزۈك.

ئابدۇشۇكۇر مۇھەممەتئىمىن «بۈگۈنكى كۈندە ئۇيغۇر مىللىي تۇركۇمىنىڭ ئۇيۇشۇش كۈچى پەقەت مۇقام - مەشرەپ، تىل - ئەدەبىيات، توي - تۆكۈن، ئۆلۈم - يېتىم، ھېيت - ئايەمنى ۋاستە قىلغان ئاددىي تەبىئىي ئېتنولوگىيەلىك ئالامەتلەردىلا قالدى» دەيدۇ. ئۇ بۇ گەپنى ئېيتقىنىغا دەل ئون بەش يىل بولغان مۇشۇ كۈنلەردە بولغان بولسا نېمىلەرنى دەر ئىدىكىن!؟ ئۇيغۇر ئاھالىسىنىڭ بىرقەدەر مەدەنىيەتلىكرەك قىسمى بولغان ئۈرۈمچى ئۇيغۇرلىرىنىڭ تويلىرىدىكى ئېتىقادسىز داغدۇغا ۋە ھەشەمەتلەر كىشىنى كەلگۈسى ھەققىدىكى قايغۇلۇق ئويلارغا سالماي قالمايدۇ. تويلار مىللىي خاراكتېرىنىڭ سۈزۈك، يارقىن كىرىستاللىغا ئايلىنىپ، كىشىلەرنى تەربىيەلىشى كېرەك ئىدى. تويدىكى داغۋازلىق ۋە ئىسراپچىلىق دەرىجىسى ھەممە ئادەمنى سەسكەندۈرسىمۇ، لېكىن ھېچكىم بۇ خىل قاباھەتنى ئىسلاھ قىلىشقا ئۆرۈنۈپ باقمىدى. بۇ جەھەتتە، ئۆزىنى زىيالىي دەيدىغانلارمۇ ئوخشاش رول ئالدى. دۆلەت، قىتئە ياكى دۇنيا سەھنىسىدە ئۇتۇق قازىنىپ كەلگەن بىر بوكسچى (مۇشتلاشچى) بىرىنىڭ تويىغا بارالمىغان بولسا ئۇنىڭ قىممىتىنى ھېچنېمىگە تەڭ قىلمايدىغان، كېچىلەپ تەجرىبە ئىشلەپ ئەلگە پايدىسى بار بەلگىلىك نەتىجە چىقارغان ئالىمنى سورۇندا ئولتۇرۇشۇپ بەرگەن ئۆلپەتكە تەڭ قىلمايدىغان قىممەت قاراشلار بىزگە ئومۇميۈزلۈك

يامراپ كەتكەن. ئۆزىنىڭ خۇسۇسىي پايدىسى، ھەۋىسى، خۇمارى، ئويۇنى بىلەن بىۋاستە ئالاقىسى بولمىغان ھەرقانداق نەتىجىگە ئېرەن قىلمايدىغان ئادەملەر ئاز - تولا ئومۇمىي مەنپەئەتكە كۆڭۈل بۆلىدىغان ئادەملەردىن سان جەھەتتىن مۇتلەق كۆپ بولۇپلا قالماي، بەلكى ئۇلار كۈندىلىك ئىش - ھەرىكەتلىرىنىڭ ئۆلچىمىگە ئايلىنىپ كېتىۋاتىدۇ. ئۇلار ھەمىشە يوللۇق ۋە ھەقلىق بولۇپ كېتىۋاتىدۇ. ۋاھالەنكى، تارىخ بۇنداق قوۋمغا ھەرگىز كۈلۈپ باقمايدۇ، بەلكى بۇنداق قارا غاپىللارنى باشقىلارنىڭ ئايىغىغا پاياندار قىلىپ بېرىدۇ.

مىللەت بىر ئىجتىمائىي ئۇقۇم بولۇپ، مەلۇم ئىجتىمائىي بەلگىنى ئاساس قىلىپ ئايرىشنىڭ مەھسۇلى. ئىنسانشۇناسلار، مىللەتشۇناسلار ۋە جەمئىيەتشۇناسلار ئۆزلىرىنىڭ ئىلمىي تەتقىقات مېتودى بويىچە ئىنسانلارنى تۈركۈملەرگە ئايرىيدۇ. بۇنداق ئايرىشلار ئۆز دەۋرىدىكى سىياسىي ئېھتىياجلارنىڭ كۈشكۈرتۈشىدىن خالىي بولالمايدۇ. سابىق سوۋېتلەر ئىتتىپاقىنىڭ دەسلەپكى يىللىرىدىكى ئوتتۇرا ئاسىيا تۈركلىرىنىڭ بىرنەچچە مىللەت تۈركۈملىرىگە ئايرىلىشى تامامەن دېگۈدەك بۆلۈپ باشقۇرۇشتىن ئىبارەت سىياسىي ئېھتىياج تۈپەيلىدىن بولغانىدى.

«كۆپ ھالدا، دۆلەت (ھۆكۈمەت قۇرۇلمىسى) ئۆزىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان مىللەتنى ياساپ چىقىدۇ».

(Michael G.Roskin, etc.Political Science)

ئەسلىدە تەبىئەت ياراتقان پەرق بىلەن ئوخشاشلىق بار، كۈچلۈكلەر زۆرۈر تېپىلسا، ئازراق پەرقتىن چوڭ ئىجتىمائىي پەرقنى ياسايدۇ. بۇ پارچىلاش دېيىلىدۇ. كۈچلۈكلەر يەنە زۆرۈر تېپىلسا ئازراق ئوخشاشلىقتىن چوڭ سىياسىي بىرلىكنى قۇرۇپ چىقىدۇ، بۇ سومۇرۇش دېيىلىدۇ. دېمەك، بۆلۈش بىلەن قوشۇش سىياسىي ھەزىمنىڭ قانۇنى بولۇپ كەلگەن. شۇڭا، «مىللەت»

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تورى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يىگانە تارقىتىش تور بېكىتى



دىگەن ئۇقۇمنىڭ گەۋدىسىدە ئۆز (self) بىلەن ئۆزگىلىك (otherness) بار بولغان بولىدۇ ھەمدە ئىرقىي پەرقلەندۈرۈش مەۋجۇت بولىدۇ. كۆپ ھالدا بىر مىللەت يەنە بىر مىللەتكە باھا بەرگەندە ئاسانلا بىر تەرەپلىمە قاراش پەيدا بولىدۇ. بىر تەرەپلىمە قاراش (prejudice، 偏见) ھەققىدە جەمئىيەتشۇناس جون ج. ماكئونىس (John J.Macionis) تەبىر بېرىپ: «مەلۇم بىر تۈركۈمگە بېرىلگەن قاتمال، ئادىل بولمىغان باھا ۋە ھۆكۈمدۇر» دېگەنىدى. بۇنداق باھالار ھېچقانداق ئاساس بولماي تۇرۇپمۇ ھەممە ئادەمگە ئومۇملاشقان بولىدۇ. مىسالەن، «ئۇلار ئەزەلدىن تىرىشمايدىغان ئەخلەت بىرنېمىلەر، مەكتەپتە ئوقۇتسىمۇ بەرىبىر» دېگەندەك.

دېمەك، مىللەتلەرنىڭ ئالاھىدىلىكى، خۇسۇسىيىتى، تەرەققىيات ھالىتى ھەققىدە چىقىرىلغان يەكۈنلەردە ھامان يەكۈن چىقارغۇچىلارنىڭ ئۆزىگە خاس غەرىزى بولىدۇ، شۇڭا، ئۇ مۇتلەق ھەقىقەتكە باراۋەر ئەمەس. بىر ئىنسانلار تۈركۈمى كەلتۈرۈپ بەرگەن رىئاللىقنى يەنە بىر ئىنسانلار تۈركۈمىنىڭ ئۆزگەرتەلىشىنى جەمئىيەتلەر تارىخى ھەرگىز چەتكە قاقمايدۇ. بەلكى شەرتلىك ھالدا مۇئەييەنلەشتۈرىدۇ.

سىياسىي ۋە ئىلمىي نوپۇزلۇقلىرىنىڭ قاراشلىرى تارىخنىڭ بىر مەزگىللىك مودىسى بولسا بولالايدۇ. لېكىن، مۇتلەق ھەقىقەت بولالىشى ناتايىن.

جاھان مۇنبىرىدىكى ئۆزىگە ۋە ئۆزگىگە ھاكىم خەلقلەرنى كۆرگەندە، كىشىدە تەبىئىي ھالدا مىللەت ھەققىدە سوئال تۇغۇلىدۇ. يۇقىرىقىلار ئىنگلىزلارنىڭ مىللىيىتىدىن ئالغان تەسىراتلىرىمىنىڭ خۇرۇجىدىن شەكىللەنگەن ئازراق بىلىملىرىمدۇر، خالاس.

# كۆزدىن ئەقىلگە

شەھەردە كۆز كېرەك، جاڭگالدا قۇلاق.

— ئۇيغۇر خەلق ماقالى

مەنكى بىر گۈلدىن جاھان باغىدا بۇيە تاپمادىم،
نەيلەيىن، قىلسا مۇئەتتەر دەھرنى بوستان ئىسى؟
(جاھان باغىدا بىرەر تال گۈلنى پۇراشقا نېسىپ بولماپتۇ، شۇنداق ئىكەن، يەر يۈزى گۈلزار ھىدى بىلەن توشۇپ كەتسىمۇ ماڭا نېمە پايدا؟!)

— ئەلىشىر نەۋايى

ۋەتىنىڭدىن يىراق بىر يات ئەلگە بارساڭ، دەسلەپكى تۈنلەردە ۋاقىت پەرقىگە كۆنەلمەي، ئۇيقۇڭ ھارام بولىدۇ، دېيىشىدىكەن. لېكىن، مەن ئۇنداق بولمىدىم. مەن راسا ئۇخلاپتىمەن. ۋۇجۇدۇمدىكى بىيولوگىيەلىك سائەت مېنى ئويغاتقاندا، تېخى سەھەر ئىدى. دېرىزىدىن قارىسام، تامنىڭ كىچىككىنە چىمەنزارى كۆزۈمگە قارىيىپ كۆرۈندى.

ئويغىنىپ ئۆزۈمنىڭ نەدىلىكىنى بىلەلمەي بىرھازا گاڭگىراپ كەتتىم. تۇيغۇمدىكى ئۈرۈمچى، باكۇ بىلەن لوندون ئۆزئارا يۇغۇرۇلۇپ، ماكان تۇيغۇم مۇجمەللىشىپ كەتكەنىدى. گادىرماچ خىياللار ئىچىدە خېلى ۋاقىت قايمۇقۇپ يۈرگەندىن كېيىن، تامنىڭ كىچىككىنە ئۆيىدىكى مۇساپىر ئۆزۈمنى تېپىۋالدىم. بىر ئادەمنىڭ ماكان تۇيغۇسىنىڭ ناھايىتى مۇھىم ئىكەنلىكىنى

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com



ئاشۇنداق ۋاقىتتا روشەن تونۇپ يېتىمەن. يېڭى قونالغۇدا ئۆزۈمنىڭ نەدە ئىكەنلىكىنى بىلىشىم بىر كۈنلۈك پائالىيىتىمنىڭ باشلىنىشى بولىدۇ. نەدە ئىكەنلىكىمنى جەزم قىلماي تۇرۇپ، مىدىر قىلالمايمەن. نەگە بېرىشىڭىزنى ۋە نېمە ئىش قىلىشىڭىزنى بىلىش ئۈچۈن ئالدى بىلەن نەدە ئىكەنلىكىڭىزنى بىلىشىڭىز كېرەك. ۋاھالەنكى، كومپاس يۈرىكىڭىزدە بولمىسا نەدە ئىكەنلىكىڭىزنى توغرا بىلەلمەي قالىسىز.

سەھەردە تامنىڭ ئۆيى ئىمتاس. گويا نەچچە ئىغىزلىق، پەشتاقلىق بۇ ئۆيدە مەنلا باردەك ئىدىم. تۇرۇبىدىكى سۇلار ھەممە ئەزايىمنى پاكلاپ چىقتى. قۇياش تېخى كۆتۈرۈلمىگەن بۇ پەيتتە، تۆت ئەتراپنى ئېنىق پەرق ئەتكىلى بولمايتتى. توساتتىن بىر ئاۋاز قۇلاق تۈۋىمدە جاراڭلىدى:

«مەشرىق ۋە مەغرىب (ھەممە تەرەپ) ئاللانىڭدۇر، ئاللا خالىغان كىشىنى توغرا يولغا باشلايدۇ.»

— «قۇرئان كەرىم» بەقەرە سۈرىسى، 142 - ئايەت.

«سېنى چوقۇم ئۆزۈڭ ياقتۇرىدىغان قىبلىگە يۈزلەندۈرىمىز.»

— بەقەرە سۈرىسى، 144 - ئايەت.

«ھەر ئۈممەتنىڭ يۈز كەلتۈرىدىغان تەرىپى بار»

— بەقەرە سۈرىسى، 148 - ئايەت.

يۈز كەلتۈرىدىغان تەرەپ بىر قوۋمنىڭ ئەزالىرىنى مەيلى ئۇلار قەيەردە بولۇشىدىن قەتئىينەزەر (دېڭىزدا، ھاۋادا، يەردە، ئۈچ - چېكى يوق جاڭگاللاردا) بىر گەۋدە ھالىتىگە ئەكېلىدۇ. يۈزلەنگەن تەرەپنىڭ بىر بولۇشى يات بىر قوۋمنىڭ قوينىدىكى بىر مۇساپىرنى ئۇنىڭ ئۆز قوۋمىغا مۇستەھكەم باغلاپ تۇرىدۇ.

ئىرېلاندىيەلىك تامنىڭ ئەنگلىيەدىكى ئۆيىدە تەكلىماكانلىق مەن قەلبىمدىكى ئانتېننانى قوۋمۇم بىلەن بىر قىلغىنىمدا، روھىمدىكى مۇساپىرلىق تۇيغۇسى بىردىنلا غايىب بولدى. ئۆز

قوۋمۇم بىلەن بولغان قوشۇلۇش تۇيغۇسى مېنى چاغ ۋاقتىمغىچە بولغان شېرىن ئۇيقۇغا بۆلىدى.

شەپەق نۇرى كىچىك كىيىم ئىشكاپىدىكى جۇڭگو يېزىقىنى يورۇتقاندا ئويغىنىپتىمەن. تام بۇ يېزىقلارنى چۈشىنەمدىغاندۇ، دەپ ئويلىدىم ئىچىمدە. بەلكىم ئۇ بۇ غەلىتە بەلگىلەرنى سىرلىق بىر مەدەنىيەتنىڭ يادىكارى سۈپىتىدە بېزەك قاتارىدا كۆرگەندۇ. تەرتىپسىز تاق خەتلەر خىرە تەكشىلىكتە لەيلەۋاتقاندەك بىلىندى.

ئورنۇمدىن تۇرۇپ پەستىكى ئاشخانىغا چۈشتۈم ۋە ئاشخانا ئارقىلىق چىملىققا چىقتىم. كۈزنىڭ سوغۇق ھاۋاسى خۇشياققاندەك قىلدى. قىپقىزىل ئېچىلغان ئىككى تال ئەتىرگۈل شاخنىڭ ئۇچىدا جىمغىنە تۇراتتى. بايا دېرىزىدىن شۇڭغۇغان شەپەق قەيەرگىدۇ غايىب بولۇپ، قوغۇشۇن رەڭگىدىكى بۇلۇتلارنىڭ ئاستىدا ھاۋا سۆرۈن كۆرۈنەتتى. ئىككى تال ئەتىرگۈلگە ئاپتاپ بولمىسىمۇ بولىدىغاندەك، قىپقىزىل جۇلالىنىپ بىلىنەر - بىلىنمەس تەۋرىنەتتى. مۇبادا ئاشۇ ئىككى تال ئەتىرگۈل بولمىغان بولسا ئۆزۈمنى تۇڭلاپ كېتىدىغاندەك ئويلىدىم. خۇدانىڭ بەندىگە بولغان رەھمىتى ھەقىقەتەن چەكسىزكەن. ئىككى تال ئەتىرگۈلگە قارىغانسېرى تەبىئەتنىڭ مۆجىزىسىدىن زوق ئېلىشنى خېلىدىن بېرى ئۇنتۇپ كەتكىنىمنى ھېس قىلدىم. پۇل، بايلىق، مەنسەپ، شان - شۆھرەت ھېرىسمەنلىكى كىشىلەرنىڭ تەم سەزگۈسىنى گاللاشتۇرۇپ، ھاياتنىڭ تەمىنى ئۇقماي ياشايدىغان قىلىپ قويىدى. ئۇلار ھاياتنىڭ قىممىتىنى چۈشىنىپ بولغىچە دوختۇرخانىدىن ئورۇن ئېلىشىدۇ. «ئۇلار گوياكى (كېچىدە ئىسسىنىش ۋە يورۇقلۇق ئېلىش ئۈچۈن) ئوت ياققان كىشىلەرگە ئوخشايدۇ. ئوت ئۇلارنىڭ ئەتراپىنى يورۇتقاندا، ئاللا ئوتنىڭ يورۇقىنى ئۆچۈرۈۋەتتى، ئۇلارنى (ئەتراپىدىكى ھېچ نەرسىنى)

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى
www.uyghurkitap.com



كۆرەلمەيدىغان قاراڭغۇلۇقتا قالدۇردى» («قۇرئان كەرىم» بەقەرە سۈرىسى، 17 ـ ئايەت).

نەپسانىيەتچىلىك ئادەملەرنى ماشىنىغا، ھەشەمەتلىك داچىغا، ئالتۇن ۋە ئالماسلارغا ئىگە قىلدى، ھوقۇققىمۇ ئىگە قىلدى، لېكىن ئۇلارنى ئاددىي ئىنسانلىقتىكى ھالاۋەتتىن مەھرۇم قىلدى. ئىككى تال ئەتىرگۈل مېنى زىلزىلىگە سالغاندەك بىلىندى.

ئاشخانىغا قايتىپ كىردىم، ئاشخانىدا بىرەيلەن ناشتىلىق تەييارلاش بىلەن بەند ئىدى.

ــ خەيرلىك سەھەر، ــ دېدىم مەن.

ــ خەيرلىك سەھەر، ــ دېدى ئۇ ئادەم ماڭا ئۆرۈلۈپ قاراپ. ھەر ئىككىمىز ئۆزىمىزنى ئاددىيلا تونۇشتۇردۇق.

گاردىنېر جۈغى كىچىك، ئورۇق ئادەم ئىدى. بىز كۆرۈشكەندە ئۇنىڭ قولى ناھايىتى يىرىك بىلىندى. شالاڭ، سارغۇچ چاچلىرى بېشىغا چاپلىشىپ، كەڭرىپ كەتكەن يۇپقا يۇڭ پوسمىدەك بولۇپ قالغانىدى. كۆكۈچ كۆزلىرىدىن قانداقتۇ بىر خىل خىراmanلىق چىقىپ تۇراتتى. ئۇ يېڭى زىلاندىيەدىن بۇ يەرگە كېلىپ ئىشلىگىلى يەتتە ـ سەككىز يىل بولاي دەپ قاپتۇ.

گاردىنېر قەغەز پۈرۈپكىدىكى بىرنەرسىلەرنى چىنىسىگە شالدىرلىتىپ تۆكتى، ياپراق شەكلىكى ئۇ نەرسىلەرنىڭ رەڭگى نەشىگە ئوخشاپ كېتەتتى، قانداقتۇر بىر خىل مېۋىلەرنىڭ قېقىمۇ ئارىلاش ئىدى. ئاندىن ئۇ يەنە بىر قەغەز پۈرۈپكىدىكى سۈتنى سوغۇق پېتىلا قۇيدى ـ دە، قوشۇقلاپ يېيىشكە باشلىدى.

ــ ناشتىلىقىڭىز بەك ئاسان ئىكەن، ــ دېدىم مەن ئۇنىڭغا.

ــ شۇنداق، تۇرمۇشۇمۇ ئاسان. ئۆزۈمگە مۇناسىۋەتلىك ھەممە نەرسىنى ئاسانلاشتۇرۇپ قىلىمەن، ــ دېدى گاردىنېر جاۋابەن.

ــ تەس ئىشىڭىز پەقەتلا يوقمۇ؟

ــ ماڭا نىسبەتەن ئۇخلاش ناھايىتى قىيىن، خېلى ئۇزۇنغىچە

ئۆخلىيالماي ئاۋارە بولىمەن. ئۇيقۇمنىڭ مەززىسى يوق، چۈنكى چۈش كۆرگىنىمنىمۇ بىلمەيمەن.

گاردىنېر ماڭا قىزىق تۇيۇلدى. ھەرنېمە دېگەنبىلەن ئۇ ئۆز خاراكتېرى بار ئادەم ئىكەن. دىيارىمىزدا تولا ئادەم ئاساسەن ئوخشاش گەپ قىلىدۇ، باشقىلارنىڭ ئاغزىدىن ئومۇمەن ئۆزىمىز بىلىدىغان ۋە ئالدىنئالا پەرەز قىلغان گەپلەرنى ئاڭلايمىز، شۇنداقتىمۇ مەنىسىزلىك ھېس قىلمايمىز، چۈنكى ھەممىمىز ئۆز مەنىسىزلىكىمىزنى ئۇنتۇپ كەتكەن.

— ئۆزىڭىز يالغۇز تۇرامسىز؟ — سورىدىم مەن.

— شۇنداق، يالغۇزلۇقتا كۈنۈپ كەتتىم، ئايال دېگەن گەپ غەلىتە ئاڭلىنىدۇ. مەن بۇ خىل يالغۇزلۇقنى ئاقىلانە ئۇسۇل بىلەن قوبۇل قىلغان. ئېنىقكى، بىز ھەممىمىز يالغۇز كەلگەن، يەنە يالغۇز كېتىمىز. بىر مەزگىللىك شاۋقۇنلۇق ھاياتىمىدىن ماڭا قالغىنى يالغۇزلۇق.

— بۇنى بىر خىل باتۇرلۇق دېسەك بولامدۇ؟

— نېمە دەيدىغانسىز، ھازىرقى دۇنيادا باتۇرلار نېمىش قىلىدۇ. كىشىلەر ھېچ ئىشنىڭ ئۆزلىرى توپەيلى يۈز بېرىشىنى خالىمايدۇ.

گاردىنېر بۇ گەپلەرنى دەپ بولۇپ، مەن بىلەن خوشلىشىپ ئىشقا يۈرۈپ كەتتى. مەن ئۇچۇن ئېيتقاندا، بىر ئەرنىڭ ئايالسىز تىرىكچىلىك قىلىشى مەنىسىزلىك بولۇپلا قالماي، بەلكى يەنە قورقۇنچلۇق. ئايالسىز ئەر ئۆزىنىڭ ئەرلىكىنى ئۇنتۇپ كېتىدۇ. بۇ جەھەتتە گاردىنېر ئىككىمىزنىڭ تۇرمۇش پەلسەپىسى پەقەتلا يېقىن كەلمەيدىكەن. ھەركىمنىڭ ئۆزىنى ئاقلايدىغان بىر قىسمىتى بولىدۇ.

ئوچاقنى قانداق ئىشلىتىشنى بىلەلمەي بىرئاز ئاۋارە بولدۇم. ئوچاق توكلۇق بولۇپ، كۇنۇپكا دېگەن نەرسە يوق ئىدى، ئوچاقنىڭ يۈزى تۈپتۈز، ئوچاق قويۇلغان سۇنئىي تاختاي بىلەن جىپسىلىشىپ، تۈز بىر تەكشىلىكنى ھاسىل قىلغانىدى. ئۇنىڭ

www.uyghurkitap.com



ئۇستىگە ئوچاق بېشىدىكى سايمانلارنى ئىلغا قىلىپ بولۇشنىڭ ئۆزىلا بىر گەپ ئىدى. ئاخىر توك چەينىكىدە چاي قايناتتىم. بىر تال تۇخۇمنى ئىستاكانغا سالدىم ـ دە، قايناقسۇ قۇيۇپ قويدۇم. يەنە بىر ئىستاكانغا قايناقسۇنى قۇيۇپ، خالتىلىق چاينى تۆگۈرۈپ، ئىككى ـ ئۈچ قېتىم چۆكۈردۇم، قېنىق بىر ئىستاكان چاي تەييار بولدى. بولكىغا ھەسەل مىلەپ، قېنىق چاينى سۈمۈردۇم، بەدىنىمدە پەيدا بولغان ھارارەت راھەت بىر سېزىمنى پەيدا قىلدى. موس ـ موس بولكىدىن بىرنەچچە بۇردا ئارقا ـ ئارقىدىن ئۆتتۈپ كەتتى. ئىللىغان تۇخۇمدىن ئەپلەپ بىر تۆشۈك ئېچىپ، چوكا بىلەن قوچۇدۇم ۋە ئاغزىمغا قويۇپ سۈمۈردۇم. لوندوندىكى تۇنجى ناشتام مۇشۇنداق باشلانغان بولدى.

چاي ئىچىپ خىيال بىلەن ئولتۇرسام خەۋەرجان كەلدى. بۈگۈنكى پىلانىمىز لوندوننىڭ بىر قىسىم كوچىسىنى ئايلىنىش ئىدى. خەۋەرجان بۈگۈنكى ۋاقتىنى مەخسۇس ماڭا ئاجراتقانىدى.

خەۋەرجاننىڭ دوغىلاق بويى مىقتا ۋە ساغلام كۆرۈنەتتى، قويۇق چاچلىرى يىرىكلىكىدىن تىك تۇراتتى. ئەتراپتىكى ئالامەتلەرگە ئالدى بىلەن ئۇنىڭ كۆزى ئىنكاس قايتۇراتتى. ئۇنىڭ بىر ئىشقا تۇتقان پوزىتسىيەسىنى ھەرىكەتچان قارا كۆزلىرى ۋە دۈگىلەك سېمىز يۈزىدىن ئاسانلا كۆرۈۋالغىلى بولاتتى. ئۆتكەن يىلى شۇ ئىشىنىدىكى سومكىسى ھامان بىللە ئىدى. بۇ سومكىدا تۇرمۇش ۋە ئۆگىنىشكە ئالاقىدار نەرسىلەر بولاتتى. لوندونغا كەلگىنىگە يەتتە يىلچە بولغان خەۋەرجان لوندونلۇقلارنىڭ تۇرمۇش ئۇسۇلى بىلەن رىتىمىغا ئاللىبۇرۇن ماسلىشىپ بولغاندەك تۇراتتى.

ــ ناشتا قىلىۋالامسىز؟ ــ دېدىم مەن خەۋەرجانغا.

ــ ئىش ئورنۇمدىلا ناشتا قىلىپ بولدۇم، ــ دېدى ئۇ.

ــ ئازراق ئارام ئېلىۋالالىدىڭىزمۇ؟

ــ ئاز ـ تولا ئارام ئېلىۋالدىم. يىللاردىن بېرى بۇ خىل

تۇرمۇشقا خېلى كۆنۈپ قالدىم دېسەممۇ بولىدۇ.

خەۋەرجان مەن تۇرۇۋاتقان مۇشۇ ئۆينىڭ ئىگىسى تام بىلەن بىر قورۇلۇش شىركىتىنىڭ كىچىلىك كۆزەتچىلىكىنى قىلىدىكەن. كۈندۈزى ئۆگىنىش ۋە تەتقىقاتىنى قىلىدىكەن. ئۇ، تام بىلەن يېقىن بولغاچقا، چۈشەرگاھىمنى مۇشۇ يەرگە ئورۇنلاشتۇرغانىكەن. بىر تەرەپتىن ئىشلەپ ئوقۇش ۋە تۇرمۇش خىراجىتىنى قامداش، يەنە بىر تەرەپتىن مۇشكۇل ئوقۇشنىڭ ھۆددىسىدىن چىقىش مۇساپىرەتتىكى ئىلىم مۇخلىسلىرى ئورتاق ھالدا دۇچ كېلىدىغان تاللاش ئىدى.

يولغا چىقتۇق. ئېستخام (East Ham) دىكى بازارلار بۇ ۋاقىتتا ئالىلىبۇرۇن جانلىنىپ كەتكەنىدى. مەقسىتىمىز ئەتراپتىكى مۇھىتنى كۆرۈش بولغاچقا، پاراڭلاشقاچ ئالدىرىماي ماڭدۇق. مەن خەۋەرجانغا گاردىنىېرنىڭ گېپىنى قىلىپ بەردىم.

— بويتاق ئۆتۈپ كېتىدىغانلار جىق، — دېدى خەۋەرجان، — ئادەملەر بىر - بىرىگە ئىشەنمەيدۇ. ناۋادا بىرى بىلەن توي قىلىپ، ئاجرىشىپ كېتىدىغان ئىش بولسا، ئۆي ۋە مال - مۈلكىنىڭ يېرىمى قارشى تەرەپكە ئايرىپ بېرىلىدۇ. ھەتتا بەزى ئايالالار ئەرنىڭ مال - مۈلكىنى كۆزلەپ ياتلىق بولۇشىدۇ. مۇھەببەت ئىشەنچىسىز بولغاچقا، كىشىلەر نىكاھقا شۈبھىلىك قارايدىغان بولۇپ كەتكەن.

خەۋەرجاننىڭ ئېيتىپ بېرىشىچە، مەن چۈشكەن ئۆينىڭ ئىگىسى تاممۇ بويتاق ئىكەن، ئۇمۇ ۋاپاسىز بىرىگە يولۇقۇپ قېلىپ، ئاران تاپقان مۈلكىنىڭ بىھۇدە قولدىن كېتىشىدىن ئەنسىرەيدىكەن. مۇشۇنداق ۋەھىمە تۈپەيلى بەزىلەر جىنسىي ھەمراھلاردىن بولۇپ ئۆتۈشنى تاللىۋالىدىكەن، ھەر ئىككى تەرەپنىڭ خىراجىتى ئۆز ئالدىغا ئىكەن.

بىز گەپ بىلەن بولۇپ، ئېستخام (East Ham) پويىز ئىستانسىسىنىڭ يېنىغا كېلىپ قاپتۇق. بىر قەۋەتلىك

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تورى


ئىستانسا زالىنىڭ ئالاھىدە يىرىمۇ يوقتەك تۇراتتى، خىشلىرى ۋە پاسوندىن بۇ قۇرۇلۇشنىڭ كونىلىقى مانا مەن دەپ چىقىپ تۇراتتى. تەزكىرىسىدىن قارىسام، بۇ ئىستانسا 1858 - يىلى ئىشقا كىرىشتۈرۈلگەنىكەن، تەخمىنەن بىر يىرىم ئەسىرلىك بۇ قۇرۇلۇش ئۆزىنىڭ تالاي كەچمىشىدىن پەخىرلەنگەندەك مەزمۇت ۋە بىجىرىم ھالدا قەد كۆتۈرۈپ تۇراتتى.

يانفون ئالغۇم بار ئىدى. ئىستانسا يېنىدىكى بىر ماگىزىنغا كىرىپ يانفونلارنى بىرەر قۇر كۆزدىن كەچۈردۇق، باھا ۋە پاسون جەھەتتە ماڭا باب كەلگۈدەك يانفون تاپالمىدۇق. «ئادىدىلىق ھەممىدىن ياخشى» دەپ يۈرمىسەممۇ، تەبىئىتىم ھەمىشە ئاددىيلىقنى خالاپ تۇرىدۇ، نوكىيا (Nokia) نىڭ ئەڭ ئاددىي نۇسخىسى تۇگەپ كېتىپتۇ.

خەۋەرجان ئاپتوماتىك بېلەت ئېلىش مەشغۇلاتىغا پىششىق ئىدى. ئۇ بولغاچقا بۇ جەھەتتىكى تەمتىرەشلەردىن خالىي ئىدىم. يەر ئاستىغا يۈزلەنگەن ئۆزۈن سىرىلداقلار بىزنى ئېقىتىپ ماڭماقتا. بىر سەپ ئادەم يەر ئاستىدىن ئۈستىگە قاراپ ئاقاتتى، ئىستانسىنىڭ ئىچى چۆچەكلەردىكى كۆھقاپتەك تۇيۇلىدى. گۈرۈلدىگەن ئاۋاز بىلەن تەڭ يەرنىڭ قاراڭغۇ باغرىدىن بىرنەچچە تال چىراغ كۆرۈندى، ئارقىدىنلا پويىزنىڭ ئېغىر گەۋدىسى بىز تۇرغان سۇپىنى تىترىتىپ يېقىنلاپ كەلدى. شۇنچە تېز يېتىپ كەلگەن پويىز چېۋەر ئۇسسۇلچى قىزدەك ئەپچىللىك بىلەن شىپپىدە توختىدى. ئۆشنىسىگە سومكا يۈدۈۋالغان كىشىلەر ئالدىراپ - تېنەپ چۈشۈپ قايسىدۇر بىر ئېغىزغا ئۆزلىرىنى ئاتاتتى. ساقلاپ تۇرغان كىشىلەر پويىزنى يىغىۋاشتىن تولدۇراتتى. قوزغالغان بېكەت، كەلگەن بېكەت ۋە بارىدىغان بېكەتلەرنىڭ نامىنى ئەسكەرتىدىغان يېقىملىق ئاۋاز ۋوگزالدىن، ئادەملەردىن كېلىۋاتقان ئۆزگىچە پۇراق بىلەن بىرلىشىپ، مېڭەمدىكى لوندوننى قوزۇپ چىقماقتا. دىكتور ئايالنىڭ شۇ

يېقىملىق ئاۋازى كۆز ئالدىمدىكى بىسەرەمجان، سوغۇق مەنزىرە ئۈستىگە يېيىلغان نەپىس شەپەقتەك تەسىرات بەردى. ئەتراپتىكى ئىشلارغا قاراپ ئۆلگۈرمەيتتىم. ۋوگزالنىڭ كۆرۈنۈشلىرى ئېگىمدىكى توكيو ۋوگزاللىرىنىڭ كۆرۈنۈشلىرى بىلەن تەبىئىي سېلىشتۇرمىنى ھاسىل قىلدى. بۇ ۋوگزال توكيو ۋوگزاللىرىغا قارىغاندا كونا چىراي بولۇپ، قوپال ۋە سۆرۈن كۆرۈنەتتى، پويىزنىڭ كىرىش - چىقىشىمۇ شاۋقۇنلۇق ئىدى، ۋوگزالدىكى تەرتىپمۇ ئانچە مۇنتىزىم ئەمەستەك ئىدى.

لوندوندا يەر ئاستى پويىز يولى 1863 - يىلى ئىشقا كىرىشتۈرۈلگەن بولۇپ، دۇنيادىكى تۇنجى يەر ئاستى پويىز يولى ھېسابلىنىدۇ. 2007 - يىلى يىللىق يولۇچى توشۇش مىقدارى 1 مىلياردقا يېتىپ، پارىژ ۋە موسكۋادىكى مېترودىن قالسىلا دۇنيا بويىچە ئۈچىنچى ئالدىراش مېتروغا ئايلانغان. ئەنگلىيەدە يەر ئاستى تۆمۈريول لىنىيەسىنى «Tube» دەپ ئاتايدىكەن، بۇ گەپ بىزچە «تۇرۇبا»، «كارىدور» دېگەن مەنىلەردە. تورۇسلىرى ئەگىم بۇ ۋوگزال بەئەينى يېرىم سىلىندىر شەكلىگە ئوخشايتتى. يەر ئاستىدىكى تونېللارنىڭ تۇتاشمىسىدىن ئىبارەت بۇ لىنىيە دېمىسىمۇ تۇرۇبىنىڭ ئۆزىگە ئوخشايتتى. توردەك گىرەلىشىپ كەتكەن ئون بىر يەر ئاستى لىنىيەسى كاتتا لوندوننىڭ ھەممە يېرىگە ۋاقتىقا رىئايە قىلىپ ئاپىرالايتتى.

نىشان، تەرەپ... دېگەنلەرنى ئاڭقىرالماي قايمۇقۇپلا كەتتىم، شۇنىڭ بىلەن ئۆزۈمنى خەۋەرجاننىڭ ئىختىيارىغا تاپشۇردۇم. پويىزغا چىقتۇق. سىلىققىنە قوزغالغان پويىز بارا - بارا ئىتتىكلەپ، تونېلنىڭ قارا ئاغزىغا قاراپ ئېتىلدى. كۆزى بارلىكى ئادەم ئەتراپتىكى نەرسىلەرنى كۆرىدۇ، لېكىن نەرسىلەرنىڭ مۇناسىۋىتىنى ھەممە ئادەم كۆرۈپ يېتەلمەيدۇ. نەرسىلەرنى كۆزىتىشتە ئۈچىنچى بىر كۆز بار، ئۇ بولسىمۇ كۆڭۈل كۆزى. كۆڭۈلنىڭ تاشقى يۈزى باشقا ئادەملەرنىڭكىدە ئاز - تولا ئوخشاپ

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com



قالىدۇ، لېكىن كۆڭۈلنىڭ چوڭقۇر قاتلىمى ھەربىر ئادەم ئۈچۈن خاس بولىدۇكى، دۇنيا ئەنە شۇ خاسلىق كۆزى بىلەن كۆزىتىلسە، ئىنسان تامامەن ئۆزگىچە بىر دۇنيانى بايقاشقا مۇيەسسەر بولىدۇ. مەن باشقىلار بىلەن پاراڭلىشىش ياكى ديالوگ قۇرۇشقا ئىمكانىيەت يوق شارائىتتا كۆزۈم بىلەن پاراڭلىشىمەن. كۆز ئالدىمدىكى قىياپەتلەر ۋە بەلگىلەر مەن ئۈچۈن مەنىدار يىپىنچاقا ئايلىنىپ، قىزىقتۇۋاتقان دۇنيايىمدىن ئۆزۈمگە تۇشلۇق ئۇچۇرلارنى قوبۇل قىلىمەن.

سۈكۈت ئىچىدىكى كۆزنىڭ دىلدىكى غەلىيانلىرىنى تىل ئىزھار قىلىشقا ئاجىزدۇر، قۇلاقلار ئاڭلاشقا پاڭدۇر.

كۆزۈمنى ئىشقا سالدىم. بۇ كۆز تاشقى دۇنياغا تالاي ـ تالاي ئىنتىلىپ چاقناپ كەتكەن ئۈيغۇرچە كۆز ئىدىكى، تەئەججۇپ، قىزىقىش ۋە تەسىرلىنىش بىلەن تولغان.

پويىز بېكەتلەردە توختايدۇ، ئادەملەر چۈشىدۇ ۋە چىقىدۇ. ئادەملەرگە قاراپ، لوندوننى تۈرلۈك ئىرق ۋە مىللەتنىڭ تىرىك مۇزېيىمىكىن دەپ قالدىم. ھەربىر ئىرق ئۆزىنىڭ روشەن ئىرقىي بەلگىسى بىلەن كىشىنىڭ خىيالىنى يەر ئاستىدىكى ئۆچەيدەك ئۇزۇن تونېلدىن سىپايان دۇنياغا ۋە تۇمانلىق تارىخ بوشلۇقىغا باشلاپ كېتەتتى.

مىللەتلەر ئۆزلىرىنىڭ ئىرقىي سۈپىتىگە ماس كېلىدىغان ئەنئەنىۋى كىيىملىرى بىلەن دەرىجىدىن تاشقىرى ئاۋات بۇ شەھەرنىڭ پويىزلىرىدا ۋە كوچىلىرىدا بىمالال يۈرۈۋېرىدىكەن. ئۆز ئەنئەنىسى ۋە مەدەنىيەت ئەنئەنىسىدىن يات مۇھىتنى كۆرگەندە قورۇنۇش ھېس قىلىش مەنىۋى ئاسارەتنىڭ ئىپادىسىدۇركى، بۇنداق كىشىلەر زورۇر تېپىلغاندا ئۆزىنىڭ ئۆرۈق ـ نەسەبلىرىدىن شەرمەندىلەرچە يۈز ئۆرۈيدۇ ۋە يەنە بىر توپنىڭ شەرەپسىز كەلگۈندىسىگە ئايلىنىدۇ. مەن ئىنسان ئۆزى ئىپتىخار بىلىپ داۋام قىلىدۇرغان ئەنئەنىنى ھەرقانداق زامانىۋىلىق مۇھىتىدا

قەتئىي چانمايدىكەن دەپ ئويلىدىم. بىرقانچە ھىندىستانلىق ئايال (مەن شۇنداق پەرەز قىلدىم) ئۆزلىرىنىڭ كۆڭلىكى ۋە رومالى بىلەن قورۇنۇش ۋە ئىككىلىنىشتىن خالىي كەيپىيات ئىچىدە پويىزدىكى مەنزىرىگە قوشۇلۇپ كەتتى. ئۇلار گويا ئاللانىڭ ئۆزلىرىنى ھىندى ياراتقىنىدىن شۇكۇر قىلغاندەك تولۇق روھىي توقلۇقنى نامايان قىلىپ، خاتىرجەم ۋە ئەمىن ئولتۇرۇشاتتى.

— قاراڭ ئاۋۇ ئاياللارغا، — دېدىم خەۋەرجانغا، — ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ مىللىي كىيىملىرى بىلەن لوندوندا چانماپتۇ.

— بىزدىن باشقا خەقلەر يات مۇھىتقا كەلگەندە ئۇستىباش ئالماشتۇرۇپ يۈرمەيدۇ. ئۆزلىرى قانداق بولسا شۇ پېتى ياشاۋېرىدۇ. لوندوندا ھىندىلار بەك جىق، ئۇلار ئولتۇراقلاشقان رايونلارغا بارسىڭىز ھىندىستانغا بارغاندەكلا بولۇپ قالىسىز.

— بىز ئەلگەككە چىقىپ ئەلگەكچىگە ئەرگە تەگگەندەك ئىش قىلىدىكەنمىز، مەككە - مەدىنىگە بارساق ئەرەبچە، ئامېرىكىغا بارساق غەربچە قىياپەتلەرگە دۇم چۈشىمىز.

— بىركۈنى قەھۋەخانىدا ئولتۇراتتىم، — دېدى خەۋەرجان، — ئۈچ نەپەر چىرايلىق قىز كۈلكە - چاقچاقلار بىلەن كىرىپ كەلدى. ئۇلار ئۇدۇل مۇلازىمەت پەشتاختىسىنىڭ ئالدىغا بېرىپ بىرنەرسىلەرنى بۇيرۇتتى، ئۇلارنىڭ قىيقاسلىق كۈلكىسى قەھۋەخانىنى بىر ئالدى، بايقىسام ئۇلار ئىسپان قىزلىرى ئىكەن. ئۇلار ئىنگلىزچە ئىشلەتمىگىنىدىن قىلچە قورۇنۇش ھېس قىلمىغانىدى. ئۇلاردىكى ئۆزىگە ئىشىنىش روھىغا قايىل بولغىنىمدىن قاراپلا قاپتىمەن.

— غوجايىنلىق روھى ئەڭ يارىشىملىق كىيىم. ئۇلار كەمسىتىلىشتىن خالىي مۇھىتتا ئۆسكەچكە ياتلارنىڭ ئالدىدا تەمتىرەشنى بىلمىسە كېرەك. ئۆزىگە ئىشەنگەن، خاراكتېرى خاس قىزلارنىڭ جەلپكارلىقى باشقىچە بولىدۇ، — دېدىم مەن.

پويىز بىر خىل رىتىمدا كېتىپ بارىدۇ. پويىزدا

ئۇيغۇر كىتاب تورى ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ بىگانە تارقىتىش www.uyghurkitap.com



ئولتۇرغانلارنىڭ كىيىملىرىگە سەپسالسام پاسون ۋە رەڭ جەھەتتە بىر - بىرىگە ئوخشاپ قالىدىغان ئەھۋاللارنى زادىلا ئۇچراتقىلى بولمىدى. «كىيىمنىڭ تۈرلىرىمۇ تولا ئىكەن» دېدىم ئىچىمدە. كىشىلەر خاسلىقنى ياخشى كۆرىدۇ، خاسلىقنى يەكلىمەيدۇ، بەلكى خاسلىقتىن ھۇزۇرلىنىدۇ. بۇ بىزگە ئوخشاش ئەدىيە ۋە يۈرۈش - تۇرۇشنى بىردەك قىلىشقا ئادەتلەنگەن كىشىلەرنىڭ كۆزىگە يېڭى بولۇپ تۇيۇلسا كېرەك. بەزىلەر ئېغىر - بېسىق كىيىنگەن، بەزىلەر شوخ كىيىنگەن، ھەركىم ئۆز دۇنياسىدا قورۇنۇش ھەم ئۇيۇلۇشتىن نېرى، ھېچكىم ھېچكىمگە ھەيران ئەمەس، ھېچكىم ھېچكىمگە تىكىلىپ قارىمايدۇ، ھېچكىم ھېچكىمگە دەخلى قىلمايدۇ. لېكىن، خۇددى ھەممە ئادەم كېلىشىۋالغاندەك پويىزنىڭ ئىچىدە بىر ئىنتىزام بار. پويىزدا ئولتۇرغانلارنىڭ كۆپىنچىسىنىڭ قولىدا گېزىت، ژۇرنال ياكى كىتاب بار ئىدى، بەزىلىرى ئۆزى ئوقۇۋاتقان مەزمۇننىڭ ئىچىگە كىرىپ كەتكەنكى، گويا ئۆزىنىڭ ئەتراپىنى ئۇنتۇپ كەتكەندى. بەزى ياشلار ئايفون (iphone) ياكى يانفونلىرىنىڭ تىگىشغۇچلىرىنى قۇلاقلىرىغا تىقىپ نېمىلەرنىدۇ ئاڭلاپ مېڭىشاتتى. بەزىلەر ئەتراپتىكى ئىشلارنى، ھەتتا ئۆزىنى ئۇزۇل - كېسىل ئۇنتۇپ كېتىشكە تىرىشقاندەك كۆزلىرىنى چىڭ يۇمۇپ، نامەلۇم بىر دۇنياغا كېتىپ قېلىشقانىدى. ئۆرە تۇرغانلىرىنىڭ بەزىلىرى ئۆرە تۇرغان پېتى كىتاب ئوقۇپ مېڭىشاتتى. سوراپ بىلىشىمچە، بۇ مېترودىكى يولۇچىلارنىڭ بەزىلىرى بىرەر سائەت ئەتراپىدا، بەزىلىرى يېرىم سائەت ئەتراپىدا ماڭىدىكەن. دېمەك، ئۇلار ئاشۇنچىلىك ۋاقىتتىمۇ كىتاب كۆرىدىكەن. قاراپ باقسام، «لوندون گېزىتى» (The London Paper) بىرقەدەر ئوموملاشقاندەك تۇراتتى. كېيىن ئۇقسام، بۇ گېزىت ھەقسىز تارقىتىلىدىكەن. كىشىلەر مېترو ۋوگزالىغا كىرگەندە ياكى ۋوگزالدىن چىققاندا، مېترو ئېغىزىدىن بۇ گېزىتنى ئېلىۋېلىشىدىكەن. بۇ گېزىتنى

تارقاتقۇچىلار جەنۇبىي ئاسىيادىن كەلگەن كىشىلەردەك بىلىندى. گېزىتنىڭ ئاۋۋالقى بېتىدە شۇ كۈنكى مۇھىم خەۋەرلەرنىڭ ئاساسىي مەزمۇنى بېرىلىدىكەن، قالغان بەتلەردە مەشھۇر شەخسلەرنىڭ خۇسۇسىي تۇرمۇشى، خىراجىتى ۋە تاپاۋىتى ھەققىدىكى گەپلەر، شىركەتلەرنىڭ ئېلانلىرى، يۇمۇرلار بار ئىكەن. بەزىلەر بىر كاتەكچىگە تىزىلغان ھەرپلەرنى تۇتاشتۇرۇپ، قانداقتۇر بىر مەنىگە ئىگە سۆزلەرنى قۇراشتۇرۇشقا بېرىلىپ كەتكەندى. كىشىلەر مەنزىللىرىگە يېتىپ كەلگەندە «لوندون گېزىتى» نى ئولتۇرغان يېرىگە قويۇپ چىقىپ كېتىدىكەن، يېڭى كېلىپ ئولتۇرغان يولۇچىلار ئۇنى ئېلىپ ئوقۇيدىكەن. ئابراھام لىنكولن (Abraham Lincoln, 1865 _ 1809): «بىز ھەممىشە ئاگاھلاندۇرۇش ئىچىدە ياشايمىز. كېلەچەك ئەنسىزلىك بىلەن تولغان، ئوقۇغان گېزىتلىرىمىزدىن يامان خەۋەرلەرنى كۈتىمىز» (We live in the midst of alarms, anxiety beclouds the future, we expect some new disaster with each newspaper we read) دېگەنىكەن. مېنىڭچە، بۇ گەپ گېزىتنىڭ ۋە گېزىت ئوقۇيدىغانلارنىڭ خاراكتېرىنى تولۇق يورۇتۇپ بېرەلەيدۇ. بۇ جاھان ھەر خىل ئىنسان توپى ۋە جامائەتنىڭ تۇرمۇش رىقابىتى بىلەن تولغانكى، كۈتمىگەن ئىشلار يۈز بېرىپ تۇرىدۇ. يۈز بەرگەن ئىشلار بەزىلەر ئۈچۈن ئامەت، يەنە بەزىلەر ئۈچۈن ئاپەتتۇر. بىخەستە كىشىلەر ئۈچۈن ھەممە ئىشلار تاسادىپىيلىق، ئويغاق كىشىلەر ئۈچۈن ھادىسىلەر سەۋەب بىلەن تولغان. كۆز ئالدىمىزدا يېڭى ئىشلار بولۇپ تۇرىدۇ، بۇ ئىشلار بىزگە يېقىن ياكى بىزدىن يىراق نامەلۇم ئىشلارنىڭ سەۋەبىدىن كېلىپ چىقىشى مۇمكىن. جەمئىيەتنىڭ نامەلۇم كۈچلىرىنىڭ ئۆزىگە چۇلۇك ئۆتكۈزۈشىنى خالىمايدىغان كىشىلەر ئەتراپىدىكى ئىشلارغا يېقىندىن دىققەت قىلىپ تۇرىدۇ ۋە تېگىشلىك يەكۈنلەرنى چىقىرىپ ياشايدۇ.

ئۆزىنىڭ جەمئىيەتتىكى ھەقىقىي مەنپەئەتىنىڭ نېمە

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يىگانە ئادرېسى



ئىكەنلىكىنى بىلمەيدىغان ئادەملەر گېزىت تەشۋىقاتلىرىنىڭ سادىدا ئەگەشكۈچىسىگە ئايلىنىپ قالىدۇ. چۈنكى گېزىت سىياسىيونلارنىڭ مەنپەئەت تەقەززاسىنىڭ بۇۋاسىتە تەسىرىدە بولىدۇ. ۋاستە تاللىماسلىق سىياسىينىڭ بىر تۈرلۈك خاراكتېرى بولغانىكەن، سىياسىيونمۇ ئاۋامنى كولدۇرلىتىپ قويۇشى مۇمكىن. شۇڭا، ئەنگلىز يازغۇچىسى جورجي ئورۋېل (George Orwell, 1950 — 1903): «گېزىتتە ئىزچىل توغرا خەۋەر قىلىنىدىغان ئىش يوقلۇقىغا بۇرۇنلا دىققەت قىلغانمەن» (Early in life I had noticed that no events is ever correctly reported in a newspaper) دېگەنىدى. ئۆزىنىڭ ھازىرقى ۋە كەلگۈسىدىكى مەنپەئەتىنىڭ ئىچكى باغلىنىشىنى چۈشەنگەن ئادەم گېزىتنىڭ يالغانلىرىدىنمۇ ئۆزىگە پايدىلىق ئۇچۇر ئالالايدۇ. بۇنداق ئادەم ئۆز - ئۆزىگە «گېزىت ئوقۇ، چۈنكى ئەڭ يالغانچى گېزىتنىڭمۇ چېسلاسى راست بولىدۇ» دەپ خىتاب قىلىدۇ.

مەن ئەنگلىيە پۇقرالىرىنىڭ گېزىتكە بولغان مۇئامىلىسىگە قاراپ، ئۆزىنىڭ دۆلىتىگە بولغان غوجايىنلىق ھوقۇقىنى ھەقىقىي يۈرگۈزىدىغان كىشىلەرنىڭ جەمئىيەتتىكى ئۇششاق - چوڭ ئىشلار توغرىسىدا ئىنتايىن سەگەك بولىدىغانلىقىنى ھېس قىلدىم.

ماتېرىياللاردىن مەلۇم بولۇشىچە، ئەنگلىيەدە تەخمىنەن 130 خىل كۈندىلىك گېزىت، 1800 خىل ھەپتىلىك گېزىت چىقىدىكەن. دۆلەت تەرىپىدىن چىقىرىلغان گېزىتلەرنىڭ ھەپتە ئارىلىقىدىكى سېتىلىش مىقدارى 13 مىليون نۇسخا، يەكشەنبىدىكى سېتىلىش مىقدارى 14.5 مىليون نۇسخا بولىدىكەن. ئۇنىڭدىن باشقا 900 خىلدىن ئارتۇق ھەقسىز تارقىتىلىدىغان گېزىت بار ئىكەن. 15 ياشتىن ئاشقان ئاھالىنىڭ 63% ى دۆلەتلىك گېزىتنى، 85% ى رايونلۇق ياكى يەرلىك گېزىتلەرنى كۆرىدىكەن. ھەر خىل گېزىت مېھمانخانا، رېستوران، قەھۋەخانا دېگەندەك ئاممىۋى ئورۇنلاردا كۆزگە چېلىقىپ

تۇرىدىكەن. جەمئىيەتتىكى ئوخشىمىغان تەبىقە كىشىلىرىنىڭ ئوقۇيدىغان گېزىتلىرىمۇ ئوخشىمايدىكەن. شۇڭا، بىراۋنىڭ ئوقۇۋاتقان گېزىتىگە قاراپ، ئۇنىڭ ئىجتىمائىي سالاھىيىتىنى بىلگىلى بولىدىكەن.

گېزىتلەرنىڭ سىياسىي كونترولدىن خالىي بولۇشى ئەنگلىيەدىكى ئۇزاق يىللىق ئەنئەنە بولۇپ، ھەر خىل گېزىت ـ ژۇرناللار ھەرقايسى سىياسىي پارتىيەنىڭ سىياسىيەتلىرىنى ئاشكارا تەنقىد قىلىۋېرىدۇ. سايلام مەزگىلى يېتىپ كەلگەندە گېزىت ـ ژۇرناللارنىڭ بازىرى باشقىچە جانلىنىپ، ئوخشىمىغان قاراشلار قايناپ كېتىدىكەن. گېزىتلەر مۇشتەرىلەرنى قىزىقتۇرۇش ئۈچۈن سۆزلىرىنى يۇمۇرلۇق، سەھىپىلىرىنى ئوبرازلىق، رەڭدار قىلىپ چىقىرىشقا تىرىشىدىكەن.

ئەنگلىيەنى گېزىت بالدۇر بارلىققا كەلگەن دۆلەت دېيىشكە بولىدۇ. ئەنگلىيەدىكى تۇنجى گېزىت «كۈندىلىك خەۋەرلەر» (Daily Courant) گېزىتى 1702 ـ يىلى چىقىرىلغانىكەن. ئۇنىڭدىن بۇرۇن جەمئىيەت ھەققىدىكى مۇھىم ئىشلار ۋە چوڭ قارارلار كوچىدىكى جاكارچىلار ئارقىلىق تارقىتىلىپ كەلگەنىكەن. 19 ـ ئەسىرنىڭ ئاخىرلىرىغا كەلگەندە گېزىتچىلىك رەسمىي بىر ئىگىلىك سۈپىتىدە كۆلەملەشكەن. ئەنگلىيە چەت ئەللىكلەر ئىگىدارچىلىقىدىكى تاراتقۇ شىركەتلىرىنىڭ قۇرۇلۇشىغا يول قويىدىغان دۆلەتلەرنىڭ بىرى بولۇپ، 1945 ـ يىلى چەت ئەللىكلەرنىڭ تاراتقۇ شىركىتى ئېچىشتەك تارىخى باشلانغان. روبېرت ماكسۋېل (Robert Maxwell) (چېخ)، روبېرت مۇردوچ (Rubert Murdoch)، (ئامېرىكان) قاتارلىقلار چەت ئەللىكلەر سۈپىتىدە ئەنگلىيەدىكى نۇرغۇن گېزىت ۋە تېلېۋىزىيە پىروگراممىسىغا ئىگە. روشەنكى، خۇسۇسىيلار ئىگىلىكىدىكى گېزىت ـ ژۇرنال ۋە تېلېۋىزىيە قاناللىرى سىياسىيونلارنىڭ سىياسىي كۈچىگە كۆرۈنەرلىك تەسىر قىلىش ئىقتىدارىغا ئىگە

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يىغىنى ئادرېسى



بولۇپ، سىياسىيونلار پۇقرالار رايىنىڭ بېقىندىسىغا ئايلىنىدىغان رېئاللىق دەل خەلقنىڭ قولىدىكى تاراتقۇلارنىڭ كۈچىدىن كەلگەن. دېمەك، مەتبۇئاتنىڭ بىرىتانىيە سىياسىي سەھنىسىنىڭ رېژىسسورى ئىكەنلىكىدە گەپ يوق. شۇڭا، بەزىلەر گېزىتچىلىكنى چىركاۋ، پادىشاھ ۋە پارلامېنتتىن قالسىلا تۆتىنچى كۈچ دەپ قارايدۇ. تېلېۋىزورنىڭ بارلىققا كېلىشى گېزىتچىلىكنىڭ ئورنىنى بىرمەھەل تەۋرەتكەندەك قىلسىمۇ، گېزىت ساھەسىنىڭ تېلېۋىزىيەدە يوق ئالاھىدىلىكلەرنى تېپىپ گېزىتچىلىككە تەتبىقلىشى نەتىجىسىدە گېزىتنىڭ كىشىلەر قەلبىدىكى ئورنى مۇقىملاشقان. داڭلىق كىشىلەرنىڭ ھاياتى، كىنو، تەنتەربىيە چولپانلىرى ۋە ھەر خىل سىرىق مەزمۇن گېزىتلەرنىڭ يېڭى ھايات بوشلۇقىغا ئايلانغان. مەتبۇئاتقا بولغان تەكشۈرۈش ۋە نازارەت قىلىش تۈزۈمى مۇكەممەل بولمىغاچقا، گېزىتلەردە بەزىدە كىشىلەرنىڭ خۇسۇسىي مەنپەئەتىگە چېقىلىپ قويىدىغان ئىشلارمۇ سادىر بولىدۇ. بۇ يەنىلا قانۇنى مەسىلە سۈپىتىدە بىر تەرەپ قىلىنىدۇ. 2002 ـ يىلى مەتبۇئات ئەرزىيەت كومىسسىيەسى تاپشۇرۇۋالغان ئەرز 2630 پارچە بولغان.

ئەنگلىيەدە سىرتتىن كۆچمەن بولۇپ كەلگەن باشقا ئېتنىك خەلقلەرنىڭمۇ گېزىتلىرى بار ئىكەن. بۇلاردىن جۇڭگولۇقلار چىقىرىدىغان «يۇلتۇزلۇق ئارال» (Sing Tao)، ئەرەبچە چىقىدىغان «ئەرەبلەر» (AL Arab)، تۈركلەر چىقىرىدىغان «ئولاي» (Olay) قاتارلىق گېزىتلەر خېلى كۆپ تارقىتىلىدۇ. ئۇنىڭدىن باشقا بىنگال، گۇجارات، ھىندى، پەنجاپ ۋە ئوردۇ تىللىرىدا چىقىدىغان گېزىتلەرمۇ بار ئىكەن.

پويىزنىڭ ئىچىدە بىر قىسىم شېئىرنى كۆرۈپ تاڭ قالدىم. دېرىزە ئۈستىدىكى بوشلۇقتا چۈشۈرۈلگەن شېئىرلار قىسقا، ئاددىي، يەڭگىل ئىدى. خەۋەرچانىنىڭ ئېيتىشىچە، ھەر پەسىلدە ئالتە پارچە شېئىر تاللىنىپ، يولۇچىلارنىڭ دىققىتىگە سۇنۇلىدىكەن.

بۇ شېئىرلارغا مۇزىكىلارمۇ كىرىشتۈرۈلىدىكەن. شېئىرلار دۇنيادىكى مەشھۇر كىلاسسىك شائىرلارنىڭ شېئىر توپلاملىرىنىڭ ئىنگلىزچە نۇسخىلىرىدىن تاللىنىدىكەن.

قارىغاندا، شېئىرىيەت ئۆلمىگەندەك تۇرىدۇ. بۈگۈنكى شائىرلار پادىشاھلارنىڭ ئوردىسىدىن، تەبىئەتتىكى ئۆۋۈسىدىن چىقىپ، تۇرمۇشنىڭ ئەرزىمەس دەپ قارىلىدىغان بۇلۇڭ - پۇچقاقلىرىغا سىڭىپ كەتكەندەك قىلىدۇ. بۈگۈن شائىرلارنىڭ مۇقەددەسلىك نىقابى يوقىلىپ، شېئىر يېزىش ۋە ئۇنى ئوقۇش ئۇنى ئىستىگەن ھەرقانداق كىشىنىڭ ئۆز ئىشى بولۇپ قالغان. مانا بۇ شېئىرىيەتنىڭ ئاۋامىلىشىشى، شائىر نوپۇزىنىڭ بەربات بولۇشى. ھازىرقى ئادەملەر كۆپرەك تاشقى تۇرمۇش ۋە ھاجەتلەرنى ئىزدەش بىلەن بەند. لېكىن، شائىر مەنىۋى تۇرمۇشنى ئىزدەيدۇ. شائىر ئۈچۈن ئىچى كاۋاك ئادەملەر بىلەن ئۆزى ئوتتۇرىسىدىكى ئارىلىقنى تەڭشەش سىنىقى كېلىپ چىقتى. شېئىرنىڭمۇ ئۆزىنىڭ مەۋجۇدىيەت شەكلىنى تەڭشىشى كېرەك بولدى.

بىز ئارىدا بىر قېتىم لىنىيە ئالمىشىپ ئوكسفورد مەيدانى (Oxford Circus) بېكىتتى ئارقىلىق كوچىغا چىقتۇق. چىققىنىمىز ئوكسفورد كوچىسى (Oxford Street) ئىدى. كوچا ناھايىتى ئاۋات بولۇپ، ئىككى قاسناقتا ساپلا دۇكان، تۈرلۈك رەڭدىكى تۈرلۈك ئىقلىم ئادەملىرى ئۆزلىرىنىڭ سودىلىرى بىلەن بەند ئىدى. ئېيتىلىشىچە، ئۇزۇنلۇقى 2.4Km كېلىدىغان بۇ كوچىدا 548 دۇكان بار ئىكەن. توپ شو (TopShop)، زارا (ZARA)، گەپ (Gap)، نىكې (Nike)، ئادىداس (Adidas) دېگەندەك مەشھۇر ماركىلارنىڭ مەخسۇس دۇكانلىرى كۆزگە چېلىقىپ تۇراتتى. بۇ كوچا خۇددى قەشقەرنىڭ ئوردىئالدى كوچىسىدەك قەدىمي كوچا بولۇپ، 12 ـ 18 ـ ئەسىر ئارىلىقىدا باشقا بىر نام، 18 ـ ئەسىرنىڭ ئاخىرلىرىدا ئوكسفورد كوچىسى (Oxford street) نامى بىلەن ئاتالغانىكەن. مەن ئۈرۈمچى شەھىرىنىڭ ئەندىزىسى بويىچە قىياسلاپ، لوندوندەك خەلقئارا

ئۇيغۇر كىتاب تورى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يىگانە ئادرېسى
www.uyghurkitap.com



شــەھەرنىڭ بىنــالىرى قانچىلــىك ئېگىــزدۇ دەپ ئويلىغانــدىم. ئەمەلــىيەتتە، شەھەردىكى ئەڭ ئاۋات، ياۋروپا بويىچە ئەڭ قىزىق بۇ ســودا كوچىســىنىڭ ئىككــى تەرىپىــدىكى بىنالارنــىڭ ئېگىزلىكــى بەش ـ ئالتە قەۋەتتىن ئاشمايتتى، ئۇنىڭ ئۈستىگە بىنــالار كــۆل رەڭ تۈستە كونا بولۇپ كۆرۈنەتتى. پەقەت بىر ئېگىز بىنا يىراقتىن كۆرۈنۈپ تۇراتتى. بۇ ئەينەكلىك بىنانىڭ ئىسمى مەركەز نۇقتىــسى (Centre point) بولۇپ، 32 قەۋەت ئىكەن. ئۇنىڭدىن باشقا ئېگىــز بىنــا ئەمــدى كــۆرۈنمەيتتى. راســتىنى ئېيتقــسام، كوچىنىــڭ مەنزىرىــسى، ئادەملەرنــىڭ يــۈرۈش ـ تۇرۇشــىدىن ھېچقانــداق ئۆزگىچىلىكنى بايقىمىدىم. ئەكسىچە، كوچىدىكى تــولا ئادەمنىــڭ كىيىم ـ كېچەكلىرى ناھايىتى ئاددىي بولۇپ، ھەشــەمەتنى تــاپقىلى بولمــايتتى. ئــادەملەر ئالــدىراش، لــېكىن بەھــۇزۇر كــۆرۈنەتتى. ئىشتاننى قىــرلاپ كىيىــپ، شــىبلىتىنى پارقىرىتىــپ، غوجــايىن سومكىــسىنى قولتۇقلاپ سۆلەت بىلەن ماڭغان ئــادەمنى كــۆرگىلى بولمــايتتى. گويــا ئادەملەرنــىڭ ئالاھىــدىلىكى ۋە قــابىلىيىتى، جەمئىيەتتىكى ئــورنى ئۇنىــڭ كىيىمىنــشى بىــلەن ئالاقىــسىزدەك، كىشىلەر بۇ تەرەپلەرگە ئانچە ئېتىبــار بىــلەن قــاراپ كەتمىگەنــدەك تــۇراتتى. بىــزدەك ئوموملاشــقان پاســونىنى لونــدون كوچىلىرىــدا كۆرگىلى بولمايتتى، بەلكىم ئــۇلار مــودا قوغلىــشىش خــاراكتېرىنى ئۆلتۈرىدۇ، دەپ قارىسا كېرەك.

مۇنداق بىر ئەقلىيە سۆز ئۇلارغا ماس كەلسە كېرەك:

ئــۆزۈڭنى قويىۋېتىــپ كۈلەلــسەڭلا، كىــشىلەر ســېنىڭ كونــا كىيىمىڭگە قاراپ كەتمەيدۇ.

(People seldom notice old clothes if you wear a big smile.)

— Gilda Radner)

يــۇقىرىقى گەپنــى بىيىتتىــپ ئىپادىلىگەنــدە، ئەركىنلىــك ۋە

ئىشەنچ ئەڭ گۈزەل كىيىمدۇر دېسەك، تامامەن دۇرۇس بولىدۇ. جانسىز مودېلدا يارىشىملىق كۆرۈنگەن كىيىم خاراكتېرسىز ئادەملەرنىڭ ئۇچىسىدا گۈزەللىك قىممىتىنى يوقىتىدۇ. قاراڭلار، ئاۋۇ كېتىۋاتقانلارغا، ئۇلارنىڭ قەدىمىدە ئارىسالدىلىق يوق، مەقسىتىگە ئۆزى ئىگە ئادەملەر ئەنە شۇنداق دادىل ماڭىدۇ: قاراڭلار، بۇ شەھەرگە، كوچىلار رېشاتكىلانمىغان، چۈنكى تەرتىپ شەھەر پۇقرالىرىنىڭ ئۆزىدىن ھاسىل بولغان. ئەپلاتون «بىر شەھەرنىڭ قانداقلىقىنى ئۇلارنىڭ پۇقرالىرىنىڭ قانداقلىقىدىن بىل» دېگەنىكەن. دېمەك، شەھەر دېگەن پۇقرا روھى دېگەن گەپ بولىدۇ. ۋاقتى كەلگەندە شەھەرنىڭ ئېگىز بىنالىرى ئىنسان قەدرىگە ۋەكىل بولالماي قالىدۇ. ئەنگلىيەشىمچە، ئەنگلىيەلىكلەر خىزمەت كىيىمى بىلەن ئائىلە كىيىمىنى كەسكىن پەرقلەندۈرىدىكەن. ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ خىزمىتىنى ھۆرمەت قىلىپ، ئىشخانىلاردا كاستۇم - بۇرۇلكا كىيىدىكەن، ئورگانلارنىڭ تولىسى خىزمەت فورمىسى كىيىشنى تەلەپ قىلىدىكەن. بىراق، ئۇلار ئىشتىن چۈشۈپ ئۆيلىرىگە كىرگەندە راھەت كىيىملىرىنى كىيىشىدىكەن. مېھماندارچىلىقتا، زىياپەتكە بارغاندا قاتۇرۇپ ياسىنىدىكەن. ئەرلەر ئادەتتە كۆڭلەك (كالتە يەڭ كۆڭلەك) ۋە T كۆڭلەك كىيسە ئايىغىنى شىمىنىڭ بېلى ئىچىگە تىقمايدىكەن، بۇنىڭدىن باشقا ياۋروپالىقلارمۇ ھەيران ئىكەن. ئاياللار كىيىم كىيىشتە بەكرەك ئەركىن بولۇپ، چىرايلىق بولمىسىمۇ، ئاچسا بولىدىغانلىكى يەرلىرىنى ئېچىۋېلىشنى ياخشى كۆرىدىكەن.

لوندون گويا ئاتا - بوۋىسىدىن قالغان كونا كىيىملەرنى كىيىشكە ئامراق دۆلەتمەن كىشىگە ئوخشاپ كېتەتتى.

بىز كوچىلارنى ئايلىنىپ بولۇپ كىتابخانىلارنى ئارىلىدۇق. بۇ ئەتراپتىكى كىتابخانىلار خەۋەرچانىغا بەش قولدەك تونۇش ئىدى. مەن دىيارىمىزدىكى ئاددىي بىر ناھىيە بازىرىغا بارساممۇ شۇ يەرنىڭ كىتابخانىسىنى زىيارەت قىلماي قالمايمەن. چارچىغان

www.uyghurkitap.com



ۋاقىتلىرىمدىمۇ ئۇرۇمچىنىڭ كىتابخانىلىرىنى ئارىلايمەن. بۇنى ۋاقىت ئۆتكۈزۈش تىپىدىكى سۆھبەتلەردىن كۆپ ئەلا دەپ قارايمەن. ھەرقانداق بىر شەھەرگە بارسام كىتابخانىسىغا كىرمىسەم ئىسسىق باسمايدۇ. شۇ تاپتا كىتابخانىلارغا كىرىش مەن ئۈچۈن ئەڭ ھاياجانلىق قەدەم ئىدى. بىر شەھەرگە بارسام ئىبادەتخانىسىنى، ئۇنىۋېرسىتېتلىرىنى، بازىرىنى ۋە كىتابخانىسىنى كۆرمىسەم ھېساب قىلمايمەن. بىز بىرنەچچە سائەت ۋاقىت سەرپ قىلىپ بوردېرس (Borders)، ۋاتېرستونېس (Waterstone's)، فويلېس (Foyles)، بىلاكۋېل (Blackwell) قاتارلىق كىتابخانىلارنى ئايلاندۇق. كىتابخانىلار كۆزۈمنى ئالاچەكمەن قىلىۋەتتى. ئىسلام ۋە مۇسۇلمانلارغا ئائىت كىتابلار تۈرىنىڭ شۇنچە كۆپلۈكىگە قاراپ، ئىسلامنىڭ غەرب ئىستراتېگىيەسىدىكى ئورنىنىڭ ئىنتايىن چوڭ ئىكەنلىكىنى پەملىدىم. ئىسلام تارىخى، ئىسلام قانۇنى، ئىسلام دۆلەتلىرى، ئىسلام ئالىملىرى ۋە مەزھەپلىرى، سوپىزم، ۋاھابىزم قاتارلىقلارغا دائىر كىلاسسىك مەنبەلەرنىڭ تەرجىمىلىرى ۋە ئۇ ھەقتىكى تەتقىقات ئەسەرلىرىنىڭ ھەممىسى تۈركۈملەپ تېپىلاتتى. ئوتتۇرا ئاسىيادا مۇستەقىل دۆلەتلەر بارلىققا كەلگەندىن بۇيان، ئوتتۇرا ئاسىيا تەتقىقاتى ناھايىتى جانلىنىپ كەتكەن بولۇپ، بۇ ھەقتىكى كىتابلارمۇ كۆپ ئىدى. ۋاقىت ئېتىبارى بىلەن مەن ئۇ كىتابلارنى تۇتۇپ، ۋاراقلاپ قويۇش بىلەن بولدى قىلدىم، چۈنكى ئۇلارنىڭ مۇندەرىجىسىنى تەپسىلىي كۆرۈشكە نەچچە كۈن كېتەتتى. كىتابخانىنىڭ ئاستى گىلەم ئىدى، ئۆرە تۇرۇۋېرىپ پۇتلىرىم تېلىپ كەتكەندە، تۇرغان يېرىمدىلا ئولتۇرۇپ كۆرۈۋەردىم.

— كىتابخانىلارغا دىۋانلار قويۇپ قويۇلغان، قىزىققان كىتابلىرىڭىزنى ئېلىپ كېتىپ دىۋاندا ئولتۇرۇپ كۆرسىڭىزمۇ بولىدۇ، — دېدى خەۋەرجان كۈلۈپ كېتىپ.

— كېيىن شۇنداق قىلاي، بۇگۈنچە يۈزەكى كۆرۈپ تۇراي، —

دېدىم مەن جاۋابەن.

بوردېرس (Borders) كىتابخانىسىنىڭ ئۇچىنچى قەۋىتىدە ستار بۇكس (Starbucks) قەھۋەخانىسى بار ئىكەن. ئۇ يەرگە چىقىپ كاپۇچىنو ئىچىشكەچ ئارام ئالدۇق. كاپۇچىنو ماڭا بەكلا لەززەتلىك بىلىندى. ھازىرمۇ لوندون دېسەم كۈچلۈك قەھۋە ھىدى بىلەن كاپۇچىنونىڭ تەمى ئېسىمگە كېلىدۇ.

— بوردېرس (Borders) خەلقئارا كىتاب شىركىتى بولۇپ، باشتا ئامېرىكىدا قۇرۇلغان، — دېدى خەۋەرجان، — ھازىر دۇنيانىڭ چوڭ شەھەرلىرىدە نۇرغۇن تارمىقى بار. بايا كىرگەن بىلاكۋېل (Blackwell) ئەسلىدە 1879 - يىلى قۇرۇلغان بىر خۇسۇسىي نەشرىيات بولۇپ، ئىلمىي تەتقىقاتى كىتابلىرىنى چىقىراتتىكەن. كېيىن ئۇلار ئوكسفورتتا كىتاب تىجارىتىنى يولغا قويغان. ئۇلار كىتابلارنى ئۆزى نەشر قىلىپ، ئۆزى ساتقان. فويلېس (Foyles) 1903 - يىلى قۇرۇلغانىكەن. خىزمەتكە ئورۇنلىشىش ئىمتىھانىدىن ئۆتەلمىگەن ۋىللىيام فويلىسىن كونا دەرسلىك كىتابلارنى يىغىپ سېتىۋېتىش قارارىغا كېلىدۇ ۋە بۇنداق كىتابلار بازار تېپىپ ئىلھاملانغان ئاكا - ئۇكا فويلېسلار كونا كىتاب دۇكىنى ئاچماقچى بولغان. مانا ھازىر ئۇ تەسىرى ناھايىتى چوڭ بىر شىركەتكە ئايلانغان. ۋاتېرستونېس (Waterstone’s) كىتابخانىلارنىڭ ئەڭ يېڭىسى بولۇپ، 1982 - يىلى قۇرۇلغانىكەن، شۇنداق بولۇشىغا قارىماي، تەرەققىياتى ناھايىتى تېز بولۇۋېتىپتۇ.

خەۋەرجانمۇ كىتابخۇمار ئىدى، شۇڭا ئۇنىڭ بىلىدىغانلىرى كۆپ ئىدى. ئۇ مېنى كىتابلار توغرىسىدىكى ئەڭ يېڭى ئۇچۇرلار بىلەن تەمىنلەپ كەلگەنىدى. ئۇ كىتابخانىلارغا كىرسە بىز قىزىقىدىغان كىتابلارنى ئۇدۇل بىرىپلا تاپالايتتى. قىزىقىش نۇقتىلىرىمىز كۆپ جەھەتتە ئوخشاپ كەتكەچكە، پاراڭلىرىمىز ئاۋۇن ۋە كۆڭۈللۈك بولاتتى.

www.uyghurkitap.com ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى

كىتاب بىر مىللەتنىڭ ئەقلى ـ پاراسەت ۋە مەدەنىيىتىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان يۇمشاق كۈچىنى تىپىك دەرىجىدە نامايان قىلىدۇ. ماشا خۇددى بۇ جاھاننىڭ سىياسىي، ئىقتىسادىي تەرتىپىنى ئەنگلىيە پىلانلاپ، ئامېرىكا يۇرۇشتۇرگەندەك تۇيۇلىدۇ.

يەر مەيدانى شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ 1/6 قىسمىغا يەتمەيدىغان كىچىك بىر ئارال دۆلىتىنىڭ ئۆز زېمىنىنىڭ 135 ھەسسىسىگە تەڭ كېلىدىغان زېمىنىنى ئۆزىنىڭ بىۋاسىتە كونتروللۇقىغا كىرگۈزۈشىنىڭ، شۇنداقلا پۈتكۈل جاھاننى ئىنگلىز تىلى تەسىرىگە ئېلىشىنىڭ سەۋەبى نېمىدۇ؟ باشقىلارنى قويۇپ تۇرۇپ بىرلا دارۋىننى ئالساق، ئۇنىڭ ئىدىيەسى جاھاننى قانچىلىك دەرىجىدە ئاستىن ـ ئۈستۈن قىلىمىدى؟! مىللەتچىلىك، جاھانگىرلىك، مۇستەملىكە، ئەركىنلىك، دېموكراتىيە، باراۋەرلىك، بازار، قوشۇمچە قىممەت، كاپىتال... دېگەن ئۇقۇملار مۇشۇ زېمىندا پەيدا بولۇپ، يېتىلىپ، كېيىن باشقىلارغا يۇقۇپ، يامراشقا باشلىغان. ئىدىيە ئىشلەپچىقىرىپ، ئىدىيە ئارقىلىق ئادەم زەرەتلەپ، ئىدىيە بىلەن دۇنيا باشقۇرۇش دەل مۇشۇ زېمىندا ئۆزىنىڭ كامالىتىنى ياراتقان. ئەنە شۇ ئىدىيە دەل كىتاب ئارقىلىق تارقالغان ئەمەسمۇ!

نەشرىياتچىلىق ئەنگلىيەدە ئايرىم بىر سانائەت دەپ قارىلىدۇ. 2004 ـ يىلىدىكى مەلۇماتتىن قارىغاندا، شۇ بىر يىلدا 125 مىڭ خىل يېڭى كىتاب نەشر قىلىنغان بولۇپ، بۇنىڭ ئىچىدە 6000 خىلى يېڭىدىن نەشر قىلىنغان نەسرىي ئەسەرلەر ئىكەن. دېمەك، ئەنگلىيەنى نوقۇل سانائەت مەملىكىتى دېيىش تازا مۇۋاپىق ئەمەس، ئۇ يەنە ئەدەبىيات مەملىكىتى. ۋىلليام شېكىسپېر، دىكىنس، ئوستىن، ۋىرگىنىيە ۋولف، لېۋىس كارول، دورىس لېسسىڭ ۋە يېقىنقى يىللاردىن بېرى جاھانغا پۇر كەتكەن «خارى پوتېر» دېگەن ئەسەرنىڭ ئاپتورى ج.ك. روولىڭ (J.K.Rowling) قاتارلىق نامايەندىلەر پۈتكۈل دۇنياغا تونۇش.

نوقۇل قاتتىق كۈچ (ئىقتىسادىي كۈچ ۋە ھەربىي كۈچ) كە ئىگە بولۇپ، يۇمشاق كۈچكە ئىگە بولمىغان مىللەتنىڭ ھاكىمىيىتى پەقەت زېمىندىلا بولىدۇ. لېكىن يۇمشاق كۈچكە ئىگە مىللەتنىڭ ھاكىمىيىتى كىشىلەر قەلبىدىن ئورۇن ئېلىش بىلەن بىللە، قاتتىق كۈچنى ئۆزاق مۇددەتلىك ھاياتىي كۈچكە ئېرىشتۈرىدۇ. مانا بۇنى «كىتاب بىلەن شەھەر ئېلىش» دېسەك بولىدۇ.

بىر كۈنۈم لوندوننىڭ بىرنەچچە كوچىسىنى كېزىش ۋە خەۋەرجان بىلەن كەڭتاشا پاراڭلىشىش بىلەن ئۆتتى. خەۋەرجان ئىشىغا بېرىشى كېرەك، مەنمۇ مۇساپىرخانامغا قايتىشىم كېرەك ئىدى. گۇگۇم چۈشۈپ، قەدىمىي شەھەر چىراغ يورۇقى بىلەن بېزەلگەندە، ئىككىمىز خوشلاشتۇق. مەن خەۋەرجان كۆرسىتىپ بەرگەن يول بىلەن تىمىسقىلاپ، ئاۋايلاپ يۇرۇپ قايتتىم.

تامنىڭ تىمتاس ئۆيىدە گاردېنىر يالغۇز ئولتۇرۇپ تېلېۋىزور كۆرۈۋاتقانىكەن، ئۇنىڭ قولىدا قەدەھ، يېنىدىلا بىر شېشە ۋېسكى تۇراتتى. ئۇ مېنى قەدەھكە تەكلىپ قىلدى. مەن مەي ئىچمەيدىغانلىقىمنى ئېيتىپ، ئۇنىڭغا خوش دېدىم. گاردېنىر مەينى ئۆزىگە ھەمراھ قىلغان پېتى قالدى. مەن يۇيۇنۇپ، كارىۋىتىمغا ئۆزۈمنى تاشلىدىم.

لوندوندا ئادەم جىق، لېكىن ھەر كىم باشقىلارنىڭ نەزىرىدە تاشلىنىۋېتىلگەن ئادەمدەك چەكسىز تەنھالىقتا چۆكۈپ ياشايدىغاندەك قىلاتتى. گاردېنىر كۆرۈۋاتقان تېلېۋىزورنىڭ ئاۋازى قۇلىقىمغا غۇۋا كىرىپ تۇردى. لوندوننىڭ مۇرەككەپ كوچىلىرى كاللامدا پىرقىرايتتى. مەنمۇ پىرقىرىتىپ قويۇپ بەرگەن ئادەمدەك ئۆزۈمگە تېگىشلىك نىشاننى ئىزدەش بىلەن ئاۋارە ئىدىم.

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تورى



# ئۇلپەت

— سەن ماڭا گۈزەل، يۇكسەك پىكىرنى بەرگىن، ئۇ قەلبىم ۋە ئەقلىمگە سىڭىپ، قېنىم بىلەن قوشۇلۇپ ئەسىرلەرگە مىراس بولۇپ ئۆتىدۇ.

— ئەمىن رەيهانىي

— ياخشىلىقنىڭ قەدرىنى بىل، ئەمما ياخشىلىق بىلەن سېنى سۈندۈرىدىغانلاردىن هوشيار بول.

— بىر ئاقساقالنىڭ ئاغزىدىن

ئېدمۇند ۋېيت (Edmund Waite) بىلەن ئەنگلىيەگە بېرىشتىن بۇرۇنلا تونۇشقانىدىم. بۇرۇن بايان قىلىپ ئۆتكىنىمدەك، بىز ئەنگلىيەدە ئوقۇۋاتقان خەۋەرجانىنىڭ تۇرتكىسى بىلەن ئۈرۈمچىدە تۇنجى قېتىم دىدارلاشقان ۋە بىر ۋاق چۈشلۈك تاماقنى بىللە يېگەنىدۇق. ئۇيغۇرلارنىڭ مەنىۋىيەتتىكى هالقىلىق مەسىلىلەر ئۈنىڭ نەزىرىدىن قېچىپ قۇتۇلالمىغان بولۇپ، ئۇ بۇ هەقتە نۇرغۇن سوئال سورىغانىدى. ئەمەلىيەتتە بۇ قېتىملىق ئىلمىي زىيارىتىمنىڭ ئەنگلىيەدە بولۇپ قېلىشىغا تۈرتكە بولغان كىشى ئەنە شۇ ئېدمۇند بولدى. ئارىمىزدا خەۋەرجان ۋاسىتىچى بولدى. ئېدمۇند ئېلخەت ئارقىلىق كەمبىرىج ئۇنىۋېرسىتېتى (University of Cambridge) بىلەن بولغان ئالاقەمنىڭ ئۇچۇشلۇق بولۇشىغا ۋە مېنىڭ كەمبىرىج ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ شەرقىيات فاكۇلتېتى (Faculty of Oriental studies)

تەرىپىدىن قوبۇل قىلىنىشىغا باشتىن - ئاخىر يول كۆرسىتىپ تۇردى.

ئېدمۇند ئەپەندى ھازىر لوندون ئۇنىۋېرسىتېتى قارمىقىدىكى مائارىپ ئىنستىتۇتىنىڭ ئۆمۈرلۈك مائارىپ ۋە خەلقئارا تەرەققىيات مەكتىپىنىڭ تەتقىقاتچىسى بولۇپ، كەمبىرىج ئۇنىۋېرسىتېتىدا ئىجتىمائىي ئىنسانشۇناسلىق (Social Anthropology) ساھەسى بويىچە دوكتورلۇقنى تاماملىغان. بۇنىڭ ئۈچۈن 1990 - يىللارنىڭ ئوتتۇرىلىرىدا قەشقەردە ئون بەش ئاي ئەتراپىدا تۇرۇپ ئۇيغۇر تىلى ئۆگەنگەن ۋە ئۇيغۇرلارنىڭ دىنىي، ئىجتىمائىي ھاياتىنى بىۋاسىتە كۆزەتكەن. 2003 — 2004 - يىللاردا ئۇيغۇر مەدەنىيىتىگە دائىر دوكتور ئاشتىلىق تەتقىقات تۈرىنى ئىشلىگەن. ئېدمۇند ئەپەندى ئۇيغۇرلاردىكى دىن ۋە مەدەنىيەت ھەققىدە بىر قىسىم ماقالىلەرنى يېزىپ، «Central Asian Survey» («ئوتتۇرا ئاسىيالىقلارنى تەكشۈرۈش») ناملىق ژۇرنالدا ئېلان قىلغان. ئۆتكەن يىلى ئۇنىڭ «جۇڭگونىڭ چېگرا رايونىدىكى مۇسۇلمانلار: ئۇيغۇرلاردىكى دىنىي بىلىملەر ۋە دائىرىلەر» (Muslims oh the Edge of China: Religious Knowledge and Authority Amongst the Uygurs of XinJiang) دېگەن ماۋزۇدىكى مەخسۇس كىتابى نەشر قىلىنغان.

كىتابىمىزنىڭ ئەمدىكى سەھىپىلىرىدە بىز ئۇنى «ئېدمۇند ئەپەندى» دەپ ئاتاپ يۈرمەيمىز. چۈنكى، مۇئەللىپ ئۇنىڭ بىلەن بولغان دوستلۇقىنىڭ مەنىسىنى «ئېدمۇند» دەپ ئاددىي ئاتاش بىلەن ئوقۇرمەنلەرگە ئۇقتۇرۇشنى ياقتۇرىدۇ. بۇنداق بولغاندا مۇئەللىپ ئۆزىنى تەبىئىي ۋە راھەت ھېس قىلىش بىلەن بىللە، ئۇنىڭغا بولغان قىزغىن مىننەتدارلىقىنى ئارىلىقسىز ھالدا سىدام ۋە چىن ئىپادىلىيەلەيدۇ. ئەنگلىيەدە تۇرغان ئاشۇ بىر يىلدا مەن ئېدمۇندنىڭ ياخشى دوستى بولالىدىمۇ، بۇنى بىلمەيمەن. لېكىن ئۇ ماڭا سەمىمىي دوستلۇقنى يەتكۈزدى. ئېدمۇند ھەقىقەتەن ياخشى دوست. «ياخشى دوست»؟ بىراۋغا

www.uyghurkitap.com ئۇيغۇر كىتاب تورى



بولغان ئىنسانىي رىشتىنىڭ چوڭقۇرلۇقىنى «دوست» سۆزىنىڭ ئۆزىلا يېتەرلىك ئىپادىلەپ بېرەلەيدۇ. بىراق، زامانىۋى دۇنيادىكى دوستلۇق مەنپەئەت تەقەززاسىنى كۆپرەك شەرت قىلغانلىقتىن، «دوست» دېگەن گۈزەل سۆز خۇنۇك تۈس ئېلىشقا باشلىغان ۋە ئۇنىڭ ئالدىغا «ياخشى» دېگەن سۈپەتنى قوشۇشقا توغرا كەلگەن. زامانىمىز ئۇيغۇر تىلى ئىستېمالى پەيدا قىلغان «ئۆي لەگمىنى» دېگەن ئىبارىمۇ دەل شۇنداق. بۇ ئىبارە ئارقىلىق «ئۆزىمىزگە ئەتكەن لەڭمەندەك چىن» دېگەن مەنە ئۇقتۇرۇلغان بولسىمۇ، يەنە بىر تەرەپتىن بازارنىڭ ساختىپەزلىكىنى ئاشكارىلاپ قويغان. ھاياتى دۇنيانىڭ ئارزۇلىرىدا مەست بولۇپ، مەنىۋىيىتى ماددىيلىشىپ كەتكەن ئىنسانلارنىڭ لەۋزىدە «دوست» دېگەن ئىبارە «ياخشى دوست» دېگەن ئىبارىگە ئۆزگەردى. شۇڭا، مەنمۇ كىشىلەرنىڭ تاۋۇغا يارىشا «دوست» دېگەن ئىبارىنىڭ ئالدىغا بىر - ئىككى سۈپەتنى قوشۇپ قويدۇم.

«ئېدمۇند» دېگەن ئىسىم ماڭا خۇددى «مەھمۇد»، «مەۋلۇد» دېگەن ئىسىملاردەك ئۆز ۋە ئۇز بىلىنىدۇ. مەزكۇر ئىسىم يادىمدىن كەچكەن ھامان ئېدمۇندنىڭ كۈلۈپ تۇرغان مۇلايىم چىرايى كۆز ئالدىمدا جانلىنىدۇ. مەن ئۇنىڭ بىلەن تۇنجى قېتىم كۆرۈشۈپ، يېرىم سائەت ۋاقىت ئۆتە - ئۆتمەيلا ياتسىرىمايدىغان، ئانچە راۋان بولمىغان ئىنگلىزچەم بىلەن سۆزلىشىۋېرىدىغان بولۇپ كەتكەنىدىم. مەن سۆزلىسەم ئۇ ھەممىنى بىمالال چۈشەنگەندەك ئەستايىدىل، تەبىئىي كۆرۈنەتتى. بۇنىڭدىن پەيدا بولغان رىغبەتنىڭ كۈچى بىلەن سۆزلەشتىكى تەۋەككۈلچىگە ئايلىناتتىم - دە، تارتىنىش، قورۇنۇش، ئۆزىنى ئاياش كەبى پاسسىپ روھىي ھالەتنىڭ ئىسكەنجىسىدىن قاندا قۇتۇلۇپ چىققانلىقىمنى سەزمەيلا قالاتتىم. سۆھبەتدىشىنىڭ تىلدىكى ناقىسلىقىغا كەمتەر ۋە سەۋرچان مۇئامىلە قىلىشتىن ئىبارەت بۇ پەزىلەتنى تۇنجى قېتىم بايقىغىنىمدا، باشقا بىر تىلدىكى بىر ئادەم

قىنىلىپ سۆزلەۋاتقاندا تەكەببۇرلۇق ۋە ئىززەتسىزلىك بىلەن قولاق سالىدىغان بىر تۈركۈم تائىپە ئالدىمىدىن تىزىلىپ ئۆتتى. مەدەنىيەت قوبۇل قىلىشنى ياكى مەدەنىيەت ئۆگىتىشنى ھەقىقىي بىلىدىغان، ئۆزىمۇ تىل ئۆگىنىشنىڭ مۈشكۈلاتلىرىنى تېتىغان ئادەملەر يات بىر تىلدا سۆزلىگۈچىلەرنىڭ ئەپسىز ھالىتىگە ھېسداشلىق پوزىتسىيەسىنى بىلدۈرەلەيدۇ، كۆڭۈلدىن كۆڭۈلگە يول بېرەلەيدۇ. باشقىلارنى ئۆزگە مەدەنىيەتنىڭ ئىزتىراپلىرىدا كۆرۈپ، ئۈستۈنلۈك تۇيغۇسىدا بولۇشمۇ ياۋايىلىقتىن باشقا نەرسە ئەمەس. بىز تۇنجى ئۇچراشقان كۈنى ئۈرۈمچىدىكى بىر شەخسىي كىتابخانىدا ئايرىلدۇق. ئۇ ئۇيغۇر تارىخىغا دائىر بىرنەچچە پارچە كىتابنى تەۋسىيە قىلىشىم بىلەن سېتىۋالدى - دە، خوشلاشتۇق.

ئىككىنچى قېتىم كۆرۈشۈشۈمدىكى ئېدمۇند يەنە شۇ بۇرۇنقى ئېدمۇند ئىدى: ئۇ ئورۇق ۋە ئېگىز بولۇپ، كۆكۈچ كۆزلىرىدە مۆلايىملىق نۇرى چاقناپ تۇراتتى، قوڭۇر بۇدۇر چاچلىرىنى ئانچە ئۆستۈرۈۋەتمەيتتى، يول يۈرگەندە ئۆزىنىڭ ئېگىز بويىدىن ئازراق خىجىل بولغاندەك، بىرئاز ئېڭىشىۋالاتتى ۋە گويا بۇ جاھاندا جىددىيلىشىشكە ئەرزىيدىغان ھېچ ئىش يوقتەك تەمكىن يول يۈرەتتى. ئۇنىڭ كىيىملىرى شۇ قەدەر ئاددىي ئىدىكى، تۇرقىدىن ئۈرۈمچى كىشىلىرى ئۇنى ھەرگىزمۇ بىر ئۇنىۋېرسىتېت ئوقۇتقۇچىسىغا ئوخشىتالمايتتى. ئۇنىڭ مايكىسى، شىمى ۋە ئايىغى ئاللىبۇرۇن پېتىدىن چۈشكەن بولۇپ، ئۇنىڭ خاراكتېرىدىكى بەھۇزۇرلۇق ئۇنداق ئۇستىباشنى خىيالىغا كەلتۈرۈپ باقمىغاندەك قىلاتتى. بەلكىم، ئۇيغۇرلارنىڭ يۇمۇر تۇيغۇسى ئىنگلىزلارنىڭكىگە خېلى يېقىن بولسا كېرەك، ئېدمۇند بىلەن ئىككىمىز ئوتتۇرىسىدىكى پاراڭدىن ھەر ئىككىمىز ئوڭايلا كۈلكە ھېس قىلاتتۇق. ئۇ قىزىقارلىق دەپ قارىغان ئىشلار ماڭىمۇ يۇمۇرلۇق تۇيغۇ ئاتا قىلاتتى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرىسى



مەن لوندونغا كېلىپ ئىككى كۈن ئۆتكەندىن كېيىن ئېدمۇند ئىككىمىز ئۇچراشتۇق. ئۇ ماڭا لوندون ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ ئايرىم تارماقلىرىنى، بۈيۈك بېرىتانىيە مۇزېيىنى، بۈيۈك بېرىتانىيە كۇتۇپخانىسىنى كۆرسىتىپ قويماقچى بولغانىدى. بىز چۈشتىن كېيىن كۆرۈشكەندۇق. ھاۋا تۇتۇق ئىدى، مەن توتتېنخام كورت كوچىسى (Tottenham Court Road) غا كېلىپ، رۇسسېل مەيدانى (Russel Square) دىن ئېدمۇندنى تاپتىم. رۇسسېل مەيدانى ئەپچىل بىر دەرەخلىك بولۇپ، بۇ مەيدان لوندون ئۇنىۋېرسىتېتى بىلەن تۇتىشىدىكەن. ئېدمۇند كالچىيىپ كەتكەن ئاياغ، پېتىدىن كەتكەن كۆك ئىشتان، ئۇزۇن يەڭ كۇل رەڭ مايكا كىيىۋالغان بولۇپ، دولىسىدا چوڭلۇقىدىن سالپىيىپ تۇرغان بىر ماتېرىيال سومكىسى تۇراتتى. ئۇ بىر قولىنى كۆرۈشۈش ئۈچۈن قولاشمىغاندەك قىلىپ ئۇزاتتى، مەن ئۇنىڭ قولىنى قىستىم. ئېدمۇندنىڭ بارماقلىرى قاتتىق ۋە يىرىك ئىدى. ئازراق ماڭغاندىن كېيىن مەندىن:

— لوندوننى ياقتۇردىڭىزمۇ؟ — دەپ سورىدى.

بۇ سوئالدىن «لوندونغا كۆنەلىدىڭىزمۇ؟» دېگەن مەنە چىقىپ تۇراتتى. لوندوننى تۇزۇك كۆرمەي تۇرۇپ بۇ سوئالغا سەممىي جاۋاب بەرگىلى بولمايتتى. مانا، لوندوننى ئەمدى كۆرۈشكە باشلاۋاتىمەن — دە! مەن كەلگەندىن بىرى، لوندوننىڭ ئاسمىنىدا بۇلۇت، ئارىلاپ — ئارىلاپ يامغۇر، مۇزدەك سوغۇق شامال شىللەمنى قورۇپ ئۆتۈپ تۇردى. چىركاۋ ئۆگزىلىرىدىكى خوراز سۈرەتلىك قۇتۇپ كۆرسەتكۈچنىڭ لەپەڭشىپ تۇرۇشلىرى، يول بويىدىكى دۇكانلارنىڭ قەلەي تاختىلىق ۋىۋىسكىلىرىنىڭ تەۋرىنىپ تۇرۇشلىرىدىن ۋوجۇدۇمنىڭ ئىچ — ئىچىگە مۇساپىرلىقنىڭ جۇدۇنلىرى تاراپ كېتىۋاتقاندەك تۇيۇلاتتى. تۇتۇق ھاۋا دىلىمدىكى غەشلىكنى تېخىمۇ ئاشۇراتتى، كوچىدىكى ئادەملەرنىڭ قاياقلارغىدۇر ئالدىراپ مېڭىشلىرى ئۆي — دۆڭنى

بىلمەي تېنەپ - تەمتىرەشلىرىم بىلەن سېلىشتۇرما بولۇپ، ياتسىراش ھېسسىياتىمنى تېخىمۇ ئەۋجىگە چىقىراتتى. قايسىدۇر بىر دېرىزىنىڭ ئالدىدىن ئۆتۈپ كېتىۋېتىپ، ھور كۆتۈرۈلۈپ تۇرغان ئاپپاق ئىستاكاننى ئالدىغا قويۇپ، ئالدىدىكى كومپيۇتېرغا تىكىلىپ ئولتۇرغان كۆڭلەكچان بىر كىشىنى كۆرۈپ، ئۆزۈمنى ئىللىق دۇنيانىڭ سىرتىغا ئەبەدىي سۈرگۈن بولغاندەك تىترەپ كەتتىم. كىمنىڭدۇر ئۇشتۇمتۇت چاقىرىپ قېلىشىنى ئۈمىد قىلاتتىم - يۇ، بۇ ئۈمىدنىڭ ئورۇنسىز ئىكەنلىكىنى دەرھال ئېسىمگە ئالاتتىم. ئايالىم قۇيۇپ بەرگەن ئىسسىق چاينى ھۇزۇرلىنىپ ئىچىدىغان ئۆي بۇ يەردە يوق.

ئېدمۇندنىڭ سوئالىنى تەكەللۇپ يۈزىسىدىن سورالغان سوئال دېمەيمۇ بولمايتتى. مەنمۇ تەكەللۇپ قىلىپ:

— لوندون ئاجايىپ شەھەر ئىكەن، — دەپ قويدۇم.

— لوندون چوڭ شەھەر، — دېدى ئېدمۇند، — باشقا مەملىكەتلەردىن كەلگەن ھەر خىل ئىرقتىكى ئادەملەر بەك كۆپ، ئەسلىدىكى لوندونلۇقلارمۇ بەزىدە ئۇ كىشىلەرگە قاراپ ئۆزىنى ياتسىرىغاندەك ھېس قىلىدۇ.

— مەنمۇ شۇ كەلگۈندىلەرنىڭ بىرى. بىراق، مەن بىر يىلدىن كېيىن قايتىمەن، لوندوندا تۇرۇۋالمايمەن، شۇڭا مېنى ھەقىقىي مېھمان قاتارىدا كۆرەرسىز، — دېدىم مەن چاقچاق قىلىپ.

— ئەلۋەتتە سىز مېھمان، ئىمكانقەدەر سىزگە كۆپ ھەمراھ بولىمەن، سىزدىن جىق نەرسىنى ئۆگىنىمەن.

— ئاۋۋال ئۆگىتىڭ، ئاندىن ئۆگىنىڭ. ئىنگلىزچە سەۋىيەم ئاشمىسا، سىزگە تۈزۈك بىرنەرسە ئۆگىتەلمەيمەن.

— ئەلۋەتتە. سۆزلەڭ، ئۇنىڭدىن باشقا چارە يوق. مېھماننىڭ ئالدىدا ساھىبخانىنىڭ جىق سۆزلىشىگە بولمايدۇ. ئەنگلىيە سۆز ئەركىنلىكى كاپالەتكە ئىگە دۆلەت، ئەمدى ئۆزىڭىزنى قويۇۋېتىڭ. جىقراق سۆزلىسىڭىز ياخشى مېھمان بولغان بولىسىز.

— مېھمان كۆنۈپ قالسا، ئۆزىنى ساھىبخانىدەك ھېس قىلىپ قالىدۇ. بۇ چاتاق — دە.

— ئەڭ ياخشى مېھمان يەنىلا قايتىدىغان مېھمان.

— توغرا دەيسىز، بىرىپ تۇرغان قەرزىمۇ ئۇزاق مۇددەت قايتۇرۇلمىسا، ئۇ قەرزدارنىڭ ئۆز مۈلكىدەك بولۇپ قېلىپ، قايتۇرغۇسى كەلمەيدۇ. مېھمانمۇ كونىرىسا تۇرغان يېرىنى ئۆزىنىڭكىدەك ھېس قىلىپ قالىدۇ.

....

بىز ئارزاق ماڭغاندىن كېيىن ئېدمۇند قوڭۇر رەڭ خىشتىن قوپۇرۇلغان بىنانىڭ ئالدىدا توختاپ، تامدىكى يۇملاق بىر تاختىنى كۆرسەتتى.

— ت.س. ئېلىئوت (T.S.Eliot) نى بىلەمسىز؟

يۇملاق تاختىدا «ت. س. ئېلىئوت، شائىر ۋە نەشرىياتچى، 1925 — 1965 — يىللاردا مۇشۇ يەردە خىزمەت قىلغان» دەپ يېزىلغانىدى. ت. س. ئېلىئوت (1888 — 1965) ئامېرىكىدا تۇغۇلغان ئىنگلىز شائىرى بولۇپ، 1948 — يىلى نوبېل ئەدەبىيات مۇكاپاتىغا ئېرىشكەنىدى. ئۇنىڭ 20 — ئەسىر جاھان شېئىرىيىتىدىكى ئورنى بەكلا يۇقىرى ئىدى.

— مۇشۇ تاختىنىڭ ئالدىدا سۈرەتكە چۈشكۈم بار، — دېدىم مەن ئورنۇمدا تۇرۇپ. سومكامنى ئاختۇرسام فوتو ئاپپاراتىم يوق تۇرىدۇ. ئۇنى ئېلىۋېلىشنى ئۇنتۇپ قالغانىكەنمەن.

ئېدمۇند شۇنداق كۈلۈپ كەتتىكى، مەن ئۇنىڭ كۈلكىسىدىن بىرئاز تەنتەكلىك قىلىپ قويغىنىمنى بىلدىم.

— بۇ شائىرنى چوڭ بىلىمەن، — دېدىم ئېدمۇندقا چۈشەندۈرۈپ، — مەن دېمەتلىك ئۇيغۇر شائىرلىرىنىڭ قەلبىدە ت. س. ئېلىئوتنىڭ ئورنى زور. مەن ئۇ شائىرنىڭ شېئىرلىرىنىڭ خەنزۇچىسى بىلەن 1980 — يىللارنىڭ ئاخىرلىرىدا تونۇشقان. بىر شائىر دوستۇم ئۇنىڭ ۋىست لەند (The Wasteland) دېگەن

ئەسىرىنى ئۇيغۇرچىغا تەرجىمە قىلغان.

— شۇنداقمۇ؟ — دېدى ئېدمۇند، — بۇ ئەسەرنى ئۇيغۇرچىدا قانداق ئاتايدۇ؟

— ئۇ «باياۋان» دەپ تەرجىمە قىلغان. ئەسەرنىڭ ماۋزۇسى يەنە ئۇيغۇرچىدىكى «چۆل»، «جەزىرە»، «قاقشال يەر»، «تاقىر يەر» دېگەن مەنىلەرنىمۇ بىلدۈرىدۇ. مېنىڭچە، بۇ ماۋزۇنى «خارابە» دەپ ئالغان مۇۋاپىق.

ئېدمۇندنىڭ ئۇيغۇر تىلىدىن خەۋىرى بار ئىدى. ئۇ قايتا - قايتا سوراپ، يۇقىرىقى سۆزلەرنى زېھنىگە ئېلىۋالدى. مەن نېمىشقىدۇر جىمىپ كەتتىم، ئېدمۇند بىرئاز ئەجەبلەنگەندەك بولۇپ، ماڭا بىر قاراپ قويدى.

— سىلەر شائىر - ئەدىبلىرىڭلارنى ھۆرمەتلەيدىكەنسىلەر، نۇتۇق سۆزلىسەڭلار، كىنو - تېلېۋىزىيە فىلىملىرىنى ئىشلىسەڭلار شېكىسپىرنىڭ سۆزلىرىنى تىلغا ئېلىپ تۇرىسىلەر. نېمىشقىدۇر «ئىنگلىز تىلى» دېيىلسە شېكىسپىر كۆز ئالدىمغا كېلىدۇ. مانا بۇ يەردە ئېلىئوتنىڭ 40 يىللىق خىزمەت خاتىرىسى ئۈچۈن بۇ تاختىنى قويۇپسىلەر.

— ئەلۋەتتە شۇنداق بولىدۇ، — دېدى ئېدمۇند سۆزۈمدىن بىرئاز ھەيران بولۇپ.

خاتىرەمدە مۇسابايېفلارنىڭ غۇلجىدىكى كۆن - خۇرۇم زاۋۇتىنىڭ چېقىلىشى جانلىنىپ تۇرۇۋالدى. يۈز يىل مابەينىدە ئۈزۈكسىز ئىشلەپ، تاكى مۇشۇ ئەسىرگىچە تۆھپە قوشقان تۇنجى ئەۋلاد كارخانىنىڭ ئىزناسىنى ئەمدى تاپقىلى بولمايدۇ، ئۇلارنى ئۆي - مۈلۈك سودىگەرلىرى يالمىۋەتتى، ھەتتا زاۋۇتنىڭ مۇنارىنى بولسىمۇ خاتىرە قىلىپ قالدۇرۇپ قويۇشمىدى.

— بىزدە ئەمەت ئۆمەر دەيدىغان بىر كومېدىيە سەنئەتكارى بولىدىغان، — دېدىم مەن ئېدمۇندقا، — ئۇ خەلق ئارىسىدا بەك مەشھۇر بولۇپ، «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» دەۋرىدە كۈرەشكە

ئۇيغۇر كىتاب تورى بىلگىسى www.uyghurkitap.com ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ بىگى ئادرىسى

تارتىلغان. ئۇ ئاشۇ يىللاردىكى بىمەنە كۆرەشلەرگە ئۆتكۈر يۇمۇرلىرى بىلەن تاقابىل تۇرغان. كىشىلەر ئۇنىڭ يۇمۇرلىرىنى ھازىرمۇ ئېيتىپ يۈرۈشىدۇ. چوڭلارنىڭ ئۆلۈپ تۈگىشى بىلەن ئەمدى ئەمەت ئۆمەرنى بىلىدىغانلار ئازايدى. كىشىلەر ئەمەت ئۆمەرنىڭ يۇمۇرلىرىنى سورۇنلاردا ئېيتىپ ھىجىيىپ يۈرۈشۈپ ئەمەت ئۆمەرنىمۇ ئۇنتۇپ كېتىدىغان بولدى. ئاخىر ئەمەت ئۆمەرگە دائىر تۇزۇك يادنامە قالمايدىغان بولدى. ئابدۇرېھىم ئۆتكۈر دەپ بىر شائىرىمىز بار، ئەدەبىياتىمىزغا قوشقان تۆھپىسى چوڭ. ئۇنىڭ ئولتۇرغان قورۇلىرىنى ئەمدى تاپقىلى بولمايدۇ. ھەتتا بۇرھان شەھىدى، سەيپىدىن ئەزىزى قاتارلىق دۆلەت ئەربابلىرىنىڭ ئەسلىدىكى ئولتۇراق يەرلىرىمۇ ئۆچۈپ كەتتى.

— تارىخ ئەسلىدە كىتابلار دۆۋىسى ئەمەس، بەلكى كونكرېت شەيئىلەرنىڭ نەق ئۆزىدۇر. بىر كونا ئۆي تەزكىرىچىلەرنىڭ قەلىمىگە قارىغاندا تارىخنى بىۋاسىتە ئىزاھلاپ بېرەلەيدۇ، — دېدى ئېيدمۇند جاۋابەن.

— لوندوندا مەشھۇر ئادەملەرنىڭ يادنامىسى نۇرغۇنغۇ دەيمەن، — دېدىم مەن ئېيدمۇندقا، — قارىماققا لوندون كونا بىنالاردىن تۈزۈلگەندەك.

— لوندونغا يەنە بىر - ئىككى يۈز يىلدىن كېيىن كەلسىڭىزمۇ مۇشۇ كوچىلارنى ئازماي تاپالايسىز، بىلەمسىز، بۇ كوچىلار بىر - ئىككى يۈز يىل ئىلگىرى ئاساسەن مۇشۇنداق ئىكەن.

— قارىغاندا، ئۇرۇمچى خاتىرىسىنى يوقىتىپ قويغان ئادەمگە ئوخشايدىكەن. ھەممە يەردە ئەينەكلىك ئېگىز بىنالار، ھەممە يەردە ماگىزىن، ھەممە يەردە مېھمانخانا، بىراق ئاممىۋى تەنتەربىيە سارايلىرى، باغچە، كۇتۇپخانىلار يوق ھېسابتا. تۆت تۈپ دەرەخ بار يەردە قاۋاقخانا پەيدا بولىدۇ، خۇددى جىگەرگە چۈشكەن قۇرتتەك.

— لوندون كوچىلىرىدا يۈرسىڭىز كۆز ئالدىڭىزدا تارىخ ئەگىپ

تۇرىدۇ، بۇرنىڭىزغا تارىخ ھىدى پۇراپ تۇرىدۇ. تەرەققىيات تارىخىنىڭ ئەسلىدىكى رېلىسىنى بويلاپ ماڭىدۇ. شۇڭا، لوندوندا ئۆتمۈش بىلەن كېلەچەك قوشۇلۇپ كەتكەن دېيىشكە بولىدۇ. ئۈرۈمچىنىڭ تەرەققىياتى مەلۇم كۆزقاراشقا ئاساسەن قايتا توقۇپ چىقىلغان مەسەلگە ئوخشايدۇ.

شۇ تاپتا، مەن مېڭىۋاتقان بۇ يەر لوندوننىڭ قەدىمىي ھەم مەركىزىي رايونى ھېسابلىنىدىكەن، ئەمما كۆزۈمگە ھامان لوندوننىڭ چەت رايونلىرىدەك كۆرۈندى. چۈنكى، بۇ يەردىكى بىنالار 5 ـ 6 قەۋەت ئەتراپىدا بولۇپ، بىر بولسا كۆل رەڭ، بىر بولسا قوڭۇر رەڭ ئىدى. كوچىلارمۇ تار بولۇپ، ئىككى قاسنىقىدا ئۇنچە چوڭ بولمىغان ھەر خىل دۇكان ۋە ماگىزىن بار ئىدى. كوچىدىكى كىشىلەرنىڭ كىيىملىرىمۇ ئالاھىدە ئەمەس، بەلكى ناھايىتى ئاددىي ئىدى. كۆز ئالدىمدا مەن تەسەۋۋۇر قىلغان بىر ئىمپېرىيەنىڭ پايتەختىگە خاس پەۋقۇلئاددە ھەشەمەتلىك ئەمەس ئىدى. تەمكىن، پىشىپ يېتىلگەن ئىمپېرىيەلەر داۋراڭسىز كېلەمدۇ، بۇنى بىلمىدىم، ئىشقىلىپ لوندوننىڭ كوچىلىرى ماڭا ئادەتتىكىچە بىلىندى.

بىز پاراڭلاشقاچ مېڭىپ لوندون ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ شەرق ۋە ئافرىقا تەتقىقات يۇرتى ـ (School of Oriental and African Studies) غا يېقىنلاپ قاپتۇق. ت.س. ئېلىئوتنىڭ بايىقى يادنامىسىمۇ مۇشۇ مەكتەپنىڭ بىر بۆلىكى بولغان فېبېر بىناسى (Faber House) نىڭ تېمىغا ئورنىتىلغانىكەن. كۆزۈمگە ئۇدۇل تامدىكى «SOAS» دېگەن خەت چېلىقتى. بۇ خەت بۇ تەتقىقات يۇرتىنىڭ قىسقارتىلما نامى ئىدى. ئېدمۇندنىڭ تونۇشتۇرۇشىچە، ئاسىيا ـ ئافرىقا تەتقىقات يۇرتى （亚非研究学院） مۇستەقىل بىر ئىلىم يۇرتى بولۇپ، ئاسىيا، ئافرىقا، يېقىن شەرق، ئوتتۇرا شەرق ئەللىرىنى تەتقىق قىلىدىغان ئالىي مائارىپ ئورگىنى ئىكەن، مەكتەپتىكى 4000 غا يېقىن ئوقۇغۇچىنىڭ 30% ى چەت

www.uyghurkitap.com



ئەللەردىن كېلىدىكەن. بۇ مەكتەپ لوندون ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ قارمىقىدىكى بىر مەكتەپ سۈپىتىدە 1916 ـ يىلى قۇرۇلغانىكەن. مەن تېخى لوندون ئۇنىۋېرسىتېتى دېسە ئۇنى مۇستەقىل گەۋدە سۈپىتىدىكى چوڭ بىر مۇنتىزىم مەكتەپ، ئۇنىڭ غايەت زور قورۇسى، ھەيۋەتلىك دەرۋازىسى، ئېگىز مەمۇرىيەت بىناسى، بىر ـ بىرىگە يانداش نۇرغۇن ئىنستىتۇت ھويلىسى بار، دەپ ئويلاپتىكەنمەن. ئەمەلىيەتتە ئۇ ئۆز ئالدىغا تامامەن مۇستەقىل بولغان ھەرقايسى رايونغا تارقاقلاشقان ئىنستىتۇت (College) لاردىن تەشكىل تاپقان فېدېراتسىيە تۈزۈمىدىكى ئالىي مەكتەپ ئىكەن. ئۇ ھەرگىزمۇ ھەقىقىي مەنىدىكى بىر پۈتۈن مەكتەپنىڭ نامى بولماستىن، مەۋھۇم بىر تەشكىلىي قۇرۇلمىنىڭ نامى ئىكەن. بۇ ئۇنىۋېرسىتېت نامىدىكى ھەربىر ئىنستىتۇت يۇقىرىغا بېقىنمايدىغان ئايرىم گەۋدە ھالىتىدە مۇستەقىل ئوقۇغۇچى قوبۇل قىلىدىكەن، دىپلوم تارقىتىدىكەن ۋە رەتتە تۇرىدىكەن. ئىنگلىزچىدىكى «College» دېگەن سۆزمۇ «ئالىي مەدرىسە» «مۇستەقىل فاكۇلتېت» دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ. «لوندون ئۇنىۋېرسىتېتى» نامىدىكى بەزى ئىنستىتۇتلار دۇنياغا ناھايىتى داڭلىق بولۇپ، لوندون ئىمپېرىيە ئىنستىتۇتى (Imperial College London)، لوندون سودا ئىنستىتۇتى (Business School of London) ئەنە شۇلارنىڭ جۈملىسىگە كىرىدۇ. لوندون ئىمپېرىيە ئىنستىتۇتى 2007 ـ يىلى مەكتەپ قۇرۇلغانلىقىنىڭ 100 يىللىقى مۇناسىۋىتى بىلەن لوندون ئۇنىۋېرسىتېتىدىن رەسمىي ئايرىلىپ چىققانلىقىنى ئېلان قىلغان. لوندون ئۇنىۋېرسىتېتى 1836 ـ يىلى قۇرۇلغاندا ئىككىلا ئىنستىتۇت بار بولۇپ، ھازىر بۇ مەكتەپنىڭ قارمىقىدىكى ئىنستىتۇت 20 گە يەتكەن.



ئاپتور لوندون ئۇنىۋېرسىتېتىدىكى شەرق ۋە
ئافرىقا تەتقىقات يۇرتىدا



ئاپتور شائىر كېتىسنىڭ خاتىرە ئۆيىدە

ئۇيغۇر كىتاب تورى بىكىتى www.uyghurkitap.com ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يىگانە ئادرىسى

لوندون ئۇنىۋېرسىتېتى مەخسۇس ئىبادەت ئۆيى يوق بولغان بىردىنبىر ئۇنىۋېرسىتېت بولۇپ، ئادەتتە ئاتېئىزمچە مەكتەپ دېيىلىدىكەن، لېكىن ئوقۇتقۇچى ۋە ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئېتىقاد ئەركىنلىكىگە ھېچقانداق چەكلىمە يوق بولۇپ، ئوخشىمىغان ئېتىقادتىكى ئادەملەر ئىشلەتسە بولىدىغان ئازادە ئۆي ئاجرىتىلغانىكەن.

«ئەگەر سوئال سوراش ئەركىنلىكى، مۇنازىرە ئەركىنلىكى، ئوقۇتۇش ئەركىنلىكى بولمىسا ئۇنىۋېرسىتېت مەۋجۇت بولالمايدۇ.» Freedom of inquiry, freedom of discussion and freedom of ) (teaching - whithout these a university cannot be exist ئامېرىكىلىق پېداگوك روبېرت م. خۇتچىنس (Robert M.Hutchins) نىڭ بۇ سۆزى باشقۇرۇش ئەندىزىسى پۈتۈنلەي مەمۇرىيەت ھۆججەتلىرى بىلەن توشۇپ كەتكەن، پىروفېسسورلار ھەربىي سەپتىن چېكىنىپ كەلگەن باشقۇرغۇچىلارنىڭ ئەمرىسىز قىل تەۋرىتەلمەيدىغان ئۇنىۋېرسىتېتلارنىڭ روھىدىن شۇنچە يىراق بولسىمۇ، ئەمما دۇنياۋى مەدەنىيەتنىڭ يېڭى قانالىرىنى قېزىپ، تەپەككۇرنىڭ ئوخشىمىغان قاراڭغۇ ساھەلىرىنى تۇتاشتۇرۇۋاتقان شۆھرەتلىك ئۇنىۋېرسىتېتلارنىڭ تۈپ روھىنى گەۋدىلەندۈرۈپ بەرگەن دېيىشكە بولاتتى.

SOAS نىڭ رۇسسېل مەيدانى (Russel Square) قورۇسى ئەپچىلگىنە بىر قورۇ ئىكەن. بۇ قورۇنى مەن قاراپلا ھەر خىل ئىرقنىڭ تىرىك مۇزېيى ئىكەن دەپ قالدىم. ئاق، قارا، سېرىق، قىزىل ئىرقلاردىن بولغان قىز - ئوغۇللار ئوقۇتۇش بىناسىنىڭ ئىچىگە كىرىپ - چىقىپ يۈرۈشەتتى. بەزىلەر پەشتاقلاردا ئولتۇرۇپ پاراڭغا چۈشۈپ كەتكەنىدى. ئادەملەردىن قىلچە ئۈركۈمەيدىغان كەپتەرلەر ئۇلارنىڭ ئالدىدا يورغىلاپ يۈرۈشەتتى. بەزى ئوقۇغۇچىلار قولىدىكى يەۋاتقان نەرسىلەردىن كەپتەرلەرگە ئازراق بېرەتتى، كەپتەرلەر بىر - بىرىدىن قىزغىنىپ چوقۇلاشقا

كىرىشىپ كېتەتتى. بەزى ئوقۇغۇچىلار پەلەمپەي رېشاتكىسىغا مىنگىشىپ ئولتۇرۇپ موخوركا چېكىشەتتى. ئۇلارنىڭ ئالدىدىن ئۆتكەندە بۇرنۇمغا نەشىنىڭ ھىدى ئۇرۇلۇۋىدى، ئەجەبلەندىم.

— بۇ پۇراق موخوركىنىڭ پۇرىقىغا ئوخشىمايدىغۇ؟ — سورىدىم ئېدمۇندتىن.

— بەزى ئوقۇغۇچىلار نەشە چېكىدۇ، — دېدى ئۇ.

— چەكلىمەمسىلەر؟ — دەپ سورىدىم ئۇنىڭدىن يەنە.

— چېكىشنى تەشەببۇس قىلمايمىز، — دېدى ئۇ ئاددىيلا قىلىپ.

مانا بۇ مېنىڭ ئەنگلىيە ئالىي مەكتىپىنىڭ قورۇسىدىكى تۇنجى تەئەججۇپلۇك تەسىراتىم بولدى.

ئېدمۇند مېنى كۇتۇپخانىغا باشلاپ كىردى. مەن سىرتتىن كەلگەن زىيارەتچى بولغاچقا ئاۋۋال تىزىملاتتىم، ئاندىن دەرەخ سۈرىتى چۈشۈرۈلگەن شىلىملىق قەغەزنى ئېلىپ سومكامنىڭ سىرتىغا چاپلاپ قويدۇم. ئېدمۇندنىڭ دېيىشىچە، كېيىن مەخسۇس زىيارەت كارتىسى بېجىرىۋالسام، تىزىملاش ھاجەتسىز بولىدىكەن. ھازىرچە شۇنداقلا كىرىپ تۇرىدىغان بولدۇق. نازارەتچىلەر سومكامدىكى دەرەخ سۈرەتلىك قەغەزنى كۆرۈپ، قولىدىكى بىر كارتىنى سۈرتۈۋىدى، توسۇق ئاپتوماتىك ھالدا ئېچىلدى. شۇنىڭ بىلەن كۇتۇپخانا ئىچىگە كىرىپ كەتتۇق. كۇتۇپخانىدا ئاسىيا ۋە ئافرىقا ئەللىرىنىڭ ھەر خىل تىلدىكى كىتاب - ماتېرىياللىرى ساقلىنىدىكەن. مەن ئېدمۇندتىن «ئۇيغۇرچە كىتابلار بارمۇ» دەپ سورىدىم. ئۇ، «بار» دەپ مېنى باشلىدى. مەن ئۇنىڭغا ئەگىشىپ ماڭدىم. خېلى كۆپ ئاختۇرغاندىن كېيىن، ئەڭ بۇلۇڭدىكى بىر كىتاب ئىشكاپىنىڭ ئالدىغا بېرىپ توختىدۇق. بىر كىتاب ئىشكاپىنىڭ ئۈچ قەۋىتىدە لاتىن يېزىقى ۋە كونا يېزىقتىكى ئۇيغۇرچە كىتابلار تۇراتتى. بۇرۇن لاتىن يېزىقىدا چىققان شېئىر، ھېكايە توپلاملىرى، ھەتتا

ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى
www.uyghurkitap.com



ياغاچچىلىق ھەققىدىكى كىتابلار كۆزۈمگە چېلىقتى. ئۇلارنى قولۇمغا ئېلىپ ۋاراقلاپ قويدۇم. قارىسام بىرەرسى تەرىپىدىن ئارىيەتكە ئېلىنغاندەكمۇ ئەمەس. بۇ يەرگە كېلىشكە تېگىشلىك نۇرغۇن مۇھىم كىتابلار يوق ئىكەن، دېسەك بولاتتى. ئىمىن تۇرسۇننىڭ نەۋايى ھەققىدىكى كىتابى، زاھىرىددىن مۇھەممەد بابۇرنىڭ «بابۇرنامە» دېگەن ئەسىرى تېخى يېقىنقى يىللاردا چىققان كىتابلار بولۇشىغا قارىماي كىتاب ئىشكاپىدىن ئورۇن ئاپتۇ.

— بۇ يەردە بولۇشقا تېگىشلىك نۇرغۇن كىتاب بار ئىدى، بىراق كەلمەپتۇ. بۇنداق كىتابلارنى كىملەر بۇيرۇتىدۇ؟ — دەپ سوردىم مەن.

ئىبدمۇند بىلمەيدىغانلىقىنى بىلدۈرۈپ مۈرىسىنى قىسىپ قويدى. ئۇ مېنىڭ بۇ قىزىقىشلىرىمنى چۈشىنەلمىگەندەك تۇراتتى. مەن چۈشەنچە بەردىم:

— بۇ يەردە ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ قانچىلىك بولۇشى بىزنىڭ دۇنيا ئىلىم مۇنبەرلىرىدىكى ئورنىمىزنىڭ قانچىلىك ئىكەنلىكىنى بىلدۈرىدۇ. دۇنيا جامائىتىنىڭ دىققىتىدە قانچىلىك بولساق، كۇتۇپخانا ۋە مۇزېيلاردىكى ئورنىمىزمۇ شۇنچىلىك بولىدۇ، دەپ قارايمەن. ئۇيغۇر تىلىدىكى ئىلمىي ئەسەرلەر ئاساسەن يېتىپ كەلمەپتۇ. تەتقىقاتقا بىۋاسىتە ياردىمى تېگىدىغان مەنبەلەر يوق ئىكەن.

ئىبدمۇند گېپىمگە جاۋابەن «شۇنداق، راست دەيسىز» دەپ قويدى. ئۇ مېنى ئەگەشتۈرۈپ ئوتتۇرا ئاسىيادىكى دىن، مەدەنىيەت، پەلسەپە، ئەدەبىيات ـ سەنئەت، جۇغراپىيەگە دائىر كىتابلار بار بۆلەكلەرنى كۆرسەتتى ۋە كومپيۇتېردىن كىتاب ئىزدەش ئۇسۇللىرىنى ئۆگەتتى. كۇتۇپخانىدىكى كىتابلارنىڭ ماۋزۇلىرىدىن ئۆزۈمنىڭ ئىلمىمنىڭ ھەققىي بولاقلىرىدىن تۇزۇك سۇ ئىچمىگەنلىكىمنى ئەلەم بىلەن ھېس قىلدىم ـ دە،

خورسىنىپ كەتتىم. يۇرت ئۇقۇمى يۇرتنىڭ سىرتىدىكى يىراق - يىراق نامەلۇم يۇرتلارنىڭ يوشۇرۇن تەسىرى بىلەن گىرەلىشىپ كەتكەن بولىدۇ. مىسىر ئەزھەر دارىلئۇلۇمىدا ئوقۇغان ئابدۇلئەزىز چىڭگىزخان دامولامنىڭ نەزىرىدىكى بۈگۈر يېڭىسارنىڭ تېرەكبازار مەھەللىسىدىن چىقماي ئۆلۈپ كەتكەن بىر ئادەمنىڭ ئېڭىدىكى بۈگۈردىن كۆپ ئېنىق ئىدى. يۇرت چۈشەنچىسى ئېنىق ئادەملەرنىڭ قەلبىدىكى ۋەتەنپەرۋەرلىك كىشىنى مەسئۇلىيەت ۋە ھەرىكەتكە ئۈندەيدۇ. بىراۋ قانداقتۇر بىر كۈچ تەرىپىدىن تۇغۇلغان يېرىگىلا نەزەربەند قىلىنىپ، مەھەللىسىدىن باشقا يەرگە بېرىپ باقمىسا، ئۇ يۇرتنىڭ نېمە ئىكەنلىكىنى بىلمەي قېلىشى مۇمكىن. مەن يۇرتىغا سۈرگۈن بولغان بىلىم ئادىمى سۈپىتىدە نادان قالغان نۇرغۇن تەرىپىمنى يېڭى بىر سەۋىيەدە تونۇپ يەتمەكتە ئىدىم.

مەن ئەمدى ئېدمۇند يېنىمدا بولمىسىمۇ كۈتۈپخانىغا كىرىپ كىتاب ئىزدىيەلەيدىغان بولدۇم. ئېدمۇند ئىككىمىز كۈتۈپخانىدىن يېنىپ چىقىپ ئۇدۇلدىكى بىرۇنى كۆرگەزمىخانىسى (Brunei Gallery) نىڭ ئىچىگە كىردۇق. بىرىنچى قەۋەتنىڭ ئوڭ تەرىپىدە ئەپچىل بىر كىتابخانا بار ئىكەن.

– بۇ يەرگە يېڭى كىتابلار كېلىپ تۇرىدۇ، ئۇيغۇرلار ياكى شىنجاڭغا دائىر كىتابلارمۇ بار. تاپالمىسىڭىز زاكاز قالدۇرسىڭىز بىرقانچە كۈن ئىچىدە ئەكەلدۈرۈپ بېرىدۇ، – دېدى ئېدمۇند.

كىتابخانىدا ھىندىستان، ئىران، جۇڭگو ۋە ئوتتۇرا ئاسىياغا دائىر كىتابلار تىزىلغانىدى. دەمالى ئۇ كىتابلارنىڭ ھەممىسىنى ۋاراقلاپ چىقىشقا ھازىرچە ئۈلگۈرمەيتتىم. ئېدمۇند پەقەت ماڭا لازىم جايلارنى كۆرسىتىپ قويۇۋاتاتتى. كۆزۈمگە ھىندىستانلىق ئىقتىسادشۇناس ئامارتيا سېن (Amartya Sen) نىڭ «كىملىك ۋە زوراۋانلىق» (Identity and Violence) ناملىق كىتابى چۈشۈپ قالدى. ئۇنىڭ نامراتلىق ھەققىدىكى ئەسەرلىرى مېنى ئۆزىگە بەك

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



تارتقانىدى. ئىقتىسادنى ئەركىن جەمئىيەت ۋە ئاجىزلار بىلەن باغلاپ تەتقىق قىلغان بۇ ئادەمگە قايىل ئىدىم. ئۇنىڭ «كىملىك ۋە زوراۋانلىق» دېگەن كىتابىنى ئېچىشىمغىلا «تەشۋىقات ئارقىلىق كىشىلەرنىڭ ئۆز كىملىكى ھەققىدىكى قارىشىنى ئۆزگەرتىش دۇنيادىكى نۇرغۇن زوراۋانلىقنىڭ مەنبەسى. ئۇ، دوستنى دۇشمەنگە ئايلاندۇرىدۇ» دېگەن قۇرلارنى كۆردۈم ۋە كىتابنى ئىككىلەنمەيلا سېتىۋالدىم.

— ئۇيغۇر ياشلىرىدا مىللىي كىملىك ھەققىدىكى قىزىقىش روشەنلىشىۋاتىدۇ، — دېدىم مەن ئېدمۇندقا، — بۇ كىتابنىڭ تېمىسى مېنى جەلپ قىلدى.

ئېدمۇند كىتابنى قولۇمدىن ئېلىپ ۋاراقلاشقا باشلىدى. ئۇ ئاشۇ قىسقىغىنە بىرنەچچە دەقىقىدە كىتابقا خېلى چوڭكەنىدەك بىلىنىدى.

— ئەگەر قىزىقىپ قالغان بولسىڭىز، — دېدىم مەن ئېدمۇندقا، — سىز ئاۋۋال كۆرۈپ چىقىڭ، ھازىرچە ۋاقتىم يەتمەيدۇ.

— شۇنداقمۇ؟ بولىدۇ، مەن بىر كۆرۈپ چىقاي، — ئېدمۇند شۇنداق دېدى - دە، كىتابنى سومكىسىغا سالدى.

بىز كىتابخانىدىن چىقىپ، بىرىتانىيە مۇزېيىغا قاراپ ماڭدۇق. مۇزېيى بىز بايا ئۇچراشقان رۇسسېل مەيدانىغا يېقىن ئىدى. بۇلۇتلۇق ھاۋادا مەيداندىكى ئېگىز دەرەخلەر قامەتلىك گەۋدىلىرىنى شۇمشەيتىپ تۇرۇشاتتى. مەيداننىڭ ئىچكىرى تەرىپىدىكى بىر قەھۋەخانا خېلىلا ئاۋات بولۇپ، ماڭا پەقەت شۇ يەردە ئولتۇرۇپ قەھۋە ئىچكەچ پاراڭلىشىپ ئولتۇرغان كىشىلەرلا خىرامان ھەم خۇشالدەك كۆرۈنۈپ كەتتى. سوغۇق شامال شىممىنىڭ پۇچقاقلىرىدىن كىرىپ، جىمى ئەزايىمنى مېھرىسىز قوللىرى بىلەن سىلاپ چىقتى، تېنىم بىر شۈركەنگەندەك بولدى - دە، ئۆزۈمنىڭ لوندوندا ئىكەنلىكىمنى قايتىدىن ئېسىمگە ئالدىم. شامال ماڭا نىسبەتەن يېلىگراق كېيىنىۋالغان ئېدمۇندقا تەسىر

قىلالمىغاندەك تۇراتتى. «مۇساپىر توڭغاق كېلىدۇ» دېگەن گەپ بىكار ئېيتىلمىغان بولسا كېرەك. مۇساپىرنىڭ تېنىدىكى سوغۇق ئاۋۋال ئىچىدىن تارايدۇ، ئاندىن تېشىدىن ئۆتىدۇ. يات مۇھىتتىكى ئالامەتلەر ناتونۇش يېزىقتا، مۇساپىر گويا بۇ يېزىقنى قانداق ئوقۇشنى بىلمىگەن ساۋاتسىزغا ئوخشايدۇ، تەمتىرەش زۇلمەتلىرى مۇساپىرنى تەنھالىقنىڭ مۇزدەك گىردابلىرىغا ئىتتىرىدۇ.

مۇزېيغا كىرىش ئۈچۈن بېلەت ئالىدىغان ئىشمۇ بولمىدى، ئۇدۇل كىرىپ كېتىۋەردۇق. مۇزېي زالىغا كىرىشىمىز بىلەن بەدىنىم بايىقى سوغۇق هاۋانىڭ جۇدۇنىدىن خالىي بولۇپ، ئىللىق هاۋانىڭ تەپتىنى سېزىشكە باشلىدى. مۇزېينىڭ ئامانلىق خادىملىرى زىيارەتچىلەرگە كۆڭۈل بولسا كېرەك، ئۇلارنىڭ شۆبهىلىك كۆزلىرىنى هېس قىلمايلا قالدىم. ئېدمۇند بىلەن بىللە بىر بۆلۈك يەرلەرنى ئارىلىدۇق. بىز كۆرگەن رايون ئىران، ئىراق، مىسىر، يۇنان قاتارلىق ئەللەرنىڭ فارفۇر بۇيۇملىرى، ئوردىلاردا ئىشلىتىلىدىغان تۇرمۇش ۋە سەنئەت بۇيۇملىرى بىلەن توشۇپ كەتكەندى. بىرىتانىيەنىڭ ئۆز زېمىنىدىن چىققان بىرەر نەرسىنى كۆرمىدىم. قارىغاندا بۇ رايون شەرق ۋە ئوتتۇرا شەرق رايونلىرىدىن چىققان ئاسارە ئەتىقىلەرنىڭ جايى بولسا كېرەك. مەن بىر ئىمپېرىيەنىڭ مەدەنىيەتتىكى ئىپادىلىنىشىنى دەسلەپكى قەدەمدە ئەمەلىي تونۇشقا باشلىغاندەك بولدۇم. بىر ئىمپېرىيە ئۆزىنىڭ بايلىقتا بولغان هېرىسمەنلىكىنى ئۆزگە قارام ئەللەرنىڭ ماددىي بايلىقىنى ئىگىلەش بىلەنلا قاندۇرۇپ كېتەلمەي، يەنە ئۇ باشقىلارنىڭ مەدەنىيەت بايلىقىغا خۇمار بولىدىكەن. مۇزېيلىرنى باشقىلارنىڭ يۇرتلىرىدىن توشۇپ كەلگەن قېزىلمىلار بىلەن تولدۇرىدىكەن. بۇ هەقتىكى چۈشەندۈرۈشلەر ئىمپېرىيەنىڭ باشقىلارغا هۆكۈمرانلىق قىلىشىنى مۇقەررەر ۋە هەقلىق قىلىپ ئىسپاتلاش ئۈچۈن خىزمەت

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يىغىلىش ئادرېسى



قىلىندىكەن. مۇزېيلاردىكى نەرسىلەرنى تەرتىپلەش ۋە ئىزاھلاشلارنىڭ ھەربىر ھالقىسىدا ھۆكۈمرانلارنىڭ ئارزۇسى چىقىش قىلىنىدىكەن. ھازىرقى ھۆكۈمرانلاردا يۇقىرىقىلاردىن باشقا يەنە بىر ئېھتىياج بار، ئۇ بولسىمۇ مېڭىگە ھۆكۈمرانلىق قىلىش. ئۇلار مائارىپ ۋە تەشۋىقات ئارقىلىق باشقىلارنىڭ مېڭىسىدىكى ئەسلىي مەدەنىيەت خاتىرىلىرىنى يۇيۇپ تازىلاپ، ئۆزىنىڭ مەدەنىيىتى ۋە قىممەت قارىشىنى كۆچۈرۈپ قويىدۇ. شۇنىڭ بىلەن ھۆكۈمرانلىق ماشىنىسىغا ماسلىشىدىغان كىشىلەرنى بارلىققا كېلىپ، ئۆز تويىغا كۆشەندىلىك قىلىدۇ. ھۆكۈمرانلىقنىڭ ئەبەدىي بولۇشى ئۈچۈن ھەربىي ۋە ئىقتىسادىي كۈچكە تايىنىش كۇپايە قىلمايدۇ. شۇڭا، ھۆكۈمرانلار باشقىلارنى ئىتائەتمەن قىلىش ئۈچۈن يۇمشاق كۈچكە موھتاج بولىدۇ ۋە يېڭى ئەپسانە تارىخنى توقۇپ چىقىرىشىدۇ. مۇزېي كۆپ ھالدا ئەنە شۇنداق ئەپسانىلەرنىڭ توقۇش ماشىنىسى بولۇپ قالىدۇ.

مېنىڭ ۋەتىنىم ئۆتكەنكى بىر ئەسىردىن باشلاپ ئۆزى قانسىراش بەدىلىگە باشقىلارغا مەدەنىيەت بايلىقى تەقدىم قىلىپ كەلدى. ئەجدادلىرىمدىن قالغان مىراسلارنى ئەمدىلىكتە باشقىلاردىن تىلەپ كۆرۈشۈمگە توغرا كېلىدۇ.

ئېدمۇندنىڭ چۈشەندۈرۈشىچە، بىرىتانىيە مۇزېيىدا 7 مىليون خىلدىن ئارتۇق ئاسارئەتىقە ساقلىنىۋېتىپتۇ. بۇ ئاسار ئەتىقىلەر دۇنيانىڭ ھەرقايسى ئەللىرىدىن كەلتۈرۈلگەن بولۇپ، ئىنسانىيەت مەدەنىيەت تارىخىنىڭ ئىپتىداسىدىن ھازىرغا قەدەر بولغان جەرياننى ھۆججەتلەشتۈرۈپ بېرەلەيدىكەن. بۇ مۇزېيغا 1753 - يىلى دوكتور ۋە مۇزېيشۇناس خەنس سلون ئەپەندى (Sir Hans Sloane 1753 - 1660) تەرىپىدىن ئاساس سېلىنغان بولۇپ، سلون پۈتكۈل ئۆمرىدە يىغىپ توپلىغان 40 مىڭ پارچە كىتاب، 7000 پارچە قول يازما، ئاندىن نۇرغۇن ئۆسۈملۈك ئەۋرىشكىسى ۋە مىسىر، يۇنان، رىم، ئىراق، شەرق، ئامېرىكا ئەللىرىدىن كەلتۈرۈلگەن رەسىملەرنى مۇزېيغا

تەقدىم قىلغان. مۇزىي شۇنىڭدىن بېرى سىجىل تەرەققىي قىلغان ھەمدە 1997 - يىلى بىرىتانىيە كۇتۇپخانىسى مۇستەقىل گەۋدە سۈپىتىدە ئايرىم ئورۇنغا كۆچۈرۈلگەن. مۇزىي ھەرقايسى قىتئە ۋە رايوننىڭ مەدەنىيەت تىپلىرى بويىچە ئايرىم بۆلۈمگە ۋە بۆلۈملەر ئىچىدىكى خانىلارغا ئاجرىتىلغان.

بىز ۋاقىت ئېتىبارى بىلەن مۇزىينىڭ بىر قىسىم رايوننى كۆزدىن كەچۈرۈش بىلەن چەكلىنىپ يېنىپ چىقتۇق. سىرتتا يەنە شۇ بۇرۇنقى ھاۋا — تۇتۇق ئاسمان، كۆڭۈلنى غەش قىلىدىغان ھاۋا، سۈس كەيپىيات. ئېدمۇند ھەربىر كوچىنى، SOAS كۇتۇپخانىسىغا بارىدىغان كوچا لىنىيەلىرىنى، ئولتۇرىدىغان ئاپتوبۇسلارنى، بلۇمسبۇرى (Bloomsbury) ئەتراپلىرىدىكى تۇرمۇش ۋە مەدەنىيەت بۇيۇملىرى ماگىزىنلىرىنى ماڭا سەۋرچانلىق بىلەن كۆرسەتتى ۋە چۈشەندۈردى.[1] لوندوندا شۇ دەرىجىدە ئىش ئۆگىتىشكە موھتاج بولۇپ قالغىنىمدىن مەيۈسلىنىپ كەتتىم. بىراۋ ماڭا ئىنسانچىلىق نۇقتىسىدىن ھىممەت كۆرسىتىپ قالسا، ھېسسىيات جەھەتتە بىرمۇنچە قەرزنى روھىمغا يۈكلەپ، پۈكلىنىپ كېتىدىغان ئادىتىم بار، بۇ ئادىتىم بۇ يەردىمۇ تۇتۇشقا باشلىدى. مەن ئېدمۇندقا ئارقا - ئارقىدىن رەھمەت ئېيتتىم.

— لوندوننى تولۇق كۆرگەندىن كېيىن كەمبىرىجقا چىقىسىڭىزمۇ بولىدۇ. مۇبادا كەمبىرىجدا تۇرۇپ قالسىڭىز، سىزنى يوقلاپ تۇرىمەن. خالىسىڭىز كەمبىرىج - لوندون ئارىلىقىدا يۈرۈپ تەتقىقاتىڭىزنى قىلىۋەرسىڭىزمۇ بولىدۇ. شارائىتىڭىزغا يارىشا تاللاڭ، ئۆزىڭىزنى ئارتۇق قىيىنىۋالماڭ، — دېدى ئېدمۇند خوشلىشىدىغان چاغدا.

ئېدمۇندنىڭ بۇ گېپى روھىمدىكى نۇرغۇن ئەنسىزلىكنى بىردىنلا ئېرىغدىۋەتتى. ئۇ مېنىڭ ئەمەلىي شارائىتىم ۋە خاراكتېرىمگە لايىق كېلىدىغان بىر يولنىڭ چىرىغىنى يورۇتۇپ

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تورى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يىگانە تورى



بىرىپ، تالاي نامەلۇم ئوي - دوڭنى تۇزلىۋەتكەنىدى. كۆڭلۈم يورۇپ كەتتى، ئۆزۈمنى يېنىك ھېس قىلدىم. ئۇنىڭ نۆۋەتتىكى تۇرمۇشۇمدا بولمىسا بولمايدىغان مۇھىم ئادەملىكىنى چۈشىنىپ يەتتىم ۋە چۈشىنىپ يەتكەنسېرى ئۇنىڭ ۋاقتىنىڭ قىس ئىكەنلىكىنى، كۆپ ئاۋارە قىلىشقا بولمايدىغانلىقىنى ئېسىمگە ئالدىم.

ئېدمۇند ئىككىمىز ئۆگۈنى ئاسىيا - ئافرىقا تەتقىقات يۇرتى (SOAS) بىناسىنىڭ ئالدىدا كۆرۈشمەكچى بولدۇق. ماشىنىلار، ئادەملەر قايناپ تۇرغان كوچىدا مەن تولۇق يېگانە بىر ئادەمگە ئايلاندىم. كوچىلار ماڭا يەنىلا نامەلۇم ئىدى، قونالغۇمنى ۋاقتىدا تېپىۋالمىسام بولمايتتى. ئېزىپ كەتمەسلىك ئۈچۈن كوچىلاردىكى ئۆزۈم بىلىدىغان بەلگىلەرگە دىققەت بىلەن سەپسالاتتىم.

مەن ھامان ئاۋات قەدىمىي پايتەختنىڭ شاۋقۇنىدىن يىراق ئىدىم. ھامان ئۆزۈمدە ئىدىم، ھامان ئۆزۈمدە...

※ ※ ※

ئېدمۇند بىلەن ھەپتىدە بىر كۆرۈشۈش بۇ يەردىكى مەنىۋى تۇرمۇشۇمنىڭ بىر تەرتىپىگە ئايلاندى. ئۇ بارا - بارا مەن ئۈچۈن بىر ئوقۇتقۇچىغا، ئاغىنىگە، تۇرمۇش يېتەكچىسىگە، مۇڭداشقا ئايلىنىپ كەتتى. بۇ ھال ئىنگلىزچە سەۋىيەمنىڭ ئۆسۈشىگە بىۋاسىتە تەسىر كۆرسەتمەكتە ئىدى. ئۇنىڭ بىلەن كۆرۈشۈشتىن ئاۋۋال، نۆۋەتتىكى سۆھبەت تېمىمىزنى پەرەز قىلىپ تۇرۇپ، ئىنگلىزچە ئاچقۇچلۇق سۆزلەرنى بىر ۋاراق قەغەزگە يېزىۋالاتتىم، ئاندىن ئۇ سۆزلەرنى ئاددىي جۈملىگە، قۇدرىتىم يەتسە مۇرەككەپ جۈملىگە ئايلاندۇرۇۋالاتتىم. ئۇنىڭدىن باشقا ئېدمۇندتىن سوراش ئۈچۈن بىرقانچە سوئالنى تەييارلىۋالاتتىم. ئەلۋەتتە، بۇ سوئاللار ئەنگلىيە تۇرمۇشى، ئوتتۇرا ئاسىيا تەتقىقاتى دائىرىسىدە بولاتتى. مۇشۇنداق قىلغانلىقىمدا ئېدمۇند بىلەن ئۇچراشقاندىكى پاسسىپ

كەيپىياتتىن ساقلىنالايتتىم ۋە ئوخشۇشلۇق سۆھبەت مۇھىتى شەكىللەندۈرۈپ، ۋاقىتتىن ئۈنۈملۈك پايدىلانغان بولاتتىم. بىر ئادەم قارشى تەرەپنىڭ تىلىغا چالا بولۇپ قالسا، سوئال سوراشنى ئۆگىنىۋېلىشى كېرەك. سوئال سورىغىنىمىزدا باشقىلارنى جىقراق سۆزلىتىپ، ياخشى تىڭشىغۇچى بولالايمىز. جىقراق تىڭشىغۇچى بولغىنىمىزدا ئاڭلاش سەزگۈمىز ئۆتكۈرلىشىدۇ، بىلگەنلىرىمىز كۆپىيىدۇ. شۇنىڭ بىلەن بىللە تىلدىكى ئاجىزلىقىمىز تۈپەيلى كېلىپ چىققان قاتماللىقنىڭ ئالدىنى ئالالايمىز ۋە باشقىلارنىڭ بىز بىلەن ئالاقە قىلىشتىكى قىزغىنلىقىغا سۇ سېپىپ قويۇش سەۋەنلىكىدىن خالىي بولالايمىز. ئېدمۇند بىلەن بولغان سۆھبىتىمدە شۇنداق قىلىپ كۆرۈنەرلىك ئۈنۈم قازانغانلىقىمنى ئېنىق تونۇپ يەتكەنىدىم. سوئال سورىغۇچى بولۇش سۆھبەتنى نىشانلىق ئېلىپ بېرىشتىكى ئاساسلىق چارە. ئېدمۇند جاۋاب بېرەتتى، مەن زېھنىمنى يىغىپ ئاڭلايتتىم. بۇ يەرلىك تىل ساھىبى (Native speaker) نىڭ ئىنگلىزچىسى تىپىك بىرىتانىيە ئۆلچىمىدە بولۇپ، سۆزلىرىنىڭ ئىنتوناتسىيەسىدىكى نازۇك ئەگىملەرنى مەندەك گالۋاڭ تىڭشىغۇچىمۇ ئېنىق سېزەلەيتتى. ئۇنىڭ ئۇستىگە ئېدمۇند ناھايىتى دوستانە ئىدىكى، تەلەپپۇزىدىن يۇمشاقلىق، كەمتەرلىك ۋە قىزغىنلىق چىقىپ تۇراتتى. تېخىمۇ ئەۋزەل يېرى، ئۇ مېنىڭ ئىنسانىي زاتىمنى نەزەرگە ئېلىش بىلەن بىللە، ئۇيغۇر مەدەنىيەت ئارقا كۆرۈنۈشۈمنىمۇ يېتەرلىك دەرىجىدە چۈشىنەتتى. شۇڭا، ئۇنىڭ بايان مېتودى مەدەنىيەت پىسخىكامغا ماس كېلەتتىكى، سۆزلەردىكى يۇمۇرلۇق تۇيغۇلار ۋە قاراتمىلار دەرھال تەسىر قىلاتتى. ئېدمۇند ئۆزىنىڭ جەمەت ئارقا كۆرۈنۈشى ھەققىدە ئازراقمۇ ئۇچۇر بەرمىگەن بولسىمۇ، ياندىن چۈشىنىشىمچە، ئۇ بىر يۇقىرى تەبىقە جەمەتىنىڭ ئەزاسى ئىكەن. لېكىن، ئۇ شۇ قەدەر ئاددىي ـ ساددا ئىدىكى، تېرىقچىلىك كىبىرنى كۆرگىلى بولمايتتى. ئۇ ھەرقاچان ئۆزىنى ئازادە، تەبىئىي

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



تۇتاتتى، بۇنداق تەبىئىيلىك ھەرگىزمۇ سۈنئىي ئالىيجانابلىقتىن كەلگەن ئەمەس ئىدى، ئەكسىچە ئۇ ئۆزىنىڭ مۇشۇنداق ئاددىي - ساددا مىجەزى بىلەن تۇرمۇشىنىڭ ئاددىيلىقىدا بولىدىغان لىللا ھۇزۇرىنى سۈرگىنىدىن ئىنتايىن رازى ئىدى. ئۇنىڭ دەبدەبىدىن خالىي ھەشەمەتسىز تۇرقى، باراۋەرلىك تۇسىدىكى سۆز - ھەرىكىتى ئىنگلىزچىنى ياخشى سۆزلىيەلمەسلىكىمدىن كېلىپ چىققان كەمسىنىش ھېسسىياتىمنى يوق قىلىۋېتەتتى - دە، سۆھبەت داۋامىدىكى تەبىئىي قىزغىنلىق ئىچىدە قورۇنۇشتىن تامامەن مۇستەسنا ھالدا سۆزلەيتتىم، ئۇ كەڭ قورساقلىق ۋە سەۋر بىلەن ئاڭلايتتى، ئېچىل سىرداشلاردەك ئەستايىدىل ئىنكاس قايتۇراتتى.

ئېدمۇندنىڭ لوندوندىكى تۇرمۇشۇمدا تۇتقان ئورنى جەھەتتىن ئۆزۈمنى تەلەيلىك ھېسابلىمىسام بولمايتتى. ئۇ بىز كۆرۈشكەن دەسلەپكى كۈنلىرى ماڭا ئۆز خىراجىتى بىلەن قاتناش كارتىسى ئېلىپ بەردى، سائەت - سائەتلەپ ۋاقتىنى بەردى، ئىنگلىزچە سەۋىيەنى تېز ئۆستۈرىدىغان كىتابلارنى سېتىۋېلىپ تەقدىم قىلدى. شۈبھىسىزكى، بۇ بىر قېرىنداشنىڭ قېرىنداشقا تۇتقان مۇئامىلىسىنىڭ ئۆزى ئىدى. ئۇلپەتلەر بىللە ئولتۇرۇشۇپ ئىچىشكەن قەھۋەسىنىڭ پۇلىنى ئۆز ئالدىغا ئايرىم تاپشۇرۇپ قايتىشىدىغان بۇ خىل جەمئىيەتتە ئېدمۇندەك كونا بىر يەرلىك ئىنساننىڭ ئىقتىسادىي مەنپەئەت تەقەززاسى پەۋقۇلئاددە كۈچلۈك لوندوندەك بىر شەھەردە كۆرسەتكەن بۇ خىل ئىلتىپاتلىرى مېنى ھەيران قالدۇردى، خىجىل قىلدى ھەم خۇرسەن قىلدى. تېخى بۈگۈنلا كۆرۈشكەن بىر ئادەمگە بۇ دەرىجىدە يېقىنچىلىق قىلىشى ئىنگلىزلارنىڭ ئادەمگەرچىلىك قارىشى ھەققىدىكى كونا قارىشىمنى ئۆزگەرتىۋەتكەندەك بولدى، دېمەك، ئىنگلىزلارنىڭ ئارىسىدىمۇ ئۇيغۇرلارغا ئوخشاش ئادەمگەرچىلىك قىلىدىغان كىشىلەر بار ئىكەن. ئەھلى كىتابلارغا چۈشكەن كىتابلار ۋە بىزگە

چۈشكەن كىتابلارنىڭ ياخشىلىق، ئادەمگەرچىلىك پىرىنسىپلىرى ئومۇمەن ئوخشاشلىقتا ئىگە، ئۇنىڭ ئۈستىگە ئىنسانغا بېرىلگەن ئىلاھىي نەپەس بىر، ئىنسانلاردىكى سۆيگۈنىڭ يىلتىزى بىر، پەقەت ئۇسلۇبىلا پەرق قىلىدۇ. ئىنسانلار ئالاقىدىكى ئۇسلۇبلارنىڭ پەرقىنى چۈشىنەلمەي ھازىرغىچە قوۋملار ئارىسىدا ھاڭ ساقلاپ كەلدى. ئىرقچى سىياسىيونلار پەقەت پەرقىنىلا كۆرۈپ يېتىپ، ئۆز قوۋمىنىڭ سىمۋوللىرىنى باشقىلارغا زورلۇق بىلەن تاڭدى، سىياسىي فاشىزم بىلەن مەدەنىيەت فاشىزمى ئەنە شۇنداق كېلىپ چىقتى. ئىنچىكىلەپ قارىسا، ئىنسانلارنىڭ ئوخشاشلىق تەرىپى جىق ۋە ماھىيەتلىك بولۇپ چىقىدۇ، مۇتەپەككۇرلارنىڭ بۇ ھەقتىكى ساداسى كۆپ ھالدا سىياسىي پۇرسەتپەرەسلەرنىڭ چالغىتىشىغا ئۇچراپ، ئىنسانىيەت ئارامسىزلىق بالاسىغا مۇپتىلا بولىدۇ. ياراتقۇچى بىر ئىنساننىڭ ساپ قەلبىنى نېمەت قىلىپ ياراتقانىكەن. ئېدمۇندنىڭ غەمخورلۇقى ماڭا ئاشۇ نېمەتنىڭ تەمىنى تېتىتتى، ياراتقۇچىغا شۈكرانىلەر ئېيتتىم. تەلىيىمنىڭ يەنە بىر مۇھىم مەزمۇنىنى دەپ قويۇشنى ئۇنتۇپ قالماسلىقىم كېرەك. ئېدمۇندتەك يەرلىك كىشى بىلەن دوستلىشىش چەت ئەلدىن كەلگەن ھەممە ئادەمگە نېسىپ بولۇۋەرمەيتتى. ئەنگلىيە تەبىقىلەر ئوتتۇرىسىدىكى پەرق روشەن بولغان، كىشىلەر تەبىقىلەر بويىچە باردى - كەلدى قىلىشىدىغان، ھەربىر تەبىقە ئۆز ئورنى ۋە ئىمتىيازى بويىچە ئايرىلىپ تۇرىدىغان جەمئىيەت بولۇپ، ئېسىل سۈپەت ۋە ئابرۇي كىشىلەر نەزىرىدىن ساقىت قىلالمايدىغان قىممەتلەردىن سانىلىدۇ. ئادەتتە، ئەنگلىيەگە كېلىپ ئولتۇراقلىشىپ قالغان مۇھاجىرلار ئۆز جامائىتى بىلەن بولغان ئىچكى مۇلاقەت بىلەن چەكلىنىپ قالىدىكەن، ئىنگلىزلار جامائىتى بىلەن ئىچقويۇن بولۇپ ئارىلىشىپ كېتەلمەيدىكەن. يەر شارىنى غېرىچلاپ ئۆگىنىپ قالغان كونا ئىمپېرىيە پۇقرالىرى مۇستەملىكىنىڭ ئارغامچىسىنى تاشلىۋەتكەندەك قىلىسىمۇ،

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



مەغرۇرلۇقىدىن ۋاز كەچمىگەنىدى. بۇ مەغرۇرلۇق ئاقسۆڭەكلەرگە خاس سىپايىلىك بىلەن قوشۇلۇپ كېتىپ، ياتلارنىڭ غۇرۇرىغا بىۋاسىتە تەگكۈدەك ئەلپازغا يەتمىگەن بولسىمۇ، ئىنگلىزلارنىڭ ھەر تەرەپتىن پىشقان بىر مىللەت سۈپىتىدىكى ئىجتىمائىي تەرتىپى ۋە ئالاقە سىمۋوللىرى ئۇلارنى ئاجايىپ ئىچكى ھىملىققا ئېرىشتۈرگەنىدى. بۇ ھالدا باشقا بىرى بۇ خىل جامائەتنىڭ ئىچىگە كىرەلمىگەنلىكىدىن ئاشكارا ئاغرىنىشقا ئامالسىز قالاتتى. ئىنگلىزلار قۇرۇپ چىققان ئىجتىمائىي سىستېما ئۆزى خالىمىغان ھەرقانداق نەرسىنى سىلىق رەۋىشتە سىرتتا قالدۇرالايدۇ، ئۆزى خالىغان نەرسىنى ئۆز پېتىدىن چۈشمەي قوبۇل قىلىدۇ. ئۇنىڭ باشقىلارغا بەرگەنلىرىمۇ باشقىلارنى ئۆزگەرتمىدىغان يۇمشاق دېتالغا ئوخشاپ كېتىدۇ. بۇ مەنىدىن ئېيتقاندا، ئىنگلىزلار جەمئىيىتى قاتلىمى ئىنچىكە، قۇرۇلمىسى پۇختا، جانلىق مېخانىزمدىكى چوڭ بىر شىركەتكە ئوخشاپ قالىدۇ. ئەنگلىيەدە دۇنيانىڭ ھەرقايسى جايىدىن كەلگەن مىليونلاپ كۆچمەن ياشىسىمۇ ئىنگلىز جەمئىيىتىنىڭ ئىچىگە سىڭىپ كىرەلىگەنلىرى ئاز، نۇرغۇنى ئۆز جامائىتى بىلەن ئايرىم رايوندا غۇژمەكلىشىپ ئۆتىدۇ. شۇڭا، ئەنگلىيەدە ئىنگلىز تىلىنىڭ تۈرىنى كۆپ دېيىشكە بولاتتى. چەت ئەلدىن يېڭى بارغان بىرى تېلېۋىزور ياكى رادىيولاردىن ساپ يەرلىك پۇراقتىكى ئىنگلىزچىنى ئاڭلىيالايدۇ، قانداقتۇر ساپ بىر ئىنگلىز بىلەن يۈزتۇرا پاراڭلىشىدىغان پۇرسەتلەر ئانچە كۆپ بولمايدۇ. ئۇ يەنىلا ئۆزىگە ئوخشاش مۇساپىر ياكى كۆچمەن بىلەن كۆپرەك ئۇچرىشىپ قالىدۇ، ئاڭلايدىغىنى تەلەپپۇزى بۇزۇلغان ياكى چەلەڭگۈچ بولۇپ كەتكەن ئىنگلىزچىدىن ئىبارەت بولۇپ چىقىدۇ. ناۋادا ئۇ بىرەر ئىنگلىز تىلى مەكتىپىگە كىرىپ ئىنگلىز تىلى سەۋىيەسىنى ئۆستۈرمەكچى بولسا، كىرىدىغىنى ئاساسەن ھىندىستانلىقلار، پاكىستانلىقلار، تۈركلەر دېگەندەكلەر ئاچقان مەكتەپلەر بولۇپ

چىقىدۇ. دېمەك، ئەنگلىيەدە يەرلىك ئىنگلىزلار بىلەن يۇقىرى ساپادا ئارىلىشىش تەسكە توختايدۇ. شۇڭا، مېنىڭ ئېدمۇند بىلەن بولغان ئىلمىي مۇلاقىتىمنى تەلەي، دەپ ئاتىشىم قانداقتۇر خۇشامەتتىن دېرەك بېرىدىغان مۇبالىغە ئەمەس، ئۇنىڭ ئۈستىگە ئېدمۇند كەمبىرىج ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ دوكتورانتى، لوندون ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ تەتقىقاتچىسى سۈپىتىدە ئەنگلىيە ئالىي مائارىپى ھەققىدە بىۋاسىتە بىلىملەرگە ئىگە، شۇنداقلا ئۇ تېخى ئۇيغۇر مەدەنىيىتىنىڭ تەتقىقاتچىسى سۈپىتىدە ۋەتەن ۋە ۋەتەن سىرتىدىكى ئۇيغۇر تۇرمۇشى ھەققىدە بەلگىلىك ساۋاتقا ئىگە ئىدى.

ئېدمۇند بىلەن سىرداشلىقىم ئەنگلىيەدىكى بىر يىلغا يېقىن ۋاقتىمغا تەكشى تۇتاشقان بولۇپ، ئەھمىيەتلىك دەپ قارالغان ھەربىر دېتالنى ۋاقىت تەرتىپى بويىچە بايان قىلسام، كىتابىمىزنىڭ قۇرۇلمىسى مۇرەككەپلىشىپ كېتىپ، ئوقۇرمەنلىرىمىزنىڭ رايىنى قاچۇرۇپ قويۇشى مۇمكىن. ئۇنىڭ ئۈستىگە كىتابىم ئورخان پاموكنىڭ «مېنىڭ ئىسمىم قىزىل» ناملىق رومانىدەك ساپ ئەدەبىي ئەسەرمۇ ئەمەس، شۇڭا بايانىنىڭ تەرتىپىنى سەنئەت چىقىرىپ ئورۇنلاشتۇرۇشىنىڭ ئالاھىدە ئېھتىياجى يوق، دەپ قارايمەن. پەقەت مۇئەللىپ خاتىرىسىگە ئالالىغان ۋە ئېيتىپ بېرىشكە قادىر بولالىغان، ئوقۇرمەنلەرنى ئويغا سالالايدىغان دېتاللارنى قەلەمگە ئېلىپ، مەزكۇر بابنىڭ ئۆزىدىلا كىشىلەرنىڭ سەمىگە تەقدىم قىلىشنى مۇۋاپىقمىكىن، دەپ ئويلايمەن. ئەلۋەتتە، بۇ ئېدمۇند بىلەن بولغان مۇلاقەتنىڭ مۇپەسسەل تەسۋىرى ئەمەس، پەقەت تېز سىزما شەكلى.

مانا، ئېدمۇند بىلەن يەنە كۆرۈشتۇق، ئاسىيا ـ ئافرىقا تەتقىقات يۇرتى (SOAS) نىڭ رۇسسېل مەيدانىدىكى قورۇسىدا ئۇچراشتۇق. ئاۋۋال كۇتۇپخانا بىناسىغا كىرىپ، كۇتۇپخانىغا كىرىش كارتىسىدىن بىرنى بېجىردۇق. نەق مەيدانىنىڭ ئۆزىدىلا

ئۇيغۇر كىتاب تورى بىكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يىگانە تارقىتىش مەنبەسى

سۈرەتكە تارتىشتى، ھايال ئۆتمەي كارتىنى قولۇمغا بېرىشتى، ئىشلار شۇ قەدەر ئاسان ئىكەن. ئەمدى مەن ئاسىيا ـ ئافرىقا تەتقىقات يۇرتى (SOAS) كۈتۈپخانىسىنىڭ دائىمىي مېھمىنى بولۇش لاياقىتىگە ئېرىشكەنىدىم. بىراق، بۈگۈن بىز كۈتۈپخانىغا كىرمەي، بىنانىڭ ئىككىنچى قەۋىتىدىكى بىر زالغا كىردۇق. زالنىڭ كۆلىمى بىزنىڭ مەكتەپلىرىمىزدىكى ئىككى سىنىپنىڭ ئورنىچىلىك كېلەتتى. يەرگە سۇنئىي توقۇلما يېيىتىلغان بولۇپ، شۇنداق پاكىز ئىدى. يۇملاق ئۈستەللەرگە چۆرىدەپ يۇمشاق ئورۇندۇقلار قويۇلغان. زالنىڭ تاملىرىغا مەكتەپ تارىخىدىكى تۆھپىكار ئالىملار ۋە مۇدىرلارنىڭ رەسىم ۋە سۈرەتلىرى ئېسىلغان. رەسىم ۋە سۈرەتتىكى تولا ئادەمنىڭ كىيىمى كونا ئەنگلىيە ئاقسۆڭەكلىرىنىڭ پاسونىدا ئىدى. بۇ ھال كىشىگە ئۇلار ياشىغان ئەينى دەۋرلەرنىڭ كەيپىياتىنى بەخش ئېتەتتى. ئۇياق ـ بۇياقلاردىكى ئۈستەللەردە كىشىلەر كۆڭلى تارتقان ئىرنەرسىلەرنى ئىچىشكەچ پاراڭلىشىپ ئولتۇرۇشقانىدى. بەزىلەرنىڭ ئالدىدا كىتاب، بەزىلەرنىڭ ئالدىدا كۇندىلىك گېزىت، بەزىلەر قانداقتۇر بىر سۆھبەت تېمىسى بويىچە ئىچكىرىلەپ كىرىپ كېتىشكەنەدەك ئىدى. يەنە بەزى كىشىلەر يۇمشاق ئورۇندۇقتا چۆكۈپ ئولتۇرۇپ، چوڭقۇر سۈكۈنات قوينىغا غەرق بولۇپ كېتىشكەنىدى.

ئىشىكتىن كىرگەندىكى سول تەرەپتە بىر پەشتاختا بار بولۇپ، ئۇ يەردە قەھۋە، چاي، شاكىلات ۋە باشقا ئۇششاق يېمەكلىكلەر سېتىلىدىكەن. ئېدمۇند مېنى ئۇ يەرگە باشلاپ باردى ۋە مەندىن نېمە ئىچىدىغانلىقىمنى سورىدى. مەن قەھۋە ئىچمەكچى بولدۇم. ئېدمۇند قايسىدۇر بىر كۆك چاينى بۇيرۇتتى.

قولۇمدىكى ئىستاكاندىن ئىسسىق قەھۋەنىڭ تەپتى كېلىپ تۇراتتى. ئېدمۇند ئىككىمىز قوللىرىمىزدىكى ئىستاكانلارنى ئاۋايلاپ كۆتۈرۈپ بىر ئورۇنغا بېرىپ جايلاشتۇق. بۇ يەر تىنچ ۋە ئازادە بولۇپ، كۆڭۈلدىكىدەك پاراڭلىشىشقا باب كېلەتتى.

— ئادەتتە ئوقۇتقۇچىلار دەرس ئارىلىقىدا مۇشۇ يەردە ئارام ئالىدۇ، ئوقۇغۇچىلار بىلەن سۆھبەتلىشىدۇ. بۇ يەرنىڭ چاي ۋە قەھۋەلىرى بازارنىڭكىدىن كۆپ ئەرزان، مۇھىتى جىمجىت، — دېدى ئېدمۇند گەپ باشلاپ.

— راست شۇنداق ئىكەن، — دېدىم مەنمۇ جاۋابەن.

— سىزگە يارىغان بولسا، بۇنىڭدىن كېيىن مۇشۇ يەردە كۆرۈشۈپ تۇرساقمۇ بولىدۇ.

— بۇ مەن ئۈچۈن كۆڭۈلدىكىدەك يەر، مەسىلە سىزنىڭ كېلىپ - كېتىشىڭىزگە قولايلىق بولۇش - بولماسلىقىدا. ئۆيىڭىز يىراقمۇ؟

— قولايسىز يېرى يوق. ھە، ئابدۇقادىر ئەپەندى، شۇنداق قىلىپ ئەنگلىيەگە كۆنۈپ قالدىڭىزمۇ؟

— مېنى ئاددىيلا ئابدۇقادىر دەپ چاقىرسىڭىز بولىدۇ، ئابدۇل دېسىڭىزمۇ مەيلى. ئىشقىلىپ سىزگە ئاسان بولسۇن. ھازىرچە كۆنەلمىگەندەك تۇرىمەن. يول، قاتناش ۋە كىشىلىك ئالاقىلەرنىڭ ھەممىسى مەن ئۈچۈن يوچۇن بىلىنىدۇ، ئەتراپتىن ئۆزۈمنى قاچۇرغۇم كېلىپ تۇرىدۇ. بۇ يەردە ماڭا مەنسۇپ بىرەر نەرسە باردەك ئەمەس، ئۆزۈمنى زامانغا نالايىق ئارتۇقچە ئادەمدەك ھېس قىلىۋاتىمەن.

— مەدەنىيەت ئەندىكىشى (Cultural shock) دېگەن ئەنە شۇ، بۇ ھال يېڭى كەلگەن ئادەملەردە يۈز بېرىدۇ.

ئېدمۇند ئالدىدىكى چايدىن بىر ئوتلىدى، مەن قەھۋەنى ئىچىپ، يېرىملاشتۇرۇپ بولغانىدىم.

— كەلگەندىن بېرى بۇ يەردىكى ئۇيغۇرلار بىلەن كۆرۈشۈپ باقتىڭىزمۇ؟

— بەزىلىرى بىلەن كۆرۈشتۈم، قالغانلىرى بىلەن ئاستا - ئاستا كۆرۈشەرمەن، ماڭا خەۋەرجاندىن باشقىلىرى ناتونۇش ئىكەن.

— تەسىراتىڭىزنى ئاڭلىغۇم بار.

www.uyghurkitap.com



— ھازىرچە تولۇق تەسىراتقا ئىگە ئەمەسمەن. ئىگىلىشىمچە، ئۇيغۇرلاردىن مۇنتىزىم ئوقۇغانلار يوق ھېسابتا بولسا كېرەك، بۇ يەر ـ ئۇ يەردە چېچىلىپ ياشايدىكەن. تۇرمۇش ھالىتىدىن قارىغاندا، مۇساپىرچىلىقنىڭ غېرىبلىقى بېسىپ كەتكەندەك تۇرىدۇ.

— توغرا، ئەنگلىيە جەننەت ئەمەس. سىز ۋەتىنىڭىزدىكىلەرگە ياۋروپانىڭ جەننەت ئەمەسلىكىنى ئۇقتۇرۇپ قويۇشىڭىز كېرەك.

— جەننەتنى ئۆز ۋەتىنىدە قۇرۇپ چىقالمىغانلار باشقىلارنىڭ يۇرتىدىن تېخىمۇ تاپالمايدۇ، — دېدىم مەن ئېدمۇندقا جاۋابەن. ئۇنىڭ ئۈستىگە بىرىنىڭ جەننىتى يەنە بىرى ئۈچۈنمۇ جەننەت بولۇشى ناتايىن. بىرى يەنە بىرى ئۈچۈن جەننەت قۇرۇپ بېرەلمەيدۇ.

— توغرا، ھەركىمنىڭ جەننىتى ئۆز ۋەتىنىدە، — دېدى ئېدمۇند چاينى بىر ئوتلىۋېتىپ، — لېكىن، زادى قانداق يەر بىر ئادەمنىڭ ۋەتىنى بولالايدۇ، دېگەن مەسىلىگە جاۋاب بېرىش ناھايىتى قىيىن.

— ۋەتەننى جەننەتكە ئوخشىتىش بىر تەقۋا كىشىنىڭ ئەقىدىسىگە مۇخالىپ. جەننەت تەقۋالىقنىڭ ئاخىرەتتىكى مۇكاپاتى.

— ۋولتېر «بىر دەرۋىشنىڭ ۋەتىنى جەننەتتۇر، پانىي دۇنيادا دەرۋىشلەرنىڭ ۋەتىنى بولمايدۇ» دېگەن.

— ئەگەر شۇ دەرۋىشنىڭ خاتىرجەم ئىبادەت قىلىدىغان ئۆيى بولمىسا، تىرىقچىلىق قىلىپ نان تېپىپ يەيدىغان يېرى بولمىسا، يېرىگە ئېقىپ كېلىدىغان سۈيى بولمىسا، جەننەتنى خىيال قىلغۇدەك ھالى بولمايدۇ. شۇڭا، ئۇ دەرۋىشنىڭ مۇشۇ پانىي دۇنيادا باشقىلار چېقىلسا بولمايدىغان ئۆز يېرى بولۇشى كېرەك.

ئارىنى بىرئاز جىمجىتلىق باستى، ئىختىيارسىز ھالدا

ئۇستاكانىنى قولۇمغا ئېلىپ، سوۋۇشقا باشلىغان قەھۋەدىن بىرنەچچە يۇتۇم ئوتلىۋەتتىم. قەھۋەنىڭ قىرتاق تەمى تىلىمنى بىر قوروپ قويۇپ يەنە يوقاپ كەتتى. ئېدمۇندقا تېلېفون كەلدى، ئۇ سۆزگە تۇتۇندى. «ئادەم ۋەتىنىدىن ئايرىلغاندا پەيدا بولغان ئوي - پىكىرلەرنىڭ ئۆزى ھەقىقىي ۋەتەن بولسا كېرەك» دەپ ئويلىدىم ئىچىمدە. «پىشقان بىر ئەقىدە ئاددىي بىر ئوي - پىكىردىن باشلىنىدۇ، ھەممىدىن يامىنى ئويلانماسلىق. ئۆمۈر بويى مەھەللىسىدىن چىقمىغان بىر دېھقانىنىڭ ئېڭىدىكى ۋەتەنىنىڭ مەنىسى قانچىلىكتۇ؟» تۇرلۇك تارىخىي ھادىسە ئالدىمدىن بىر - بىرلەپ تىزىلىپ ئۆتتى. «ۋەتەن بىر بايراق» دېدىم شۇ ھامان. لېكىن، شېھىتلەرنىڭ قېنى بولمىسا، بايراق بىر پارچە لاتا. ۋەتەن شۇ بايراقنىڭ ئاستىدا، ھېيت - بايراملارمۇ شۇ بايراقنىڭ ئاستىدا.

ئېدمۇند سۆزلىشىپ بولدى.

— ھە، سۆزلەڭ ئابدۇقادىر، — دېدى ئۇ چاقچاق قىلىپ.

— بىزدە چەت ئەللەرگە چىقىش باشقا خەلقلەرگە نىسبەتەن بەكلا كېچىككەن ئىش بولدى. شۇڭا، چەت ئەللەردە ئىجتىمائىي ئاساسىمىز يوق، ئىقتىسادىي ئورنىمىز يوق. چوڭ بىلىم يۇرتلىرىدا ئىشلەيدىغان ئىلىم نوپۇزلۇقلىرىمىز شەكىللەنمىدى. مېنىڭچە، بۇنداق مىللەتنىڭ تەشەببۇسكار مەۋقەدە تەرەققىي قىلىشى مۇمكىن ئەمەس. بىر مىللەت ئاھالىسىنىڭ ھېچبولمىغاندا يىگىرمە - ئوتتۇز پىرسەنتى چەت ئەللەردە ياشاش لاياقىتىگە ئېرىشكەن بولۇشى كېرەك. ئۇلار ۋەتەن تۇپرىقىدىكى قېرىنداشلىرىنى تاشقى دۇنيانىڭ يۈنىلىشى بىلەن ماسلاشتۇرۇپ تۇرىدۇ. بىر مىللەتنىڭ يۇرتىغا بېكىنىپ قېلىشى ئاجىزلىقنىڭ ئالامىتى.

— جىپسەي (Gypsy) دەپ ئاتىلىدىغان بىر مىللەت بار، — دېدى ئېدمۇند، — ئۇنى ئۇيغۇر تىلىدا نېمە دەيدۇ؟

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

مەن ئىبدمۇندنىڭ بۇ سوئالىغا دەرھال ئىنكاس قايتۇرالماي، بىردەم تۇرۇپ قالدىم. بۇ سۆزنىڭ تەلەپپۇزى خەنزۇ تىلىدىكى «吉普赛» دېگەن گەپكە يېقىندەك تۇراتتى، ئىبدمۇند سىگانلارنى دېگەن بولسا كېرەك، دەپ ئويلىدىم

— سىگان دەيمىزغۇ دەيمەن، — دېدىم سەل دېلىغۇل بولۇپ.

ئىبدمۇند ئۇ مىللەتنىڭ تۇرمۇش شەكلىنى قىسقىچە تەسۋىرلەپ بەردى. ئۇ مىللەت مۇقىم ئولتۇراقلاشماي، كارۋان بولۇپ كۆچۈپ، شەھەر ـ قىشلاقلارنىڭ چەت يەرلىرىدە ياشايدىكەن، تۈزۈك دېھقانچىلىق قىلمايدىكەن، ئويۇن قويۇپ ياكى پال ئېچىپ تۇرمۇش كەچۈرىدىكەن.

— توغرا، ئۇ خەلقنى بىز سىگان دەيمىز، — دېدىم مەن جەزملەشتۈرۈپ. ئىبدمۇند ئېيتتى:

— ئىنگلىز تىلىدىكى جىپسەي (Gypsy) سۆزى مىسىر (Egyptian) دېگەن سۆزدىن كەلگەن بولۇپ، بۇ خەلق ئۆزىنى روملار (Rom) دېيىشىدۇ، بۇ «ئادەم» دېگەن مەنىدە. بۇلار ھەرقايسى ئەللەرگە چېچىلىپ، ئېقىپ يۈرۈشىدۇ. بىپايان دالالاردىكى چىغىر يول، كۆپكۆك ئاسمان، يۇلتۇز ۋە قۇياشلا ئۇلارنىڭ ۋەتىنى ھېسابلىنىدۇ. ئۇلار باشقىلارنىڭ ھېچقانداق جەمئىيەت سىستېمىسىنى ئېتىراپ قىلمايدۇ. ئۇلار تولىمۇ نامرات، ياۋروپا ئۇلارنى باي قىلالمىدى.

— ئۇلار باي بولۇش ئۈچۈن ئۆزىدىن ۋاز كېچىشى كېرەك، يەنى ياۋروپالىقلار ئارىسىغا سىڭىپ كېتىشى كېرەك. ئەمما، يوقىلىپ كېتىشنى ئۇلار خالىمىغاندۇ؟ — دېدىم مەن.

— ئۇلار ياتلار بىلەن قۇدىلاشمايدۇ، قېنىنى پاكىز ساقلايدۇ. ئۇلار ياۋروپانىڭ ئەدىبلىرى ۋە مۇزىكانتلىرى تەرىپىدىن ناھايىتى رومانتىك قىلىپ تەسۋىرلەنگەن، — دېدى ئىبدمۇند.

— سىگانلارنىڭ ئۆز ۋەتىنى بولمىسىمۇ پۈتكۈل دۇنيا ئۇلارنى تونۇيدۇ.

— ئەجدادلاردىن مىراس قالغان ئانا يەردىن ئايرىلسا بىر خەلقنىڭ تېگىشلىك ھۆرمەت تېپىشى قىيىن گەپ، — دېدى ئېدمۇند. شۇڭا، ئۇيغۇر ياشلىرى چەت ئەللەردىكى داڭلىق بىلىم يۇرتلىرىدا ئوقۇپ، ئالىدىغان بىلىملەرنى ئېلىپ بولغاندىن كېيىن قېرىنداشلىرىنىڭ ئەھۋالىنى ياخشىلاشنىڭ كويىدا بولۇشى، ھە دېسىلا ئەۋزەل شەھەرلەردە سۇقۇنۇپ يۈرۈپ كۈن ئۆتكۈزۈشنىڭ كويىغا چۈشۈۋالماسلىقى كېرەك.

— ۋەتەن ئالدىدىكى قەرزىنى ئۇنتۇمىغانلار دۇنيانىڭ قەيرىگە بارمىسۇن ۋەتەن بالىسى ھېسابلىنىدۇ. رۇس يازغۇچىسى سولۋنىتسىن ئامېرىكىدا يۈرگەندىمۇ رۇسىيە قايغۇسىدا ياشىدى.

ئېدمۇند سائىتىگە قارىدى. تاغدىن - باغدىن قىلغان پارىڭىمىزدا ۋەتەن ۋە مۇساپىرلىق ھەققىدىكى گەپلەر كۆپرەك بولۇنغانىدى. پاراڭ زوقىدا ۋاقىتنىڭ قانداق ئۆتۈپ كەتكىنىنى سەزمەيلا قاپتىمەن. ئېدمۇندنىڭ قايتىدىغان ۋاقتى بولۇپ قالغان بولۇپ، ئۇ سومكىسىدىن ھېلىقى كۈنى مەندىن ئېلىپ تۇرغان «كىملىك ۋە زوراۋانلىق» دېگەن كىتابنى چىقاردى - دە، ماڭا تەڭلەپ:

— كۆرۈپ چىقتىم، رەھمەت سىزگە، — دېدى.

— كىتاب خېلى يارىدىمۇ؟ — دەپ سورىدىم مەن ئۇنىڭدىن.

— پىكرىي كىتاب ئىكەن، ئاپتور ئومۇمەن ئىككىنچى قول (ۋاستىلىك) مەنبەلەردىن پايدىلىنىپ مۇلاھىزە قىپتۇ. شەخسەن مەن بىرىنچى قول (ئەسلىي) مەنبەلەرگە بەكرەك قىزىقىمەن. ئاپتورنىڭ بىۋاسىتە تەكشۈرۈشى بولغاندا تېخىمۇ ياخشى بولىدۇ، — دېدى.

بىز خەيرلىشىدىغان چاغدا ئېدمۇند:

— كېلەر قېتىم سىزنى ئۆيىمىزگە تەكلىپ قىلىمەن، ۋاقتىنى تېلېفوندا خەۋەر قىلاي، — دېدى.

بىز خوشلاشتۇق. كاللامدا يەنە شۇ ۋەتەننىڭ گېپى. ۋەتەندىن

ئۇيغۇر كىتاب تورى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يىغىن ئادرېسى
www.uyghurkitap.com



چىقىش ۋە ۋەتەنگە قايتىشنىڭ مۇناسىۋىتى توغرىسىدا ئىككى پارس شائىرىنىڭ مىسرالىرى يادىمدىن كەچتى. سەئدى شىرازىي دەپتۇ:

دۇكان ۋە ئۆيۈڭدىن چىقالماي بىر ئان،
ئەي خام كاللا، ھەرگىز بولمىدىڭ ئىنسان.
چىقىپ ئەمدى سەنمۇ كەزگىن جاھاننى؛
بوشاپ قالماي تۇرۇپ سەندىن بۇ جاھان.

سەئدىينىڭ ئۆزىمۇ جاھان كېزىپ ياشىغان شائىر بولۇپ، ئۇنىڭ كىتابلىرىدا ھەرقايسى ئىقلىم ئەللىرىنىڭ تۇرمۇش ھېكمەتلىرى نۇر چاچقاندى. ئۇ ئۆيۈڭدە ئولتۇرۇۋالماي تالاغا چىق، بۇ جاھاندا سېنىڭمۇ ھەققىڭ بار، دەۋاتاتتى.
ئابدۇقادىر بىدىل ئېيتىپتۇ:

كىمكى پايدا ئىزدەپ ۋەتەندىن كېتەر،
باشقىغىمۇ كۆڭۈل قويالماي ئۆتەر.
ئۇچقۇن تاشتىن ئاجراپ چىققاندىن كېيىن
قانچە ماختىمىغىن، بەربىر ئۆچەر.

بىرقانچە كۈن ئۆتكەندىن كېيىن ئىدمۇند تېلېفون قىلىپ، ئۆيىگە كەچلىك تاماققا تەكلىپ قىلدى. مەن ئۇچۇن ئۇنىڭ ئۆيىگە بېرىش مېھمان بولۇشتىنلا دېرەك بەرمەيتتى، مېنىڭ قىزىقىدىغىنىم، ئوتتۇرا تەبىقىگە ۋەكىللىك قىلىدىغان بىر ئىنگلىز بىلىم ئادىمىنىڭ ئائىلىۋى كەيپىياتى ئىدى. ئۆي ئىچىنىڭ سەرەمجانلىشىشى، قۇرۇلمىسى، داستىخان تەرتىپى بىر جەمئىيەتنىڭ فولكلور قوللانمىسى ئېيتىپ بېرەلمەيدىغان نۇرغۇن نەرسىدىن ئۇچۇر بېرەلەيتتى. شۇڭا، مەن ئىدمۇندنىڭ

تەكلىپىگە خۇشاللىق بىلەن مايىللىق بىلدۈردۈم.

ئېدمۇند ماڭا قولايلىق بولسۇن دەپ SOAS نىڭ هويلىسىدا ئۇچرىششىمىزنى ئېيتتى، ئاندىن ئۇنىڭ بىلەن بىللە ئۆيىگە بارىدىغان بولدۇق. ئوقۇشۇمچە، بۇ يەرنىڭ قائىدىسىدىمۇ، بىراۋنىڭ ئۆيىگە مېهمانغا بارغاندا ئاددىي سوۋغات ئېلىپ بارىدىكەن. مەن يولدا كەلگۈچە چوڭراق بىر ماگىزىنغا كىرىپ شوۋېتسىيەدە ئىشلەنگەن چوڭ قۇتىلىق پېچىنىدىن بىرنى سېتىۋالدىم، مەن مۇشۇنىڭ ئۆزىلا كۇپايە، دەپ ئويلىدىم. بۇنداق قائىدە ياپونىيەدىمۇ بار ئىدى. كىشىلەر بىر - بىرىنىڭ ئۆيىگە بارغاندا قۇرۇق بارمايدىكەن، ئەمما سوۋغاتنىڭ ئاددىي، ئەهمىيەتلىك بولۇشىغا ئالاهىدە دىققەت قىلىدىكەن. مىسالەن، بىرەر تال نەپىس قوشۇق، قەهۋە پىيالىسى، كىتاب، تاتلىق - تۈرۈم دېگەندەك نەرسىلەر شۇ قېتىملىق ئۇچرىششنىڭ ئەمەلىي ئەهۋالىغا قاراپ بولىدىكەن. سوۋغاتنىڭ قىممىتى نوقۇل هالدا ئۇنىڭ باهاسىدا بولماستىن، بىلدۈرگەن مەنىسىدىمۇ ئىپادىلىنىدۇ. سوۋغات يەنە ئىككى تەرەپنىڭ مۇناسىۋىتىنىڭ قاتلىمىنىمۇ ئىپادىلەش خۇسۇسىيىتىگە ئىگە. مۇبادا سوۋغاتنىڭ ئىقتىسادىي قىممىتى ئىككى تەرەپنىڭ مۇناسىۋىتى كۆتۈرەلمەيدىغان دەرىجىدە يۇقىرى بولسا، سوۋغات قوبۇل قىلغۇچىدا هەر خىل تەئەججۇپلۇك ئوينى شەكىللەندۈرۈپ قويۇشى مۇمكىن. بىزدىكى نۇرغۇن كىشى پۇللۇق سوۋغاتلارغا ئېرىشكىنىدە خۇشال بولۇپ كېتىپ، ئۇنىڭ ئارقىسىغا يوشۇرۇنغان غەرەزلەرنى نەزەردىن ساقىت قىلىۋېتىدۇ. ئۇ سوۋغاتنىڭ هەقىقىي مەنىدىكى ئىنسانىي سۆيگۈگە ئەمەس، مۇئەييەن پۇرسەتنى سېتىۋېلىش ئۇچۇن بېرىلگەنلىكىنى ئويلاشقا رايى بارماي قالىدۇ. بىر ئادەمنىڭ ئادىمىي سۆيگۈگە ئەمەس، ئىجتىمائىي ئورنىغا قاراپ بېرىلگەن سوۋغاتنىڭ هەممىسىگە هاقارەتلىك مەنە يوشۇرۇنغان بولىدۇ. لېكىن، ئۆزىنىڭ ئىنسانىي ئىززىتىنى

www.uyghurkitap.com ئۇيغۇر كىتاب تورى

ئەمەس، نەپىنى كۆزلەيدىغان ئادەملەردە ئۇنداق ھاقارەتنى سېزىدىغان تەبىئەت بولمايدۇ. مانا بىز مۇشۇنداق ئادەملەرنىڭ كۆپلۈكى تۈپەيلى ھالال ئىنسانلىرىمىزنىڭ پەزىلىتىگە گۇر كولاۋاتىمىز. چىن مەنىدىكى سوۋغاتنىڭ سۈرۈشتىسى بولمايدۇ، سۈرۈشتىسى بار سوۋغات مەككارلىق بىلەن تاشلانغان قارماق.

ئېدمۇند بىلەن بەلگىلەنگەن ۋاقىتتا كۆرۈشتۇم. لوندوندا سەزدۇرمەيلا قاراڭغۇ چۈشىدۇ، ھاۋا تۇتۇق كۈنلەردە تېخىمۇ شۇنداق. ئېدمۇند ئىككىمىز كۆرۈشكەن چاغدا ئاللىبۇرۇن قاراڭغۇ چۈشۈشكە باشلىغانىدى. بىز ئېدمۇندنىڭ ئۆيى بار مەھەللىگە ئاپىرىدىغان ئاپتوبۇسنىڭ بېكىتىگە قاراپ ماڭدۇق. كىشىلەر ئۆزلىرىنى چاپتۇرغان سەۋدالار ئىلكىدە لوندوننىڭ كىشىنى بىزار قىلىدىغان ھۆل ھاۋاسىنى ئېسىدىن چىقىرىپ قويۇشقاندەك ئىدى. بېكەتتە بىر - بىرىگە سۈركىلىپ تۇرۇشقان كىشىلەر يانفونلىرىدا نەدىدۇر بىر يەردىكى يېقىنلىرى بىلەن قىزغىن سۆزلىشەتتى. مۇنتىزىم ئىجتىمائىي تەرتىپ كۆز ئالدىمدىكى بىر - بىرىگە نىسبەتەن ناتونۇش بۇ كىشىلەرنى يول - يوللارغا سېلىنىۋەتكەن بولۇپ، بىر - بىرىگە قىلچە دەخلى قىلمايتتى. شۇ تاپتا قاراڭغۇلۇق بىلەن نۇر بىر - بىرى بىلەن ئېجىل بولۇپ كېلىشىۋالغاندەك، كوچىلاردا يورۇقلۇق بىلەن قاراڭغۇلۇق ئۆزئارا كىرىشىپ، كىشىلەرنىڭ تۇتۇق گەۋدىلىرى بىلەن بىرلەشكەن ھالدا دېڭىز سەپىرىدە ئۆندەرەشكە چۈشكەن «تىتانىك» ناملىق پاراخوتنىڭ كۆرۈنۈشىدىكى تۈسىنى ھاسىل قىلغانىدى. قىزىل ئاپتوبۇسلار بېكەتتە توختاپ، ئۆتۈپ كېتىپ تۇردى. ئۇلارنىڭ بەزىلىرى ئىككى قەۋەتلىك ئىدى، بەزىلىرى يەككە قەۋەتلىك، 18 مېتىرلىق ئۇزۇن ئاپتوبۇسلار ئىدى. ئادەتتە لوندوندىكى كوچا ئاپتوبۇسلىرىنىڭ ھەممىسى قىزىل بولىدىكەن، بۇلار لوندوننىڭ كۆل رەڭ بىنالىرى، تۇتۇق ھاۋاسى بىلەن ئوچۇق سېلىشتۇرما بولۇپ، كىشىنىڭ دىققىتىنى تارتىدىكەن. ئاپتوبۇس بېكەتكە

كېلىپ توختىغاندا يولۇچىلار ساقلاپ تۇرغان كوچىنىڭ گىرۋىكى بىلەن ھىملەشكەندەك دەرىجىدە ئىشىكنى پەسلىتىدىكەن. چاقلىق ئورۇندۇقلۇق مېيىپلەرنىڭ چىقىشىغا توغرا كەلسە، ئىشىكنىڭ بىر تۆمۈر تاختىسى ئاپتوماتىك ھالدا ئېچىلىپ، ئىشىك بىلەن كوچا گىرۋىكى ئوتتۇرىسىدا ئەپچىللىگىنە كۆۋرۈك سېلىنىدىكەن. مېيىپلەر ھارۋىسى كاشىلىسىز ھالدا ئاپتوبۇسقا چىقىپ، شۇلار ئۈچۈن ئالاھىدە لايىھەلەپ قويۇلغان ئورۇندا تۇرىدىكەن. ئادەتتە لوندون كوچىلىرىدا كوچىلارغا بىمالال چىقىپ ئىشلىرىنى ئۆز ئالدىغا بېجىرىۋاتقان ياكى ماگىزىن ئايلىنىۋاتقان مېيىپلەرنى ئۇچرىتىپ تۇرغىلى بولىدىكەن. ئاپتوبۇسلار، ماگىزىنلار، كوچا - كويلار، مەكتەپلەر، رېستورانلار ۋە ھاجەتخانىلارنىڭ ئەسلىھەلىرى ھەرقانداق ئەھۋال ئاستىدا مېيىپلەرنى ئالاھىدە ئېتىبارغا ئېلىپ ئورۇنلاشتۇرۇۋېرىدىكەن. شۇڭا، ئۇلار ئەندىشىدىن خالىي ھالدا نورمال ئادەملەرگە ئوخشاشلا پۇقرالىق ۋە ئادىمىيلىك نېسىۋىسىدىن بەھرىمەن بولالايدىكەن. كوچا ئاپتوبۇسلىرىنىڭ مېيىپلەر ئۈچۈن كۆرسەتكەن بۇ ئالاھىدە ھىممىتىنى كۆرگىنىمدە ھەمدە لايىھە ئۈچۈن كەتكەن تېخنىكىلىق سەرپىياتلارنى ئويلىغىنىمدا، تەبىئىي ھالدا ئادەمنىڭ قىممىتى ھەققىدە تەپەككۇر قىلماي تۇرالمىدىم. بىر شەھەردىكى ھەشەمەتلىك بىنالار، كەڭ كوچىلار، پارقىراپ تۇرغان ماشىنىلار پەقەت بىر بۆلۈك ئادەمنىڭ تۇرمۇشى ئۈچۈنلا بولۇپ قالسا، ئۇ يەردە ئاشكارا نومۇسسىزلىقنىڭ ھەقلىق رەۋىشتە ئورۇنلاشقانلىقىدىن دېرەك بېرىدۇ. ۋاھالەنكى، نومۇسسىزلىقنى ھالاۋەتنىڭ دەسمايىسى دەپ قارايدىغان مەدەنىيەت توپى ئۈچۈن ئېيتقاندا، ئادەمنىڭ قەدرى پەقەت مەنسەپدارلارنىڭ ئىختىيارىدىكى ۋە مەنسەپنىڭ كۈچىگە تايىنىپ بېيىغانلارنىڭ ئالىقىنىدىكى نەرسىگە ئايلىنىپ قالىدۇ. بۇ يەردە ئىنسانىنىڭ قەدرى ئالۋان ئۈچۈن ياكى سىياسەتنىڭ دىيانىتىنى كۆز - كۆز قىلىش ئۈچۈن ئەمەس، پەقەت ئىنسان

www.uyghurkitap.com



ئۇچۇنلا بولغاندەك تۇراتتى.

ئىككى قەۋەتلىك بىر قىزىل ئاپتوبۇس توختىۋىدى، ئېدمۇند ئۇنىڭغا چىقىشىمىز كېرەكلىكىنى ئېيتتى. ئاپتوبۇستا ھەرقانداق مەنزىل ئۇچۇن بىر فۇندستېرلىڭ سەرپ بولاتتى. مانا كارتامدىن «تىت» قىلغان ئاۋاز بىلەن تەڭلا بىر فۇندستېرلىڭ چىقىپ كەتتى، بۇ خەلق پۇلىغا ئون بەش يۈەنگە توغرا كېلەتتى. ئەنە شۇ ئون بەش يۈەن كۆزۈمگە كۆرۈنۈپلا كەتتى. ئاپتوبۇسنىڭ ئورۇندۇقلىرى قىزىل گۈللۈك مەخمەل بىلەن قاپلانغان يۇمشاق ئورۇندۇقلار ئىدى، راھەتلىنىپ ئولتۇردۇم. ئاپتوبۇستا ئارامخۇدا ئولتۇرۇپ سىرتتىكى غۇۋالىقنىڭ ئىچىدىكى سۈرۈن مەنزىرىلەرگە قاراش ماڭا بىرئاز كۆڭۈللۈك تۇيۇلدى.

ئېدمۇند بىلەن ئۆي ئىجارىسى ھەققىدە پاراڭلىشىپ قالدۇق. ئۇنىڭ ئېيتىشىچە، لوندون دۇنيادا ئۆي ئىجارىسى ئەڭ قىممەت شەھەر ئىكەن. موسكۋا، سېئۇل، توكيو قاتارلىق شەھەرلەردىمۇ ئۆي ئىجارىسى ئىنتايىن قىممەت ئىكەن. بۇنىڭدىن قارىغاندا، يانچۇقۇم لوندوننىڭ مەركىزىي رايونىدىن ياتاق ئىجارە ئېلىپ ئولتۇرۇشقا ھەرگىز چىدىمايدىكەن، لوندوننىڭ تۆتىنچى رايونىدىكى پەقەت كارىۋاتلا سىغىدىغان تار ئۆيگە پەقەت ئۇخلىغاندىلا كىرىپ - چىقىشىم بەرھەق ئىكەن.

— ئەنگلىيەدە پۇل تېپىپ ئۇرۇمچىدە خەجلىسە ياخشى بولىدىكەن، ئۇرۇمچىدىن پۇل ئاپىرىپ لوندوندا خەجلەش ئادەمگە ئېغىر كېلىدىكەن، — دېدىم مەن ئېدمۇندقا.

ئېدمۇند كۈلۈپ كەتتى ۋە:

— سىپرۇس ۋە تۈركىيەدىكى تۈركلەر، شەرقىي ياۋروپالىقلار لوندوندا ئىشلەپ پۇل تاپقىلى كېلىشىدۇ، يىللاپ - يىللاپ غورىگىل ياشاپ، دۆلىتىگە قايتىپ ئازادە ياشاشنى ئۈمىد قىلىشىدۇ، لېكىن ئۇلارنىڭ روھىي ھالىتى ئادەمنىڭ ئىچىنى ئاغرىتىدۇ، — دېدى.

— مۇمكىن بولسا مەنمۇ ئازراق ۋاقىت ئىشلەپ باقسام بولاتتى، — دېدىم مەن ئېدمۇندقا، — سىزنىڭچە، ماڭا لايىق ئىش تېپىلارمۇ؟

— نېمىشقا ئەمدى؟ — دېدى ئېدمۇند قىلچە چۈشەنمىگەندەك.

مەن ئۇنىڭ سوئالىدىن بىرئاز ئوڭايسىزلانغاندەك بولدۇم. ئۇنىڭ مېنى بۇمۇ پۇل تېپىشنى كۆزلەپ كەپتۇ، دەپ چۈشىنىپ قېلىشىدىن ئەنسىرەيتتىم. مۆلچەرىمدە ماڭا بېرىلگەن 100 مىڭ يۈەن (20 مىڭ يۈەن رەنمىنى چىقىرىۋەتسە 80 مىڭ يۈەن) ياتاق، تاماق ۋە قاتناش راسخوتۇم ئۈچۈن مىسقاللاپ خەجلىسەم ئاران يېتەتتى، كىتاب - ماتېرىيال سېتىۋالماقچى بولسام قىينىلىپ قالاتتىم. ئوقۇشنى باھانە قىلىپ بېرىپ، پۇل غەرىزىگە چۈشۈپ ھەممىنى ئۇنتۇغان ھالدا ئىشلەيدىغان كەلگۈندىلەر ھەققىدىكى ھېكايىلەرمۇ ئاز ئەمەس ئىدى. شۇڭا، تەرەققىي تاپقان ئەللەرنىڭ مەكتەپلىرىدىكى ئوقۇتقۇچىلار بىزدەك ئەللەردىن بارغانلارنىڭ ئوقۇش ئىنتىلىشلىرىگە ئىشەنمەيتتى ۋە سوغۇق مۇئامىلىدە بولۇشاتتى.

— خىراجىتىمدە سەل جىددىيلىك بار، — دېدىم مەن ئېدمۇندقا، — ئۇنىڭ ئۈستىگە ئىشلىگەندە بەزى ئىجتىمائىي بىلىملەرنى ئۆگەنگىلى بولىدۇ.

— ئىشقۇ تېپىلىپ قالىدۇ، مىسالەن، كۇتۇپخانىلاردىن سىزگە لايىق ئىش چىقىدۇ، ئەمما ۋىزىڭىزدا خىزمەت ئىجازەتنامىسى يوق، — دېدى ئېدمۇند.

— دەرۋەقە، شۇنداق، — دېدىم مەن خىيالغا چۆكۈپ.

— بەلكىم بىرەر ئىلمىي فوندنىڭ ياردىمىگە ئېرىشىپ قالارسىز، لېكىن بۇ كېيىنكى ئىش، — دېدى ئېدمۇند ئۇلاپلا.

ئېدمۇندنىڭ بۇ سۆزى تەسەللى ئۈچۈن دېيىلدىمۇ ياكى راست دېيىلدىمۇ، شۇ ۋاقىتنىڭ ئۆزىدە ئاڭقىرالمىدىم. لېكىن، ئۇنىڭ ئالدىدا ئىشنىڭ گېپىنى چىقىرىپ قويۇپ تېپىۋالغان

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



ساراسىمىلەردىن قۇتۇلدۇم ۋە چەت ئەللىكلەر باشقىلارنىڭ كۆڭلىنى ياساشقا نىمىدىگەن ئۇستا، دەپ ئويلاپ قالدىم.

ئىدمۇند كۆڭۈلچەك ۋە سىپايە ئىدى، كۆپ ھالدا سۆھبەتدىشىنىڭ كۆڭلىنى نەزەردە تۇتاتتى، ئەمما پىرىنسىپاللىق تەرەپلەردە كۆڭۈلنى ئارتۇقچە ئاياپ يۈرمەي، گەپنىڭ پوسكاللىسىنى ئېيتاتتى. تازا قوشۇلۇپ كېتەلمەيدىغان پىكىرلەرگە كۆلۈپلا قوياتتى - دە، ئېنىق پوزىتسىيە بىلدۈرمەيتتى. ئۇ يەنە ئۇيغۇرلارنىڭ مىجەزىدىن ئاز - تولا خەۋەردار بولغاچقا، مۇناسىۋەتلەردىكى ئايرىم تەرەپلىرىمىزگە ئۇيغۇرچە مۇئامىلە قىلىپ ئۆتكۈزۈۋېتەتتى.

ئىدمۇند بىلەن بولغان دىلكەش پاراڭلىرىمىزنىڭ زوقىدا ئۇنىڭ مەھەللىسىدىكى ئاخىرقى بېكەتكە تويمايلا كېلىپ قاپتۇق. چىراغ ئاخشام دەرىخىنىڭ شېخىدىكى غۇچچىدە مېۋىلەردەك تۈيۈلۈپ كەتتى. بىز ئاپتوبۇستىن چۈشۈپ بىر كوچىغا بۇرۇلدۇق. نىمە ئۈچۈندۇر چىراغلارنىڭ ئەلۋەك نۇرى تاسادىپىي شېئىرىي تۇيغۇلارنى ئويغاتتى:

ئاخشام دەرىخىنىڭ مېۋىسى چىراغ،
قاراڭغۇلۇق دېڭىزىنىڭ بېلىقى چىراغ.
پەرۋازدا توختاش بار، توختاشتا پەرۋاز،
ئۇنتۇلۇپ كۆيۈشنىڭ بۇلىقى چىراغ.

كېچىدە ھەممە ئادەم چىراغنىڭ يورۇقىغا تايىنىدۇ، لېكىن ئۇنىڭ جىمجىت يېنىۋاتقانلىقى كىشىلەرنىڭ ئېسىدىن چىقىپ كېتىدۇ. كىشىلەر ئالىيجاناب مۇھەببەتنىڭ ئالدىدا كور كېلىدۇ.

ئازراق ماڭغاندىن كېيىن ئىدمۇند بىر ئىشىكنىڭ ئالدىدا توختىدى - دە، قوڭغۇراقنى بىر بېسىپ قويۇپ، ئاچقۇچى بىلەن ئىشىكنى ئاچتى. بوسۇغىدىن كىرگەندىلا بىر پەلەمپەي بار ئىدى،

مەن ئاياغنى سېلىشقا تەمشۈلىدىم، ئېدمۇند ھاجىتى يوق دەپ توسۇدى. ئايىغىمنى بوسۇغىدىكى سېلىنچىغا سۈرتۈپ، سۈنئىي توقۇلما قاپلانغان پەلەمپەيگە ئاياغ باستىم.

— سالام، ئابدۇقادىر، كېلىشىڭىزنى قارشى ئالىمىز، — توساتتىن چىققان بۇ ئاۋاز مېنى تەمتىرىتىپ قويدى، بىر ئايال پەلەمپەينىڭ يۇقىرىقى بېشىدا كۈلۈپ تۇراتتى. مەن «رەھمەت» دېيىشكە ئاران ئۈلگۈردۈم.

پەلەمپەينىڭ ئۇدۇلىدا بىر ئىشىك بولۇپ، ئۇ ئاشخانىنىڭ ئىشىكى ئىكەن، ئاشخانا ئىچىدە بىر تاماق ئۈستىلى بار بولۇپ، ئۈستىدە مېۋىلەر ۋە بىر بوتۇلكا ۋىنو تۇراتتى، ئۆزگىچە بىر پۇراق دىمىقىمنى غىدىقلىدى.

مەن ئەگىشىپ يەنە بىر پەلەمپەينىڭ ئالدىدىكى ئىشىكنىڭ ئالدىدا توختىدىم. ئېدمۇند مېنى شۇ ئىشىككە باشلىدى ۋە ئايىغىمنى سالماسلىقىمنى ئېيتتى، كۆڭلۈم ئۇنىماي ئاياغ سالدىم.

پولغا ئەدىيالدەك نېپىز، تولا ئىشلىتىپ تىۋىتى چۈشۈپ كەتكەن قىزغۇچ گىلەم سېلىنغانىدى، سول تەرەپتىكى تامغا ئۈچ كىشىلىك كونا بىر دىۋان قويۇلغان، دىۋان ئالدىدا كىچىك بىر ئۈستەل تۇراتتى. دىۋاندا ئولتۇرۇۋىدىم، چۆكۈپلا كەتتىم، ئۆيدىكى ھەممە نەرسە كونا ۋە بىسەرەمجان كۆرۈندى.

— ئۆيىمىز ئالاھىدە ئەمەس، مۇشۇنداق قالايمىقان، — دېدى. باياتىندىن بېرى كۈلۈپ قاراپ تۇرغان بايىقى ئايال.

— لېكىن ئىللىق ئىكەن، — دېدىم مەن جاۋابەن.

— بۇياق ئايالىم بولىدۇ، — دېدى ئېدمۇند ئايالىنى تونۇشتۇرۇپ، — ئىسمى ۋېسنا.

ئورنۇمدىن تۇرۇپ ۋېسنا بىلەن رەسمىي سالاملاشتىم ۋە ئۆزۈمنى تونۇشتۇردۇم.

— ئېدمۇند ھەممىنى ئېيتتى، — دېدى ۋېسنا خانىم مەن

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



بىلەن قول ئېلىشىپ، ــ جۇڭگودىن كەپسىز، مەنمۇ ئەسلىدە كىرودىيەلىك، ئەمدى ئەنگلىيەلىك بولۇپ قالدىم، ئەنگلىيەگە كۆنۈپ قېلىش ئاسان ئەمەس.

ۋېسنا خانىمنىڭ ئىنگلىزچە تەلەپپۇزىدا رۇس تىلىغا ئوخشاپ كېتىدىغان ئاھاڭ خېلى روشەن ئىدى، تازا زېھىن سېلىپ ئاڭلىمىسام بولمايدىغاندەك قىلاتتى. بۇنداق چاغدا بىر خىل خۇدۇكسىرەش ۋە جىددىيلىك روھىمنى قامال قىلىۋالاتتى ــ دە، دىققەت قىلىپ ئاڭلىغانسېرى گاڭگىراپ كېتەتتىم. بىراق، ئۇ شۇنداق ئوچۇق ئىدىكى، تونجى بولىدىغان ياتسىراش تۇيغۇلىرىنى شۇ هامان يوق قىلىۋېتەتتى. ئۇ كۈلسە يۈزى، كۆزلىرى ۋە لەۋلىرى قوشۇلۇپ تولۇق كۈلەتتى. بۇ كۈلكە ئۆزىنى توختىتالمىغان، پىشقان، ماتانەتلىك بىر ئايالنىڭ كۈلكىسى بولۇپ، قىزغىن ئۆي ئىگىسىنىڭ سالاپىتىگە شۇنداق ماس كېلەتتى. ماش رەڭ چىپەرقۇت يوپكا ۋە ماش رەڭ تىۋىت پوپايكا ئۇنىڭ تولغان بەستىگە ياراشقان بولۇپ، بىر تۇتام ماشلاي چېچى قاڭشىرىنىڭ ئۈستىگە قىيپاش چۈشۈپ تۇراتتى.

ئارىدا 5 ـ 6 ياشلاردىكى بىر قىزچاق ئويناقلاپ كىرىپ كەلدى. ۋېسنا خانىم:

ــ ئېلىزابېللا، بۇ ياققا قارا، مېھمان، ــ دېدى.

ئېلىزابېللا بەئەينى تاش قورچاقنىڭ ئۆزى ئىدى، ساپسېرىق جىڭگىل چاچلىرى ھەربىر تاقىلىغاندا لەپىلدەپ كېتەتتى. ئۇ قولىدىكى ھاۋا شارىنى ماڭا ئېتىپ، ئۆزىنىڭ ئويۇنىغا قاتناشتۇرماقچى بولدى، قارىغاندا ئۇ بىرەرسىدىن يېتىرقايدىغاندەك ئەمەس ئىدى. ئالاقزەدىلىكىم ھاۋا شارى لەيلەپ يېتىپ كەلگۈچە بېسىلدى، مەن شارنى تۇتۇپ ئېلىزابېللاغا تاشلاپ بەردىم. ئۇ، خورما رەڭ يوپكا ۋە ئۇزۇن يەڭلىك ئاق پوپايكا كىيىۋالغان بولۇپ، چوڭ ئاياللارنى كىچىكلىتىپ قويغاندەكلا تەسىرات بېرەتتى.

ئېدمۇند مېنى ئېساببىللاغا تونۇشتۇردى:

— بۇ مېھماننىڭ ئىسمى ئابدۇقادىر.

ئېساببىللا ئىسمىمنى تۈزۈك تەلەپپۇز قىلالمىدى ۋە دەرھاللا:

— مەن سىزنى ئاۋۇ كادو (avocado) دەپ چاقىرسام بولامدۇ؟ — دېدى.

ئۆي ئىچىنى كۈلكە بىر ئالدى. قارىسام ۋېسنا خانىم بىرئاز ئوڭايسىزلىنىپ قالغاندەك تۇراتتى، ئېدمۇند ئۆزىنى قويۇپ بېرىپ كۈلگەنىدى.

— ئۇ قانداق مەنىدە؟ — دەپ سورىدىم ئېساببىللادىن كۈلۈپ تۇرۇپ.

ئېساببىللا يۈگۈرۈپ چىقىپ كېتىپ بىرنەرسە كۆتۈرۈپ كىردى، شەكلى تۇخۇمغا ئوخشايدىغان ئۇ نەرسە ئاچ يېشىل، قېنىق قارا ئىدى.

— مېۋە، — دېدى ئېساببىللا. ئۆي ئىچىنى يەنە كۈلكە قاپلىدى.

مەن ئاۋۇ كادو (avocado) نى قولۇمغا ئېلىپ كۆرۈپ باقتىم، ئازراق يۇمشاق ئىدى.

— سىز ئاۋۇ كادو (avocado) نى ياخشى كۆرەمسىز؟ — دەپ سورىدىم ئېساببىللادىن.

— ئەلۋەتتە، — دېدى ئۇ.

— ئۇنداقتا، مېنى avocado دەۋېرىڭ، — دېدىم مەن ئۇنىڭغا.

ئىسمىمنىڭ تەلەپپۇزى ئېساببىللانىڭ مۇزىكا سېزىمىغا ئاۋۇ كادو (avocado) نى ئەسلەتكەنىدى. ئاۋۇ كادو (avocado) ئېتى يېشىل، ئۇرۇقى يوغان مېۋە بولۇپ، بەزىدە ساندۇۋىچنىڭ قېتىغا ئېلىنىپ يېيىلىدىكەن. ئېساببىللا ئۈچۈن مەن ئەمدى ئاۋۇ كادو (avocado) بولۇپ قالغان بولدۇم. قارىماققا توڭ بولسامۇ، ئىچىمدە باللارچە دۇنيانىڭ مول ئىككەنلىكىگە ئىشىنەتتىم.

ئېساببىللا يېنىمغا كېلىپ ئولتۇردى، مەن ئۇنىڭ ساپسېرىق چاچلىرىنى سىلاپ قويدۇم، ئۇ قۇچىقىمغا چىقىپ، بۇرنۇمنى

ئۇيغۇر كىتاب تورى بىكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يىگانە ئادرېسى



چىمداپ قويۇپ، كۆلگىنىچە قېچىپ چىقىپ كەتتى. ئېدمۇند «هاي» دېگىنىچە كەينىدىن قاراپ قالدى.

— ھېچقىسى يوق، قىزىڭىز شوخ ھەم ئوماق ئىكەن. بىزدە «بالا بولسا شوخ بولسا، بولمىسا يوق بولسا» دېگەن گەپ بار، ئۇنىڭ شوخلۇقى بىزنى كۆلدۈرەلمىدى، — دېدىم مەن ھېلىقى ماقالىنى ئۇيغۇرچە قىستۇرۇپ.

مەن ماقالىنى ئېدمۇندنىڭ تەلىپى بويىچە تەكرار - تەكرار دەپ بەردىم. ئېدمۇند «مەنىلىك گەپ ئىكەن» دەپ قويدى.

— بۇ بالا ئوماق، ئەمما ئەسكى، — دېدى ئېدمۇند ماڭا ئۆزرە قويغاندەك قىلىپ.

مەن سوۋغىتىمنى ئېسىمگە ئېلىپ، ئېدمۇندقا تۇتقۇزدۇم. ئېدمۇند قۇتىلىق پىچىنىنى ئېلىپ چىقىپ كەتتى. ئۆيگە يەنە قارىدىم. ئۈچ يەردە كىتاب ئىشكاپى تۇراتتى. كۆزدىن كەچۈرگۈم كەلدى - يۇ، ئۆزۈمنى تۇتۇۋالدىم. چۈنكى، ساھىبخانىنىڭ قانداق ئويلاپ قېلىشىنى بىلگىلى بولمايتتى. ئۆينىڭ ئوڭ تەرىپىدىكى بۇلۇڭدا كونا پاسوندىكى بىر تېلېۋىزور، ئۇدۇلۇمدا ئۇنىۋېرسال ياڭراتقۇ تۇراتتى. قارىغاندا، بۇ ئۆيدە قولغا چىققۇدەك بىسات كىتاب بولسا كېرەك. ئۆيدە مېھمانغا كۆز - كۆز قىلغۇدەك ھېچنېمە يوق بولۇپ، ساھىبخانا مېھمان ئۈچۈن ياشمايدىغاندەك تۇراتتى.

ئېدمۇند كىرىپ كەلدى. مەن ئۇنىڭدىن كىتابلىرىنى كۆزدىن كەچۈرۈشكە ئىجازەت سورىدىم، ئۇ مېنى كىتابلىرىنى بەھۇزۇر كۆرۈشكە تەكلىپ قىلدى.

ئېدمۇندنىڭ كىتابلىرى دىن، ئوتتۇرا ئاسىيا، يىپەك يولى، ئوتتۇرا شەرققە ئائىت ئىدى. نەجىپ مەھفۇز، ئورخان پامۇك، ئەمىن مائالوفلارنىڭ رومانلىرى قولۇمغا چىقتى. ئۇلارنى ۋاراقلاپ جايىغا قويدۇم. «سەمەرقەنت» ناملىق بىر كىتاب مەيلىمنى تارتتى، قولۇمغا ئېلىپ قارىسام، يەنىلا ئەمىن مائالوف

(Amin Maalouf) نىڭ رومانى ئىكەن. لىۋانلىق بۇ يازغۇچى كىتابنى 1989 ـ يىلى فىرانسۇز تىلىدا يازغان بولۇپ، كېيىن ئىنگلىزچىگە تەرجىمە قىلىنغانىكەن. كىتابتا ئۆمەر ھەييام رۇبائىيلىرىنىڭ بارلىققا كېلىشى ۋە ئۇنىڭ كېيىنكى قىسمەتلىرى يېزىلغاندەك تۇراتتى.

ــ ماڭا بۇنداق ماۋزۇلار بەك يارايدۇ، ــ دېدىم مەن ئېدمۇندقا، ــ «سەمەرقەنت»، «ئىستانبۇل»، «قەشقەر»...

ــ «قەشقەر» نى سىز يېزىڭ. قەشقەر كىشىلەر ئۇنتۇپ كەتكەن گۆھەر.

ئېدمۇند توغرا ئېيتقانىدى. قەشقەر ئەدىبلىرىمىزنىڭ قەلىمىگە تۈزۈك ئېلىنمىدى، قەشقەر شەرق ئۇسلۇبىدىكى مىڭلىغان رومانىنىڭ تېمىسى بولۇپ، يەنە ئېچىشىپ قالىدىغان شەھەر ئىدى. مەن قەشقەر ھەققىدە يازالارمەنمۇ، دەپ ئويلىدىم ئىچىمدە. بۇنىڭ ئۈچۈن ئۇنىۋېرسىتېتنىڭ بۇرۇقتۇرما ھويلىسىدىن چىقىپ قەشقەردە يىللاپ ياشىشىم، ئۆلىما، تېۋىپلىرىدىن تارتىپ سوخەنساز مەدداھلىرىغىچە، مەنسەپدارلىرىدىن تارتىپ قەلەندەرلىرىگىچە سىڭىپ كىرىپ، ئاشۇ تىرىك تارىخنىڭ قات ـ قېتىنى چۈشىنىشىم كېرەك بولاتتى. خۇدا نېسىپ قىلار، دېدىم ئىچىمگە تىنىپ.

ــ بەلكىم يازارمەن. قەشقەرنى يېزىش بىر ئەدىبكە نىسبەتەن مۈشكۈل سىناق، ــ دېدىم مەن ئېدمۇندقا جاۋابەن، ــ قارىسام ئىسلام ئەللىرىنىڭ پىروزىلىرىغا بەكرەك قىزىقىدىكەنسىز، بۇنىڭدا ئالاھىدە سەۋەب بارمۇ ياكى؟... ــ سورىدىم مەن ئېدمۇندتىن.

ــ تەتقىقاتىمدا ئىسلام ھالقىلىق بىر مەسىلە. بىر خەلقنىڭ مەنىۋى دۇنياسى ئەدەبىياتتا ئەينەن ئەكس ئېتىدۇ. ئىسلام دۇنياسىدىكى ئېستېتىك پىكىرلەر مېنى جەلپ قىلىدۇ. سىز جالالىددىن رۇمىينى بىلىسىز، ھەقىچان؟

ــ رۇمىينىڭ كىتابلىرى بۇرۇنقى مەدرىسەلىرىمىزدە دەرسلىك

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى


قىلىنغان، ــ دېدىم مەن، ــ ئۇنىڭ كىتابلىرى ئۆلىمالىرىمىزنىڭ كىتاب تەكچىلىرىدە ئەتىۋارلاپ ساقلانغان. مېنىڭچە، پۈتكۈل ئۇيغۇرنى سۈپى مىجەز خەلق دېيىشكە بولىدۇ. بۇ ھال سەئىدىيە ھاكىمىيىتىنىڭ كېيىنكى مەزگىللىرىدە قىينىقلاشتى. شۇنىڭدىن بۇيان پانىي دۇنياغا بولغان قىزىقىشىمىز سۇسلاشتى.

ــ خانتىڭتوننىڭ «مەدەنىيەتلەر توقۇنۇشى ۋە دۇنياۋى تەرتىپنىڭ قايتا ئورنىتىلىشى» دېگەن كىتابى ئۇيغۇر تىلىدا چىقىپتۇ دەپ ئاڭلىدىم، كىشىلەرنىڭ قىزىقىشى قانداقراق بولدى؟

ــ قىزغىن سىتىۋېلىشتى، ھەرقايسى ئىنتېر توردا بەس - مۇنازىرە بولدى. مېنىڭچە، بىزدە بىر مۇنازىرە ۋە نەزەرىيە روھى بارلىققا كېلىشكە باشلىدى.

ــ بۇنى دۇنيانى مېتودلۇق چۈشىنىشنىڭ باشلىنىشى دېيىشكە بولىدۇ.

ــ بىزدە نەجىب مەھفۇزنىڭ بەزى رومانلىرى چىقتى، لېكىن ئۇ قىزغىنلىق ئۇنتۇلۇپ كەتتى. خەلقنىڭ ئاساسىي گەۋدىسى كۈن ئۆتكۈزۈش سىزىقىدىن ھالقىيالمىدى، كىتاب بازىرى جانلىق ئەمەس.

ئېدمۇند بىر پىلاستىنكىنى قويۇپ بېرىپ، يەنە چىقىپ كەتتى. بىر مۇزىكا تىۋىشى يىراقتىن ئاستا چىقىپ كېلىپ جانلىنىشقا باشلىدى. كۆز ئالدىمدا بىر چىغىر يول سوزۇلغان پېتى بىر دۆڭگە يامىشىپ غايىب بولىدى. ئىككى تەرەپتە سارغىيىپ كەتكەن ئوتلار يەلپۈنۈپ تۇراتتى. مەن ۋېلىسىپىتكە مىنىپ چىغىر يولنى بويلاپ ماڭدىم. تېلېفونۇمغا ئۇچۇر كەلدى. ئۇنى ئوقۇش ئۇچۈن قەدىمىي بىر دەرەخنىڭ ئاستىدىكى تاشتا ئولتۇردۇم. ئۇچۇر مەن ئۈمىد قىلغان ئادەمدىن كەلمىگەنىدى. بىر خورسىنىپ قويۇپ، ئۈستۈمدىكى دەرەخكە قارىدىم. سارغايغان

غازاڭلار يەڭگىل ئۇچۇپ چۈشۈپ، چىغىر يولدىن سىيرىلىپ ئۆتتى ۋە چاتقاللىق ئارىسىغا كىرىپ كەتتى. ئۇنتۇپ كېتىشنى دەرەختىن ئۆگەنسەم بولغۇدەك، دەپ ئويلىدىم. دەرەخ بىھۇدە خاتىرىلەرنى ئېسىدە ساقلاپ، ئۆزىنى ئاۋارە قىلىپ يۈرمەيدىكەن... مۇزىكا ساداسى ئىچىدە ئېدمۇندنىڭ كىتابلىرىنى داۋاملىق ئاختۇرۇۋەردىم. كۆزۈم سىلۋىيە پلاس (Sylvia Plath) نىڭ قېلىن بىر كىتابىغا چۈشۈپ قالدى، ۋاراقلىسام، ئۇ پلاسنىڭ شېئىرلىرى ئىكەن.

ئېدمۇند كىرىپ كەلدى. ئۇ ئاشخانىغا چىقىپ ئايالىغا ياردەملىشىپ، مەندىنمۇ خەۋەر ئالغاچ تۇرغان بولسا كېرەك.

— يارىغۇدەك كىتابلار بارمىكەن؟ — دېدى ئۇ.

— ياخشى كىتابلىرىڭىز كۆپ ئىكەن، — دېدىم مەن، — قىزىقىشلىرىمىز ئوخشاپ قالىدىكەن. پلاسنىڭ شېئىرلىرىنى ياخشى كۆرىدىكەنسىز -دە؟

— ئۇنى ۋېسنا بەك ياخشى كۆرىدۇ. پلاس شېئىر يېزىشتىن ئاۋۋال شائىرە بولالىغان ئايال.

ئېدمۇندنىڭ دېيىشىچە، ئۇنىڭ خانىمى كەمبىرىج ئۇنىۋېرسىتېتىدا جەمئىيەتشۇناسلىق بويىچە دوكتورلۇقنى تاماملىغانىكەن. پلاسنى نۇرغۇن ئايال ياخشى كۆرىدىكەن.

پاراڭ ئەسناسىدا كۆزۈم يەنە بىر ئىشكاپتىكى كونا كىتابلارغا چۈشۈپ قالدى. خورما رەڭ قاتتىق مۇقاۋىغا ئېلىنغان بۇ كىتابلار ئالاھازەل يىگىرمە توم ئەتراپىدا كېلەتتى.

— بۇ كىتابلارچۇ؟ — دېدىم مەن ئېدمۇندقا ئىشكاپ تەرەپنى كۆرسىتىپ.

— ئۇ ھيۇگونىڭ ئەسەرلىرى، ماڭا موماملىدىن مىراس قالغان.

مەن ئېدمۇندقا قاراپ قالدىم. ئۇ مېنىڭ شەرھى تەلەپ قىلغىنىمنى چۈشەنگەندەك:

— فىرانسۇزچىنى يامان ئەمەس چۈشىنىمەن، بەزىدە ئۇ كىتابلارنى

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يىگانە ئادرېسى


ۋاراقلاپ ھېيوگونى ھېس قىلىمەن، موماممنىڭ مەنىۋى دۇنياسىنى قىياس قىلىمەن.

ئېدمۇند ئورخان پاموكنىڭ قولۇمدىكى كىتابىنى كۆرۈپ سورىدى:

— ئورخان پاموكنىڭ ئەسەرلىرىنى ياخشى كۆرەمسىز؟

— ئورخان پاموكنىڭ ئىسمىنى تېخى ئەمدى تونۇدۇق، ئەسەرلىرى ئۇيغۇرچە نەشىردىن چىققىچە بولمىدى، — دېدىم مەن قولۇمدىكى كىتابنى ئۆرۈپ - چۆرۈپ.

— ئۇنىڭ ئەسەرلىرى ئىچىدە «قار» نى بەك ياخشى كۆرىمەن، — دېدى ئېدمۇند، — مېنىڭچە، ئۇ يۇقىرى ماھارەتلىك يازغۇچى، شائىرلىقى خېلى كۈچلۈك.

قولۇمدىكى كىتاب دەل پاموكنىڭ «قار» دېگەن رومانى ئىدى.

شۇ ئارىدا ۋېسنا خانىم تاماقنىڭ تەييار بولغانلىقىنى ئېيتتى. مەن كىتابلارنى جايىغا قويۇپ ئېدمۇندقا ئەگىشىپ ئاشخانىغا چۈشتۇم.

غەربتە ئاشخانا دېگەن سۆز بىزدىكىدەك مەنە بەرمەيدۇ، غەربلىكلەرنىڭ ئۆيلىرىدىكى ئاشخانا ئوچاق، قاچا - قۇچا، خورۇجلارنى بىلدۇرۇپلا قالماي، تاماق يەيدىغان ئۈستەلنىمۇ بىلدۈرىدۇ. ئۇلار ئۇ يەردە ھەم تاماق ئېتىشىدۇ، ھەم تاماق يەيدۇ. دېمەك، ئۇلارنىڭ ئاشخانىسى ھەرقانچە كىچىك بولغاندىمۇ، ئەنە شۇ تەلەپكە لايىق لايىھەلىنىدۇ. ئېدمۇندنىڭ ئۆيى ئىنگلىزچىدە «flat» دېيىلىدۇ، ئۇ بىزدىكى قەۋەتلىك ئۆي دېگەن مەنىدە. بۇنداق ئۆي ئورۇمچىدىكى ئۆيلىرىمىزگە نىسبەتەن خېلىلا ئازادە بولسىمۇ، ئەنگلىيە شارائىتىغا نىسبەتەن كىچىك ئۆي ھېسابلىنىدۇ. شۇنىڭغا يارىشا، ئېدمۇندنىڭ ئاشخانىسىمۇ كىچىك ئىدى، لېكىن ئاشخانىنىڭ ئوتتۇرىسىغا ئەپچىلگىنە تاماق ئۈستىلى ۋە ئورۇندۇقلار قويۇلغان بولۇپ، ئۈستەلگە ھەر خىل مېۋە، بولكا، كۆكتات سالات، ۋىلكىلار قويۇلغانىدى. كىرىشىمىز بىلەن

تەڭ ۋېسنا خانىم ھەربىرىمىزگە بىردىن سالپىتكا تەييارلاپ ئالدىمىزغا يايدى، ئاندىن ئاللىبۇرۇن تەييارلاپ قويغان قوۋۇرغا كاۋاپنى ئەكەلدى.

— قوي گۆشىدىن قىلىنغان. ئاڭلىسام سىلەر ئۇيغۇرلار كاۋاپقا ئامراق ئىكەنسىلەر، — دېدى ۋېسنا خانىم.

— شۇنداق، كاۋاپ ئۇيغۇرلاردا كۆپ يېيىلىدۇ. بىلىشىمچە، تۈركىي خەلقلەر ۋە پارسىيلارنىڭ ھەممىسى شۇنداق.

— لوندوندىكى تۈركلەرنىڭ كاۋاپلىرى ناھايىتى يېيىشلىك، — دېدى ئېدمۇند، — كاۋاپ سېغىنىسىڭىز تۈرك كاۋاپخانىلىرىنى قىينالمايلا تاپالايسىز.

ۋېسنا بىر تەخسىدە ئازراق دۇملەنگەن گۈرۈچ ئەكەلدى ۋە بىر يالپاق قوۋۇرغىنى تەخسەمگە سېلىپ قويدى. مايسىز قوۋۇرغا قىزىرىپ پىشقان بولۇپ، مەززىلىك ھىدى دىمىقىمغا ئۇرۇلدى.

چۇرۇك پىشقان قوۋۇرغا كاۋاپنىڭ تەمى شۇ ھامان ۋەتەن ھاۋاسىنى بەردى. ۋاقتى كەلگەندە بىرەر پۇراق ياكى تەم سىزگە قۇۋناق ئەسلىمىلەرنى ئاتا قىلالايدۇ ۋە ئەندىكىپ تۇرغان روھىڭىزغا تەسەللى بېرەلەيدۇ. كاۋاپنىڭ ھىدى ماڭا نېمىشقىدۇر قەشقەرنىڭ گۇزەر، چاسا دېگەن يەرلىرىنىڭ ئاۋات كەچلىك بازارلىرىنى ئەسلىتىدۇ، چېھرىدىن توپا يېغىپ تۇرغان بۇ شەھەرنىڭ يۇركى يېلىنجاپ تۇرىدۇ.

ئېدمۇند ۋىنونىڭ ئاغزىنى ئاچتى ۋە ماڭا ۋىنو قۇيۇشقا تەمشەلدى، مەن ۋىنو ئىچەلمەيدىغانلىقىمنى بىلدۇرۇپ قويدۇم.

— مەن تاماقتىن كېيىن مېۋە يېيىشنى ياخشى كۆرىمەن، — دېدىم مەن ئېدمۇندقا، — مەن چوڭ بولغان بەشكېرەم مېۋە - چېۋە كۆپ چىقىدىغان، قەشقەر شەھىرىنى مېۋە بىلەن تەمىنلەيدىغان چوڭ يېزا. شۇڭا، مېۋىگە ئامراقمەن.

— مەن بەشكېرەمگە بىر قېتىم بارغان، — دېدى ئېدمۇند، — ياخشى يۇرت ئىكەن.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com



ئېدمۇند ئۆزىگە ۋىنو قۇيدى ۋە بىر تامشىم ئوتلىدى. ۋىسنا، ئىسابىللالارمۇ ئۆز ئورۇنلىرىدا ئولتۇرۇشتى.

— سىز بىر جەمئىيەتشۇناسلىق دوكتورى ئىكەنسىز، لېكىن شېئىردىن زوق ئېلىشنى ئۇنتۇماپسىز، — دېدىم مەن ۋىسنا خانىمغا.

— توغرا، مەن بەزىدە شېئىر ئوقۇپ قويىمەن. سىز بايا باشتىن كەچۈرگەن تۇيغۇنى شائىرلار ئاللىبۇرۇن تەسۋىرلەپ بولغان بولىدۇ. مەن ئۈچۈن ئېيتقاندا، شېئىر ئوقۇش تۇيغۇلىرىمنى شائىرلارغا تەستىقلىتىش بىلەن تەڭ.

— پلاسنى ياخشى كۆرىدىكەنسىز - ھە؟

— شۇنداق، ئۇ، ئاياللىق تەبىئىتى بەكلا نازۇك بىر شائىرە. ئۇ ئۆزىنى قىزىشقا بەك ئېتىبار بەرگەن، شېئىرلىرىدا سولغۇن، لېكىن ئىسيانكار بىر روھ بار.

— ئۇنى ئايالھەقچى (feminist) دېيىشىدىكەن، سىزنىمۇ ئايالھەقچى دېسەك بولامدۇ؟

— مەن ئاكتىپ پائالىيەتچى ئەمەس، ئۆزۈمنىڭ ئايال ئىكەنلىكىمنى تونۇغان ئايال. ھەقىقىي مەندە ئايال بولۇشىمۇ قىيىن، دەپ قارايمەن.

— سىز قەيەردە خىزمەت قىلىسىز؟

— ئۆيدە ئولتۇرۇپ ئىسابىللانى باقىمەن، ئېدمۇندنى كۈتىمەن. بەزىدە فوندى جەمئىيەتلەردىن ياردەم ئېلىپ تەتقىقات بىلەن شۇغۇللىنىمەن. ئۆزۈم كىرودىيەدىكى بىر ئاز سانلىق مىللەت، كىرودىيەدىكى ئاز سانلىق مىللەت مائارىپىنى تەتقىق قىلىمەن.

— سىز مېنىڭ غايىۋى جەمئىيىتىمدىكى ئايالغا ئوخشايدىكەنسىز، — دېدىم مەن.

— نېمە دېگىنىڭىزنى تازا چۈشىنەلمىدىم، — دېدى ئېدمۇند.

— ئۇيغۇرلارنىڭ ئەنئەنىسىدە ئاياللار ئۆيدە ئولتۇرۇپ باللارنى باقىدۇ، ئەرلەر سىرتلاردا تىرىكچىلىكنىڭ ئېپىنى قىلىشىدۇ.

پاجىئەلىك يېرى، ئاياللارنىڭ كۆپى ساۋاتسىز قالغان. بۇ ئاخىر باللارنىڭ سۈپەتلىك تەربىيەلىنىشىگە سەلبىي تەسىر ئېلىپ كەلگەن. ئۇيغۇر ئاياللىرى مۇلايىم، ئىتائەتچان، ساددا مۇسۇلمانلار سۈپىتىدە ئائىلە ۋە باللارغا ئۆزلىرىنى بېغىشلىغان. باللارغا هايا ۋە ئەخلاقتىن تىرىك دەرس بېرەلىگەن بولسىمۇ، مەۋجۇت دۇنيانى چوڭقۇرلاپ چۈشىنىشتە ئامالسىز قالغان. هازىرچۇ؟ هازىر ئەھۋال تامامەن باشقىچە. هازىر قىزلار ئوقۇشنى، بۇ ئارقىلىق هۆكۈمەتنىڭ كەسپىي - مەمۇرىي خادىمى بولۇپ، مۇقىم مائاش ئېلىشنى ياخشى كۆرىدۇ. شەھەرلەردە ئاساسەن شۇنداق. ئۆيدە ئولتۇرۇشنى ياخشى كۆرىدىغان ئاياللار ناھايىتى ئاز، ئاياللىرىنى ئۆيدە ئولتۇرغۇزۇپ، ئۆزى ئىشلەيدىغان ئەرلەرمۇ ناھايىتى ئاز. ئۇلار باللارنى ئۆزلىرى ئەمەس، هۆكۈمەت قارىمىقىدىكى يەسلى ۋە مەكتەپلەر ئارقىلىق تەربىيەلەيدۇ. ئاتا - ئانىلار يۇقىرى مەلۇماتلىق بولۇشىغا قارىماي، ئەۋلاد تەربىيەسى ھەققىدە تۈزۈك مەلۇماتقا ئىگە ئەمەس. مەكتەپلەرنىڭ دەرسلىك پىروگراممىلىرى كۆپ سانلىق مىللەتنىڭ تەقەززاسىنى چىقىش قىلىدۇ. مېنىڭ غايىۋى جەمئىيىتىمدە ئاياللار سۈپەتلىك تەربىيە كۆرگەن، پاكىز، ئەقىللىك، پەرۋىشكار سۈپىتىدە ئائىلىنى ئىللىق بىر مەكتەپكە ئايلاندۇرغان بولىدۇ. ھەربىر ئۇيغۇر ئائىلىسىدە باللار ئۆز ئەنئەنىسى ۋە ئېتىقادى بويىچە ساغلام تەربىيە ئالىدۇ، ئەرلەرنىڭ تاپاۋىتى ئائىلىنى قامدايدۇ، ئاياللار خالىسا جەمئىيەتنىڭ مەدەنىيەت - مائارىپ، پاراۋانلىق ئىشلىرىغا يېقىندىن ئارىلىشىدۇ. ۋېسنا خانىم، سىز دەل شۇ خىل ئاياللارغا ئوخشايدىكەنسىز.

— ئەنگلىيەدە ھەممە ئايال ئۇنداق ئەمەس، — دېدى ئېدمۇند، — ئۇلار خالىسا ئىشلەيدۇ، خالىسا ئۆيدە ئولتۇرىدۇ، بۇنى ئۇلارنىڭ شارائىتى ياكى خاھىشى بەلگىلەيدۇ.

— بىزدە ئۆيدە ئولتۇرغان ئاياللار بىلىمسىزدەك كۆرۈنىدۇ.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



مېنىڭچە، ئۆيدە ئولتۇرغان ئايالدا بىلىم ۋە ئېتىقاد بولسا، ئۇنىڭ ھۆسن گۈزەللىكىگە باشقىچە مەنىۋى قۇدرەت قوشۇلىدۇ.

— سىز بىر ئەنئەنىچى ئىكەنسىز، — دېدى ئېدمۇند.

— تېگىشلىغان بىر زامانىۋىلىق مۇھىتىدا ئەنئەنىچى بولۇشنىڭ يوللۇق يېرى بار، — دېدىم مەن، — ئۇنىڭ ئۈستىگە تەرەققىياتنى ئۆزىنىڭ ئەنئەنىسىدىن ئايرىۋەتكەن خەلقنىڭ ئىستىقبالى بولمايدۇ.

— ئېدمۇندتىن سىزنى شائىر دەپ ئاڭلىدىم، — دېدى ۋېسنا خانىم، — قايسى تىلدا يازىسىز؟

— ئۇيغۇر تىلىدا يازىمەن، — دېدىم مەن، — بىزنىڭ شېئىرىيەت ئەنئەنىمىز ئۇزۇن.

— مۇنداق دەڭ، مەن سىزنى خەنزۇچە يازىدۇ، دەپ ئويلاپتىمەن.

— ئۆزىمىزنىڭ ئانا تىلى بار، تىلىمىز تۈركىي تىللار ئائىلىسىگە كىرىدۇ.

ۋېسنا خانىم مېنى قايتىدىن بايقاۋاتقاندەك، پاراڭغا تېخىمۇ ئىچەرگىلىشىپ كەتتى.

— سىز قايسى شائىرنىڭ تەسىرىنى ئېتىراپ قىلىسىز؟ — دەپ سورىدى ئۇ.

— ئېنىق بىلمەيمەن. مەندە جىق شائىرنىڭ تەسىرى بولسا كېرەك. يىللارنىڭ ئۆتۈشى بىلەن ئادەمنىڭ ھەۋىسى ئۆزگىرىپ تۇرىدىكەن. نېمە ئۈچۈندۇر ئوكتاۋىئو پاز (Octavio Paz) بىلەن ئۆزىمىزنىڭ مىللىي شائىرى نەۋايىنىڭ شېئىرلىرىنى دائىم ئوقۇپ قالىمەن، ئوقۇغانسېرى ئۇلاردىكى سېھرىي كۈچنى شۇنچە بايقايمەن.

— پاز؟ — سورىدى ۋېسنا خانىم.

— نوبېل مۇكاپاتىغا ئېرىشكەن مېكسىكا شائىرى، — دېدىم مەن، — ئۇنىڭ شېئىرلىرىدا شەرق ۋە غەربنىڭ خۇسۇسىيىتى ئۇچراشقان، ھەتتا تەسەۋۋۇپمۇ باردەك ھېس قىلىمەن.

— ھەيرانمەن، — دېدى ۋېسنا خانىم، — چەت ئەللەرنىڭ ئەدىبلىرى بىلەن خېلى جىق ئۇچراشقانىكەنسىز. ئۇلارنى تەتقىقمۇ قىلامسىز؟

— بەزىدە ماقالىلەر يازىمەن. تولستوي، سېرۋانتىس، مىلان كۇندېرالار ھەققىدە يازغانمەن.

— مىلان كۇندېرا (Milan Kundera)؟ — سورىدى ۋېسنا خانىم.

— شۇنداق، مەن ئۇ يازغۇچىغا قىزىقىمەن، — دېدىم مەن.

— مىلان كۇندېرا سىلەر تەرەپتە خېلى ئومۇملاشقانمۇ؟

— شۇنداق. ئۇنىڭ كۆپلىگەن ئەسەرلىرىنىڭ خەنزۇچىسى بار. مەن ئۇنىڭ «ھاياتتىكى چىدىغۇسىز يەڭگىللىك» (The Unbearable Lightness of Being) ناملىق رومانى توغرىسىدا ماقالە يازغان.

— كۇندېرانىڭ تەقدىرى باشقىچە بىر يازغۇچى. ئۇ ئۆز ۋەتىنىدە تۇرالمىغان. 1968 - يىلى سوۋېتلەر ئىتتىپاقى ئارمىيەسى چېخوسلوۋاكىيەگە بېسىپ كىرگەندىن كېيىن، ئۇ خىزمىتىدىن ئايرىلىپ، ئەسەرلىرى تەقىبلەنگەن، ئاخىر بولماي 1975 - يىلى فىرانسىيەگە چىقىپ كېتىپ، فىرانسۇز ھەم چېخ تىللىرىدا يېزىقچىلىق قىلغان.

— 20 - ئەسىردە سۈرگۈندىكى يازغۇچىلار كۆپ بولدى. كۇندېرا، مىلوش (Milosz)، برودىسكىي (Brodsky)، ئالېكساندىر سولژېنىتسىن (Aleksandr Solzhenitsyn)... بۇلار ئۆز دەۋرىنىڭ ۋىجدانىغا ۋەكىللىك قىلىدۇ. ئەينى دەۋرلەردىكى دىكتاتورلۇق تۈزۈم ئۇلارنى پاتۇرمىدى، شۇنىڭ بىلەن ئۇلار سۈرگۈننى تاللىۋېلىشتى.

— سەرسانلىق ئادالەت ئىگىلىرى ئامالسىز تاللىۋالغان ئەركىنلىك، ئۇلار ئىزدىگەن ئىمكانىيەت ئاشۇ نامەلۇم ماكاندىن تېپىلىدۇ. بەزى يازغۇچىلار ئۆز ۋەتىنىدە تۇرۇپمۇ ئۆيىگە سۈرگۈن بولىدۇ، ئۇلار ئۆزىگە تەۋە بولغان ئاشۇ بىردىنبىر بوشلۇقتا

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تورى


يېزىقچىلىق قىلىشىدۇ.
— شۇنداق، — دېدى باياتىن بېرى تىڭشاپ ئولتۇرغان ئېدمۇند گەپ قىستۇرۇپ، — ۋەتىنى ئۆزىگە تەۋە بولمىغان ئادەم ئۈچۈن يېزىقچىلىق ئۇنىڭ تىرىكچىلىك ماكانى بولۇپ قالىدۇ. بۇ سۆزنى سىئودور . ئادورنو (Theodor W.Adorno) ئېيتقان.
— قالتىس گەپ ئىكەن، 20 ـ ئەسىرنىڭ ئالدىنقى يېرىمىدىن بۇرۇنقى يەھۇدىيلارنىڭ ئۆزلۈك ئېڭى ئىپادىلەنگەن سۆز ئىكەن. ماڭا ئۇنى يېزىپ بەرگەن بولسىڭىز، — دېدىم مەن ئېدمۇندتىن ئۆتۈنۈپ.
سومكامدىن بىر ۋاراق قەغەز چىقاردىم، ئېدمۇند يېزىپ بەردى:
ۋەتىنى بولمىغان ئادەم ئۈچۈن يېزىقچىلىق مەۋجۇتلۇق ماكانىدۇر.
(For a man who no longer has a homeland, writing becomes a place to live . Theodor W.Adorno)
— راست گەپ قىلىش مۇمكىن بولمايدىغان يەر ھەققانىيەتچى يازغۇچىنىڭ ۋەتىنى بولالمايدۇ، — دېدىم مەن ئازراق تورۇۋالغاندىن كېيىن.
— ھەتتا ئۆزىنىڭ ئىنسان ئىكەنلىكىنى چۈشەنگەن ئادەملەرنىڭمۇ ۋەتىنى ئەمەس، — دېدى ئېدمۇند تولۇقلاپ.
ئىسابىللا تېخىچە تۇزۇك تاماق يېمەيۋاتاتتى. ۋىسنا خانىم ئىسابىللانى تاماق يېيىشكە كۆندۈرۈشنىڭ ئىلاجىنى قىلىشقا باشلىدى، ئېدمۇند ئۇنىڭغا بولۇشۇپ بەردى. مەن ئالدىمدىكى مايمۇن شاپتۇلىدىن بىرنى ئېلىپ، سويۇپ يېيىشكە تۇتۇندۇم.
— سىلەر كۆتۈپخانا ئۆيدە پاراڭلىشىپ تۇرساڭلار، — دېدى ۋىسنا خانىم بىرئازدىن كېيىن، — مۇنۇ تەخسىلەرنى يىغىشتۇرۇۋېتەي.
ئىسابىللا قولىدىكى ۋىلكا بىلەن شىرەنى ئۇرۇپ ئويىنىغاچ تاماق يېيىشكە كىرىشكەندى. بۇنىڭدىن كۆڭلى تىنغان ئېدمۇند مېنى ئۈستىگە باشلىدى. ئۇنىڭ قولىدىكى قىپقىزىل ۋىنو

چايقىلىپ تۇراتتى.

— ئىبدمۇنىد، — دېدىم مەن ئۇستۇنكى ئۆيدە ئۆرە تۇرۇپ، — ماڭا غەرب پەلسەپە تارىخى ھەققىدىكى ئامىباپ بىرەر پارچە كىتابنى تونۇشتۇرغان بولسىڭىز، ئىنگلىز تىلىدا كۆرۈپ باقسام دەيمەن. ۋەتەندە برتراند رۇسسېل (Russel) نىڭ شۇ تېمىدىكى ئەسەرلىرىنى كۆرگەنىدىم. شۇ ئەسەرلەرنىڭ ئىنگلىزچىسىنى كۆرسەممۇ بولار، بەلكىم.

— رۇسسېلنىڭ كىتابلىرىنى ئوقۇماق قىيىن، — دېدى ئىبدمۇنىد ئازراق ئويلىنىۋالغاندىن كېيىن، — ئۇنىڭ ئۆزىمۇ پەيلاسوپ بولغاچقا، پەلسەپە تارىخى ھەققىدىكى ئەسەرلىرىگە ئۆزىنى سىڭدۈرۈۋەتكەن. ئۇنىڭدىن رىچارد تارناس (Rechard Tarnas) نىڭ «غەرب ئىدىيە تارىخى» (The Passion of the Western Mind) دېگەن كىتابىنى ئوقۇسىڭىز ياخشى بولىدۇ، دەپ قارايمەن. بۇ كىتاب ئوبيېكتىپراق، چۈشىنىشلىك يېزىلغان بولۇپ، ئاپتورنىڭ خاھىشىدىن خالىي. سىزگە مۇۋاپىق كېلىشى مۇمكىن.

ئىبدمۇنىد بۇلۇڭدىكى بىر كىتاب ئىشكاپىنىڭ ئالدىغا بېرىپ كىتابنى ئىزدىدى ۋە ئۇ كىتابنى ئېلىپ ماڭا كۆرسەتتى. قېلىن بۇ كىتاب خېلى يىللار ئىلگىرى چىققان بولسا كېرەك، قەغەزلىرى سارغىيىپ كەتكەنىدى. ئىبدمۇنىدنىڭ ئىجازىتىنى ئېلىپ، كىتابنى سومكامغا سالدىم.

ئازراق ۋاقىتتىن كېيىن ئاشخانىغا چۈشۈپ ۋېسنا خانىمنىڭ دۇخوپكىدا يېڭى پىشۇرغان تاتلىق - تۈرۈملىرىنى مەززە قىلىشتۇق. خېلى كەچ بولۇپ قالغانىدى. مەن تۇرىدىغان يەر بۇ يەردىن خېلىلا يىراق بولۇپ، قانداق قايتىش مەندەك يول بىلمەيدىغان ئادەم ئۈچۈن مۇشەققەتلىك بىر جەريان ئىدى.

ئىبدمۇنىد ئائىلىسىگە كۆپتىن - كۆپ رەھمەت، تەشەككۇر ئىزھار قىلغاندىن كېيىن ئورنۇمدىن تۇردۇم. ۋېسنا خانىم مېنى ئۆيدىلا ئۇزىتىپ قالدى. ئىبدمۇنىد مەن بىلەن بىللە پەسكە

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تورى



چۈشتى. تالا قاراڭغۇ ۋە سوغۇق ئىدى، چىراغ يورۇقىدىكى كوچىلار تىمتاس، ئاندا ـ مۇندا غازاڭلار لەرزان شامالدا شىرىلداپ يەر بېغىرلاپ نەگىدۇر كېتىشەتتى. ئېدمۇند مېنى قايتىپ كېتەلىشىمگە قولايلىق بىر مېترو ۋوگزالىغا پىكاپى بىلەن ئاپىرىپ قويماقچى بولدى، پىكاپقا چىقىشىمىز بىلەن تەڭ يېغىن باشلاندى.

ۋوگزال ئىچىدە ئېدمۇند بىلەن خوشلاشتىم، ۋالسىم ستوف (Wolthemstove) غا بارىدىغان يۆنىلىشنى ئاۋايلاپ تاپتىم. كەچ بولغاچقىمىكىن، مېترودا ئادەم ئاز ئىدى. بىر ئورۇندۇققا جايلىشىپ، دوكتور تورۇپ، ئۆيدە بالا بېقىش بىلەن ئۆتۈۋاتقان ۋېسنا خانىمنىڭ تەسىراتى ئاساسىدا، «ئۆيدە ئولتۇرغان ئايال» (بىز كۆپ ھالدا «ئائىلە ئايالى» دەپ ئاتايمىز) دېگەن ئۇقۇم ئۈستىدە ئويلىنىشقا باشلىدىم. ئۆيدە ئولتۇرۇش، توغرىسىنى ئېيتقاندا ئائىلە ئايالى بولۇش، مەن كۆرگەن چەت ئەللەردە (ياپونىيە ۋە ئەنگلىيە) بۈگۈنكى ئۇيغۇرلىرىمىزنىڭ چۈشەنچىسىدىكىدەك ئۇنداق يوقىلاڭ ئىشلاردىن ئەمەس ئىدى، بەلكى ئائىلىنىڭ كەلگۈسى ۋە جەمەتىنىڭ توغرا ھايات يولى ئۈچۈن ئەجىر قىلىشتىن ئىبارەت. دەۋرىمىزدىكى ئەرلەر ۋە ئاياللارنىڭ كاللىسىدا ئۆيدە ئولتۇرىدىغان ئايال («ئائىلە ئايالى») ھەققىدىكى ئۇقۇم مۇجمەللىشىپ، كەمسىتىش مەنىسىگىمۇ ئىگە بولۇپ قالغان. كۆرگەنلىرىمدىن قارىغاندا، ئۆيدە ئولتۇرىدىغان ئايال ئوقۇمىغانلىقتىن ياكى ئىش تاپالمىغانلىقتىن ئۆيدە ئولتۇرۇپ قالغان بولماستىن، بەلكى ئۆزىگە پەرز سۈپىتىدە بۇيرۇلغان ئوقۇشتىن ئىبارەت ۋەزىپىنى ياخشى ئورۇنلاپ، ئۈمىد يۇلتۇزلىرى بولغان پەرزەنتلىرىنى ئۆز قولى بىلەن تەربىيەلەشنى ئۆزىنىڭ شەرەپلىك خىزمىتى قىلىپ تاللىغان ئايالدۇر، شۇنداقلا بۇ خىزمەت ئۈچۈن ئائىلىنى مۇھىم ئىش ئورنى دەپ تونۇغان ئايالدۇر.

ئۆيدە ئولتۇرىدىغان ئايال «جەننەت ئانىلارنىڭ ئايىغى ئاستىدا» دېگەن مۇبارەك ئورنىنى تاقاش لاياقىتىنى قولغا كەلتۈرۈشنى يادىدىن چىقارمىغان ئايال.

ئۆيدە ئولتۇرىدىغان ئايال ھەرگىزمۇ ئۆگىنىش ۋە قابىلىيەت يېتىلدۈرۈشتىن مەھرۇم بولغان ئايال بولماستىن، بەلكى مىللەت ۋە ئۇممەت تەقەززاسىغا لايىق ھالدا ھەقىقىي ئانا بولۇش ئۈچۈن بوش ۋاقىتلىرىدا ئۆگىنىدىغان، بالىلىرىنىڭ تەرەققىيات ئېھتىياجى ئۈچۈن ئۆزىنى تەرەققىي قىلدۇرىدىغان ئايال.

ئۆيدە ئولتۇرىدىغان ئايال غۇرۇر ۋە ئىززەتنى سېتىش بەدىلىگە كېلىدىغان خىزمەت ئۈچۈن تەلمۈرۈپ يۈرۈشنىڭ ئورنىغا بالىلىرىنى ئېتىقادلىق، ئەخلاقلىق، بىلىملىك قىلىپ تەربىيەلەش ۋە ئۇلارنىڭ ئىككى دۇنيالىق بەختى ئۈچۈن يۇقىرى مەنىۋى مۇقام بىلەن ئۆزىنى قوراللاندۇرغان ئايال.

ئۆيدە ئولتۇرغان ئايال ئۆزىنى قەدىرلىمىگەن جەمئىيەتتىن قاقشاپ يۈرۈشنىڭ ئورنىغا، جەمئىيەتنىڭ ھۆجەيرىسى بولغان ئائىلىنى قولغا ئېلىپ، كەلگۈسىدىكى گۈزەل جەمئىيەتنىڭ ئىنسانىي ئاساسىنى قۇرۇۋاتقان ئايال.

ئۆيدە ئولتۇرغان ئايال ئائىلىدە تەييارنى يەپ ئولتۇرغان ئايال بولماستىن، بەلكى بىلگۈچىلىكى بارلار ئۈچۈن ئېيتقاندا، ئائىلىسىنىڭ بەرىكىتى، ئەرنىڭ ئارقا تىرىكى، كەلگۈسىدىكى ئالىم ياكى ھاكىم ئەۋلادلارنىڭ تۇنجى ئوقۇتقۇچىسى.

ئۆيدە ئولتۇرغان ئايال ھەرگىزمۇ تۆھپىسىز ئايال بولماستىن، مېھرى ئارقىلىق بالىلىرىغا مۇھەببەتنى ئۆگەتكەن، ئاياللىق كۈچى ئارقىلىق ئەرلىرىگە مەدەت بەرگەن، دىيانىتى ئارقىلىق ئاۋۋال ئائىلىگە، شۇ ئارقىلىق جەمئىيەتكە ئىمان بېغىشلىغان ئايال.

ئۆيدە ئولتۇرغان ئايال ماددىي باياشاتلىقنىڭ كۈشەندىسى بولماستىن، ئائىلىنى بازار ۋە ئىستېمالنىڭ تەلتۆكۈس قولى

www.uyghurkitap.com ئۇيغۇر كىتاب تورى



بولۇپ قىلىشتىن ساقلايدىغان، ئائىلىنى ھارام ۋە مەكرۇھلاردىن خالىي قىلىدىغان، ئائىلىنىڭ ھەر تۈرلۈك پائالىيىتىنى ئىبادەتكە ئايلاندۇرىدىغان ئايال.

ئۆيدە ئولتۇرغان ئايال ھەرگىزمۇ رومانتىك تۇرمۇشنى ئۇنتۇپ كەتكەن ئايال بولماستىن، بەلكى ئائىلە ئەزالىرىنى داستىخان ئەتراپىغا يىغىپ، ئائىلىنى جەلپكار قىلىدىغان سۆيگۈ سەنئەتكارى ۋە ۋاپا قەھرىمانى.

ئۆيدە ئولتۇرغان ئايال قانداقتۇر ئاددىي بىر ئۆينىڭ ساھىبخانى بولماستىن، بەلكى بۇ دۇنيادىكى ھالاۋەتنىڭ بەرپاچىسى. ئۇ ئائىلىنى بىر كىچىك جەننەتكە ئايلاندۇرۇش ئارقىلىق مەنىۋى كۈچ، ئەقىدە ھاسىل قىلىپ، ھەقىقىي جەننەتكە كۆۋرۈك ياسايدۇ.

ئۆيدە ئولتۇرغان ئايال... ناھايىتى ئەپسۇسكى، بىزدە بىر تاشلاندۇق خارابىگە ئايلىنىپ قېلىش ئالدىدا تۇرۇۋاتىدۇ. ئەمدى ئۇنى تەخىرسىز بۈيۈك قۇرۇلۇش سۈپىتىدە قولغا ئالىدىغان ۋاقىت بولۇپ قالدى.

※ ※ ※

ئېدمۇند بىلەن ھەپتىدە بىر كۆرۈشۈپ تۇردۇق. كۆپ چاغدا ئون - يىگىرمە مىنۇت بالدۇر بېرىپ قالاتتىم. SOAS نىڭ ھويلىسىدىكى كىتابخانىدا كىتاب كۆرگەچ ئېدمۇندنى ساقلايتتىم. ئېدمۇند مائارىپ ئىنستىتۇتىدىكى ئىشخانىسىدىن ئالدىرماي چىقىپ كېلەتتى. ئۇنىڭ ئۇچىسىدا ھەمىشە مەن ئىلگىرى كۆرگەن كىيىم، يۇتىدا يەنە شۇ كومشىيىپ كەتكەن ئاياغ، مۈرىسىدە سالپىيىپ تۇرغان چوڭ پوچتا رەڭ سومكا. ئادەتتە، بۇ سومكىدا بىرەر - ئىككى پارچە كىتاب بولاتتى. ئاندىن ئىشتەيىن (قىلىدىغان ئىشلارنى پىلانغا ئېلىش) دەپتىرى بولاتتى. بۇ دەپتەر خىلىلا چوڭ بولۇپ، قالايمىقان بىرنەرسىلەر يېزىلغان

بولاتتى، لېكىن ئېدمۇندنىڭ ئۆزى ئۇ دەپتەردىن ئۆزىگە لازىملىق مەزمۇنلارنى دەرھال تاپالايتتى. ئۇ مەن بىلەن بولغان نۆۋەتتىكى ئۇچرىشىش ۋاقتىنى ئاشۇ دەپتەرگە بىر قارىۋەتكەندىن كېيىن بېكىتەتتى. ئېدمۇند بىلەن كۆرۈشىدىغان ۋاقتىمىز كۆپىنچە چۈش پەيتلىرىگە توغرا كېلەتتى. بۇنداق كۈنلەردە جۆۋەندە بولكىنى يالپاقلاپ توغراپ، ئارىسىغا بېلىق كونسېرۋاسى، كۆكتات سېلىپ، يالتىراقتا پەم بىلەن ئېلىپ ساندۇۋچ (قاتنان) ياسىۋالاتتىم ۋە ئۇنى ئىككى تال ئالما بىلەن قوشۇپ سومكىغا سېلىۋالاتتىم. ئېدمۇند بىلەن خوشلاشقاندىن كېيىن مەكتەپ ھويلىسىنىڭ چىملىقىدا ياكى ئاپتاپ چۈشۈپ تۇرغان بىرەر مەيداندا داق يەرگە ئولتۇرۇپلا ئۆزۈم ئەتكەن قاتناننى مەززە قىلىپ يەيتتىم. مىنېرال سۇ بىلەن يېيىلگەن قاتنان ماڭا شۇنداق ھۇزۇر بېغىشلايتتىكى، تۇرمۇشتىكى ئاددىيلىقنىڭ خاسىيىتىنى ئۆز تەجرىبەم ئارقىلىق چوڭقۇر ھېس قىلىپ يېتەتتىم. مەكتەپ ھويلىسىدا چۈشلۈك تاماقنى ئۇنداق يەيدىغانلاردىن مەنلا ئەمەس ئىدىم. ئاپتاپلىق كۈنلەردە ئوقۇغۇچىلار توپ - توپ بولۇپ ئولتۇرۇشۇپ پاراڭلاشقاچ چۈشلۈك تاماق يېيىشەتتى. ئوقۇغۇچىلارنىڭ كۆپى چەت ئەللىك بولۇپ، قىز - يىگىتلەرنىڭ ھەممىسى شۇنداق قاملاشقانىدى. بەلكىم ئۇلارنى بىرەر رېژىسسور تاللاپ ئەكەلمىگەندۇ، ئۇلارنى بۇ يەرگە ئېلىپ كەلگىنى ئۇلارنىڭ غايىسى، بىلىمى ۋە ئىقتىسادىي، ئىجتىمائىي ئىمكانىيىتى ئىدى. ياشلىق شۇ قەدەر بىباھا ئىكەنكى، ئۇ ھەممە ئادەمنى دىلرەبا ۋە شاش كۆرسىتىدۇ. ئاللانىڭ قۇدرەت كامالىتىدە گۈزەللىك تىپىنىڭ چېكى بولمايدۇ. قىزلار قايسى رەڭ ۋە قايسى ئىرقتىن بولمىسۇن شۇنداق رەنا ۋە سۆيۈملۈك ئىدى. بۇ ھال گۈزەللىك ۋە نازاكەتنىڭ ئىرقىي چېگراسى بولمايدىغانلىقىنى، ھەربىر ئىرقتىكى گۈزەللىكنىڭ ئۆزىگە خاس جازىبە بىلەن قەلب دۇنياسىغا زىلزىلە سالالايدىغانلىقىنى دەلىللەيتتى. قىزلار

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تورى


ئۆزىنىڭ گۈزەللىكىنى كۆز - كۆز قىلىپ قېتىۋالمايتتى، ئۇلار مۇلايىم، سەبىي ۋە تەبىئىي ئىدى. كېيىنكىشىلەردە ئىختىيارىي بىر كەيپىيات ھازىر ئىدىكى، گويا قولىغا نېمە چىقسا كىيىپ چىقىۋەرگەندەك كۆرۈنەتتى، ياسىنىشقا ئۇرۇنۇشىنىڭ ئالامەتلىرىنى سەزگىلى بولمايتتى. ئۇلارنىڭ يۈز - كۆزلىرى گىرىمسىز، يېنىكتىن ئۆتسە دالادىكى چېچەكلەرنىڭ پۇرىقى كېلەتتى. ئۇلار چىرايلىق كىيىنىپ، بۇ تۇرغاندا ياكى ئولتۇرغاندا، قىزلار... پىچانگۇللەردەك پۇرايتتى. ئۇدۇل كەلگەن يەرنى ئىلغىمايلا ئولتۇرۇشۇپ، سومكىسىدىن چىقارغان نەرسىلىرىنى يېيىشىپ، ئۆزلىرىنى قويۇپ بېرىپ كۈلۈشۈپ، پاراڭغا كىرىشىپ كەتكەن ئۇ قىزلار تاماشايىمدىن خەۋەرسىز ئىدى. ئادەملەرگە كۆنۈك كەپتەرلەر قىزلار توپىنىڭ ئاراچلىرىدا يورغىلىشىپ يۈرۈشەتتى. قىزلار بولكىلىرىنى ئۇۋاپ تاشلاپ بەرگەندە، كەپتەرلەر ھودۇقىنىدىن قانات قېقىپ قويۇشاتتى.

تۇرمۇشتىكى گۈزەللىكنى كاپىتال ياكى ھوقۇقنىڭ كۈچى بىلەن قوغلىشىپ ياراتقىلى بولمايدۇ، ئۇ تاما ۋە مەھكۇملۇقتىن خالىي، ئاددىي - ساددا، خالىس ئىنسانىي قەلبنىڭ دۇنيا ھەققىدىكى رىيائسىز كەشپىياتىدۇر. مەن يېگەن قاتنان شۇ قەدەر ئاددىي. ئۆزۈم ساغلام بولغاچقا ئۇ ناھايىتى لەززەتلىك. ئەتراپىمدىكى ھېچكىم ماڭا ئاشلىق ھالدا ئۆز گۈزەللىكىنى تەقدىم قىلمايدۇ، مەنۋىيىتىمدىكى گۈزەللىك ئۆزىنىڭ شولىسىنى ئۇلاردىن كۆرىدۇ.

ساغلاملىق، ئاپتاپ، قىزلار ۋە كەپتەر، قولۇمدىكى قاتنان ... مانا بۇلار ئاللا ئاشۇ دەقىقىدە ماڭا بەرگەن ئىمتىياز ... گۈزەللىك ئىزدىمە، ئۇ سەندە، دېگەن گەپنىڭ مەنىسى شۇ.

ئېدمۇند ئىككىمىز ئادىتىمىز بويىچە SOAS بىناسىنىڭ ئىككىنچى قەۋىتىدىكى ھېلىقى زالغا كىردۇق. ئۇ چاي بۇيرۇيتتى، مەن قەھۋە بۇيرۇيتتىم، بىر - بىرىمىزنى نۆۋەت بىلەن مېھمان قىلىشاتتۇق.

ئۇ ئۇيغۇر جەمئىيىتى، دىن ۋە مائارىپقا دائىر بەزى سوئاللارنى تەييارلاپ كەلگەن بولاتتى. ئەلۋەتتە، بۇ سوئاللار 20 - ئەسىرنىڭ ئالدىنقى يېرىمى مەزگىلىدىكى تارىخقا تۇتىشىپ كەتكەنىدى. كۆپ ھالدا ئۇنىڭ سومكىسىدىن مىرەھمەت سېيىت، يالقۇن روزىلار تەرىپىدىن يېزىلغان «مەمتىلى ئەپەندى» ناملىق كىتاب چىقاتتى. ئۇ، بۇ كىتاب ئاپتورلىرىنىڭ سالاھىيىتى، كىتابتىكى ماتېرىياللارنىڭ كېلىش مەنبەسى، ئاپتورلارنىڭ تارىخي پاكىتلار بىلەن بولغان ئالاقىسىگە دائىر كونكرېت سوئاللارنى سورايتتى. مەن ئۇنىڭ سوئال سوراش ئۇسۇلىدىن بىر تەتقىقاتچىنىڭ مەسىلىلەرنى كۆزىتىشتىكى ماھارىتى، پوزىتسىيەسى، ئەستايىدىللىقىنى كۆرەتتىم، شۇ ئارقىلىق ئۆزۈمدىكى كەمتۈك تەرەپلەرنى بايقايتتىم. تۇرۇپلا ئاۋات جەمئىيەت پۇقرالىرىنىڭ خاراب جەمئىيەت پۇقرالىرى بىلەن بولغان مۇھىم بىر پەرقىنى تونۇپ يەتكەندەك بولدۇم: ئاۋات جەمئىيەت پۇقرالىرى پاكىتلارسىز ھۆكۈم چىقارمايدۇ، ئاۋۋال پاكىت ئاساسىدىكى تەكشۈرۈشكە كۆڭۈل بۆلىدۇ، ئاندىن پاكىتنى مۇلاھىزە قىلىدۇ، بۇ مۇلاھىزىدىن نۆۋەتتىكى ئىش - ھەرىكەتكە مۇناسىۋەتلىك تۈپ قارارلارنى چىقىرىشىدۇ. بۇنداق ئىنسانلار پىتنە - پاساتقا ئازراق ئىشىنىدۇ، چېقىمچىلىق تۈپەيلى ئۆزىنى باسالماي خاتالىق ئۆتكۈزۈشتىن ئىمكانىيەتنىڭ بارىچە ساقلىنىدۇ.

مەن چەت ئەل تەتقىقاتچىلىرىنىڭ ئۇيغۇر ئادەتلىرى ھەققىدىكى يازمىلىرىدا ئىبراھىم نىياز بىلەن دوكتور راھىلە داۋۇتنىڭ تەتقىقاتىدىن ئېلىنغان نەقىللەرنى كۆپرەك ئۇچراتتىم ۋە بۇ ھەقتە ئېدمۇندتىن سورىماي تۇرالمىدىم:

— تەتقىقاتتا تەكشۈرۈشتىن كەلگەن بىرىنچى قول (ئەسلىي) مەنبەلەر ناھايىتى مۇھىم، — دېدى ئېدمۇند، — بىر ئادەمنىڭ ئەسىرىدىكى ئىلمىي قىممەت ۋە يېڭىلىقنى تەكشۈرۈش ئارقىلىق ئېرىشكەن پاكىتلار كۆپرەك بەلگىلەيدۇ، ئىبراھىم نىياز

ئۇيغۇر كىتاب تورى بىكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ بىكە ئادرېسى



ئۇيغۇرلاردىكى جەددىد مائارىپىنى بىۋاسىتە تەكشۈرگەن، ئەينى دەۋرنىڭ شاھىتلىرى بىلەن ئۇچراشقان، ئۇلاردىن ماتېرىيال ئالغان، شۇڭا كىشىلەر ئۇنىڭ يازمىلىرىغا مەلۇم دەرىجىدە ئىشەنگەن. راھىلەنىڭ ئۇيغۇر مازارلىرى ھەققىدىكى تەتقىقاتى بىزنى تەكشۈرۈشتىن كەلگەن پاكىتلىق ماتېرىياللار نۇقتىسىدىن بەكرەك قىزىقتۇردى.

راھىلە داۋۇتنىڭ مازارلار ھەققىدىكى كىتابى ئۇيغۇرلارغا قىزىقىدىغان تەتقىقاتچىلارنىڭ ماقالىلىرىنىڭ كەينىدىكى مەنبەلەر تىزىملىكىدە كۆزگە كۆپ چېلىقاتتى.

— سىلەر بىزنىڭ تىرىكىمىزگە قارىغاندا ئۆلۈكىمىزگە بەكرەك قىزىقامسىلەر نېمە؟ — دەپ سورىدىم مەن چاقچاق ئارىلاش.

ئېدمۇند كۈلۈپ كەتتى.

— سىلەرمۇ ئۆلۈكلەرنى چوڭ بىلىدىكەنسىلەر ئەمەسمۇ، — ئۇ ئالدىدىكى چايدىن بىر ئوتلىۋەتتى، — مازارلارنى تاۋاپ قىلىش ھاياتقا تۇتۇلغان پوزىتسىيەنىڭ بىر قىسمى. مازارلارنى تەتقىق قىلىش ئارقىلىق ئۇيغۇرلارنىڭ تۇرمۇش پەلسەپىسىنى چۈشەنگىلى بولىدۇ. شۇڭلاشقا، مازارلار تەتقىقاتى قىزىقارلىق.

ئېدمۇند بىلەن پارىڭىمىزدا بىر نۇقتىلىق تېما ئالدىنئالا بېكىتىلمىسىمۇ، ئاساسىي بىر خاھىش — ئۇيغۇرلارنىڭ ماددىي، مەنىۋى ھاياتىنى چوڭقۇرلاپ چۈشىنىشكە ئۇرۇنۇش بار ئىدى.

ئېدمۇند «مەمتىلى ئەپەندى» ناملىق كىتابىدىكى مەمتىلى ئەپەندىنىڭ شېئىرلىرىنى ئىنگلىزچىگە تەرجىمە قىلىپ بېقىشىمنى ئۆتۈندى. مېنىڭ ھازىرقى ئىنگلىزچە سەۋىيەمگە نىسبەتەن ئېيتقاندا، بۇ مۇمكىن بولىدىغان ئىشمۇ؟ ئېدمۇند ئەھۋالىمنى چۈشەنمەي قالمايتتى، مەن ئۇنىڭ تەكلىپىنى قوبۇل قىلدىم.

— Try، — دېدىم مەن ئېدمۇندقا. بۇ، ئۇيغۇر تىلىدىكى «سىناپ باقماق»، «قىلىپ باقماق» دېگەن سۆزلەرگە يېقىن

بولۇپ، ئىنگلىزلارنىڭ تۇرمۇش لۇغىتىدە ئاكتىپ پوزىتسىيەنى بىلدۈرىدۇ. ئۇلار پەرزەنتلىرىنى ھەمىشە سىناپ بېقىش (Try) قا رىغبەتلەندۈرىدۇ.

مەن كىتابنى ئېدمۇندتىن ئېلىپ كېتىپ، مەمتىلى ئەپەندىنىڭ شېئىرلىرىنى قايتا ـ قايتا ئوقۇيتتىم، ئاندىن ئۇنىڭدىكى ئىبارىلەرگە تەڭداش مەنىدىكى ئىنگلىزچە سۆزلەرنى لۇغەتلەردىن ئاختۇرۇپ، مىسرالارنى مېخانىك رەۋىشتە تەرجىمە قىلىپ چىقاتتىم. بۇنى ھەرگىزمۇ شېئىرىي تەرجىمە دېگىلى بولمايتتى، ئۇ پەقەت مەنىنى چىقىرىشقا بولغان بىر مەيدان مۇشەققەتلىك ئۇرۇنۇش ئىدى. مەمتىلى ئەپەندىنىڭ شېئىرلىرىدىكى قايغۇ ئارىلاش ئۈمىدۋارلىقنى ئىنگلىز تىلىدىكى كەيپىياتتا ئىپادىلەش مەن ئۇچۇن تولىمۇ يىراقتىكى ئىش ئىدى. مەن شېئىرلارنى تۇنجى قېتىم تەرجىمە قىلىپ بولغاندىن كېيىن قايتا ئاققا كۆچۈرەتتىم. ئۆزۈمچە بۇ ئەمگەكىمدىن تولىمۇ مەمنۇن ئىدىم. بۇ ھالدا ئېدمۇند بىلەن بولغان پارىڭىمىز ئىلمىي قاتلامغا شۇنچە تويۇناتتى.

كۆرۈشكەندە ئېدمۇندقا تەرجىمەمنى ئوقۇپ بېرەتتىم، ئېدمۇند ئۈيغۇرچىنى خېلى چۈشىنەتتى. ئۇ تەرجىمىلىرىمنى قولۇمدىن ئېلىپ، ئۈيغۇرچىگە سېلىشتۇرۇپ، بايا تەلەپپۇزۇمدىن ئېنىق بولمىغان ئايرىم تەركىبلەرنى ئېنىقلايتتى.

ــ مەمتىلى ئەپەندىنىڭ شېئىرلىرىدىكى مىللىيەتچىلىك ناھايىتى كۈچلۈك ئىكەن، ــ دېدى ئۇ تەرجىمىلەرنى كۆرگەندە، ــ بۇ خىل مىللىيەتچىلىك مەرىپەت ۋە تەرەققىياتقا بولغان تەشنالىق بىلەن خاراكتېرلەنگەن.

ئىنگلىز تىلىدىكى «Nationalism» نىڭ بىزدىكى مەنىسىنى «مىللەتچىلىك، مىللىيەتچىلىك، قوۋمىيەتچىلىك، ۋەتەنپەرۋەرلىك، ۋەتەنىيەتچىلىك» دېگەن سۆزلەر بىلەن ئىزاھلاش مۇمكىن. مەن باشقىلارنى يەكلەش خاراكتېرىدىن خالىي ھالدا ئۆز مىللىيىتىنىڭ

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تورى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يىغىن ئادرېسى



مەۋجۇتلۇقىنى تونۇش ۋە سۆيۈش ھەرىكىتىنى «مىللىيەتچىلىك» دەپ ئېلىشنى مۇۋاپىق تاپتىم، ئۇنى يەنە «مىللەتپەرۋەرلىك» دەپ ئالسىمۇ بولىدۇ، دەپ ئويلايمەن.

— رايونىمىزنىڭ سىرتىدىكى ئىجتىمائىي تەرەققىياتلار ۋە ئىنقىلابلارغا قارشى ھالدا ياك زىغشىن يەرلىك خەلقلەرنى بىكىنمە، نادان، قالاق، تەپرىققۋازلىقتا تۇتۇشقا تىرىشقان. خەلقنى ئاق ئويغىنىشقا ئېلىپ بارىدىغان مەكتەپ، مەتبۇئات دېگەنلەرگە ئوخشاش ۋاستىلەرنى قاتتىق چەكلىگەن. مېنىڭچە، سىز ئېيتقان تەشنالىق مانا مۇشۇنداق رىئاللىقنىڭ ئىنكاسى، — دېدىم مەن ئېدمۇندقا.

— شىنجاڭدىكى يەرلىك خەلقلەرنى ئىدارە قىلىش تەدبىرلىرى زو زوڭتاڭ دەۋرىدە شەكىللىنىشكە باشلاپ، ياڭ زىڭشىن دەۋرىدە خېلى پىشقان، — دېدى ئېدمۇند — ئۇ ھەرقايسى ئېتنىك قوۋملارنى بىر — بىرىگە، مۇتەئەسسىپ ئۆلىمالارنى جەدىدلەر (ئىسلاھاتچىلار) غا، يەرلىك بەگلەرنى ئۆز خەلقىگە قارشى قىلىپ قويغان. مانا بۇ سىياسەت ئىلمىدىكى «بۆلۈپ باشقۇرۇش» تاكتىكىسىنىڭ يەرلىك تۈستە سىستېمىلىشىشى.

— شۇنداق، — دېدىم مەن ئېدمۇندقا. نېمىشقىدۇر ئۇنىڭغا ئارتۇقچە ئىنكاس قايتۇرۇشنىڭ ئورنىغا خىيالغا غەرق بولدۇم.

— مائارىپتىكى ئىسلاھات ئابدۇقادىر داموللا دەۋرىدە دىن بىلەن بىرلەشكەنىكەن، مەمتىلى ئەپەندى ۋە مەخسۇت مۇھىتى دەۋرىگە كەلگەندە ئەلمانىي (دىندىن خالىي) تۈس ئېلىپ، بۇرھان شەھىدى، سەيپىدىن ئەزىزىلەر دەۋرىدە تامامەن ماتېرىيالىزملىشىپ، ئاخىر كوممۇنىستىك مەۋقە بىلەن بىرلەشكەن.

ئېدمۇند خېۋىر تۆمۈرنىڭ ئابدۇقادىر دامولla، ئابدۇخالىق ئۇيغۇر تېمىسىدىكى تارىخىي قىسسىلىرىنى تولۇق كۆرگەنىكەن، بۇرھان شەھىدى، سەيپىدىن ئەزىزى، سەيپۇللايوفلارنىڭ ئۆمۈر

ئەسلىمىلىرىنى خېلى تەپسىلىي ئوقۇپ چىقىپتۇ.

20 - ئەسىردىكى شىنجاڭنىڭ ئىدېئولوگىيە كۈرىشى كۆپ قۇتۇپ، كۆپ خىل كۈچ، كۆپ ئادەم ئارىلاشقان كۆپ پەردىلىك دىرامىغا ئوخشايتتىكى، رېژىسسورلار سەھنىنىڭ ئارقىسىدا بولغاچقا، ئۇلارنى كۆرەلمىگەن، خەلق ھەربىر پەردىنىڭ غالىبلىرىغا ھاڭۋېقىپ قاراپلا قالغان. سەرخىللار قوللىرىدىكى قەلەمنى خەلقنىڭ يۈرىكىدىن ئىبارەت دۇۋەتكە چىلاپ ئۆز ئارزۇلىرىنى سىزماقچى بولغاندا، ساددا خەلق دۇۋەتلىرىنى كىمگە تۇتۇپ بەرگىنىنى تازا ئاڭقىرالمىغان ھالدا قۇربانلىققا ئايلانغان.

ھەر قېتىملىق كۆرۈشۈش مەن ئۈچۈن بىر مەسئۇلىيەت ئىدىكى، تەييارلىقسىز كەلمەيتتىم. كۆرۈشۈشتە يا مەن گەپ قىلىشىم، يا ئېدمۇند گەپ قىلىشى كېرەك ئىدى. ھەر ئىككىسى ئىنگلىزچە سەۋىيەمنىڭ ئۆسۈشىگە پايدىلىق ئىدى. بىز بارغانسېرى كىشىلىك تۇرمۇشتىكى ھەسرىتىمىزنىمۇ تۆكۈشىدىغان بولۇپ كەتتۇق. ئېدمۇندنىڭ قېيىنئانىسى كىرودىيەدە تۇراتتى، يېشى سەكسەندىن ھالقىغان ئۇ موماي پات - پات ئاغرىپ قالسا كېرەك، ئېدمۇند ئايالىنىڭ كىرودىيەگە ئانىسىنى يوقلاش ئۈچۈن كېتىپ قالغانلىقىنى، قىزىغا ئۆزى قاراۋاتقانلىقىنى، يېزىۋاتقان كىتابىنىڭ پۈتمەي كەينىگە سۈرۈلۈپ كېتىۋاتقانلىقىنى ئېيتاتتى. بەزىدە ئۇ ئايالى بىلەن بىللە قېيىنئانىسىنى يوقلىغىلى كىرودىيەگە كېتىپ قالاتتى. ئۇ مومايىنىڭ بەكلا ياشىنىپ قالغانلىقىنى، ئايالىنىڭ ئانىسىنىڭ قېشىدا بولالمايۋاتقانلىقىنى ئېيتىپ، ئەپسۇسلىنىپ كېتەتتى. مەن بۇنىڭدىن ئېدمۇندنىڭ ئايالىغا بولغان سۆيگۈسىنىڭ باشقا بىر يۈزىنى كۆرگەندەك بولاتتىم. «مېنى سۆيسەڭ ئانامنىمۇ سۆي»، بۇ قەشقەر پېداگوگىكا ئىنستىتۇتىدا ئوقۇۋاتقان مەزگىلىمدىكى مۇھەممەد قېيۇم ئىسىملىك بىر ئوقۇلدىشىمنىڭ بىر پارچە شېئىرىنىڭ ماۋزۇسى بولۇپ، ئېدمۇندنىڭ

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com


قىيىنچىلىقلار ئۇچرىغاندا ئۇيلۇپلاپ بوشىشىپ قالماي بىر - بىرىنى ئىلھاملاندۇرۇپ، بىرلىكتە قىيىنچىلىقنى يېڭىپ، ئورتاق ياشاشنى خالىغانلىقىنىڭ، ئائىلىنى ۋە ئائىلە مەسئۇلىيىتىنى ئۇلۇغلاش روھىنىڭ ئىپادىسى. ئايالى ئېرىگە، ئېرى ئايالىغا قىيىنچىلىقنى ئارتىپ قويماي، ئۆزلىرى ئارتىۋېلىشقا تىرىشسا، ئائىلىدىكى مۇھەببەت ئۆزلۈكىدىن مۇستەھكەملىنىدۇ.

قىيىنچىلىقلارغا بولغان مەسئۇلىيەتنى ئۇنىڭ ئايالىغا بولغان مۇھەببىتىنىڭ ئىپادىسى دەپ تەسۋىرلىشىمگە ئىپتىم شەكلى بولالايدۇ. مۇھەممەد قىيۇمنىڭ شېئىرىدا شەرقچە، تېخىمۇ كونكرېت ئېيتقاندا، ئۇيغۇرچە ئائىلىۋى مۇھەببەتنىڭ تەقەززاسى ئايان ئىدى. ئېھتىمال ئۇيغۇرچە ۋاپادارلىقنى ئويلاپمۇ كەتمىگەندۇ، بەلكىم، ئۇنىڭ قىيىنچىلىقلاردا بولغان ئىخلاسى مەسئۇلىيەت ئۇقۇمى بىلەن كۆپرەك باغلىنىپ كەتكەن بولۇشى مۇمكىن. قانداقلا بولمىسۇن بۇ بىر خىل مۇھەببەت ئىدى. مۇنداق بىر يۇمۇرلۇق سۆز ئېسىمدىن كېچىپ قالدى:

ئەگەر بىر ئەر ئايالىغا ماشىنىنىڭ ئىشىكىنى ئېچىپ بەرگەن بولسا، بۇ يا ئايالىنىڭ يېڭىلىقىنى، يا ماشىنىنىڭ يېڭىلىقىنى بىلدۈرىدۇ.

(When a man opens a car door for his wife , it’s either a new car or a new wife.)

بۇ گەپتىن قويۇق ئەمەلىيەتچىل ۋە ئىستېمالىيەت پۇراپ تۇرىدۇ. ھازىرقى زامان ئادەملىرىنىڭ كۆپىنچىسى ئاشۇنداق بولىدۇ. توختام سۇدەك تىنجىق، بىر خىل رەۋىشتىكى بۇرۇقتۇرما ئائىلىۋى تۇرمۇشنىڭ ئىچكى قىسمىدىكى ئاجىزلىق يېڭىچە بىر تۇرمۇشنى سىناپ بېقىشقا قوشكۇرتىدۇ. ئاران تۇرغان ۋاقىتىڭىزدا «تونۇگۈن بەك مۇھىم تۇيۇلغان ئىشلار بۈگۈن بەك مۇھىم بولۇپ كېتىشى ناتايىن. شۇڭا، ھەربىر كۈن ئۆز ئىستراتېگىيەسى ۋە قارارىغا ئېھتىياجلىق» دېگەندەك ئۆتكۈنلەر سىزنى ھازىرنى قەدىرلەش خاھىشىغا ئاتلاندۇرىدۇ. بىراق، ئېھتىمالدىنىڭ تۇرمۇش يولى مۇنداق بىر مەسىلەكنى ئاۋازسىز خىتاب قىلىۋاتقاندەك تۇيۇلاتتى:

ئاتا - ئانىنى قەدىرلە، ئايالىڭ ۋە بالىلىرىڭنى سۆي، ئادىي -

ساددا ياشا. بەخت دېگەن ئەنە شۇ.

بۇنىڭغا قاراپ ئېدمۇندنىڭ جەمەتىنى ئەنئەنىۋى ئەخلاقىي قىممەتكە مايىل ئاقسۆڭەكلەردىن بولسا كېرەك، دەپ ئويلاپ قالاتتىم. بۇ ھەقتە ئېدمۇندتىن سوراپمۇ يۈرمىدىم. باشقىلارنىڭ شەخسىيىتىنى ئۆزلىرى ئېيتمىغىچە سوراپ ئولتۇرۇشنى ئۆزۈمگە راۋا كۆرمەيتتىم. كاپىتالىزم، شەخسىيەت ۋە ئىستېمالچىلىق راسا گۈللەنگەن بىر جەمئىيەتتە ئېدمۇندتەك بىر شەخسنى ئاز دەپ ئويلايتتىم. بۇ ئويۇم ئادەتكە ئايلانغان قاراشنىڭ مەھسۇلى بولسا كېرەك. ھەر ھالدا ئەنئەنە، ئەخلاق، ۋاپا، كۆيۈم قاتارلىق ئۇقۇملارنى كىشىلىك تۇرمۇشنىڭ مەزمۇنىغا ئايلاندۇرۇپ، ئۇنى ئۆزىنىڭ تەبىئىتى ۋە سەممىيىتى قىلىپ ئۆتىدىغان ئېدمۇندتەك كىشىلەرنى غەرب جەمئىيىتىدە ئاز، بىزنىڭ جەمئىيەتتە كۆپ دەپ ئېيتىشىمغا ئەقلىي ئاساس تاپالمايدىغىنىمنى چۈشەندىم.

ئاردا ئېدمۇند بىلەن ئىككى - ئۈچ ھەپتە كۆرۈشەلمىدۇق، چۈنكى ئۇ ئايالىنى داۋالىتىش بىلەن بولغانىدى. ئۇنىڭ بىلەن ئايالى دوختۇرخانىدىن چىقىپ بولغاندىن كېيىن كۆرۈشتۇق. ئۇ ئايالىنىڭ ناھايىتى جاپا تارتقانلىقىنى، ئۇنىڭ ئۆزىگە نۆۋەتتىكى ئەۋلاد قالدۇرۇپ بېرىش ئىقتىدارىنىڭ بەكلا شۈبھىلىك بولۇپ قالغانلىقىنى ئېيتىپ يىغلاپ تاشلىدى. شۇ چاغدا مەن كۆز ئالدىمدا دوكتور ئەمەس، ئىنگلىزمۇ ئەمەس، بىر ئىنساننى كۆردۈم. بۇ ئىنساننىڭ ئىنسانىيلىقىدا ئادەم ئەلەيھىسسالام، نوھ ئەلەيھىسسالاملارنىڭ زاتىنى كۆردۈم. شۇ تاپتا ئادەم ئەلەيھىسسالامنىڭ ئىككى بالىسى ئۆزلىرىنىڭ زامانىۋى دۇنياغا خاس سۈپەتلىرىنى تامامەن ئۇنتۇغان ھالدا بىر - بىرىنىڭ مېھرى ۋە ھەسرىتىگە شېرىك بولۇشماقتا ئىدى. ئىككى ئادەمنىڭ بىر - بىرىنىڭ سەممىيىتىگە شەك كەلتۈرمىگەن ھالدا دەردلىشىشى قانداق ھۇزۇر - ھە! مەن ئېدمۇندقا تەسەللى بېرەتتىم، ھالىمغا

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



ۋايىكى، ئىنگلىزچەم يېتىشمەيتتى، ئىنگلىزچەم قەلبىمدە كۆۋەجەپ تۇرغان پايانسىز ھېسداشلىق دېڭىزىنى تەسۋىرلەپ بېرىشكە ھەرگىز يەتمەيتتى. مېنىڭ ئىنگلىزچەم ئاشۇ دېڭىزدىكى ئاجىزغىنە بىر قېيىقتەك نېمە قىلىشنى بىلمەي لەيلەپ قالاتتى. شۇنداقتىمۇ مەن ئېدمۇندنىڭ بەختلىك ئەر ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلايدىغان سۆزلەرنى ئېيتاتتىم.

— ياخشى جەمەت، ياخشى خىزمەت، ساغلام تەن، ياخشى كۆرىدىغان ئايال، شوخ بالا، ھەممىدىن مۇھىمى قانۇن بويىچە ماڭىدىغان جەمئىيەت پۇقراسى ...

— مەن بالىغا بەك ئامراق، — دەيتتى ئېدمۇند.

— تىلىسەڭ ئاللا بېرىدۇ، — دەيتتىم مەن.

يەنە بىر قېتىم كۆرۈشكەندە، ئۇ ئەڭ بولمىغاندا بالا بېقىۋېلىش نىيىتىنىڭ بارلىقىنى ئېيتتى، مەن ئۇنى شۇنداق قىلىشقا رىغبەتلەندۈردۈم.

بىزدە غەربنى كۆرمىگەن، ئەمما غەربلىكتەك بولۇۋالغان زامان مودىلىرى بار. ئۇلار تۇغۇلغان كۈن خاتىرىسى ئۆتكۈزۈپ تورتلارغا شام قادايدۇ، ئاخشا ئېيتىپ شام پۈۋلەيدۇ. ئۇلار پەرزەنتلىك بولۇشنى شەرقنىڭ ھاماقەتلىكى دەپ بىلىدۇ. ئەرلەر ئارىسىدا ئەرسىز يۈرىدۇ، ئاياللار ئارىسىدا ئايالسىز يۈرىدۇ. پاكىت شۇكى، غەربتە شۇنداق ئادەملەر بار. لېكىن، غەربنىڭ ئادەملىرىنىڭ نورمال ئائىلىۋى تۇرمۇشنى جىنىدىن ئەزىز كۆرىدىغانلىرى يەنىلا كۆپ. لوندون شەھىرىنىڭ چوڭ تاللا بازارلىرىدا بىرقانچە بالىسىنى ئەگەشتۈرۈپ نەرسە - كېرەك سېتىۋالىدىغان ئەر - خوتۇنلار تالاي.

بەزىدە مەسلىھەت سورايدىغان ئىش بىلەن ئېدمۇندقا تېلېفون قىلاتتىم، بەزىدە ئۇ ئۆز ئاتا - ئانىسىنىڭ يېنىدا بولاتتى، بەزىدە ئائىلىسى بىلەن بىللە ساياھەتكە كەتكەن بولاتتى. مۇبادا تۆت - بەش كۈنلۈك دەم ئېلىشى بولسىلا لوندوندا تۇرمايتتى، بىر بولسا

فىرانسىيەدە، بىر بولسا ئىتالىيەدە ساياھەتتە بولاتتى. قايتىپ كەلگەندە قىزى ئېسابىللانىڭ قانداق خۇش بولۇپ كەتكەنلىكىنى زوق - شوق بىلەن سۆزلەپ بېرەتتى.

— سىلەر ئۇچۇن چەت ئەللەرگە چىقىش تولىمۇ ئاسان گەپ ئىكەن، گىلوبۇسنى ئالدىڭلارغا قويۇپ، بارمىقىڭلارنى قەيەرگە تەگكۈزسەڭلار شۇ يەرنىڭ مېھمىنى بولالايدىكەنسىلەر، بىز ئۇ يىلدىن بۇ يىلغا تۇرپانغا بېرىپ بولالمايمىز، — دەيتتىم مەن ئېدمۇندقا.

— بەزىدە بىزنىڭ ئادەملىرىمىز ئاپتاپسىنىپ كېلىش ئۈچۈن ئاتايىتەن ئىسپانىيەگە بېرىشىدۇ، — دەيتتى ئېدمۇند، — ھەپتە ئاخىرىدا دۆلىتىدە تۇرمايدىغانلارمۇ خېلى بار.

— ئەگەر بىز گىلوبۇسنى پىرقىرىتىمىز دېسەك، ئوچاقتىكى ئوت ئۆچۈپ قېلىپ قورساق تويماي قالىدۇ، — دەيتتىم مەن چاقچاق قىلىپ، — چۈنكى، گىلوبۇسنى ھەرقانچە پىرقىراتسامۇ جايىمنى تاپالماي قالىدىكەنمەن.

— بەلكىم، گىلوبۇس سىنى پىرقىرىتىۋاتقان بولۇشى مۇمكىن، — دەيتتى ئېدمۇند چاقچاق بىلەن جاۋاب بېرىپ، — مۇقىم ئورنۇڭ بولمىسا پىرقىراۋېرىسەن شۇ.

ئېدمۇند ئىقتىسادىي ئەھۋالىمنى بىلگەچكە مېنى ئايايتتى، ئەرزان نەرسىلەر بار سودا رايونلىرىنى تەۋسىيە قىلاتتى، مەن ياخشى كۆرىدىغان كىتابلارنى تەقدىم قىلاتتى، ئېھتىياجلىق ماتېرىياللارنى بېسىپ تەييارلاپ بېرەتتى. ئەنگلىيەدە بانكا ھېسابات كارتىسى ئاچقۇزۇش مۇشكۇل بىر ئىش ئىكەن. ئېدمۇند ماڭا ھامىيلىق قىلىپ ئۇ ئىشلارنى ئاسانلاشتۇرۇپ بەردى. تۇرمۇشتا مەن بىر يەسلى بالىسى، ئۇ گويا يېتەكچىم ئىدى. ئۇ كۇتۇپخانىلار، كۆرگەزمىخانىلار، باغچىلارغا ئاپىرىپ، كۈندىلىك تۇرمۇشۇمنى بېيىتىدىغان نۇقتىلارنى ئايانماي كۆرسىتەتتى.

بەزىدە ئېدمۇند بىلەن SOAS نىڭ يېقىن ئەتراپىدىكى

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يىگانە تارقىتىش ئادرېسى



قەھۋەخانىلارغا بېرىپ ئولتۇرۇپ كېلەتتۇق. مەن بىر ئىستاكان سۈت قوشۇلغان قەھۋە (Cappuccino) بۇيرۇيتتىم، ئۇ، قەدەھچىلىك كېلىدىغان بىر ئىستاكاندا ساپ قەھۋە (Double espresso) ئەكەلدۇرۇپ، قايناق سۇ بىلەن تەڭشەپ، سۈت ۋە قەنت سالمايلا ئىچەتتى ۋە سەرەڭگە قېپىچىلىك چوڭلۇقتا جۇۋەندە باقالى يەيتتى. ئەنە شۇلار ئېدمۇند ئۈچۈن بىر ۋاق تاماقتا ھېساب بولاتتى. بەزىدە ئۇ ئىچكە ياۋا كۆكتات ئېلىنىپ يۇگەلگەن نېپىز چەلپەك يەيتتى. ئىككى چىشلىسە تۈگەپ كېتىدىغان چەلپەك ئۇنىڭ ئۈچۈن بىر ۋاقلىق تاماق ئىدى. مەن ئۇرۇمچىدىكى قەھۋەخانىلار بىلەن لوندوندىكى قەھۋەخانىلارنىڭ زور پەرق قىلىدىغانلىقىنى كۆردۈم. ئۇرۇمچىدىكى قەھۋەخانىلار كىچىك خانىلار ۋە دالانچىلارغا ئايرىلىپ پەردىلەنگەن بولىدۇ، قاراڭغۇ خانىلار ئىچىدە گۇڭگا چىراغلار يېنىپ تۇرىدۇ. ھەمراھلار خىرە - شىرە بۇلۇڭلاردا ئولتۇرۇپ، نېپىز پەردىلەرنىڭ دالدىسىدا ھاي بېرىپ كەلگەن شەيتىنىنى قويۇپ بېرىشىدۇ. بۇنداق قەھۋەخانىلاردا قورۇملارمۇ بولىدۇ. قورۇملار رومانتىك جىنسىي كەيپىيات بىلەن بىرلىشىپ، پۇل خەجلەشتىكى تورمۇزلارنى بوشىتىدۇ. لوندوندىكى قەھۋەخانىلار ئۇنداق ئەمەس، لوندوندىكى قەھۋەخانىلارنى ئىس - تۈتەكسىز ئاشپۇزۇل دېيىشكە بولىدۇ. كىشىلەر بۇ يەرگە كىرىپ، چاي، قەھۋە تىپىدىكى ئىچكۈلەرنى ئىچىپ، پىشۇرۇقلارنى يەپ، قورساقلىرىنى ئەستەرلىشىدۇ، يورۇق چىراغ يورۇقىدا كىتاب كۆرۈشىدۇ، كومپيۇتېرلىرىنى ئېچىپ ئۇچۇر كۆرىدۇ. دەرۋەقە، بۇ يەردە ئاشىق - مەشۇقلارنىڭ سۆھبىتىمۇ بولىدۇ. لوندوننىڭ قەھۋەلىرى كىشىگە قەھۋەنىڭ ھەقىقىي ھۇزۇرىنى بېرەلەيدۇ. بۇ يەردە يېپىق ھالدىكى بىرەر مەنزىرە ياكى قىلىق - ھەرىكەتلەرنى كۆرگىلى بولمايدۇ. بىلىشىمچە، لوندوندا ھەممە نەرسە ئاشكارا بولۇپ، ئىپپەت سودىلىرىمۇ كىشىلەرنىڭ كۆزلىرىنى غەلەت قىلىپ يۈرمەيدۇ. ئۇرۇمچىدە ئەخلاقتا دائىر

گەپلەر دەبدەبە بىلەن ھەممە ياقنى بىر ئالغان، ئەمما بارچە سورۇندا جىنسىي رەڭ بار، پاسىل يوق. ھەر ئىككى شەھەرنىڭ قىچىشقاقلىق كېسىلى بار، بىرى ئاشكارا، بىرى يوشۇرۇن.

ھازىرمۇ دەرس ئارىلىقىدا ئازراق بىرنەرسە يېگۈم كەلگەندە لوندوننىڭ ئاشۇ قەھۋەخانىلىرىنى سېغىنىمەن. توختۇپ كەتكەن ۋاقىتلىرىمدا لوندوندا ئىچكەن قايماقلىق، ئىسسىق تۈرك قەھۋەلىرىنى كۆڭلۈم تارتىدۇ. بىر ئىستاكان پاكىز، ئىسسىق سۈت...

ئېدمۇندتىن سورىماي تۇرالمىدىم:

— چۈشتە ھېچقانچە بىرنەرسە يېمەيدىكەنسىز، قانداق گەپ بۇ؟

— كۆنۈپ قالدىم، قويۇق قەھۋە ئىچسەم ھېساب بولۇپ قالىدۇ.

SOAS بىناسىنىڭ ئىككىنچى قەۋىتىدە ۋە مەكتەپ ئاشخانىسىدا چۈش پەيتىنى ئۆتكۈزگىنىمدە ئوقۇتقۇچىلارنىڭ تاماقلىرىغا سەپسالاتتىم. گۆشسىز ئوتياش سېلىنغان دۆملىمە گۈرۈچ ئۇلارنىڭ ئېسىل غىزاسى ئىدى. ئۇلار كۆپ چاغدا ئىسسىق چاي بىلەن ئىككى كېسىم باقالى يەيتتى، ئارقىدىن بىرەر تال ئالما ياكى باناننى سومكىسىدىن چىقىرىپ ئالدىرىماي يەپ، گېزىت كۆرەتتى. ئۇلارنىڭ بىر ۋاقىتلىق تامىقى شۇ قەدەر ئاددىي ۋە ئاز، لېكىن ئۆزلىرى روھلۇق، تېتىك كۆرۈنەتتى.

— لوندوننىڭ كىشىلىرى ئاز يەيدىكەن، شۇنداقتىمۇ قەددى ـ قامەتلىك، تولغان بولىدىكەن، — دەيتتىم مەن ئېدمۇندقا.

— گەپ كۆپ يېيىشتە ئەمەس، قايسى ۋاقىتتا نېمە يېيىش ۋە قانچىلىك يېيىشنى بىلىشتە، — دەيتتى ئېدمۇند، — ئۆزىگە نېمە لازىملىقىنى بەدەن ياخشى بىلىدۇ.

— يەپ ـ ئىچىشلىرىڭىزدىن تارتىپ كىيىنىشلىرىڭىزغا قەدەر ئاددىي ئىكەن، — دېدىم مەن ئۇنىڭغا.

— مەن شۇنداق ئاددىي، ئۆزۈمگە تېگىشلىك بولمىغان نەرسىنى باشقىلار بەرسىمۇ ئالمايمەن. مەن دېگەن مەن، ئۇ دېگەن ئۇ، بەسلەشمەيمەن. لېكىن، قولۇمدىن كېلىشىچە ئىشلەيمەن.

— پەيغەمبىرىمىز «يىگىنچىلىك نەرسىدىمۇ باشقىلارغا موھتاج بولۇپ قالما» دېگەن. يەنە بىر يەردە «ئەي ئادەم بالىلىرى، ئۆزۈڭدىكى ئۆزۈڭگە يېتىدۇ» دېگەن. بىزنىڭ ئادەملىرىمىز ئۆزىنىڭ ھەق - ھوقۇقىنى سۈرۈشتۈرمەيدۇ، لېكىن ئېھتىياجىدىن تاشقىرى مال - مۈلۈككە ھېرىس بولۇپ، نەپسىنىڭ قۇلىغا ئايلاندى.

— ئۇنداق ئادەملەر باي بولسىمۇ ئاجىز بولىدۇ.

— ئۇلار ئىبقىن سۇدىكى ئەخلەتكە ئوخشايدۇ، نەگە بېرىپ، نەدە توختاش ئۇنىڭ ئىختىيارىدا ئەمەس، سۇنىڭ ئىختىيارىدا.

ئېدمۇند ئەنگلىيە جەمئىيىتىگە نىسبەتەن ئوتتۇرا تەبىقە كىشىلىرىگە كىرىدۇ. بۇنداق كىشىلەر بۇ جەمئىيەت نوپۇسىنىڭ غوللۇق قىسمىنى ئىگىلەيدۇ. ئۇلار تىنىمسىز ئىشلەيدۇ، ھاياتىنى مېھنەت ۋە ئاددىي - ساددا بەھرىمەنلىك ئىچىدە خىرامان ئۆتكۈزىدۇ. مەن ئېدمۇند ئارقىلىق ئەنگلىيە جەمئىيىتىدىكى ئوتتۇرا تەبىقە كىشىلىرىنىڭ سىيماسىنى ئاساسەن كۆرەلىدىم، دەپ قارايمەن.

ئېدمۇند كىشىلىك مۇناسىۋەتتە ئۆزىنىڭ تۇرمۇش ئۆلچىمىنى باشقىلارغا تاڭمايتتى، لېكىن ئۆزى بەجانىدىل ئەمەل قىلاتتى، ئۆز ئەمەلىيىتىدىن ئۆزى تولۇق رازى ئىدى. سۆھبەتلەردە ئۆزى قوشۇلۇپ كېتەلمەيدىغان قاراشلارغا «شۇنداقمۇ، سىز شۇنداق قارامسىز؟ قىزىقارلىق ئىكەن» دېگەندەك سۆزلەر بىلەن ئىنكاس قايتۇراتتى. بۇنىڭغا قاراپ، ئۆزىگە پۇختا مىللەتلەر پىرىنسىپلىق مەنپەئەتىگە ياتمايدىغان ئەگەشمە مەسىلىلەردە باشقىلار بىلەن زىددىيەتلىشىپ ئولتۇرمايدىكەن، بەلكى مۆۋاپىق مۇرەسسە بىلەن ئۆزىنى نىقابلايدىكەن، دەپ چۈشەندىم. ئامېرىكىنىڭ «تۇرمىدىن

قېچىش» (Prison Break) فىلىمىدىكى ئاساسلىق قەھرىمان مايكول سكولفىلد ھەرقانچە خورلانسىمۇ قوشۇمچە زىندىيەتكە ئەگىشىپ كېتىپ، ئەسلىدىكى نىشانىنى يىتتۈرۈپ قويىدىغان ئىشنى قىلمايدۇ، ھەر زامان غەزەپ ۋە ھېسسىياتنىڭ دەخلىسىنى رەت قىلىدۇ. مانا بۇ ئەقىل بىلەن ئىش قىلىشقا ئادەتلەنگەن مىللەتنىڭ تۇرمۇش پوزىتسىيەسى.

ئېدمۇند ئۆزىنىڭ خۇسۇسىي تۇرمۇش رايونىغا ھېچكىمنى يولاتمايتتى. ئۇ سىرلىرىنى تۆكۈپ بولۇپ، تاشلاندۇق خالتىدەك بىنەزەر ھالەتكە چۈشۈپ قالىدىغانلاردىن ئەمەس ئىدى. ئۇ باشقىلارغا كۆيۈنەتتى، لېكىن كۆڭلىنى ئېزىپ ئىچۈرۈپ يۈرمەيتتى. باشقىلارنىڭ تەبىئىتى كۆتۈرەلمەيدىغان ياخشىلىقلارنىمۇ قىلىمەن دەپ ئاۋارە بولمايتتى. بۇنى مەن ياخشىلىقنى ئىسراپ قىلماسلىق قانۇنى، دەپ ئاتىۋالدىم.

ئېدمۇند ئاددىي بىر ئادەم، ئۇ ئاددىيلىقىنى ئۆزىمۇ بىلىدۇ ۋە بۇ ئاددىيلىقىدىن راھەت ھېس قىلىدۇ. لېكىن، ئۇنىڭ ئاددىيلىقىدا ۋەزىيەت ۋە ئادەملەرگە نىسبەتەن تەنقىدىي كاللا، كەسىپكە نىسبەتەن چوڭقۇر چۈشەنچە، تۇرمۇشقا نىسبەتەن كەڭ قورساق پوزىتسىيە بار. شۇڭا، ئۇنىڭ ئاددىيلىقىنى ھېچنېمىدىن خەۋىرى يوق ئاڭقاۋ ـ نادان، بىغەم ئادەملەرنىڭ ئاددىيلىقىغا ئوخشاتقىلى بولمايتتى. ئۇنىڭ ئاددىيلىقى يۇكسەك ئىجتىمائىي ئاڭ ئۇستىگە قۇرۇلغان، مەرىپەت ھېسسىگە باي ئاددىيلىق ئىدى. ئۇ، كوچىلاردىكى ئادەملەر توپىغا كىرىپ كەتسە، ئۆزىنىڭ پۇقراۋى شان ـ شەرىپى بىلەن ئۇلارغا تەبىئىي سىڭىپ كېتىدۇ.

www.uyghurkitap.com ئۇيغۇر كىتاب تورى

# بەخت ۋە دەججالنىڭ پىتنىسى

گادای بايغا يەتسەم دېگۈدەك،
باي خۇداغا يەتسەم دېگۈدەك.

ـ ئۇيغۇر خەلق ماقالى

بىراۋ سۇ تاپالمايدۇ ئىچكىلى،
بىراۋ سۇ تاپالمايدۇ كەچكىلى.

ـ ئۆزبېك خەلق ماقالى

بىر شەھەرنىڭ ئوبرازى هامان پارچە ـ پۇرات تەسىراتلارنىڭ يىغىندىسىدىن مەيدانغا چىقىدۇ. بىزگە ئالاھىدە تەسىرات ئاتا قىلغان ئۇ نەرسىلەر ساياھەت قوللانمىلىرىدا ياكى دىققەتكە سازاۋەر كىلاسسىك كىتابلاردا مەخسۇس قەيت قىلىنغان نەرسىلەر بولۇشى ناتايىن. لېكىن، ئۇلار دىققىتىمىزنى ئىختىيارسىز تارتقان ھەمدە مەنىۋىيىتىمىزنىڭ نازۇك پەردىلىرىدە ئۆزلىرىنى ئەكس ئەتتۇرگەن نەرسىلەر بولۇپ چىقىدۇ. بەلكىم، ئۇ بىر مەنزىرىدۇ، لېكىن ئۇنى مەنزىرە دەپلا ئويلاپ قالماڭ، ئۇ خاراكتېرىڭىز ياكى ئىدىيەڭىز تاللاپ ئالغان ئەينەكتۇركى، مەنزىرە گويا شۇ مەنزىرىنى كۆزەتكۈچىنىڭ ئۆزى.

«ياۋا چۆپلەر يايپېشىل، يىنىمدىن غازاڭلار ئۇچۇپ ئۆتىدۇ، لەرزان شامال ئەتراپتىكى بالىلارنىڭ كۈلكىلىرىنى ئېلىپ

كىلىپ، يەنە جىمىپ قالىدۇ. بىر پىشقان مەدەنىيەتنىڭ ئادەملەرگە ئېلىپ كېلىدىغىنى تەنتەكلىك ۋە قىزغىنلىق ئەمەس، بەلكى تەمكىنلىك بىلەن غەمخورلۇق.» مانا بۇ جۇڭگولۇق جەمئىيەتشۇناس فېي شياۋتوڭ（费孝通） ئەپەندىنىڭ 1946 - يىلى يازغان ئەنگلىيە زىيارىتى خاتىرىسىدىن ئۈزۈندى. بۇ سۆز ئەنگلىيە ھەققىدىكى يۇقىرىقى خاتىرەمگە نىسبەتەن بىر غىدىق بولالايدۇ. «ئەنگلىيە» دېسە خاتىرەمدە مۇنداق بىر مەنزىرە چىراي ئاچىدۇ: گوت ئۇسلۇبىدىكى كونا بىر ئۆينىڭ كەينىدە ئوت - چۆپ بېسىپ كەتكەن ئېدىرلار، ئېدىر قويۇق بىر ئورمان بىلەن تۇتىشىپ كەتكەن. ئەنە شۇ ئورمانغا ئېلىپ بارىدىغان خىيابان بىر چىغىر يولنىڭ ئورمانغا تۇتىشىدىغان يېرىدە قۇرۇق ياغاچ ئورۇندۇق، ئورۇندۇقتا غازاڭلار تۆكۈلۈپ قالغان. تەنها ياغاچ ئورۇندۇق، چۈشەنگىلى بولمايدىغان ئورمان، ئورمان تەرىپىدىن ئۇنتۇلۇپ كەتكەن غازاڭ، سوغۇق شامال، ئوت - چۆپلەر ئارىسىدا ناگان - ناگاندا كۆزگە چېلىقىپ قالىدىغان تىيىن... بۇ مەنزىرە يېرىم ئەسىردىن ئارتۇق ۋاقىت ئىلگىرىكى فېي شياۋتوڭنىڭ خاتىرىسىدىن چوڭ پەرق قىلمايدۇ. ۋاھالەنكى، يۇقىرىقى مەنزىرە تەسۋىرى قانداقتۇر شائىرلارغا خاس رومانتىك تەسەۋۋۇرۇمنىڭ مەھسۇلى ئەمەس، بەلكى ئەمەلىيەتنىڭ ئۆزىدۇر. سانائەت ئىنقىلابىنى باشلىغان مۆتىۋەر شەھەر لوندوندا چوڭ - كىچىك باغچىلار ناھايىتى كۆپ. قاتار - قاتار، تۇتاش - تۇتاش ئۆيلەر قامەتلىك - ئېگىز دەرەخلەرنىڭ ئارىسىدا قالغان. ئۆيدە ئولتۇرىدىغان ئاياللار ھاۋا ئوچۇق كۈنلىرى بالىلىرىنى ھارۋىغا سېلىپ سىرتقا ئېلىپ چىقماقچى بولسا، ئانچە ئۇزۇن ماڭمايلا تىيىنلار دەرەخلەرگە يامىشىپ ئويناپ يۈرگەن كۆجۈم باغچىلارغا بارالايدۇ. باغچىلاردا ئادەملەر شالاڭ. ئاسفالت ياتقۇزۇلغان تار يوللار ياپيېشىل چىملىقلار ئارىسىدىن ئۆتۈپ باغچىنىڭ كۆز يەتمەيدىغان يەنە بىر چېتىگە سوزۇلۇپ كەتكەن. چىرىگەن

www.uyghurkitap.com



غازاڭلارنىڭ نەمخۇس ھىدى دىماقلارغا ئۇرۇلۇپ تۇرىدۇ. بەزىلەر ئىتلىرىنى يېتىلىشىپ يۈرۈشىدۇ. ئەركە ئىتلار يۈگۈرگىنىچە يىراقلارنى بىر ئايلىنىۋېتىپ، غوجايىنىغا ئەركىلىشىدۇ. يول بويلاپ يۆلەنچۈكلۈك ياغاچ ئورۇندۇقلار قويۇلغان بولۇپ، ئورۇندۇقلار كونا بولۇشىغا قارىماي مەزمۇت ۋە پۇختا ئىدى. بەزى ئورۇندۇقلارنىڭ يۆلەنچۈكىگە كۆپچىلىكنىڭ خاتىرىلىشىگە ئەرزىيدىغان مەلۇم بىر شەخسنىڭ نامى ئويۇپ قويۇلغان بولىدۇ. لوندوننىڭ چوڭ - كىچىك باغچىلىرىدا زورمۇزور قىستۇرۇلغان ئىجتىمائىي مەنزىرىلەر ئاساسەن يوق، قاينام - تاشقىنلىق تىجارەت كەيپىياتىنىمۇ كۆرگىلى بولمايدۇ. بۇ يەردە تەبىئەت ئۆز ھالىتىنى ساقلىغان، ئورۇندۇقلار ھەرقاچان بوش. باراقسان ئېگىز دەرەخلەرنىڭ ئاستىدىكى تۇتاش يوللارغا غازاڭلار تۆكۈلۈپ تۇرىدۇ. ئالدىراشچىلىقتىن ئىچى سىقىلغان ئادەملەر باغچىلاردىكى ئازادە بوشلۇقتا ئۆزلىرىنىڭ ئىچىگە پاتمىغان روھىي زەردابلىرىنى، ھەسرەت - نادامەتلىرىنى قويۇۋېتەلەيدۇ. دەخلىسىز سۈكۈنات ئىچىدىكى ئوي - خىياللىرى ئارقىلىق مەنىۋى جاراھەتلىرىنى تازىلاپ، قايتىدىن كۈچ - قۇۋۋەت توپلىيالايدۇ. لوندوندا باغچىسىز مەھەللە يوق، ئورۇندۇقسىز باغچە يوق. ئورۇندۇقلارنىڭ ھەممىسى پۇختا ياغاچلاردىن ياسالغان بولۇپ، يازدا قىزىپ، قىشتا جىمى سوغۇقنى ئۆزىگە يىغىدىغان تاش ئورۇندۇقنى كۆرگىلى بولمايدۇ. ئاۋات كوچىلارنىڭ بويلىرىدا دەرەخ، ئاۋات كوچىلارنىڭ دوقمۇشىدا كىچىك باغچە، يېتەرلىك ئورۇندۇق، كىم ئولتۇرسا بولىدۇ ــ تەنھا قېرىلار، ھارغان يولۇچىلار، ساياق مۇساپىرلار، ئۈلپەتسىز دەردمەنلەر... بۇ يەردىكى باغچىلار ئۆزلىرىنىڭ تەبىئەتكە خاس سېخىي قوللىرى بىلەن، تەسەللىگە باي يۇمشاق شامallىرى بىلەن ھەركىمدىن ئەھۋال سورايدۇ ۋە ئۇلارغا تەسەللى بېرىدۇ. بۇ باغچىلاردا سۈنئىي داغدۇغا ۋە ھەشەمەت يوق، لاپىلداپ يېنىپ تۇرىدىغان چىراغلارمۇ يوق، يېڭى باياشاتلىقنى كۆز - كۆز

قىلىدىغان قىزغىنلىق يوق، بەلكى شۇنداق تەمكىن ۋە مۇلايىم. ئۇ ئۆزىنىڭ مۇشۇ تەمكىنلىكىگە تەبىئەتنىڭ غەمخورلۇقىنى، تەبىئەتكە مايىل جەمئىيەتنىڭ كەمتەرلىكىنى يوشۇرغانىدى.

دەرەخ، غازاڭ، ئادەمسىز ئورۇندۇق، تار يول... مانا بۇ سانائەتنىڭ بوۋىسى ئاتالمىش قېرى شەھەرنىڭ مەڭزىدىكى زىننەت. يېڭى بىلەن كونا، گۈزەللىك بىلەن خۇنۈكلۈك، شاۋقۇن بىلەن جىمجىتلىق، جەمئىيەت بىلەن تەبىئەت تەڭ مەۋجۇت بولغان بۇ شەھەرنىڭ ئانچە ئېگىز بولمىغان ھەربىر كونا بىناسى بىر كىلاسسىك نەمۇنە، بىنالارنىڭ ئاراچىلىرىدىكى ئەگرى - بۈگرى تار كوچىلار مىڭ يىللىق تارىخنى قۇچاقلاپ ياتىدۇ. بۇ شەھەر تەۋەككۈل قىلىپ پاناھ ئىستەپ كەلگەن ھەربىر مۇساپىرنى سوغۇق قارشى ئالىدۇ، لېكىن ھېچكىمنى قوغلىمايدۇ. ھېچقانداق مۇساپىر بۇ شەھەردىن ئەزگۈلۈك كۆرمەيدۇ. لېكىن، ھېچكىم بۇ شەھەرنى ئۆچ كۆرمەيدۇ. دۇنيادا شۇنداق ئادەملەرمۇ بولىدۇكى، ئۆز يۇرتلىرىدا ھەممىدىن جاق تويغان بولۇپ، ئۇلار باشقىلارنىڭ يۇرتىدىن ئارتۇقچە ياخشىلىقلارنى ئۈمىد قىلمايدۇ. ئۇلار ئىنسانلار دۇنياسىدىكى ياخشىلىقلاردىن ئۈمىد ئۈزگەن، ئۇلار پەقەت باشقىلارنىڭ ئۆزلىرىگە ئازار بەرمەسلىكىنىلا ئۈمىد قىلىدۇ. «ياخشىلىقىڭدىن تامايىم يوق، ماڭا چېقىلما!» دېيىشىدۇ ئۇلار ئۆز كۆڭلىدە. زېرىككەن چاغلىرىمدا لوندونلۇق شائىر جاسون شېللىي (Jason Shelley) نىڭ (Grey Love) «كۈل رەڭ سۆيگۈ» ناملىق توپلىمىنى ۋاراقلاپ قوياتتىم. مۇنۇ شېئىر ئەنە شۇ مۇساپىرلارنىڭ تۇرمۇشىغا ماس كېلىدۇ، دەپ قارايمەن:

Urban Life

Blue, black hair,
Piercing.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com


Pale face.
Pale skin.
We go to the chip shop.
We by fish and chips
And share it.
We watch our pennies.
We have homes.
We pay rent.

ئۇيغۇرچىسى:

**ئاستانىۋى هايات**

زەڭگەر، قۇندۇز چاچ.
چىرقىراش.
تاتارغان يۈز.
تاتارغان تېرە.
دۇكانغا بارىمىز
بېلىق ھەم بەرەڭگە قەلەمچىسى ئالىمىز،
ئاندىن بۆلۈشىمىز.
قاراپ باقىمىز تەڭگىمىزگە،
پۇل تۆلەيدىغان گەپ.
ياتقان ئۆيىمىزگە.

لوندوندىكى ھايات بىر قارىسا شۇنداق ئاددىي. كىيىملەرنى يۇيۇپ بولۇپ قۇرۇتقاندىن كېيىن، دەزماللىمايلا كىيىپ كوچىغا چىقسا بولىدۇ. كوچا ـ كوچىدا كىرخانا، ئاپتوماتىك تەڭگىنى سالسەن، كىرئالغۇ شالدىرلاپ پىرقىراشقا باشلايدۇ. بۇنداق كىرخانىلار مۇساپىرلارنىڭ ھاجىتى ئۈچۈن راسا ئەسقاتىدۇ.

يۇيۇلغان كىيىملەر تارغىنە بىر ئېغىز ئۆيۈڭدە قۇرۇيدۇ، سىلكىپ ـ سىلكىپ يېيىپ قويسەن، خالاس. پادىچى ئىشتىنى، ساياھەت ئايىغى، T كۆڭلەك، ئۆشنە سومكىسى... بۇلار بىر مۇساپىرنىڭ كوچىدىكى ھاياتىغا يېتىدۇ. ئۈرۈمچىدە شىملارنى قىرلاپ، كۆڭلەكلەرنى دەزماللاپ، ئاياغلارنى مايلاپ يۈرۈشكە توغرا كېلىدۇ، ھەپتىلەپ يۇيۇنمايدىغان ئادەملەرمۇ شۇنداق قىلىدۇ. كاستۇم كىيىپ گالستۇك تاقىغان، ھەتتا ئەتىر چاچقان ئادەملەرنىڭ تېنىدىن كىر ھىدى كېلىدۇ. لوندوندا كىيىملەر پۇرلەش، ئەمما ھەرقانداق ئىجارە ئۆيىنىڭ مۇنچىسى بار، كىشىلەردىن سوپۇن پۇرايدۇ. ئۈرۈمچى ئادەملىرى سۆلەت ۋە ئابرۇيغا دىققەت قىلىمەن دەپ چارچاپ كېتىدۇ. ئاساسى يوق سۆلەت ئادەمنى تەمتىرىتىدۇ. يىگىتلەر سۆلەت قوغلىشىپ ئۆشنە سومكىسى ئېسىشتىن خىجىل بولۇشىدۇ. لوندوندىكى كىشىلەرنىڭ ئۆشنە سومكىسى نۇرغۇن قولايلىق يارىتىدۇ. بىر ھېسابتا بۇنداق سومكىنى ئۆشنىدىكى كۆچمە ئۆي دېسەكمۇ بولىدۇ. ئۇ سومكىدا كىتاب، دەپتەر ـ قەلەملەر، بولكا، سۇ قاچىلىق سومكا ئىگىسى ئەتىۋارلايدىغان ھەممە نەرسە بار، ئۇنىڭدا يەنە يانفون ۋە بانكا كارتىلىرى بولۇشىمۇ مۇمكىن. قورساق ئاچقاندا بىرەر فونتاننىڭ يېنىدا، بىرەر باغچىنىڭ ئورۇندۇقىدا ياكى بىرەر بىنانىڭ پەلەمپىيىدە ئولتۇرۇپ سومكىدىكى تەييار نەرسىنى يېگىلى بولىدۇ. كىشىلەر بۇنداق چاغدا ناھايىتى ئەركىن ۋە بىمالال. باشقىلار نېمە دەپ قالاركىن، دەپ ئولتۇرمايدۇ، باشقىلارنىڭ ئۆزىگە قانداق قارىشىدىن، قانداق باھا بېرىشىدىن ئەنسىرەپ كەتمەيدۇ. چەت ئەللەردە نۇرغۇن كىشى ئۆزىگە ئىشىنىدۇ، ئۆزىنىڭ قىممەت قارىشى بويىچە ئىش كۆرۈشنى ياخشى كۆرىدۇ. «يولدىن چىقما، خاندىن قورقما» دېگەن ماقالنىڭ روھىغا ئۇلار بەكرەك ئەمەل قىلسا كېرەك. ئۇلار قانۇن ۋە جامائەت تەرتىپىگە ئۇيغۇن كېلىش شەرتى ئاستىدا ئەركىن تاللاش، ئەركىن ئىپادىلەشنى ياخشى

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يىغىلمىسى



كۆرىدۇ. قانۇن قانچىكى خەلقچىل بولسا، قانۇننىڭ ئىجرا بولۇشىغا قارىتا يۇرگۈزۈلگەن نازارەتتە خەلقنىڭ ئورنى قانچىكى زور بولسا، قانۇننى خەلق تۈزۈپ، خەلق ئىجرا قىلسا ۋە خەلقنىڭ ئۆزى نازارەت قىلسا (قانۇن ئاز ساندىكى جەمئىيەت سەرخىللىرىنىڭ قولىدىكى نەرسىگە ئايلىنىپ قالمىسا)، خەلق ئۆز ھاياتىدىكى ھەربىر تاللاشنىڭ غوجايىنىغا ئايلىنىدۇ. بۇنداق ئەھۋالدا قانۇنغا بويسۇنۇش ئەركىنلىكنىڭ ئۆزى بولۇپ چىقىدۇ، تورمۇش قانۇنغا بويسۇنۇش بولۇپ چىقىدۇ. لوندوندىكى كىشىلەرنىڭ يۈرۈش - تۇرۇشى ئىجتىمائىي تەرتىپكە ئاڭلىق ھۆرمەت قىلىش ئاساسىدا بولىدۇ، لېكىن ئۇلار ئەركىن ۋە تەبىئىي. ئۇلارنىڭ ئەخلاقىي قائىدىلەرگە ئەمەل قىلىشى باشقىلار ئۈچۈن ئەمەس، ئۆزى ئۈچۈن. ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ ئەركىنلىكى ۋە قەدىر - قىممىتى مەۋجۇت بولمىغان ئەخلاقىي مىزانلارغا ۋە باردى - كەلدى قائىدىلەرگە مۇرەسسە قىلىپ ئولتۇرمايدۇ. ئۇلار ئۆزى ئۈچۈن ياشايدۇ ۋە بۇ ئۆزى ئۈچۈن ياشاشتىكى ھەربىر ھالقىدا مەسئۇلىيەتچان، پۇختا كېلىدۇ، باشقىلارغا ئېغىرىنى سالمايدۇ، باشقىلارنى ئاۋارە قىلمايدۇ، نۆۋەتتى كەلسە باشقىلارغا تەشەببۇسكارلىق بىلەن ياردەم قىلىدۇ. ئۇلار بىزگە ئوخشاش باشقىلارنىڭ ئۆلچىمىدىكى ئۆزى بولۇپ ياشىمايدۇ. ئۇلار باشقىلار ئۈچۈن تويغا بېرىپ، نادان ۋە شەخسىيەتچى ئادەملەر قۇرۇپ چىققان تۇرمۇش ئادەتلىرىگە رىئايە قىلىپ يۈرۈپ، قولىدىن ئىش كەلمەيدىغان قۇرۇق سۆلەتكە ئايلىنىپ كېتىش خەۋپىدىن ئاساسەن يىراق تۇرۇشىدۇ. ئەلۋەتتە، مەن بۇ يەردە كەم - كوتىسىز بىر مىللەتنى ئەمەس، بەلكى بىر مىللەتنىڭ، بىر خەلقنىڭ ئاساسىي روھىنى دەۋاتىمەن.

ھاۋا ئوچۇق كۈنلەردە لوندونلۇقلار كوچا دوقمۇشلىرىدىكى ئورۇندۇقلاردا ئاپتاپقا قاقلىنىپ ئولتۇرۇپ چۈشلۈك تاماق يېيىشنى ياخشى كۆرىدۇ. دوستلار، ئائىلىدىكى ھەمراھلار ئۇدۇل

كەلگەن يەردە ئولتۇرۇشۇپ، دوقمۇشلاردىكى يېمەك - ئىچمەك دۇكانلىرىدىن سېتىۋېلىشقان قاتنان (ساندۇچ)، توخۇ گۆشى، بېلىق ۋە بەرەڭگە قەلەمچىسى دېگەندەك نەرسىلەرنى مەززە قىلىپ، پاراڭلاشقاچ يېيىشىدۇ. ھازىر شەھەر ئۇيغۇرلىرىدا «شيۇشەن» (休闲) دېگەن خەنزۇچە ئىبارە پەيدا بولدى، بۇ ئىبارە كۆپ ھالدا كىيىم - كېچەككە قارىتا تەتبىقلىنىۋاتىدۇ. ئادەمنى قېتىۋېلىشقا مەجبۇر قىلمايدىغان، يۇرۇش - تۇرۇشقا ئەپلىك، ھەرقانداق مۇھىتقا ماس كېلىدىغان، يۇيۇپ - تازىلاش ئاسان كىيىملەرنى، مەدەنىيەتنىڭ نېرى - بېرىسىنى سۈرۈشتۈرمەيلا قوبۇل قىلىدىغان شەھەر ئۇيغۇرلىرى «شيۇشەن كىيىم» دەپ ئاتىشىدۇ. خەنزۇچە بۇ ئىبارىگە تەڭداش ئىنگلىزچە سۆز «leisure» بولسا كېرەك. بۇ سۆز ئىستىراھەت چاغلىرىدىكى ئىختىيارىي ئىش - ھەرىكەتلەرگە قارىتىلىدۇ. بۇ سۆزنىڭ ئۇيغۇرچە مەنىسىنى «راھەت»، «ئازادە» دەپ ئىزاھلاش مۇمكىن. شۇنداق بولغاندا، «شيۇشەن كىيىم» دېگەن شالغۇت بىرىكمىنى ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىدىكى «ئازادە كىيىم»، «راھەت كىيىم» دېگەندەك بىرىكمىلەر بويىچە تولۇق ئىپادىلەپ بەرگىلى بولىدۇ. خۇددى كىيىمنى «ئازادە» سۆزى بىلەن سۈپەتلىگىلى بولغاندەك، تۇرمۇشنىمۇ شۇنداق سۈپەتلەپ، «ئازادە تۇرمۇش» دېگىلى بولىدۇ. كىيىم ئازادە بولسا ئادەم راھەتلەنگەندەك، تۇرمۇش ئازادە بولسا كىشىنىڭ روھى تېخىمۇ ئەركىن ۋە خۇشخۇي بولىدۇ. ھەقىقىي ئۆزىڭىز مەۋجۇت بولغان ياكى ھەقىقىي ئۆزىڭىزنى ئۇتتۇرۇۋەتمىگەن تۇرمۇش ئازادە تۇرمۇش بولىدۇ. مەنغۇ يۇقىرى قاتلام ئاقسۆڭەكلەرنىڭ تۇرمۇشىنى بىۋاسىتە كۆرۈپ باقمىدىم. كۆرگەنلىرىم ئەنگلىيە جەمئىيىتىدىكى ئاددىي كىشىلەرنىڭ تۇرمۇشى، ئۇنىڭ ئۈستىگە بۇ سىرتتىن كۆزىتىلگەن تۇرمۇش. بىر جەمئىيەتتە ئادەتتىكى تەبىقىلەرگە مەنسۇپ كىشىلەر ھامان كۆپ سانىنى ئىگىلەيدۇ. شۇڭلاشقا، ئېيتقانلىرىم ئۆزۈمگە ئوخشاش

ئۇيغۇر كىتاب تورى بىلىكى
www.uyghurkitap.com



ئاددىي ئادەملەرگە تەئەللۇقتۇر. مەن ئۆزۈم كۆرگەن ئەنگلىيە كىشىلىرىنىڭ تۇرمۇشىنى ئازادە تۇرمۇش دەپ سۈپەتلەشنى مۇۋاپىق تاپتىم. ئەنگلىيە يېمەك ـ ئىچمەك ساھەسى كىشىلەرنىڭ ئېھتىياجىدىكى تەرەققىياتقا ماس ھالدا ئىنتايىن تەرەققىي قىلغان. تاللا بازارلاردا ھەر خىل ئىقتىسادىي سەۋىيە، ھەر خىل جىسمانىي ھالەت ۋە مەنىۋى ئېھتىياجغا ماس كېلىدىغان يېمەك ـ ئىچمەك تۈرىنى ھېچقانچە ئاۋارە بولمايلا تاپقىلى بولىدۇ. بۇلارنىڭ ئىچىدە ۋاقىت تېجەيدىغان، ساياھەتتە ۋە دالادا يېيىشكە قولايلىق بولغان تەييار يېمەكلىكلەر خېلى كۆپ سانىنى ئىگىلەيدۇ. بۇ يېمەكلىكلەرنى ماگىزىندىن ئېلىپ چىقىپ بىر قۇتا مىنېرال سۇ بىلەنلا يېگىلى بولىدۇ. شۇڭا، ئەنگلىيەدە قورساق تويغۇزۇش ئۈچۈن ئاتايىتەن ئاشخانىلارغا بېرىش كەتمەيدۇ. بىر قۇتا مىنېرال سۇ، ئاپتاپ، ئولتۇرغۇدەك يەر، گەپلەشكۈدەك ئۈلپەت... مانا بۇلار ئاددىي كىشىلەرنىڭ بىر قېتىملىق ھۇزۇر بەخش تۇرمۇشىنىڭ خۇرۇجلىرى. لوندون كوچىلىرىدا توخۇ گۆشى ۋە بېلىقلارغا مايدا پىشۇرۇلغان بەرەڭگە قەلەمچىسىنى قوشۇپ ساتىدىغان ئەپچىل يېمەك ـ ئىچمەك دۇكانلىرى ئۇچراپ تۇرىدۇ. ئۇ يەردە ئەرزان باھادا قورساق تويغۇزغىلى بولىدۇ. كىشىلەر ئارتۇقچە ھەشەمەت ئىزدەپ كەتمەيدۇ. كۆڭۈل ئازادىلىكى بولغان بىر قېتىملىق غىزا ئۇلارنى بەكرەك رازى قىلىدۇ. چوڭ ئاپتوبۇس بېكەتلىرى، پويىز بېكەتلىرى، ئادەملەر زىچ ئۆتۈشۈپ تۇرىدىغان دوقمۇشلاردا مېۋە شەربىتى ساتىدىغان بوتكىلار بار. تۈرلۈك مېۋە نەق مەيداندا سىقىلىپ شەربەتلەر تەييارلىنىدۇ. خېرىدارلار ياپقۇچلۇق قەغەز ئىستاكانلارغا قاچىلانغان مېۋە شەربەتلىرىنى كۆتۈرۈپ، ئۇزۇن يوللۇق پويىزدا لەززەتلىنىپ ئىچىشىدۇ. يەنە ھەرقانداق بېكەت، قەھۋەخانا ۋە تۈرلۈك پىشۇرۇق ئالىدىرىغان يولۇچىلارنىڭ ئىشتىھاسىغا قانائەتلىنەرلىك جاۋاب بېرەلەيدۇ. شەخسەن ئۆزۈم مەيلى يالغۇز، مەيلى باشقىلار بىلەن بولسۇن تالادا

يېگەن تاماقلىرىمىدىن بەكرەك ھۇزۇر ئالىمەن. ئاپتاپ چۈشۈپ تۇرسا، يوپۇرماقلار لەيلەپ چۈشۈپ تۇرغان بىرەر ئورۇندۇق بولسا، ئۆتۈپ كېتىۋاتقانلارغا قاراپ ئوقەتلىنىش شۇنداق ھۇزۇر بىلىنىدۇ ماڭا. مەن لوندوندىكى بەزى ئۇيغۇر قېرىنداشلارنىڭ تەكلىپى بىلەن دالا تامىقى يېگىلى چىققان. ھەممىمىز ئالدىن تەييارلىۋالغان يېمەكلىرىمىزنى سومكىلىرىمىزدىن چىقىرىپ بىر داستىخانغا قويىمىز، ياپيېشىل چىملىق يارقىن ئاپتاپتا يېشىل جۇلاغا كىرگەن، دەرەخلەر كۈن نۇرىدا سۇلكەتكە كىرگەن كەڭ دالادا ئولتۇرۇپ غىزاغا ئېغىز تېگىمىز. قارىساڭ بۇ ھايات شۇنداق ئاددىي، لېكىن شۇ قەدەر چىن. ھەمراھلىرىڭنىڭ قەلبىدە سىقىلىش، قورۇنۇش يوق. ئارىمىز تامامەن باراۋەر، ھەممىمىز تەبىئەتكە قايتقان ئىنسان. ئىنگلىزلار بۇنداق تۇرمۇشنى تۆۋەندىكى ئىبارىلەر بىلەن ئىپادىلىشىدۇ:

(Forget your work,
Enjoy yourself.
Get out and feel the sun,
Take a little time for the simple things
Relax and have a some fun)

(خىزمەتلىرىڭنى ئۇنتۇ،
ئۆزۈڭنى خۇشال تۇت.
تالاغا چىقىپ ئاپتاپسىن
ۋاقتىڭنى بەر كىچىك ئىشلارغا
كۆڭلۈڭنى ئاچ، پۇت - قولۇڭنى سۇن.)



ئاپتور بىرىتانىيە كۇتۇپخانىسى ئالدىدا



ئاپتور ئېدمۇند بىلەن دالا سەيلىسىدە

ئىجتىمائىي بىسىملارنى تەرك قىلىپ، ئۆزىنى قويۇۋېتىش قانداقتۇر جەمئىيەت رىقابەتلىرىگە بولغان پاسسىپ ئىنكاس ئەمەس، بەلكى ئۆزىنى ئىرىغداپ، كۈچ - قۇۋۋەتكە تولۇش جەريانى، نۆۋەتتىكى ھەرىكەت پىروگراممىسى ئۈستىدە ئەستايىدىل باش قاتۇرۇش باسقۇچى. ئەنگلىيەلىكلەر دەم ئېلىش ۋاقىتلىرىنى ھەرگىز ئورۇنسىز سەرپ قىلمايدۇ، بەلكى كۆڭۈلدىكىدەك خۇشۇسىي تۇرمۇش ئۈچۈن ئىنچىكە پىلانلاپ سەرپ قىلىدۇ. ئۇلار بىر بولسا چەت ئەللەرگە ساياھەتكە بېرىشىدۇ، بىر بولسا ئائىلىسى بىللەن بىللە كۈنلىرىنى تىنچ ئۆتكۈزىدۇ، يەنە بىر بولسا يېقىن ئەتراپتىكى باغچىلارغا بېرىپ ئۆتكۈزىدۇ. مەن بۇ ھەقتە كۆرگىنىمنى ئېيتىپ بېرەي: ئەنگلىيەدە مائاشنى ھەپتىدە بىر تارقىتىدۇ، شۇڭا ھەپتە ئاخىرلىرىدا ماگىزىن، بازار، ئاممىۋى كۆڭۈل ئېچىش سورۇنلىرى، باغچىلار قىزىپ كېتىدۇ. ئەر - ئاياللار بالىلىرىنى ئەگەشتۈرۈپ باغچىلارغا كېلىشىدۇ ۋە چىملىقتا ئەدىيالىرىنى سېلىپ ئولتۇرۇشىدۇ. بالىلار ئويۇنلىرى بىلەن مەشغۇل. ئىتلار ئايلىنىپ يۈرۈشىدۇ. يامغۇر تولا ياغىدىغان لوندوندا ھاۋانىڭ ئوچۇق بولۇشى كىشىلەر ئۈچۈن تەبىئەتنىڭ كاتتا ئىلتىپاتى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ، شۇڭلاشقا، كىشىلەر ئاپتاپنىڭ قەدرىگە بەك يېتىدۇ. ئاياللار ئۆزلىرىنى يېرىم يالىڭاچلاپ، تېرىلىرىنى ئاپتاپتا تاۋلىماقچى بولۇشىدۇ. باغچىلاردا كۈنگە قاقلىنىپ ياتقان ئاياللارنى دائىم ئۇچراتقىلى بولىدۇ. بەلكىم بۇنداق مەنزىرە يەرلىك كىشىلەر ئۈچۈن دائىمىي ۋە تەبىئىي ھال بولۇپ كۆرۈنىدىغاندۇ. دەسلەپتە مەن بۇ ھالدىن بىرئاز يېڭىلىق ھېس قىلدىم، بارا - بارا كۆنۈپ كەتتىمكى، ئۇ دىققەتنى تارتقۇدەك كۆرۈنۈشلەردىن بولماي قالدى. ئاياللارغىمۇ، ئەرلەرگىمۇ ھېچ ئىش بولمىغاندەكلا ئىدى. بۇ يەردە بىراۋنىڭ يەنە بىرىگە تىكىلىپ قارىشى كەمدىن - كەم ئۇچرايدۇ. بەلكىم چەت ئەللەردىن يېڭى كەلگەن كىشىلەردە بۇ ھال كۆرۈلۈشى مۇمكىن،

www.uyghurkitap.com



ئەمما يەرلىكلەر ئۇنداق قىلمايدۇ. بىراۋنىڭ يەنە بىرىگە تىكىلىپ قارىشى ئەدەپسىزلىك ياكى تەھدىت بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. ئىنسانىنىڭ تەبىئىتىدە ئۆزىنىڭ دىققىتىنى تارتىدىغان نەرسىلەرگە قاراش ئىشتىياقىنىڭ شەكىللىنىشىدىكى نورمال ھادىسە. بەلكىم ئۇلار كۆزىنىڭ قۇيرۇقىدا چاندۇرماي قارىشىدىغاندۇ، تولا كۆرۈپ بەزگە ئايلانغان كۆزلەردە زوقمۇ ئۆلىدىغاندۇ. ئىشقىلىپ لوندوندا (ئەلۋەتتە ئەنگلىيەدە) خۇسۇسىي تۇرمۇشتا كىشىلەر باشقىلار تۇيەيلى كاشىلىغا يولۇقۇشنى ياخشى كۆرۈپ كەتمەيدۇ. شۇڭا، ئۇلار ناھايىتى بىمالال. بىر مەدەنىيەتتىكى سەزگۈر مەسىلە كۆپ ھالدا ئاياللاردا ئەكس ئېتىدۇ. شۇڭا، بىز نۇرغۇن ئىجتىمائىي مەسىلىگە ئىختىيارسىز ھالدا ئايالارنى كۆزىتىپ تۇرۇپ ھۆكۈم چىقىرىمىز ۋە دىققىتىمىز تەبىئىي ھالدا ئايالارغا چۈشىدۇ.

ئارىدا مەن ئېدمۇند ئائىلىسى تەرىپىدىن بىر قېتىملىق دالا تامىقى (picnic) غا تەكلىپ قىلىندىم. شۇ كۈنى ھاۋا ناھايىتى ئوچۇق ئىدى. قائىدە بويىچە يولدا بىرەر ئاددىي سوۋغا سېتىۋېلىپ، ئېدمۇندنىڭ ئۆيىگە بەلگىلەنگەن ۋاقىتتا يېتىپ باردىم. ۋېسنا خانىم مېنى خۇشخۇي قارشى ئالدى، سوۋغىتىمنى سۇندۇم، ئېدمۇند تەشەككۇر بىلەن قوبۇل قىلدى. ئارقىدىنلا لوندون ئۇنىۋېرسىتېتى شەرق ۋە ئافرىقا تەتقىقات يۇرتىنىڭ ئوقۇتقۇچىسى، دوكتور راچېل خاررىس (Rachel Harris) ۋە ئۇنىڭ ئېرى ئەزىز قىزىنى يېتىلەپ كىرىپ كەلدى. سالاملاشتۇق، ئەھۋاللاشتۇق. ئارتۇقچە تەكەللۇپمۇ بولمىدى، ساھىبخانا بىزنى بىرەر ئورۇنغىمۇ باشلىمىدى، ئاشخانىدا ئۆرە تۇرغىنىمىزچە گەپ باشلاشتۇق. بۇ ھال شۇنچە تەبىئىي ئىدى. ئەمما، مەن دەماللىققا قوبۇل قىلالماي، ئىچىمدىكى تېڭىرقاشنى خېلىغىچە تۈگىتەلمىدىم. بىرئازدىن كېيىن ئۇچىنچى قەۋەتكە چىقتۇق. بىر ئىشىك بۇ ئۆيگە تۇتاش يەنە بىر ئۆينىڭ ئۆگزىسىگە قاراپ

ئىچىلغانىدى. بىز ئىشىكتىن ئۆگزىگە ئاياغ باستۇق. ئۆگزىگە يۇمىلاق بىر قاتلىما شىرە قويۇلغان بولۇپ، ئۇستىدە سايىۋەن بار ئىدى. ئەزىز ئىككىمىز ئورۇن ئالدۇق، ئاياللار ئاشخانىدا قىلىشتى. ئېدمۇند بىر تەخسە قارا زەيتۇن، بىر تەخسە ھۆللەنگەن شوخلا قىقى ئېلىپ كىرىپ ئالدىمىزغا قويدى، ئاندىن بىر بوتۇلكا ۋىنو ۋە بىر قۇتا مېۋە شەربىتى ئېلىپ چىقتى. ئېدمۇند بىلەن ئەزىز ۋىنوغا ئېغىز تېگىشتى، مەن ئالدىمدىكى ئىستاكانغا مېۋە شەربىتى قۇيدۇم. قارا زەيتۇننى ھۆللەنگەن شوخلا قىقى بىلەن يۆگەپ يەيدىكەنمىز، تەمى ئوبدان بولىدىكەن. يىراق - يىراقلارغا قارىسىڭىز ئۆيلەرنىڭ كۆل رەڭ تىمىدىكى دېرىزە ئەينەكلىرى قۇياش نۇرىدا پارقىراپ تۇرىدۇ. دالا تامىقىنىڭ تەييارلىقى پۈتكەن بولسا كېرەك، ۋىسنا خانىمنىڭ تۇۋلىشى بىلەن پارتىيىمىز ئۈزۈلدى.

بىز ئۆيدىن چىقىپ، بىرئاز ماڭدۇق، ئاندىن بىر چىملىققا يېتىپ باردۇق. چىملىقنىڭ ئۇ تەرىپىدە بىر دۆڭ ۋە دەرەخزارلىق كۆزگە چېلىقاتتى. ئېيتىلىشىچە، بۇ يەر خەمستېد خېس (Hamstead heath) دەپ ئاتىلىدىكەن، ئادەملەر شالاڭ، پاكىز جاي ئىكەن، بۇ يەردە قارا تەنلىكلەرنى كۆرگىلى بولمايدىكەن. خىلۋەت، پاكىز، گۈزەل بۇ ماكان ئېدمۇندتەك ئوتتۇرا تەبىقىدىكىلەرنىڭ مەھەللىسى بولسا كېرەك، دەپ ئويلىدىم ئىچىمدە.

— چىرايلىق مەھەللە ئىكەن، بىراق قارا تەنلىكلەرنى كۆرگىلى بولمايدىكەن، — دېدىم مەن ئېدمۇندقا. ئېدمۇند كۈلۈپ كېتىپ:

— كەچۈرۈڭ، بۇ يەردە ئۇنداقلار يوق، — دەپ قويدى. ئېدمۇند مېنى بۇ يەردە كەلگۈندىلەرنىڭ بولۇشىنى ئارزۇ قىلىدى بولغاي، دەپ چۈشەنگەن بولسا كېرەك، ماڭا تەكەللۇپ قىلىپ قويدى.

لوندوندا ھەرقايسى مىللەتنىڭ جامائىتى ئايرىم - ئايرىم رايوندا تۇرىدۇ، مەن بۇنى بىلىمەن. ئېدمۇندنىڭ مەھەللىسى مەن تۇرغان رايوندىن بۆلەكچىلا ئازادە، تىنچ ۋە پاكىز ئىدى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى
www.uyghurkitap.com



ۋېسنا بىلەن راچىل چىملىقتا ئەدىيال سېلىپ، ئۈستىگە بىر داستىخاننى يايدى. ئەرلەر داستىخانغا يېقىن ئولتۇردۇق، ۋېسنا بايا كۆتۈرۈپ ئەكەلگەن سېۋەتتىكى نېمەتلەرنى داستىخانغا تىزىشقا باشلىدى. توخۇ كاۋىپى، توغرالغان بولكا، قىپقىزىل دانلىق گىلاس، ئۈزۈم، قارا زەيتۇن، شوخلا قېقى، خۇمۇس (ئۈستىگە زەيتۇن مېيى قۇيۇلغان نوقۇت قىيامى)، چوڭقۇرلۇقى باشمالتاقچىلىك كېلىدىغان خام يېيىلىدىغان سەۋزە، تەرخەمەك، مىنېرال سۇ قاتارلىقلار داستىخاننى بېزەپ، ئەلۋەك ھەم قۇۋناق بىر كۆرۈنۈشنى ھاسىل قىلدى.

ھەممىمىز ئۆز ئېھتىياجىمىز بويىچە داستىخانغا تېگىش قىلدۇق. بۇ يەرنىڭ بازارلىرىدا ئۈزۈم، گىلاس ۋە بۆلجۈرگەنلەرنىڭ باھاسى خېلىلا قىممەت ئىكەن، لېكىن كىشىلەر بۇ مېۋىلەرنى كۆپ يەيدۇ. گىلاس چۈرۈك ھەم تەملىك ئىدى. گىلاسقا كۆپرەك ئىشتىھايىم تارتتى. راچىل ئوكسفورد ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ، ۋېسنا كەمبىرىج ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ ئوقۇغۇچىسى ئىدى. ئىككىسى يانپاشلاپ ياتقىنىچە پاراڭغا چۈشۈپ كەتتى. ئاياللار بىر يەرگە كەلسە تەبىئىي ھالدا تۇرمۇشنىڭ گېپى بولىدۇ، ئېدمۇند بىردەم ئەزىز ئىككىمىزگە ھەمراھ بولۇپ، بىردەم ئېسابىللانىڭ ئويۇنىغا بولۇشۇپ بېرەتتى. بۇ يەردە ھېچبىر تۈزۈت ۋە تەكەللۇپ يوق ئىدى، ھەممىمىز ئۆز قىزىقىشىمىزنى نامايان قىلىساق بولۇۋېرەتتى.

راچىل بىلەن ۋېسنا مەكتەپ ھاياتىدىكى ئىشلارنى ئەسلىشىپ كۈلۈشەتتى. بەزىدە مېنىمۇ پاراڭلىرىغا شېرىك قىلىپ قوياتتى. چىملىق ناھايىتى كەڭ بولۇپ، بىزگە ئوخشاش غۇژمەكلىشىپ ئولتۇرغانلارمۇ خېلى بار ئىدى. يېقىنلا بىر يەردە بىر جۈپ قىز - يىگىت قۇلاقلىرىغا تىڭشىغۇچ سېلىۋالغان بولۇپ، باشلىرىنى ئوخشاش بىر رىتىمدا چايقىشاتتى. ئۇلار يېقىن ئولتۇرۇشقاندى، روھى مۇزىكا ئەۋجىدە چايقىلىپ ئاقاتتى. ئاللانىڭ زېمىنىدا

ئىنسانلارنىڭ رەڭگى ۋە تىلى ھەر خىل يارىتىلىپتىكەن، ئۇلارنىڭ تۇرمۇش يوسۇنلىرى ۋە ئەقىدە - ئېتىقادلىرى پەرقلىق بولىدىكەن. بەزىلەر بۇ پەرقنى چوڭايتىپ كۆرسىتىپ، جاھاننى نىزالارغا تولدۇردى، بەزىلەر بۇ پەرقنىڭ كەينىدىكى ئوخشاشلىقنى كۆرۈپ يەتكەن ۋە ئىنسانلارنى ئۆز ياراتقۇچىسىنىڭ ئارغامچىسىغا بىردەك ئېسىلىپ، بارلىق ئىرقتىكى ئىنسانلارنىڭ بىر ئۇممەت بولۇشىغا چاقىرىق قىلغان. قارا ئەنە، ئىنسانلارنىڭ ھەممىسى قۇياش نۇرىنى، ساپ ھاۋانى، دوستلۇقنى كۆرگەندە مەمنۇن بولۇشۇپ، بىر - بىرىگە قەلب ئىشىكلىرىنى ئاچىدۇ. تەبىئەتنىڭ گۈزەل ھۆسنى ئۆز ئىلھامى بىلەن كىشىلەرنى قەلبداشلارغا ئايلاندۇرىدۇ. تەبىئەتنىڭ ياراتقۇچىسى ئۆز ئىزى بىلەن بۇنداق بولۇشىنى تېخىمۇ خالايدۇ ئەمەسمۇ! لېكىن بەزى ئىنسانلار ياراتقۇچىسىنىڭ خىتابىدىن يىراقلاپ كېتىشكەن، شۇڭا بىر - بىرىنىڭ يۈرىكىدىكى ئاۋازلارنى ئاڭلىيالماس بولۇپ كەتكەن.

ئاھ، تۆمۈر - تەرسەكلەرنىڭ تاراق - تۇرۇقلىرى، پۇلنىڭ شاراق - شۇرۇقلىرى يۈرەكنىڭ ئاۋازىنى بېسىپ كەتكەندە ئىنسانلار تەبىئىي ھالدا ئۆزى ياراتقان نەرسىلەرنىڭ بەندىسىگە ئايلىنىپ كېتىدىكەن ئەمەسمۇ؟! بىرەيلەن قايسىدۇر بىر كىتابتىن ئۇچراتقان مۇنداق بىر جۈملىنى ئېيتقانىدى: «ئىنگلىزلار بىر ھەپتىنىڭ ئاۋۋالقى بەش كۈنىدە بانكىغا ئىبادەت قىلىدۇ، كېيىنكى ئىككى كۈندە چېركاۋغا ئىبادەت قىلىدۇ.» بۇ سۆز دىن تىرىكچىلىكنىڭ ھەممە ساھەسىدىن سىقىپ چىقىرىلىپ، يەككە بىر ساھەگە ئايلىنىپ قالغان جەمئىيەتتىكى پۇقرالارنىڭ قىممەت قارىشىنى تىپىكلەشتۈرۈپ بېرىدۇ. چېركاۋغا بارمايدىغان ئىنگلىزلارمۇ بولغاندەك، جاينامازدا بەش مىنۇتمۇ ئولتۇرمايدىغان ئۇيغۇرلارمۇ بار. ئىنگلىزدىن مۇسۇلمان بار، ئەرەبتىن مۇشرىك بار. بۇ مەنىدىن ئېيتقاندا، يۇقىرىقى ئىبارىنىڭ رادىكال تۈسى قويۇق بولۇپ، بىر قوۋمنىڭ مىللىي خاراكتېرى

نۇرقۇر كىتاب ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى www.nurkitap.com



زىيادە مۇتلەق مەندە خۇلاسىلەنگەندى.

ئەنگلىيەدە باشقا مىللەتلەرنىڭ داستىخىنىغا خېلى كۆپ قېتىم داخىل بولدۇم، ئاددىي ـ ساددا، گۈزەل، رىيادىن خالىي. سۆھبەتلەرنىڭ ھېكمەتتىدىن كەلگەن لەززەت تېخىمۇ مول. دەل شۇنداق ۋاقىتتا، رىياكارلىق ۋە سۆلەتۋازلىقنىڭ ئازدۇرۇشىدىكى كۆپلىگەن چاي داستىخىنىمىزنى ئەسلەپ قالىمەن، بۇ سورۇندا چىكقىلىپ گۆش يېيىش، شارابخورلۇق، پوچەك ئەركەكچىلىكىكە گىرىپتار سېرىق يۇمۇر ئەۋج ئالىدۇكى، ئادەمنىڭ قىممىتى، ھاياتىنىڭ ھېكمىتىگە دائىر گەپلەردىن ئۈركۈشىدۇ. بۇ ھال جەمئىيەت سەرخىللىرىدا كۆپرەك نامايان. قېنى ئۇ تويلاردىكى باينىڭ بايچە پەزىلىتى؟ ئۇلارمۇ كەمبەغەللىشىپ كەتكەن.

ئەنگلىيەدە مەن كۆرگەن داستىخانلار ئۇنچە ئالىي مۇقامدىكى داستىخانلاردىن ئەمەس، ئەلۋەتتە. بەلكى تامامەن ھەشەمەتسىز بولۇپ، دەل مۇشۇ ھەشەمەتسىزلىكى بىلەن مىننەتسىز ئىدى. بۇ داستىخانلاردا سۆھبەت ئاساسىي غەرەزدۇر. بۇ يەردە مەن جىق نەرسىنى ئۆگەندىم، جىق ئۇچۇرنى قوبۇل قىلدىم، ئۆزۈمنىڭ بىلىمى ۋە كامالىتىگە سوئال قويدۇم. كىشىلەر ئادەتتىكى سۆھبەتلەردىمۇ «سۆيۈملۈكۈم»، «قەدىرلىكىم»، «رەھمەت»، «ئاجايىپ»، «قالتىس»، «كەچۈرۈڭ»، «ئەپسۇسكى»، «خۇشالمەن»... دېگەندەك تەكەللۇپ سۆزلىرىنى كۆپ ئىشلىتەتتى. كىشىلەر مەيلى كارىدوردا، مەيلى لىفتىنىڭ ئىشىكى ئالدىدا ئۇچرىشىپ قالسۇن، سالام بېرىشىدۇ، بىر ـ بىرىنى تونۇمىغان ئەھۋالدىمۇ شۇنداق، پەقەت بولمىغاندىمۇ، تەبەسسۇم بىلەن قاراپ قويۇشىدۇ. ئەمما، مېنىڭ يۇرتۇمدا بىرەر ئىشى بولمىسا گەپمۇ قىلمايدىغان ئىشدىشىم تالاي. ئۇلار پەقەت ئۆزلىرىنى باشقۇرىدىغان ئادىمىگىلا سالام قىلىشىدۇ، كىچىك تىللىرىنى چىقىرىپ گەپ قىلىشىدۇ. لوندوندا كۆپ ساندىكى كىشى سۆزلەشكە قارىغاندا ئاڭلاشنى بەكرەك ياقتۇراتتى، ئۇلار

ياخشى ئاڭلىغۇچىلاردىن ئىدىكى، ئىنكاس شەكلى دەل ۋە ئېنىق ئىدى، سۆزلىگۈچى كونكرېت مۇھىتتىكى ئۆزىنى ئېنىق ھېس قىلىپ تۇرالايتتى. بۇ يەردىكى سۆھبەتداشلار بىراۋنىڭ كۆزقارىشىغا قوشۇلمىسا كەسكىن رەددىيە بېرىپمۇ كەتمەيتتى، بەلكى «سىز شۇنداق ئويلامسىز؟» دەپ كۈلۈپ قوياتتى ياكى «شۇنداقمۇ»، «ھەيرانمەن»، «ۋاي توۋا» دەپ ئىنكاس قايتۇراتتى. ئۇلار سۆھبەت تېمىسىغا مۇناسىۋەتسىز گەپلەرگە يولۇقسا، سۆزلىگۈچىنىڭ دىلىنى قېقىپ قويۇپ كېتىپ قالاتتى. بىرىنىڭ غەيۋىتى بولسا «بۇ مېنىڭ ئىشىم ئەمەسكەن» دېيىشەتتى. مەن بۇ سورۇنلارنى كۆرۈپ، ئەقلىي ئادەملەر مۇنداق بولىدىكەن دەپ ئويلاپ قالدىم: ئەقلىي ئادەملەر ئۆزىنىڭ غايىسىنىڭ سىرتىدىكى نەرسىلەرگە ئارتۇقچە ۋاقىت سەرپ قىلمايدۇ، ئۆزىگە پايدىسى يوق نەرسىلەرگە قىزىقىپ ئولتۇرمايدۇ، تايىنى يوق كىشىلەر بىلەن بىھۇدە زىددىيەتلىشىپ مۇنازىرە قىلىپ ئولتۇرمايدۇ، بەلكى ئۆزىنىڭ ۋاقتى ۋە زېھنىنى غايىسى ياكى كەسپىگە مەركەزلەشتۈرىدۇ.

مەن بەزى ئىشلار تۈپەيلى بىرئاز جىددىيلەشكەندە، يېنىمدىكىلەر «جىددىيلەشمەڭ، بىرەر چارە تېپىلىدۇ» دېيىشتى. «take it easy» (جىددىيلەشمەڭ ياكى ئۆزىڭىزنى بېسىۋېلىڭ، دېگەن مەنىدە، لېكىن بۇمۇ دەل تەرجىمە ئەمەس) بۇ، ئىنگلىزلار جىددىيلەشكەندە ياكى ئاچچىقلانغاندا بىر - بىرىگە ئېيتىدىغان سۆز. ئۇلار ئۆزئارا زىددىيەتلىشىپ قالسا ياكى تاكاللىشىپ قالسا، ئاشۇ سۆز ئارقىلىق قارشى تەرەپكە مۇرەسسە قىلىدۇ. چۈشىنىشىمچە، ئۇلار چوڭ - كىچىك ھەرقانداق ئىشقا ئازادە كەيپىياتتا يۈزلىنىشنى ياخشى كۆرىدۇ. ئىمكانقەدەر تەبىئىي بولۇشقا تىرىشىدۇ. مەن قاتناشقان ئىلمىي سورۇنلار ئۇنچە سۈرلۈكمۇ ئەمەس ئىدى. كىشىلەر نۇتۇق سۆزلىگەندە دەبدەبىلىك سۆزلەشتىن ساقلىناتتى، يۇمۇرلۇق، تۇرمۇشلۇق گەپلەر بىلەن

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

كەيپىياتنى يۇمشىتىش ناتىقنىڭ بىر تۈرلۈك ئىقتىدارى ئىدى. نۇتۇقتا ناتىقنىڭ ئاۋازى ئۇنىڭ سىياقىنى بۇزۇۋەتكۈدەك دەرىجىدە ئۇنلۇك بولمايدۇ، بەلكى ئىمكانقەدەر تۆۋەن بولىدۇ. ئىززەت نەپسى كۆچلۈك، تەبىئىتى زىل ئادەملەرگە يۇقىرى ئاۋازدا گەپ قىلىش ھۆرمەتسىزلىك بولىدۇ. كىشىلەر، پىكىر بايان قىلغاندا كۆپ ھالدا، «مېنىڭچە»، «شۇنداق ئويلايمەنكى»... دېگەندەك سۆزلەرنى قوشۇپ سۆزلەشنى ئۇنتۇپ قالمايدۇ. بۇنداق بولغاندا، شەخس (بەندە)نىڭ پىكرىنى مۇتلەقلەشتۈرۈۋېتىشتىن ساقلانغىلى بولاتتى. ۋاھالەنكى، ئۇيغۇر جەمئىيىتىدە بوش ئاۋازدا گەپ قىلىش جانسىزلىقنىڭ ئىپادىسى دەپ قارىلىدۇ. نۇتۇق ئۇنلۇك بولسا ھەمدە بۇيرۇق ۋە دىكتاتورا تۈسى قويۇق بولسا، بۇنداق سۆزلىگۈچى ئاڭلىغۇچىلارغا جانلىق كۆرۈنىدۇ. ئىمانى ياكى بىلىمى يوق ئاۋام سۆز بايان قىلغۇچىنى قۇلاق پەردىسى ئارقىلىق باھالايدۇ.

مەن ئەنگلىيەدە ئۇچراتقان كىشىلەر پەرقلىق قاراشلارغا نىسبەتەن كەڭ قورساق بولۇپ، رەددىيە بىرىشكە ئۇرۇنۇپ كەتمەيتتى، تۈزىتىپمۇ يۈرمەيتتى، پەقەت زۆرۈرىيىتى تۇغۇلغاندىلا شۇنداق قىلاتتى. بۇنىڭغا ئۇلار ئۆز ئەقلى ۋە ساپاسى بىلەن ھۆكۈم قىلاتتى. ئۇلارنىڭ نەزىرىدە كۆزقاراشلارنىڭ پەرقلىق بولۇشى جەمئىيەتنىڭ مەنىۋى خەزىنىسىدىكى ئالاھىدە بايلىق تۈرى ئىدى، ھەركىم ئۆزىنىڭ قارىشى ۋە پىكىر ئۇسلۇبى بىلەن يارامىلىق پۇقرا بولالايتتى. پىكىر يولى ئوخشىشىپ كېتىدىغان ئادەملەر جەمئىيىتى نامرات، كېسەل جەمئىيەت ئىدى. شۇڭلاشقا، ئۇلار ئوخشىمىغان قاراشتىكى ئادەملەر بىلەن بىر يەرگە كېلەلەيتتى ۋە بىر - بىرىنىڭ پايدىلىنىشىغا بولىدىغان تەرەپلىرىنى ئۆزلەشتۈرۈپ، پايدىسىز تەرەپلىرىنى ئۇن - تىنسىز ھالدا شاللىۋېتىشنى بىلەلەيتتى.

ئىنگلىزچەم يېتەرلىك بولمىغاچقا كۆپ سۆھبەتتە ئاز

سۆزلىگۈچى بولۇپ قالاتتىم. لېكىن، ئازغىنە سۆزۈممۇ تېگىشلىك ئىناۋەتكە ئىگە بولغاچقا، سورۇنلاردىكى بىر كىشىلىك مەۋجۇتلۇقۇمنى روشەن ھېس قىلاتتىم. مەزكۇر سورۇندا ئۆزۈمگە خاس ئورنۇم بار ئىدى. ھەقىقىي ساھىبخانا مېھمانغا تائام بېرىشتىن ئىلگىرى ئىنسانلىق شەرىپىنى بېرىدۇ.

شۇ كۈنى بىز ئېدمۇند ئائىلىسىدىكى داستىخاندىن قوپۇپ، كۆل سەيلىسى قىلدۇق. ئەتراپتا بەزىلەر بالىلىرى بىلەن بىللە ئويناپتتى، بەزىلەر سۇرەتكە چۈشەتتى، بەزىلەر كۆل بويىدا تىنچ ئولتۇرۇپ كىتاب كۆرەتتى، بەزىلەر جۈپتى بىلەن شېرىن سۆھبەتتە ئىدى، بەزىلەر ئەدىيالدا سوزۇلۇپ ئۇخلايتتى. بۇ مەنزىرە مەندە بەخت تۇيغۇسىنى ۋە ئۇنىڭ بىلەن تەڭداش ئازاب تۇيغۇسىنى ئويغاتتى. بەلكىم مەن كۆرگەن بۇ دىلرابا كۆرۈنۈشنى پەيدا قىلغان ئىنسانلارنىڭ بەخت تۇيغۇسى مېنىڭكى بىلەن پەرقلىق بولۇشى مۇمكىن، لېكىن مەن ئۇلارنى بەختلىك ھېس قىلدىم. ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ ئاددىي تۇرمۇشىنىڭ مېۋىسىنى تېتىغۇچىلار ئىدى. دۇنياغا ئىنسان بولۇپ تۆرىلىپ، ئىنسانىي لاياقىتىنى تارتقۇزۇپ قويغان، ئېغىر ئەمگەكلەرنى قىلىپ، ھەققىنى باشقىلاردىن تىلەپ ئالىدىغان كىشىلەرمۇ تالاي ئەمەسمۇ؟!

ئۆز ھەققىنى باشقىلاردىن يالۋۇرۇپ ئېلىش زوراۋانلىقنىڭ نىقابسىز ھالىتى ئەمەسمۇ؟! بولۇشىغا يەپ ـ ئىچىپ، خۇدىنى بىلمەي كۆلۈپ يۈرىدىغانلارمۇ بار. ۋىجدان ـ ۋۇجۇدى ئاللىبۇرۇن ئۆلگەن شۇ ئىنسانلارنىڭ ئۆز پاجىئەسىدىن خەۋەرسىز بولۇشى تېخىمۇ ئېچىنىشلىق ئەمەسمۇ؟!

بەخت زادى نېمىدۇ؟ ئەگەر بىرى قوشنىسىنىڭ داۋالىنىشقا قۇربى يەتمەي نائىلاج ياتقىنىنى بىلىپ تۇرۇپ ھويلىسىدا مەشرەپ ئوينىسا، بۇنى بەخت دېيىشكە بولامدۇ ـ يوق؟ ئۆزىنىڭ مەنپەئىتى ۋە خۇشاللىقىنى قانچىكى تار ئويلىغان ئادەم جىقراق كۈلەلىشى مۇمكىن، لېكىن ھەممە كۈلكىنىڭ خۇشاللىق

www.uyghurkitap.com



كۆلكىسى بولۇشى ناتايىن، ھەممە خۇشاللىقنىڭ بەخت بولۇشى ناتايىن. ئۆزىنىڭ مەنپەئىتى ۋە خۇشاللىقىنى قانچىكى كەڭ ئويلىغان ئادەم جىقراق قايغۇرۇشى مۇمكىن، لېكىن ھەممە قايغۇنىڭ بەختسىزلىك بولۇشى ناتايىن. ھەممە بەختسىزلىكنىڭ غايىللارچە يوقىلىش بولۇپ چىقىشى ناتايىن. دېمەك، بىزنى ئاخىر يوق قىلىۋېتىدىغان كۈلكىلەر بار، ئاخىر ساقلاپ قالىدىغان قايغۇلار بار. بۇلارنىڭ قايسىسى ئەۋزەل؟ فىرانسۇز يازغۇچىسى ئالبېرت كامىيۇ (Albert Camus, 1960 ـ 1913) «بارچە ۋاقتىمىز بەختلىك بولۇش ئۈچۈن كەتتى، ئۆزىمىز بولۇش ئۈچۈن ۋاقىت يوق بولدى» دېگەنىكەن. ئادەمنى ئۆز ـ ئۆزىدىن ياتلاشتۇرىدىغان بەختنىڭ ئاخىرى قانداق قورقۇنچلۇق ـ ھە؟

نوقۇل شاد ـ خۇراملىقنىلا قوغلاشقان ئادەمنىڭ تارتىدىغان كۈلپەتلىرى ھەرگىز ئاز بولمايدۇ. بەلكىم ئۇ بۇنىڭ بىلەنلا چەكلەنمەستىن، ئۆزىنىڭ چېچىكىنى باشقىلارنىڭ يارىسىدا ئېچىلدۇرۇشى مۇمكىن.

بىز يەنە ئۆز قوۋمىنىڭ ئەزىيەتلىرىنى زىممىسىگە يۈكلەپ، خېيىم ـ خەتەرلەرنى ئۈستىگە ئېلىپ، ئۆلۈم دەھشىتىگە تەۋەككۇل قىلغان قەھرىمانلارنى ئويلاپ باقايلى. ئۇلار ھاياتنىڭ لەززىتىنى قەدىرلەشنى بىلمەيدىغان ساراڭلارمۇ؟ ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ كىشىلىك ھاياتىدىكى لەززەتتىن نېمىشقا ۋاز كېچىدۇ؟

ئىنسانىيەت تارىخىدىكى پەيغەمبەرلەر ئۆزلىرىنىڭ مەسئۇلىيىتىنى تېخىمۇ كەڭ چۈشەنگەن ۋە ئادا قىلغان. ئۇلار ئۆز قوۋمىنىڭ ئەينى دەۋرىنىلا ئەمەس، كەلگۈسىنىمۇ ئويلىغان ۋە كۆرگەن. ئەنە شۇلارنىڭ كاتتا بىرى مۇنداق دېگەن: «ناۋادا سىلەر مەن بىلگەننى بىلسەڭلار ئىدى، كۆپرەك يىغلاپ، ئاز كۈلگەن بولاتتىڭلار. سىلەر شۇنداق دەۋرنى باشتىن كەچۈرىسىلەر، ئۇ دەۋردە يالغان تەقۋادارلار ھەممە يەرنى قاپلايدۇ، كىشىلەر ۋەدىسىدە تۇرمايدۇ، رەھىمسىز بولۇپ كېتىدۇ. سەمىمىي كىشىلەر چەتكە

قېقىلىدۇ، مەككارلار ئىشەنچكە ئېرىشىدۇ، ئاپەتلەر خۇددى قاراڭغۇ كېچىدەك سىلەرنى ئوراپ ئالىدۇ.» بۇ نېمىدېگەن يىراقنى كۆرۈش! بۇنداق رېئاللىقنى كۆرۈپ يېتىش پەيتىدىكى كۆلكىنىڭ نېمە پايدىسى بولسۇن! بۇنداق ۋاقىتتىكى غەم - ئەندىشە نەقەدەر ھۇزۇر!

ھەيھات! بەخت توغرىسىدا بۇنداق ئېغىر خىياللارنى قىلىش ئىستېماللىزم دەۋرىدىكى ئىنسانلارنىڭ شادىمان ئۆتۈش ھېرىسلىرىگە تامامەن يات ھالدا، مالاللىق ئېلىپ كېلىشى تۇرغانلا گەپ.

دۇنيادا شەخسىيەتسىز ئىنسان بولمايدۇ. ئىنسان ئۆز كامالىتىگە يارىشا قانداقتۇر بىر ھايات ئۆلچىمى بىلەن تۇرمۇشتىن بەخت ئىزدەيدۇ. ئۇ «بەخت دېگەن نېمە؟» دېگەن مەسىلىگە باش قاتۇرۇپ، ئاۋارە بولۇپ يۈرمىسىمۇ، ئۆزىمۇ ئېنىق ھېس قىلىپ كېتەلمەيدىغان بەخت ئۆلچەملىرىگە ئىگە بولماي قالمايدۇ. مانا شۇنداقلارنىڭمۇ بەختلىك بولۇشى ئۆزىنىڭ نېمە قىلىشىنى ئۆزى تاللايدىغان ئىختىيارىيلىققا ئېرىشكەن بولۇشى شەرت.

مەن خەمستىدخىس (Hamstead heath) چىملىقىدىكى ئازادە تۇرمۇش ئەھلىگە قاراپ، ئۇلارنىڭ بەختىنى ھېس قىلدىم، لېكىن ئۇلار مېنىڭ قانداقلىقىمنى ھېس قىلالمايتتى. بەلكىم ئۇلار مۇشۇ كۈنلەر ئۆچۈن ئەجدادلىرىنىڭ قانچىلىك ئىشلارنى قىلغانلىقىنى ئوبدان بىلىدىغاندۇ. بەلكىم بۇ بىلىشلەرنى ھاياتىنىڭ لەززەتلىك چاغلىرىغا بەخشەندە قىلىپمۇ يۈرمەيدىغاندۇ. قانداقلا بولمىسۇن دۆلىتىنى ھەر ھالدا كۆڭۈللۈك ماكانغا ئايلاندۇرۇپ بەرگەنلەرنى ئۇنتۇپ كەتكەنلەرنىڭ بەختىنىڭ پۈتۈن بولمايدىغانلىقىنى ئۇلار چوقۇم ياخشى چۈشىنىدۇ. دېمەك، تارىخسىز بۈگۈن يوق.

ئۇلارنىڭ ھايۋانلىرىمۇ خورلۇقتىن خالىي ئىدى. ئۇلار ئامىۋى

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



ئاپتوبۇسلارغا ئىتىلىرىنى يېتىلەپ چىقىشىدىكەن، ئىتقا مەستلىكى كېلىپ كەتكەن ناتونۇش بىرى ئىتقا ھەۋەسلىنىپ قارىسا ياكى ئىتنىڭ بېشىنى سىلاپ قويسا، ئىتنىڭ ئىگىلىرى مەمنۇن بولۇشىدىكەن. بۇ بىزدە بىرىنىڭ بالىسىنى ئەركىلىتىپ قويسا ئاتا - ئانىسى خۇش بولغاندەك بىر ئىش ئىكەن. كۈندىلىك تۇرمۇشىدا ئۆزلىرىنىڭ شەخسىي ھالاۋەت دۇنياسىنى قوروپ چىقىشىنىڭ ھەلەكچىلىكىدە ئۇلار قوشنىسىنى ياكى قېرىنداشلىرىنى ئىزدەپ بولالمىسا كېرەك، ئۇنىڭدىن كېلىپ چىققان يېگانىلىكتە ئىت ياخشى ئەرمەك ئىدى. ئىت ئەركىلەپ بېرىدۇ، شەخسىيىتىڭنى باشقىلارغا چېقىپ قويمايدۇ. بۇ نۇقتىدىن قارىغاندا، ئىت ئادەمدەك خەتەرلىك ئەمەس. ھاياتلىق رىقابىتى ئادەملەرنى بىر - بىرىگە شۈبھىلىك ۋە خەۋپلىك قىلىپ كۆرسىتىۋەتسە، ئىت ئادەمدىن ئىشەنچلىك بولۇپ چىقىدۇ، ئەلۋەتتە.

ھەر قېتىم لوندوننىڭ پۇل مۇئامىلە مەركىزى بولمىش بىشوپس گېيت (Bishops gates) ۋە لىۋېرپول كوچىسى (Liverpool street) دىن ئۆتكەندە، ئالدىراش كېتىۋاتقان ئادەملەر دولقۇنىنى كۆرىمەن - دە، تېلېۋىزور ئېكرانى ئارقىلىق كۆرگەن نيۇيورك شەھىرىنىڭ Wallstreet (ۋال) كوچىسىنى ئەسلەپ قالىمەن. بۇ ئىككى چوڭ شەھەرنىڭ ئىككى كوچىسىدىكى مەنزىرە بىر - بىرىگە ئوخشاپ كېتەتتى. ئادەملەر دەريادەك ئاقىدۇ، بىر - بىرىگە قاراشقا چولىسى يوق، چىرايلار جىددىي، قەدەملەر ئىلدام، گويا ئۆزى ئۆزىدە ئەمەس... بەزىدە تايمس دەرياسىنىڭ بويىدىكى ئاۋات رېستورانلارنىڭ ئالدىنى بويلاپ مېڭىپ، بۇ يەردە تاماق يەۋاتقانلارنىڭ روھىي ھالىتىنى كۆزىتىمەن. ھەممىنى ئۇنتۇغان ھالدا تاپقان پۇلىنىڭ پەيزىنى سۈرۈۋاتقان كىشىلەرنىڭ كەيپى چاغ ئىدى. ھەتتا مەن ئوتتۇرا ئاسىيادىكى ھەرقايسى ئەللەرنى تېما قىلىپ، تەتقىق قىلىشنى كەسپكە ئايلاندۇرغان

ئالىملارغىمۇ زەن سېلىپ باقتىم، ئۇلار ھەقىقەتەن مېتودلۇق قابىل تەتقىقاتچىلار ئىدى. ئۇلار سىستېمىلىق مۇلاھىزە قىلالاتتى، دەلىل - ئىسپات بىلەن ھۆكۈم چىقىراتتى، ئەمما مەلۇم بىر رايون خەلقلىرىنىڭ ئىچىنىشلىق قىياپىتى ئۇلارنى ئانچە بىئارام قىلىپ كەتمەيدىغاندەك تۇراتتى، شور قىسمەتلەرگە كۆڭۈل بۆلۈش ئۇلارنىڭ ئىشى ئەمەستەك ئىدى. ئۇلار مەسىلىلەرنى تامامەن ئەقلىي سوغۇققانلىق بىلەن كۆتۈرۈپ چىقاتتى، ھېس - تۇيغۇلارغا بېرىلىپ كەتمەيتتى، چىقىرىلغان خۇلاسىلەر ئەقىل بىلەن لوگىكىغا تويۇنغان بولۇپ، شەخسىي نۇقتىدىن ئۇلار مەزكۇر رايون مەسىلىسى بىلەن پۈتۈنلەي ئالاقىسىزدەك تەسىرات بېرەتتى. ئۇلارنىڭ كۆپى پەقەت مۇتەخەسسىسلەردىن ئىبارەت بولۇپ، ھېسداشلىق ۋە تەقدىرداشلىق ئۇلارنىڭ ئىشى ئەمەس ئىدى. ئۇلار يازغان ماقالىلىرى بىلەن ئالىملىق پەشتىقىغا بىرقەدەر يۇقىرى كۆتۈرۈلسىلا ئىش تامام - ۋەسسالام بولىدىغاندەك ئىدى. ھاكىممۇتلەق رايوننى تەتقىق قىلىدىغان بەزى مۇتەخەسسىسلەر ئۆزلىرى تەتقىق قىلىدىغان رايوندىن كەلگەن كىشىلەردىن ئۆزلىرىنى تارتىشىدىكەن، ئۇلارنىڭ ئۆزلىرىنىڭ تەتقىقاتىنى چۈشىنىپ قېلىشى ۋە ئۆزى تەۋە ھۆكۈمەتكە چېقىپ قويۇشىدىن، نەتىجىدە، چېكىت قويۇلغان ئەربابلاردىن بولۇپ قېلىشىدىن ئەنسىرەيدىكەن. بۇنداق ئالىملارنىڭ كۆپى باشقىلار بىلەن پەقەت ۋاستىدە ئورتاقلىشىدۇ، غايىدە ھەرگىز ئورتاقلاشمايدۇ. ۋاستىنىڭ رولى ئاخىرلاشقان ھامان ۋاستىچىنىڭ كېرىكى تۈگەپ، نەزەردىن قالىدۇ.

ئۆزىنىڭ پايدا - مەنپەئەت مېخانىزمىنى پۇختا قۇرۇپ چىققان ۋە ئۇنى قانۇنىي ئاساسقا ئىگە قىلالىغان دۆلەتنىڭ پۇقرالىرىنى ئاددىي چاغلاشقا بولمايدۇ. چۈنكى، دۆلەت دېگەن ئادەملەردىن مۇستەسنا يوچۇن نەرسە ئەمەس، بەلكى ئۇ دەل ئادەملەرنىڭ

www.uyghurkitap.com ئۇيغۇر كىتاب تورى

سىياسىي، ئىقتىسادىي، مەدەنىي تەشكىلىي سىستېمىسىدىن ئىبارەت. شۇڭا، دۆلەتنىڭ پۇختىلىقى ئەمەلىيەتتە ھەربىر پۇقرانىڭ يەككە پۇختىلىقى ئارقىلىق ئەمەلگە ئاشقان بولىدۇ. كۆز ئالدىمدىكى ئادەملەرنىڭ پۇختىلىقى ياشاشنىڭ ھەربىر ئىنچىكە ھالقىسىدا، شۇنداقلا ئۇنىڭ شەخسىيىتىدىن ھالقىغان سىياسىي قاتلاملىرىدا ئۆز ئىپادىسىنى راۋۇرۇس كۆرسىتەلەيدۇ، دەپ قارىدىم.

ئۇلار زورورىيىتى بولمىغان غەزەپنىڭ ئوتىنى پەم بىلەن ئۆچۈرەلەيدۇ، زورورىيىتى بولمىغان دۈشمەنلىككە دوستلۇقنىڭ يوچۇقىنى قالدۇرۇپ قويالايدۇ. ئۇلار يەنە ئۆزىنىڭ شەخسى ھالاۋىتى بىلەن جەمئىيەتنىڭ ئامانىتى ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەتنى كىشىلىك ھېسسىيات بويىچە ئەمەس، قانۇن رامكىسى ئىچىدە بىر تەرەپ قىلىشقا مايىل. بىشوپس گېيتىس (Bishopsgate) تىكى ئالدىراشلىقتىن ئۇلارنىڭ رىقابەتكار ئىجتىمائىي تەرىپىنى كۆرىمىز، باغچىلاردىكى ئاپتاپسىنىشلاردىن ئۇلارنىڭ ئاددىي كىشىلىك تۇرمۇشىنى قەدىرلەشكە، شۇ ئارقىلىق ئۆزىنىڭ ئۆزلۈك دۇنياسىغا قايتىشقا تەشنا ئىكەنلىكىنى كۆرىمىز.

بىرىتانىيە ھەرقايسى پارتىيەلەر ئوتتۇرىسىدا ئەركىن سايلام ۋە ئاشكارا رىقابەت يولىغا قويۇلىدىغان دېموكراتىك ئەل. بۇ ئەلدە نۇرغۇن مىللەت ياشايدۇ، كۆپ كۇلتۇرچىلىك (كۆپ ھازارەتچىلىك - Multiculturalism) ھەربىر مىللەتنىڭ كۇلتۇرال (ھەزارىي) مەۋجۇتلۇقىغا ئىمكانىيەت قالدۇرغاندى. ھەرقايسى مىللەت كۆچمەن ياكى يەرلىك بولۇشىدىن قەتئىينەزەر بىر - بىرىنى سىغدۇرۇپ كېتىش خاراكتېرلىك قانۇنىي تەرتىپ ئورنىتىلغاندى. شۇنداقتىمۇ بۇ ئەلنىڭ بىخەتەرلىك سەزگۈسى ناھايىتى كۈچلۈك. لوندون كوچىلىرىدا يۈرگەندە، سىنكۆزلەرنىڭ ناھايىتى كۆپلۈكىنى بايقاش تەس ئەمەس. كوچىلاردا، دوقمۇشلاردا، بىنالاردا، كارىدورلاردا، ئاپتوبۇسلاردا، تار كوچىلاردا، ئايروپورتلاردا، پويىزلاردا، تاللا بازارلاردا، بانكىلاردا... ئىشقىلىپ، ھەرقانداق يەردە سىنكۆز

(CCTV) لەرنى كۆرگىلى بولىدۇ. مەيلى سىز نەگە بارماڭ، دۆلەتنىڭ كۆزى سىزدە. ماتېرىياللاردىن مەلۇم بولۇشىچە، ئەنگلىيەدە 4 مىليون 200 مىڭ سىنكۆز بار بولۇپ، ھەر 14 ئادەمگە بىردىن توغرا كېلىدىكەن، مۆلچەرلىنىشىچە، 2012 ـ يىلى ئۆتكۈزۈلىدىغان لوندون ئولىمپىك يىغىنىدىن بۇرۇن سىنكۆز ئاپپاراتىنىڭ سانى 8 مىليونغا يەتكۈزۈلىدىكەن. بەزى رەڭسىز نۇرلۇق سىنكۆزلەر كىشىلەرنىڭ بەدىنىدىكى ئەڭ پىنھان يەرلەرگە قەدەر كۆزىتەلەيدىغان بولۇپ، كىشىلەرنىڭ ھېچنېمىسى دۆلەتنىڭ كۆزىدىن قېچىپ قۇتۇلالمايدىكەن. سىنكۆزلەرگە سەپلەنگەن مىكروفونلار 100 مېتىرلىق دائىرە ئىچىدىكى بىرەر ئادەمنىڭ ۋارقىرىشىنى سېزىپ، سىنكۆز ئاپتوماتىك ھالدا شۇ ئادەمگە توغرىلىنىدىكەن. سىنكۆز ئاۋازنىڭ تونلىرى، سۆزنىڭ سۈرئىتى قاتارلىقلارنى ئېنىق ئايرىيالايدىكەن. ناۋادا بىرى غەزەپلىنىپ توۋلىسا، ئاۋازى ئېگىز ـ پەس چىقسا، تەبىئىي ھالدا كۆزىتىش ئوبيېكتىغا ئايلىنىپ قالىدىكەن.

ئەنگلىيە پۇقرالىرىنىڭ رايىدىن قارىغاندا، ئۆزلىرىنىڭ خۇسۇسىي دۇنيالىرىنىڭ دۆلەتنىڭ نازارىتىدە قېلىشى بىر دېموكراتىك دۆلەتنىڭ شان ـ شەرىپىنى يوق قىلىۋېتىدىغان ئىش ئىدى. ئەنگلىيە «ياۋروپادىكى ئاۋامغا ئەڭ قاتتىق نازارەت يۈرگۈزگەن دۆلەت» دېگەن نامنى ئالغاندىن سىرت، خەلقئارا خۇسۇسىي مەخپىيەت ھوقۇقى تەشكىلاتىنىڭ قارا تىزىملىكىگە كىرگەن دۆلەت. ئۇنىڭ ئۈستىگە ئەنگلىيە ھۆكۈمىتى تېررورلۇققا قارشى تۇرۇش باھانىسىدە پۇتكۈل خەلقنىڭ DNA سىدىن سانلىق مەلۇمات ئامبىرى قۇرۇپ، نازارەت ھوقۇقىنى كېڭەيتكەن ۋە «خەلقنى جىنايەت گۇماندارى سۈپىتىدە كۆرگەن».

ئەنگلىيە پۇقرالىرىنىڭ ئىشى قانۇنىي تەرتىپ بويىچە يۈرۈشۈپ تۇرىدىكەن. شۇنداقتىمۇ ئۇلار ھۆكۈمەتنى بەكلا بيۇروكراتىك (bureaucratic) دەپ ئەيىبلەپ تۇرىدىكەن. توغرا، بىر دۆلەتتە

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يىگانە ئادرېسى



بىيۇروكراتىزم ئىبغىرلىششىپ كەتكەندە ئىجتىمائىي ئىش تەقسىماتىدىكى دەرىجە تۈزۈمى قاتتىق بولىدۇ، ئىش بېجىرىش تەرتىپىدە ئادىمىي ھېسسىيات ئاز بولىدۇ، ئىشلار كەسپلەشكەن ھالدا سىجىللىقتا ئىگە بولىدۇ. ئەمەلىيەتكە قارىغاندا قىزىل باش ھۆججەت ياكى بۇيرۇقتا بەكرەك ئېتىبار بېرىلىدۇ. بەلكىم، بۇ تېرمىنغا ئۇيغۇرچىدىكى «قەغەزۋازلىق»، «ھۆججەتۋازلىق» دېگەن ئىبارە ئۇدۇل كېلىشى مۇمكىن. پىششاق بىر ھاكىمىيەتنىڭ بىيۇروكراتىك قاتلىمى مۇنتىزىملىشىدۇ، يەنە بىر تەرەپتىن خەلقنىڭ ئەركىن تەنقىدلىرى ئارقىلىق ئۆزىنى تەڭشەپ، زامانغا لايىقلاشتۇرىدۇ. ھاكىمىيەتنىڭ سەرخىللار قاتلىمى بىر تەرەپتىن ئاۋامنىڭ پىكىر ئىپادىلىرىنى يېقىندىن كۆزىتىدۇ، يەنە بىر تەرەپتىن مۇۋاپىق ئۇسۇللار بىلەن تەشەببۇسكار ئورۇنغا ئۆتۈپ ئاۋامنىڭ پىكىر يۆنىلىشىنى كونترول قىلىدۇ ۋە ئۆزىگە پايدىلىق تەرەپكە بۇراشقا تىرىشىدۇ. بۇ جەھەتتە ئۇلارنىڭ تايىنىدىغىنى ئىلغار تېخنىكا. بۇ ھەقتە ئامېرىكا پەيلاسوپى گ.سارتورىي (G.Sartory) نىڭ مۇنۇ سۆزىنى نەزىرىمىزدىن ئۆتكۈزسەك كۇپايە قىلىدۇ: «تېخنىكىنىڭ كۈچىگە تايىنىپ ھەسسىلەپ زورىيىۋاتقان ھوقۇق ئورگانلىرى شۇ قەدەر رەزىللىك بىلەن ھەممە يەرگە ئۇۋا سېلىۋاتىدۇ» («دېموكراتىيە ھەققىدە يېڭى نەزەرىيە»). مۇبادا پەن - تېخنىكا ئەسەبىي ھوقۇق ماشىنىسىنىڭ قولىدىكى نەرسىگە ئايلانسا، مۇتلەق كۆپ ساندىكى خەلق ئۆلمەي تۇرۇپمۇ قىيامەتنىڭ دەھشىتىنى كۆرىدۇ. ئۇ چاغدا پەن - تېخنىكا ھەربىر ئادەمنى ھۆكۈمرانلىق ماشىنىسىنىڭ چىشلىق چاقىغا ئايلاندۇرۇپ بېرىدۇ. دېمەك، پەن - تېخنىكا ئىنسانلارغا بەخت ئېلىپ كېلىدۇ، دېگەن ھۆكۈمنىڭ ساددىلارچە ھۆكۈم ئىكەنلىكى بۈگۈنكى دۇنيادا ھەممىگە ئايدىڭ مەسىلە بولۇپ قالدى. پەن - تېخنىكا ۋە مائارىپ كىشىلەرگە بەخت ئېلىپ كېلىدۇ، دېيىشتىن ئىلگىرى ئاشۇ پەن - تېخنىكا ۋە مائارىپنىڭ قايسى خىل

كۆچىلەرنىڭ قولىدا ئىكەنلىكىگە ئوبدان سەپسىلىشقا توغرا كېلىدۇ.

ئەجدادلىرىمىز مىڭ يىللار مابەينىدە دەججالنىڭ پىتنىسىدىن ئاگاھلاندۇرۇپ كەلگەنىدى. ئېيتىلىشىچە، ئادەم ئەلەيھىسسالامدىن قىيامەتكىچە بولغان پىتنىلەرنىڭ ئىچىدە دەججالنىڭ پىتنىسى ئەڭ يامان ئىكەن. مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ «ھەدىس شەرىف»دە دەججالنىڭ تەق - تۇرقى، خۇسۇسىيىتى، ئۇنىڭدىن ھەزەر قىلىش توغرىسىدا ئېنىق بېشارەتلەر بېرىلگەنىدى.

ساھابىلەرنىڭ ئىشەنچلىك بايانلىرىدىن كۆرە، دەججال يەكچەشمە بولۇپ، قارىغۇ سول كۆزى ئۈزۈم دانىسىدەك پۇلتىيىپ چىققانىكەن. ئۇنىڭ پۈتكۈل بەدىنى تۈك ئىكەن. ئۈممەتلەر دەججالدىن يىراق تۇرۇشقا ئاگاھلاندۇرۇلغانىدى. ئەگەر كىم ئۇنىڭغا يېقىنلاشسا، ئۇنىڭ ئاجايىپ كارامەتلىرى تەرىپىدىن ئالدىنىپ، ئۇنىڭغا ئەگىشىپ كېتىدۇ. كىشىلەرنىڭ ئارىسىدىكى سالىھ (ياخشى) بىرى دەججالغا: «مەن سېنىڭ پەيغەمبىرىمىز ئېيتقان دەججال ئىكەنلىكىڭنى كىشىلەرگە ئىسپاتلاپ بېرىمەن» دەيدىكەن. دەججال ئەگەشكۈچىلىرىگە «ئۇ ئادەمنى ئۆلتۈرۈپ، يەنە تىرىلدۈرۈشۈمگە گۇمان قىلامسىلەر؟» دېسە، ئۇلار «گۇمان قىلمايمىز» دەيدىكەن. ئاندىن دەججال ئۇ ئادەمنى ئۆلتۈرۈپ، تىرىلدۈرىدىكەن. تىرىلگەن ئادەم «ئاللا بىلەن قەسەمكى، سەن ئېنىق دەججالنىڭ ئۆزى ئىكەنسەن» دەيدىكەن. دەججال ئۇ ئادەمنى قايتا ئۆلتۈرمەكچى بولىدىكەن، لېكىن ئۆلتۈرەلمەيدىكەن. دەججال كېلىشتىن بۇرۇن زېمىندا قۇرغاقچىلىق ئاپىتى يۈز بېرىپ تۇرىدىكەن.

ھەدىسلەردە ئۇچرىغان ئالامەتلەردىن قارىغاندا، دەججال يىراقتىكى ئاۋازلارنى ئاڭلىيالايدۇ، زېمىنىنىڭ يىراق چېتىدىكى ئىشلارنى كۆرەلەيدۇ، يەر يۈزىنى بىرنەچچە كۈن ئىچىدە ئايلىنىپ

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى



چىقالايدۇ، يەر ئاستىدىكى بايلىقلارنى تېپىۋالالايدۇ، يامغۇر ياغدۇرالايدۇ، ئۆسۈملۈكلەرنى بۇيرۇقى بويىچە ئۆستۈرەلەيدۇ، ئادەمنى ئۆلتۈرۈپ، تىرىلدۈرەلەيدۇ. ئېتىقادى ئاجىز كىشىلەر ئۇنىڭغا تېۋىنىپ، بەيئەت قىلىدۇ. 20 ـ ئەسىردىكى تەسىرچان ياۋروپالىق مۇسۇلمان، ژۇرنالىست ۋە دىپلومات مۇھەممەد ئەسەد (1900 ـ 1992, Muhammad Asad) ئۆزىنىڭ «مەككە يولى» ناملىق كىتابىدا يۇقىرىقىدەك ئالامەتلەرنى ئۆزىگە مۇجەسسەم قىلغان دەججالنى مۇنداق شەرھلەيدۇ: «ئۇ دەل ھازىرقى تېخنىكا مەدەنىيىتى ئەمەسمۇ؟ ئۇنىڭ ئاشۇ كۆزى پەقەت تۇرمۇشنىڭ ماددىي تەرىپىنىلا كۆرىدىغان (روھىي تەرىپىنى كۆرمەيدىغان) كۆزغۇ. كىشىلەر تېخنىكىنىڭ ياردىمى بىلەن ئۆزلىرىنىڭ تەبىئىي كۆزى ۋە قۇلىقى بىلەن كۆرۈش ھەم ئاڭلاشقا قادىر بولالمىغان نەرسىلەرگە قادىر بولۇشتى. يىراق مۇساپىلەرنى تەسەۋۋۇر قىلغۇسىز سۈرئەت بىلەن باسالايدىغان بولۇشتى. پەننىي بىلىملەرگە تايىنىپ يامغۇر ياغدۇرۇپ زىرائەتلەرنى ئۆستۈرۈشتى. يەر ئاستىدىكى بايلىقلارنى تېپىشتى. ئۆلۈم گىردابىدىكى ئىنسانلارغا دورىلار بىلەن چارە قىلىشتى. ئۇرۇشلار ۋە پەن تېررورلۇقى ھاياتلىقنى بەربات قىلدى. بۇ خىل ماددىي يۈكسىلىشلەرگە كۆزلىرى ئالا چەكمەن بولۇشقان ئەقىدىسى زەئىپ ئىنسانلار بۇ خىل مەدەنىيەتكە دۈم چۈشتى...» مەن مۇھەممەد ئەسەدنىڭ دەججال توغرىسىدىكى چۈشەندۈرۈشىنى بىردىنبىر توغرا دېمەكچى ئەمەس. ئەلۋەتتە بۇلار ھەققىدە ھەر خىل شەرھى بار.

زاۋۇت، تەجرىبىخانا، ئىستاتىستىكا، ئىچكى ئىشلەپچىقىرىش ئومۇمىي قىممىتى (GDP)، ئاھالىلەرنىڭ تۇرمۇش ئىستېمال كۆرسەتكۈچى (CPI)، پەن ـ تېخنىكا... دېگەندەك گەپلەر يۇقىرىقىدەك مەدەنىيەتتىكى ئىنسانلارنىڭ ئاغزىدىن چۈشمەيدۇ. پەن ـ تېخنىكا ھەققەتەن مىسلى كۆرۈلمىگەن گۈللىنىش ئېلىپ كەلدى. لېكىن، بۇ گۈللىنىش ئىنسانلارنىڭ مەنىۋى،

ئەخلاقىي كىرىزىسلىرىنى ھەل قىلىش تۇگۇل، تېخىمۇ ئۆتكۈرلەشتۈرۈۋەتتى. ئىجتىمائىي ئادالەت ساھەسىدە تالاي مەسىلە ھەل بولماي تۇرۇپ، يېڭى مەسىلىلەر كېلىپ چىقتى. بىر جەمئىيەتتە ئادالەت مەسىلىسى ھەل بولماي تۇرۇپ، ھەممە ئىنسانىنىڭ بىر پۈتكۈل ساغلام بەخت ـ سائادىتىنى قولغا كەلتۈرگىلى بولامدۇ؟ بۇ ئادالەت مەسىلىسىنى زادى نېمە ھەل قىلىدۇ؟

يەھۇدىي ئالىمى كارل ئا. ۋىتفوگېل (Karl A.Witfogel,1896 ـ 1988) ئۆمرىنىڭ كۆپ قىسمىنى ئىستىبداتلىق (专制主义) ھەققىدىكى تەتقىقاتقا بېغىشلىغان ۋە «مىرابلىق جەمئىيىتى» (治水社会) دېگەن بىر ئۇقۇمنى ئوتتۇرىغا قويغان. ئۇنىڭ قارىشىچە، قۇرغاقچىلىق، يېرىم قۇرغاقچىلىق ھالىتىدىكى شەرق ئەللىرى بىر خىل «مىرابلىق جەمئىيىتى» دۇر. بۇنداق جەمئىيەت چوڭ كۆلەمدىكى ھەمكارلىققا موھتاج بولۇپ، بۇ ھەمكارلىق يەنە ئىنتىزام، بويسۇنۇش مۇناسىۋىتى، كۈچلۈك رەھبەرلىككە موھتاج بولىدۇ. «بىز گۇراگ (سابىق سوۋېتلەر ئىتتىپاقى دەۋرىدىكى سىبىرىيە سىياسىي مەھبۇسلار لاگېرى) نى، ئوسۇۋېتسىمنى ئۇنتۇپ قالماسلىقىمىز كېرەك. بىز يەنە ھوقۇق، ئىقتىسادىي ۋە ھەربىي بىسىم جەھەتتە ئۈستۈنلۈككە ئىگە بولۇش ئارقىلىق ھاكىممۇتلەق تۈزۈمنىڭ دۇنياغا كېڭىيىش مۇمكىنچىلىكى بارلىقىنى ئۇنتۇپ قالماسلىقىمىز كېرەك» دەيدۇ ۋىتفوگېل ئاگاھلاندۇرۇپ. ئۇ شەرق ئىستىبداتلىقى بىلەن غەرب ئىستىبداتلىقىنى سېلىشتۇرۇپ مۇنداق دېگەن: «سىياسىي ئىمتىيازدىكى ئىستىبداتلىقنىڭ روشەن بولۇشى شەرق جەمئىيەتلىرىنىڭ ماھىيىتىدۇر. ئەلۋەتتە، ياۋروپادا ئىستىبدات ھۆكۈمەت يوق ئەمەس، كاپىتالىستىك تەرتىپ بىلەن ئىستىبدات دۆلەتلەر تەڭ پەيدا بولغان. بىراق، كۆزەتكۈچىلەرنىڭ قارىشىچە، شەرق ئىستىبداتلىقى غەرب ئىستىبداتلىقىغا قارىغاندا تېخىمۇ

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يىگانە تارقاتقۇچىسى

ئەتراپلىق ھەم ۋەھشىي.»

قەدىمكى رىم شائىرى خوراسىنىڭ «نېمىشقا كۈلىسەن، ئىسمىڭنى قويساڭلا ھېكايىدە سۆزلەنگىنى ئۆزۈڭ بولۇپ چىقىسەن ئەمەسمۇ؟!» دېگىنىدەك، بىز مەسىلىلەر ئۈستىدە ئانالىز قىلغاندا، ئۆزگىلەرگە ۋە ئۆزىمىزگە ئەتراپلىق نەزەر سېلىشنى ئۆگىنىۋېلىشىمىز كېرەك.

مەن ئەنگلىيە كىشىلىرىنىڭ تۇرمۇش شەكلى ۋە مەدەنىيىتىنى ئۇيغۇر خەلقىمىز ئەينەن قوبۇل قىلىشى كېرەك، دېمەكچى ئەمەسمەن. مەن ئۇ خىل تۇرمۇشنىڭ مەپتۇنكارى ئەمەس. ئەمما، خەلقىمىزنىڭ ئۇلارنىڭ ئۆز تەقدىرى ئۈستىدە سوغۇققانلىق ۋە ئەقلىيلىك بىلەن ئىزدىنىدىغان، جەمئىيەتتىكى ئورنىنى قانۇنىي ۋە سىياسىي نۇقتىدىن ئەتراپلىق كۆزىتىدىغان ھەم سۈرۈشتۈرىدىغان روھىنى ئۆگىنىشنى ئۈمىد قىلماقچى. بۇ بىزنىڭ ئەقىدىمىز ۋە نۆۋەتتىكى تەقدىرىمىزنىڭ تەقەززاسى.

# لوندوندىكى ئۇيغۇر باللىرى

تۈلكە ئۆز ئىنىگە ئۈرسە قوتۇر بولۇر.

— مەھمۇد كاشغەرىي: «تۈركىي تىللار دىۋانى»دىن

مېنى سورىساڭ پىراقتا سارغىيىپمەن،
كۈنۈم ياخشى، لېكىن مۇندا غېرىبمەن.

— ئابدۇرېھىم ئۆتكۈر: «يىراقتىن خەت»

لوندونغا يېتىپ بارغىنىمدا، ئالدىمغا كۈتۈۋېلىشقا چىققىنى دىنىي ۋە ئىرقىي قېرىندىشىم بولدى. قېرىنداشلىق مېھرىنى ۋەتەندىن شۇنچە يىراق يات بىر زېمىندا ھېس قىلغىنىمدىن ناھايىتى قۇۋاندىم، ئىچىمدە ياراتقۇچىغا شۈكۈرلەر ئېيتتىم. يېنىمدا قېرىندىشىم بولغاچقا، بۇ يوچۇن تۇپراقتا ئىشەنچ بىلەن قەدەم ئالدىم. بىر قېرىنداش ئاتا قىلالايدىغان مەنىۋى قۇۋۋەت شۇنچە زور بولىدىكەن، بۇنى ۋەتەننىڭ ئۆزىدە تۇرۇپ نېمىشقا سېزەلمەيدىغاندۇ كىشى!؟ ئەلۋەتتە، شۇ كۈنى ماڭا تۇز بەرگەنمۇ شۇ قېرىندىشىم بولدى.

لوندوندىكى شۇ دەسلەپكى بىرقانچە كۈنۈم ئاشۇ قېرىندىشىمنىڭ ھەمراھلىقىدا خاتىرجەم، خۇشال - خۇرام

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تورى بىكىتى



ئۆتتى. مەن بۇ قېرىندىشىم ئارقىلىق لوندوندىكى باشقا قېرىنداشلار ھەققىدە ئاز - تولا خەۋەردار بولۇشقا باشلىدىم. ئۇيغۇرلار بىر - بىرىدىن ھەرقانچە قاقشىسىمۇ، بىر - بىرىدىن ئايرىلالمايدۇ. چۈنكى، چوڭ بىر ئىجتىمائىي تەقدىر ھامان ئۇلارنى ئوخشاش بىر ئورىبىتىغا كەلتۈرۈپ قويىدۇ. ئېيتىلىشىچە، پۈتكۈل بىرىتانىيەدىكى ئۇيغۇرلارنىڭ سانى 150 كە بارمايدىكەن، ئۇلار سانىنىڭ ئاز بولۇشىغا قارىماي، چىچىلىپ ئولتۇراقلىشىپ ياشاشقا مەجبۇر بولىدىكەن. لوندوندا تۇرۇۋاتقان ئۇيغۇرلارمۇ ئۇ چەت - بۇ چەت رايونلاردا ئىكەن. قالغانلىرىنىڭ بەزىسى شوتلاندىيەدە، بەزىلىرى شىمالىي ئىرېلاندىيەدە، بەزىلىرى ۋېلشتا تۇرىدىكەن. بىرىتانىيەدىكى كەلگۈندى ئۇيغۇرلارنىڭ مۇساپىرلىق قىسمىتى ئوخشاش بولسىمۇ، ئۇلارنى بۇ يەرگە ئېلىپ كەلگەن تەقدىر ھەربىر ئادەمدە ئۆزگىچە خاس بىر ھېكايىنى شەكىللەندۈرگەنىدى. بۇ ھال رۇسىيە يازغۇچىسى لېف تولستوينىڭ «ئاننا كارېننا» ناملىق رومانىنىڭ تۇنجى ئابزاسى بولغان «ھەممە بەختلىك ئائىلىلەر بىر - بىرىگە ئوخشايدۇ، بەختسىز ئائىلىلەر ئۆز ئالدىغا بەختسىز» دېگەن مەشھۇر جۈملىسىنى يادىمىزغا سالىدۇ. ھەرقانچە قىلسىمۇ ئۇلۇك كەلمىگەن تەقدىر ھەربىر يۈرەكتە زەرداب، پىغان ۋە ئېيتقانغا تۈگمەيدىغان ھەسرەتلىك قىسسىلەرنى پەيدا قىلغانىدى. بەلكىم، بۇ قىسسىلەرمۇ تارىخىمىزدىكى بارلىق ئېچىنىشلىق كەچۈرمىشكە ئوخشاشلا ئۈن - تىنسىز غايىب بولۇپ كېتىدىغاندۇ.

قەيەردە تۇرۇپ، قايسى يول بىلەن تىرىكچىلىك قىلىش لوندون (بىرىتانىيە)دىكى ئۇيغۇرلارنىڭ خاھىشى بويىچە بولىدىغان ئىش ئەمەس ئىدى. چۈنكى، بۇ يەردىكى مۇساپىرلار بىرىتانىيە تەرىپىدىن تاللانغانلار ئەمەس، ئەكسىچە ئۇلار ھەر خىل سەۋەب بىلەن بىرىتانىيەگە ئېقىپ كېلىشكەنىدى. تەقدىرنىڭ نامەلۇم

قولى ئۇلارنى قەيەرگە ئىرغىتىپ تاشلىسا، رازىمەنلىك بىلەن قوبۇل قىلىشقا توغرا كېلەتتى. شۇڭا، بۇ يەرگە كېلىشكەن ئۇيغۇرلار (مەيلى هازىرقى دىيارىمىزدىن، مەيلى ئوتتۇرا ئاسىيادىكى باشقا ئەللەردىن كەلگەن بولسۇن) ئەسلىدىكى تۇرمۇش ئۇسۇلىدىن تامامەن ۋاز كېچىپ يېڭى بىر تۇرمۇش يولىنى تاللاپ، ھەممىنى يېڭىدىن باشلاشقا مەجبۇر بولاتتى. گەرچە ئۇلار مۇزلاپ تۇرۇۋاتقان يۈرىكىنى بىر - بىرى ئارقىلىق ئىللىتىشنى ھەرقانچە ئارزۇ قىلىسىمۇ، تەقدىرنىڭ پەيلىگە بويسۇنماي ئىلاج يوق ئىدى. شۇنىڭ بىلەن ھەر شەھەرگە، ھەر تەرەپكە كېتىشكەنىدى. بۇنداق ئەھۋالدا، بېرىتانىيەدە مۇساپىرەتتە بولۇۋاتقان ئۇيغۇرلار بىر - بىرى بىلەن تولۇق كۆرۈشۈشكە ئامالسىز ئىدى. ئۇلار يىراق بىر شەھەردىكى قېرىندىشىنىڭ ئەھۋالىنى بىۋاستە كۆرگۈچى سۈپىتىدە ئەمەس، ياندىن ئاڭلىغۇچى سۈپىتىدە بايان قىلاتتى. بىر - بىرىنى بىۋاستە كۆرۈپ چۈشەنگەنلەر ناھايىتى ئاز بولاتتى. مەنمۇ نۇرغۇن قېرىندىشىمنىڭ ئەھۋالىنى پەقەت ئاڭلاش ئارقىلىقلا ئاز - تولا چۈشەنگەن بولدۇم. ئۇلارنىڭ ئەھۋالىنى ئىشتكىنىمدە، ئۇلار خۇددى چۆچەكلەردىكى تىراگېدىيەلىك قەھرىمانىدەك غايىۋانە بولۇپ كۆرۈنەتتى. ئۇلارنىڭ ئوبرازى ھەسرەتلىك بولسىمۇ، لېكىن تۇرمۇش رىقابىتىدە ھامان ئالدىغا قاراپ ماڭغان، ئۈمىدۋار، جەسۇر قىياپەتتە ئىدى.

بېرىتانىيەدىكى مۇساپىر ئۇيغۇرلارنىڭ مۇستەقىل ئۆيى بارلىرى ئاز ئىكەن، ئۇلار ئومۇمەن باشقىلارنىڭ ئۆيىدە ئىجارىدە ئولتۇرىدىكەن. لوندوننى ئالساق، لوندوننىڭ مەركىزىي رايونلىرىنىڭ ئۆي ئىجارىسى پەۋقۇلئاددە قىممەت بولغاچقا، ئۇ يەردە ئۆي ئىجارە ئېلىپ ئولتۇرۇشنى نامرات بىر مۇساپىر ھەرگىز تەسەۋۋۇر قىلالمايتتى. ئۇيغۇرلار ئاساسەن دېگۈدەك لوندوننىڭ تۆتىنچى، بەشىنچى ھالقىلىرىدىكى رايونلاردا ئولتۇرىدىكەن. دىنىي ۋە ئىرقىي رىشتە، شۇنداقلا مۇساپىرلىق قىسمىتى

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى



جەھەتتىكى ئورتاقلىق تەبىئىي ھالدا ئۇيغۇرلارنى تۈرك ۋە پاكىستانلىقلار جامائىتى (Community)گە ئۇلاپ قويغانىدى. لوندوندىكى ئۇيغۇرلارنىڭ خېلى كۆپ قىسمى بىر بولسا تۈرك كۆچمەنلەرنىڭ، بىر بولسا پاكىستانلىق كۆچمەنلەرنىڭ ئۆيىدە ئىجارىگە ئولتۇرىدىكەن. قىسمەنلىرى باشقا ئەللەردىن كەلگەن كۆچمەنلەرنىڭ ئۆيىدە ئىجارىگە ئولتۇرىدىكەن. بىر قىسىم ئۇيغۇرنىڭ ئىسلامىي سالاھىيىتى ئادەتتە خېلىلا سۇس بولسىمۇ، لوندوندىكى تەقدىر ئۇلارنى ئۆز سالاھىيىتى ھەققىدە تۈزۈك بىر ئويلىنىپ بېقىشقا ئۈندىگەنىدى.

ئۇلار بەربىر بىرەر توپ ئىچىگە كىرىپ ياشىشى كېرەك. لېكىن، قايسى توپقا تەۋە بولۇش ئۇلارنىڭ ئىرادىسىگە باقىدىغان ئىش ئەمەس ئىدى. بەلكىم، بەزى ئۇيغۇرلارنىڭ ئىنگلىزلار جامائىتىگە كىرىپ ياشىغۇسى كېلەر، ئەمما ئۇنىڭغا لايىق ھەقىقىي سالاھىيەتنىڭ يوقلۇقى ئۇلارنى چەتكە چىقىرىپ قويۇپ، شور پېشانە ئۇيغۇر ئىكەنلىكىنى قايتىدىن راسا بىلدۇرۇپ قوياتتى. نەتىجىدە، ئۇلار ئۆزلىرى ئىنىق تونۇپ يېتىشكە ئۈلگۈرمىگەن، باشقىلار تەرىپىدىن يەكلەنگەن، سەرگەردان، مۇجمەل روھىي دۇنياسىنى قىدىرىپ بېقىپ، يوچۇق تېپىلىش مۇمكىنچىلىكى بولغان تەرەپكە ئېغىشقا باشلايدۇ. مەنىۋى جەھەتتىن ئۆزىنى بىلىشكە ئۈلگۈرمىگەن كىشىلەر ھامان بىركۈنى تۇرمۇشنىڭ ماددىي ۋە پاكىتلىق تەرەپلىرىنىڭ زەربىسىدە سىلكىنىدۇ ۋە ئالمان ـ تالمان كىملىك سىراسىمىگە چۈشىدۇ. دېمەك، يات مەدەنىيەت مۇھىتىنىڭ ئەندىكتۈرۈشلىرىدە بەزىلەر سۆيۈنۈپ تۇرۇپ ئۇيغۇر بولاتتى، بەزىلەر ئامالسىز ئۇيغۇر بولاتتى. قانداقلا بولمىسۇن، ئۇلارنىڭ بۇنداق بولۇشىدىكى شارائىت ئۇلار بۇنى تونۇپ يېتىشتىن ئىلگىرىلا يارىتىلىپ بولغان بولاتتى. جامائەتچىلىك دېگەن بىر كېمە، ئۇنىڭغا ئامالسىز چىقىۋالغان سايىقلاردىن بولغاندىن كۆرە، نەگە بېرىشنى ئېنىق چۈشەنگەن

پالاقچىلاردىن بولۇش ئەۋزەل.

ئىجارىكەش كۆچمەنلەرمۇ بايلاردىن ئەمەس ئىدى، ئۇلارنىڭ كۆپى تۇرمۇشىنى ئىجارىگە تايىنىپ قامدايتتى. ھەتتا ئۇلار ئىجارە ئالغۇچىلارنىڭ يانچۇقىغا تەلمۈرۈپ تۇرغانلا بولاتتى. ئۆي ئىگىسى ۋە ئىجارىچىلەر شۇ بىر ئۆينىڭ تازىلىق ئۆيى ۋە ئاشخانىسىدىن ئورتاق بەھرىمەن بولاتتى. بۇنداق ئۆيلەرنىڭ بىر ئېغىزلىقى 5 ـ 10 كىۋادرات مېتىر ئەتراپىدا بولۇپ، ھەپتىلىك ئىجارىسى 60 ـ 70 فوندستېرلىڭغا توغرا كېلەتتى. لېكىن، ئاشخانا ۋە تازىلىق ئۆيلىرى ھەر ھالدا پاكىز بولۇپ، ئىشلىتىشكە قولاي ئىدى.

مەن لوندونغا بارغان تۇنجى ھەپتىدە تام ئىسمىلىك بىر ئىرېلاندىيەلىكنىڭ ئۆيىدە تۇردۇم، كىتابىمىزنىڭ باشتىكى سەھىپىلىرىدە تەسۋىرلەپ ئۆتكەندەك، ياتاق ئۆيۈم كىچىك ئىدى، ئەمما تامنىڭ ئۆيىنىڭ مۇھىتى شۇنداق پاكىز بولۇپ، كېيىنكى كۈنلەردە مەن ئۇنداق پاكىز ئۆيدە ئولتۇرۇپ باقمىدىم. نەچچە قېتىم ئۆي كۆچتۈم، تامنىڭ ئۆيى پاكىزلىق، جىمجىتلىق ۋە ئازادىلىكتە جەلپكار بىر ئۆي بولۇپ چىقتى. لوندوننىڭ تۇرمۇش شارائىتىنى چۈشەنمىگەچكە، تامنىڭ ئۆيىدىكى ماڭا تېگىشلىك ياتاقنىڭ كىچىكلىكىدىن ھارسىنىپ يۈرۈپتىكەنمەن.

ھەپتە ئۆتكەندىن كېيىن لوندوننىڭ ۋالسىم ستوف (Waltham Stow) رايونىدا تۇرىدىغان قېرىنداشلىرىمىزنىڭ بىرى ئۆزى تۇرۇشلۇق ئۆينىڭ بىر ئېغىزىدا تۇرۇشقا قىزىقتۇردى. مەن يالغۇز يۈرگەندىن ئۇلار بىلەن بىللە تۇرۇشنى ئەۋزەلرەك كۆرۈپ قالدىم. ئۇنىڭ ئۈستىگە لوندون تۇرمۇشىغا ئائىت بىلىملىرىم يوق بولغاچقا، تۇرمۇشتا بىرئاز تەجرىبىلىك بىرىنىڭ بولۇشىنى خالاپ قالغان بولسام كېرەك. ئۇلارنىڭ ياردىمى بىلەن ئاخشىمى كۆچۈپ كەتتىم. بۇ مەھەللىدە پاكىستانلىقلار كۆپتەك قىلاتتى، تۈركلەرنىڭ كىچىك تىپتىكى تاللا بازارلىرىنىمۇ كۆرگىلى بولاتتى. مېنىڭ ئۇ قېرىندىشىم بىز تۇرۇۋاتقان بۇ ئۆينى بىر

ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى
www.uyghurkitap.com



پاكىستانلىقتىن ھۆددىگە ئېلىنىۋالغان بولۇپ، ئۆزلىرى ئولتۇرغان ئۆيدىن باشقا ئۆيلەر بىكار ئىكەن. شۇ بىكار ئۆيلەرنىڭ كىچىكرەك بىرىگە ئورۇنلاشتىم. ئىككىنچى قەۋەتتىكى بۇ ياتاقنىڭ سەرەمجانلىرىنىڭ تايىنى يوق ئىدى، كارىدور ۋە پەشتاقلارغا سېلىنغان ئالما ئورۇقى رەڭگىدىكى پالاسلار كىرلىشىپ، قارىداشقا قاراپ يۈزلەنگەنىدى. يان تەرەپتىكى بىر ئېغىزلىق ئۆيدە بىر پولشالىقنى تۇرىدۇ دېيىشتى، لېكىن مەن بىر ئاي تۇرۇش جەريانىدا ئۇنى ئۇچرىتىپ باقمىدىم. بىرىنچى قەۋەتتىكى ئاشخانا ئۆينىڭ ئۇ تەرىپىدە يەنە بىرنەچچە ئېغىز ئۆي بار ئىكەن، ئۇنىڭ بىرىدە تەلۋە چىراي بىر پاكىستانلىق تۇراتتى. ئۇ ئەتىگەنلىرى ھويلىغا چىقىپ يۇقىرى ئاۋازدا ۋارقىرايتتى. ئۇ تۇرغان ئۆي بىلەن مەن تۇرغان ئۆينىڭ ئارىلىقىدا بىر بوشلۇق بولۇپ، ئوت - چۆپلەر ئۆسۈپ كەتكەنىدى، كونا دىۋان، سۇنغان ئورۇندۇق، تاشلاندۇق ماتروس دېگەندەك نەرسىلەر قالايمىقان تاشلاپ قويۇلغانىدى. يامغۇرلۇق تۈنلەردە جاھان شۇ قەدەر غېرىبلىشىپ كېتەتتىكى، يېقىن ئەتراپتىكى قايسىدۇر بىر ھويلىدىن ئاڭلانغان ئىتنىڭ غىڭشىشلىرى يىغىدەك ئاڭلىنىپ كېتەتتى. بۇنداق چاغلاردا مۇشۇنداق ئۆيگە كۆچۈپ كەلگىنىمدىن رازى بولۇپمۇ قالاتتىم. چۈنكى، مەن مۇشۇنداق شارائىت ئاستىدىلا لوندوندا تۇرۇۋاتقان قېرىنداشلىرىمنىڭ رېئال تۇرمۇشىنى ئۆز كۆزۈم بىلەن كۆرۈشكە، ئەقلىگە مۇۋاپىق يەكۈن چىقىرىشقا مۇۋەپپەق بولالايتتىم. مەن تۇرۇۋاتقان بۇ ئۆي ۋە ئۇنىڭ دېگەندەك پاكىز بولمىغان ئاشخانىسى ھەپتە ئاخىرلىرىدا يېقىن ئەتراپتىكى ئۇيغۇرلارنىڭ كېلىشى بىلەن ئاۋات بولاتتى. ھەممىمىز مول داستىخان ئەتراپىغا ئولىشىپ نېمەتلەرگە ئېغىز تەگكەچ، تامامەن ئۇيغۇرچە كەيپىياتقا تولغان سورۇندىن لەززەت ئالاتتۇق. ئۇلارنىڭ بەزىلىرى ئوقۇيتتى، بەزىلىرى ئوقۇشنى توختىتىپ ئىشلەشكە كىرىشىپ كەتكەنىدى. ئۇلارنىڭ بەزىلىرى تۈرك قورۇلۇش ھۆددىگەرلىرىنىڭ قولىدا ئىشلەيتتى.

بەزىلىرى (كۆپىنچە قىزلار) قەھۋەخانىلار ياكى دۇكانلاردا ئىشلەيتتى. بەزى يىگىتلەر ئىرېلاندىيەلىك ھۆددىگەرلەرنىڭ قۇرۇلۇش ئورنىدا كېچىلىك ئامانلىق خادىمى بولۇپ ئىشلەيتتى. لوندوندىكى قاتتىق تۇرمۇش ئۇلارنى ھەپتە بويى تىرىشىپ - تىرمىشىشقا مەجبۇرلىغاچقا، ئۇلار مۇھەببەت، خۇشاللىق، دوستلۇق، قېنىپ ئۇخلاش دېگەنلەرنى ئۇنتۇپ، ئالدىراش يۈرۈشىدۇ، ھەتتا قورساقلىرىغا ۋاقتىدا بىرنەرسە يېيىشكە ئامالسىز قالىدۇ. بۇ جەرياندا باشقا مىللەتلەر بىلەن ئىنگلىز تىلىدا سۆزلىشىدۇ. بۇنداق شارائىتتا چاقچاق، ئەركىن پاراڭ دېگەنلەر يوقنىڭ ئورنىدا بولۇپ، پەقەت خىزمەت ۋاقتىدا دېيىشكە تېگىشلىك زۆرۈر گەپلەر بولىدۇ. ئېھتىمال، بۇ قېرىنداشلارنىڭ ئىنگلىزچىسى شۇنىڭغىلا يېتىدۇ. بېرىتانىيە تۇرمۇشىدىكى نازۇك ھېسسىياتلارنى پۇراقلىق، يۇمۇرلۇق قىلىپ ئىپادىلەپ، باشقىلارنى ئامراق قىلىۋېلىشتىن ئۇلار تېخى يىراق ئىدى. ھېرىققان، تالجىققان، زېرىككەن، ئەندىككەن روھلار ھەپتە ئاخىرىدىكى قېرىنداشلار ئۇچرىشىشلىرىدا ئۆزىنى بولۇشىغا قويۇۋېتەتتى.

قېرىنداشلارنىڭ تونۇش دىدارى ۋە داستىخاندىكى تائاملارلا ئەمەس، پاراڭلاردىكى ھەربىر تون، ھەربىر ئاھاڭ، ھەربىر شېۋىمۇ مەنىۋىيەتنىڭ ھاردۇق ئېشى بولالايتتى. گويا خوتەن، قەشقەر، كۇچا، يەكەن، تۇرپان، قومۇل، غۇلجا، ئالتاي، كورلا، چۆچەك... دېگەندەك ئەزىزانە يۇرتلىرىمىزنىڭ سىماسى شىرە ئەتراپىدا تەل بولۇپ، يۈرەكلەر ئانا يۇرتنىڭ سۈيىدە بېلىق بولۇپ ئۈزەتتى. سورۇندا ھەربىر ئۇيغۇر يەنە بىر ئۇيغۇرنىڭ ئەزاسى ئىدى. ئۇلار بىر - بىرىگە شۇ دەرىجىدە كېرەك ئىدى، ئۇلار بىر - بىرى ئۈچۈن نەقەدەر سۆيۈملۈك ۋە بىباھا ئىكەنلىكىنى ئەنە شۇنداق سورۇندا ئىچ - ئىچىدىن ھېس قىلىپ يېتەتتى. لوندون دېگەن بۇ تەلەتى سوغۇق، لېكىن سېھىرلىك شەھەردىكى تەنھالىقنىڭ يارىسىغا

بەرداشلىق بېرىشتە ئۇلار بىر ـ بىرىگە ئەنە شۇنداق تايانسا كېرەك. ئۇلار بەزىدە بىر ـ بىرىگە چوڭچىلىق قىلىشىدۇ، ئۆچەكلىشىدۇ، بىر ـ بىرىدىن رەنجىشىدۇ، لېكىن تېگى ـ تەكتىنى سۈرۈشتۈرگەندە بىر ـ بىرىدىن ئايرىلالمايدۇ. ئۇلاردا بىر ـ بىرىدىن زادى ئايرىلالماسلىقتەك ماھىيەتنى روشەن ئەقىل بىلەن تونۇيدىغانلار ناھايىتى ئاز ئىدى، كۆپىنچىسى ھاياجانلىق دەقىقىلىرىدە غۇۋا ھېس قىلىش بىلەن چەكلىنەتتى. ئىرىكچىلىك كوچىسىدا يۈرگەنلەردە ئۇلاردا بۇنداق تەرەپلەر ھەققىدە ئويلىنىپ كۆرگۈدەك ھەپىسلە قالمايتتى، ئەكسىچە، ئىرىكچىلىك ئۈچۈن ئۆزى پېتىنالىغان ھەممە ۋاستىنى ئىشقا سېلىشتىن ئايانمايتتى. ناھايەت، شاخلاردا غۇرۇر بىلەن جىلۋىلەنگەن ياپراقلار ھامان بىركۈنى يىلتىزى تەرەپكە تۆكۈلگەندەك، ئۇلارمۇ بەربىر مۇشۇ بىر توپىنىڭ ئەزاسى ئىكەنلىكىنى تونۇيدىغان ۋاقىتلارمۇ بولۇپ قالاتتى.

داستىخاندىكى نېمەتلەر تامامەن ئۇيغۇرچە قائىدە بىلەن ئورۇنلاشتۇرۇلغان، تائاملار ئۇيغۇرچە، كىشىلەر ھەربىر قوشۇق غىزانى تولۇق ئىشتىھا بىلەن چاينايتتى، چىرايلاردا ھۇزۇر ۋە قانائەت، سېپى ئۆزىدىن ئۆزلۈكىنىڭ راھەت ـ پاراغەتلىرى تومۇر ـ تومۇرلارغا يامرىغان، چىرايلارغا تەپكەن... كىشىلەر پاراڭلاردىكى تاسادىپىي بىرەر ئېغىز گەپ، بىرەر شىۋە، بىرەر قاپىيەدىن كۈلكە ھېس قىلاتتى، بىر ـ بىرىنى چۈشىنىدىغان ئەمەلىي ھېكايىلەر ئارقا ـ ئارقىدىن ئوتتۇرىغا چىقىپ، پاراقلىغان كۈلكىلەرنى پەيدا قىلاتتى. بۇنداق پەيتلەردىكى چاقچاقلاردا ھەربىر كىشى ئەسلىدىكى سالاھىيىتىدىن چۈشۈپ، تۇرمۇشتىكى ئەرزىمەس ئادەملەر ھالىتىگە كىرەتتى. شۇنداق قىلىپ ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ پەرەز قىلىنغان ياكى ئىستىخىيەلىك ھالدا خۇدۇكلىنىدىغان بولۇمسىز تەرەپلىرىدىن كۈلۈپ، يەتكۈچە ھېساب ئالاتتى. مەن ئۆز ـ ئۆزىنى مازاق قىلىپ ھۇزۇرلىنىدىغان بۇنداق مەدەنىيەت

پىسخىكىسىنىڭ قانداقلارچە پەيدا بولغانلىقىنى بىلىپ بولالماي قىينىلاتتىم. زادى بۇ غالىبلىقمىدۇ ياكى چاكىنىلىقمىدۇ؟

بەش - ئون ئادەمدىن تەركىب تاپقان سورۇندا بىرەر ناخشىچى چىقمايدۇ دېگىلى بولمايدىكەن، تازا ياخشى ئىيتالمىسىمۇ ئىچ پۇشۇقىغا دال بولالايدىكەن، بىر - ئىككى ناخشىنى توۋلىيالايدىغانلارمۇ بولۇپ قالىدىكەن. قايسىدۇر بىرى ئابلىكىم ياڭاق ياكى رەشىدە داۋۇتنىڭ ناخشىسىنى توۋلىسا، قالغانلىرى جور بولۇپ توۋلايتتى. بۇ ئىيتىشلاردا يۇقىرى ماھارەتنىڭ يوقلۇقى ئېنىق ئىدى، ئەمما ناخشىغا سىڭگەن دەرد، ھىجران، سېغىنىش مۇڭلىرى ناھايىتى چىن بولۇپ، يۈرەكلەرگە تېگەتتى. ناخشىغا ئامراقلارنىڭ ھەممىسىنىڭ دەردى بولىدۇ، دەردى بولمىغانلار ناخشىنى يۈرىكىدىن چۈشىنەلمەيدۇ. ئىيتىلغان ناخشىلاردا بىر قەھرىمان بار ئىدى. بۇ قەھرىمان تېخىچە ئۆزىنىڭ بەختىنى تاپالماي داۋاملىق ئىزدەش بىلەن ئاۋارە ئىدى. ئۇ قەھرىماننىڭ ۋۇجۇدى سان - ساناقسىز ئادەمدىن پۈتكەن بولۇپ، ئۆز دەردى ئىچىگە غەرق بولۇپ كەتمەي، يەنىلا يولىنى داۋاملاشتۇراتتى. ناخشىلار شۇنچە ساددا ئىيتىلسىمۇ، ئادەمنى شۇكلەشتۇرۇپ قوياتتى. دەرد ناخشىنىڭ قەھرىمانىنى سۆيۈملۈك ھەم ئۇلۇغۋار قىلىپ كۆرسىتەتتى. تۇرۇپلا ئادەم مۇشۇنداق ناخشىلارنى ياراتقان خەلقنىڭ بالىسى بولغىنىدىن پەخىرلىنىپ قالاتتى.

ئۆينىڭ ھۆددىگىرى ياش ئەر - ئاياللاردىن بولۇپ، ئىككىسىنىڭ بىر - بىرىگە بولغان مۇئامىلىسىدىن شېرىن ئايلارنىڭ تەپتى چىقىپ تۇراتتى. ياش ۋە زىبا خانىم بىر ئەرمەك ئىتنى بېقىۋېلىشقا ئۈلگۈرگەنىدى. ئاشخانا ئۆينىڭ ئىككى تەرىپىدە بىر يۇرۇشتىن ئۆي بار بولۇپ، ئەرمەك ئىت مۇشۇ ئىككى يۈرۈش ئۆينى تۇتاشتۇرىدىغان كارىدورنىڭ ئىككى ئىشىكى ئارىلىقىدىكى تار بىر يەردە تۇراتتى. ئۆيدىكىلەر سىرتقا چىقىپ كەتكەن چاغلاردا ئۇ كۈنلەپ ئاشۇ ئارىلىقتا تۇرۇشقا مەجبۇر

ئۇيغۇر كىتاب تورى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يىگانە ئادرېسى
www.uyghurkitap.com



بولاتتى. بىراق ئىشىكنى ئاچقان ھامان كۆنبويى يالغۇز تۇرۇپ زېرىكىپ كەتكەن كۈچۈك ئالمان ــ تالمان ئاشخانا ئىچىگە ئۆزىنى ئېتىپ، ئەركىلەپ كېتەتتى. كۈچۈكنىڭ غەلىتە پۇراقلىرى ئاشخانىنى بىر ئالاتتى. مەن بۇلارغا قاراپ، مۇساپىرنىڭ ئىتى يەرلىك بولسىمۇ مۇساپىرغا ئوخشاپ قالىدىغانلىقىنى چۈشەندىم. بىراق، ياش ئەر ــ خوتۇنلار ئۆزلىرىنىڭ تۇرمۇشىدىن ناھايىتى رازى ئىدى. ياش خانىم كۈچۈكنى «قوزام» (baby) دەپ ئەركىلىتەتتى. ئېرىگىمۇ «baby» دەپ ئەركىلەيتتى. بىركۈنى ئۇنىڭ يىگىتى: «مېنىمۇ «baby»، ئىتنىمۇ «baby» دەپ چاقىرسىڭىز ئىككىمىزنىڭ نېمە پەرقى؟» دەپ غودۇڭشۇپ قويۇۋىدى، ھەممىمىز كۈلۈپ كەتتۇق. بۇ ناھايىتى ئوماق ھەم تەبىئىي نارازىلىق بولغانىدى.

مەن ۋالسىم ستوف (Waltham stow) قا كۆچۈپ بېرىپ تەخمىنەن ئون كۈنلەردىن كېيىن لوندوندىكى ئۇيغۇرلارنىڭ روزا ھېيتلىق ئۇچرىشىش چېيى ئۆتكۈزۈلىدىغان بولدى. گەرچە روزا ھېيت ئاللىبۇرۇن ئۆتۈپ كەتكەن بولسىمۇ، روزا ھېيتلىق تەبرىك پائالىيىتى كېچىكىپ كەلگەنىدى. تىرىكچىلىكتىكى كويلار ھەممە ئادەمنىڭ دېگەن ۋاقىتتا بىردەك ۋاقىت چىقىرىشىغا ئىمكانىيەت بەرمىگەن بولسا كېرەك، ئۇيغۇرلار دەل روزا ھېيت مەزگىلىدە ئۇچرىشىپ بولالمىغانىدى. ئۇلارنىڭ نەزىرىدە ھېلىھەم روزا ھېيتنىڭ ۋاقتى ئۆتۈپ كەتمىگەنىدى.

مەن بۇ پائالىيەتكە قىزىقتىم. چۈنكى، مەن بۇ پائالىيەتتە لوندوندىكى قېرىنداشلىرىم بىلەن كەڭ تۇردە ئۇچرىشالايتتىم. سورۇننى فىنسبۇرى پارك (Finsburypark) رايونىدىكى ئۇيغۇرلار تەشكىللىگەنىدى، بۇ شىمالىي لوندوندىكى بىر رايون بولۇپ، بىر بۆلۈك ئۇيغۇرنىڭ شۇ تەرەپلەردە ئولتۇرىدىغانلىقىنى ئاڭلىغانىدىم. مەن ھازىر تۇرۇۋاتقان ۋالسىم ستوف (Waltham Stow) رايونى لوندوننىڭ شەرقىي شىمالىغا توغرا كېلەتتى. قانداق بېرىش مەن

قىلىدىغان غەم ئەمەس ئىدى. چۈنكى، مېنى ئاپىرىدىغانلار بار ئىدى. ماشىنا بىلەن بىرھازا يول يۈرگەندىن كېيىن بىر زالغا يېتىپ باردۇق. ئەپچىلگىنە زال يورۇق ۋە پاكىز ئىدى، ئورۇندۇق ۋە شىرەلەر زالنى چۆرىدەپ تىزىلغان، شىرەلەرگە بولكا، مېۋە، مېۋە شەربەتلىرى قويۇلغان، ئىشىكتىن كىرىشكە ئوڭ تەرەپتە سەھنە بولۇپ، سەھنىدە بىر ئېلېكترونلۇق پىيانىنو تۇراتتى. كىمدۇر بىرى ئېلېكترونلۇق گىتارنى تىرىڭلىتىپ تەڭشەش بىلەن بەند ئىدى. سەھنىنىڭ تېمىدا «مەرھابا (خۇش كېلىپسىز) ئۇيغۇرۇم، ھېيتىڭىزغا قۇتلۇق بولغاي!» دېگەن خەت لەۋھە قىلىپ ئېسىلغانىدى. زالدا ئۇيغۇرلار بىلەن بىللە تەكلىپ بىلەن كەلگەن باشقا مىللەتلەرمۇ بار ئىدى. مەن تونۇش - تونۇماسلىقىمدىن قەتئىينەزەر زالدىكىلەر بىلەن كۆرۈشۈپ چىقىشنى زۆرۈر بىلىپ، ئەرلەر بىلەن بىرمۇبىر قول ئېلىشىپ چىقتىم. قىزلار بىلەن چىراي سالىمى قىلىشتىم. زالدىكىلەرنى تونۇمايدىكەنمەن، ھەممىسى تۇنجى كۆرۈۋاتقان ئادەملەر بولۇپ چىقتى. كۆرۈشۈشلەرنى ئانچە قىزغىن دەپ كەتكىلى بولمايتتى، كۆزلەردە ئېھتىيات ۋە شۈبھە ئارىلاش ئىدى. زىيادە ئۇيغۇرسىراپ كەتكەنلەردە بولىدىغان تەشنالىق ۋە ھاياجاننى سەزمىدىم. ناتونۇشلارنى كۆرگەندە ئەندىكىدىغان ۋە ئەندىكىش تۈپەيلى ئۆزىنى تۇتۇۋالىدىغان ھالەت مەلۇم دەرىجىدە تەربىيە كۆرگەن ئۇيغۇرلاردىكى بىر خىل ئادەت بولۇپ، بۇنىڭ نېمىدىن دېرەك بېرىدىغانلىقىنى چۈشەندۇرۇپ بېرەلمەيمەن. ئۇنداقلار قارشى تەرەپكە ئارتۇقچە مۇئامىلە قىلىپ قويۇپ، كۈتۈلمىگەن بىئەپ ئەھۋاللارنىڭ كېلىپ چىقىشىدىن ياكى ئۆزلىرىنىڭ كۆرسىنىڭ تۆۋەنلەپ كېتىشىدىن ئەنسىرىسە كېرەك. ھەممىدىن مۇھىمى، گۇمان بىلەن قاراش ھازىرقى زامان شەھەر ئۇيغۇرلىرىنىڭ ئۆزىنى قوغداشتىكى ئەڭ ئاممىباب چارىسى ئىدى. ئولتۇرغانلارنىڭ بەزىلىرى ۋەتەندىن ئۇدۇل كەلگەنلەر بولسا، يەنە بەزىلىرى

www.uyghurkitap.com



ئىككىنچى، ئۈچىنچى دۆلەتلەرنى قاڭقىپ كەلگەنلەر ئىدى. ئاڭلىشىمچە، ئامېرىكىدىن ئوكسفوردقا دوكتور ئاشتىلىقىقا كەلگەنلەردىن بىرى بار ئىكەن. ئۇ ئارتۇق گەپ قىلمايتتى. سورالغان سوئاللارغا لايىقىدا جاۋاب بېرىش بىلەن كۇپايىلىنەتتى، مۇئامىلىلەر ئەدەپلىك ۋە ئىلمىي، لېكىن، قىزغىن ئەمەس ئىدى. ۋەتىنىدىكى ئۇيغۇرلارنىڭ ئادىتى بويىچە قىزلار بىلەن يىگىتلەر ئايرىلىپ، باشقا ـ باشقا بۇلۇڭلاردا ئولتۇرۇشقانىدى. ھەركىم يېنىدىكىلەر بىلەن نېمىلەرنىدۇر دېيىشىپ ئولتۇراتتى. سەپسالسام، ياش قىزلارمۇ ئاز ئەمەس ئىكەن، ئۇلار داستىخانلارنى رەتلەش بىلەن ئالدىراش ئىدى. توخۇ ۋە قوي گۆشىنىڭ قورداقلىرى ئاخىر تارتىلدى، بولكىلار بىلەن قوشۇپ يېدۇق. كىمدۇر بىرنەچچىسى ۋىسكىنىڭ ئاغزىنى ئېچىپ، ئوتلاشقا باشلىدى. ئۇدۇلۇمدا بىر پاكىستانلىق مېھمىنىمىز ئولتۇراتتى، ئۇ بۇ ئەھۋالنى كۆرۈپ يېنىدىكى بىرىگە غودۇڭشىدى:

— مۇسۇلمان تۇرۇپ هاراق ئىچىدىكەن، ئۇنىڭ ئۈستىگە بۇ روزا ھېيت مۇراسىمى تۇرسا ...

ئۇنىڭ بۇ گېپىگە ھېچكىم بىرنەرسە دېمىدى. راست گەپكە سۈكۈت بىلەن جاۋاب بەرمەي نېمە ئىلاج! مائارىپسىزلىق مۇسۇلمانلىقنىڭ ئۆلچىمىنى مۇجمەللەشتۈرۈۋەتكەن، مۇسۇلمانلىق بەزىلەر ئۈچۈن ئۆرپ ـ ئادەت، بەزىلەر ئۈچۈن ئاتا مىراس تۇيغۇ، بەزىلەر ئۈچۈن رەسمىيەت، بەزىلەر ئۈچۈن ئەقىدە، بەزىلەر ئۈچۈن پىكىر بولۇپ قالغان. شۇڭا، تۆت ئۇيغۇرنىڭ بېشى بىر يەرگە كەلمەيتتى. مانا بۈگۈنكى مۇشۇ سورۇنغا يىغىلىپ كەلگەنلەر 30 ـ 40 چە ئۇيغۇر ئىكەن، قالغانلىرى بۇ سورۇننىڭ شارابلىق سورۇن بولۇش ئېھتىماللىنى ئويلاپ كەلمەپتۇ. ياشاشتىكى ئورتاق پىرىنسىپ ۋە ئېتىقادىنى يوقىتىپ قويغان خەلق چوپانسىز پادىغا ئوخشاش ساياق ھەم تەرتىپسىز كېلىدۇ. ئايرىلغاننى ئېيىق، بۆلۈنگەننى بۆرە يەيدۇ. ئۇلار تۆگىسىگە

مىنىۋېلىپ، تۆگىسىنى ئىزدەيدۇ. ئۆزلىرىگە باش بولغۇدەك ئادەملىرى يېنىدا تۇرسا، ئۆتمۈشتىن ئىزدەيدۇ. بىر - بىرىنى ياراتمايدۇ ۋە ئاخىر ھېچكىمگىمۇ يارىمايدۇ.

قورساق ئازراق ئەستەرلەنگەندىن كېيىن سەھنىدىكى سازلار ياڭراشقا باشلىدى. گىتار چېلىۋاتقان ئوتتۇرا بوي، دىقماق بالا گىتارغا خېلى ئۇستىدەك قىلاتتى. ئۇيغۇرچە ئاھاڭ زالنى بىر ئالدى، جۇشقۇن قان دولقۇنى تومۇرلارنى يارغۇدەك رەۋىشتە ئۇرغۇشقا باشلىدى. سازەندە يىگىت ئۆزى چالاتتى، ئۆزى ئوقۇيتتى، ئۇ بارا - بارا ئۆزى ئوقۇۋاتقان ناخشىنىڭ بەندىسىگە ئايلىنىپ، رىتىمغا ئەگىشىپ چايقىلاتتى. قارىغاندا، بۈگۈن ئۇنىڭ ئۈچۈن راسا خۇماردىن چىقىدىغان كۈن بولسا كېرەك.

يىگىتلەر بىر - ئىككىدىن قوپۇپ قىزلارنى تانسىغا تارتتى. ئارىدا ئۇيغۇرچە ئۇسسۇللارمۇ ئوينالدى، ئەڭ ئاخىرىدا قىزلار بىلەن قىزلار تانسا ئوينىدى. كۆرۈنۈشلەر ۋەتەندىكى ئولتۇرۇشلار بىلەن پەرقسىز ئىدى.

بىرەيلەن مىكروفوننى قولىغا ئېلىپ مېنى ئىككى ئېغىز گەپ قىلىپ بېرىشكە تەكلىپ قىلدى. چاۋاكلاردىن كېيىن زال جىمىپ كەتتى. سەھنىگە چىقتىم - دە، گەپنى مۇنداق باشلىدىم:

— ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم سۆيۈملۈك ۋەتەنداشلار! بايا ئېيتىلغان ناخشىلارنىڭ مۇڭلىرىدىن تېخىچە قۇتۇلۇپ كېتەلمەيۋاتىمەن. شۇڭا، سىلەرگە دەمالى نېمە دېيىشنى بىلەلمىدىم. مەن ئەنگلىيەگە تېخى يېقىندا كەلگىنىم ئۈچۈن، سىلەرگە ئانا ۋەتەن سالىمىنى يەتكۈزۈشكە ئۆزۈمنى لاياقەتلىك ھېسابلايمەن. مەندە تېخى ۋەتەندە يېگەن تۇزنىڭ تەمى بار، ۋەتەننىڭ توپىسىنىڭ ھىدى بار، ئۈچامدىكى مايكامدىن ۋەتەننىڭ سوپۇنى پۇرايدۇ. بۇ مايكا ۋەتەننىڭ سۈيىدە چايقالغان، شۇڭا مېنى ئاراڭلاردىكى ئەڭ كېيىنكى مۇساپىر دەپ تونۇپ سالىمىمنى ئىلىك ئېلىڭلار.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

سىلەرگە ئانا خەلقىڭلاردىن ئۈمىدلىك سالام!
زالدا ئالقىش ياڭرىدى.
— سىلەرگە بىر پارچە شېئىر ئوقۇپ بەرسەم قارشى ئالامسىلەر؟ — دېدىم مەن ئارقىدىنلا.
كۆپچىلىك چاۋاك چالدى.
— مەن سىلەرگە ئالمۇتادا ئۆتكەن ئۇيغۇر شائىرى ئىلىيا بەختىيانىڭ «ئۇيغۇرلارنى تونۇشتۇرۇش» دېگەن شېئىرىنى ئوقۇپ بېرەي.
زال جىمىدى.

## ئۇيغۇرلارنى تونۇشتۇرۇش

يىغىپ قويغان دۇنياسىنى تويغا دەپ،
تۆكۈۋېتەر «مېھمان كەلدى ئۆيگە!» دەپ.
دېسەڭ ئەگەر چۈشەنمەستىن:
— بۇ قانداق؟
بىلىپ قويغىن، ئۇيغۇر دېگەن مۇشۇنداق.

ئۇيغۇرلارنىڭ قولى ئالتۇن، كۆڭلى گۈل،
باغ - باراقسان ئۇلار تۇرغان دەشتۇ چۆل.
دوستقا دېگەن مېھرى ئوچۇق، كۆڭلى ئاق،
بىلىپ قويغىن، ئۇيغۇر دېگەن مۇشۇنداق.

ئەتە - ئاخشام ئىشكىنى ئىلمايدۇ،
قۇلۇپ سالماس، قىزغىنىشنى بىلمەيدۇ.
چۈشەنمەستە دېسەڭ ئەگەر:
— بۇ قانداق؟
بىلىپ قويغىن، ئۇيغۇر دېگەن مۇشۇنداق.

كۆچەت تىكىپ، سايە بولسۇن دەيدۇ ئۇ،
سايىسىدە ئۆزى تۇرسا مەيلىغۇ.
دوست - بۇرادەر كۆڭلى تويسا شۇ باغقا،
«مەن قاتارغا قوشۇلدۇم» دەر شۇ ۋاقتا.

قايغۇ چۈشسە، تەڭ بۆلۈشۈۋالىدۇ،
بىرى كۈلسە، ئۇنىڭ كۆڭلى قانىدۇ.
قېرىنداشتىن ئارتۇق كۆرۈپ قوشنىنى،
ئاتىسىدەك تىڭشايدۇ يار - دوستىنى.

جاپايىڭمۇ!؟
جاپادىن ئۇ قورقمايدۇ،
ئاغرىپ قالساڭ، ئەڭ ئاۋۋال شۇ يوقلايدۇ.
دەردىڭ بولسا ئالىدۇ ئۇ بۆلۈشۈپ،
شادلىق كۈنلەر ئولتۇرىدۇ كۈلۈشۈپ.

ناخشا - سازسىز، مەشرەپسىز ئۇ يۈرمەيدۇ،
سەن كۈلمىسەڭ، ئۇ ئىچىلىپ كۈلمەيدۇ.
سەن ئېگىلسەڭ، ئۇ سۇنىدۇ سەن ئۈچۈن،
ھە، سەن سۇنساڭ، ئۇ ئۆلىدۇ سەن ئۈچۈن.

ئۇيغۇر دېگەن ياخشىلىققا يارالغان،
بىلىم - ئىلمى جاھانغىمۇ تارالغان.
ئاق ئورنىدا ھەمىشە گۈل ئۈنسۇن دەپ،
ئەمگەك قىلار
«ئىنسان ئامان بولسۇن!» دەپ.

زال چاۋاكتىن كېيىن بىرئاز جىمىدى. ۋاراڭ - چۇرۇڭ، شاۋقۇن - سۈرەنلەر ئاستا - ئاستا ئەسلىگە كەلدى.

www.uyghurkitap.com



ئېلېكترونلۇق چالغۇلار يەنە تىلغا كىردى. شېئىردىكى ساددىلىق، مەردانىلىك، سېخىيلىق،ساپلىق، خىرامانلىق يېغىپ تۇردىغان پاكىز تۇپراق روھى گويا زالدىن ئۆزىنى قويىدىغان جاي تاپالمىغاندەك بارا ـ بارا ھاۋاغا ئۆرلەپ، نەم بۇلۇتلارنىڭ ئارىسىغا كىرىپ كېتەتتى. ئەلىيا بەختىيانىڭ قىشلاق روھىغا باي بۇ شېئىرى ئەمەلىيەتتە ئەنگلىيە سەھرالىرىنىڭ تەبىئىي كۆرۈنۈشىگە ماس كەلمەيمۇ قالمايتتى. ئەكسىچە، ھەممىدىن بەك تېز ئۆزگىرىپ، ياتلىشىۋاتقىنى ئۆزىمىز دەپ ئويلايمەن ـ يۇ، پىشمىغان بۇ ئويلىرىمنى ئېيتماي قويىمەن.

سورۇندىكىلەر بىر ـ ئىككىدىن تاراشقا باشلىدى. ھەركىم بۇ مۇرەككەپ شەھەرنىڭ قاتناش لىنىيەلىرىدىن ئۆزلىرىگە قولاي يول تېپىپ، قايتىۋېلىشنىڭ كويىغا چۈشمەكتە ئىدى. ئۇلار ئەتە ئەتىگەندىن باشلاپ لوندوننىڭ ئادەملەر دولقۇنىغا ئۆزلىرىنىڭ رىزقىنى ئىزدەپ شۇڭغۇشقا باشلايدۇ. تەمتىرىگەن تۇپراق روھى تۆمۈر روھىنىڭ نەرىسىدە ئۆزىنى يوقىتىپ قويۇشى مۇمكىن. بەزى يىگىتلەر ماڭا تونۇشلۇق بېرىپ، تېلېفون نومۇرلىرىمىزنى ئالماشتۇرۇشتۇق، ئۇلار مېنى ئىزدەيدىغانلىقىنى ئېيتىشتى.

شۇنداق قىلىپ، تەستە تەشكىللەنگەن بىر قېتىملىق ئۇچرىشىش ئاخىرلاشتى. ئۇنىڭ كەيپىمۇ ئۇزۇن ئۆتمەي تارىدى. كىشىلەرنىڭ كەينىگە قاراشقا چولىسى يوق ئىدى، بۇ سورۇننىڭ گېپىمۇ ئۇزاققا بارمىدى، كىشىلەرنىڭ كاللىسىدا ھامان ئەتىنىڭ غېمى، ھامان ئەتىنىڭ غېمى! يىگىتلەرنىڭ بەزىلىرى ئايدا بىرەر قېتىم تېلېفون قىلىپ قوياتتى. ئۇلار مېنى ئىزدەيدىغان كۆڭلىنىڭ بارلىقىنى ئىزھار قىلاتتى ـ يۇ، ئۇنداق قىلىپ بولالمايتتى. مەنمۇ بۇنى چۈشىنەتتىم. ئانچە ـ مۇنچە ئۇچرىشىپ قالىدىغان يىگىتلەرنىڭ ئاغزىدا قىزلارنىڭ گېپى، قىزلارنىڭ ئاغزىدا بولسا يىگىتلەرنىڭ گېپى. ئەمما، ھەرقانداق قىز ـ

يىگىت لوندوندىكى بىرىنى ئۆزىگە لايىق كۆرەلمەيتتى، ھەربىرىنىڭ ئۈستىدە كۆڭۈلدە شەك پەيدا قىلىدىغان بىر قاتار ھېكايە بولاتتى. گەرچە ھەركىمنىڭ ئۆزىگە تۇشلۇق مۇھەببەت ۋە ھىجران ھېكايىسى بار بولسىمۇ، باشقىلارغا كەڭ قورساق بولۇشنى ھېچكىم خالىمايتتى. ئۇلار سائەت - سائەتلەپ باشقا ئەللەردىكى ياكى ۋەتەندىكى قىزلارغا تېلېفون قىلاتتى ياكى ئىنتېرنېتتا گەپ ئاچاتتى. ھەپتە ئاخىرىدىكى ئاخشاملاردا يىگىتلەرنىڭ كۆڭلى تېلېفوندىكى نازاكەتلىك ئاۋازلاردىن ئۇزۇقلىنىپ ئارام تاپاتتى. يىگىتلەرنىڭ نەزىرىدە پاك، ساداقەتمەن قىزلار ھامان يىراقتا ئىدى. ئەمما، قىزلارنىڭ نەزىرىدىكى بۇ يىگىتلەر ئۆزلىرىنىڭ تۇرمۇش يولىنى تېخى تېپىپ بولالمىغانىدى، شۇنداق ئىكەن، ئۇلاردا قىزلارغا يۈرەكلىك گەپ ئاچقۇدەك جۈرئەت بولمايتتى. مېنىڭ كۆزىتىشىمچە بولغاندىمۇ قىزلار ئوقۇش ۋە ئىشنىڭ يولىنى تېپىشتا بەكرەك مۇۋەپپەقىيەت قازانغاندەك ئىدى. مەن ھېچبولمىغاندا بىر - ئىككى جۈپ قىز - يىگىتنىڭ يۈرىكىگە رىشتە ئورنىتىپ، ساۋاب ئېلىشقا شۇنچە تىرىشىپ باقتىم، ھەممىسىدە مەغلۇپ بولدۇم. خۇددى تاشنى تاياقتا تاڭغىلى بولمىغاندەك، سىرتتا ئۇزۇن يۈرۈپ كەتكەن باللارنىڭ قاغدالما كۆڭۈللىرىنى بىر - بىرىگە ئۇلىماق تەس ئىكەن.

لوندون مۇساپىرلار بىلەن تولغان شەھەر. ئۆيسىز قېلىپ كوچا بويلىرىدىكى بىنالارنىڭ لەمپىلىرى ئاستىدا، پەلەمپەيلەر ئاستىدا، تېگىگە يەشىك قەغەزلىرىنى سېلىپ، يېلىڭ يېپىنچىلار ئاستىدا مۆلدۈرلەپ ياتقان كەلگۈندىلەرنى ئۇچرىتىپ تۇراتتىم. ئۇنداقلار شەرقىي ياۋروپادىن كەلگەنلەر ئىچىدە جىق ئىدى. مىڭ شۈكرىكى، قېرىنداشلىرىمىزنىڭ ئۆزگە ئەللەرگە چىقىشتىكى ئىجتىمائىي ئاساسى ئاجىز تۇرۇقلۇق، بۇنداق كۈنگە قالمىغانىدى. ئۇلار ئەپلەپ - سەپلەپ كۈنلىرىنى ئالاتتى. ھەربىر

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تورى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يىغىن تاللىرى



ئۇيغۇرنى بىچىرىم ئاشپەز دېيىشكە بولاتتى. ئۇلار ئەرزان، ئاددىغىنە خۇرۇچلاردىن ئۆزلىرى رازى بولغۇدەك غىزالارنى ئېتىپ يەپ، ئۆزلىرىنىڭ مىسكىن ھاياتىغا تەسەللى تېپىشنى بىلەتتى.

لوندوندىكى ئۇيغۇرلارنىڭ سانى كۆپ بولمىغىنى بىلەن تەركىبى مۇرەككەپ ئىدى. ئۇلارنىڭ ئارىلىرىنى مەيلى راست ياكى يالغان بولسۇن، شۇبھىلىك ھېكايىلەر ئارىلاپ يۈرەتتى. ئۇلار ئۆزلىرى ئارزۇلاپ چىقىشقان بۇ «ئەركىن دۇنيا» دىمۇ بىر - بىرى بىلەن ئازادە باردى - كەلدى قىلىشقا پېتىنالمايتتى. ئاسارەتلەر كىشىلەرنىڭ روھىغا يىلتىز تارتىپ كەتكەندە، ئۇلار قەيەرگە بېرىشمىسۇن، «ئەركىن دۇنيا»نىڭ ئەركىن مېھمىنى بولالمايدۇ. چۈنكى، ئۇلارنىڭ تەقىبلىرى ئۆزلىرى بىلەن بىللە. ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ بىسەرەمجان ھالىتىنىڭ سەۋەبىنى پەقەت بىر - بىرىدىن ئىزدەيدۇ، نەتىجىدە، يېنىدىكى ھەربىر قېرىنداش زىياناش بولۇپ كۆرۈنىدۇ. كېيىن ئاڭلىسام، لوندوندىكى ئۇيغۇرلار «مەيسىزلەر» ۋە «مەيخورلار» دەپ بۆلۈنگەندىن سىرت، ۋالسىم ستوف (Waltham Stow) لۇقلار ۋە فىنسبۇري باغچىسى (Finsbury Park) لىقلار دەپمۇ ئايرىلىدىكەن. تېخى مەن ئۆزۈممۇ بىلمىگەن ھالدا ۋالسىم ستوف (Waltham Stow) تەرەپكە ئايرىلىپتىمەن. مەن كىشىلەر بىلەن ئارتۇق ئارىلىشىپ كەتمىگەچكە، ئۆزۈمنىڭ قايسى گۇرۇھقا تەۋە ئىكەنلىكىمنى سەزمەي قاپتىمەن. ئەمما، ئېيتىشلاردا شۇنداق ئىكەنمەن. مەندە بىر كىمگە ئېنىق مەيدان ياكى پوزىتسىيە شەكىللەنمەي تۇرۇپ قانداقسىگە بىرەر كىمگە ئۆچ ياكى مايىل بولالايمەن. تېرىقنى ئالتۇن ئورغاقتا ئورۇپ، ئاي شارىدا سورۇسىمۇ تېرىق بولغاندەك، قېرىنداشلىرىمىز غەرب شامىلىدا سورۇلۇپمۇ، شەرق شامىلىدىكى پېتى تۇرۇپتۇ، دېدىم ئىچىمدە.

لوندوندىكى ئۇيغۇرلار ئاڭلىق بىر جامائەت (Community) بولۇپ ئۇيۇشۇشتىن خېلىلا يىراق ئىدى. ئۇلار ھېيت -

بايراملاردا ئىنتايىن چەكلىك گۇرۇپپىلار بويىچە بىر - بىرىنى ئىزدىشىدۇ، بىرەر يىلدا بىرەر قېتىم سەنئەت ياكى بايرام پائالىيىتى يۈزىسىدىن كەڭرەك دائىرىدە ئۇچرىشىدۇ. بۇلار بىر بولسا ئىستىخىيەلىك تەرزدە، بىر بولسا مەلۇم پىدائىيلارنىڭ ئالاھىدە تىرىشچانلىق كۆرسىتىپ تەشكىللىشىدە ئىشقا ئاشىدۇ. ئۇلار تېخى ئۆزلىرى بىردەك ئېتىراپ قىلىشقان ئاقساقال ياكى كۇلۇبنىڭ مۇنتىزىم رەھبەرلىكىگە كىرمىگەنىدى. ھەربىر ئۇيغۇرنى يەككە شەخس سۈپىتىدە كۆزەتكىنىمىزدە زېرەك ھەم قابىلىيەتلىك كۆرۈنىدۇ، ئەمما ئۇلار ئىزچىللىقتا ئىگە كوللېكتىپ تۈزۈم شەكلىگە كىرگەنىدە، شەخسىيىتىنى ئارىلاشتۇرۇۋېلىش سەۋەبلىك چۇۋالچاق، مەسئۇلىيەتسىز بىر گەۋدە بولۇپ چىقىدۇ. قاششاق، ئەنئەنىۋى يېزا ئىگىلىكىنى ئاساسىي مەزمۇن قىلغان جەمئىيەتنىڭ ئۆرپ - ئادەت، قائىدە - يوسۇن، تەربىيە تاپمىغان دىنىي ئاڭ مۇھىتىدا يېتىلگەن بۇ تىپتىكى ئادەملەر بىر - بىرى بىلەن ئاسان چىقىشىدۇ، ئاسان زىتلىشىدۇ. چۇس مىجەزلەر يىراقنى ئويلاشنى تەلەپ قىلىدىغان چىگىش مەسىلىلەر ئالدىدا پايلىمايدۇ. ئەگەردە ئۇلارنى بىرلىككە كەلتۈرگەن نەرسە بار دېيىلسە، ئۇ ئورتاقلىق ۋەتەن توغرىسىدىكى خاتىرە، ئورتاق ئۆرپ - ئادەت، ئورتاق تەقدىر، ئورتاق قىيىنچىلىق، ئورتاق زېرىكىش، بىر - بىرىدىن تەسەللى ئىزدەش قاتارلىقلاردىن ئىبارەت بولۇپ چىقىدۇ. باشقا جامائەتلەرنىڭ ئالدىراپ ئارىغا ئالماسلىقىدەك ئەمەلىيەت ئېلىپ كەلگەن يوشۇرۇن خورلۇق تەبىئىي ھالدا بەزىلەرنى ئۆزى چەتنىمەكچى بولغان ئوربىتىغا قىستاپ قويىدۇ ۋە بۇ مۇرەككەپ رېئاللىقنى ئامالسىز قوبۇل قىلىدۇ.

شۇ تاپتا لوندوندىكى ئۇيغۇرلار ئۇياق - بۇياقلاردا چېچىلىپ ئولتۇرىدۇ، تولىسىنىڭ مۇقىم تۇرالغۇلىرى يوق، مۇقىم خىزمىتى يوق، ئاساسەن دېگۈدەك باشقا جامائەت تۇركۇمىگە بېقىنىپ

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېگانە ئادرېسى



تۇرمۇش كەچۈرىدۇ. ئۇلارنىڭ ئالدى پەرزەنتلىك بولۇپ، پەرزەنتلىرى باشلانغۇچ مەكتەپ ۋە ئالىي مەكتەپلەرگە ئوقۇشقا كىرىشكە باشلىدى. نۆۋەتتە، ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ تىل، مەدەنىيەتتى، ئېتىقادى، ئۆرپ - ئادەتى ۋە تارىخىي ئەسلىرىنى ئەۋلادلىرىغا قانداق بىلدۈرۈپ داۋاملاشتۇرىدۇ؟ سەگەك ئاتا - ئانىلارنىڭ بۇ توغرۇلۇق بىشى قاتماي قالمايدۇ. ئەگەر ئۇلار بىر جامائەت ھالىتىگە كېلەلمىز دېسە، ئورتاق ئېتىقاد، قىممەت قاراش، تىل، ئارزۇ، پائالىيەت، كاپالەت، ئالاقە، مەنبە... دېگەندەك نەرسىلەرنى ئىزچىل ساقلاپ قېلىش بىلەن بىللە، يېڭى خىرىسلارغا تاقابىل تۇرالىغۇدەك دەرىجىدە قۇرۇلمىغا ئىگە بولۇشى كېرەك. يەنە ئورتاق ماكان بىرلىكىدە ئەۋلادلار ئارا ۋە قوشنىلار ئارا ھەمكارلىقنى ۋۇجۇدقا كەلتۈرۈشى كېرەك. ناۋادا ئۇلار تېز ئارىدا شۇنداق قىلىشقا مۇۋەپپەق بولالمىسا، مەلۇم ۋاقىتتىن كېيىن ئەۋلادلار پەرقى (Generation gap) كېلىپ چىقىدۇ، چوڭلار ۋارىسسىز قالىدۇ.

بىلىشىمچە، 2004 - يىلى لوندوندىكى ئۇيغۇرلار ۋە بىرىتانىيەلىك تىبەتلىك مۇزىكىشۇناسلاردىن تەركىب تاپقان لوندون ئۇيغۇر ئانسامبىلى قۇرۇلغانىكەن. تەمبۇر، غىجەك، دۇتار، داپلارنىڭ ساداسىدىن تۇزۇلگەن كۈي - نەغمىلەر بىرىتانىيەنىڭ چوڭ - كىچىك ئەنجۇمەنلىرىدە ياڭراپ، ئوخشىمىغان ئىرقتىكى كىشىلەرنىڭ دىققىتىنى تارتقان. بۇ ئاھاڭلار تەكلىماكان ۋادىسىدا ياشاپ، دۇنيا تەرىپىدىن ئۇنتۇلۇپ كەتكەن خېلى چوڭ بىر قوۋمنىڭ مەۋجۇتلۇقىنى غۇۋا ئۇقتۇرۇپ تۇرۇشقا قادىر ئىدى.

ئوبراز ۋە مەۋجۇتلۇقىمىزدىن سۆز ئاچقاندا، بۈگۈنكى قەشقەر بىلەن لوندون بىردەك ئېسىمدىن چىقمىدى. قويۇشقا باشلىغان سەلتەنەتلىك بىر تارىخنىڭ كىچىك بىر يىپ ئۇچىنى تاشلاپ ئۆتۈپ كېتەلمەيمىز. لوندوندىكى تايمس دەرياسىنىڭ جەنۇبىدىكى پلامستېد (Plumstead) بۆلىكىگە جايلاشقان بىر كوچا بار، ئۇنىڭ

ئىسمى قەشقەر كوچىسى (Kashgar road). مەن مۇشۇنداق بىر كوچىنىڭ بارلىقىنى ئاڭلاپ، ئۆز كۆزۈم بىلەن كۆرۈپ كېلىشكە تىرىشتىم ۋە كونىلەرنىڭ بىرىدە مەزكۇر كوچىنى كۆرۈش ئىستىكىم ئىشقا ئاشتى. كۆز ئالدىمدا 400 مېتىرچە ئۇزۇنلۇقتىكى بىر كوچا تىمتاس ھالدا سوزۇلۇپ ياتاتتى، ئايالىممۇ ماڭا ھەمراھ ئىدى. ئىككىمىز كوچىنىڭ بېشىدا بىرھازا تۇرۇپ كەتتۇق. بۇ كوچا قاچان پەيدا بولغان، ئىسمىنى كىملەر قويغان، نېمە ئۈچۈن؟ دېگەندەك سوئاللار كاللامدا ھۆكۈمران ئىدى. غۇۋا تارىخ زۇۋانغا كىرىپ ئېنىقسىز بىر تەكەللۇم بىلەن شىۋىرلاۋاتقاندەك بىلىنىدى. كوچىغا ئىخلاس بىلەن قەدەم تەشرىپ قىلدۇق. كوچىنىڭ قاسىنىقىدا قاتار - قاتار ئۆيلەر، ئۆيلەرنىڭ ھەممىسى ئىككى قەۋەتلىك ئىدى. ئاستا ماڭغىنىمىزچە كوچىنىڭ ئۇ بېشىغا باردۇق، ياندىكى ئۆيلەرنىڭ بىرىدىن بىرەر ئادەمنىڭ چىقىپ قېلىشىنى ئۈمىد قىلدىمكى، ھېچكىم چىقمىدى. كوچىنىڭ بېشىدىكى ئۆيلەرنىڭ تېمىدا قەشقەر كوچىسى س. ئي/8 (Kashgar road , S.E/8) دېگەن خەت بار ئىدى. بىز بۇ خەتنى ئارقا كۆرۈنۈش قىلىپ سۈرەتكە چۈشتۇق. ئارىدا بىرەيلەن ئۇچرىدى، ئۇنىڭدىن سورىدىم:

— ياخشىمۇ سىز، سىز مۇشۇ كوچىدا ئولتۇرامسىز؟

— شۇنداق.

— سىزدىن بەزى نەرسىلەرنى سورىغۇم بار ئىدى.

— بولىدۇ، سوراڭ.

— بۇ كوچىنىڭ ئىسمى نېمىشقا «قەشقەر كوچىسى» دەپ ئاتالغان؟

— بىلمەيدىكەنمەن، مەنمۇ بىنگالدىن كۆچۈپ كەلگەن كۆچمەن.

— بۇ كوچىدا قەيەرلىك كىشىلەر كۆپرەك ئولتۇراقلاشقان؟

— بىلىشىمچە، شەرقىي جەنۇبى ئاسىيادىن كەلگەنلەر

www.uyghurkitap.com ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى

كۆپرەكقۇ دەيمەن.

— جۇڭگودىن كەلگەنلەر يوقمۇ؟

— تازا ئېنىق بىلمەيدىكەنمەن.

— رەھمەت سىزگە.

قارىغاندا، مۇشۇ ۋاقىتتىنىڭ ئۆزىدە قەشقەر كوچىسى ھەققىدە ئۇنىڭدىن ئارتۇق نەرسىلەرنى بىلەلمىسەم كېرەك. شۇنداق، ئۆزۈم ھەققىدە بىلمەيدىغان نەرسىلىرىم ناھايىتى نۇرغۇن. بىز ھەققىدىكى نۇرغۇن ئارخىپ ۋە قول يازما بېرىتانىيە، رۇسىيە ۋە ياۋروپانىڭ باشقا ئەللىرىدىكى ئارخىپ ئامبارلىرىدا، مۇزېيلاردا ياتىدۇ. بۇ مەنىدىن ئېيتقاندا، تارىخنى كېكەچ دېيىشكە بولىدۇ. بىراق، تارىخ تارىخنى سۆزلىتىدۇ. بىلىشلەر ئاستا ـ ئاستا ئۆزىنىڭ قېپىنى يارىدۇ.

مەن قەشقەر كوچىسىنىڭ بۇ تەرىپىگە ئۆتۈپ، كەينىمگە ئۆرۈلۈپ كوچىغا باشتىن ـ ئاياغ بىر قارىۋەتتىم. پەملىشىمچە، بۇ نام ئەنگلىيە، رۇسىيە قاتارلىق چوڭ دۆلەتلەر قەشقەرىيەنى تالىشىدىغان چوڭ ئويۇن (Great Game) بىلەن مۇناسىۋەتلىكتەك تۇراتتى. ئوتتۇرا ئاسىيا تارىخىدا شۆھرەتلىك بولۇپ كەلگەن قەشقەر (كاشغەر) 19 ـ ئەسىرنىڭ كېيىنكى يېرىمىدىن باشلاپ بېرىتانىيە مەتبۇئاتلىرىدا كۆرۈلۈشكە باشلىغانىكەن. بىر شەھەرنىڭ تەرجىمھالىنى بەزىدە بىرەر پۇچۇق تەڭگىمۇ سۆزلەپ بېرەلىگەندەك، بىر دەۋرنىڭ تارىخىنى بىرەر كوچىنىڭ نامىمۇ بايان قىلىپ بېرەلەيدۇ. گەپ كوچىلارنى تىلغا كىرگۈزەلەيدىغان تارىخچىلاردا. ئۆزبېك شائىرى مۇھەممەد يۇسۇپنىڭ «كونا قۇدۇق» ناملىق داستانىدىكى مۇنۇ مىسرالار ئېسىمگە كېلىپ تۇرۇۋالدى:

قانداق گۈزەل ئىدىڭ بۇخارا،
ئاسمان ئۆپەر گۈمبەزلەر ئارا.
مەن زىيارەت قىلىپ ئاۋارە،
تاپالمىدىم بىر ساق مۇنارە.

شائىرلار قەلبىنىڭ رەمزى قوۋمى ئۈچۈن ئەرزىيەت چېكىشنى زىممىسىگە ئالغان نەبىلەرنىڭ روھىدىن ئېلىنغان بولسا، ئەلنىڭ جارچىسى بولماي قالارمۇ!؟

كۈنىمىزدە مۇساپىرەتكە ئۆزىنى بېغىشلىغان ھەربىر ئادەم بىر ئىزچى بولالىغاندىلا، تالايلىغان قەشقەر كوچىسىنى زۇۋانغا كەلتۈرگىلى بولىدۇ. ناۋادا ئۇلارنىڭ ئۆزلىرى ھايات سودىسىنىڭ قاينىمىدا يىتىپ كەتسە، ئۇلارنىڭ دېرىكىنى قىلىپ ئادەم ئىزدەش ئېلانى بېرىدىغانلار چىقماي قالىدۇ.

لوندوندىكى قەشقەر كوچىسى ساناقسىز ئىزنىڭ بىرى. ئىزچىلار بىر كىشىلىك تىرىكچىلىك ئۈچۈن يىراقلارغا ئۇزاپ كېتىشتى.

ئۇقۇمۇشلۇقلار ئارىسىدا داۋرىگى ۋە ئوبرازى بىلەن شەخسىيىتى بىردەك بولمىغان ئادەملەر خېلى كۆپ. ئۇنداق ئادەملەر ئەتراپىدىكى كىشىلەرنى ئۆز مىجەزىنىڭ رەڭلىك كۆزئەينىكى بىلەن كۆرۈپ باھا بېرىدۇ. ئۆزىمۇ سەزمەستىن سۇبيېكتىپلىق قىلىدۇ. ئۆزىنىڭ مىجەزى تۇپەيلى باشقىلارنى ئۆچ كۆرىدۇ ياكى يەكلەيدۇ، ئۆز مىجەزىنىڭ ئۇسال يەرلىرى بارمۇ - يوق، دېگەننى ئويلاپ باقمايدۇ، ھە دېسىلا باشقىلاردىن قۇسۇر ئىزدەيدۇ. نەتىجىدە، ئۇلارنىڭ ئەمەلىي ئالغان رولى كىشىلەرگە تەشۋىق قىلغان غايىسى ۋە شوئارىنىڭ ئەكسىچە بولۇپ چىقىدۇ. بۇنداق ئىككى يۈزلىمە روھىي سۈپەتتە ئەسلىدىكى بەتخۇيلۇق چىن بولۇپ، كېيىن قوبۇل قىلىنغان ياخشى سۈپەتلىك تەربىيە ۋە ئىلىم بۇ تەرەپنى يېپىشقا ياكى ئۆزگەرتىشكە ئاجىزلىق قىلىپ قالىدۇ. چۈنكى، بالىلىقتا سىڭگەن خۇي ئاسانلىقچە ئۆزگەرمەيدۇ. ئۇلاردىكى ئىلىم ئۇلارنىڭ ئادىمىيلىكىگە سىن بېرەلىگەن بولسىمۇ، ئالىيجانابلىق بېرەلمەيدۇ. ھەقىقىي ئىلىممۇ تالانت ۋە پاك ئادىمىيلىك زېمىنىدا مېۋە بېرىدۇ. شۇڭا، بىز ئارىمىزدا ئىلىم ۋە ھەقىقەتنىڭ پەزىلىتىنى ئۆزىنىڭ بىر كىشىلىك

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى



ئـادىمىيلىكىگە، شەخـسىيىتىگە ئايلانـدۇرالمىغان ئىـسىل قىياپەتلىك بەتخـۇيلارنى ئۇچرىتىـپ تـۇرىمىز ـ دە، كـۆڭلىمىز ئىنتايىن غەش بولىدۇ. ئاقىۋەت بۇ غەشلىك بىلەن توختاپ قالسا مەيلىتتىغۇ، ئۇ، ئادەمگە تۈگىمەس ئازاب ۋە پاراكەندىچىلىك ئېلىپ كېلىـدۇ. ئـۇلار مـال ـ دۇنياغـا ھېـرىس بولمىغـان، ئـۆزلىرىگە زەخمىتى يەتمىگەن مەنىۋى ئادەملەرگىمۇ سودىگەر مىجەزى بىلەن مۇئامىلە قىلىپ، مەنىۋى ئۈستۈنلۈك دەۋاسىنى قىلىدۇ. چۈنكى، ئۇلارچە ئوبراز ۋە شان ـ شەرەپمۇ ھازىرقى زامان دۇنياسىدىكى زۆرۈر مەنپەئەتلەرگە كىرىدۇ.

مـال ـ دۇنيانىـڭ سـەلتەنىتى بىـلەن كەلـگەن ئـابرۇيىنىڭمۇ ھامـان چېكـى بولـىدۇ، ئـۇلار يەنە باشـقىلاردىكى ئابرۇيىنىـڭ ھەسەتلىرىدە ئۆرتىنىـپ، ئىغۋاگەرلىـك ۋە سـۇخەنچىلىكنى قـورال قىلىپ تالىلىشىۋالىدۇ. «قۇرئان كەرىم»نىـڭ «ھـۇمەزە» (تـۆھمەتچى) سۈرىسىدە مۇنداق ئايەت بار:

«ئـاچ كۆزلـۈك بىـلەن مـال ـ دۇنيـا يىغىـپ ساقلايدىغان، تۆھمەتخور، سۇخەنچىلەرنىڭ چوقۇم كۆرگۈلۈكى بار، ئۇ ئۆزىچە مـال ـ دۇنيـالىرىم ھەممىـگە قـادىر دەپ ئويلايـدۇ.» (1، 2، 3) كۆرۈنـۈپ تۇرىدۇكى، بۇ يەردە مال ـ دۇنيا تەمەنناسىدىكى سۇخەنچىلىك شۇ قەدەر قـاتتىق لەنەتلىنىۋاتىـدۇ. دەل مۇشـۇ سـۈرىدىن ئـاۋۋالقى «ئەسىر سۈرىسى»دە ھەق بىلەن سەۋر پازىل ئىنسانلارنىڭ مـۇھىم ئىككى سۈپىتى تەرىقىسىدە تەۋسىيە قىلىنىـدۇ. سـۇخەنچىلىك ۋە ئىككـى يۈزلىمىچىلىـك جامـائەت تـوپىنى ئىچىـدىن چىرىتىـپ، يىمىرىـپ تاشـلايدىغان كۆيـدۈرگۈچ كىـسلاتادۇركى، زىيىنـى مۆلچەرلىگۈسىز. ئۇنىڭ ئۈستىگە كىشىلىك دۇنياسى بۇ سۈرەتلىك ئـادەملەردىن مۇستەسـنا بولـۇپ كېتەلمەيـدۇ. شـۇڭا، بىـزگە ھەق بىلەن سەۋرنى ئۆزئـارا تەۋسـىيە قىلىـش دالالەت قىلىنىـدى. تـارىخ كۆرسـەتتىكى، ھەقنـى تەۋسـىيە قىلغـانلار ھاقـارەت، خورلـۇق ۋە تۆھمەتلەرگە ئۇچراپ كەلـدى، يىراقنـى كۆرۈشـتىن كەلـگەن سـەۋر

ھەقنى تەۋسىيە قىلغۇچىلارنىڭ ۋەزنىنى ئاشۇرىدىغان يەنە بىر پەزىلەت سۈپىتىدە تارتۇق قىلىندى.

ھەقنى تەۋسىيە قىلغۇچىلار تەنتەك ۋە سەۋر - تاقەتسىز بولسا ئاسانلا سۇخەنچىلەرنىڭ دامىغا چۈشۈپ كېتىدۇ - دە، سۈرى ۋە سۆلىتىنى ساقلاپ قالالمايدۇ. شۇڭا، كائىناتتەك كەڭ نەزەر بىلەن تەمكىن بولۇش ئۇلارنى چاكىنا ۋاستىلەرنىڭ ئېزىقتۇرۇشىدىن ساقىت قىلالايدۇ.

پىكرىي زەئىپلىك ۋە نەپسى غالىبلىقتا مەھكۇم بولغان ئاۋامنىڭ ھوشيار، پەزىلەتلىك ئادىمى بولۇش ناھايىتى مۈشكۈل. دىققەت قىلىنسا، كىشى ئۆزىنىڭ ئىنسانىيىتىگە ئۆزى ئەيىبلەپ تۇرۇۋاتقان ئاشۇ مەجرۇھلارنىڭ ئىللەتلىرىنى بىلىپ - بىلمەي يۇقتۇرۇۋېلىشى مۇمكىن. مەسئۇلىيەت ۋە سۆيگۈ سېنى ئۇلارنىڭ ئارىسىغا ئېلىپ بارىدۇ، روشەنكى، ھەق بىلەن سەۋر قانداقتۇر ھېسسىيات ۋە ھاياجانغا بېرىلىدىغان خاراكتېر ئىگىسىنىڭ ئەمەس، بەلكى مىزان ۋە پرىنسىپ بويىچە ئىش كۆرىدىغان ئاقىلانە، سوغۇققان ئادەمنىڭ قولىدىن كېلىدۇ.

تۇرمۇشتا بىراۋغا بولغان پوزىتسىيەمىز ئۇنىڭ مىجەزى ۋە تۇرمۇش ئادىتىگە ئاساسەن بەلگىلىنىپ قالىدىغان ئەھۋاللار بولىدۇ. مەلۇم بىر كىشى بىزگە پرىنسىپقا ياتىدىغان چوڭ ئاممىۋى زىيانلارنى سالمىدى، ھەتتا شەخسىيىتىمىزگە غەرەزلىك ئاساستا زەخمەت يەتكۈزمىدى، ئەمما ئۇنىڭ ئادىتىمىزگە ياقمايدىغان قىلىق - قىياپەتلىرى بار. سوغۇققان بولمىساق، بىز بۇ ئادەمنى يامان كۆرۈپ قېلىشىمىز، ئېغىر بولغاندا، بۇ ئادەمنى زەربە بېرىش نىشانىغا ئايلاندۇرۇپ قويۇشىمىز مۇمكىن. نەتىجىدە، بىز بۇ ئادەمنىڭ كۆپچىلىككە پايدىلىق تەرىپىنى كۆرۈشتىكى ھەققانىي پرىنسىپنى قايرىپ قويۇپ، خاراكتېرىمىزدىكى تەبىئىي بىر مۇستەبىتلىكنى ئايانماستىن بايراق قىلىۋالىمىز. شۇنىڭ بىلەن بىرىنى خورەكچى، بىرىنى

www.uyghurkitap.com



قارنى يامان، بىرىنى رەتسىز كىيىنىدۇ، دەپ نەپرىتىمىزگە ئالىمىز ـ دە، بۇ ھەقسىز نەپرەت تۈپەيلى كىيسلگەن ئەقلىمىز ئۇلارنىڭ باشقا خىسلەتلىرىنى لىللا باھالاشقا ئاجىزلىق قىلىپ قالىدۇ. ۋاھالەنكى، ياقتۇرماسلىق بىر ئىش، نەپرەت ياقتۇرماسلىقنىڭ رادىكاللىشىشى بولۇپ، توغرا يېتەكچى پرىنسىپتىن ئايرىلغاندا، زوراۋانلىقنى كەلتۈرۈپ چىقىرىشى مۇمكىن.

ئۇچۇر تېخنىكىسى تەرەققىي قىلغان مۇشۇ كۈنلەرنى مەلۇم مەنىدە پسىخولوگىيەلىك ئۇرۇش دەۋرى دەپ سۈپەتلەش مۇمكىن. بۇنداق دەۋردە دەججاللىنىڭ پىتنىسى ئاسانلا يۈز بېرىدۇ. ئۇچۇر ئىشلەپچىقىرىش ۋە ئۇچۇرنى يورۇشتۇرۇشتىن ئورنى بولمىغان جەمئىيەت تۈپلىرى باشقىلار نىمە دېسە كولدۇرلاۋېرىدىغان ھاماقەت بەندىلەرگە ئايلىنىپ قالىدۇ. ئەخمەقنىڭ پوستىغا سامان تىقىش ئىنتايىن ئاسان. ئۇلار ھەقىقەتنى يەكلەپ، سەپسەتىگە كاندەك چاپلىشىۋالىدۇ. ئامېرىكىلىق مائارىپشۇناس ۋە پەيلاسوپ جون دېۋېي (John Dewey ،1959 ـ 1852) ئۆزىنىڭ كەيپىياتنى مۇۋاپىق تىزگىنلەشنى بىلمىگەن ئادەملەر ھەققىدە مۇنداق يازغان: «بىر ئادەمنىڭ ھەرىكىتى ئەگەر پىشقان خۇلاسىنىڭ يېتەكچىلىكىدە بولمىسا، ئۇ باش قاتۇرۇپ ئويلانمىغاندىكى ھاياجان، تەشۋىق يان بېسىش، غەلىتە خىيال ياكى بىردەملىك كەيپىياتقا ئەگىشىپ ئىش قىلىدۇ. ئۆزىنى تۇتۇۋېلىشنى بىلمەيدىغان، دەۋسەپ كۆرمەيدىغان يۈزەكى ئادەتلەرنى يېتىلدۈرۈۋېلىش مەھكۇملۇقنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ. چۈنكى، بۇ ئادەت ئادەمنى ياخشى كۆرۈش، ئۆچ كۆرۈش، تۈيغۇ ۋە ھېسسىياتنىڭ ئىسكەنجىسىگە چۈشۈرۈپ قويىدۇ.»

بىز ئۇچۇر ئىشلەپچىقارغۇچىلار لاياقىتىدە ئەمەس، ئۇچۇرلارنى تۆۋەن سەۋىيەدە ئىستېمال قىلغۇچىلار لاياقىتىدە مەزكۇر ئۇچۇر دەۋرىدە ياشاۋاتىمىز. پۈتكۈل ئەس ـ يادى تىرىكچىلىك

غەملىرىگە باغلانغان مۇتلەق كۆپ ساندىكى ئادەمنىڭ ئەتراپىدا گېزىت - ژۇرناللار، رادىيو - تېلېۋىزىيەلەر ھەر خىل ئاۋازنى چىقىرىپ تۇرۇۋاتىدۇ. ئۆزىنىڭ مەۋقەيى، نىشانى ۋە پىلانى بولمىغان ئادەملەر ھەرقانچە كۆپ ئۇچۇرلار ئارىسىدا بولغاندىمۇ ئۆزىنىڭ پايدىسىنى تېپىشقا قادىر بولالمايدۇ. ئەجدادلىرىمىز «يەتتە ئۆلچەپ بىر كەس» دېگەن ھېكمەتلىك ماقالنى ئىجاد قىلغان. بۇ ھېكمەت ھازىر غەرب دۇنياسىدا مودا بولۇۋاتقان تەنقىدىي پىكىر قىلىش (Critical thinking) دالالەتلىرىنىڭ نەق ئۆزى، بىز بۇنى ئاممىباب قىلىپ «دەڭسەپ پىكىر قىلىش» ياكى «دەڭسىمە تەپەككۇر» دەپ ئالساقمۇ بولىدۇ. ئەمدى بىز مۇشۇنداق تەپەككۇر ئۇسۇلىنى تۈرلۈك تۇرمۇش پائالىيىتىمىز بىلەن بىرلەشتۈرمىسەك بولمايدىغان ئەھۋالغا دۇچ كەلدۇق. ئەگەر بىز ھېسسىياتىمىزغا ئەگىشىپ، ياخشى كۆرۈش ۋە يامان كۆرۈشتىن ئىبارەت تۇيغۇلىرىمىز بويىچە ياشىساق، ئاسان چىقىشىدىغان، ئاسان قېرىشىدىغان، ئاسان تەسىرلىنىدىغان، ئاسان ھۆكۈم چىقىرىدىغان پەيلىمىز ھازىرقى دۇنيادىكى مەۋجۇتلۇق ئورنىمىزنى بەربات قىلىدۇ.

لوندوندىكى ئۇيغۇرلارنىڭ ياشاش ھالىتى ۋە ئۇلارنىڭ ئىجتىمائىي قۇرۇلمىسى، تەپەككۇر پىسخىكىسى ماكرو جەھەتتىن يەنىلا ئۆزىنىڭ چوڭ ئىجتىمائىي توپى بىلەن ئوخشاش ئىدى. ئۇلار بىرىتانىيە جەمئىيىتىدىكى تەبىقىلەرگە تەشەببۇسكار رەۋىشتە ئىچكىرىلەپ كىرىپ، ئۆزلىرىنىڭ كىملىكىنى ئۇقتۇرغان ئاساستا ئىستىقامەت قىلىدىغان رىئاللىقتا ئەمەس ئىدى، قېقىلىپ - سوقۇلۇپ يۈرۈش ئۇلارنىڭ تۈپ تەقدىرى ئىدى. ئەلۋەتتە، بۇ ئۇلارنىڭ سەۋەنلىكى ئەمەس، سان، كۆلەم ۋە ساپادىن ئىبارەت ئەمەلىي كۈچ ۋەزىندار ئامىلدۇر.

مەن ئۇلارنىڭ قېرىنداشلارچە ياردىمىدە يات بىر شەھەردە دەسلەپكى قەدەمدە بولىدىغان غەم، دىشۋار ۋە ئاۋارىچىلىكلەرگە ئاز

www.uyghurkitap.com



يولۇقتۇم. ئۇلارنىڭ سېخىي داستىخانلىرىدىن كۆشاھش تاپتىم. قۇدرىتىنىڭ يېتىشىچە قىلغان ئىززەت ـ ئىكراملىرى بىلەن مۇساپىرلىقتىكى دىلخەستىلىكلىرىمنى يەڭدىم. مۇشۇ مۇناسىۋەت بىلەن نۆۋەتتە ئۇلارغا تەشەككۈر ئىزھار قىلىمەن ۋە ئىشلىرىغا ئاسانلىق تىلەيمەن. خەلق ئارىسىدا «يەتتە ياشلىق بالىنىڭ ئالدىغا يەتمىش ياشلىق بوۋاي چىقىپتۇ» دېگەن گەپ بار، بۇ گەپ ئۇيغۇرلارنىڭ مۇساپىرەت ۋە مۇھاجىرەتتىكى جامائەت روھىغا ناھايىتى مۇۋاپىق كېلىدۇ. ئۇلار بىرەر قېرىنداشنىڭ كەلگىنىنى ئاڭلىسا تېلېفون قىلىدۇ، بىۋاسىتە كېلىپ ھال سورايدۇ، ھەتتا دۆلەت ئاتلاپ كېلىپمۇ ھالىدىن خەۋەر ئېلىشىدۇ. «قول قولنى يۇسا، قول بىرىپ يۈزنى يۇيار» دېگەن تەمسىلنىڭ مەزمۇنى بويىچە ئېيتقاندا، ھەر تەرەپتە چېچىلىپ تۇرغان گۇرۇپپىلارنىڭ ئىنسانىي رىشتىلىرى چوڭ بىر ئىجتىمائىي كوللېكتىپنى شەكىللەندۈرەلەيدۇ. بۇ خۇددى بىر ئادەمنىڭ ھاياتى ئۈنىڭ ۋۇجۇدىدىكى تۈرلۈك ئورگانىزمنىڭ ئورتاق ماسلىشىشىدىن كەلگەندەك بىر ئىش.

بېرىتانىيە جەمئىيىتىدىكى تەسىرچان تەبىقىلەرنىڭ ئىچىگە كىرىپ مەنپەئەتلىنىش ھەمدە ئۆزىنىڭ ئەسلىي كىملىكىنى ساقلاش بېرىتانىيە تەۋەسىدىكى، شۇنداقلا مۇھاجىرەتتىكى بارلىق ئۇيغۇرنىڭ پانىيەتتىكى پۇلسىراتىدۇر.

لوندوندىكى قېرىنداشلىرىم قانداق ياشىغان بولسا شۇنداق ياشىدىم. ھەتتا مەن ئۇلارنىڭ بەزىلىرىدەك قۇرۇلۇش ئورنىدا ئامانلىق خادىمى سۈپىتىدە بىر ھەپتە ئىشلەپ باقتىم. مەيلى كىم بولايلۇق تومۇرىمىز، ۋۇۋۇلىمىز بىر ئىكەن.

بىر يىللىق ئىستىقامەتنى تۈگىتىپ لوندوندىن قايتقىنىمدا مېنى ئۇزىتىشقا چىققىنى يەنىلا دىنىي ۋە ئىرقىي قېرىندىشىم بولدى.

**قوشۇمچە I:**

**لوندوندىكى بىر ئۇيغۇر قىزى بىلەن سۆھبەت**

لوندوندىكى قېرىنداشلىرىمىزنىڭ ئەھۋالىنى ئىگىلەپ، ۋەتەندىكى قېرىنداشلارغا بىلدۈرۈش مەقسىتىدە، مۇمكىن بولغان دائىرىدە لوندوندىكى بەزى ئۇيغۇرلارنى يازما سۆھبەت شەكلىدە زىيارەت قىلىشقا خېلى بەك ئۇرۇندۇم ۋە بەزى سوئاللارنى تەييارلىدىم. قېرىنداشلار بۇ ئىشىمغا خېلى قىزغىنلىق ئىزھار قىلغان بولسىمۇ، پەقەت بىر نەپەر قىز قېرىندىشىمىزنىڭ جاۋابىغا ئېرىشەلىدىم. مەن بۇنىمۇ ئاز كۆرمەي ئوقۇرمەنلەرنىڭ سەمىگە تاشلاشنى راۋا كۆردۈم. چۈنكى، بۇ سوئاللار دەۋرىمىزدىكى بارلىق ياشلارنىڭ مۇھاكىمە قىلىپ بېقىشىغا ئەرزىيدۇ، دەپ قارايمەن. ئۇنىڭ ئۈستىگە بېرىلگەن جاۋابنىڭ ئالاھىدە تەرىپى* بولمىسىمۇ، ساددا، تۈز، دەبدەبىسىز ھالدا بىر قىز مۇساپىرنىڭ مەنىۋى ھالىتىنى ئەكس ئەتتۈرۈپ بېرەلەيدۇ.

سوئال: سىز كەلگىلى قانچە يىل بولدى؟ ئۆزىڭىزنى بۇ يەرنىڭ ئىجتىمائىي مۇھىتىغا كۆنەلىدىم، دەپ قارامسىز؟

جاۋاب: لوندونغا كەلگىلى تۆت يىل بولدى، ئاساسەن كۆنۈپ قالدىم.

سوئال: «كۆنۈپ قېلىش»نىڭ كەينىدە نۇرغۇن جەريان بارغۇ دەيمەن. بۇ جەرياندا سىز تۆلىگەن ئەڭ چوڭ بەدەل نېمە؟

جاۋاب: شۇنداق، مەن تۆلىگەن ئەڭ چوڭ بەدەل ــ تەنھالىق، سۈكۈت، شۇنداقلا كىشىلەرگە چاندۇرمايدىغان كۆز يېشى.

سوئال: سىزنىڭچە، تەنھالىق گۈزەللىكمۇ؟ ئۇنىڭ ئىچىدە نېمىلەرنىڭ بارلىقىنى سۆزلەپ بېرىشنى خالامسىز؟

جاۋاب: مېنىڭچە، تەنھالىقنى ئومۇمىي جەھەتتىن گۈزەللىك دېگىلى بولمايدۇ. بەزىدە ئۇنىڭمۇ ئۆزىگە لايىق ئارتۇقچىلىقى باردۇر. تەنھالىقنى گۈزەللىك ئەمەس، دېگىنىمدە، تەنھالىق

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



ئادەمنى جىمىغۇر، ئادەم خالىمايدىغان، تېرىككەك، شەخسىيەتچى، ھەتتا روھىي جەھەتتىن چۈشكۈن قىلىپ قويىدۇ. تەنھا ئادەم ئۆز ئەتراپىدا نېمە ئىش بولۇۋاتقانلىقى بىلەن كارى يوق ھالدا توپتىن ئايرىلىپ ياشاشنى ياخشى كۆرىدىغان بولۇپ قالىدۇ. بارا - بارا ئۇنىڭدا ئۆزۈم ئۈچۈن ياشايمەن، دېگەن قاراش تىكلىنىپ قالىدۇ. تەنھالىقنى گۈزەللىك دېگىنىمدە، ئۇ پەقەت ۋاقىتىنچە گۈزەللىك. مىسالەن، بىر ئادەم كەسپىتە نەتىجە قازىنىمەن دېسە (بولۇپمۇ ئايال كىشى) كۆپرەك تەنھا قېلىشى كېرەك، شۇندىلا ئۇنىڭ كۆپرەك ۋاقتى بولىدۇ، ۋاقىتىنىڭمۇ ئۇنۇمى بولىدۇ.

سوئال: بۇ يەرگە كەلگەندىن كېيىن ساپايىڭىزدا بىرەر كەمتۈكلۈكنى ياكى ئارتۇقچىلىقنى سەزدىڭىزمۇ؟

جاۋاب: دەسلەپتە تىلدىكى قىيىنچىلىق تۈپەيلى قورۇنۇپ، تەمتىرەپ يۈردۈم. يەنە بىر كەمچىلىك يۇقىرى ئاۋازدا گەپ قىلىش. يۈرۈش - تۇرۇش، كىيىنىش جەھەتتە بۇ يەردىكى كىشىلەرگە سېلىشتۇرغاندا، ئۆزۈمگە بەك ئەھمىيەت بېرىدىغانلىقىمنى ھېس قىلدىم.

سوئال: سىزچە «ۋەتەن» قانداق ئۇقۇم؟ بۇ يەرگە كەلگەندىن كېيىن ئۆزىڭىزنى خەلقىڭىزدىن يىراقلاپ كېتىۋاتقاندەك ھېس قىلامسىز؟ نېمىشقا؟

جاۋاب: مېنىڭچە، «ۋەتەن» تولىمۇ ئابستراكت ئۇقۇم. ئادىدىي قىلىپ ئېيتقاندا، مەن «ۋەتەن»نى كىندىك قېنىم تۆكۈلگەن ئانا يۇرت، ئوخشاش تىل، ئوخشاش ئۆرپ - ئادەت بىلەن ياشاپ كېلىۋاتقان بىر تۈركۈم ئادەم ئولتۇراقلاشقان ماكان دەپ قارايمەن. بۇ يەرگە (لوندونغا) كېلىپ، ئۆزۈمنى خەلقىمدىن يىراقلاپ كەتكەندەك ئەمەس، ئەكسىچە، خەلقىمگە تېخىمۇ يېقىن، بەكرەك سۆيىدىغان بولۇپ كەتكەندەك ھېس قىلىمەن. گەرچە خەلقىمدىن شۇنچە يىراقتا ياشاۋاتقان بولساممۇ، ئۇنىڭغا نىسبەتەن ئېيتىپ

توگەتكۈسىز مېھىر - مۇھەببىتىمنىڭ بارلىقىنى ھېس قىلىمەن. خەلق ناخشىلىرىنى ئاڭلىغاندا كۆز ياشلىرىم ئاقىدۇ. بۇرۇن ياخشى كۆرمەيدىغان ناخشىلارنى ئەمدى شۇنچىلىك سۆيۈپ ئاڭلايدىغان بولۇپ كەتتىم.

سوئال: بىر قاتار كۆزقاراشلىرىڭىزنىڭ نەتىجىسىدە، ئەنگلىيە جەمئىيىتىدىكى ماددىي تەرەققىياتنىڭ سەۋەبىنى قانداق چۈشەندىڭىز؟ بىز قانداق قىلىشىمىز كېرەك ئىكەن؟

جاۋاب: ئەنگلىيە جەمئىيىتىدىكى ماددىي تەرەققىياتنىڭ سەۋەبىنى ئۇلارنىڭ ئاتا - بوۋىلىرى تىكلىگەن ئاساستىن، شۇنداقلا بۈگۈنكى كۈندىكى شارقىراتمىدەك تېز تۇرمۇش رىتىمىدىن، كىشىلەرنىڭ ۋاقىت كۆزقارىشىدىن ئايرىپ قارىغىلى بولمايدۇ. يەنە تەكىتلەپ قويۇشقا تېگىشلىك بىر ئىش، ئۇلار ئۆزلىرى ياراتقان ماددىي بايلىقنى قانداق ئاسراشنى ھەم ئۇنى مۇۋاپىق ئىشلىتىشنى بىلىدىكەن. ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ 60 ياشلىق دەۋرىنى يىگىرمە ياشلىق دەۋرىدىلا پىلان قىلىپ، ئورۇنلاشتۇرۇپ بولىدىكەن. مېنىڭچە، بۇمۇ تىرىشچانلىققا سەۋەب بولسا كېرەك.

سوئال: سىزدە تىل قىيىنچىلىقى بولدىمۇ؟ نېمە ئۈچۈن؟ ئىنگلىز تىلى ئۆگىنىشكە كىرىشىۋاتقان قېرىنداشلىرىڭىزغا نېمىلەرنى دېگۈڭىز بار؟

جاۋاب: ئەلۋەتتە تىل قىيىنچىلىقى بولدى. چۈنكى، بىزگە ئالىي مەكتەپتە ئىنگلىز تىلى ئۆتمىگەن، پەقەت دەرستىن سىرتقى ۋاقىتلاردا كۇرسلارغا قاتناشقان. ھازىر ئويلاپ باقسام، ئەينى ۋاقىتتا بىزگە دەرس ئۆتكەن شۇ ئوقۇتقۇچىلارنىڭمۇ سەۋىيەسى چاغلىق ئىكەن. شۇڭا، بۇ يەرگە كېلىپ كۆپ قىينالدىم. ۋەتەندىكى ئىنگلىز تىلى ھەۋەسكارلىرىغا دەيدىغىنىم: چەت ئەللەرگە چىقىشتىن بۇرۇن تىل ئاساسىنى پۇختىلاپ، ئۆزىنىڭ ھاجىتىدىن چىقالايدىغان بولۇش، سۆزلەش — ئېغىز مەشقى قىلىشتىن قەتئىي خىجىل بولماسلىق كېرەك.

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تورى


چەت ئەللەرگە چىقىپ تىل ئۆگىنىمەن دېسە، كۈتۈلمىگەن بەدەللەر كۆپ بولۇپ كېتىدۇ.

سوئال: سىزنىڭچە، ئانا تىل، خەنزۇ تىلى ۋە باشقا ئۈچىنچى تىلنى ئۆگىنىش ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەتنى قانداق بىر تەرەپ قىلغان تۈزۈك؟

جاۋاب: ھەرقانداق ئادەم ئەڭ ئاۋۋال ئۆزىنىڭ ئانا تىلىغا پىششىق بولۇشى كېرەك. ئۆزىنىڭ تىلىنى ياخشى بىلمەي، باشقا تىللارغا راۋان بولۇپ كەتكەندىمۇ، بۇ بىر نومۇسلۇق ئىش.

سوئال: سىز بۇرۇن قايسى كەسىپنى ئۆگەنگەن؟ شۇ كەسپىڭىزنى ئەنگلىيەدە ئىشلىتەلىدىڭىزمۇ؟

جاۋاب: مەن بۇرۇن دوختۇرلۇق ھەم ئىقتىسادشۇناسلىقتا ئوقۇغان. ئۆز كەسپىمنى 80% ئىشلىتەلىدىم، دېسەم بولىدۇ.

سوئال: ئالىي مەكتەپكە ئىمتىھان بېرىدىغان ئىنى - سىڭىللىرىڭىزغا كەسىپ تاللاش توغرىسىدا قانداق مەسلىھەتلەرنى بەرگىڭىز بار؟

جاۋاب: ئۆزى قىزىققان، كۆزى يەتكەن ھەرقانداق كەسىپنى تاللىسا بولۇۋېرىدۇ، دەپ قارايمەن.

سوئال: سىزنىڭچە، «مۆھەببەت» قانداق ئۇقۇم؟ چەت ئەل مۇھىتى ئەسلىدىكى مۆھەببەت قارىشىڭىزنى ئۆزگەرتىۋەتكەندەك قىلامدۇ؟

جاۋاب: مېنىڭچە، «مۆھەببەت» دېگەن بىر ئابستراكت ئۇقۇم. ئۇنى ئىككى ياشنىڭ بىر - بىرىگە بولغان ئىنتىلىشى، چۈشىنىشى، كۆيۈنۈشى ۋە ئاخىرىدا ئۆمۈرلۈك بىللە ئۆتۈش ئۈچۈن تىرىشىشى، دەپ ئويلايمەن.

چەت ئەل مۇھىتى مېنىڭ ئەسلىدىكى مۆھەببەت قارىشىمنى ئۆزگەرتكىنى يوق. چۈنكى، مەن چەت ئەلگە ئۆزۈمدە مۇقىم دۇنيا قاراش، مۆھەببەت قارىشى تىكلىنىپ بولغاندىن كېيىن چىقتىم. شۇڭلاشقا، بۇ يەردىكى مۇھىت مېنىڭ مۆھەببەتكە بولغان

قارىشىمنى ئۆزگەرتەلمىدى.

سوئال: سىز بۇ يەردە ياشلىقىنىڭ جۇشقۇن تۇيغۇلىرى تۇرمۇش، ئوقۇش، خىزمەت بېسىملىرى تۈپەيلى بېسىلىپ قالغاندەك ھېس قىلامسىز؟ سىزنىڭچە، بۇنداق بولۇش خەتەرلىكمۇ؟

جاۋاب: مەن بۇ يەردە ئېغىر تۇرمۇش بېسىمى تۈپەيلىدىن ياشلىقىمنىڭ ئۆتۈپ كېتىۋاتقانلىقىنى، ياشلىق تۇيغۇلىرىمنىڭ كۈندىن - كۈنگە سۇسلاپ، ئىنتىلىدىغان نەرسىلىرىمنىڭ كۈنسېرى ئازلاپ كېتىۋاتقانلىقىنى ھېس قىلىۋاتىمەن. بۇرۇن ئۇنىئالغۇ قويۇپ، مۇزىكا ئاڭلاپ، ئۇسسۇل ئويناپ يۈرەتتىم، ھەپتىدە بىر قېتىم سۇ ئۈزگىلى باراتتىم، دوستلار بىلەن ئۇچرىشاتتىم. ئەمدى يالغۇزلۇقنى خالايدىغان، باشقىلار مۇزىكىنى ئۇنلۇك قويسا تېرىكىدىغان بولۇپ قالدىم. مېنىڭچە، بۇنداق كېتىۋەرسە خەتەرلىك، ئادەم ھامان بىر كۈنى كېسەل بولۇپ قېلىشى مۇمكىن.

سوئال: سىزنىڭ «ئائىلە» ھەققىدىكى قارىشىڭىزغا قىزىقماي تۇرالمىدىم.

جاۋاب: مېنىڭچە، ئائىلە تولىمۇ مۇقەددەس. ئۇ مېھىر - مۇھەببەتكە تولغان ئاتا - ئانا ۋە پەرزەنتلەر تۈپى. ئىللىق ئائىلە ساغلام بالىلارنى چوڭ قىلىدۇ. ئائىلىنى چوڭ بىلمەسلىك توغرا ئەمەس، ئائىلە دېگەن مەكتەپ.

سوئال: كۆڭۈلدىكىدەك ئائىلە ياكى ھەمراھ ھەققىدىكى قاراشلىرىڭىزنى سۆزلەپ بېرەمسىز؟ كۆڭۈلدىكىدەك «ئائىلە» لوندوندا نېمىدىن دېرەك بېرىدۇ؟

جاۋاب: مەنچە، قارشى تەرەپ چوقۇم مەن ياخشى كۆرىدىغان ھەم مېنىمۇ ياخشى كۆرىدىغان بولۇشى كېرەك. ئۆزئارا ھۆرمەتلىشىدىغان، بىر - بىرىمىزنىڭ ئۆزگىچە قاراشلىرىنى كۆڭۈل قويۇپ ئاڭلىشىدىغان، بىر - بىرىمىزنىڭ ئارتۇقچىلىقلىرىنى ئېتىراپ قىلىشىدىغان، مۇڭدىشىپ ئولتۇرساق گېپىمىز تۈگىمەيدىغان بولساق، كۆڭۈلدىكىدەك ھەمراھ ۋە ئائىلىگە ئېرىشكەن بولىمىز. لوندوندىكى يىگىتلەرگە

نىسبەتەن، «كۆڭۈلدىكىدەك ئائىلە» بىر قىز بىلەن تېزرەك توي قىلىش، ئاندىن ئۆي ئېلىش، باللىق بولۇش، كۈندە ئوخشىغان لەڭمەن يېيىشتىن ئىبارەت.

سوئال: سىز ھازىرغىچە ئۆزىڭىز ئۈچۈن ياشاشتىن ھالقىپ كېتەلىدىڭىزمۇ؟ ئانا خەلقىڭىزنى ئويلىغۇدەك ھالىڭىز بارمۇ؟

جاۋاب: مەن تېخى ئۆزۈم ئۈچۈن ياشاشتىن ھالقىپ كېتەلمىدىم. مېنىڭچە، پەقەت ئۆزى ئۈچۈنلا ياشاش تولىمۇ نومۇس ئىش. ئۆزىنىڭ خەلقى ئۈچۈنمۇ ئاز - تولا ئىش قىلىپ بېرىش لازىم. نۆۋەتتە، ئۆزۈمنى جۆندىۋېلىشىم كېرەك. ۋەتەنگە ئاز - تولا ياخشى ئىشلارنى قىلغۇم بار. ئادەم ئۆزى ئۈچۈن ياشاش بىلەن بىللە باشقىلارنىمۇ ئويلىشى كېرەك. مىسالەن، ۋەتەندە ئوقۇشنى سۆيىدىغان، لېكىن قولى قىسقا كېلىپ قالغان نۇرغۇن قېرىنداشلىرىمىز بار، ئاشۇلارغا ھېچبولمىغاندا يۈز فوندستېرلىڭ ئەۋەتىپ قويساق، دەپتەر - قەلەملىرىگە بولسىمۇ ئەسقاتقان بولىمىز. مەن نەۋرە ئىنىلىرىمگە ياردەم قىلىپ تۇرۇۋاتىمەن، ئىشنى ئاۋۋال شۇلاردىن باشلىدىم. كېيىنچە، ھەر يىلى بەش بالىنىڭ ئوقۇشىغا ياردەم قىلاي دەۋاتىمەن. كەلگۈسىدىكى ئارزۇلىرىم خېلى جىق. ئاللا خالىسا مەكتەپ ئاچقۇم بار، يەنە تېخى چوڭلار ساناتورىيەسى ئاچقۇم بار.

سوئال: ئەنگلىيە (لوندون)دا ئوقۇۋاتقان ۋەتەنداشلىرىڭىزغا نېمىلەرنى تەكىتلىگىڭىز بار؟

جاۋاب: بۇ يەردىكى ۋەتەنداشلىرىمغا دەيدىغىنىم: بىر - بىرىمىزگە مېھىر - شەپقەت يەتكۈزسەك، شەخسىيەتچىلىك قىلمىساق، غەيۋەت - شىكايەتنى تاشلاپ، بىر - بىرىمىزنى ئېتىراپ قىلساق، دۇنيادىن خەۋەرسىز ھالدا قارا قورساقلارچە ياشاۋاتقانلاردىن پەرقلىق ياشىساق دەيمەن.

سوئال: بىزگە دەپ بەرگۈدەك ۋاقىت باشقۇرۇش تەجرىبىڭىز بارمۇ؟

جاۋاب: كۈندىلىك ئىشلىرىمنى پىلانلىق ئورۇنلاشتۇرىمەن. قىلىدىغان ئىشلىرىمنى خاتىرىلىۋالىمەن. سەھەر تۇرۇپ شۇ

كۆنلۈك ئىشلىرىمنىڭ كۆنتەرتىپىگە بەلگە قويىمەن.

سوئال: ھازىرقى غايىڭىز نېمە؟ ۋاز كەچكەن غايىڭىز بولغانمۇ؟

جاۋاب: ھازىرقى غايەم تېززەك ئوقۇش پۈتكۈزۈپ مۇشۇ يەردە ئىشلەش ۋە كۆپرەك خىزمەت تەجرىبىسى توپلاش. تېززەك ئائىلە قۇرۇپ بالىلىق بولۇپ، ياخشى ئايال، ياخشى ئانا بولۇش. ۋاز كەچكەن غايەممۇ بولغان، ئۇ داڭلىق ئاياللار كېسەللىكى دوختۇرى بولۇش ئىدى. ئەمما، ئەنگلىيەدە بۇ جەھەتتە نەتىجە قازىنىشقا كۆزۈم يەتمىدى. بۇنىڭدا ئىچكى ۋە تاشقى سەۋەبلەر بار.

سوئال: كىشىلىك ھايات ۋە مۇھەببەت توغرىسىدا ياخشى كۆرىدىغان ئەقلىيە سۆزلىرىڭىز بارمۇ؟

جاۋاب: ئەڭ ياخشى كۆرىدىغان سۆزۈم: «ھەي، بۇ كۈنلەرمۇ ئۆتۈپ كېتەر...» دېگەندىن ئىبارەت. چۈنكى، مەن بۇ سۆزدىن تەسەللى تاپىمەن. ئاچچىق ۋە خاپىلىقتىن تاراملاپ ئاقاي دېگەن يېشىم ئاشۇ سۆز بىلەن توختاپ قالىدۇ. قانداقتۇر بىر ئۈمىد بىلەن ئالدىمغا قاراپ ماڭىمەن.

### قوشۇمچە II:

### لوندوندىكى ئۇيغۇر بالىلىرى

ئەنگلىيەگە بېرىپ تەخمىنەن ئىككى ئاي ئۆتكەندە، يەتتە ئاچا - سىڭىل (Seven sisters) مېترو بېكىتى ئەتراپىدىكى بىر ئۆيدە بۇ شېئىرنى يېزىپ چىقتىم. كېچە، ئۇيقۇم كەلمىدى، لوندوندىكى قېرىنداشلارنىڭ تۇرمۇش ۋە پىسخىكىلىق ھالىتى مەندە باش - ئاخىرى يوق خىياللارنى قوزغايتتى. بۇ خىياللارنى كاللامدىن نېرى قىلىشقا شۇنچە ئۇرۇنۇپ باقتىم. ئەكسىچە، بارغانسېرى ئەدەپ كەتكەن خىياللار ماڭا زادىلا ئارام بەرمىدى. چىراغنى ياقتىم - دە، قولۇمغا قەلەم ئېلىپ يېزىشقا تەۋەككۈل قىلدىم. بۇ قېتىم نېمىشقىدۇر مېنى قاپىيەلەر ئالدىغا سېلىپ، مەدداھلار ئەدەبىياتىدا ئۇچرايدىغان ئاممىباب تىل ۋە قۇرۇلما ئۆزلۈكىدىن مەيدانغا كېلىۋاتاتتى، شېئىر ئۆز ۋاقتىدا ماڭا قانداقتۇر بوشىنىش ئارامىنى

www.uyghurkitap.com



بېرىۋاتاتتى. شۇ تەقلىدتە يېزىشنى داۋاملاشتۇردۇم، ئىككى يېرىم سائەت ئەتراپىدا ھەرىكەت قىلىپ، قەلىمىم توختاپ قېلىشنى ئىستىدى. مەنمۇ ماقۇل بولدۇم. تاڭغا يېقىن پەيتلەردە بەندىلىك رىشتىمنى ئىلاھىي مۇقامىغا سۇنۇپ بولۇپ، قانغۇچە ئۇخلاپتىمەن.

شېئىر ــ مېنىڭ روھىي بالاغەت قاسراقلىرىم ــ خاتىرەمنىڭ بۇرجىكىدە تۇرۇۋەردى. لوندوندىكى دىشۋارلىرىدا ئەندىككەن ئۆز كىشىلىرىمىزنىڭ شېئىر بىلەن نېمە ئىشى! ھەتتا ئۆزۈممۇ شۇنداق مىسرالارنى پۈتكىنىمنى يادىمدىن چىقىرىۋەتكىلى تاس قالدىم. ۋەتەنگە قايتقاندىن كېيىن، پىشقان، ئۆز كەسپىگە ئىخلاسمەن مۇھەررىر قۇربان مامۇت ئاكا: ئوقۇرمەنلىرىمىزگە ئەنگلىيە تەسىراتلىرىدىن ئىلتىپاتلىرىڭىز يوقمۇ، دەپ سوراپ قالدى، شۇنىڭ بىلەن بىللە دوستلارمۇ بۇنداق تەلەپلەرنى پۈرتىپ تۇردى. ئۆزۈممۇ شۇ ئارزۇدا بولساممۇ، شۇ ۋاقىتنىڭ ئۆزىدە قەلەم زوقىغا ماس پۇرسەتنى تاپالماي، راھەتسىز ئۆتتۈم. مەن قۇربان مامۇت ئاكىنىڭ تەلىپىنى ئورۇنلاش ھەمدە مېنى دېرەكلەپ تۇرىدىغان قەدىرلىك ئوقۇرمەنلىرىمگە سالام بېرىش يۈزىسىدىن خاتىرەمدە ساقلىنىپ تۇرغان «لوندوندىكى ئۇيغۇر باللىرى» دېگەن شېئىرنى «شىنجاڭ مەدەنىيىتى» ژۇرنىلىنىڭ 2007 ـ يىللىق 6 ـ سانىدا كىچىككىنە ئىلاۋە بىلەن ئېلان قىلدىم. مەزكۇر شېئىر ئېلان قىلىنىشى بىلەنلا ئۇيغۇرچە ھەرقايسى تور بېتىدە كۆچۈرۈپ تارقىتىلدى، ۋەتەننىڭ ئىچى ـ تېشىدىكى تورداشلار ھەر خىل ئىنكاسلارنى بىلدۈرۈشتى. بەزىلەر: «ئابدۇقادىر ئەپەندى شېئىرىيەتنىڭ بەدىئىيلىكىدە قاتتىق چېكىنىپتۇ» دېسە، بەزىلەر: «ئابدۇقادىر ئەپەندى ئۆزىنىڭ شېئىرىيەت ھەيكىلىنى ئۆزى چېقىپتۇ» دېدى. خەۋەر تېپىشىمچە، لوندوندىكى ئۇيغۇرلار ئۆتكۈزگەن 2008 ـ يىللىق يېڭى يىل كېچىلىكىدە بىر قىز قېرىنداشىمىز مەزكۇر شېئىرنى كۆپچىلىك ئالدىدا دېكلاماتسىيە قىلغاندا، رازىمەنلىك ۋە نارازىلىق ئىنكاسلىرى قاپلاپتۇ. نارازى بولغانلار... بىزنىڭ لوندوندىكى تۇرمۇشىمىزنى خۇنۇك كۆرسىتىپتۇ، دېمەكچى ئىكەن. ھەتتا توردا ئۆزۈم ھەققىدىكى

ھاقارەتلىك سۆزلەرنىمۇ ئۇچراتتىم. شۇ ۋاقىتتا، لوندون ئۇنىۋېرسىتېتىدىكى ئېدمۇند ۋالتې (Edmund waite) ئەپەندى ماڭا يازغان ئېلخېتىدە: «پەرقلىق ئىنكاسلارغا ئېرىشىش ياخشى ئىش، بۇ سىزنىڭ كىشىلەرنى ئويلاشقا مەجبۇر قىلغىنىڭىزدىن دېرەك بېرىدۇ» دەپ يازغانىكەن.

ئۆزۈمگە ئايانكى، لوندوندىكى قېرىنداشلار مەن ئۈچۈن سۆيۈملۈك. لېكىن تۇرمۇش ئەمەلىيىتى بەرىبىر ئەنە شۇ. مەن ئۇلارنىڭ چىرايىدىكى ھەسرەتنى ئەڭلىك بىلەن يېپىشقا ئاجىزمەن. مەيلى قانداق بولمىسۇن، «لوندوندىكى ئۇيغۇر باللىرى» دېگەن بۇ شېئىر لوندون ھەققىدىكى خاتىرەمنىڭ ئۇدۇل يالدامىسى، ئۇنى ئۇنتۇپ كېتىشكە ھەرگىز قىيمايمەن. ئۆزۈمگە راۋا كۆرگەننى ئوقۇرمەنلىرىمگە نېمىشقا راۋا كۆرمەي! ئۇ شېئىر مۇنداق ئىدى:

قارا ھىجران، دەردكە قېلىپ ئانىلار،
پۇل تاپىمەن دەپ چىققىلىپ دادىلار،
كىرىپ چۈشكە ۋەتەندىكى دالالار،
سېغىنىشتىن چوڭايسىمۇ يارىلار،
ئوقۇيدىكەن لوندوندىكى باللار.

كېلىپ راسا ئوقۇي دېگەن نىيەتكە،
كېلەي دەپ ھەم كەلگۈسىدە كېرەككە،
ئىلىم - پەندە قاتنىشاي دەپ كۆرەككە،
ئارمانلىرى ئارام بەرمەي يۈرەككە،
ئوقۇيدىكەن لوندوندىكى باللار.

سۈرۈشتۈرسەم، سانى يۈزدىن ئاشارمىش،
ھەر تەرەپتە، ھەر شەھەردە ياشارمىش،
يالغۇزلۇقتا پىغانلىرى تاشارمىش،
قاتتىقلىقتا ھايات گويا ھاشارمىش،
ئوقۇيدىكەن لوندوندىكى باللار.

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تورى


لوندون دېگەن بەكمۇ يوغان شەھەركەن،
پۇرسەتكىمۇ شۇنچە تولغان شەھەركەن،
ھەر قەدىمى پۇلغا تۇرغان شەھەركەن،
پۇلى يوقنى يەرگە ئۇرغان شەھەركەن،
ئوقۇيدىكەن لوندوندىكى باللار.

خېنىملاردەك تارتتى مېنى جىلۋىسى،
تەمتىرەتتى پۇلپەزلىكتە ھىيلىسى،
تويلىنىپتۇ ئادەملەرنىڭ لولىسى،
دەردمەن ئىكەن كەلگۈندىنىڭ تولىسى،
ئوقۇيدىكەن لوندوندىكى باللار.

«زىيارەتچى ئالىم» دېگەن ئاتاقتا،
كېلىپ ياتتىم كاتەكچىلىك ياتاقتا،
پۇلۇم يەتمەي قالامدىم دەپ چاتاقتا،
غەم قايناپدۇ كاللا دېگەن قاپاقتا،
ئوقۇيدىكەن لوندوندىكى باللار.

بىلگەنلىرى مېنى ھۆرمەت قىلىشتى،
بوسۇغامغا زىيارەتكە كېلىشتى،
بەزىلىرى تۇز ھەم تائام بېرىشتى،
قولى يەتمەس ھىممەتكىمۇ تىرىشتى،
ئوقۇيدىكەن لوندوندىكى باللار.

بۇ شەھەردە كۈننى ئالماق تەس ئىكەن،
باللارنىڭ ھالى شۇڭا پەس ئىكەن،
گۈلدەك چىراي ئالتە كۈندە خەس ئىكەن،
ياشاش دېگەن بەك مۇرەككەپ دەرس ئىكەن،
ئوقۇيدىكەن لوندوندىكى باللار.

بۇ جاھاندا دەردى يوقلار نەدە بار،
گەپ سورىساڭ ھەممىسىنىڭ دەردى بار،
بەزىسىنىڭ بەزىسىدىن ئەرزى بار،
يۈرىكىدە شەلۋەرىگەن دەزى بار،
ئوقۇيدىكەن لوندوندىكى بالىلار.

يىگىتلەرمۇ قۇرامىغا يېتىپتۇ،
تەنھالىقنىڭ مۇڭلىرىغا پېتىپتۇ،
كېچىلىرى خىيال سۈرۈپ يېتىپتۇ،
ئۇيقۇلىرى نەلەرگىدۇر قېچىپتۇ،
ئوقۇيدىكەن لوندوندىكى بالىلار.

قاراپ باقسام، قىزلارمۇ بەك ياش ئىكەن،
قاش - كۆزلىرى چىرايلىقكەن، شاش ئىكەن،
قىلغانلىرى بىر - بىرىگە پاش ئىكەن،
شۇڭا بەزەن كۆزلىرىدە ياش ئىكەن،
ئوقۇيدىكەن لوندوندىكى بالىلار.

قىز - ئوغۇللار بىر - بىرىنى ياراتماي،
بىر - بىرىنى بوسۇغىغا يولاتماي،
ئوغۇل تۇرۇپ قىز بالىنى ئۇناتماي،
قىزلارمۇ ھەم تەمەننانى غۇلاتماي،
ئوقۇيدىكەن لوندوندىكى بالىلار.

پۇل تاپمىساڭ ئوقۇشلارغا نە چارە،
خەق ئالدىدا بوپقالىسەن بىچارە،
تاپشۇرمىساڭ ئۆز ۋاقتىدا ئىجارە،
تالادىسەن، سەرسانلىقتا ئاۋارە،
ئوقۇيدىكەن لوندوندىكى بالىلار.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېگانە ئادرېسى

ئىشلىگەندە قاپتۇ ئوقۇش بىر ياقتا،
غايىلەرمۇ دەسسىلىپتۇ ئاياقتا.
مەن ئۆزۈمنى تاپالايمەن نە ۋاقتا؟ ـ
كېلەچەككە ئاخىرى يوق سوراقتا ـ
ئوقۇيدىكەن لوندوندىكى باللار.

گۇرۇھ بولۇپ ھەر تەرەپكە چېچىلىپ،
بەزى تۇتۇق، بەزىلەردە ئېچىلىپ،
ئۆزىدىن بەك باشقىلارغا ئېچىنىپ،
ئىش چىققاندا قىزغىنىشتا ئېتىلىپ،
ئوقۇيدىكەن لوندوندىكى باللار.

ئوقۇمىسا كېلەچەككە چارە يوق،
ئوقۇي دېسە، ياندا ئاقچا ـ پارە يوق،
خوتۇن ئالاي دېسە قىز بار، يارى يوق،
قىزلارنىڭمۇ بۇ ئىش بىلەن كارى يوق،
ئوقۇيدىكەن لوندوندىكى باللار.

تورغا چىقىپ، ئېلخەتلەرنى يوللىشىپ،
يىراقتىكى بىرى بىلەن مۇڭدىشىپ،
تەسەللىدە بىر ـ بىرىنى قوللىشىپ،
روھلانسىمۇ ئاخىر يەنە سولىشىپ،
ئوقۇيدىكەن لوندوندىكى باللار.

مۇساپىرلىق ھەممىمىزنى تاسقايدۇ،
بىرەر كۈنمۇ ھايات كۈلۈپ باقمايدۇ.
يات شەھەردە جان قىينىلىپ قاقشايدۇ،
شۇنداق قىلىپ بىلى بوشنى تاۋلايدۇ،
ئوقۇيدىكەن لوندوندىكى باللار.

كۆپ ئىشقىمۇ ياراپ قاپتۇ بالىلار،
بىلىمنىمۇ ياخشى ئاپتۇ بالىلار،
پۇلمۇ يىغىپ، يۇرتقا ساپتۇ بالىلار،
جورىسى يوق، قاراپ قاپتۇ بالىلار،
ئوقۇۋېدىكەن لوندوندىكى بالىلار.

ئەجىر قىلساڭ كۆيۈپ بېرەر ئارماندا،
مۇرادىڭنى تاپالايسەن جاھاندا،
قالسىمۇ گەر چاپقۇنلاردا، بوراندا،
ئەپلەشمىسە يەنە يېڭى پىلاندا
ئوقۇۋېدىكەن لوندوندىكى بالىلار.

دەيمەن: ئانا ۋەتىنىڭنى ئۇنتۇما،
ۋەتەندىكى يىلتىزىڭنى قۇرۇتما،
ئۆز ئېلىڭگە ئاسىيلىقنى يولاتما،
يۈرىكىڭدە مۇھەببەتنى سوۋۇتما،
ئوقۇۋېدىكەن لوندوندىكى بالىلار.

2006 ـ يىلى دېكابىر، لوندون

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تورى



# سۇغا ئوخشايمەن: دەريادا قىيان، قاچىدا نىمجان

شۇندىن بىرى سۆيۈش كۆرگەن كۈنۈم يوق،
شۇندىن بىرى خۇرسەن ئۆتكەن تۈنۈم يوق.

ــ ئا. س. پۇشكىن: «قارا شال»

مەن زادى بۇرۇنقى «مەن»نىڭ ئۆزىمۇ ياكى ئۇ مېنىڭ داۋامىمۇ؟ ــ لوندوندا ئۆزۈمدىن مۇشۇ سوئالنى پات - پات سوراپ تۇراتتىم. ئۆزۈمنى بۇرۇنقى مەن ئەمەس دەي دېسەم، ۋەتەندىكى ھاياتىمنىڭ خاتىرىسى مەندە مەۋجۇت، تولا ۋاقىتتا گويا ئاشۇ خاتىرىلەرنىڭ قارىسىدا ياشايمەن. ئۆزۈمنى بۇرۇنقى مەن دەي دېسەم، ئەتراپىمدىكى شەيئىلەر تامامەن ئۆزگىچە، بىنالار، كوچىلار، ئادەملەر، سۆزلىنىۋاتقان تىل... بۇلارنىڭ ھەممىسى يوچۇن ئىدى. ياق، بەلكى بۇلارنىڭ ھەممىسى ئۆز - ئۆزۈم ھەققىدىكى تونۇشۇمنى يوچۇنلاشتۇرۇۋەتكەنىدى. زادى ئەتراپىمدىكى شەيئىلەر يوچۇنمۇ ياكى مەن يوچۇنمۇ؟ جۇڭگونىڭ قەدىمكى ئۆلىماسى جۇاڭزى كېپىنەككە ئايلىنىپ چۈش كۆرگەندە، زادى كېپىنەك ئۇنىڭغا ئايلاندىمۇ ياكى ئۇ كېپىنەككە ئايلاندىمۇ، ئاڭقىرالماي قالغانىكەن. سېلىشتۇرۇش نۇقتىسى بولمىسا، پەرقنى بىلگىلى بولمايدۇ. دېمەك، بارلىق پەرقلەندۈرۈش ھەرىكىتى نۇقتا تاللاشتىن ئىبارەت. بىراق، نۇقتىنى نېمىگە ئاساسەن تاللايمىز؟ خاتىرىمىز بەلگىلەر بىلەن توشۇپ كەتكەن بولىدۇ، ئەتراپىمىزدىكى شەيئىلەرنى خاتىرىمىزدىكى شەيئىلەرگە

ئاساسەن پەرقلەندۈرىمىز. قارىغاندا، تارىخ ھەققىدىكى خاتىرىسى يۈيۈلۈپ كەتكەن ئادەملەردە نۇقتا تاللاش ئىشقى بولمىسا كېرەك. نۇقتا تاللاش ئۆز مەۋجۇتلۇقىمىزنىڭ مەنىسىنى قايتا بايقاش ئۇرۇنۇشلىرى بولۇپ، ئۆزىمىز مەنىلەر دېڭىزىدا تەرەپ - نىشانلارنى بىلەلمەي لەيلەپ يۈرگەن لاماكان قولۋاقتا ئوخشاپ قالىمىز. چېخ يازغۇچىسى مىلان كۇندېرا «ھاياتتىكى چىدىغۇسىز يەڭگىللىك» دېگەن ئەسىرىدە «ئوخشاش بىر شەيئى ھەر قېتىم يېڭى مەنىنى نامايان قىلىدۇ» دېگەنىدەك، لوندوندىكى يېڭى مۇھىت مېنى كەشىپ قىلىپ تۇرسا كېرەك. ئۆزۈمنى ئەتراپىمدىكى نەرسىلەرگە نىسبەتەن باشقىچە بىر ئادەمدەك ھېس قىلىپمۇ قالاتتىم. ئەجدادلىرىم تۈزگەن سىستېمىنى يىتتۈرۈپ قويغىنىمغا خېلى ئۇزاق بولدى، ئۆزۈمگە يات سىستېمىلار ئىچىدە تېنەپ يۈرگىلى نەۋاق! بۇ غەلىتە سىستېمىلار ئىچىدىكى زادى مەن شۇمۇ؟ ئۆزۈم ھەققىدىكى بۈگۈنكى مەنىلەر تېگى - تەكتىدىن ھەقىقىي ئۆزۈمگە تەئەللۇق كەشپىياتمۇ؟

ماكان، زامان ئۆزگەرسە، ئادەمنىڭ ئۆز - ئۆزى توغرىسىدىكى دىياگنوزلىرى ئۆزگىرىدىكەن. چەكلىك زامان كۆزى بىلەن قارىسىڭىز، ھەممە نەرسە ھەرىكەتتە. بۇ ھەرىكەتتە مەن، سىز، ئۇمۇ بار. شۇڭا، كۆرمىشلىرىمىز يوچۇنلىشىپ تۇرىدۇ. ئەبەدىيلىك كۆزى بىلەن قارىسىڭىز، ھەرىكەتلىك دۇنيا جىمجىت تۇرغان بولۇپ چىقىدۇ. دېمەك، بىز ھېچنېمە بولمىدۇق. بىز زادى كىم؟ لەيلەپ يۈرگەن جان قۇشلىرى.

لوندوننىڭ سەھەرلىرىدە ھەر ئويغانسام، ئۆزۈمنىڭ قەيەردە ئىكەنلىكىمنى ئېنىق پەرق قىلالماي بىرھازا خاموش بولىمەن. كۆز ئالدىمدىكى دېرىزە مەن قاراپ كۆنگەن دېرىزىگە ھېچبىر ئوخشىمايتتى، پەردىمۇ باشقىچە ئىدى. ئۇيقۇنىڭ خاموشلۇقى، چۈشلىرىمنىڭ گىرىمسەن مەنزىرىسى ئاستا - ئاستا غايىب بولۇپ، سەزگۈم رېئال دۇنياغا قايتىپ كەلگەندىلا ئاندىن ئۆزۈمنىڭ قەيەردىلىكىمنى پەرق ئېتەتتىم. ئېرىنچەك تېنىمنىڭ مىدىرلاشقا

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تورى



رايى يوق، كاللام دېگەندەك سۈزۈك ئەمەس ئىدى. ئۈرۈمچىدىكى ئۆيۈم خىيالىمدا ئەگىيتتى، قىزىق سۈتتىن ئۆرلەۋاتقان ھورنىڭ كەينىدىن ئوغلۇمنىڭ دۇپىدۇگىلەك يۈزى ئايان بولاتتى. ئۇ قوۋۇزىدىكى نانىنى ئېرىنچەكلىك بىلەن چايناتتى، ئانىسى «چاينى ئوغۇل بالىدەك تېز ئىچمەمسەن» دەپ سورىقلايتتى. مۇشۇنداق خىيالىي مەنزىرىلەردە لوندوندىكى كارىۋىتىم بىلەن ئۈرۈمچىدىكى كارىۋىتىم ئالمىشىپ كېتەتتى، سەھەر سەھەر بىلەن، دېرىزە دېرىزە بىلەن، ناشتا ناشتا بىلەن توقۇلۇپ كېتەتتى. ھەر ئىككى سەھەردە ئارزۇلىرىمنى يەكلەيدىغان رېئاللىقنىڭ سۈرۈن تەلەتى كۆرۈنۈپ تۇراتتى. ئازراق ئۆتكەندىن كېيىن ئۆزۈمنىڭ ئامان ـ ئېسەن ھالدا يېڭى بىر كۈنگە ئۇلاشقىنىمدىن تەشەككۈرگە ھەمدۇسانا ئوقۇيمەن. ئۆمۈر سائىتىمىزنىڭ قايسى دەقىقىسىگە قەدەر بۇراپ توغرىلاپ قويۇلغانلىقىدىن خەۋەرسىزمىز، شۇنداق ئىكەن، ھەربىر كۈننى بىزگە سوۋغا قىلغان ساھىبى ئالەمگە شۈكرىلەر ئېيتىش بىلەن بىللە، شۇ بىر كۈننى مەنىلىك ئۆتكۈزۈشنىڭ كويىدا بولۇشقا توغرا كېلىدۇ. مەنمۇ ئۆز دەپتىرىمگە ئەتە ۋە ئۆگۈنلەر توغرىسىدىكى پىلانلىرىمنى پۈتۈپ قويىمەن. بۇ پىلان چوڭ دەپتەردىكى پىلان بىلەن ماس كەلگەندىلا، شۇ پىلاننىڭ ئىجراچىسىغا ئايلىنالايمەن. يا رەببىم، ماڭا يېڭى بىر سۈبھى چىراي ئاچتى، كۆزۈم بىلەن قەلبىمنى ھېكمەت ۋە نۇرغا ھامىي قىلغايسەن!

سۈبھىنىڭ پەرىشتىلىرىگە تىلەك ـ ئىلتىجالىرىمنى تاپشۇرۇپ بولۇپ ناشتىغا تۇتۇنىمەن. ھەسەل، بادام مېغىزى، يېشىل زەيتۇن، بولكا، قىزىل چاي... مانا بۇلار تەڭرىنىڭ مېھرىبانلىقىنى ماڭا ئەتىگەندىلا ھېس قىلدۇرغان نېمەتلىرى ئىدى. ماڭا ئاتا قىلىنغان ساغلاملىقنىڭ كارامىتى بىلەن ئۇلار شۇنچە لەززەتلىك بولۇپ، دەخلىسىز بۇ ئاددىي تۇرمۇش گۈزەل ۋە مەئىشەتلىك تۇيۇلىدۇ. بولكىلارنى يېقىن ئەتراپتىكى تېسكو

(Tesco) دېگەن چوڭ تاللا بازاردىن ئۇدۇللۇق ئەكېلىمەن. قىزىرىپ پىشقان بۇ بولكىلارنىڭ تەركىبىدە باشقا نەرسىلەر يوق ئىدى، ئۇنىڭ پۇرىقى سەھرالىرىمىزدىكى تونۇرلارنىڭ يېنىدىكى يېڭى قومۇرۇلغان نىپىز نانلارنىڭ پۇرىقىغا ئوخشاپ كېتەتتى. بۇ بولكىلار تۇخۇم شەكلىدە ياكى كالتىراق نوغۇچ شەكلىدە بولاتتى، مەن بۇلارنى ئالماشتۇرۇپ سېتىۋالاتتىم. ئۆزۈمچە ئۇلارغا ئات قويۇپ، «تۇخۇم نان» ياكى «نوغۇچ نان» دەپ ئاتىۋالاتتىم. بادام مېغىزىنى بولسا تۇرمۇش ئادىتىمدىن خەۋىرى بار قېرىنداش ئۇكىلار «ئابدۇقادىركامنىڭ تابلېتكىسى» دەپ قويۇشاتتى. مەن نەرسىلەرنى كۆپ ھالدا يېقىن ئەتراپتىكى تۈرك دۇكانلىرىدىن سېتىۋالاتتىم، كىچىكرەك پەتنۇس چوڭلۇقىدىكى بىر دانە ئەكمەك(نان) ماڭا ئىككى - ئۈچ كۈن ناشتىلىق بولاتتى. يېشىل زەيتۇن دەسلەپتە ماڭا قاڭسىق تېتىيتتى، كېيىنچە كۆنۈپ كېتىپ، ناشتىدا ئۇ بولمىسا بولمايدىغان بولۇپ قالدىم. زەيتۇن لوندوندىكى بارلىق قوۋم كىشىلىرىنىڭ ئىستېمالىدا دائىم بار ئىكەن. يوغان - يوغان يېشىل ۋە قارا زەيتونلارنى كىشىلەر ئىشتىياق بىلەن سېتىۋالىدىكەن. ئۇلارنىڭ باھاسى خېلى قىممەت ئىدى. مەن ئۇنىڭغا ئادەتلىنىپ، ياخشى كۆرۈپ قالغانسېرى خەلقىمنىڭ ناشتىلىق داستىخانلىرىدا بۇ نېمەتنىڭ بولۇشىنى خالاپ قالاتتىم. ئۇلار ساپ، ھالال نېمەتلەرنى يەپ، بۇلغانغان، ئەمما چىرايلىق ئورالغان نەرسىلەردىن يىراق تۇرغان بولسا نەقەدەر ياخشى بولاتتى! بىر خەلقتە ئۆزىنى قەدىرلەش تۇيغۇسىنىڭ بەربات بولۇشى ئۇنىڭ تۇرمۇش ئادەتلىرىدە مەركەزلىك ئەكس ئېتىدۇ. كۆرۈنۈشتىكى باياشاتلىق ۋە مولچىلىقنى ئىزدەپ، يېمەك - ئىچمەكتىكى پەرھىز ياكى تەرتىپنى ئېسىدىن چىقىرىپ قويۇشىدۇ. پانىي دۇنيانىڭ راھەتلىرىنى سۈرۈپ، ياشىۋېلىش ئەسەبىيلىكى باش كۆتۈرۈپ، چارۇپايىلاردەك يەپ - ئىچىشىدۇ. راھەت سۈرۈۋېلىش، نېرى - بېرىسىنى سۈرۈشتۈرمەي

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com



يەپ ـ ئىچىۋېلىش دەۋرىمىزدە ئاساسىي ئېقىمغا ئايلانغان تۇرمۇش ئىستېمالى بولۇپ قالىدى. بۇنى نامرات باياشاتلىق دېسەك مۇۋاپىق بولار. بۇنىڭدىن ئون ئەسىرلەر ئىلگىرى ئەبۇ ناسىر فارابى شۇ خىل تۇرمۇش ئادەتلىرىنى پاسىق شەھەر پۇقرالىرىنىڭ ئادەتلىرى دەپ سۈپەتلىگەنىدى. ئۇ «بۇنداق شەھەرنىڭ كىشىلىرى سالامەتلىك ئۈچۈن ھەرقانداق هارامدىن باش تارتمايدۇ» دېگەنىكەن. جەمئىيەتنىڭ ئوتتۇرا قاتلىمىغا شۇڭغۇپ كىرگەن ئاز ساندىكى بوگۈنكى شەھەر ئۇيغۇرلىرى ئۆزلىرىنىڭ تەسەۋۋۇردىكى بەختىنى ئەنە شۇنداق تەرزدە قۇرۇپ چىقمىشقان. ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ ئەنئەنىۋى قىممەت قارىشىدىكى نېگىزلىك تەرەپلەرنى بىر پۈتۈن ياكى يېرىم تەرك ئېتىش ھېسابىغا مائاشلىقلارغا ئايلىنىدۇ ـ دە، ئۆز تۈپىنىڭ قىممەت قارىشىنى زامانىۋى، يات تەركىبلەر بىلەن يۇقۇملاندۇرىدۇ. بىزدە قىلغان ـ ئەتكەنلىرى قورساق بېقىشتىن ئاشمايدىغان تالاي ئادەم بار. ئۇلاردا نېمە يېيىشنى تاللاش مۇمكىنچىلىكى يوق، ئۇلارنىڭ قەدىر ـ قىممەت توغرىسىدا ئويلانغۇدەك ئىمكانى يوق. ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ شۇ ھالىتىنى ئەزەلىي ۋە بەرھەق دەپ، ھەممىگە رازى بولۇشىدۇ. ئۇلار باتۇر ئەجدادلىرىدىن قالغان زېمىنلىرىغا ئۆزلىرىنى باغلاپ، بىخەستە ياشايدۇ. ئۇلار كەمبەغەل، لېكىن بەرىكەتلىك؛ ئۇلار تەرتىپسىز، لېكىن قۇدرەتلىك. ئۇلار قەھەتچىلىكتىن خالىي كەڭ زېمىن ۋە ئېتىقادىي ئەمنلىك ئىچىدە ياشاپ، بىر خىل قانائەتچانلىقنى يېتىلدۈرگەن. ئۇلار قانائەت ئىچىدە تۇرۇپ ھېچكىمدىن ئۈمىد كۈتمەيدۇ، ھەتتا ئۆزلىرىنىڭ ھەققىنىمۇ تەلەپ قىلمايدۇ. ئۇلار ئۆزلىرى تاپقان باللىرىنى ئون ـ تىنسىز ھالدا باشقىلارنىڭ تەربىيەسىگە تاپشۇرۇپ، ئۆزلىرى ئېتىز قىرلىرىدا يۈرىدىغان بولۇپ كېتىشتى. بۇ خۇددى پاختىلىرىنىڭ قايسى فابرىكىغا بېرىپ، نېمىلەرنىڭ توقۇلۇشى بىلەن كارى بولمىغاندەك بىر ئىش ئىدى. ئۇلارنىڭ

توخۇلىرىمۇ ئۆز تۇخۇملىرىنىڭ قايسى فېرمىدا تۈك چۈجىسىگە ئايلىنىۋاتقانلىقىنى، قايسى دۇكاندا پېچىنىگە ئايلىنىۋاتقانلىقىنى بىلمەيدۇ. ئۇلار پاختا سېتىپ تاپقان پۇلى بىلەن يىراق شەھەرلەرگە بېرىپ، بىلىم بىلەن ياتلىشىپ كەلگەن بالىلىرىنىڭ ھاياتلىق يولىنى ئاچىدۇ.

مانا بۇ مېنىڭ زەيتۇن يېگەندە سېغىنىپ تۇرۇپ ئويلىغانلىرىم. ئۆزىنى قەدىرلەش ئىستىكى پەقەت جاھاننىڭ كەڭ ئېتەكلىرىنى كۆرۈپ سېلىشتۇرۇشنى بىلەلىگەن خەلقتىلا بولىدىكەن ئەمەسمۇ، دەپ چۈشەندىم مەن.

مەكتەپكە بارىدىغان ئىش بولمىسا، ناشتىدىن كېيىن تۇرۇۋاتقان ئۆيۈمگە يېقىن بىرەر كۇتۇپخانىغا بېرىپ كىتاب كۆرەتتىم. ياتاق ناھايىتى كىچىك بولغاچقا، كىتاب كۆرۈشكە ئەپسىز ئىدى. ئەنگلىيەدە كۇتۇپخانا ناھايىتى ئومۇملاشقانىكەن، ھەربىر مەھەللىدە بىردىن كۇتۇپخانا بولىدىكەن. كۇتۇپخانا بىناسى ئۆزىگە خاس سۆلەت ۋە كۆركەملىك بىلەن ئەتراپتىكى باشقا بىنالاردىن ئالاھىدە پەرقلىنىپ تۇرىدىكەن. شۇ مەھەللىدە قانچە خىل مىللەت ئولتۇراقلاشقان بولسا، شۇ مىللەتلەرنىڭ تىل - يېزىقىدىكى كىتابلار كۇتۇپخانىدىن مۇناسىپ نىسبەتتە ئورۇن ئالىدىكەن. ئېستخام (East Ham) دا ھىندىستانلىقلار، پاكىستانلىقلار، ئەرەبلەر ۋە ئاز ساندىكى جۇڭگولۇقلار ئولتۇراقلاشقان بولۇپ، كۇتۇپخانىلىرىدا شۇ دۆلەتلەردىن كەلگەن كۆچمەن خەلقلەرنىڭ تىل - يېزىقىدىكى كىتابلارنىڭ بارلىقىنى كۆرگەنىدىم. بۇ ھال مېنى چوڭقۇر ئويغا سالغانىدى. ھەممىگە مەلۇم بولغاندەك، ئەنگلىيەدە ئىنگلىز تىلى ئاساسلىق تىل سۈپىتىدە ھۆكۈم سۈرىدۇ، ئىنگلىز تىلىدا چىقىدىغان كىتاب، گېزىت - ژۇرناللار شۇنچە كۆپ، ئۇنىڭ ئۈستىگە ئەڭ يېڭى ئۇچۇرلار ئىنگلىز تىلىدا. ئەمما، ئەنگلىيەدىكى كۆچمەنلەرنىڭ ھەممىسىنىڭ دېگۈدەك ئىنگلىزچە تاراتقۇلارنى كۆرەلىشى ناتايىن،

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



كۆرەلىگەن تەقدىردىمۇ ئانا تىلىدىكىدەك ئىنچىكە ۋە زوق ـ شوق بىلەن كۆرەلىشى ناتايىن. مۇبادا ئەنگلىيەدىكى يەرلىك ھۆكۈمەتلەر كۆچمەنلەرنىڭ تىل ـ يېزىقىدىكى كىتاب ۋە گېزىت ـ ژۇرناللارنى كۇتۇپخانىغا ئەكېلىپ بەرمىگەن تەقدىردىمۇ كۆچمەنلەر ئارتۇقچە تەلەپ قىلىپ كەتمەسلىكى مۇمكىن. دۇنيادا ھېچكىم ئۆزى خالاپ مۇساپىر بولمىسا كېرەك. بىر كىشىنىڭ مۇساپىرلىقنى ئىختىيار قىلىشى، ئۆز يۇرتىدىكى ئىختىيارسىزلىقنىڭ بېشارىتى. ئىنسانىنىڭ بېشىغا نېمە كۈنلەر كەلمەيدۇ! دېمەك، بىر مۇساپىر ئۆزگە يۇرتقا تىرىكچىلىكىنىڭ توپ يولىنى ئىزدەپ چىققان بولىدۇ. ئۇ تەۋە مەدەنىيەتنىڭ ئانا دەرياسى ئۇنىڭ ئۇچۇن يىراقتا قالغان بولىدۇ. ئاپىرىن، ئەنگلىيە جەمئىيىتى مۇساپىرلارنى قوپاللىق بىلەن تېگىش ئارقىلىق يەكلەپ تۇرۇپ قوبۇل قىلىشنىڭ ئورنىغا، ھەربىر قوۋم كىشىلىرىنىڭ ئۆز مەدەنىيىتىگە بولغان سېغىنىشى ھەم ئېھتىياجىغا يوچۇق ئېچىپ بېرىپ قوبۇل قىلغاندى. ئەنگلىيەدىكى ھەربىر كۆچمەن بۈيۈك بېرىتانىيەنىڭ جەمئىيەت ۋە مەدەنىيەت يوسۇنلىرىغا مادارا قىلىپ ياشاش بىلەن بىللە، ئەجدادلىرىدىن قالمىش، ئانا ماكانلىرىدا داۋام ئەتمىش مەدەنىيەتتىن لايىقىدا بەھرىمەن بولۇپ، تەسەللى تېپىش ئىمكانىيىتىگە تامامەن ئىگە ئىدى. بۇ يەردە ھەربىر ئەلنىڭ كۆچمەنلىرى ئۆز تۇركۇملىرى بويىچە چوڭ ـ كىچىك جامائەتنى تەشكىل قىلاتتى. نوپۇس سانى پەۋقۇلئاددە ئاز بولۇش بىلەن بىللە تارقاق ياشىغان مۇساپىرلارنىڭ ئەڭ كىچىك ئۇيۇشما ياكى دەرنەكلەرنى تۈزۈش لاياقىتى بولماي قالاتتى. جامائەتلىشىش لاياقىتىنى ھازىرلىغان كۆچمەنلەر توپى ئۆزلىرىنىڭ پائالىيەت ۋە مەدەنىيەت مەركەزلىرىنى، ئىبادەتخانىلىرىنى، مەكتەپلىرىنى، ساخاۋەت فوندلىرىنى قۇرۇپ، غايىۋانە تەرزدە ئانا ۋەتەن ئوربىتىسىنى ئايلىنىپ ئىستىقامەت قىلىشىدۇ. ئۇلار ئائىلىلىرىدە ۋە ھەپتە ئاخىرىدىكى ئوقۇل (مەكتەپ) لىرىدە

پەرزەنتلىرىنى ئانا تىللىرىدا تەربىيىلەيدۇ، ئۆز دىنىي ئەقىدىلىرىگە ئېرىشىدۇ. يەرلىك ھۆكۈمەت ئۆز قانۇن - نىزاملىرى بويىچە ھەرقايسى جامائەتنى زۆرۈر شارائىتلار بىلەن تەمىن ئېتىدۇ. ئىنسان ياخشى يەپ - ئىچىش بىلەنلا ياشىمايدۇ، ئۇ يەنە مەدەنىيەت ۋە مەنىۋىيەت بىلەن ياشايدۇ. جاھاندا ھېچقانداق مىللىي تەۋەلىكى يوق ئابستراكت مەدەنىيەت بولمايدۇ، مەدەنىيەت مىللىي بولىدۇ. مىللىي بولغاچقا پەرق ۋە رەڭدارلىق كېلىپ چىققان. دۇنيامۇ ئاشۇ پەرق ۋە رەڭدارلىق بىلەن كىشىنى جەلپ قىلىدۇ، شۇڭا ياراتقۇچىمۇ ئۆز ماھىيىتىدىكى بىر پۈتكۈل دۇنيانى رەڭگارەڭ قىلىپ ياراتقان. ھەرقانداق ئىنسانىي نەرسە ئۆزئارا پەرقلىق بولغان ھالەتتىمۇ ئىنسانىيەتكە ئورتاق نەرسىدۇر. مەدەنىيەتمۇ دەل شۇنداق. ئەنگلىيەدىكى ھىندى، ئەرەب، تۈرك دېگەندەك كۆپ جامائەتلەر توپى ئۆزلىرىنىڭ ئانا تۇپرىقىدىكى مەدەنىيەت ئەندىزىسى بويىچە ياشاپ، بېرىتانىيەدىكى ھوقۇق - مەنپەئەتلىرىدىن بەھرىمەن بولۇۋېرەتتى. ئۇلارنىڭ مەدەنىيىتىمۇ بېرىتانىيە جەمئىيىتىنىڭ سېھىرلىك تۈسىنى ئاشۇرۇش رولىنى ئوينىغانىدى. لوندوننى ئالساق، نۇرغۇن مىللەت كىشىلىرى ئۆزلىرىگە خاس تۇرمۇش ئىمكانىيىتىنى تاپالايدۇ. ئەقەللىيسى، مەھەللىلەردىكى كىچىك كۇتۇپخانىلاردىمۇ ئۇلار ئۆزلىرى ئارزۇ قىلغان ئانا تىل - يېزىقىدىكى كىتابلارنى تاپالايدۇ.

لېكىن، مەن بۇ كىچىك مەھەللىلەردىكى كۇتۇپخانىلاردىن ئانا تىلىمدىكى كىتابلارنى ھەرگىز تاپالمايتتىم، مەندە ئۇنداق ئۈمىدمۇ يوق. چۈنكى، مەن ئاۋۋال شۇنداق تېپىتىكى كۇتۇپخانىلارنى ئۆزۈم چوڭ بولغان كەنتتىن تاپالىشىم كېرەك.

ئەنگلىيەدىكى مەھەللىۋى كۇتۇپخانىلارنىڭ مۇھىتى پاكىز ۋە ئازادە ئىدى. ئۇ يەرگە كىرىش ئۈچۈن باشقا رەسمىيەت كەتمەيتتى، ئىنسان بولۇش لاياقىتىڭىز بىلەن كىرىپ، تەرتىپلەرگە بويسۇنغان ئاساستا ھەممە مەدەنىيەت بايلىقىدىن بەھرىمەن بولۇپ چىقىپ

www.uyghurkitap.com ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

كەتسىڭىز بولىدۇ. كىتاب ئارىيەت ئالماقچى بولسىڭىز ئۇنىڭ يولى باشقا، ئەلۋەتتە. كىتاب - ژۇرناللارنى كۆرىدىغانلار ئۇچۇن تەقلەپ قويۇلغان ئورۇندۇق - شىرەلەر كەڭرى ئىدى. مەن ئەنە شۇنداق مۇھىتتا ئولتۇرۇپ، جېمىس مىلۋارد (James A.Millward) نىڭ «ياۋرو - ئاسىيا دوقمۇشى - شىنجاڭ تارىخى» (Eurasian Crossroads - A History of XinJiang) دېگەن كىتابى، نەسان لايت (Nathan Light) نىڭ ئۇيغۇر كىلاسسىك ئەدەبىياتى ھەققىدىكى دوكتورلۇق دىسسېرتاتسىيەسى «تايغاق يول» («Slippery Path») نى ئوقۇپ چىقتىم. ئۇلارنىڭ ئاكادېمىك تىلى، مەسىلىلەرنى بىر تەرەپ قىلىشتىكى ئىلمىي مېتودى، كۆپ خىل تىل - يېزىقتىكى مەنبەلەرنى سەۋرچانلىق بىلەن تېپىپ كۆرۈشى مېنى قايىل قىلاتتى. بۇنداق تەتقىقات ئىستىلى مەن چوڭ بولغان تېررىتورىيەدە تېخى كېڭەيمىگەنىدى.

كۇتۇپخانىلاردا ئۇن - سىن بۇيۇملىرىمۇ بولاتتى. كىشىلەر ئۇلارنى ئارىيەتكە ئېلىپ، ئۆيلىرىدە زوق ئالسا كېرەك. دىققىتىمنى بەكرەك تارتقىنى كۇتۇپخانىدىكى بالىلارغا ئاجرىتىلغان بۆلەك بولدى. ئادەتتە كۇتۇپخانىلاردا بالىلارنى مەدەنىي مەشغۇلاتقا سالغىلى بولىدىغان يەرلەر بولاتتى. ئائىلە ئاياللىرى بالىلىرى بىلەن بىللە كىرىپ كىتاب ئوقۇشاتتى ياكى بالىلىرىنى ئويناتاتتى. ئۇ يەردە مۇقاۋىلىرى قىزىقارلىق لايىھەلەنگەن بالىلار كىتابلىرى، رەسىملىك كىتابلار كۆپ بولاتتى. ئاياللار بالىلىرىنى ئويناتقاچ كىتاب كۆرەتتى. ماڭا بۇ يەردىكى ئانىلارنىڭ دىققىتى كۆپ ھالدا بالا بېقىش ۋە بالا تەربىيەلەشكە قارىتىلغاندەك تۇيۇلدى. بەلكىم ئۇلار پەرزەنتلىرىنىڭ ئەقلىي كۈچ بايلىقىنى ئاشۇرۇشنى يول تېپىش بىلەن باراۋەر ئورۇنغا قويالىسا كېرەك. بالىلار ھارۋىدا ئولتۇرۇپ بىرىشكە بەكلا كۆنۈكتەك قىلاتتى، ئۇلار ئانىلىرىغا ماسلىشىپ بىرىۋاتقاندەك، ئۇنچە غەلۋە قىلىپ كەتمەيتتى. كۇتۇپخانىلاردا بالىلارنىڭ خەقىشلىك

قىلغىنىنى كۆرۈپ باقمىغاندەك قىلىمەن.

نەزىرىمدە، بۇ يەرنىڭ بالىلىرى بەكلا بەختلىكتەك قىلاتتى. ئۇلار ئىككى ياشقا كىرە ـ كىرمەيلا يەسلىگە مەھكۇم بولۇپ، «قوش تىل» ئالغۇنىغا تۇتۇلمايتتى. جانجان ئانىلىرى ھەر زامان ئۇلارنىڭ بېشىدا پەرۋانە ئىدى. يەسلىگە بارغاندىمۇ ئۇلارغا ئۆز ئانىلىرى ھەمراھ ئىدى. زامان ئۇلارنى بىمەھەللا ئۆگىنىش ماشىنىسىغا ئايلاندۇرۇپ قويمىغانىدى. ئۇلار ئاتا ـ ئانىلىرىدىن تەبىئىي ئېقىپ چىققان مېھىر ـ مۇھەببەت بۇلىقىغا قېنىپ، مېھىر ـ مۇھەببەتنى ھېس قىلىشنى ئۆگىنەتتى. ئويناشنى ئۆگىنىش بۇ يەردىكى ئائىلە مائارىپى ۋە يەسلى مائارىپىنىڭ مۇھىم مەزمۇنى. چۈنكى، ئويۇن بىھۇدە ھەرىكەت بولماستىن، بەلكى بىر خىل ماسلىشىش، كوللېكتىپلىشىشنى تەلەپ قىلىدىغان ئىجادكارلىق پائالىيىتى. بالىلار ئويۇن داۋامىدا ئۆزلىرىمۇ سەزمىگەن ھالدا تەبىئەت ۋە ھاياتنى تەجرىبە قىلىدۇ ۋە ئۆزى دەپ بېرەلمەيدىغان چوڭقۇر كەچۈرمىشلەرگە ئېرىشىدۇ. بالىلار تۇرمۇشنىڭ ئەركىن قۇشلىرى، ئۇلار پۈرسەتپەرەس مائارىپ سىياسەتچىلىرىنىڭ تەجرىبە ماتېرىيالىغا ئايلىنىپ قالماسلىقى كېرەك ئىدى.

كۆزىتىشىمچە، لوندوندا باغچىسىز ۋە كۇتۇپخانىسىز مەھەللە يوق ئىدى. بۇ يەردە مەكتەپسىز، كۇتۇپخانىسىز، مەدەنىيەت ۋە تەنتەربىيە مەركىزىدىن خالىي مەھەللىنى تەسەۋۋۇر قىلىش مۇمكىن ئەمەس ئىدى. بۇ يەرنىڭ باغچىلىرى ئېگىز ئۆسكەن كادادىڭ دەرەخلەرنىڭ بۈك ـ باراقسان قامەتلىرىدە خىيابان كۆرۈنىدۇ، ئادەملەر ئاز، ئورۇندۇقلار بوش. يامغۇر ياغمىسىلا بولۇشىغا خىيال سۈرگىلى بولىدۇ. ئاسفالتلانغان پىيادىلەر يولى دەرەخلەرنى بويلاپ سوزۇلۇپ، كۆز ئالدىڭىزدا تارىيىپ، قايسىدۇر بىر دەرەخنىڭ كەينىدە كۆزدىن غايىب بولىدۇ. يەرلىك كىشىلەر تېخى لوندوننى يېشىللىق ئاز شەھەر دېيىشىدىكەن. بۇ پەقەت

شۇلارنىڭ ئۆزگىلا يارىشىدىغان گەپ بولسا كېرەك.

تۇرالغۇمغا يېقىن كۇتۇپخانىلاردا بولغان كۈنلىرىمدە چۈشلۈك تاماقنى ياتىقىمدا يەيتتىم. توك قازاندا گۈرۈچ دەملەپ، بىر دانە تۇخۇمنى قورۇپ، قورساقنى بىردەمدىلا جۆندەيتتىم. بەزى كۈنلىرى تۇڭلاتقۇغا سېلىپ قويغان بىلىق قاقلىمىسىنى دۇخوپكىدا ئىسسىتىپ يەيتتىم. قىلتىرىقسىز بۇ بىلىق شۇنداق مەززىلىك ئىدى. ئۆزۈم يالغۇز مەززە قىلىپ، ئىچىمدىن يورۇقلۇق تاراۋاتقاندەك بىلىنگەندە، بالىلىرىمنى ئويلايتتىم، ئۇلارغا ئۆز قولۇم بىلەن ئاشۇ مەززىلىك بىلىق قاتلىمىسىدىن يەتكۈچە ئىسسىتىپ بەرگۈم كېلىپ كېتەتتى. باشقىلارنى زوقلاندۇرۇش كاتتا زوق ئاتا قىلىدىغۇ كىشىگە!

بىر مۇسۇلمان ئۇيغۇر ئۈچۈن لوندوندا ياشاش جۇڭگونىڭ ئىچكى ئۆلكىلىرىدىكى ھەرقانداق شەھەردە ياشاشقا قارىغاندا كۆپ ئاسان دەپ ئويلايمەن. لوندوننىڭ بەينەلمىنەل (خەلقئاراۋى) خاراكتېرى چەت ئەللەرگە چىقىش شەھەر ئېلىش بىلەن تەڭ تۇيۇلىدىغان تەكلىماكان بالىلىرى ئۈچۈنمۇ قولايلىق شارائىتلارنى ئاتا قىلالايدۇ. بۇ يەردە ئىرقىي ۋە دىنىي تۇرمۇشقا ئائىت ھەرقانداق تەلەپ دەخلىسىز ھالدا قانىدۇ. كۆڭلۈمدىكىنى ئېيتسام، مەن ئۇرۇمچىگە قايتىپ كېلىپمۇ لوندوننىڭ ھالال، ساپ، بىخەتەر يېمەك - ئىچمەكلىرىنىڭ ئارمانلىرىنى يېدىم. لوندوندا ئانچە كۆپ ۋاقىت سەرپ قىلمايمۇ سۇيەتلىك، لەززەتلىك بىر قېتىملىق غىزانىڭ ئېپىنى قىلغىلى بولىدۇ. كەچلەردە بەرەڭگە بىلەن كالا گۆشىنى قورۇپ، تۇركلەرنىڭ يۇمشاق ئەكمەكلىرى بىلەن يەيمەن. بەزىدە بەرەڭگە ۋە تاسما پۇرچاقلارنى پىشۇرۇپ يەيمەن. ھىندىستاننىڭ ئۇۋاق مۈچىنى ئەكىلىپ، سامساقلىق ياغمۇچ ئېتىۋالىمەن، ئاچچىقسۇنى جۇڭگولۇقلارنىڭ دۇكىنىدىن ئەكىلىمەن. بەرەڭگە بىلەن تاسما پۇرچاقنى ئاچچىقسۇ بىلەن مۈچقا مىلەپ يېسە باشقىچە ھۇزۇر بولىدۇ. ئەنگلىيەنىڭ

يەرلىك ئاچچىقسۇيى تازا ئېتىمايدىكەن، جۇڭگونىڭ ئىچىتقۇ مەدەنىيىتىگە ئوبدانلا كۆنۈپتۇق، ئالايتەن جۇڭگولۇقلارنىڭ ئاچچىقسۇيىنى ئىزدەيدىغان گەپ. يەنە كۆدە قىيمىسىدا تۈگۈلگەن تۇگرە يېگۇم كەلگەندە كۆدىنى چوك بازارلاردىن تاپالمىدىم، يەرلىكلەر كۆچلۈك پۇراقلىق نەرسىلەرنى يېيىشنى ياخشى كۆرمەيدىكەن. كۆدىنىمۇ جۇڭگولۇقلار دۇكىنىدىن تېپىپ كېلىپ، قېرىنداشلارنىڭ ئۆيىدە تۇگرە ئەتكۈزۈپ يېدىم. بەزى ئاخشاملىرى قىزىلچا پىشۇرۇپ يېدىم. ياتارغا ئاز قالغاندا ئازراق مارۇژنىلىق بۆلجۈرگەن قىيامى يەپ قويىمەن. يوگۇرۇپ كىرىپ بەدەن قىزىپ تۇرغاندا، ئۇ تازا خۇشياقاتتى. شۇ خىل تۇرمۇش ئۇسلۇبىدا كەيپىياتىم ھەمىشە شاش تۇردى. بۇ يەردە زورلىنىپ ئارتۇق تاماق يەيدىغان كەچلىك سورۇنلار يوق ـ تە! ھەپتە ئاخىرلىرىدا بىرنەچچىمىز يېقىن ئەتراپتىكى تۈرك دۇكانلىرىدىن قوي قوۋۇرغىسى ئەكېلىپ، دۇخوپكىدا كاۋاپ قىلاتتۇق. كاۋاپ پىشىپ تەييار بولغۇچە ئىتالىيە چۆپىنى راسا قايتىنىپ، سۆزگەندىن كېيىن مۇچلۇق ئاچچىقسۇنى سېپىپ، سەرەڭگە تېلىدەك توغرالغان تەرخەمەكنى سېلىپ، سىرىقئاش قىلىپ يېيىشەتتۇق. شۇنداق ئىسسىق باساتتى. بىر مۇساپىرغا ئالىيجاناب ئىشلار ۋە ئەركىن تاللاشنىڭ ھۇزۇرى نېسىپ بولمىغاندا، ئۇ ھېچبولمىغاندا يېمەك ـ ئىچمەكتىن كېلىدىغان جىسمانىي لەززەت ئارقىلىق ھەممىنى تولدۇرۇپ، ئۆزىنى ئاۋۇندۇرىدىغان بولۇپ قالىدۇ. «گادايىنىڭ بىر قېتىم تويغىنى بىر قېتىم باي بولغىنى» دېگەن گەپ مۇساپىرلارنىڭ كۆڭۈللۈك بىر قېتىملىق ئوقەتلىنىشكە تازا مۇۋاپىق كەلگۈدەك، دەپ ئويلىدىم.

لوندوندىكى تۇرمۇشۇمدا مۇتلەق كۆپ چاغ يالغۇزچىلىقتا ئۆتىدۇ، ئەلۋەتتە. شۇڭا، كاللامنى تۈگىمەس پىكىر غەلىيانلىرى بېسىۋالاتتى. كىتابتىكى پىكىرلەر تۇس ۋە مەزمۇنلىرىنى ئۆزگەرتىشىپ مېنى تالان ـ تاراج قىلاتتى. كىتاب مېنى ئاستا ـ

www.uyghurkitap.com

ئاستا يەپ كېتىۋاتقانىدەك ھېس قىلاتتىم. ئولتۇرغان پېتىم خىيالىنى بىر باشلىۋالسام ئۇنىڭ ھېچ ئايىغى چىقمىدىغاندەك ئەمەس. مۇھەببەت ۋە ئادەملىرىمىزدىن سۆيۈنمەسلىكتىن كېلىپ چىققان مەيۈسلۈك، ئارمان يوقلىرىنى ئارتىپ ماڭغاندىكى چەكسىز تەنھالىق، ئۆتمۈش ھاياتتىن يامرىغان ئۆكۈنۈشلۈك ئۇھ تارتىشلار، كافكانىڭ قەلئەسىدەك ئىزدەپ يېقىنلاشقانسېرى ئۆزىنى يىراققا تارتىپ تۇرىدىغان مەنزىرىلەر مېنى ئېزىپ بوزەك قىلاتتى. گويا ئۆزۈمنى ئۆز خىيالىنى كونترول قىلالماسلىق كېسىلىگە گىرىپتار بولغاندەك ئويلاپ، ئۆز - ئۆزۈمدىن ئەنسىرەپمۇ قالاتتىم. شۇنداق ۋاقىتلاردا شېئىر يازىمەن. باشقىلار تەرىپىدىن تاشلىنىپ كەتكەنلىكىمنى ھېس قىلغىنىمدا، ۋۇجۇدۇمنىڭ قەيرىدىدۇر يوشۇرۇنۇپ ياتقان شېئىرىي تۇيغۇلىرىم ئۆزىنى ئاشكارىلايدۇ، شۇ ۋاقىتتا قەلىمىمنى ئالسام، شېئىر چىقىدۇ. ئاشۇ چىدىغۇسىز تەنھالىقنى ماكان تۇتقانلار ئۆزلىرى ھەققىدە ساپ ئىنسانىيەتلىكى بىلەن پىچىرلاپ بىرىش پۇرسىتىگە ئېرىشىدۇ. بىراق، بىز ھازىرقى زامان ئادەملىرى باشقىلار تەرىپىدىن تاشلىنىپ كېتىشتىن قورقىمىز، تەنھالىقنى ئۆلۈمدىنمۇ قورقۇنچلۇق بىلىمىز. نېمە قىلغىنىمىزنى يادىمىزدىن چىقارغان ھالدا ئۆچرەتلەرگە ئەسەبىيلىك بىلەن ئۆزىمىزنى ئۇرىمىز، قانداق بولۇشىدىن قەتئىينەزەر توپقا ئەگىشىپ، توپ ئىچىدە تۇرساق ئۆزىمىزنى خەۋپسىز ھېس قىلىمىز. شۇڭا، بىر - بىرىمىزگە ناھايىتى ئوخشاپ كېتىمىزكى، گويا جەمئىيەتتىن ئىبارەت خۇمداننىڭ خىشلىرىمىز.

شۇ كۈنلەردە مۇنداق مىسرالارنى يازغانىكەنمەن:

بولۇپ راستىنلا ئەرزىمەس ئىنسان،
جانغا پاتقۇدەك ئۇنتۇلۇپ باقىمەن.

مۇجۇپ يۈرەكنى ئۆز قولۇڭ بىلەن،
ئاچچىق ئاھ ئۇرۇپ تولغىنىپ باققىن.

سۈرەتلەر زىنھار بەرمەس تەسەللى،
تاشلا ئۇلارنى ئېقىن سۇلارغا.
ياشاپ كۆر مۇزدەك سوغۇق ھىجراندا،
بولما ئىنتىزار ئېسى دىلدارغا.

لوندوندىكى تەنھالىق ماڭا مۇنداق بىر تەسەۋۋۇرنى بەخش ئەتتى: سەن ئۇيغۇر تىلىدا شېئىر يازدىڭ، لېكىن ئۇنى نەشر قىلدىغان ئورۇن، نەشر قىلسا ئوقۇيدىغان ئوقۇرمەن يوق دەيلى، تارىخ توساتتىنلا سېنى مۇشۇ ھالغا كەلتۈرگەن خەلق ۋە ئۇنىڭ مەدەنىيىتىنى سېنىڭ بەدىئىي ھاياتىڭدىن مۇستەسنا قىلىۋەتتى دەيلى، ئۇ ھالدا سەن نېمە، كىمگە، كىم ئۈچۈن سۆزلەيسەن؟ بۇ قورقۇنچلۇق سوئال ئىدى. شۇ يېگانە ھاياتىمدا ئۆزۈمنى بەئەينى خەلقتىن ئايرىلىپ كەتكەن يازغۇچىدەك ھېس قىلىپ، ئەنە شۇنداق غەلىتە تەسەۋۋۇرلارنى قىلىپ كۆرگەن بولسام كېرەك. ئادەم ھەممىدىن ئايرىلىپ ئۆزىنى غېرىب ھېس قىلغاندا، ئۆزىنى ھىمايىسىز ۋە خەلقسىز ھېس قىلغاندا، خۇدا ئۇنىڭ ئۈستىدە كۈلۈپ قاراپ تۇرغان ھالدا، ئەنە شۇ چاغدا ئۇ ئېيتىشقا تېگىشلىك گەپنىڭ خۇداغا تەئەللۇق ئىكەنلىكىنى چوڭقۇر تونۇپ يېتىدۇ. لوندوندىكى تۇرمۇشۇم قوۋمىدىن ياكى قوۋمىنىڭ مەدەنىيەت تومۇرىدىن ئايرىلىپ قالغان شائىرنىڭ بەختسىزلىكى ھەققىدىكى بىر قېتىملىق تەجرىبىگە ئوخشاپ قالاتتى.

نورمان مانېئا (Norman Manea) ئىسملىك رومىنىيەلىك بىر يازغۇچى بار. ئۇ 1986 - يىلى ئەينى ۋاقىتتىكى سىياسىي، ئىجتىمائىي مۇھىتتىن نارازى بولۇپ غەربىي بېرلىنغا چىقىپ

www.uyghurkitap.com



كەتكەنىكەن. كېيىن 1988 ـ يىلى ئامېرىكىدا ئولتۇراقلىشىپ، يېزىقچىلىق قىلغانىكەن. ئۇنىڭ «يېزىقچىلىق قىلغان ۋاقتىمدا ھەمىشە ئەتراپىمدىكى ۋە ئىچىمدىكى مۇشكۇلاتلار بىلەن تىركىشىمەن» دېگەن سۆزى ئەھۋالىمغا ماس كېلىپ قالغاندەك بىلىنىدۇ. يېزىقچىلىق قىلىش نان ۋە جانغا نىسبەتەن خەتەرلىك بىر تەۋەككۇلچىلىككە ئايلىنىپ قالغاندا، ئەدىب ئۈچۈن يېزىش ۋە يېزىشتىن ۋاز كېچىشنىڭ ھەر ئىككىسى ئازاب ئىدى. قەلبىدىكى ۋەھىمە بىلەن ئىبلىشىش مۇساپىرەتنى تاللىغان يازغۇچىلارنىڭ تولىسى مۇقەررەر دۇچ كېلىدىغان كەچمىش بولسا كېرەك. فىرانسىيە يازغۇچىسى سارتېرى مۇنداق دەپتىكەن: «ئەدەبىيات دۇنياسىغا قايسى تەرزدە ئاياغ باسمىغىن، قانداق پىكىرلەرنى تەرغىب قىلمىغىن، ئەدەبىيات سېنى كۆرەشكە چىللاپ ئەكىرىدۇ. يېزىقچىلىق ئەركىنلىك تەلەپ قىلىشنىڭ بىر خىل شەكلى، يېزىشنى باشلىدىڭمۇ، خالاش ـ خالىماسلىقىڭدىن قەتئىينەزەر شۇ كۆرەشكە ئارىلاشقان بولىسەن». سارتېرىنىڭ بۇ گېپى بويىچە ئېيتقاندا، ھەرقانداق ئىپادىلەش بىر قېتىملىق كۆرەش ئىدى.

شېئىرنى يېزىپ بولۇپلا ھەممىدىن خالاس بولىمەن ـ دە، يېنىكلەپ قالىمەن. مۇشۇنىڭدىن كېيىنكى ئۇيقۇم ئارامبەخش ئۇيقۇ بولىدۇ.

لوندوندىكى تەنھالىقىمدا ۋاقىت ناھايىتى بەرىكەتلىك ئىدى. بەزىدە كۈنبويى ھېچكىم بىلەن گەپلەشمەيدىغان كۈنلىرىممۇ بولۇپ قالىدۇ. بۇنداق كۈنلەردە ئەتەي بىرەرسىگە تېلېفون قىلىپ، تۈت ئېغىز گەپلىشىپ قويىمەن. نە كىتاب، نە تەپەككۇرغا رايىم بارمىغان ئاخشاملاردا ئىنگلىزچەمنى ئاشۇرۇش ئۈچۈن كومپيۇتېردا فىلىم كۆرىمەن. كۆرگەن فىلىملىرىمنىڭ ئىچىدە بىر ـ ئىككىسى مېنى ھازىرمۇ ئويلاشقا مەجبۇر قىلىدۇ. ئۇنىڭ بىرى «قۇملۇقتىكى شىر» (Lion of the Desert) بولۇپ، ئىككىنچى دۇنيا ئۇرۇشى مەزگىلىدە لىۋىيەگە بېسىپ كىرگەن ئىتالىيە

ئارمىيەسى بىلەن پارتىزانلىق ئۇرۇشى ئېلىپ بارغان لىۋىيە پارتىزانلىرى ۋە ئۇلارنىڭ يولباشچىسى ئۆمەر مۇختارنى ئاساسىي تىما قىلغانىدى. بېنىتو مۇسسولىنىنىڭ (Benito Mussoline) لىۋىيەنى ئەبەدىي تىنچىتىپ تارىختىكى رىم ئىمپېرىيەسىنىڭ شانۇشەۋكىتىنى تىرىلدۈرۈش خىيالى ئويلىمىغان يەردىن يوغان چاپانلىق لىۋىيە قەبىلىلىرى تەرىپىدىن بەربات بولغانىدى، ئۇ گېنېرال رودولفو گرازىيان (Rodolfo Grazian)نى ھۆكۈمران سۈپىتىدە لىۋىيەگە ئەۋەتىدۇ. ئاددىي بىر مۇدەررىسلىكتىن فاشىزمغا قارشى پارتىزانلىق ئۇرۇشىنىڭ رەھبىرىگە ئايلانغان ئۆمەر مۇختار بۇ ئۇرۇشنىڭ ئۇنىڭ ئۆمرىدە نۇسرەت قازىنالمايدىغانلىقىنى مۆلچەرلىسىمۇ، كۈرەشكە مۇرەسسەسىز كەسكىنلىك بىلەن ئاتلىنىدۇ. گېنېرال گرازىيان لىۋىيەنى تانكا، زەمبىرەك ۋە ئۇرۇش ئايروپىلانلىرى بىلەن مەھكەم قاماللاپ تۇرىدۇ. ئۇ يەرلىك ئاھالىلەرگە ئۆلتۈرۈش، قىرىش، ئوت قويۇش، زىرائەتلىرىنى چەيلەش قاتارلىق ۋەھشىيانە ئۇسۇللارنى قوللىنىدۇ. لىۋىيە پارتىزانلىرىنىڭ قورالى ئاددىي، ئۇرۇشتا ناھايىتى زور تالاپەتكە ئۇچرىغان بولسىمۇ، ئۆزلىرىنىڭ تىز پۈكمەس روھى بىلەن ئۇرۇشنى يىگىرمە يىل داۋاملاشتۇرىدۇ. گرازىيان كاززاپلىق قىلىش، ۋەدىسىدىن تېنىۋېلىش قاتارلىق ئۇرۇش قانۇنى ۋە ئىنسانىي ھەققە خىلاپ قىلمىشلار بىلەن تاقابىل تۇرىدۇ. گرازىيان لىۋىيە پارتىزانلىرىنىڭ ئۇرۇش قىلىش ماھارىتى ۋە قەيسەرلىكىگە قايىل بولماي تۇرالمايدۇ. ئاخىرىدا پارتىزانلار رەھبىرى ئۆمەر مۇختار ئۇرۇش مەيدانىدا قولغا چۈشۈپ قېلىپ، ئىتالىيە دائىرىلىرىنىڭ مۇرەسسە تەلەپلىرىنى رەت قىلىپ، ئۇلار تەرىپىدىن دارغا ئېسىپ ئۆلتۈرۈلىدۇ.

فىلىمدىكى ئۆمەر مۇختارنىڭ ئوبرازى ناھايىتى جانلىق بولۇپ، كىشىگە ئۇنتۇلماس تەسىرات بېرىدۇ. ئۇ ئاددىي، ئەمما پاكىز كۆرۈنەتتى، بۇ ھالىتى بىلەن ئۇ ئۆز خەلقىنىڭ ئارىسىغا

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ بىردىنبىر ئادرېسى



سىڭىپلا كېتەتتى. ئۇ مۇشكۇل ۋە خەتەرلىك پەيتلەردە تەمكىن ئىدىكى، گويا ھەممە قىسمەتنى قوبۇل قىلىپ بولغانىدى. ئۇ ئەتراپىدىكىلەرنى تەشكىللەشتە ئۆزىنىڭ ئىناۋىتىنى پەش قىلىپ يۈرمەستىن، پۇختا تۈزۈلگەن تەدبىرگە تايىناتتى. ئېتىقاد ئۇنىڭ ھاياتىدىكى ھەربىر ھەرىكەت، ھەربىر سۆز، ھەربىر قارارىدا مۇكەممەل ئەكس ئېتەتتى. فىلىمدىكى ئىككى كۆرۈنۈش يادىمدىن چىقمايدۇ: پارتىزانلار ئۇرۇشتىن قايتىدۇ، بىر كىچىك ئوغۇل بالا ئانىسى بىلەن بىللە ئۇرۇشتىن قايتقان قەھرىمان دادىسىنىڭ ئالدىغا قارشى ئالغىلى چىقىدۇ. باشقىلار ئامان - ئېسەن قايتىپ كەلگەن ئەزىزلىرى بىلەن قۇچاقلىشىپ كۆرۈشىدۇ، يىغلىشىدۇ، كۈلۈشىدۇ. كىچىك ئوغۇل بالا بوينىنى سوزۇپ شۇنچە قاراپ كەتكەن بولسىمۇ دادىسىنىڭ قارىسىنى كۆرەلمەيدۇ، ئۇنىڭ ساھىبجامال ئانىسى توپقا قارىغانسېرى تاقەتسىزلىنىدۇ. بىراق، ئۇلار شۇ قاراپ تۇرغان پېتى يېگانە ھالدا تۇرۇپ قالىدۇ، كىچىك بالا چېدىردا قولىنى يۇيۇۋاتقان ئۆمەر مۇختاردىن سورايدۇ:

— دادام قېنى؟

— داداڭنى ئاللا ياخشى كۆرىدىكەن، ئۆز دەرگاھىغا چاقىرىپ كەتتى.

ئانا ھەممىنى چۈشەندى. بالا چەكچەيگىنىچە تۇرۇپ قالدى. ئۆمەر بالىنىڭ قولىدىن يېتىلەپ سىرتقا چىقىدۇ ۋە بىر پەس ئوينىشىدۇ.

مەنمۇ دادامدىن كىچىك قالغاچقا، ئاق شاپاق دوپپا كىيگەن ئاشۇ كىچىك ئوغۇل بالىنىڭ تەقدىرى ۋە قىياپىتى زېھنىمدە تېرەن ئورۇن ئالدى. يەنە بىر كۆرۈنۈش: ئۆمەر باشلىق پارتىزانلار ئەترىتىنى تاجاۋۇزچى ئەسكەرلەر قوغلايدۇ. پارتىزانلار قۇملۇقتا بۆكتۈرمە قىلىپ، ئويلىمىغان يەردىن چىقىپ ئىتالىيە ئەسكەرلىرىگە قاتتىق زەربە بېرىدۇ، بىر ئۆسمۈر ئەسكەر ئەسىرگە چۈشىدۇ، پارتىزانلاردىن بىر - ئىككىسى بالا ئەسكەرنى

ئۇچۇقتۇرۇۋەتمەكچى بولىدۇ، ئۆمەر مۇختار:

— تۇتقۇننى ئۆلتۈرۈشكە بولمايدۇ، — دەيدۇ.

— بىراق ئۇلار ئادەملىرىمىزنى ئۆلتۈرگەن، — دەيدۇ كىملەردۇر غەزەپ بىلەن.

— ئۇلار بىزگە ئۇستاز ئەمەس، — دەيدۇ ئۆمەر. ئەسلىدە ئىسلام ئەھكاملىرىدا ئەسىرلەرنى ئۆلتۈرۈش چەكلەنگەندى. ئۇ:

— بىز ئادەم ئۆلتۈرۈش ئۈچۈن ئەمەس، ۋەتىنىمىز ئۈچۈن ئۇرۇشۇۋاتىمىز، — دەيدۇ ۋە يەرگە چۈشۈپ كەتكەن ئىتالىيە بايرىقىنى ئېلىپ بالا ئەسكەرگە تەڭلەپ:

— بۇ بايراق بۇ يەرگە تەۋە ئەمەس، ئېلىپ قايتىپ كەت، — دەيدۇ.

مەزكۇر فىلىم قەززافى (كازافى) ھۆكۈمىتىنىڭ مەبلىغى بىلەن مۇستافا ئاككاد (Moustapha Akkad) تەرىپىدىن 1981 - يىلى ئىشلەنگەن بولۇپ، فىلىمنى 1982 - يىلى ئىتالىيە دائىرىلىرى «ئىتالىيە ئارمىيەسىنىڭ شان - شەرىپىنى بۇلغىغان» دەپ مەنئى قىلىنغان. 2009 - يىلى ئىيۇندا قەززافى ئىتالىيەگە زىيارەتكە بارغاندا، ئىتالىيەنىڭ ئاسمان (Sky) تېلېۋىزىيەسىدە رەسمىي تارقىتىلغان.

ھازىرغىچە پات - پات ئېسىمگە كېلىپ تۇرۇۋالىدىغان يەنە بىر فىلىم «The terminal» («ئاداقلىما»). فىلىمدە ۋىكتور ناۋورىسكى (Victor Navorski) دېگەن ئادەم كېنىدى (JFk) خەلقئارا ئايرودۇرۇمىغا چۈشىدۇ. بىراق، ئۇنىڭ ئايرودۇرۇمدىن چىقىپ نيۇيورك شەھىرىگە كىرىشىگە رۇخسەت قىلىنمايدۇ. ئەسلىدە ئۇ ئامېرىكىغا قاراپ سەپەرگە چىققاندا، ئۇنىڭ دۆلىتى كراكوجىيا (Krakozhia - بۇ بىر ئويدۇرما ئىسىم)دا ئىچكى ئۇرۇش باشلىنىپ كېتىپ، ئامېرىكا ھۆكۈمىتى ئۇ دۆلەتنى ئىگىلىك ھوقۇقىغا ئىگە دۆلەت سۈپىتىدە تونۇمايدۇ. شۇنىڭ بىلەن ۋىكتور ناۋورىسكى يا ئامېرىكىغا كىرەلمەي، يا دۆلىتىگە

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تورى



قايتالماي، ئاداقلىمادا تۇرۇپ قالىدۇ. ناۋورسكى نۇرغۇن مۇشكۇلاتقا دۇچ كېلىدۇ. ئۇ بوشىغان يۈك - تاق ھارۋىلىرىنى رەتلەپ جايىغا تىزىپ، ئۇنىڭ ھەققىگە بولكا ئېلىپ يەيدۇ. ئۇ ئاداقلىمادا تۇرۇش جەريانىدا بەزىلەرنىڭ يامان غەرەزدىكى مۇئامىلىسىگە، بەزىلەرنىڭ دوستانە ياردىمىگە ئېرىشىدۇ. ۋىكتور ناۋورسكىنىڭ نىيۇيوركقا بېرىشتىكى مەقسىتى مەشھۇر يۇقىرى ئاۋازلىق ئەر ناخشىچى ۋە ساكسفونچى بېننىي گولسون (Benny Golson) دىن ئىمزا توپلاش ئىدى. ئۇنىڭ دادىسى جاز مۇزىكىسى مەستانىسى بولۇپ، 1958 - يىلى ۋېنگرىيەدىكى بىر گېزىتتە ئېلان قىلىنغان «خارلېمدىكى ئاجايىپ كۈن» (Great Day in Harlem) دېگەن سۈرەتتە ئۇنىڭمۇ بارلىقى بايقىلىدۇ. ناۋورسكى سۈرەتتىكى 57 نەپەر جاز مۇزىكىچىسىنىڭ ئىمزاسىنى ئالىمەن دەپ ئانت ئىچىدۇ. ئاخىر كراكوجيادىكى ئۇرۇش توگەپ، تىنچلىق ئەسلىگە كېلىدۇ، ناۋورسكى بىر ئاماللار بىلەن نىيۇيوركقا كىرىپ، ئۇزۇن تۇرمايلا ۋەتىنىگە قايتىدۇ.

فىلىم باكو ئايرودۇرومىدىكى ئون بەش سائەتلىك يىگانىلىكىمنى ئەسلىتىپ قويدى ۋە شۇنىڭ ئۇچۇنمىكىن دىققىتىمنى تارتتى. ئادەتتە ماڭا پويىز ئىستانسىسىنىڭ كۈتۈش زالى بىلەن ئايرودۇرومنىڭ ئاداقلىمىسى سوغۇق بىلىنىدۇ، باكودىكى ئون بەش سائەتلىك كۈتۈش بۇ سوغۇقلۇقنى تېخىمۇ ئەۋجىگە چىقاردى. ۋىكتور ناۋورسكىنىڭ كەچۈرمىشى يۇمۇرىستىك ۋاستىلەر بىلەن كۆرسىتىلگەچكە تۇرمۇشتىكى بەختسىزلىكلەر كومېدىيەلىك تەمگە كىرگەن، شۇڭا فىلىمنىڭ ھەسرەت تۈسى ئۇنچە قويۇق ئەمەس. ۋىكتور ناۋورسكى پائالىيەتچان، ئەمگەكچان، قولىدىن ئىش كېلىدىغان ئادەم، ئۇ سەۋرچانلىق بىلەن ئىشلەيدۇ ۋە بۇ ئارقىلىق باشقىلارنىڭ ھېسداشلىقىنى قوزغايدۇ.

ۋاھالەنكى، فىلىمدىكى ۋىكتور ناۋورسكىنىڭ پىروتوتىپى بولغان مېھران كەرىمى ناسسېرى — (Mehran Karimi Nasseri)

نىڭ تەقدىرى ناھايىتى ئېچىنىشلىق ئىدى. مېھران 1942 ـ يىلى ئىراندا تۇغۇلغان بولۇپ، ئوتتۇز ياشلاردا ئەنگلىيەدە ئوقۇغان. ئۇ 1977 ـ يىلى پادىشاھقا قارشى ھەرىكەتكە قاتناشقانلىقى ئۈچۈن ئىراندىن ھەيدىلىپ، بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتى ئالىي كومىسسىيەسىنىڭ پاناھلىققا ئېرىشىپ، بېلگىيەدە تۇرماقچى بولىدۇ. 1986 ـ يىلى ئەنگلىيەدە تۇرۇشنى نىيەت قىلىدۇ. 1988 ـ يىلى ئەنگلىيەگە بېرىش سەپىرىدە ئۇنىڭ سومكىسى پارىژدا بىرى تەرىپىدىن ئوغرىلىنىدۇ. سومكىدا ئەلۋەتتە ئۇنىڭ پاسپورتى بار ئىدى. گەرچە ئۇ لوندونغا بارىدىغان ئايروپىلانغا چىقىپ بولغان بولسىمۇ، پارىژغا قايتۇرۇلىدۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۇ تامامەن دۆلىتى يوق بىر ئادەم سۈپىتىدە پارىژدىكى دې گول ئايرودۇرۇمىنىڭ ئاداقلىمىسىدا ئۆزىنىڭ غەيرىي تەۋەلىك ھاياتىنى باشلايدۇ. ئۇ پەقەت ئاداقلىمىدىلا تۇرۇش ھوقۇقىغا ئىگە ئىدى. ئۇ 1988 ـ يىلدىن 2006 ـ يىلغىچە شۇ يەردە تۇرۇپ، داۋالىنىشقا توغرا كېلىپ، پارىژدا داۋاملىق پاناھلىنىپ تۇرغان. ئۇنىڭ بۇ كەچۈرمىشلىرى دۇنيا خەلقىگە ئاشكارا بولغاندىن كېيىن، ئۇ ھەققىتە كىتابلار يېزىلغان. «The Terminal» («ئاداقلىما») دېگەن فىلىممۇ دەل مېھراننىڭ سەرگۈزەشتىلىرىنى ماتېرىيال قىلغان.

ياشىغان زېمىنىدا سىياسىي ئىستىقبالى بولمىغان كىشىلەرنىڭ ۋەتىنى زادى قەيەر بولۇشى كېرەك؟ بۇ جاھاندىكى جىمى سىياسىي مۇساپىر مۇقەررەر دۇچ كېلىدىغان سوئال. جاۋابىمۇ رېئال ۋەزىيەتكە قاراپ ئوخشىمايدۇ، ئەلۋەتتە. مېھران باشقا بىر ئەلدىن پاناھلىق ئىزدەپ، 18 يىللىق ئۆمرىنى ئايرودۇرۇمدىكى كىچىككىنە بىر بوشلۇقتا ئۆتكۈزىدۇ. بەزىلەرنىڭ سىياسىينىڭ يۈزى يوق، كۆزىمۇ يوق دېگىنى ئاشۇنداق قىسمەتلەرگە تازا ئۇدۇل كەلسە كېرەك.

فىلىم مېنى پەلسەپىۋى ئويلارغا ئۈندىگەن بولسا، ئۇنىڭ

www.uyghurkitap.com



تۇرمۇشتىكى خۇرۇجى بولغان مېھراننىڭ سەرگۈزەشتلىرى مېنى زىلزىلىگە سالدى. مەيلى ۋىكتور ناۋورىسكى، مەيلى مېھران بولسۇن، ھالقىلىق پەيتلەردە ئۆزىنىڭ شەخسىي تاللاش ھوقۇقىدىن ئايرىلغانلار بولۇپ سانىلىدۇ، نېمە قىلىش ئۇلارنىڭ ئەركىدە ئەمەس. ئۇلار ئۆزلىرىمۇ تەسەۋۋۇر قىلالمىغان كاج تەقدىرنىڭ كىرىزىسىدە تىركىشىدۇ، كۆز ئالدى ھەرقانچە قاراڭغۇ بولغان ھالەتتىمۇ ئۈمىد بىلەن ياشايدۇ. بۇ ئەھۋالنى كىشىلىك تۇرمۇشقا يۆتكىسەك شۇنى ھېس قىلغىلى بولىدۇكى، بىزمۇ ئاخىرلىشىش ۋە باشلىنىش مومېنتىدىكى ئىلاجسىزلىققا يولۇقۇپ تۇرىمىز. خۇددى مېھراندەك ئالدىغا ياكى كەينىگە مېڭىشتىكى تەشەببۇسكارلىق ھوقۇقىمىزدىن ئايرىلىپ قالىمىز، بىزگە قالىدىغىنى پەقەت نەپەس ئېلىش. بۇنداق ۋاقىتتا، بارلىق ئالىيجاناب ئويلىرىڭمۇ ئۆز - ئۆزىڭىزگە بەند بولۇپ قالىدۇ. لېكىن، تارىخ سىزدىن ئانچە يىراق بولمىغان بىر يەردە ئۆزىنىڭ شەكلى ۋە مەزمۇنىنى تەدرىجىي ئۆزگەرتىپ تۇرغان بولىدۇ. سىز ھەممە نەرسە ئۆزگەرمەي شۇ پېتى تۇرغاندەك ھېس قىلىپ مەيۇسلىنىسىز، كۈتۈشلىرىڭىزنى پاسسىپ بېقىنىشتا داۋام ئېتىسىز. تارىخ خۇددى ئۆسۈملۈككە ئوخشاش جىم تۇرغان رەۋىشتە يېتىلىدۇ. بۇنى ئۆسۈملۈككە كۈندە قاراپ تۇرغان ئادەم روشەن سېزەلمەيدۇ. شۇنداق قىلىپ، سىز تارىخنىڭ قوينىغا قانداقلارچە كىرىپ قالغىنىڭىزنى بىلمەي قالىسىز.

ئايرودۇرۇمنىڭ كۈتۈش زالى كۈتۈش، گۇمان، بىخەتەرلىك، ئۆزىنىڭ كىملىكىنى بىلدۈرۈش قاتارلىق زىددىيەتلىك كەچۈرمىش بىلەن تولغان بولۇپ، كىشىلەر بۇ يەردە ئىمكانىقەدەر ئۇزاق تۇرۇپ قالماسلىقنى ئارزۇ قىلىدۇ. لېكىن، بۈگۈنكى دۇنيادىكى ھەرقانداق ئۇزۇن سەپەر ئاشۇنداق تەشۋىشنى يېقىلغۇ قىلىدۇ.

مەنمۇ قانداقتۇر بىر ئايرودۇرۇمنىڭ ئاداقلىمىسىدا تۇرۇۋاتامدىم - قانداق؟ كەلمىشىم قايان؟ بارمىشىم قايان!؟

ياتاق ۋە كۇتۇپخانا ئارىلىقىدىكى مېخانىك تۇرمۇشتىن زېرىككىنىمدە، كوچا ئاپتوبۇسلىرىغا چىقىپ ئايلىنىپ كېلىمەن. كارتىنى ئۈچ قېتىم سۇركىگەندىن كېيىن، تۆتىنچى قېتىمدىن باشلاپ كارتىدىن پۇل چىقىم بولمايتتى. خالىغىنىمچە كوچا كېزەتتىم. مەن ئۈچۈن ئېيتقاندا، ھەربىر كوچا، كوچا بويلىرىدىكى بىنالار، مەن ئۇچراتقان ھەر خىل ئىرقتىكى ئادەملەر، ئۇلارنىڭ قىلىق - ھەرىكەتلىرى تامامەن يېڭى بولۇپ، قانداقتۇر جانلىق يېزىق ئىدى. مەن بۇ يېزىقلارنى ئوقۇپ لوندون ھەققىدە، كىشىلەرنىڭ روھىي ھالىتى ھەققىدە ئۆزگىچە مەلۇماتلارغا ئىگە بولاتتىم. قانداق ئوقۇشنى بىلگەن ئادەملەرگە نىسبەتەن ھاياتمۇ ياراتقۇچىنىڭ ئىرادىسى بويىچە يېزىلغان مۆجىزىلىك كىتاب. بۇ كىتابنىڭ ئالدىدا كۇتۇپخانىدىكى كىتابلار ھامان چولتا ۋە بىر تەرەپلىمە بولۇپ چىقىدۇ.

مەن ئۈچۈن سىرتلارنى ئايلىنىشىمنىڭ يەنە بىر ئەۋزەل تەرىپى بار ئىدى، مەن ئۇ ئارقىلىق نەۋقىران بويتاق ئەرنىڭ ۋۇجۇدىدىكى ئەخلاقىي ئوقۇمدىن ھالقىپ كەتكەن تەشنالىق، خىيالىي ئىستەكلەردىن ۋاقىتلىق بولسىمۇ ئۆزۈمنى خالاس قىلالايتتىم. ھەتتا بەزى كۈنلىرى روزا تۇتۇپ، ۋۇجۇدۇمدىكى ئىسيانلارنىڭ ۋەزنىنى ئاجىزلىتىشقا تىرىشاتتىم. ئادەم ئۆز ۋۇجۇدىدىكى ئامىللارنى مۇۋازىنەتتە ساقلايمەن دېسە، قولىدىن كەلگەن ئەقلىي ۋاستىلەرنى ئىشقا سالماي بولمايدۇ. لېكىن، بىر ئادەمنىڭ ئەقلىي كۈچى زادى قانچىلىك؟ جۈپتى ھالالسىز مۇكەممەل ئەرنى تەسەۋۋۇر قىلىش مۇمكىنمۇ؟

لوندون كۆۋرۈكىنىڭ رېشاتكىسىغا يۆلىنىپ، تايمىس دەرياسىغا نەزەر سېلىش خېلىلا كۆڭۈللۈك ئىدى. سۇلار مۇلايىم رەۋىشتە لېيىپ ئاقاتتى، چوڭ - كىچىك ساياھەت كېمىلىرى يىراق - يېقىنلاردا ئۈزۈپ يۈرەتتى. يېيىلىپ تۇرغان دەريا قىنىنىڭ ئىككى قاسنىقىدا ئانچە ئېگىز بولمىغان ھەشەمەتلىك

www.uyghurkitap.com



بىنالار دېرىزىلىرىنى دەريا تەرەپكە قارىتىپ پارقىرايتتى. دەريا دىققەتكە سازاۋەر نامايىشچىلار سېپىدەك لەپىشۈپ، بىنالار قۇچىقىدا يىراقتا سوزۇلغان بولۇپ، شەھەرنىڭ سۆلىتىنى مۇشۇ يەردە كۆرگىلى بولىدىغاندەك ئىدى. ئاسماندىكى قوغۇشۇن رەڭلىك بۇلۇتلار دەريانىڭ ھۆسنىگە باشقىچە بىر تۈس بېرەتتىكى، ئۇ خالىسىلا دەرياغا قوشۇلۇپ كېتەلەيتتى. دەريانىڭ مۇزدەك شاملى يۈزۈمگە ئۇرۇلغانسېرى روھىم كۆتۈرۈلۈپ قالاتتى. مەن ئۆرنۈمدىن مىدىرلىماي تۇرغىنىمچە، شاماللارنىڭ ئۇرۇلۇشىنى مەززە قىلاتتىم. بۇ جاھاندا ئىرق، مىللەت، تۇزۇم ئايرىماي ھەممە ئادەمگە ئوخشاش مۇئامىلە قىلىدىغان پەقەت شاماللا بولسا كېرەك، دەيتتىم ئىچىمدە. كۆز ئالدىمدىكى دەريا خۇددى مەندىن چىقىپ ئېقىۋاتقان قۇۋۋەتتەك دېڭىز تامان ئاقاتتى.

تايمىس دەرياسىنىڭ قاسناقلىرىدا ھەر خىل سىمۋوللۇق ھەيكەللەر ۋە كۆرۈنۈشلەر بىلەن زىننەتلەنگەن پىيادىلەر كوچىسى بار. كوچا بويلاپ قاۋاقخانا، رېستوران، قەھۋەخانا ۋە پىۋىخانىلار جايلاشقان. كۆچلۈك قەھۋە ھىدى بۇرنۇمنى غىدىقلاپ ئىشتىھايىمنى قوزغىغاندا، قەھۋەخانىغا كىرىپ ئىسسىق قەھۋەدىن سۈمۈرىمەن. چۈنكى، ئۇ بىر مۇساپىرنىڭ ئۆز ئالدىغا قىلالايدىغان ئىشلىرىغا كىرىدۇ.

تايمىس دەرياسىنىڭ لەمۆلدەپ تۇرغان يۈزىدە چىراغ شولىلىرى جىلۋىلەنگەندە، ئىجارە ئالغان ئۆيۈمگە قايتىشىم كېرەكلىكىنى ئېسىمگە ئالىمەن. لېكىن، ئۇ يەردە مېنى قارشى ئالىدىغان ھېچكىم يوق.

مەن ئۇ ئۆيگە ئەمەس، باشقا بىر ئۆيگە قايتىپ باقسام دەيمەن. بىر ئادەمنىڭ ئۇ يەر - بۇ يەرلەرگە بېرىپ بېقىشى مۇمكىن ئىكەن، ئۇ ئۆز سەيلىسىنىڭ ئۇزۇلمەسلىكىنى ئۈمىد قىلىشىمۇ مۇمكىن ئىكەن، بۇلارنىڭ كۆڭۈللۈك بولۇشى ئۈچۈن شۇ ئادەمنىڭ قايتىمىسا زادى بولمايدىغان مۇستەقىل ئۆيى بولۇشى كېرەك

ئىكەن. ئۆي توغرىسىدا گەپ بولغاندا، لوندوندىكى كەچۈرمىشلىرىم ئېسىمگە كېلىدۇ. خاتالاشمىسام، ئەنگلىيەدە بەش قېتىم ئۆي كۆچكەن بولسام كېرەك. بۇ جەرياندا تامامەن بەش خىل خۇيى بار بەش غوجايىنىنى كۆردۈم. شۇلارنىڭ ئىچىدە كۇلەبى ئۆزگىچە بىر ئادەم. ئۇنى مەن ئىجارىكەشلىك قىلىدىغان بىر ۋەتەندىشىمىزنىڭ دۇكىنىدا تۇنجى قېتىم كۆرگەنىدىم. هازىر كۆز ئالدىمغا كەلگىنى ئۇنىڭ ئۆسكىلەڭ قارا بۇدۇر چېچى بولدى. پاكار، دىقماق بۇ ئادەمنىڭ چىرايىنى قورۇق قاپلاپ كەتكەن بولۇپ، ساقىلىنى ئالمىغانلىقى خېلى كۈنلەر بولغاندەك قىلاتتى. ئۇچىسىدىكى كاستۇم تولا كىيگەنلىكتىن شۇنداقمۇ، پىتىدىن چۈشۈپ، پەشلىرى ئۇدۇل كەلمەي قالغانىدى. لېكىن، ئۇنىڭ كۆز نۇرى ئۆتكۈر ئىدى. كۆرۈشكەندە ئادەمگە مەغرۇر قول سۇناتتى. كۆرۈشكەن ۋاقتىمىزدا ئۇنىڭ يەنە بىر قولىغا دىققەت قىلىپ قالدىم، چاپىنىنىڭ سول يېڭىنىڭ سىرتىدا ئالىقان ياكى بارماق يوق ئىدى.

ئۇ ئۇزۇن ئۆتمەيلا بىز بىلەن خوشلىشىپ چىقىپ كەتتى. ۋەتەندىشىمىز ئاشۇنداق غەلىتە ئادەملەر بىلەن تونۇشۇپ قېلىشقا ئۇستا بولسا كېرەك. بېشى قايغان مۇساپىرلار ئاندا - ساندا بۇ دۇكاندا پەيدا بولۇپ قالاتتى. ۋەتەندىشىمىزنىڭ بايانىدىن مەلۇم بولدىكى، كۇلەبى ئەسلىدە سىپرۇس پۇقراسى بولۇپ، ئەنگلىيەگە كېلىپ سىياسىي پاناھلىق تىلەپ تۇرغىلى بىرنەچچە يىل بوپتۇ، تىلىكىنىڭ رەسمىي قوبۇل قىلىنىشىنى كۈتۈپ تۇرۇۋېتىپتۇ.

تەقدىر قىزىق. بىرەر ئايدىن كېيىن مەن كۇلەبىنىڭ مېھمىنى بولۇپ قالدىم. قېرىندىشىم خالمۇرات بىلەن Seven sisters دېگەن يەردە بىر ئۆيدە تۇرۇۋاتقانىدۇق. قوشنىلىرىمىز ئۇششاق سۆز چىقىپ قالدى، ئۇنىڭ ئۈستىگە ئۇ ئۆينىڭ مۇنچىسى قولايلىق ئەمەس، يۇيۇنىدىغان ئادەممۇ كۆپ ئىدى. بۇنىڭدىن ئانچە رازى بولماي تۇرۇۋاتقان ۋاقتىمىزدا، خالمۇرات هېلىقى ۋەتەندىشىمىزنىڭ دۇكىنىدا كۇلەبى بىلەن ئۇچرىشىپ قاپتۇ. ئۇ، كۇلەبىدىن ئۇنىڭ

www.uyghurkitap.com ئۇيغۇر كىتاب تورى



ئىلتىجاسىنىڭ ھۆكۈمەت تەرىپىدىن قوبۇل قىلىنىپ، خاس ئۆي بېرىلگەنلىكىنى، بېرىپ بىللە ئولتۇرسا قىزغىن قارشى ئالىدىغانلىقىنى ئاڭلاپتۇ.

خالمۇرات مېنى كولەبىنىڭ ئۆيىگە كۆچۈپ كېتىشكە ھەر ئاماللار بىلەن قىزىقتۇراتتى. بىركۈنى خالمۇرات ئىككىمىز كولەبىنىڭ ئۆيىنى كۆرگىلى باردۇق. تار پەشتاق ئۇدۇل ئىككىنچى قەۋەتكە ئېلىپ چىقاتتى. پەشتاق ۋە پولغا ئاچ رەڭ سۇنئىي توقۇلما يېپىستىلغان بولۇپ، ئۆي يېڭى بېرىلگەچكە پاكىز ئىدى. خالمۇرات ئىككىمىز ئۈچىنچى قەۋەتتىكى چوڭراق ئۆيدە تۇرۇشنى ئىختىيار قىلدۇق، كولەبى ئۆزى ئىككىنچى قەۋەتتىكى ئاشخانىغا تۇتاش ئۆيدە تۇرىدىكەن. ئاشخانىدىكى گاز ئوچاق تېخى ئىشلىتىپ باقمىغاندەك قىلاتتى، توڭلاتقۇ قۇپقۇرۇق ئىدى. بىز ئۆينىڭ ئىجارە ھەققىنى دېيىشمەكچى بولۇۋىدۇق، كولەبى:

— مۇرات، ئۆي سېنىڭ، كېلىپ ئولتۇرۇۋەرگىن، — دېدى.

ئۈچ كۈن ئىچىدە بىز كولەبىنىڭ ئۆيىگە كۆچۈپ كەلدۇق. كولەبى خېلى گەپدان ئىدى. ئۇ مېنىڭ يازارمەن ئىكەنلىكىمنى ئۇققاندىن كېيىن نازىم ھېكمەت ھەققىدە گەپ قىلدى، ھەتتا بەزى شېئىرلىرىنى يادلاپ بەردى. ئۇ گەپ ئارىلىقىدا قولىدىكى تاماكىنى تىنماي شورايتتى، جاۋغىيىنىڭ ئەتراپىدىكى بۇرۇت - ساقاللار سارغىيىپ كەتكەنىدى. بىز ئۇنىڭ ئۆيىگە كۆچۈپ بارغان كۈنى قاچا - قۇچىلىرىمىز بىلەن قۇرۇق ئۆينى خېلى سەرەمجانلاشتۇرۇپ قويىدۇق، ماگىزىنلاردىن يېمەك - ئىچمەكلەرنى ئەكىرىپ، توڭلاتقۇنى تولدۇردۇق. خالمۇراتنىڭ قولى ئەپلىك ئىدى، بىردەمدىلا گۆرۈچ دۇملەپ گۆشلۈك قورۇمىلار بىلەن بىللە يېدۇق، كولەبىمۇ داستىخىنىمىزنىڭ ھۆرمەتكە سازاۋەر مېھمىنى بولدى. بىز شۇ ئاخشىمى ئۆينىڭ ئىجارىسى ھەققىدە كېلىشتۇق، كولەبى بوش ئەمەس ئىكەن، باھانى چىڭقاپ تۇرۇپ قوياتتى. بىز ئاخىر ئۆيگە ھەپتىسىگە 75 فوندستېرلىڭ بېرىدىغان بولدۇق ۋە

ئىككى ھەپتىلىك ئىجارىنىڭ ھەققىنى ئالدىن بەرگەندىن سىرت، يەنە 150 فوندىستېرلىڭنى رەنىگە قويدۇق. كۆلەبى 300فوندستېرلىڭنى ساناپ، رازىمەنلىك بىلەن يانچۇقىغا سالدى.

داستىخان يىغىلىپ، كېچىلىك ئارامنىڭ تەييارلىقىغا كىرىشتۇق. مەن خالمۇراتقا چاقچاق قىلىپ:

— «مۇرات، ئۆي سېنىڭ»، — دەپ قويدۇم.

خالمۇرات دەرھال چۈشىنىپ كۈلۈۋەتتى.

كۆلەبى چۈشكىچە ئۇخلايدىكەن، چۈشتە ئورنىدىن تۇرۇپ بىر چىقىپ كەتسە، يېرىم كېچىدە قايتىپ كېلەتتى. ناشتىلىق تەييارلاش ئۈچۈن ئاشخانىغا چىققاندا، ئۇ ياتقان ئۆيدىن ئۆتۈشكە توغرا كېلەتتى. كۆلەبى گويا ھېچنېمىنى سەزمىگەندەك ياتاتتى، كارىۋىتىنىڭ يېنىغا قويۇلغان ئۈستەلدىكى كۆلدان كۈل ۋە تاماكا قالدۇقلىرى بىلەن توشۇپ كەتكەن بولاتتى، ئۆي ئىچى ئىس پۇرايتتى. چاينى ئېھتىيات بىلەن دەملەپ، پۈتىمىزنىڭ ئۇچىدا دەسسىگەنچە ئۆيىمىزگە ئېلىپ چىقىپ كېتىپ ناشتا قىلاتتۇق.

كۆلەبىنىڭ ئۆيى سوغۇق ئىدى، ئۇ گاز تېجەيمەن دەپ، كۈندۈزلىرى گازنى ئېتىپ قوياتتى. لوندوننىڭ قىشتىكى سوغۇقى دەماللىققا بىلىنمىگىنى بىلەن ئاستا ـ ئاستا سۆڭەككە ئۆتۈپ كېتەتتى. دېگەندەك ھىم بولمىغان كونا دېرىزىدىن شامال كىرگەندەك تۇيۇلاتتى. سىرتقا چىقماي ئۆيدە كىتاب ئوقۇغان كۈنلىرىم زىيادە توڭلاپ كېتەتتىم ۋە ئاخىر ھېچ يەردە بولمىغان زۇكام كۆلەبىنىڭ ئۆيىدە مېنى تاپتى. نە تېلېۋىزور، نە ئىنتېرنېت بولمىغان بۇ ئۆي پەقەت جان ساقلاشقا ئەسقاتاتتى. ئەنگلىيەدە باشقا ئەللەردىن كېلىپ، پاناھلىق تىلىگۈچىلەرنىڭ ئىلتىجاسى قوبۇل قىلىنىپ قالسا، دەرھال ئۆي بېرىلىدىكەن ۋە ھەر ھەپتىسى يەتكۈدەك تۇرمۇش راسخوتى بېرىلىدىكەن. لېكىن، بۇ راسخوت تېجەشچان ئادەملەرنىڭ تۇرمۇشىغا نورمال يەتسىمۇ، كۆلەبىنىڭ تۇرمۇشىغا يەتمەيتتى، چۈنكى ئۇنى چەكمىدى دېگەندە

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com


كۈنگە بىر قاپ تاماكا چېكىدۇ دېسە مۇبالىغە بولمايتتى. ئەنگلىيەدە تاماكا بەك قىممەت بولۇپ، بەش فوندستېرلىڭدىن ئاز پۇلغا تاماكا كەلمەيتتى. بەزى كۈنلىرى كولەبىنىڭ ئۆيىدە قالايمىقان چېچىلىپ ياتقان پىۋا قۇتىلىرىنى كۆرگىلى بولاتتى. بىز كولەبىنىڭ ئۆز قولى بىلەن بىرەر نەرسە ئېتىپ يېگىنىنى كۆرۈپ باقمىدۇق، پەقەت ئۇنىڭ ئۇخلىغىنىنى كۆرەتتۇق. بىر قىزنىڭ رامكىلانغان سۈرىتى كولەبىنىڭ باش تەرىپىدە ھەمىشە تۇراتتى. ئۇقساق، ئۇ كولەبىنىڭ قىزىنىڭ سۈرىتى ئىكەن. ھەر ھالدا ئۇ كىشىلىك دۇنياسى تەرىپىدىن ئۇنتۇلۇپ كەتكەن ئىنسان ئەمەستەك قىلاتتى. كولەبى كىملەردىن سۆيۈندۇ، نېمىگە ئۈمىد باغلاپ ياشايدۇ، بۇلارنى بىلگىلى بولمايتتى. ئۇ چېكەتتى، ئىچەتتى ۋە ئۇخلايتتى، ئۇنىڭغا كىملەرنىڭ ئۆلپەت ئىكەنلىكى نامەلۇم ئىدى.

قاتتىق سوغۇق بولۇپ كەتكەن كۈنلەرمۇ بولدى. شۇ ۋاقىتلاردا كولەبىدىكى كارتىنى ئېلىپ، ئۆزىمىز گاز قاچىلىدۇق، بۇ ئارقىلىق ئىسسىق ئولتۇرماقچى بولدۇق. لېكىن، گاز ناھايىتى تېز تۈگەيتتى، بىز سىرتقا چىقىپ كەتكەن كۈندۈزلەردە كولەبىمۇ گازنى بىمالال يېقىپ ئىسسىنغانىكەن.

كولەبىنىڭ تەلەتى بارغانسېرى يامانلىشىشقا باشلىدى، ئۇ بىر-گە ئارتۇق گەپ قىلمايدىغان بولدى، بەزىدە خالمۇراتنى چاقىرىپ بىرنېمىلەرنى دەيتتى. كولەبىنىڭ پاسىق، غېرىبانە تۇرمۇشى ۋۇجۇدۇمنى تىترىتىپ، بىئارام بولۇشقا باشلىدىم ھەمدە كولەبىنىڭ ئۆيىدە ئۇزۇن ۋاقىت تۇرۇشقا بولمايدىغانلىقىنى مۆلچەرلىدىم. ئۇنىڭ ئۈستىگە ساخاۋەت قىلىپ بېرىلگەن ئۆينى ئىجارىگە بېرىش ۋە ئىجارىگە ئېلىش قانۇنسىز ئىدى. كولەبى ئاردا خالمۇراتتىن قەرز ئالدى، مەن خالمۇراتنىڭ قەرز بېرىشىنى مۇۋاپىق كۆرمىگەنىدىم.

ئاردا خالمۇراتقا باشقا بىر يەردە ئىش چىقتى، ئۇ يەر خېلى

يىراق بولغاچقا، شۇ يەرگە كۆچۈشكە توغرا كېلەتتى. خالمۇراتنىڭ كۆچۈشى مېنىڭمۇ كۆچۈپ كېتىشىمگە باھانە بولدى. بىز كۆچۈپ كەتكەن كۈنى كۆلەبىدىن ئالدىنئالا رەنگە قويغان پۇلىمىزنى ئالالمىدۇق. خالمۇرات قەرز بېرىپ تۇرغان پۇلىنىمۇ ئالالمىدى. ھەپسىلىمىز پىر بولغان ھالدا كۆلەبىنىڭ كەڭ - كۇشادە، سوغۇق، بىسەرەمجان ئۆيىدىن خوشلاشتۇق. بىز كۆلەبىگە ئامالسىز تاشلاپ كەتكەن پۇل ھەرگىز ئاز پۇل ئەمەس ئىدى. خالمۇرات ئاگاھلاندۇرۇشلىرىمنىڭ تېگىگە ئەمدى يەتكەندەك شۈكلىشىپ كەتتى. مەن:

— مۇرات، بۇ سېنىڭ ئۆيۈڭ، — دېدىم چاقچاق قىلىپ.

خالمۇرات بۇ گېپىمدىن كۈلمەي تۇرالمىدى. ئۇ شۇ كۈلگىنىچە باشقا بىر يەرگە ئاتلاندى. ھالىمدىن ئوبدان خەۋەر ئالىدىغان بۇ ئىنىمنى چىڭ قۇچاقلاپ، ئامانلىق تىلىدىم.

كۆلەبىنىڭ سالاھىيىتىنى تولۇق ۋە ئېنىق بىلەلمىدىم. تۈركمىكىن دەي دېسەم ئىرقىي قىياپىتى تازا ئوخشاپ كەتمەيتتى، كۈردمىكىن دەي دېسەم، تۈركچە سۆزلەيتتى. ئۇنىڭدىن ئېرىشكەن يەكۈنۈم شۇ بولدىكى، بىرەر ئېتىقادقا ئىخلاس قىلمايدىغان ئادەمنىڭ يۈرىكى ھايات ۋە ئادەملەرگە قارىتا قېتىپ كەتكەن بولىدىكەن. ئەقىدىسىز ياشايدىغان قېرىنداشلىرىمىز سىزگە ھېچكىم يەتكۈزمىگەن كۈلپەت ۋە ئاھانەتلەرنى كەلتۈرۈپ بېرەلەيدىكەن. ئېتىقادسىز قېلىش تولىمۇ يامان ئىش ئىكەن.

ئۇيغۇرلاردا «ئۆيى يوقنىڭ جېنى يوق» دېگەن ماقال بار. ئۆي نوقۇل ھالدا تۆت تامدىن تۈزۈلگەن فىزىكىلىق ئۆينىلا كۆرسەتمەيدۇ. ئۆي كىشىلىك ھاياتتىكى بىر پۈتۈنلۈكنىڭ، مۇستەقىللىقنىڭ، بۇرچ ۋە ئادىمىيلىكنىڭ، غۇرۇرنىڭ باشقىچە ئاتىلىشى. ئۇ بەزى ھاللاردا «ۋەتەن» دېگەن ئۇقۇم بىلەن باراۋەر. ھەربىر ئادەمنىڭ ئۆز ئالدىغا تۇرمۇشى بولىدۇ، شۇنداقلا چۈشى بولىدۇ، رېئاللىقتا لەززەت قالمىغاندا، چۈش بىر ئادەم ئۈچۈن

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com


تولىمۇ مۇھىم ئورۇن تۇتىدۇ. ئۆي بىزنىڭ ئارامخۇدا چۈش كۆرۈشىمىزگە قولايلىق بېغىشلايدۇ.

ئىنگلىز يازغۇچىسى ۋىرگىنىيە ۋۇلف (W.Woolf) «بىر ئايال رومان يازماقچى بولسا ئۇنىڭ ئۆزىگە تەۋە پۇلى ۋە ئۆيى بولۇشى كېرەك، دەپ يازغانىكەن. بۇ گەپكە «ئاياللارنىڭ ئۆزىگە تەۋە ئېرىمۇ بولۇشى كېرەك» دېگەننى قوشۇپ قويغۇم بار. ناۋادا بۇ سۆزنى ئەرلەرگە تەتبىقلىساق قانداق گەپ چىقار؟ «ناۋادا بىر ئەر مەيلى نېمە قىلمىسۇن ئۇنىڭ ئۆزىگە تەۋە خوتۇنى، ئۆيى ۋە پۇلى بولۇشى كېرەك» دېگۈم كېلىدۇ.

شەپقەتسىز چوڭ شەھەرلەرنىڭ تۇرمۇشىدا «ئۆي» دېگەن ئۇقۇم ھەممە نەرسىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. ھارغاندا ۋە ئېچىرقىغاندا لوندوندىكى ئاشۇ ئىجارىگە ئالغان ئۆي يەنىلا بىردىنبىر كۆڭۈللۈك ماكانىم ئىدى. ئۇ يەردە قورساقنى تويغۇزۇپ بولۇپ، خالىسام كىتاب كۆرىمەن، خالىسام بىرنەرسىلەرنى يازىمەن، خالىسام كىملەرگىدۇر تېلېفون بېرىمەن.

بىركۈنى «قۇملۇقتىكى شىر» فىلىمىنى كۆرگەن كۈنى خاتىرەمگە شۇنداق يازغىنىم ئېسىمدە:

بەزىدە نامەردلىك مەردلىك ئۈستىدىن، ۋەھشىيلىك ئىنسانپەرۋەرلىك ئۈستىدىن غەلىبە قىلىشى مۇمكىن. لېكىن بۇ ھەرگىزمۇ ئاخىرقى غەلىبە ئەمەس. دۇنيادا مۇتلەق كۈچلۈكلۈك ۋە مۇتلەق ئاجىزلىق، مۇتلەق بەخت ۋە مۇتلەق بەختسىزلىكمۇ يوق. ھەقسىزلىككە جاۋاب قايتۇرۇشنىڭ مىڭلاپ يولى بار، مانا بۇ ئىلاھىي كۈچ قانۇنى.

# مەيدان

سۆزلىسەم داغمەن، سۆزلىمىسەممۇ داغ.

— ئەھمەد زىيائى

بىر ئېغىز راست گەپنىڭ سالمىقى پۈتكۈل دۇنيادىنمۇ ئېغىر.

— ئالېكساندىر سولژېنىتسىن

ئۇلار نە بىر ھەقنى تونۇمايدۇ، نە بىر باتىلنى ئىنكار قىلمايدۇ، نە ئۆزلىرىنى قوغدىيالمايدۇ.

— سەئىد سۇلايمان نەدۋى: «ھەزرىتى ئائىشە» دىن

ئەنگلىيەدە ئاممۋى پائالىيەتلەرنىڭ كۆپلۈكىدىن ھەيران قالدىم. مۇزېيلار، سەنئەت سارايلىرى، كىنوخانىلار ۋە تىياتىرخانىلار، كۇتۇپخانىلار، تەنتەربىيە كۇلۇبلىرى، پۇتبول مەيدانلىرى، بەيگە مەيدانلىرى، ئالىي مەكتەپلەرنىڭ لېكسىيە زاللىرى، شەھەرنىڭ چوڭ - كىچىك خاتىرە مەيدانلىرى گويا بىر كۈنمۇ بىكار قالمايتتى. ئۇلار ھېچقانداق ھۆكۈمەت ياكى پارتىيە - گۇرۇھلارنىڭ بۇيرۇق، ياكى چەكلىمە دائىرىسىدە بولمايتتى، بەلكى قانۇننىڭ نوپۇزىغا ھۆرمەت قىلغان ھالدا ئۆز خىزمىتىنى

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يىغما ئادرېسى



ئادا قىلالاتتى. دۇنياۋى مەشھۇر شەخسلەر بۇ يەردىكى خەلقنىڭ مەدەنىيەت ھاياتى بىلەن تەبىئىي قوشۇلۇپ كەتكەننىدى. مەن كۆرگەن سەنئەت ۋە ئىلمىي پائالىيەتلەردە ئادەتتىكى ئاما مەشھۇر كىشىلەر بىلەن بىمالال ئىدىيە ئالماشتۇرالايتتى، ھودۇقۇش ۋە تەمتىرەشلەردىن خالىي ئىدى، ئۆزلىرىنى ئەركىن، تەبىئىي تۇتاتتى. ئۇلار مەشھۇر ئادەملەرنىڭ كىيىمىنىڭ قارىقويۇق چوقۇنغۇچىسى ياكى قارىغۇ ئەگەشكۈچىسى ئەمەس، بەلكى تەنقىدىي باھالىغۇچىسى ئىدى. ئۇلار ئۆزلىرىنى مەشھۇر ئادەملەر ۋە سىياسىي زاتلار بىلەن ئىنسانىي باراۋەرلىككە قويۇپ تۇرۇپ سوئال سورايتتى. لېكىن، ھەرگىزمۇ تەلۋە ھۇجۇمكارغا ئايلىنىپ كەتمەيتتى. ئۇلار ئۆزى ۋە ئۆزگىگە بولغان مۇۋاپىق ھۆرمەتنى ئەقلىي يول بىلەن تەڭشەشنى بىلەتتى. «دۇنيا» دېيىلگەندە، مەن ئۇنى ئۆزۈمدىن يىراق بىر مەۋھۇم دۇنيادەك چۈشىنىمەن، بىراق كۆپ ساندىكى ئەنگلىيە يۇقىرىلىرى ئۆزلىرىنى «دۇنيا» دەپ چۈشىنىدىكەن. دېمەك، ئۇلار ئۆزلىرىنى دۇنيانىڭ ئىچىدە، دەپ قارايتتى، مەن ئۆزۈمنى دۇنيانىڭ سىرتىدا، دەپ قارايدىكەنمەن. مۇشۇ ئۆمرۈمگىچە دۇنيانىڭ ھېچنېمىسىگە ئاۋاز قاتناشتۇرۇپ باقمىدىم، بەلكى مەن ئۆزۈممۇ چۈشەنمەيدىغان نامەلۇم ئاۋاز ۋە قارارلارنىڭ مەھسۇلى ئىدىم.

ئەنگلىيەدە كۆچمەنلەر جىق، بۇ كۆچمەنلەر ئۆز توركۈملىرى بويىچە كۆپىيىپ، چوڭ - كىچىك جامائەت (Community)نى ھاسىل قىلغان بولۇپ، ھەرقايسىلىرى ئۆزلىرىنىڭ ئىرقىي ۋە دىنىي ئادەتلىرىگە كۆرە ھەر خىل كۆلەمدىكى پائالىيەتلەرنى قىلىپ تۇرىدىكەن. قانۇن بويىچە ھەر دەرىجىلىك ھۆكۈمەت ئۇلارغا پائالىيەت ئورنى ۋە پائالىيەت راسخوتى ئاجرىتىدىكەن. ھەربىر جامائەت ئۆزلىرىنىڭ دىنى، ئۆرپ - ئادىتى ۋە تىلىغا بولغان يۈكسەك ئىخلاسىنى ساقلىغان ھالدا بىرىتانىيەنىڭ قانۇن ئوربىتىسى دائىرىسىدە بىللە مەۋجۇت بولۇپ تۇرىدىكەن. بازار،

سودا، مەدەنىيەت ئالاقىسى ئىنگلىز تىلى ئارقىلىق ئۇلارنى بىر يەرگە ئەكېلىدىكەن. ئۇلار ھەمكارلىشىدىكەن ۋە ئارىلىشىدىكەن، لېكىن سىڭىپ كەتمەيدىكەن. لوندوننىڭ بەزى يەرلىرىدە مەسچىت بىلەن چېركاۋنىڭ يانمۇيان تۇرغانلىقىنى كۆردۈم. ھەر كىم ئۆز ئېتىقادى بىلەن مەشغۇل ئىدىكى، باشقىلارنىڭ ئېتىقادى ھەققىدە ئاغزىغا كەلگەننى سۆزلەپ يۈرمەيتتى. بۇ يەردىكى مۇسۇلمانلار جامائەسى قاتمال، ھېسسىياتقا ئاسان بېرىلىپ كېتىدىغان، كۆز ئالدىنىلا كۆرىدىغان ساددا مۇسۇلمانلاردىن ئەمەستەك قىلاتتى. ئۇلار ئوخشىمىغان ئېتىقاد ۋە مەدەنىيەتتىكى ئىنسانلار بىلەن پىرىنسىپال بىللە ئۆتۈشنى، شۇ ئارقىلىق ئۆزلىرىنىڭ سالماق ۋە چىقىشقاقلىق ئوبرازىنى تىكلەشنى بىلىدىغان پىكىرلىك مۇسۇلمانلاردەك قىلاتتى. ئۇلار لوندوننىڭ ئاۋات رەستىلىرىدە ئۆزلىرىنىڭ ئادەتلەنگەن مىللىي كىيىملىرى بىلەن بىمالال يۈرۈۋېرەتتى، ھەرگىز خۇدۇكلىنىپ قالمايتتى. لوندون كوچىلىرىدا سويلاپ يۈرگەن ئون سەككىز مىتىرلىق قىزىل كوچا ئاپتوبۇسىنى ھەيدەپ يۈرگەن شوپۇرلارنىڭ بەزىلىرى پاكىستانلىق ياكى مىسىرلىق بولسا كېرەك، ئۇزۇن قارا ساقاللىرى ئۇلارغا سۈر ۋە ھەيۋەت بېغىشلىغانىدى، بېشىدىكى قارا ياكى ئاق دوپپا ۋەتەن كوچىلىرىدىكى قايسىدۇر بىر مويسىپىتنى ئېسىمگە سېلىپ قوياتتى. لوندوندىكى مۇسۇلمانلارنىڭ يۈرۈش - تۇرۇشلىرىغا قاراپ شۇنداق ئويلاپ قالدىم: بىزنىڭ مەدەنىيىتىمىزدە نۇرغۇن دۇنياۋى ئامىل بولۇپ، ئۇزاق مۇددەت سىرتقا چىقماي ياشاپ، بۇ تەرەپلەرنى بايقىماس بولۇپ كەتكەنىكەنمىز، شۇنىڭ بىلەن بىللە تەپەككۇرىمىزنى ياشىغان مەھەللىمىزنىڭ ئۆزگەرمەس ئادەتلىرى بىلەن بوغۇپ قويغانىكەنمىز. بۇ خۇددى ئېقىندىن ئايرىلىپ قالغان سۇ قۇرتلاپ كەتكەندەك بىر ھال.

لوندوندا بېرىتانىيە پادىشاھىنىڭ مەمۇرىي ئورنى بار، ئۇنى

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تورى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ بىردىن بىر ئادرېسى



باكىڭخام ئوردىسى (Palace Buckingham) دېيىشىدىكەن. ئۇنىڭ ئالدىدا قېرى دەرەخلەر بىلەن قاپلانغان بىر باغچە بولۇپ، باغچىنىڭ يېنىدا چوڭ بىر كوچا بار ئىدى. بۇ كوچا بۇ يەردىن ئانچە يىراق بولمىغان ھەيدى باغچىسى (Hyde Park)غا ئاپىرىدۇ. باكىڭخام ئوردىسى ئالدىدىكى باغچە بىلەن كوچىنى مەزمۇت قارا تۆمۈر رېشاتكا ئايرىپ تۇرىدۇ. ھەپتە ئاخىرلىرىدا ئاشۇ كوچىدىن ئۆتۈپ قالىمەن. رەسساملار سىزمىلىرىنى رېشاتكىغا يۆلەپ قويۇشىدىكەن. بىرەر يۈز مېتىر ئارىلىقتا ئاشۇنداق رەسىملەر پىيادىلەرنى ئۆزىگە جەلپ قىلىپ تۇراتتى. رەسىملەرنىڭ ئىچىدە ھەر خىل ئۇسلۇبتىكى مەنزىرە رەسىملىرىمۇ بار ئىدى. ئەمما، تونىي بلايىر (Tony Blair) ۋە ئۇنىڭ ھۆكۈمىتىنى، ئامېرىكا رەئىس جۇمھۇرى جورجى ۋولكېر بۇش (كىچىك بۇش، George W.Bush) نى مەسخىرە قىلىدىغان ھەجۋىي رەسىملەرمۇ ناھايىتى كۆپ ئىدى. دەسلەپتە بۇلارنى كۆرگىنىمدىن ئەندىشە قىلدىم، كېيىن دېموكراتىك دۆلەتلەردە بۇنداق ئىشلارنىڭ نورمال ئىش ئىكەنلىكىنى ئېسىمگە ئېلىپ، ئەندىشەمنى زورمۇزور باستىم. بەزى رەسىملەردىكى بىزەپچىلىك ئىشتانىنىڭ ئىپىغى بىلەن باغلىنىپ كەتكەن بولۇپ، بىزنىڭ سورۇنلاردىكى سېرىق يۇمۇرلىرىمىزنىڭ خاراكتېرىگە بەكلا يېقىن ئىدى. رەسىمنى تىل جەھەتتىكى بايانغا ئايلاندۇرساق، ئۇيغۇرلارنىڭ سېرىق يۇمۇرى ھاسىل بولاتتى. ئەنگلىيە پۇقرالىرى ئۆز ھۆكۈمىتىنىڭ ئىراق ئۇرۇشىغا قاتناشقانلىقىدىن ئىنتايىن نارازى بولۇپ، تونىي بلايىرنى بۇشقا قېتىپ ھەجۋىي قىلاتتى. بۇ ئەھۋالدىن ھەيران قالماي تۇرالمىدىم. ئۇنىڭ ئۈستىگە بلايىرنى سەتلەشتۈرىدىغان ھەجۋىي رەسىملەر پادىشاھ سارىيىنىڭ ئالدىدىكى چوڭ كوچىنىڭ بويىدا كىشىلەرنىڭ دىققەت مەركىزىدە تۇراتتى. بۇنى سىزغانلارنى تۇتۇلۇپ كەتتىمىكىن دېسەم، رەسسام ئۆز ئەسىرىنىڭ يېنىدا خېرىدار كۈتۈپ ئولتۇراتتى.

ئەنگلىيەدە ھۆكۈمەت خەلقتىن چوڭ ئەمەستەك قىلاتتى.

هۆكۈمەتسىزلىكنىڭ زېمىنىنى چۈشەنگەن خەلق ئۆزلىرىنىڭ هۆكۈمىتىنىڭ بولۇشى كېرەكلىكىنى ۋە بۇ هۆكۈمەتنىڭ نېمە ئىشلارنى قىلىشى كېرەكلىكىنى ئوبدان بىلەتتى. خەلقنىڭ رايى هۆكۈمەتنىڭ خاراكتېرىنى بەلگىلەيدىغان ئەلدە هۆكۈمەت خەلقتىن كۈچلۈك بولۇپ كېتەلمەيتتى، ئەكسىچە، هۆكۈمەت كۈچىنىڭ بەلگىلىك چېكى بار ئىدى. خەلقنىڭ ئونۋېرسال ساپاسى هۆكۈمەتنىڭ ئىقتىدار ساپاسىنى بەلگىلەيدۇ، خەلق نادان بولغانسېرى هۆكۈمەت قارام ۋە كۆكەرمە بولۇپ كېتىدۇ. «دېموكراتىك تۈزۈمدە بىر ئادەمنىڭ نادانلىقى پۈتكۈل جەمئىيەتنىڭ ئامانلىقىغا قادالغان مىخ بولىدۇ» دېگەننىدى ئامېرىكىنىڭ سابىق رەئىس جۇمھۇرى جون كېنىدى. ئەنگلىيەنىڭ تاراتقۇلىرى هۆكۈمەتنىڭ ھەممە ئىشنى خەلقنىڭ كۆز ئالدىدا ئاشكارا قىلاتتى. چۈنكى، تاراتقۇلار هۆكۈمەتنىڭ تەسىرىدىن مۇستاسنا ئايرىم گەۋدە ئىدى. ئەنگلىيەدە كىشىلەر قانۇننىڭ نوپۇزىدىن باشقا ھەرقانداق نوپۇزنى قايرىپ قويالايتتى ۋە ئۇلارغا ئۆزىنىڭ مۇستەقىل باھاسىنى بېرەلەيتتى.

لوندوننىڭ ئاۋات كوچىلىرىدا ماھارەت كۆرسىتىۋاتقان سەنئەتچىلەرنى داۋاملىق ئۇچراتقىلى بولىدۇ. ئۇلارنىڭ بەزىلىرى سېمونت رەڭگىدە ئۆزىنى ياساپ، ئۇزاققىچە قېتىپ تۇرالايدۇ. باللاردىن بىرەرسى قولىنى تۇتۇپ قويسا ياكى ئالدىدىكى قاچىغا بىرەر تەڭگە تاشلىسا، روبوتلاردەك قىلىقلارنى چىقىرىپ، كىشىلەرنى كۈلدۈرىدۇ. بەزىلىرى ئالۋاستى شەكلىگە كىرىپ، يالغان قىلىچلىرىنى شىلتىپ، سەت ئەلپازى بىلەن كىشىلەرنى قوغلاپ، ھەييارلىق قىلىشىدۇ. مەن مۇشۇلارغا قاراپ، لوندوندا زېرىكىپ قالغان ئادەم تۇرمۇشتىن ئاللىبۇرۇن زېرىككەن ئادەم بولۇشى مۇمكىن، دەپ ئويلىدىم. كاپىتالىزم ئادەملەرنىڭ ئېھتىياجىنى قوزغاپ، ئېھتىياج بىلەن تەمىنلەش ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەتنىڭ قانۇنى ئارقىلىق ئۇلارنى

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



باشقۇرىدىكەن. ئۇ كىشىلەرنىڭ مېڭىسى بىلەن ھەۋەسىنى ئەركىن قويۇپ بېرىپ، ئىقتىسادتىن ئىبارەت كۆرۈنمەس يىپ بىلەن پەرۋاز قىلدۇرىدىكەن. بۇ يەردە چېركاۋلاردىكى ئاۋاتلىق بانكىلارغا كۆچكەندى.

كوچىلارغا قارىسىڭىز كىشىلەر ئەركىن ۋە تېز قەدەملەر بىلەن كېتىپ بارغان. لەيلەپ، نېمە قىلارىنى بىلمىگەن ئادەملەرنى كۆرگىلى بولمايدۇ. قەدەملەر سالماق ۋە ئىلدام، چىرايلاردا مەغرۇرلۇق، كۆزلەردە ئېنىق نىشان. ئىككىلىنىش، ئىزتىراپ دېگەندەك نەرسىلەر گويا ئۇلاردىن يىراقتەك. ئۇلارنىڭ قېشىدىكى يەنە بىر ئادەمنىڭ چىراي ۋە ھەرىكىتىگە سەپسالغۇدەك ھالى يوق. ھېچكىم ھېچكىمگە كاشىلا قىلمىغان.

مېتروۋلار بەلگىلەنگەن ۋاقىتتا نىشانغا يېتىپ بارىدۇ، ئادەملەر يەرنىڭ ئاستىدا يامراپ ئاقىدۇ. لوندون مېتروۋلىرىنى ئادەملەرنىڭ كارىزى دېمەكمۇ مۇمكىن. تەرتىپ ۋە ئىنتىزاملارنىڭ ھەممىسى ئېنىق، جەمئىيەت قانداقتۇر يىگانە بىر ئادەمنىڭ ئىرادىسى بويىچە ئەمەس، خەلقنىڭ ئىرادىسىدىن تۈزۈلگەن سىستېما بويىچە قانۇنىيەتلىك ھەرىكەتتە ئىدى. شۇڭا، كىشىلەر قانداق ۋاقىتتا نېمە قىلىشنى ئۆزلىرى بەلگىلەيتتى. ئۇلار ئۈچ - تۆت كۈنلۈك دەم ئېلىش بولسىلا باشقا ئەللەرگە بېرىپ كۆڭۈل ئاچىدىغاندەك دەم ئالالايتتى. ئۇلار ھەقىقەتەن دۇنيا پۇقراسى ئىدى.

مۇشۇنداق مۇھىتنى كۆرگىنىمدە، ئىختىيارسىز ھالدا «خەلق» دېگەن ئۇقۇم توغرىسىدا ئويلىنىپ قالىمەن. ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىدىكى «خەلق» دېگەن سۆز ئەرەبچىدىن كەلگەن بولۇپ، مەنىسى «يارالغۇچى» دېگەن بولىدۇ. «يارالغۇچى» دېگەن ئۇقۇم بولغانىكەن، مۇقەررەر ھالدا «ياراتقۇچى» دېگەن ئۇقۇممۇ بار بولىدۇ. بۇ ئىككى ئۇقۇمنىڭ مۇناسىۋىتىدە خەلق ئۆزىنىڭ پۇقرالىقىنى ياراتقۇچىنىڭ ئالدىدا ئۆتەيدۇ. ئىلمانى ھاكىمىيەت (دىندىن خالىي ھاكىمىيەت) نىڭ پەيدا بولۇشىغا ئەگىشىپ

«خەلق» دېگەن ئۇقۇمنىڭ مەنىسىمۇ ئۆزگەرگەن. ھازىرقى شارائىتتا، مەلۇم مەنىدە جاھاندا قانچە خىل ھاكىمىيەت بولسا، شۇنچە خىل خەلق بار دېيىشكىمۇ بولىدۇ. بەزى ھاكىمىيەتلەر «خەلق» دېگەن ئۇقۇمنى دالدا قىلىپ تۇرۇپ، بىرنەچچە دىكتاتورنى راھەت - پاراغەتتە باقىدۇ، يەنە بەزى ھاكىمىيەتلەر خەلقنى ئۆزىنىڭ مول ھوسۇللۇق ئېتىزى دەپ بىلىدۇ. ئەگەر «خەلق» دەپ ئاتىلىدىغان ئاشۇ تىرىك نوپۇس تۈركۈملىرى ئۆز ھاكىمىيىتىگە مۇستەقىل باھا بېرەلمىسە، نورمال قىممەت ھۆكۈم ئىقتىدارىغا ئىگە بولمىسا، نېمىنى قوللاپ، نېمىگە قارشى تۇرۇشنى ئۆزلىرىنىڭ ھوقۇق - مەنپەئىتى بىلەن باغلىيالمىسا، ئۇزۇل - كېسىل سايلام ھوقۇقىغا ئېرىشەلمىسە، ئۆز ئالدىغا سۆزلەش ھوقۇقىغا ئىگە بولمىسا، ئۇلارنى ھەقىقىي مەنىدىكى خەلق دېگىلى بولمايدۇ، ئۇلاردىكى پۇقراۋى ئاڭدىن سۆز ئاچقىلى تېخىمۇ بولمايدۇ. ئۇلارنى «خەلق» دېگەندىن كۆرە «نوپۇس» دېگەن تۈزۈك بولىدۇ. بۇنداق ئەلدە ھۆكۈمدارلار كىشىلەرنى ئابستراكت «خەلق» دېگەن ئۇقۇمغا چوقۇندۇرۇپ قويۇپ، خالىغىنىنى قىلىدۇ. بۇ يەردە ھەرقانداق بىر كونكرېت شەخس خەلق سۈپىتىدە ھۆرمەتكە ئېرىشەلمەيدۇ، ھۆرمەت پەقەت ئابستراكتلاشتۇرۇلغان «خەلق»قە مەنسۇپ بولىدۇ. 1958 - يىلى 23 - ئۆكتەبىردە، شىۋېتسىيە خان جەمەتى ئەدەبىيات ئىنستىتۇتى شۇ يىللىق نوبېل ئەدەبىيات مۇكاپاتىنى «دوختۇر ژىۋاگو»نىڭ ئاپتورى بورىس پاسترناكقا بەرگەنلىكىنى ئېلان قىلغاندا، سابىق سوۋېتلەر ئىتتىپاقى ھۆكۈمىتى پاسترناكنى يازغۇچىلار جەمئىيىتىدىن ھەيدەيدۇ ۋە مۇكاپاتنى ئالماقچى بولساڭ، ۋەتەندىن قوغلاندى قىلىنىسەن، دەپ ۋەھىمە سالىدۇ. پاسترناك خىرۇشچېۋقا خەت يېزىپ ۋەتەندىن قوغلىۋەتمەسلىكىنى ئۆتۈندى. ئەينى ۋاقىتتىكى مەدەنىيەت مىنىستىرى خىرۇشچېۋقا ۋاكالىتەن جاۋاب بېرىپ، «پاسترناكنىڭ ۋەتەندە تۇرۇشىغا

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ بىردىنبىر ئادرېسى



قوشۇلدۇق» دەيدۇ ۋە «بىز خەلقنىڭ غەزىپىنى ھەرگىز توسۇپ قالالمايمىز» دېگەن گەپنى قوشۇپ قويىدۇ. بۇنىڭدىن قاتتىق سەسكەنگەن پاسترناك ئۆزىنى تۇتالماستىن «خەلق! خەلق! سەن بەئەينى ئىشتاننىڭ ئىچىدىن چىققان نەرسىگە ئوخشاپ قالدىڭ» دەۋېتىدۇ. روشەنكى، خەلق ھوقۇقنىڭ مەركىزى بولالمىغاندا، ئەۋرەت لاتىسىغا ئوخشاش نەرسىگە ئايلىنىپ قالىدۇ.

«خەلق» دېيىلگەندە، يەنە مۇسا ئەلەيھىسسالامنىڭ قوۋمى كۆز ئالدىمىزغا كېلىدۇ. پىرئەۋننىڭ زۇلمىغا تەبىئىي كۆنۈپ كەتكەن خەلق مۇسا ئەلەيھىسسالامنىڭ قۇتۇلدۇرۇش يولىغا ناھايىتى تەستە ئەگەشتى. مەھكۇملۇق تەبىئىتى ئۇلارنى مۇسا ئەلەيھىسسالامنىڭ يولىدىن يۈز ئۆرۈشكە، پىرئەۋننىڭ ھاكىمىيىتىگە پاناھ تارتىشقا ئۈندەپ تۇردى. ھەقىقەت ئاشكارا تۇرسىمۇ، خەلق سۈكۈت قىلدى ۋە بۇ سۈكۈت ئۇلارغا ساقلىنىش تەس ھالاكەتنى ئاخىر ئېلىپ كەلدى. مۇسا ئەلەيھىسسالام توغرىسىدىكى قىسسىدىن مەلۇم بولىدۇكى، تەبىئىتى مەھكۇملۇققا كۆنۈپ كەتكەن خەلقنىڭ يول باشلىغۇچىلىرى ۋە سەگەك ئالىملىرى مىسلىسىز ئەرزىيەتلەرنى چېكىدۇ. بۇ ھەقتە مۇنداق بىر بېيىتنى كەلتۈرۈش مۇمكىن:

نادان ئەل جاھىلاتنى تەڭ بىلەر گوياكى ئىشرەتكە،
غېمىگە ئاشنا ئاقىللىرى پاتقاي مۇسىبەتكە.

لېكىن، ھەرقانچە نادان ۋە ئەرزىمەس بولغاندىمۇ، ئۇنىڭ قوينى نى - نى ئەزىمەتنى يېتىشتۈرۈشكە قادىر بولالايدۇ. چۈنكى، خەلق بار يەردە خالىق (ياراتقۇچى) بار.

لوندون كوچىلىرىنى ئارىلىغاندا مۇنداق بىر ئىش دىققىتىمنى تارتاتتى: كوچا بويلىرىدىكى بەزى ئۆيلەرنىڭ ئىشىكى ئۈستىگە «بۇ يەردە پالانى كىشى مۇنچىلىك تۇرغان» دېگەن سۆزلەر چۈشۈرۈلگەن

يۇمىلاق قاپارتما چىقىرىپ قويۇلىدىكەن. بۇلار بىر بولسا ئەنگلىيەلىك، بىر بولسا چەت ئەللىك ئالىملار ياكى مەشھۇر زاتلار ئىدى. ھەتتا باغچىلاردىكى ئورۇندۇقلارنىڭ يۆلەنچۈكىگە شۇ يەردىكى ئەلنىڭ ئىخلاسىغا سازاۋەر بولغان ئادەملەرنىڭ نامى ئويۇپ قويۇلىدىكەن. مەن بۇلاردىن تۆھپىكارلارغا بولغان ھەقىقىي ھۆرمەتنى كۆرۈپ يەتكەندەك بولدۇم. بۇ ھەرگىزمۇ ھۆكۈمەتنىڭ سەپەرۋەرلىكى بويىچە بولىدىغان ئىش ئەمەس، بەلكى ئاۋامنىڭ تەبىئىي خاھىشىغا ئايلانغان ئاممىۋى مەدەنىيەت شەكلى ئىدى. دېمەك، ئەنگلىيەدە خەلقنىڭ ياشىشىغا، خەلقنىڭ خاھىشىغا بېرىلگەن بوشلۇق ناھايىتى چوڭ ئىدى. بۇ چەكلىك سەھىپىدە ئۇلارنىڭ ھەممىسى ھەققىدە توختالغىلى بولمايدۇ. ئۇنىڭ ئۈستىگە بىزنىڭ چوڭقۇرلاپ تەكشۈرۈش ئىمكانىيىتىمىزمۇ يوق. مەن پەقەت ئاممىۋى بوشلۇق (ئاممىۋى جاي) توغرىسىدا ۋەكىللىك خاراكتېرگە ئىگە دەپ قارىغان بىرنەچچە يەرنى بايان قىلىپ ئۆتۈشنى مۇۋاپىق كۆردۇم.

كۆپ كۇلتۇرچىلىك ھاۋاسىغا تويۇنغان لوندوننىڭ ستوك نېۋىڭتون (Stoke Newington) رايونىدا ئىسلام بىناكارلىقى ئۇسلۇبىدىكى بىر بىنا ئۆزگىچىلىكى بىلەن كىشىلەرنىڭ دىققىتىنى تارتىپ تۇرىدۇ. كىشىلەر ئۇنى ئەزىزىيە مەسچىتى (Azizia Mosque) دەپ ئاتايدىكەن. مەسچىتنىڭ ئەتراپىدىكى مەھەللىلەردە ئاساسەن تۈرك مۇسۇلمانلىرى، كورد مۇسۇلمانلىرى ۋە باشقا ئاسىيالىقلار تىرىكچىلىك قىلىدۇ. مەن خاكنى سېنترال (Hackney Central) نىڭ Graham Road كوچىسىدىكى بىر ئۆيدە ئىجارىدە ئولتۇرغاندا، ئەزىزىيە مەسچىتىنىڭ ئاستىنقى قەۋىتىدىكى ئەپچىلگىنە دۇكاندىن گۆش ئالاتتىم. چۈنكى، مەن تۇرغان ئۆي بىلەن مەسچىتنىڭ ئارىلىقى ئانچە يىراق ئەمەس ئىدى. مەسچىت ئىككى قەۋەت بولۇپ، يېنىدىلا بىر چېركاۋ بار ئىدى، لېكىن مەن بۇ چېركاۋنىڭ ئېچىلغان ۋاقتىنى بىرەر

www.uyghurkitap.com ئۇيغۇر كىتاب تورى

قىتىممۇ كۆرمىدىم. دېگىنىمدەك، مەسچىتنىڭ بىرىنچى قەۋىتىدە ھەممە تەل بىر دۇكان بولۇپ، يېمەك - ئىچمەكنىڭ ھەرقاندىقى تېپىلىدۇ. ئاپپاق خالات كىيگەن پېشقەدەم قاساپ خۇش چىراي ئىدى. لوندوندىكى تۈركلەرنىڭ گۆش دۇكىنى ناھايىتى پاكىز ئىدى. ئۇلار قوي گۆشىنى بويۇن، قوۋۇرغا، سان، ئومۇرتقا پېتى تۈرلەپ، چىرايلىق كېسىپ، پەتنۇسلارغا سېلىپ قويياتتى. جىگەر، بۆرەكلەرنىمۇ ئايرىم پەتنۇسقا سېلىپ، ئەڭ ئەرزان باھادا ساتاتتى. گۆشلەرنىڭ مېيى پۈتۈنلەي ئېلىپ تاشلانغان بولۇپ، گۆشلەر ئەينەكلىك سوغۇق ساقلاش ساندۇقىدا يېڭى پېتى تۇراتتى. دۇكاننىڭ ئالدىدا تۈرك تىل - يېزىقىدىكى گېزىت ھەقسىز تارقىتىلىدۇ. بىر تەرەپتىن ئايلانما كاۋاپدانىدا توخۇ كاۋىپى پىشۇرۇپ ساتىدۇ. مەسچىتنىڭ ئەتراپىدا تۈرك ئاشپۇزۇللىرى بار. بىر تەرەپتىن كىتابخانىدا تۈرك ۋە ئىنگلىز يېزىقىدىكى ئىسلامىي كىتابلار ۋە ھەر خىل تۇرمۇش بۇيۇمى، يېقىنلا بىر يەردە كوردلار جامائەتىنىڭ مەدەنىيەت ئۆيى بار بولۇپ، ئىچىدە ماركس، لېنىن، ماۋ زېدۇڭلارنىڭ چوڭايتىلغان سۈرەتلىرى كۆزگە ئالاھىدە چېلىقىدۇ. ئۆيدە خېلى كۆپ كىتاب بولۇپ، كوممۇنىزم داھىيلىرىنىڭ ئەسەرلىرى، كوممۇنىزم مەۋقەسىدىكى شائىرلارنىڭ توپلاملىرى جىق ئىدى.

مەسچىت جۈمە كۈنلىرى باشقىچە ئاۋاتلىشىپ كېتەتتى. مەسچىتنىڭ يېقىنىدىكى ئىشىكتىن مەسچىتنىڭ كەينى تەرىپىدىكى ھويلىغا كىرگىلى بولىدىكەن. مەسچىت ھويلىسىنىڭ ئۇ تەرىپىدىكى ئىككى قەۋەتلىك ئۆي مەكتەپ ئىكەن. ئۇ يەردە بۇ يەردىكى جامائەتنىڭ پەرزەنتلىرى دىنىي ساۋاتلارنى ۋە ئانا تىل ساۋاتلىرىنى چىقارسا كېرەك. مەسچىتنىڭ ئىچىگە كىرىش بىلەنلا ئاياغلار سېلىنىپ، تامدىكى ئاياغ ئىشكاپلىرىغا قويۇلىدىكەن. يەرگە مەرمەر تاش ياتقۇزۇلغان بولۇپ، جامائەت ساپما كەش كىيىپ، سول تەرەپتىكى مۇستەھەپخانىلارغا

كىرىپ تەرەت ئېلىشىدىكەن. مۇستەھەپخانىلار پۇتۇنلەي مەرمەر تاش بىلەن زىننەتلەنگەن، ئىسسىق سۇ ۋە سۇيۇق سوپۇن تەييار، غەلىتە پۇراقلار، قىستاڭچىلىق يوق. كىشىلەر تەرەت ئېلىپ بولۇپ پايپاقلىرىنى كىيىشىپ، پەشتاق بىلەن ئىككىنچى قەۋەتكە چىقىدىكەن. مەسچىت زالى كەڭ ۋە يورۇق بولۇپ، مېھراب شەكلى چۈشۈرۈلگەن پۇتەي گىلەم مەسچىت خانىسىنىڭ يۈزىنى قاپلاپ سېلىنغانىكەن. گىلەمدىكى ھەربىر مېھراب شەكلى بىر ئادەمنىڭ سەجدىسى ئۈچۈن قويۇلغان، قىزىل گىلەمدىكى رەتمۇرەت مېھراب شەكلى ئۆزگىچە خاس رىتىمنى ھاسىل قىلغانىدى. جامائەتنىڭ ئىرقى ۋە مىللىتى كۆپ خىل بولۇپ، قارا تەنلىكلەرنىمۇ كۆرگىلى بولاتتى. ئاللانىڭ ئۆيىدە كىشىلەرنىڭ ئەمەل - مەرتىۋىسى، بايلىقى، ئابرۇي ۋە سۆلىتى بىھۇدە ئىدى. ئۇلار كۆڭلىدىكى تەقۋالىقى بىلەن بۇ ئۆيگە كىرىشىدۇ، ئىجتىمائىي دەرىجە ۋە ئىرقلىرىنى ئۇنتۇشقان ھالدا ئاللاغا يۈزلىنىپ، مەغپىرەت ۋە ياخشىلىقلارنى تىلىشىدۇ. قارىماققا بۇ تۆت تامدىن تۈزۈلگەن ئۆي، ماھىيەتتە ئادەمزات دۇنياسى. ئادەمزات دۇنياسىدىكى ھەقىقىي بەخت ئىنساننىڭ ئىنسانغا بولغان مەھكۇملۇقىنىڭ يوقىلىشى ۋە بارلىق ئىرقتىكى ئىنسانلارنىڭ بىرلا قىبلىگە — ئاللاغا يۈزلىنىشى، ئىنسانلاردىكى ياخشىلىق تەبىئىتىنىڭ كامالەت تېپىشى. بۇ ئادەملەر بۇ يەردە ئاللانىڭ نەزىرىدىكى باراۋەرلىكنىڭ تەمىنى تېتىشىپ، ئوخشاش بىر سەپتە قەلبلىرىنى رەببىگە تاپشۇرىدۇ.

مەسچىت خانىسىنىڭ ئىچىدە تاقا شەكىللىك كۆتۈرمە ئۆي بولۇپ، رېشاتكىسى دالدىلانغانىدى. ئۇ يەردە ئاياللار ئىبادەت قىلىدىكەن. بەزىدە بالىلارنىڭ خەقىشلىرىمۇ ئاڭلىنىپ قالىدۇ.

نامازدىن ئىلگىرى مويسىپىت بىر كىشى ئەمرىمەرۇپ قىلاتتى، كىشىلەر مەسچىتتە ئەركىن ئولتۇرۇپ ئاڭلايتتى، بەزىلەر چازا قۇرۇپ، بەزىلەر يۈكۈنۈپ، يەنە بەزىلەر تاملارغا يۆلىنىپ ئولتۇراتتى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



باللار دادىلىرىغا يۆلىنىپ ئاللىقاياقلارغا قىزىقسىنىپ قارىشاتتى. كىملەردۇر يانچۇقىدىكى ئەتىرنى چىقىرىپ يېنىدىكى ناتونۇش ئادەمنىڭ ئالىقىنىغا سېپىپ قوياتتى، بۇ ئادەم تەبەسسۇم بىلەن تەشەككۇر بىلدۈرۈپ، ئەتىرنى قوللىرىنىڭ دۈمبىسىگە، ساقاللىرىغا سۈۋايتتى. كىشىلەر قانداقتۇر بىرەر يول بىلەن بىر - بىرىگە قېرىنداشلىق ئىزھار قىلاتتى.

مېھرابنىڭ ئىككى تەرىپىگە ئېگىزلىكى بەلگە كېلىدىغان كىتاب ئىشكاپى ئورنىتىلغان بولۇپ، ئۇنىڭغا تۈركچە، ئەرەب، ئىنگلىز يېزىقلىرىدا يېزىلغان توم - توم كىتابلار تىزىپ قويۇلغانىدى. كىشىلەر خالىسا ئۇ كىتابلارنى ۋاراقلاپ، تەلىم ئالاتتى. مېھرابنىڭ ئۈستى تەرىپىدە ناماز ۋاقتىنى ئۇقتۇرۇپ تۇرىدىغان سائەت بار ئىدى.

ناماز ۋاقتى بولغاندا، سەپلەر تۈزۈلۈشكە باشلايدۇ، باللار ئاتىلىرىنىڭ يېنىدا تۇرۇپ، ئاتىلىرى نېمە قىلسا ئەگىشىدۇ. بەزى باللار نامازنىڭ تەرتىپلىرىنى بىلىپ كېتەلمەي، كۈلكىلىك قىلىقلارنى چىقىرىپ قوياتتى، چوڭلار بۇنى توغرا چۈشىنەتتى. ئۇلار باللارغا ئارتۇقچە تەنبىھ بېرىپ ئولتۇرمايتتى. ئۇلارچە مەسچىت باللار تەنبىھ ئاڭلايدىغان جاي ئەمەس، بەلكى ئىبادەتنىڭ قانداق بولىدىغانلىقىنى ئۆز كۆزى بىلەن كۆرىدىغان جاي ئىدى.

ئىمام ياش ئىدى، جاراڭلىق، سۈزۈك ئاۋازدا تەجۋىتلىرى بىلەن ئوقۇلغان ئايەتلەر قاتقان كۆڭۈللەرنى يۇمشىتاتتى. ئاھاڭدىكى مۇڭ تىكىستنى چۈشەنمىگەن ئادەملەرگىمۇ بۇ چاغلىق ھاياتتا ھەددىدىن ئاشماسلىقنى، تۇرمۇش ۋە ئادەملەرگە كەمتەر مۇئامىلىدە بولۇش كېرەكلىكىنى ئۇقتۇراتتى. كىشىلەر ئوخشاش بىر بۇيرۇقتا، ئوخشاش ئىتائەتتە رۇكۇغا بېرىشاتتى ۋە ئورنىدىن تۇرۇشاتتى. بۇ ئەھۋالدا مەنىپەئەت ۋەسۋەسىسىدە بىر - بىرىگە قانخورلۇق قىلىشقان، بىر - بىرىگە تۆھمەت چاپلاشقان

ئىنسانلارنىڭ قىلمىشىدىكى بىھۇدىلىكلەر دىللارغا روشەن ئايان بولاتتى. مەسچىتنىڭ سىرتىدا تاشتەك قاتقان كۆڭۈللەر مەسچىتنىڭ ئىچىدە ئېرىپ، سىمابتەك تىترەيتتى.

ياش ئىمام قاۋۇل ۋە تەمكىن ئىدى، ئۇنىڭ تاشقى سۈپەتلىرىمۇ كۆڭۈلنى مەھلىيا قىلاتتى. ئۇ خۇتبىنى ھېلى تۈرك تىلىدا، ھېلى ئىنگلىز تىلىدا سۆزلەيتتى. ھەربىر تىلدىكى مۇسۇلمان خۇتبىدىن ئۆزىگە تېگىشلىك نېسىۋىنى ئالالايتتى. ئىمامنىڭ سۆزلىرى دانە ـ دانە، ۋەزمىن بولۇپ، ئاۋازىدا قۇلاقنى بىئارام قىلىدىغان يېقىمسىزلىق يوق ئىدى، ھەرىكىتىمۇ سىلىق ـ سىپايە ئىدى. گەپلىرىدە باتناش، تەئەددىي، تاپا ـ تەنە ئالامەتلىرىنى سەزگىلى بولمايتتى. ئىمام جامائەتنىڭ ماددىي ۋە مەنىۋى تۇرمۇشىغا، ئىجتىمائىي ۋەزىيەتكە دائىر مەسىلىلەرنى چۈشىنىشلىك، ئىخچام ئوتتۇرىغا قوياتتى.

نامازدىن تارقىغاندا، پەشتاقنىڭ يېنىدىكى يەشىكلەرگە ئەكمەك (نان)لار قويۇپ قويۇلاتتى، ھاجەتمەنلەر بىرەردىن ئېلىپ كەتسە بولاتتى. مەن جامائەتنىڭ ئىچىدە مەينەت، توپا چىراي پېتى كەلگەن بىرمۇ ئادەمنى ئۇچراتمىدىم. جامائەتنىڭ ھەممىسى دېگۈدەك يۇيۇنۇپ ـ تارىنىپ، پاكىز كىيىملىرىنى كىيىپ مەسچىتكە يېتىپ كېلەتتى. مەن مەسچىتنىڭ ئىچى ۋە سىرتىدىكى تۇرمۇش ئالامەتلىرىدىن شۇنداق خۇلاسىگە كەلدىمكى، ئەزىزىيە مەسچىتىنى ئىجتىمائىي تۇرمۇشتىن ئايرىلغان، پەقەت نامازلا ئوقۇيدىغان مەسچىت دېگىلى بولمايتتى. مەسچىتتە بولۇنغان پىكىر، مەسچىت تەسىرگە ئالغان تۇرمۇش تەرەپلەردىن قارىغاندا، ئەزىزىيە مەسچىتى شۇ ئەتراپتىكى مۇسۇلمانلارنىڭ ئىجتىمائىي، مەدەنىي تۇرمۇشى بىلەن زىچ باغلانغانىدى.

مەسچىت مۇسۇلمانلار جامائىتىنىڭ بىر ئورگىنى ئىدى. ئۇ ئارقىلىق ھەر خىل يۇرت ۋە ئىقلىمدىن كەلگەن كىشىلەر قايسى ئىرقتىن بولۇشىغا قارىماي جامائەت شەكلىگە كىرىدۇ، بىر ـ بىرى

www.uyghurkitap.com



بىلەن كارى بولمايدىغان، تەرتىپسىز، ئىستىخىيەلىك ھالەتتىن ساقىت بولىدۇ. مۆئەللىپنىڭ بىلىشىچە، لوندوندا كۆلىمى بىرقەدەر چوڭ مەسچىتلەردىن شاھ جاھان مەسچىتى (Shah Jahan Mosque)، رىجېنس پارك مەسچىتى (Regen'ts Park Mosque)، لوندون جامە مەسچىتى (London Jamia Masjid)، سۇلايمانىيە مەسچىتى (Sulaymaniye Mosque) قاتارلىقلار مەشھۇر. بۇنىڭدىن باشقا مەسچىتلەرنىڭ بارلىقىمۇ مەلۇم. ئەنگلىيە تۇپرىقىغا تۇنجى كۆچمەن بولۇپ كەلگەن مۇسۇلمانلار ئەڭ باشتا ئۆزلىرىنىڭ ئۆيلىرىنى، ئىش مەيدانلىرىنى مەسچىت قىلىپ ئىبادىتىنى داۋام قىلغان. كۆچمەن مۇسۇلمانلارنىڭ بىرىتانىيەدە تۇغۇلغان پەرزەنتلىرى چوڭ بولغانسېرى بىرىتانىيە جەمئىيەت سىستېمىسىنىڭ تەسىرى ۋە بىرىتانىيەنىڭ دىنىدىن خالىي مائارىپىنىڭ تۈرتكىسى بىلەن ئاتا - ئانىلىرىغا قىممەت قاراش جەھەتتىن ئوخشىمايدىغان، ھەتتا ئاتا - ئانىلىرىغا قارشى بولغان ھالەتكە يەتكەندە، مۇسۇلمان كۆچمەنلەر مۇسۇلمانلار جامائىتىنىڭ ئۆزلىرىگە خاس مۇنتىزىم بىر پائالىيەت ماكانىنىڭ بولۇشى كېرەكلىكىنى جىددىي تونۇپ يەتكەن. دېمىسىمۇ «يەر شارى خاراكتېرلىك كۆچۈش» ۋە «ئېتنىك كۆپ خىللىق» دەپ سۈپەتلىنىۋاتقان بىر دەۋردە، ياشلارنىڭ بىرىتانىچە تۇرمۇش يوسۇنلىرىغا مايىللىشىشى چوڭلارنى ئەندىشىگە سالىدىغان بىر ھادىسە ئىدى. ئۇلار بىرىتانىيە جەمئىيىتىنىڭ ئىجتىمائىي تۈزۈمى ۋە مەدەنىيەت مۇھىتىغا مۇناسىپ كېلىدىغان بىر يول بىلەن ئۆزلىرىنىڭ سالاھىيىتىنى قوغداپ قالمىسا بولمايتتى. يەنە بىر تەرەپتىن، بۇ زۆرۈرىيەت مەسچىتنى بىرىتانىيەنىڭ ئەنئەنىۋى خاسلىقىنى شالغۇتلاشتۇرۇۋېتىدۇ، دەپ ئەنسىرەيدىغان بىر قىسىم يەرلىك كۈچنىڭ يەكلىشىگىمۇ ئۇچرايدۇ. لېكىن، يىلسېرى كۆپىيىۋاتقان مۇسۇلمانلارنىڭ ئىجتىمائىي مەسىلىلىرى بىرىتانىيە دائىرىلىرىنىڭ بېشىنى قاتۇرماي تۇرالمىدى،

مۇسۇلمانلارنىڭ خاسلىقىغا ياتىدىغان ئىشلارنى ئۇلارنىڭ ئۆزلىرىگە قالدۇرۇش، مۇنداقچە ئېيتقاندا، ئۆزلىرىنىڭ مەسىلىلىرىنى ئۆزلىرى ھەل قىلىدىغان فىزىكىلىق ۋە پسىخىكىلىق بوشلۇقنى قالدۇرۇش يەرلىك دائىرىلەرنىڭ ئاقىلانە تاللىشىغا ئايلاندى.

مائارىپ، ساخاۋەت، ئۆلۈم - يېتىم، نەزىر - چىراغ، خىزمەت تېپىش، زىددىيەتلەرنى ھەل قىلىش قاتارلىقلارنى ئىبادەت بىلەن بىر گەۋدىلەشتۈرگەن مەسچىتنىڭ بولۇشى مۇسۇلمانلارنىڭ تەلىپى، يەرلىك دائىرىلەرنىڭ قارارىغا ئايلاندى. مەسچىتلەر بارا - بارا ھەرقايسى دائىرىلەرنىڭ مالىيە جەھەتتىكى ھىمايىسىگە ئېرىشتى.

مانا بۇگۈن «غەرب مۇسۇلمانلىرى» دېگەن بىر ئۇقۇم كىشىلەرنىڭ كۈندىلىك نۇتۇقلىرىدا ئۇچراپ تۇرىدىغان بولدى. ھەتتا ياۋروپادا تۇغۇلۇپ، شۇ يەرنىڭ سىياسىي، ئىجتىمائىي مۇھىتىدا چوڭ بولغان مۇسۇلمان مۇتەپەككۇرلارمۇ چىقىشقا باشلىدى. ئەنە شۇلارنىڭ بىرى تارىق رامادان (Ramadan Tariq). ئۇ، كۈنىمىزدە شۋېيتسارىيەلىك زىيالىي، پەيلاسوپ ۋە ئىلاھىيەتچى دەپ قارىلىدۇ. ئوكسفورد ئۇنىۋېرسىتېتىدا تەتقىقات ۋە ئوقۇتۇش بىلەن شۇغۇللىنىۋاتقان تارىق رامادان خەلقئارالىق نۇرغۇن ئىلمىي مۇنبەردە مۇسۇلمان ئەللىرىدىكى مۇسۇلمانلار ۋە غەربتىكى مۇسۇلمانلارنىڭ دۇنيادىكى ئورنى، سالاھىيىتى ھەققىدە تالاي قېتىم نۇتۇق سۆزلىگەن.

ئۇ غەرب مۇسۇلمانلىرىنىڭ ئۆزى تۇرۇۋاتقان مەدەنىيەت مۇھىتىغا يارىشا ئارقا كۆرۈنۈشتىكى ئىسلام مەدەنىيىتىنى شەكىللەندۇرۇش لازىملىقىنى، بۇنىڭ ئىچىدە ئىسلام دىنىنىڭ ئەسلىي تېكىستلىرى بولمىش «قۇرئان كەرىم» بىلەن «ھەدىس شەرىف»نى ئەنە شۇ ئارقا كۆرۈنۈش ۋە غەرب جەمئىيىتىدىكى مۇسۇلمانلارنىڭ چىقىش نۇقتىسى بويىچە تەپسىر قىلىش لازىملىقىنى تەكىتلەيدۇ. ئۇ دەيدۇكى، مۇسۇلمانلار ئۆزى تۇرۇۋاتقان

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى



جەمئىيەتنىڭ ئىسلامىي (دارۇل ئىسلام) بولۇش - بولماسلىقىدىن قەتئىينەزەر، ئۇنىڭغا مەسئۇل بولۇشى، ھە دېسىلا ئۆزىگە يات «ئۇلار» ئارقىلىق ئۆزىنىڭ ئىسلامىي سالاھىيىتىنى ئىسپاتلايدىغان خۇدۇكسىرەش كېسىلىدىن ئازاد بولۇشى كېرەك. غەربتىكى مۇسۇلمان ئالىملىرى غەرب ئەللىرىنىڭ تىللىرىدا كۆپلىگەن تەتقىقات نەتىجىسىنى ئوتتۇرىغا چىقىرىپ، غەرب جەمئىيىتىنىڭ ئىسلام ھەققىدىكى خۇدۇكسىرەشلىرىنى، ئىسلام ھەققىدىكى بىر تەرەپلىمە قاراشلىرىنى تازىلىشى كېرەك. چۈنكى، بەزى ئىسلام مەملىكەتلىرى ئىسلام دىنىنىڭ ئەسلىي ئەھكاملىرىدىن چەتنىگەن بىر قاتار سىياسىتى تۈپەيلى ئىسلامنىڭ بۇرمىلاپ چۈشىنىلىشىگە باھانە بولدى. غەربنىڭ جەمئىيەت سىستېمىسى مۇسۇلمانلارنىڭ دىنىي پائالىيەتلىرىگە يول قويدى ۋە ئۇنى ھۆرمەتلىدى، نەتىجىدە يېڭى ئەۋلاد غەرب مۇسۇلمانلىرى بارلىققا كەلدى. ئۇلار ئىسلام جامائىتىنىڭ مەۋجۇدىيىتى ھەققىدە يېڭىچە ئويلىنىشقا باشلىدى. ئۇلار غەرب جەمئىيىتىگە سىڭىپ كىرەلەيدىغان ئىسلامىي كىملىك بىلەن يېڭى دەۋرنى ئاچىدۇ.

تارىق رامادان غەرب مەدەنىيەت مۇھىتىدا ئۆسۈپ يېتىلگەن بىر مۇسۇلمان مۇتەپەككۇر بولۇش سۈپىتى بىلەن غەربتىكى مۇسۇلمانلارنىڭ مۆتىدىل كىملىك تاللاش خاھىشىنى گەۋدىلەندۇردى. ئۇنىڭغا نىسبەتەن پۈتكۈل مۇسۇلمانلار دۇنياسىنىڭ باھاسى قانداق بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، ئۇنىڭ سىيماسى غەرب دۇنياسىغا نىسبەتەن ئۇنچىلىك يېقىنلىشالمىغان ئەمەس. گەرچە تارىق رامادان مۇسۇلمانلارنىڭ غەربكە «قارشىلىق كۆرسىتىش» ئىستېرىيەسىنى ئەيىبلىسىمۇ، غەربتىكى بىر قىسىم كىشى تەرىپىدىن يەنىلا «خۇپسەن قىياپەتتىكى مۇسۇلمان ئالىم» (Robert Sibley, Paul Berman) دېيىلىدۇ. تارىق رامادانغا ئۆزىمىزچە باھا بېرىش بۇ تېمىمىزنىڭ سىرتىدىكى ئىش. ئەمما،

ئۇ غەرب دۇنياسىدا مۇناسىپ ئورۇن ۋە ئېيتىم ھوقۇقىغا ئېرىشىپ، غەرب مۇسۇلمانلىرىنىڭ ھازىرقى سالاھىيىتى، مەسئۇلىيىتى ۋە كەلگۈسى توغرىسىدا چاقىرىق كۈچىگە ئىگە بايانلارنى يۈرگۈزۈپ كېلىۋاتىدۇ. بىز شۇنداق دېيەلەيمىزكى، كۆچمەن سۈپىتىدىكى غەرب مۇسۇلمانلىرىنىڭ پائالىيەت بوشلۇقى ئۇلارنىڭ ئەسلىي يۇرتىدىكىدىن خېلىلا كەڭ ـ كۇشادە بولغان.

ئەزىزىيە مەسچىتى غەربنىڭ جاھانسازلىق مەدەنىيىتىدىن پەرقلىنىدىغان ئىسلامىي مەدەنىيەت ۋە تۇرمۇشقا بېرىلگەن ئاممىۋى بوشلۇقنىڭ بىر ئىپادىسى سۈپىتىدە سەھىپىمىزدىن بەلگىلىك ئورۇن ئالدى. مۇسۇلمانلار تىرىشىپ قولغا كەلتۈرگەن ئاممىۋى ماكان ۋە سىياسىي ئىمكانلىرى ئارقىلىق ئۆزلىرىنىڭ يۇقىرالىق مەجبۇرىيەتلىرىنى ئەسلىدىكى تۇرمۇش شەكلى ۋە قىممەت قارىشى بويىچە ئۆتىگەن. ئۇلار شۇ ئارقىلىق ئۆزلىرىنى ئىپادىلىگەن، دۆلەتنىڭ پۇقراۋى ئىشلىرىغا پىكىر قاتناشتۇرغان. شۇنداق قىلىپ، بارا ـ بارا ئاممىۋى قاراشلارنىڭ بىر تەركىبلىگۈچىسىگە ئايلانغان. بۇ ھال بىزنىڭ بېرىتانىيە جەمئىيىتىدىكى پۇقراۋى ئىمكانىيەتلەرگە نەزەر ئاغدۇرۇشىمىزنىڭ مۇھىم بىر كۆزنىكى بولالايدۇ.

تېلېۋىزوردا لوندوننىڭ ھاۋا رايىنى ئۇقتۇرغاندا، لوندون مۇنار كۆۋرۈكى (Tower Birdge)نىڭ كۆرۈنۈشىنى بېرىدۇ. بۇنىڭدىن بىز لوندوندىكى تايمس دەرياسىغا مىنگىشىپ تۇرغان مۇنار كۆۋرۈك (1886 ـ يىلى قۇرۇلغان)نىڭ بىر سىمۋول ئىكەنلىكىنى ھېس قىلىمىز. ئەمما، ئەنگلىيە ھۆكۈمەت دائىرىلىرىنىڭ سىياسىي ئىشلىرىدىن ئۇچۇر بېرىلگەندە، ھازىرقى پارلامېنت ئورگىنى بولمىش ۋېستمىنستېر (Westminster) نىڭ سائەت مۇنارى كۆرسىتىلىدۇ. بىزگە ۋېستمىنستېر (Westminster) دىكى ئاشۇ سائەت مۇنارى ئەنگلىيە سىياسىي دائىرىلىرىنىڭ بەلگىسىدەك تۇيغۇ بېرىدۇ. پۇتبول ۋە ئولىمپىك تەنھەرىكىتىنىڭ

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



ساھىپخانىلىق نۆۋىتىنى تالىشىش ھەققىدىكى گەپلەر بولۇنغاندا، ئېكراندىن ھاياجان ئىلكىدە تۇرغان بىر توپ ئاممىنى كۆرىمىز. مۇخبىر ئۇلارنىڭ تۇرغان جايىنى ترافالگار مەيدانى (Trafalgar Square) دەپ چۈشەندۈردى. بىز بۇنىڭدىن ترافالگار مەيدانىنىڭ مەشھۇر ئاممىۋى پائالىيەت ئورنى ئىكەنلىكىنى بايقايمىز. لوندوندا چوڭ ـ كىچىك ئاممىۋى پائالىيەت ئورۇنلىرى ناھايىتى كۆپ. مۇنداقچە ئېيتقاندا، دېموكراتىك دۆلەتنىڭ مۇتلەق كۆپ ساندىكى جايى ئاممىغا مەنسۇپ بولىدۇ، ئاما دۆلەت ئالدىدىكى مەسئۇلىيىتىنى ئۆزىنىڭ شەخسىي ئېتىبارى بىلەن جانلىق بىرلەشتۈرەلەيدىغان ساپانى ھازىرلىغان بولىدۇ. دەل مۇشۇنداق ئۆكتىچى ئاما بولغاچقىلا ئۇ دۆلەت مۇستەھكەم بولىدۇ. لوندون شەھىرىنىڭ مەركىزىدىن ئورۇن ئالغان ترافالگار مەيدانى خەلق ھەر خىل ئاممىۋى يىغىلىش، خاتىرە پائالىيىتى ۋە مۇزىكا كېچىلىكىنى ئۆتكۈزىدىغان ئاممىۋى جاي (Public Space) لارنىڭ ئىچىدىكى بىرقەدەر داڭلىق جاي ھېسابلىنىدۇ. ئەسلىدە بۇ مەيداننىڭ نامى «پادىشاھ ۋىلىيام IV مەيدانى» بولۇپ، ئۇنىڭ «ترافالگار مەيدانى» دېگەن نامغا ئۆزگەرتىلىشىدە ئالاھىدە تارىخىي ئارقا كۆرۈنۈش بار. 1788 ـ يىلى ئەنگلىيە باشچىلىقىدا فىرانسىيەگە قارشى بىر ئىتتىپاق تۈزۈلگەن بولۇپ، ناپولېئون 1799 ـ يىلىدىن ئېتىبارەن بۇ ئىتتىپاقنى پاچاقلاش تەييارلىقىنى باشلايدۇ. ئۇ ئەنگلىيە زېمىنىغا قوشۇن تارتماقچى بولىدۇ. كۇچلۇك ئەنگلىيە دېڭىز ئارمىيەسىنى تىزگىنلەش ئۈچۈن س.ۋىلناف (Silvestre de Villeneuve 1806 ـ 1763)نى فىرانسىيە ۋە ئىسپانىيە بىرلەشمە فىلوتىغا قوماندان قىلىپ تەيىنلەيدۇ. ئىككى تەرەپنىڭ فىلوتلىرى دېڭىزدا خېلى مەزگىل تىركىشىدۇ. ئاخىر 1805 ـ يىلى 21 ـ ئۆكتەبىردە ئىسپانىيەنىڭ ترافالگار (Trafalgar) دېڭىز تۇمشۇقىدا قاتتىق ئۇرۇش باشلىنىپ، بەش سائەت ئەتراپىدا داۋام قىلىدۇ. بىلىملىك ۋە قەيسەر ۋىلنافنىڭ

خاتا قوماندانلىق قىلىشى سەۋەبىدىن فىرانسىيە ـ ئىسپانىيە بىرلەشمە فىلوتى ئۇرۇشتا قاتتىق يېڭىلىپ، غەلىبە ئەنگلىيە دېڭىز ئارمىيەسىنىڭ قوماندانى خوراتىئو نېلسون (Horatio Nelson, 1805 ـ 1758) غا مەنسۇپ بولىدۇ. بىراق، قوماندان نېلسون شۇ ئۇرۇشتا ھاياتىدىن ئايرىلىدۇ. ئۇنىڭ ئۆلۈمىنى ئەنگلىيە ئارمىيەسىنى دەۋر بۆلگۈچ شەرەپ ۋە زەپەرگە ئېرىشتۈرگەن ئۆلۈم دېيىشكە بولاتتى. ئۇ بۇ نۆۋەتلىك دېڭىز ئۇرۇشىدا كونا، قاتمال نەزەرىيەلەرنىڭ ئېزىقتۇرۇشىدىن قۇتۇلۇپ، جانلىق، ئەمەلىي تاكتىكىلارنى قوللانغان. ئۇنىڭ بۇنداق ئىجادكارلىقى ۋە قەھرىمانلىقى، پەۋقۇلئاددە ئۇرۇش سەنئىتى سەلتەنەتلىك تارىخلاردىن ئورۇن ئالغان. ناپولېئون نېلسوننىڭ ئۆلۈم خەۋىرىنى ئاڭلىغاندىن كېيىن، فىرانسىيەنىڭ جەڭ پاراخوتلىرىغا نېلسوننىڭ سۈرىتىنى ئېسىپ، ئەسكەرلەرنىڭ ئۇنى ئۆلگە قىلىشى توغرۇلۇق بۇيرۇق چۈشۈرگەن. كۆپ ساندىكى ئۇيغۇر ئوقۇرمەن ناپولېئوننىڭ رۇسىيە مارشالى مىخائىل كوتوزوف (1745 ـ 1813) تەرىپىدىن يېڭىلگەنلىكىنى بىلىدۇ. كوتوزوفنىڭ ئوبرازى تولستوينىڭ «ئۇرۇش ۋە تىنچلىق» ناملىق يىرىك ھەجىملىك روماندا تەمكىن بىر سالاپەتتە نەزىرىمىزگە چۈشىدۇ. ئەمما، ئۇيغۇر ئوقۇرمەنلىرى ئۈچۈن نېلسون دېگەندەك تونۇش ئەمەس. ئىنگلىزلار نېلسوندىن شۇنىڭ ئۈچۈن پەخىرلىنىدۇكى، ئۇ بىر ئىنگلىز قەھرىمانى بولۇپلا قالماي، ئۇنىڭ ترافالگار ئۇرۇشىدىكى غەلىبىسى ئارقىلىق ئەنگلىيەنىڭ دېڭىز تەۋەسىدىكى ھۆكۈمرانلىق ئورنىنى بەلگىلىگەن. كىم بىلىدۇ، ئەگەر شۇ قېتىملىق ئۇرۇشتا ۋە 1812 ـ يىلىدىكى موسكۋا ئۇرۇشىدا غەلىبە ناپولېئون ئارمىيەسىگە مەنسۇپ بولغان بولسا، ئىنگلىز تىلىنىڭ ئورنىدا فىرانسۇز تىلى دۇنياۋى تەسىر ئالاتتىمىكىن!؟ ناپولېئوننىڭ موسكۋا تالاپىتىدە ئېيتقان «بۈيۈكلۈك بىلەن كۈلكىگە قېلىش ئوتتۇرىسىدا پەقەت بىر قەدەملا پەرق بار» دېگەن

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تورى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يىگانە ئادرېسى



مەشھۇر سۆزى بىزنىڭ مەزكۇر قىياسىمىزغا توغرا كېلىدىغان بىر دارىتما بولسا كېرەك. بىراق، ئاشۇ بىر قەدەم نېمىدىن دېرەك بېرىدۇ؟ تەقدىرنىڭ ئىرادىسىدىنمۇ ياكى؟...

ئەنگلىيە دېڭىز ئارمىيەسىنىڭ قوماندانى نېلسون بۇرۇنقى ئۇرۇشلاردا بىر قولى ۋە بىر كۆزىدىن ئايرىلىدۇ. ئاخىرىدا ئۆزىنىڭ ھاياتىنى تەقدىم قىلىش بەدىلىگە ئەنگلىيەنىڭ بىر ئەسىردىن ئۇزاق داۋاملاشقان دېڭىز ھۆكۈمرانلىقىنى كاپالەتكە ئىگە قىلىدۇ. كېيىن كىشىلەر ئۇنىڭ ترافالگار ئۇرۇشىدىكى غەلىبىسىنى خاتىرىلەش ئۈچۈن ئەسلىدىكى ۋىللىيام IV مەيدانىغا «ترافالگار مەيدانى» دەپ نام بېرىدۇ. بۇ مەيدان بىرنەچچە كوچىنىڭ دوقمۇشىغا جايلاشقان بولۇپ، بەكمۇ چوڭ دېگىلى بولمايتتى، چوڭلۇقى بەلكىم بىزنىڭ ناھىيەلىرىمىزدىكى خەلق مەيدانلىرىنىڭ يەر كۆلىمىگە يەتمەيدۇ. قايسىدۇر بىر شائىر «بايراقنى بايراق قىلغان شېھىتلەرنىڭ قېنى» دېگەندەك، كۆلىمى كىچىك بولسىمۇ ترافالگار مەيدانىنى دۇنياۋى شۆھرەتكە ئىگە قىلغان نەرسە تارىختىكى ئەنگلىيە دېڭىز ئارمىيەسى فىلوتىدىكى تالاي مىللىي قەھرىمانىنىڭ قېنى ئىدى.

كۆز ئالدىمىدىكى ترافالگار مەيدانىدا سوپسۈزۈك بىر فونتان ئۇقچۇپ تۇرىدۇ. كەپتەرلەر ساياھەتچىلەرنىڭ قەدىمىدىن ئۈركۈپ، قاناتلىرىنى قېقىپ قويۇشىدۇ. ساياھەتچىلەر قاڭقىپ يۈرۈشكەن كەپتەرلەر ئارىسىدا خاتىرە سۈرەتكە چۈشۈشىدۇ. مەيدانىنىڭ بىر تەرىپىدە دۆلەتلىك سەنئەت كۆرگەزمىخانىسى بولۇپ، ئۇنىڭ مەيدانغا تۇتاشقان پەلەمپەيلىرىدە بەزىلەر ئولتۇرغىنىچە ئۇسسۇزلۇق ئىچىشمەكتە. مەيدان ئەتراپىدىكى ئورۇندۇقلاردا ياشانغانلار ئاپتاپسىنىپ ئولتۇرۇشىدۇ، ئاشىق - مەشۇقلار كۇسۇرلىشىدۇ. مەيدانىنىڭ بىر تەرىپىدە بېشىنى كۆتۈرۈپ تۇرغان، بىرونزىدىن قاتۇرۇلغان تۆت شىر ھەيكىلى بولۇپ، تۆت شىرنىڭ دائىرىسىدىن 56 مېتىر ئېگىزلىكتىكى بىر تاش مۇنار كۆككە بوي

سوزغانىدى. بۇنى نېلسون تاش مۇنارى دەپ ئاتايدىكەن. تاش مۇنارنىڭ ئۈستىگە نېلسوننىڭ 5.5 مېتىر ئېگىزلىكتىكى تاش ھەيكىلى قوندۇرۇلغانىدى. مۇنارنىڭ ئۇل قىسمى پاراللېل تۆت تەرەپلىك شەكىلدە بولۇپ، ھەربىر تەرىپىگە بىردىن قاپارتما مىس تاختا ئورنىتىلغانىدى. بۇ نېلسوننىڭ ئۆز ھاياتىدىكى تۆت قېتىملىق ھەربىي غەلىبىسىگە بېغىشلانغان. مەلۇم بولۇشىچە، بۇ مىس تاختىلار ئەينى ۋاقىتتا فىرانسىيە ئارمىيەسىدىن ئولجا ئالغان زەمبىرەكلەردىن ئېرىتىپ تەييارلانغانىكەن.

بىزدە تولا ئادەم سىرتقا ساياھەتكە چىققاندا پەقەت مەنزىرە ياكى ماگىزىنلارنى تاماشا قىلىش بىلەن چەكلىنىدۇ. ئەمەلىيەتتە ھەربىر شەھەر ۋە بۇ شەھەردىكى ھەربىر بىنا ھەم ھەربىر كوچا ئۆز ئالدىغا بىر تارىخ. ياخشىسى ساياھەتكە چىقىشتىن ئىلگىرى نىشان قىلىنغان يەرنىڭ تارىخىنى بىر ۋاراقلاپ قويۇش كېرەك، شۇ چاغدىلا بۇ ساياھەتنىڭ تەربىيەۋى ئەھمىيىتى چوڭ بولىدۇ. ئۆز تارىخىدا تالاي نامايىش، تالاي پائالىيەتلەرگە گۇۋاھ بولغان ترافالگار مەيدانىنى يۇقىرىقى تارىخىي ئارقا كۆرۈنۈشتىن مۇستەسنا ھالدا كۆزەتكىنىمىزدە، ئۇنىڭ قىممىتى ھەققىدە ھېچقانداق چۈشەنچىگە ئېرىشەلمەي قالىمىز.

ترافالگار مەيدانى ئىنگلىزلارنىڭ مىللىي غۇرۇرىغا ۋەكىللىك قىلىدۇ. ئۇنىڭ خاتىرە ئەھمىيىتى ئەڭ چوڭ بولغاندا ئىنگلىز مىللەتچىلىكى دائىرىسىدە بولىدۇ، فىرانسۇز مىللەتچىلىكى بىلەن زىتلىشىدۇ.

18 ـ ئەسىردىكى غەربتە دىنىي پىكىر شەكلىنىڭ سۇسلىشىپ بېرىشى بىلەن مىللەتچىلىك ئىدىيەلىرى باش كۆتۈردى. باشتا گويا ئىنسانىيەتكە زور بەخت ئېلىپ كېلىدىغاندەك كۆرۈنگەن بۇ ئىسلاھاتلار ئىنسانىيەتنىڭ بېشىدىكى قايغۇ بىلەن كۈلپەتنى تۈگىتەلمىدى، بەلكى يېڭى بىر كۈلپەتنى ئېلىپ كەلدى ـ دۇنيا مىللەتچىلىك غوۋغالىرى بىلەن تولدى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



مىللىي دۆلەتنىڭ يېقىمدىن ئاپىرىدە بولۇش دولقۇنى بوگۇنمۇ پەسەيگىنى يوق. ھەرقايسى مىللىي دۆلەتنىڭ چوڭ - كىچىك شەھەرلىرى ھەر خىل تىپتىكى مىللىي قەھرىمانلارنىڭ خاتىرىلىرى بىلەن توشۇپ، ئەۋلادلارغا ئۆز مىللىتىدىن پەخىرلىنىشنىڭ چەكسىز تەسەۋۋۇر بوشلۇقىنى ئاتا قىلدى. ئەگەر بۇ مىللىي ئىپتىخار ئەزۋەيلەپ سىستېمىلاشسا ياكى تۈزۈملەشسە شوۋىنىزمنى كەلتۈرۈپ چىقىرىشى مۇمكىن. بۇ ھەقتە دې گولنىڭ مۇنۇ سۆزى تازا لايىقىدا چۈشكەن: «خەلقىمىزنىڭ مۇھەببىتى بىرىنچى ئورۇندا تۇرسا ۋەتەنپەرۋەرلىك بولىدۇ، باشقا ئەللەرگە بولغان ئۆچمەنلىك بىرىنچى ئورۇنغا ئۆتسە مىللەتچىلىك بولىدۇ.»

دۇنيادىكى ھەرقايسى ئەل ئوتتۇرىسىدىكى كۈچ تەڭپۇڭلۇقىنىڭ ئۆزگىرىشى دەۋرنىڭ ئۆزگىرىشىدىن دېرەك بېرىدۇ. ھەرھالدا بۈگۈن تار قورساق پوزىتسىيەنىڭ ھېچكىمگە پايدا ئېلىپ كەلمەيدىغانلىقىنى چۈشىنىپ يەتكەن ئىنسانلار ئاز ئەمەس. مىللىي مەنپەئەتنى تار مىللەتچىلىك كۆزى بىلەن كۆرىدىغانلارنىڭ ئاشكارا بازىرى يوق، ھېچبولمىغاندا ياۋروپادا شۇنداق.

ترافالگار مەيدانىدا زادى قانچىلىك ئاممىۋى پائالىيەت بولۇپ ئۆتتى، بۇنىسى ھازىرچە بىزگە نامەلۇم. ئەمما، كىشىلەر بۇ مەيداندا تۇرۇپ ھۆكۈمەتكە ئوخشىمايدىغان قاراشلىرىنى بىلدۈرىدۇ. ئىراق ۋە ئافغانىستان ئۇرۇشلىرىغا قارشى تالاي قېتىملىق نامايىشقا ترافالگار مەيدانىغا ئوخشاش نۇرغۇن مەيدان گۇۋاھ بولالايدۇ. بۇ مەيدانلار گىراژدانلارغا قالدۇرۇلغان پائالىيەت، سۆز بوشلۇقىنىڭ نامايەندىسى سۈپىتىدە خەلقنى ھاكىمىيەت ئىشلىرىغا دادىل قاتناشتۇرۇشتا ۋاستىلىك رول ئوينايدۇ. گىراژدانلىقنىڭ مۇھىم شەرتلىرىدىن بىرى، دۆلەت ۋە جەمئىيەتنىڭ بارلىق ئىشى توغرىسىدا بىمالال مۇزاكىرە قىلىش

پۇرسىتىگە ئېرىشكەن بولۇش، تالاش - تارتىش ئارقىلىق ئورتاق ئادالەتنى تېپىپ، ئۇنى مىزان قىلىش. ئەركىن تالاش - تارتىش بولمىغان يەردە مەسىلىنى ئادىل ھەل قىلىشتىن گەپ ئاچقىلى بولمايدۇ.

لوندوندا مەنئۇۋى تۇرمۇشۇمنى بېيىتقان يەنە بىر ئورۇن بار، ئۇ بولسىمۇ ھەيدى باغچىسى (Hyde Park). بۇ باغچە مەركىزىي لوندونغا جايلاشقان چوڭ باغچە بولۇپ، ئادەتتە لوندوندىكى خان جەمەتى باغچىلىرىنىڭ بىرى ھېسابلىنىدىكەن. نەچچە ئەسىرلىك تارىخنى باشتىن كەچۈرگەن بۇ باغچە ئۆزىنىڭ بوك - باراقسانلىقى بىلەن كۆڭۈلنى رام قىلاتتى. چوڭ دەرۋازىدىن كىرىش بىلەنلا ئېگىز - قېرى دەرەخلەرنىڭ قۇچاقلىرىدا يىراققا سوزۇلغان تارام - تارام يوللارنى كۆرگىلى بولىدۇ. يوللار گويا دەرەخ شاخلىرى بىلەن يېپىلغان يېشىل كارىدوردەك ئىدى. باغچىدا ئادەملەر شالاڭ، خاتىرە قىممىتىدىكى ھەيكەللەر، مۇنارلار، سۇپىلار باغچىنىڭ تەبىئىي مۇھىتىغا تەسىر كۆرسەتكۇدەك دەرىجىدە كۆپ ئەمەس ئىدى. سانائەتنىڭ بۆشۈكى بولمىش لوندوننىڭ مەركىزىدىكى بۇ يېشىل ۋادا قايسى نۇقتىدىن قارىمايلى يەنىلا تەبىئەتنىڭ بىر بۆلىكى بولالىغانىدى. چوڭ يوللاردىن تارماق يوللار شاخلىنىدۇ، يوللار يوللارغا تۇتىشىدۇ. بەزى دەرەخلەر شاخلىرىنى پەسكە يېيىپ، يامغۇردا پاناھلانغىلى بولغۇدەك دەرىجىدە بىر يېشىل كەپىنى ھاسىل قىلغان. يول بويىدىكى بوش ئورۇندۇقلارغا غازاڭلار تۆكۈلۈپ قالغان. باغچىنى بىسەرەمجان قىلىدىغان كىشىلەر بولمىغاچقا، باغچە گويا ھەربىر سەيياھقا ئۇچچە قالغاندەك تۇيغۇ بېرىدۇ. بەزى يوللار ئۇشتۇمتۇت ھالدا مەيىن چايقىلىپ تۇرغان زۇمرەت كۆللەرگە ئېلىپ بارىدۇ. ئۈزۈپ يۈرگەن سۇ قۇشلىرى يالغۇزلۇقتىن ئىچى پۇشقان ئادەمگە ئوبدانلا ئەرمەك بولالايتتى. سۇدىكى بېلىقلار ۋە قۇشلارنىڭ غەرەزدىن خالىي مۇلايىم كۆزلىرى رىقابەت ۋە خىرىس بىلەن تولغان بۇ دۇنيادىكى ھەقىقىي تەسەللى ئىدى. قۇشلارغا

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى



ئامراقلىقىم كەلگىنىدىن بىرنى تۇتۇۋېلىپ باغرىمغا چىڭ باسقۇم، كۆزلىرىگە كۆزلىرىمنى سۈرتكۈم كېلەتتى. ئەمما، بۇنداق قىلىش شۇ ۋاقىتتىكى ھېسسىياتىمغا مۇناسىپ كەلگىنى بىلەن، قۇشلارغا نىسبەتەن بىر زوراۋانلىق ئىدى. شۇنداق ۋاقىتتا مۇھەببەت بىلەن زوراۋانلىقنىڭ ئارىلىقى بىردەملىكلا مۇساپە بولسا كېرەك، دەيتتىم ئۆزۈمگە. بىركۈنى بىر غاز تۇمشۇقلىرىنى سوزۇپ، ئاغزىنى چاكىلداتتى، بۇ ھال غىرىبلىقتا سۆيۈشنى ئۇنتۇپ كەتكەن ئادەمگە بېرىلگەن ئازابلىق ئىلتىپاتتەك تۇيۇلۇپ كەتتى. ماشا تەبىئەتنىڭ ھىدىنى بەرگەن ھەيدى باغچىسى نازۇك ھېسلىرىمغا قۇچاق ئېچىپ، جەمئىيەتنىڭ ئۆگەيلىشىدىن پەيدا بولغان دىل سۇنۇقۇمغا مەلھەم بولغانىدى. ئاپتاپ چىققان كۈنلەردە بەزى بوۋاي - مومايلار باغچە مۇلازىمەتخانىسىدىن ئارىيەتكە ئالغان قاتلىما ئورۇندۇقلىرىنى يېيىپ ئولتۇرغىنىچە ئۇخلاپ كېتىشەتتى. ئەلۋەتتە، ھەيدى باغچىسى ھەققىدىكى تەسىراتىم ئاران مۇشۇلا ئەمەس ئىدى.

لوندونلۇقلار ھەيدى باغچىسىدا ھەر يەكشەنبە چۈشتىن كېيىن كىشىلەر تەرىپىدىن ئىختىيارىي تەشكىللىنىدىغان ۋائىزلار سۇپىسى (Speaker's Corner) نى ئوبدان بىلىشىدۇ. ۋاقتىم بولسىلا، ھەر يەكشەنبە كۈنى چۈشتىن كېيىن شۇ يەرگە باراتتىم. تۇرغان ئۆيۈمدىن ھەيدى باغچىسىغا ئۇدۇل ئاپىرىدىغان ئاپتوبۇس بار ئىدى. ناشتىدىن كېيىن تازىلىق قىلىپ كىيىملىرىمنى رەتلىۋالاتتىم، ئاندىن قاتنان (ساندۇيچ) تەييارلىۋېلىپ، يولغا چىقاتتىم. باغچىغا يېتىپ بارغاندىن كېيىن بىرەر ئورۇندۇقنى تېپىپ ئولتۇرۇپ چۈشلۈك غىزالىناتتىم - دە، ۋائىزلار بۇرجىكى ۋاقتىنىڭ توشۇشىنى كۈتەتتىم.

ۋاقتىنىڭ توشۇشى بىلەن كىشىلەر تەرەپ - تەرەپتىن يېتىپ كېلىشەتتى، بىردەمدىلا بەش - ئالتە يۈز ئادەم يىغىلاتتى. ۋائىزلار ئورۇندۇق، قاتلىما شوتا قاتارلىق نەرسىلەرنى ئەكېلىشىپ خالىغان يېرىگە قويۇپ مۇنبەر قىلاتتى. ئۇلار ئۆزلىرى

ئېلىپ كېلىشكەن بۇ ھەرىكەتچان مۇنبەرگە چىقىشىپ سۆزلىرىنى باشلايتتى. ئاڭلىغۇچىلار قايسى ۋائىزنىڭ سۆزىنى ياقتۇرسا شۇنىڭ ئالدىدا تۇراتتى. بۇ يەردە مەن ئىنگلىزچىدىكى «Speaker» دېگەن سۆزنى ئۇيغۇرچە «ۋائىز» دەپ ئېلىشنى مۇۋاپىق تاپتىم. ئۇنىڭ مەنىسى «ۋەز ئېيتقۇچى» دېگەن بولىدۇ. ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ مەسىلەكلىرىنى توسقۇنسىز ھالدا سۆزلەيتتى. ۋائىزلارنىڭ بەزىلىرى ياش، بەزىلىرى ياشانغانىدى. بەزى ۋائىزلار خېلىلا جەلپكار بولۇپ، ئاڭلىغۇچىلىرى كۆپ بولاتتى. ئۇلار كىشىلەر كۆڭۈل بۆلىدىغان رېئال، ئىجتىمائىي، سىياسىي مەسىلىلەرنى سۆزلەيتتى. ئۇلارنىڭ سۆزى تەنقىدىي روھقا ئىنتايىن باي بولۇپ، ئەنگلىيە ھۆكۈمىتى يۈرگۈزۈۋاتقان ئىچكى - تاشقى سىياسەتلەرنى قاتتىق ئەيىبلەيتتى. ھېلى بۇشنى، ھېلى بلايېرنى تىلغا ئېلىپ سۆكەتتى. بەزى يۇمۇرىستىك ئىبارىلەر ئاڭلىغۇچىلارنى كۈلدۈرەتتى. ئاڭلىغۇچىلار ئىختىيارسىز چاۋاك چالاتتى. ۋائىزلارنىڭ كۆرۈنۈش جەھەتتە ھېچقانداق ئالاھىدە تەرىپى يوق بولۇپ، كىيىنىشلىرى شۇ قەدەر ئاددىي، ئۇدۇل ئېيتقاندا، ئۇلار ئاددىي ئادەملەر ئارىسىدىن كەلگەنىدى. بەزى ۋائىزلار پەلەستىن مەسىلىسى ئۈستىدە، بەزىلىرى ئافغانىستان مەسىلىسى ئۈستىدە سۆزلەيتتى. تېمىلار شۇنداق كەڭ: سىرى لانكا، كاپىتالىزمنىڭ قاراڭغۇلۇقى، جەمئىيەتنىڭ بىمەنىلىكى، دۇنيادا ھەممىگە باراۋەر مۇئامىلە قىلىدىغان فېدرال ھۆكۈمەت قۇرۇش كېرەكلىكى، خىرىستىيان ۋە ئىسلام مەسىلىلىرى... ئەلۋەتتە، تېمىلار خەلقئارا ۋەزىيەتنىڭ يېڭى يۈزلىنىشى بويىچە ۋۇجۇدقا كەلسە كېرەك. ئۇلار ئۈچۈن ھېچقانداق بىر ئىدىيە چەكلەنگەندەك ئەمەس.

بەزىدە مۇنازىرە قايناپ كېتەتتى، بەزى مۇسۇلمان ياشلار غەربنىڭ زىيانكەشلىكى ئۈستىدىن شىكايەت قىلغاندا، كىمدۇر بىرى (خىرىستىيان بولسا كېرەك) ئۇنىڭغا رەددىيە بېرەتتى ۋە

www.uyghurkitap.com



مۇسۇلمان مەملىكەتلىرىدىكى ھۆكۈمەتلەرنىڭ چىرىكلىكىنى پاش قىلاتتى. بۇ مۇنازىرە شۇنداق قىزىپ كېتەتتىكى، ئاڭلىغۇچىلارمۇ ئىككى تەرەپكە بۆلۈنۈپ پىكىر قاتناشتۇراتتى. لېكىن، ئۇرۇش - جېدەل، تىللىشىش، ھاقارەتلەشلەر يۈز بەرمەيتتى، قانۇن بۇ قىلمىشلارغا يول قويمايتتى. ھەربىر ۋائىزنىڭ بايرىقى ياكى تۇپ شوئارى يېزىلغان تاختىسى بولاتتى. بەزى ۋائىزلار بىرمۇ ئاڭلىغۇچىسى يوق بولسىمۇ سۆزلەيتتى. ئىچىمدە ئۇلارنىڭ ئىرادىسىگە بەكرەك قايىل بولاتتىم. بەزىلىرى ئۆز - ئۆزىگە سۆزلەيتتى. ئۇلارنى بىرئاز نورمال ئەمەستەك ھېس قىلاتتىم. ئېشقىلىپ، بۇ يەردە كىمنىڭ سۆزلىگۈسى بولسا سۆزلەيتتى. ئېيتىلىشىچە، مۇشۇ يەردە سۆزلەپ يۈرۈپ نۇرغۇن سىياسىيون ۋە ناتىق يېتىشىپ چىققانىكەن.

ئىنگلىزچە ئاڭلاش سەۋىيەمنى ئۆستۈرۈش غەرىزىدە بۇ يەرگە كېلىپ، نۇرغۇن پىكىرلىي ھاسىلاتقا ئىگە بولدۇم. ئالدى بىلەن ۋائىزلارغا قىلىنغان شۇ قەدەر كەڭ قورساقلىقتىن ھەيران بولماي تۇرالمىدىم. شەرق ھاكىممۇتلەقلىقى ئەسىرلەردىن بېرى كىشىلەرنى جىم تۇرۇشقا دالالەت قىلىپ كەلگەنىدى. بىزنىڭ تارىختىكى مۇتەپەككۇرلىرىمىزمۇ «پۇت يۇگۈرۈكى ئاشقا، ئېغىز يۇگۈرۈكى باشقا»، «بېشىڭ نەدىن كېتەر، تىلىڭدىن» دەپ ئاگاھلاندۇرۇپ كەلگەنىدى. بىراق، كۆز ئالدىمدىكى نەق مەيدان ئادەتلەنگەن تىلىمنى ئىدارە قىلىش ئىدىيەمگە ھۇجۇم قىلىپ، تامامەن ئۆزگىچە بىر رېئاللىقنىڭ پاكىتىنى ئېتىراپ قىلىشقا مەجبۇر قىلاتتى. مەن ۋائىزلارنىڭ سۆزلىرىدىن سۆزلىگەنگە بۇ جاھانمۇ ئاستىن - ئۈستىن بولۇپ كەتمەيدىكەن - ھە؟ دەپ ئويلىدىم. چۈنكى، بۇ يەردە ھەممە ئادەم سۆزلەيدىكەن، لېكىن ھەربىر سۆزلىگۈچىنىڭ پىكرى مۇتلەق توغرا بولمايدىكەن، بەلكى بىر - بىرىگە قارىمۇقارشى سۆزلەردىن ھەقىقەتنىڭ ئوخشاشمىغان يۈزى ئاشكارا بولۇپ، ھەرقانداق ئىنساني پىكىرنىڭ نىسپىيلىكى

كىشىلەرنى تەنقىدىي پوزىتسىيە تۇتۇشقا ئېلىپ بارىدىكەن. شۇڭلاشقا، بۇ يەردە بىرەر زاتنىڭ سۆزىدىن بوراندەك ئۇچۇپ كېتىدىغان يەڭگىلتەك پۇقرالار كۆپ بولمايدىكەن. زېمىنىنىڭ مەلۇم بىر بۆلىكىدە سوغۇق بولسا، يەنە بىر بۆلىكىدە ئىسسىق بولىدۇ. بىر يەردە شامال چىقسا، يەنە بىر يەردە تۇمان بولىدۇ، يەر شارى ئۆزىنىڭ ئېكولوگىيەسىنى ئەنە شۇنداق ساقلايدۇ. بىر جەمئىيەتنىڭ پىكىر ئېكولوگىيەسىمۇ ھەر خىل پىكىر، ھەتتا قارشى پىكىرلەرنىڭ بىر - بىرىنى تىسپىلەشتۇرۇپ، تەڭپۇڭلۇق ھاسىل قىلىشىدىن كېلىدۇ.

سۇرۇشتۇرسەم ھەيدى باغچىسىدىكى ۋائىزلار سۇپىسى تۇنۇگۇنلا پەيدا بولۇپ قالغان ئەمەس ئىكەن. خان جەمەتى باغچىسى 1637 - يىلى ئېچىلغان بولۇپ، ۋائىزلار سۇپىسى 1700 - يىللاردا شەكىللەنگەنىكەن. ئۇنىڭ ھەيدى باغچىسىدىكى ھازىرقى ئورنى 1851 - يىلى تەسىس قىلىنغانىكەن. پۇقرالارنىڭ تالاي قېتىملىق قوزغىلىڭى، نامايىشى ۋە ئۆكتە قويۇشى نەتىجىسىدە ۋائىزلار سۇپىسى قانۇنلىشىپ، ئۆز نۆۋىتىدە بېرىتانىيە قانۇنلىرىنىڭ قانۇنىي سۈپىتى ۋە ھەقلىقلىقىنى ئىلگىرى سۈرگەنىكەن. ھەيدى باغچىسىنىڭ ۋائىزلار سۇپىسى ئەينى ۋاقىتتا لوندوندا تۇرۇۋاتقان كارل ماركس (1818 ــ 1883)نىڭ قىزىقىشىنى قوزغىغان بولۇپ، ماركسمۇ پىرولېتارىيات سىنىپىنىڭ مەنپەئىتى توغرىسىدىكى بەزى نۇتۇقلىرىنى ئەنە شۇ يەردە سۆزلىگەنىكەن. بۇ يەرگە يەنە لېنىن (1870ــ 1924)، جورجىي ئورۋېل (George Orwell, 1950 - 1903)، كۋامې نكرۇما (Kwame Nkrumah) قاتارلىق نۇرغۇن داھىي ۋە يازغۇچىلار ئاكتىپ ئىشتىراك قىلغانىكەن.

تارىختىن خەۋىرىم بولمىغاچقا، ئالدىمدىكى بۇ ۋائىزلار سۇپىسى ئەنگلىيە تۇپرىقىدا بولۇشقا تېگىشلىك ئاددىي بىر ھادىسە سۈپىتىدە كۆرۈنگەنىدى. ئەمما، ئۇنىڭ تارىخىنى يۇزەكى ۋاراقلاپ كۆرۈۋىدىم، بۇ

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



كىچىككىنە يەر پۇقرالار پىكىر ئەركىنلىكى ۋە دېموكراتىك تۈزۈمنىڭ تىرىك ئۈچىقى بولۇپ چىقتى. تارىخنىڭ ئادىتى شۇكى، يېڭى ئىدىيەلەر ئۆز دەۋرىگە سىغمىغاندا، ئۇ كىشىلەرنىڭ خىيالىغا يەتمىگەن بىر بۇلۇڭدا يوشۇرۇنۇپ تۇرۇشقا مەجبۇر بولىدۇ. بۇ ھال يۇسۇپ ئەلەيھىسسالام بىلەن مۇسا ئەلەيھىسسالامنىڭ تەقدىرىنى ئېسىمىزگە سالىدۇ. بىر تارىخىي دەۋر ئۇنى ئاخىرلاشتۇرغۇچى كۆچكە ھامان ھامىلىدار بولماي قالمايدۇ.

بۇنداق ۋائىزلار سۆپىسى لوندوندىلا بولۇپ قالماي، ئەنگلىيەنىڭ باشقا شەھەرلىرىدىمۇ بار ئىكەن، شۇنداقلا ئاۋستىرالىيە، كانادا، گوللاندىيە، ئىسپانىيە، سىنگاپور، تايلاند قاتارلىق دۆلەتلەردىمۇ بار ئىكەن.

گېرمانىيە پەيلاسوپى يۈرگېن خابېرماس (Jurgen Habermas) ئۆز نەزەرىيەسىدە «ئالاقە ئەقلى» (Communicative Reason) دېگەن بىر ئۇقۇمنى ئوتتۇرىغا قويىدۇ. ئادەتتە تولا ئادەم مۇئەييەن مەسىلە توغرۇلۇق بەس - مۇنازىرە قىلغاندا، ھەرقايسىسى ئۆز پىكىرلىرىنى يورغىلىتىپ، قارشى تەرەپنىڭ پىكىرلىرىنى ھۆرمەت قىلمايدۇ، بەزىدە ئۆزىنى تۇتالماي، قارشى تەرەپكە تىل سالىدۇ، ھەتتا قول سالىدۇ. دىكتاتورلارمۇ ئۆزىگە ياقمايدىغان ھەرقانداق پىكىرنى قوپاللىق بىلەن باستۇرىدۇ. خابېرماسنىڭ قارىشىچە، ئوخشىمىغان پىكىرلەر ئۈستىدىكى تالاش - تارتىشلار ئەقلىي پرىنسىپ ئۈستىگە قۇرۇلسا، ھەممىگە ئورتاق پىكىرنى تېپىپ چىققىلى بولىدۇ. ئەگەر ئاممىۋى سۆزلەشمىگە قاتناشقان ئادەملەردە ئەقلىي ساپا ۋە ئەستايىدىللىق بولسا، (سۆزلەشمە) ۋە مۇنازىرىدە ئورتاق تونۇش ھاسىل قىلالايدۇ. ئەمما، ئوخشىمىغان ئېتىقاد، ئوخشىمىغان مەيدان، ئوخشىمىغان قىممەت قاراشتىكى ئادەملەرنىڭ قىممەت قاراش ۋە مەيدانىغا بېرىپ تاقىلىدىغان مۇنازىرىسىدە ئورتاقلىق ياراتقىلى بولامدۇ؟ بۇنداق ئەھۋالدا، كىشىلەرنىڭ ئوخشىمىغان قىممەت قارىشىنى بىرلىككە

كەلتۈرۈشنىڭ ئورنى يوق، پەقەت ھەربىر تەرەپ بىر - بىرىنىڭ مەۋجۇتلۇقىنى ھۆرمەت قىلسىلا بولىدۇ. ئۇلارنى سېلىشتۇرۇش، ئۆلچەش ۋە دەرىجىگە تۇرغۇزۇش ئارىدا جىددىيلىك پەيدا قىلىدۇ. ئادەتتە قەھۋەخانا، كۇلۇب، ئاممىۋى مەيدان، رېستوران، ئىنتېر تورخانىسى، ئىنتېر تورى، گېزىت - ژۇرنال قاتارلىقلار دائىم پىكىر ئالماشتۇرۇلۇپ تۇرىدىغان ئاممىۋى سورۇن (Public Sphere) بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. بۇ يەر ئادەتتە كىشىلەر جەم بولۇپ، ئاممىۋى ئىشلار توغرىسىدا ئەقلىي - تەنقىدىي تالاش - تارتىش قىلىدىغان سورۇندۇر. بۇ سورۇندا كىشىلەر ئىجتىمائىي مەسىلىلەرنى ئەركىن، سوغۇققان ھالدا مۇزاكىرە قىلىدۇ، بۇ ئارقىلىق دۆلەتنىڭ سىياسىيسىغا تەسىر كۆرسىتىدۇ ۋە سىياسەتنىڭ ئادىللىق ئۈنۈمىنى ئاشۇرىدۇ. شۇڭا، بىر دۆلەتتە بۇنداق سورۇنلارنىڭ كۆپ بولۇشى پۇقرالارنىڭ دۆلەت ئىشلىرىغا ئارىلىشىش ئىمكانىيىتىنىڭ كەڭ ئىكەنلىكىدىن، سەۋىيەسىنىڭ يۇقىرىلىقىدىن دېرەك بېرىدۇ.

ئادەتتە نامراتلىق ئىقتىسادىي كىرىمنى ئۆلچەم قىلىپ چۈشەندۈرۈلىدۇ. «ئىقتىساد ئىلمىنىڭ ۋىجدانى» دەپ تەرىپلىنىدىغان، نوبېل ئىقتىساد مۇكاپاتى ساھىبى ئامارتيا سېن (Amartya Sen) تەرەققىياتنى GDP ياكى ئوتتۇرىچە كىرىم ئارقىلىق ئەمەس، ئەركىنلىك بىلەن ئۆلچەش لازىملىقىنى ئېيتىدۇ. چۈنكى، بىر ئادەمدە يېتەرلىك تەربىيە ئېلىش، ئۆزى قارار چىقىرىش، پۇرسەت تاللاش ھوقۇقى بولۇشى كېرەك. بۇ مەنىدىن ئېيتقاندا، ھەقىقىي نامراتلىق بىر ئادەمنىڭ ئۆزىدە قانداق ئادەم بولۇش، نېمە قىلىش ئۆلچىمىنىڭ بولماسلىقى، شۇنداقلا جەمئىيەت ئىشلىرىغا پىكىر قاتناشتۇرۇش زوقىنىڭ بولماسلىقى، توغرىسىنى ئېيتقاندا، قاتناشتۇرغۇدەك ئىدىيەنىڭ بولماسلىقىدۇر. بۇ مەنىدىن ئېيتقاندا، ئاممىۋى سورۇن ۋە ئاممىۋى مۇنازىرە روھى ئىجتىمائىي پاراۋانلىقنىڭ يەنە بىر يۈزىدۇر.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى



# مەن ئۇيغۇر تىلى ئوقۇتقۇچىسى

پىلىك بوپ ئېشىلدىم، ماي بولۇپ ئاقتىم،
يۇرتۇمنىڭ تاشلاندۇق چىراغلىرىغا.
«ئەلىف» نى تەمتىرەپ يازغان بالىنىڭ
سىڭدىم قۇۋۋەت بولۇپ بارماقلىرىغا.

ــ ئابدۇقادىر جالالىددىن: «مەمتىلى توختىهاجى»

بىرىتانىيە ئۇنىۋېرسىتېتلىرىنىڭ ئىككى نەپەر دوكتورانتىغا ئۇيغۇر تىلى ــ ئانا تىلىمدىن دەرس ئۆتۈپ قېلىشىمنى ھەقىقەتەن ئويلىمىغانىكەنمەن. ئۇلارغا مەن ئۇيغۇر تىلىدىن دەرس ئۆتكەن ئاشۇ كۈنلەر مېنى ئىنتايىن قۇۋاندۇرغان، ئاۋۇندۇرغان، ئانا تىل غۇرۇرۇمنى قاندۇرغان ئۆزگىچە كۈنلەر بولغانىكى، ئۇنتۇپ كېتەلمەيمەن. ئوقۇرمەنلىرىمگە بۇ ھەقتە بىرنەچچە سەھىپە ئىزھارىمنى قالدۇرمىسام كۆڭلۈم ئارام تاپمايدىغاندەك تۇرىدۇ.

لوندون ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ شەرق ۋە ئافرىقا تەتقىقات يۇرتىدىكى مۇزىكىشۇناس راچېل خانىم ئۆزىنىڭ بىر ئوقۇغۇچىسىنىڭ ئۇيغۇر تىلى ئۆگىنىشكە ئېھتىياجى بارلىقىنى ئېيتىپ، مېنىڭ دەرس ئۆتۈپ بەرگۈدەك ۋاقتىمنىڭ بار ـ يوقلۇقىنى سورىغانىدى. مەن ئۆز نۆۋىتىدە ۋاقىت چىقىرىشنىڭ ئىلاجىنى قىلىدىغانلىقىمنى بىلدۈرگەنىدىم. ئارىدا نەچچە ئاي ئۆتۈپ كەتكەچكىمىكىن، راچېل خانىم بىلەن بولۇنغان ئۇ گەپلەرنى يادىمدىن چىقىرىپ قويغانىكەنمەن.

بىركۈنى تېلېفون كەلدى، ئۇ تېلېفون مېنى خۇشال ھەم ھەيران قىلدى.

— ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم ئابدۇلقادىر ئاكە! مەن راچېل خانىمنىڭ ئوقۇغۇچىسى ۋېل بولىمەن.

تېلېفوندىكى ئاۋاز ناھايىتى سالماق بولۇپ، سۆزلەر ئاستا ۋە دانە - دانە ئىدى. شېۋىدىن گويا بىر ئۆزبېك يىگىت بىلەن پاراڭلاشقاندەك تەسىراتقا كېلىپ قالدىم.

ۋېل ماڭا ئۇيغۇر تىلى ئۆگىنىش ئېھتىياجىنىڭ بارلىقىنى، مېنى ئۇنىڭغا راچېل خانىمنىڭ تونۇشتۇرغانلىقىنى، تېلېفون نومۇرۇمنى راچېل خانىمدىن ئالغانلىقىنى ئالدىرىماي سۆزلىدى.

بىز كۆرۈشىدىغان ۋاقىت بىلەن ئورۇننى دېيىشىپ تېلېفوننى قويدۇق.

لوندوننىڭ بىر كوچىسىدا ئىدىم. كۆز ئالدىمدا ئالدىراپ - تېنەپ نەگىدۇر كېتىۋاتقان پىيادىلەر، ماشىنىلارمۇ ئۆز يولىدا، پىيادىلەرمۇ ئۆز يولىدا. ئادەملەر دولقۇنىدا مەن بىر بىگانە. بۇ، قەدەمدە بىر تونۇشلىرىم ئۇچراپ، قىزغىن ئەھۋاللىشىپ ئۆتىدىغان دۆڭكۆۋرۈك كوچىلىرى ئەمەس ئىدى. تېلېفوندىكى ئۆزبېكچە شېۋە خىياللىرىمنى كاشغەر بىلەن تاشكەنتكە ئېلىپ كەتكەندەك بولدى، لېكىن مەن لوندون كوچىلىرىنىڭ بىرىدە تۇرۇۋاتىمەن. شۇ تاپتا خىيالىمدىكى ئانا ماكان مەنزىرىلىرى بىلەن كۆز ئالدىمدىكى لوندون كوچا مەنزىرىسىنىڭ پەرقىنى ئايرىيالماي، گادىرماش ھالەتتە ئېسەنگىرەپ تۇراتتىم. بەلكىم بۇ ئانا تىلنىڭ سېھرىي كۈچى ھەققىدىكى ئاددىي بىر مىسال بولسا كېرەك، بىر ئامېرىكىلىق بالىنىڭ ئاغزىدىن ئاڭلانغان ئۆزبېكچە شېۋە مەنئۇيىتىمگە ئانا يۇرت ھىدىنى باشلاپ كەلگەندەك بولدى - دە، گويا:

ئۆزۈم لوندوندىمەن، ئەمما خىيالىمدا كېزەر قەشقەر،
يەنە ياركەند، بۇخارا، ئەندىجاننىڭ ھەربىرى ئەختەر.

دېگەندەك بىر ھال نامايان بولدى. تىلنى روھىي ۋەتەن دەپ تالاي

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تورى

زىكىر قىلدۇق. شۇنداق ئىكەنلىكىگە كىممۇ گۇمان قىلار!؟
تۇيغۇلىرىم تاتلىق بولغان هالدا پىيادىلەر ئارىسىدا ئۈزۈم بولۇپ ئاقتىم. قەدەملىرىم ئىشەنچلىك ۋە بىمالال ئىدى. «شائىر تىل ئۈچۈن ياشايدۇ» دېگەن شۇ - دە. تىل دېگەن بىر مىللەتنىڭ خۇلقى ۋە تارىخى دېگىنىمىزدە، شائىر ئۇلارنى ئالدى بىلەن ۋىجدانىغا، ئاندىن قەغەزگە پۈتىدۇ.
پۈتۈشكەن ۋاقتىمىز بويىچە ۋېل بىلەن كۆرۈشتۈم. ئۇ كۈنى مەن ئون نەچچە مىنۇت بالدۇر كېلىپ قالدىم. لوندون ئۇنىۋېرسىتېتىدىكى ئاسىيا - ئافرىقا تەتقىقات يۇرتىنىڭ ئۇدۇلىدىكى كىتابخانىدا كىتاب كۆرگەچ ۋېلنى ساقلىدىم. ۋېل ئىككىمىز بۇرۇن كۆرۈشۈپ باقمىغان، بەلگىلەنگەن يەرگە كەلسەكمۇ، دەماللىققا تونۇشۇپ كېتەلمەيتتۇق. مەن كىتاب كۆرگەچ، ئارقا - ئالدىمدىكى ئادەملەرگە سەپسىلىپ تۇردۇم. يىگىرمە مىنۇتلار ئۆتتى، بىرىنى ئىزدەيدىغان تەلەتى بار بىرەرسىنى كۆرگەندەك قىلمىدىم. ئاخىر تېلېفون قىلدىم. كەينىمدىنلا بىر ئاۋاز ئاڭلاندى، ئۆرۈلۈپ قارىسام پاكارغىنە بىر بالا تۇرۇپتۇ.
— ۋېل سىز بولامسىز؟ — دېدىم مەن ئۇنىڭغا.
— سىز ئابدۇقادىر ئاكىمۇ؟ — دېدى ئۇمۇ.
بىر ئامېرىكىلىق بالا بىلەن لوندوندا ئۇچرىشىپ، تۈركىي تىللىنىڭ ئۇيغۇر - ئۆزبېك شېۋىلىرىدە گەپلىشىش ماڭا ناھايىتى تاسادىپىي ھەم قىزىق تۇيۇلدى، مۇشۇنداق نەق پاكىتنى تۇيغۇم دەرھال قوبۇل قىلالمىدى.
بىز كىتابخانىنىڭ سىرتىغا چىقتۇق. مەن ئۇنىڭغا ئىنگلىزچە سۆزلىسەم، ئۇ ئۆزبېكچە جاۋاب بېرەتتى. چەت ئەللىكلەر تىل ئۆگىنىشكە كەلگەندە ئۆزگە ناھايىتى پۇختا بولىدۇ، ھەربىر پۇرسەتنى ئۆزلىرىنىڭ نىشانىدىكى ئۆگىنىشكە توغرىلايدۇ. مەنمۇ ئىمكانقەدەر ئىنگلىزچەمنى جىقراق مەشىق قىلسام دەيتتىم.

ئەمما، ئۆگەتكۈچى بولۇش سۈپىتىم بىلەن پۇرسەتنى ۋېلغا ئۆتۈنۈپ بېرىشىمگە توغرا كەلدى.

ۋېلنىڭ بويى دىقماق بولۇپ، مۇلايىم پارقىراپ تۇرغان كۆپكۆك كۆزلىرى ھەممىدىن بۇرۇن كۆزگە چېلىقاتتى. چۆكۈرۈپ كىيىۋالغان كەپكىسى چوڭ كېلىپ قالغاندەكلا ئىدى. ئۇنىڭ كۆزلىرى كەپكىنىڭ قاسقىنى ئاستىدىن گۆڭگۈرت يالقۇنىدەك يېشىل كۆرۈنەتتى. ئۇنىڭ مايكىسى، چاپىنى، ھەتتا ئايىغىمۇ ئۆزىگە چوڭ كېلىپ قالغاندەك ئىدى. ماش رەڭ ئىشتىنىنىڭ ئېغى يوغان بولۇپ، تىزىغىچە ساڭگىلاپ تۇراتتى. يۇمران سېرىق ساقاللىرى يۈزلىرىنى بىر ئالغان، شۇ تاپتا ئۆزىگە ئېتىبار بەرمەيدىغان بىر بالىنىڭ سىياقى كۆز ئالدىمدا ئىدى. ئۇ ئەتراپقا تامامەن بىپەرۋا ئىدىكى، مۇشۇ مۇھىتتا پەقەت ئۆزىلا باردەك تەسىر بېرەتتى. سورالغان سوئاللارغىمۇ ئېزىلەڭگۈلۈك بىلەن قىسقا جاۋاب بېرىپ، تۆشۈكتەك قاراپ تۇراتتى.

— بىز ئازراق پاراڭلىشايلى، — دېدىم مەن ئۇنىڭغا، — مۇشۇمۇ بىر ئۆگىنىش. سىز ئۇيغۇر تىلىنى قايسى دەرىجىدە ئۆگەنمەكچى؟

ۋېل ئۆزى ھەققىدە سۆزلەپ بەردى. ئۇ ئازراق سۆزلەپ توختاپ قالغاندا، مەن سوئال بىلەن چۇخچىلاپ تۇراتتىم. مەلۇم بولدىكى، ئۇ راچېل خانىمنىڭ دوكتورانت ئوقۇغۇچىسى بولۇپ، ئېتنىك مۇزىكىشۇناسلىق يۆنىلىشى بويىچە ئۆزبېكلەرنىڭ شەش (ئالتە) مۇقامىنى تەتقىق قىلىۋېتىپتۇ. تاشكەنتتە بىر مەزگىل تۇرۇپ ئۆزبېك تىلى ئۆگەنگەنىكەن. ئۇنىڭدىن بۇرۇن ئىرانغا بېرىپ پارس تىلى ئۆگىنىپتۇ، پارسچە كىتابلارنى، ھەتتا قول يازمىلارنى ئوقۇيالايدىكەن. نۆۋەتتە دوكتورلۇق دىسسېرتاتسىيەسىنى يېزىشنىڭ تەييارلىق باسقۇچىدا ئۇيغۇر مۇقاملىرى ھەققىدىكى بەزى زۆرۈر مەلۇماتلارنى بىلىشكە توغرا كەپتۇ. ئۇ ئوتتۇرا ئاسىيا رايونلىرىدىكى خەلقلەرنىڭ مۇزىكىلىرىدىن مۇقامغا ئائىت

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تورى

ئۇچـۇرلارنى كەڭ دائىرىـدە قىـدىرىپ چىقىپتـۇ، ئەزەربەيجـان مۇقـاملىرى ھەققىـدىمۇ ئىزدىنىـپ كۆرۈپتـۇ. ئـۇ ھـازىر 20 ـ ئەسىرنىڭ دەسلىپىدە ئـۆتكەن ئۆزبېك مۇقـامچىلار ۋە سازەندىلەر ھەققىدە ئەينى يىللاردا قالدۇرۇلغان بىر قىسىم رىسالىنى كـۆرۈش بىلەن بىللە، خوتەندە 19 ـ ئەسىردە ياشاپ ئـۆتكەن تارىخشۇناس مـوللا ئىسمەتۇللا بىننى نىمەتـۇللا (مـۇجىزىي) نىـڭ «تەۋارىخى مۇسىـقىيۇن» دېگەن ئەسـىرىنىڭ ھـازىرقى زامـان ئۇيغـۇر تىلـى نەشرىنى ئىنگلىز تىلىغا تەرجىمە قىلىغانىكەن. ئۇنىـڭ مەنـدىن كۈتىـدىغان ئۈمىـدى ئۆزبېكچە رىـسالىلەرنىڭ ئـۇ چۈشـىنەلمىگەن تەرەپلىرىنـى شـەرھلەپ بېـرىش ۋە «تەۋارىخى مۇسـىقىيۇن»نىـڭ ئىنگلىزچە تەرجىمىسىنىڭ توغرا ـ خاتا تەرەپلىرىنى كۆرسىتىپ بېـرىش ئىـكەن. مەن بـۇ ئۈمىـدنى خۇشاللىق بىلەن ئۈستۈمگە ئالدىم. بىزنىڭ بىرىنچى نۆۋەتلىك دەرسىمىز ئۆزئارا چۈشىنىش ۋە مەقسەت ـ پىروگرامىلارنى ئېنىقلاش خاراكتېرلىك سۆھبەتتىن ئىبارەت بولدى.

كېيىن بىز دەرسنى «تەۋارىخى مۇسىقىيۇن» نىڭ ئىنگلىزچە تەرجىمىسىنى قايتا كـۆرۈپ چىقىـشتىن باشـلىدۇق. ۋېـل تېكىستنىڭ ئەسلىنى ئالدىرماي ئوقـۇيتتى. ئـۇ چۈشـىنەلمىگەن ئىبارىلەرنىڭ ئاستىغا قىرىنداش بىـلەن سىـزىپ قويغـان بولـۇپ، مەن ئۇلارنى ئىنگلىزچە ئىزاھلاپ بەردىم. جۈملىلەردىكى ناتونۇش سـۆزلەرنىڭ مەنىسىنى چۈشـەندۈرۈپ بولغانـدىن كېيىن، ۋېلـدىن پۈتـۈن بىـر جۈملىنىـڭ مەزمـۇنىنى قانـداق چۈشـەنگەنلىكىنى سورايتتىم. ۋېل ئاغزاكى ھالـدا ئىنگلىزچە تەرجىمە قىلاتتى. مەنە تولـۇق چىققانـدا ئـۇ جۈملىـدىن خوشلىـشىپ يېڭـى بىـر جـۈملىگە ئۆتـۈش قىلاتتـۇق. بەزى ئۇيغـۇرچە سـۆزلەرنى چۈشەندۈرۈشـتە ئىنگلىـزچە سـۆزلۈكلىرىم يەتـمەي ئـاۋارە بولـۇپ كېتەتـتىم. شـۇ ۋاقىتتـا، مۇپەسـسەل تـۈزۈلگەن «ئۇيغـۇرچە ـ ئىنگلىزچە لۇغەت» نىڭ بولۇشىنى بەكلا ئارزۇ قىلدىم. مىللەتلەر

ئارىلىشىپ ياشاۋاتقان بۇ ھالقىما مەدەنىيەت ئالاقە دەۋرىدە ئۆزىنىڭ مەۋجۇتلۇقىنى ئىپادىلەپ ياشايمەن دەيدىغان خەلقنىڭ دۇنيادىكى تەسىرچان خەلقلەرنىڭ تىللىرى بىلەن بولغان سېلىشتۇرما ئىزاھلىق لۇغەتلەرگە ئىگە بولۇشى ۋە تىلدىكى نازۇك تەرەپلەرنى شۇ تىللاردا دەل ۋە ئېنىق چۈشەندۈرۈپ بېرىشى ناھايىتى مۇھىم ئىدى. گەرچە بىزدە ئۇيغۇرچە ۋە ئىنگلىزچە سېلىشتۇرما لۇغەت بارلىققا كەلگەن بولسىمۇ، كۆلەملەشكەن، ئىشەنچلىك بىرەر لۇغەت تېخى قولىمىزغا چىقمىدى. ئۇ قولىمىزدا بولغان بولسا تىلىمىزنى قائىدىلىك، مەنتىقلىق چۈشەندۈرۈشىمىزگە راۋان يول ئېچىلغان بولاتتى. ۋېلىنىڭ قولىدا ئۆزبېكچە - ئىنگلىزچە بىر لۇغەت بار ئىدى، ئەمما، ئۇ ئانچە چوڭ ئەمەس بولۇپ، بەزى نازۇك ئىبارىلەرنىڭ ئىزاھاتىنىمۇ تاپقىلى بولمايتتى.

ۋېل بەزى سۆزلەرنىڭ مەنىسىنى زىغىرلاپ سورايتتى. مەن ئۇلارنى ئىنگلىزچە چۈشەندۈرۈپ بېرىشكە ئامالسىز قالاتتىم. چۈنكى، مەندە بىر سۆزنىڭ ئوخشىمىغان جۈملە ئۇرانىدىكى تۈسلىرىنى، گىراماتىكىلىق مەنىلىرىنى، ھەربىر ئېھتىماللىققا كېڭەيگەندىكى يوشۇرۇن مەنىلىرىنى تەسۋىرلەپ بەرگۈدەك ئىنگلىزچە سۆز بايلىقى ۋە ئىپادە كۈچى يوق ئىدى. شەيئىلەرنىڭ ئىسىملىرىنى چۈشەندۈرۈش قىيىن ئەمەس، بىراق ئىنسانلارنىڭ ئىچكى دۇنياسىدىكى مۇرەككەپ ئۆزگىرىشلەرنى، مەنىۋى توقۇنۇشلارنى، ئىلاھىي تېۋىنىشلارنى ئىزھار قىلىدىغان سۈپەت، رەۋىش ۋە پېئىللارنى ئىككىنچى بىر مىللەتنىڭ لۇغەت تەركىبى بىلەن تەلتۆكۈس ئىپادىلەپ بېرىش مۇمكىن بولمايدىغان ئىش ئىدى. مەلۇم بىر سۈپەت بايان قىلغۇچىنىڭ ئۆزى بايان قىلىۋاتقان شەيئى بىلەن مەنىۋى ئالاقىسىدىن دېرەك بېرىدۇ، ۋاقتى كەلگەندە ئۇنىڭ سۈپىتىنىڭ ئورنىنى ئىككىنچى بىر بايان قىلغۇچى باسالمايدۇ. بۇ ھال ئىنسانلارنىڭ مېتافىزىك

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com


كەچۈرمىشلىرىنى ئىپادىلەشكە يۈزلەنگەن نازۇك شېئىرلاردا تېپىكلەشكەن هالدا دىققىتىمىزگە چېلىقىدۇ. پەيغەمبەرلەرنىڭ ئىلاهىي ئىلهاملارنىڭ تۇرتكىسىدە ئېيتقان سۆزلىرىنىڭ ئىچىگە كىرىش هەممە ئادەمگە نېسىپ بولۇۋەرمەيدۇ. چۈنكى، ئادەملەرنىڭ ئىلاهىي دۇنيا بىلەن بولغان ئالاقىسى ئوخشاشمىغانلىقى ئۈستىگە، خېلى كۆپ ئادەم ماددىي دۇنيانىڭ يۈزىدە چالا ساۋات پېتى يۈرگەن بولىدۇ. مۇشۇ مەنىدىن ئېيتقاندا، هەربىر تىل قائىدە ۋە مەنە جەهەتتە ئىنسانىي ئورتاقلىقىقا ئىگە بولۇش بىلەن بىر ۋاقىتتا، ئۆز ئالدىغا يېگانىدۇر. بۇ يېگانىلىكنى تەشكىل قىلغۇچى خۇسۇسىيەتلەرنى باشقا بىر تىلنىڭ خۇسۇسىيەتلىرى بىلەن تەسۋىرلەپ بەرگىلى بولمايدۇ. شۇڭا، بىر مىللەتنىڭ بىر پۈتكۈل هاياتىدا ئۇنىڭ يەرلىك تىلىنىڭ ئورنىنى هەرقانداق باشقا بىر تىل تولۇقلاپ بېرەلمەيدۇ. مەن بۇنداق پىكرىي كەچۈرمىشنى بىرەر ئىنگلىزچە ياكى خەنزۇچە ئاتالغۇنى ئۇيغۇرچە هەل قىلىش يۈزىسىدىن لۇغەت ئاختۇرغىنىمدا ياكى شېئىر تەرجىمىسى بىلەن شۇغۇللانغىنىمدا روشەن هېس قىلىپ قالىمەن. لى گوشياڭ (李国香) ئەپەندىنىڭ تەرجىمىسىدىكى نەۋبەتىي، مولla بىلال شېئىرلىرىنى كۆرگەندىمۇ شۇنداق تەسىراتتا بولغانىدىم. دېمەك، هەربىر تىل كۆپ نوپۇسلۇق ياكى ئاز نوپۇسلۇق مىللەتلەرنىڭ تىلى بولۇشىدىن قەتئىينەزەر تەڭدىشى يوق بىر تىلدۇركى، ئۇنى ئىككىنچى بىر تىلنىڭ ئايرىم تەرەپلىرىنى ئۆلچەم قىلىپ باهالىغىلى بولمايدۇ.

چارچىغان چاغلىرىمىزدا ۋېل ئىككىمىز ئازراق سوغۇق ئىچىملىك ئىچەتتۇق. ئۇ هەر هالدا ئوقۇغۇچىلىق مىهرىنى يەتكۈزۈشنى ئۇنتۇپ قالمايتتى. ئۇ مېنىڭ نېمە ئىچىدىغانلىقىمنى سورىۋالغاندىن كېيىن، يېقىن يەردىكى ئاپتوماتىك ئىچىملىك ئېلىش ساندۇقىدىن ئۆزىگە ۋە ماڭا ئىچىملىك ئېلىپ كېلەتتى. پۇل تەڭلىسەم بەزىدە ئالاتتى، بەزىدە ئالمايتتى. بىز تولىراق

لوندون ئۇنىۋېرسىتېتى ئوقۇغۇچىلار ئاشخانىسىنىڭ خىلۋەترەك بىر يېرىنى تاللاپ ئولتۇراتتۇق. ئاشخانا بىر كۈننىڭ ھەممە ۋاقتىدا مۇلازىمەت قىلىدىكەن. ئادەملەر ئانچە كۆپ بولمىسىمۇ ئۈزۈلمەي كىرىپ تۇراتتى. تاتلىق - تۈرۈملار، مېۋە - چېۋە، قەھۋە ۋە چايلار ھەر زامان تەييار ئىدى. شىرە ۋە ئورۇندۇقلار ئۆگىنىش قىلىشقىمۇ ئەپلىك ئىدى.

— ئامېرىكىدىكى ئۆيىڭىزگە بېرىپ تۇرامسىز؟ — دەپ سورىدىم ئۇنىڭدىن.

— يىلدا بىر قېتىم بارىمەن، — دېدى ئۇ، — ئەگەر بارماي قويسام ئاپام مەندىن رەنجىيدۇ. ئاپام ماڭا بەك ئامراق.

— لوندونغا كۆنەلىدىڭىزمۇ؟

— ماڭا ھەممە يەر ئوخشاش. لوندوننىڭ ھاۋاسىنى ئانچە ياقتۇرمايمەن، بولۇپمۇ پۇلۇم ئاز قالغان كۈنلەردە. پۇل بولمىسا لوندون تېخىمۇ زېرىكىشلىك.

— ھەممە يەردە شۇ.

— ئىستانبۇلنى ياقتۇرىمەن. ئىستانبۇل بەك گۈزەل.

— پات - پات بېرىپ تۇرامسىز؟

— بىرەر ھەپتىلىك ۋاقتىم بولسىلا ئىستانبۇلغا كېتىمەن. ئۇ يەردە ئېسىل دوستلىرىم بار.

ئالدىمدىكى ۋىل دۇنيا پۇقراسى ئىدى. ئۇنىڭ پاسپورتىمۇ ھەممە تۆشۈكتىن ئۆتەلەيدۇ. قايسىدۇر بىر دۆلەتكە بېرىش ۋىل ئۈچۈن ئېيتقاندا تۇرپانلىقلارنىڭ ئۈرۈمچىگە كېلىشىگە ئوخشاشلا بىر ئىش ئىدى. ۋىلنىڭ دۆلىتىنىڭ پۇلى، پاسپورتى، گېپى ھەممە يەردە ئۆتىدۇ. ئۇ قانداقلىكى جايغا بېرىپ ئانا تىلىدا سۆزلىسە، چۈشىنىدىغان ئادەم چىقىدۇ، شۇنداقتىمۇ ئۇ پارسچە، ئۆزبېكچە، تۈركچە سۆزلەيدىكەن، بۇ تىللاردىكى ئىلمىي، تارىخىي مىراسلارنى كۆرىدىكەن. ياش جەھەتتە مەندىن ئون نەچچە ياش كىچىك بولغان ۋىل دۇنيانى كۆرۈپ چوڭ بولغانىدى. شۇڭا، ئۇ

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



دۇنيانىڭ يىراق جايلىرىغا سىڭىپ ياشاشنى ئوبدان بىلەتتى.

بىركۈنى ۋىل بىلەن چۈشتىن كېيىنرەك كۆرۈشتۇم. لېكىن، ئۇ كۆرۈشىدىغان يەرگە ئادىتى بويىچە كېلىشكەن ۋاقىتتا كەلمىگەندى. مەنمۇ ۋىلنىڭ بۇنداق ئەزمىلەرچە قىلىقلىرىغا كۆنۈپ قالغاندىم. ۋىلغا تېلېفون قىلىۋىدىم، ئۇ ئۆچرەتتە تۇرۇپ تاماق ئېلىۋاتقانلىقىنى، هازىرلا كېلىدىغانلىقىنى ئېيتتى. لوندون ئۇنىۋېرسىتېتىدىكى SOAS نىڭ ئالدىدا ئۇزۇن بىر ئۆچرەت تۇراتتى، ۋىل شۇ ئۆچرەتتە ئىكەن. ئۆچرەتتە تۇرۇۋاتقانلار لوندون ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ ئوقۇغۇچىلىرى بولۇپ، قىز - ئوغۇللار ئارىلاش ئىدى. ئەسلىدە ئۇلار يېقىن ئەتراپتىكى دىنىي جەمئىيەت تارقاتقان ساخاۋەت تامىقىنى يېمەكچى بولغانلار ئىكەن. دىنىي جەمئىيەت (بۇددا دىنى جەمئىيىتى بولسا كېرەك) هەر هەپتىدە بىر قېتىم ئوقۇغۇچىلارغا هەقسىز تاماق بېرىدىكەن. ئوقۇغۇچىلار بىر - بىرى بىلەن چاقچاق قىلىشىپ، پاراڭ سالغاچ، تېلېفونلىرىنى ئوينىغاچ نۆۋەت ساقلايتتى. ئۆچرەتتە كېلىشكەن، تەنناز قىزلارمۇ ئاز ئەمەس ئىدى. قارىغاندا، ئۇلارمۇ بۇتخانىنىڭ ساخاۋەت تامىقىنى ئېلىپ يېيىشتىن ئارسىنمىغاندەك قىلاتتى. ئۇلار بۇ تاماق ئارقىلىق هېچبولمىغاندا ئىككى - ئۈچ فوندستېرلىڭ پۇلنى تېجەپ قالالايتتى.

ۋىل ئاخىر ئالدىمغا پەيدا بولدى، ئۇ مېنى ساقلاتقىنىغا ئۆزرىخاھلىق ئېيتىۋېتىپ، قەغەز قاچىدىكى تاماقنى تۇتۇش قىلغىلى تۇردى. ئۇنىڭ قولىدىكى تاماق تامامەن گۆشسىز بولۇپ، قارا ئاشلىقتىن ئېتىلگەنىكەن، خېلى مەززىلىك پۇرىدى.

— پۇلىڭىز بار تۇرۇپ ساخاۋەت تامىقى يەيدىكەنسىز، ئاۋۇ ئوقۇغۇچىلارمۇ شۇنداققۇ دەيمەن، — دېدىم مەن.

ۋىل مۇغەمبەرلىك بىلەن كۈلۈپ قويۇپ:

— ئەگەر بۇ تاماقنى بىز يېمىسەك، ئۇلار ساۋابنى نەدىن تاپىدۇ؟ — دېدى.

— سىلەر ئامېرىكىلىقلار ھەممە ئىشتا سودا قىلىسىلەر، سىز بۇ تاماقنى ساۋابقا تېگىشىپسىز — دە؟

— ئۇلار ساۋابقا موھتاج، مەن تاماققا، — دېدى ۋېل كۈلۈپ تۇرۇپ.

ئەمەلىيەتچىلىك (پىراگماتىزم) ئامېرىكىلىقلارنىڭ قىممەت قارىشىنىڭ نېگىزى. ئۇلار ھەممە نەرسىدىن پايدىلىنىشنى بىلىدۇ. مەن كۆرگەن غەربلىكلەر ماڭا مۇنداق تەسىراتنى بەردى: ئەمەلىي قىممىتى بولمىغان نەرسىلەر ئۈچۈن باشقىلار بىلەن زىددىيەتلىشىپ يۈرمەسلىك، بىر ئادەمنىڭ توقسان پىرسەنتلىك كېرەكسىز يېرى بولسىمۇ، ئۇنىڭ ئون پىرسەنتلىك پايدىلىق تەرىپىدىن پايدىلىنىشقا توغرا كەلسە مۇرەسسە قىلىش ۋە ئېرىشىدىغان مەنپەئەتنى ئېلىپ بولغاندىن كېيىن چىرايلىقچە چېكىنىش. بۇ دۇنياغا مەنپەئەتكە ئۇيغۇن ھالدا مۇئامىلە قىلىشنىڭ ئەمەلىي مىساللىرى بولسا كېرەك.

ۋېل مۇزىكىنىڭ كىتابىي بىلىملىرىنى ئۆگىنىش بىلەن چەكلەنمەي، يەنە راۋابمۇ ئۆگىنىدىكەن. مەن ئۇنىڭ تەكلىپى بىلەن ئۆزبېكىستاننىڭ بۈيۈك بىرىتانىيە ۋە شىمالىي ئىرېلاندىيە بىرلەشمە پادىشاھلىقى (ئەنگلىيە)دا تۇرۇشلۇق باش ئەلچىخانىسىدا ئۆتكۈزۈلگەن نورۇزلۇق سەنئەت كېچىلىكىگە داخىل بولدۇم. كارىدورغا ئۇلۇغبەگنىڭ رەسىمى چۈشۈرۈلگەن لەۋھە ئېسىلغان بولۇپ، ئىككى تەرەپتە ئۆزبېكىستاندىن چىقىدىغان بادام، قارا كىشمىش، گۈلە — قاقلار چىرايلىق تىزىپ قويۇلغان. ئوخشىتىپ پىشۇرۇلغان ھەر خىل تاتلىق — تۈرۈم داستىخاننى بېزەپ، كۆڭۈلنى مەھلىيا قىلاتتى. بۇ ئاخشامغا ئۆزبېكىستانغا ئالاقىدار سىياسىي ئەرباپلار، ئالىم — مۇتەخەسسىسلەرمۇ ئىشتىراك قىلغانىدى. ئۇلارنىڭ بەزىلىرى بىلەن تونۇشىدىكەنمەن. ھەممىمىز كىچىك بىر زالدىن ئورۇن ئالدۇق. ئۆزبېك ئەلچى نورۇز خۇسۇسىدا قىسقىچە سۆز قىلغاندىن

ئۇيغۇر كىتاب تورى بىلىكى
www.uyghurkitap.com



كېيىن، كونسېرت باشلاندى. ئۇدۇلدىكى ئېكراندا ئۆزبېكلەرنىڭ نوروز پائالىيىتىگە دائىر گۈزەل كۆرۈنۈشلەر ئالمىشىپ تۇراتتى. ئۆزبېكچە ناخشىلار ۋە ئۇسسۇللار ئۆزبېك ياشلار ۋە چەت ئەللىكلەرنىڭ ھەمكارلىقىدا ئورۇنلاندى. ماھارەتلەر ۋايىغە يېتىپ كەتمىگەن بولسىمۇ نومۇرلار جەلپكار ۋە يېقىشلىق ئىدى. بىر ئازدىن كېيىن ۋىل راۋابنى ئېلىپ سەھنىگە چىقتى. بېشىغا بادام دوپپا، ئۇچىسىغا كانۋا كۆڭلەك كىيىۋالغان ۋىل ئۇيغۇر ياكى ئۆزبېك يىگىتلىرىدىن پەرقسىز بولۇپ قالغانىدى. قىزىل ئەتلەستىن تامبال ۋە كۆڭلەك كىيىپ، بېشىغا دوپپا قوندۇرۇۋالغان بىر قىز داپنى كۆتۈرۈپ چىقىپ ۋىلنىڭ قېشىدىن ئورۇن ئالدى. ۋىل ئۇ قىزنى ماشا ئىتالىيەلىك دەپ تونۇشتۇرغانىدى. ئېگىز ۋە بەستلىك كەلگەن ئىتالىيەلىك قىز ئەتلەسنىڭ ئىچىدە تولغان ئايغا ئوخشاپ قالغانىدى. ئۇنىڭ مۈرىسىگە يېيىلىپ تۇرغان قوڭۇر چاچلىرى ياندىكى دېرىزىدىن كىرگەن شامالدا مەيىن تورۇپ تۇراتتى. بىر ئۆزبېك يىگىت مۇقام ئېيتتى، ۋىل بىلەن ئىتالىيەلىك قىز سازلىرىنى تەڭكەش قىلدى. ئۇلارنىڭ نومۇرى مۇڭلۇق مېلودىيە ئىچىدە كىشىلەرنى ئېغىر سۈكۈتكە غەرق قىلدى. ۋىلنىڭ سەھنىدىكى قىياپىتى بىر سەنئەتچىگە ئانچە ئوخشاپ كەتمىسىمۇ راۋابنى چانمايدىغان دەرىجىدە ياخشى چالدى ۋە گۈلدۈراس ئالقىشلار ئىچىدە سەھنىدىن چۈشتى.

«تەقدىرنىڭ ئاچىلىدا ئىككىلىنىپ تۇرما، قەدىمىڭنى ئال، ئىشىڭنى باشلا!» دېگەن مەزمۇندىكى بىر ئەقلىيە كاللامدىن كەچتى. ۋىل ھەممىدىن ياخشى قىلىدىغانلاردىن بولمىسىمۇ، قىلدى. دېمەك، دەڭسەپلا يۈرمەي قىلىش كېرەك. ئەڭ ياخشىغا شۇنىڭدىلا يەتكىلى بولىدۇ.

ۋىلنىڭ سەۋەبى بىلەن يەنە بىر كونسېرت كېچىلىكىگە قاتنىشىپ قالدىم. ۋىل ئۇ كۈنى بالدۇرراق كېلىشىمنى، بىللە

تاماق يەيدىغانلىقىمىزنى ئېيتتى. ئۇ ئاخشىمى لوندون ئۇنىۋېرسىتېتىدىكى SOAS نىڭ ئۇدۇلىدىكى زالدا ئەزەربەيجان مۇقاملىرى ئورۇنلىنىدىكەن، مۇقامچىلار ئەزەربەيجاندىن تەكلىپ قىلىنغان خەلق مۇقامچىلىرى ئىكەن. بىز دېگەن ۋاقىتتا ئوقۇغۇچىلار ئاشخانىسىدا كۆرۈشتۇق. ۋېل چىرايلىق بىر قىزنى ئەگەشتۈرۈپ كەلگەنىدى. ۋېل مېنى ئۇ قىزغا تونۇشتۇردى، قىز ئازراق ئېگىلىپ ماڭا سالام بەردى. ۋېل ئارقىدىن ئۇ قىزنى ماڭا تونۇشتۇردى.

— سەمىرە، ئىراندىن كەلگەن ئەزەريي (ئەزەربەيجان مىللىتىدىن).

— ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم، — دېدىم مەن قىزغا قاراپ.

— ۋەئەلەيكۇم، — دېدى قىز، — سىز مۇسۇلمانمۇ؟

— شۇنداق، ئۇيغۇر تۈركلىرىدىن بولىمەن، جۇڭگودىن كەلدىم، — دېدىم مەن جاۋابەن.

— كەچۈرۈڭ، مەن ئۆز ئانا تىلىمدا گەپلىشەلمەيمەن.

— سىز ئەزەربەيجانچە پاراڭلىشالامسىز؟ — دەپ سورىدىم ئىشىنەلمەي.

— شۇنداق، ناھايىتى ئەپسۇس، — دېدى قىز.

بىز تاماققا ئولتۇردۇق. سەمىرەگە ئۇيغۇرچە سۆزلەپ سىناق قىلىپ باققان بولسام قانداق ياخشى بولاتتى دېدىم ئىچىمدە. باكۇ ئايروپورتىدا تۇنىگەن ۋاقتىمدا خىزمەتچىلەرگە ئۇيغۇرچە سۆزلەپ ئۇقتۇرالىغانىدىم.

سەمىرە غۇنچە بوي، ئاق سۈزۈك قىز بولۇپ، چاچلىرى ۋە قاشلىرى قاپقارا ئىدى. ئۆسكىلەڭ كىرپىكلىرى قارا كۆزلىرىنىڭ جازىبىسىنى تېخىمۇ ئاشۇرغان، بۈركۈت تۇمشۇقىدەك ئەگمەچ قاشلىرى نىھالدەك يۇمران بۇ قىزنى جەسۇر قىلىپ كۆرسىتەتتى. سارغۇچ چاقماق كوپتا ۋە تۆمۈر رەڭ پادىچى ئىشتان، سېرىق رەڭلىك ساياھەت ئايىغى كىيىۋالغان سەمىرەنىڭ خۇش پىچىمى

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com



مانا مەن دەپ كۆرۈنۈپ تۇراتتى.

سەمىرە پارىسچە ۋە ئىنگلىزچە سۆزلەيدىكەن. ئۇ ماڭا يېقىن كەلگۈسىدە ئەزەربەيجانغا بېرىپ ئازەر تىلى ئۆگىنىدىغان پىلانىنىڭ بارلىقىنى، ئىرانغا قايتىپ كېتىش ئويىنىڭ يوقلۇقىنى ئېيتتى.

— مەن لوندوندىكى ئەزەري قېرىنداشلىرىم بىلەن ئۇچرىشىپ قېلىشتىن خىجىل بولىمەن، — دېدى ئۇ.

— لېكىن بۇ ئۆزىنى پاسسىپ ھالدىكى ئاياش بولىدۇ، — دېدىم مەن.

بىز تاماقنى تېزرەك يەپ، زالدىن ئورۇن ئالدۇق. سەمىرە يېنىمدا ئولتۇردى. سەھنە يورۇدى، زالنىڭ چىرىغى ئۆچتى. مۇقامچىلار — بىرقالۇنچى، بىر داپچى، بىر غەزەلخان سەھنىگە سېلىپ قويۇلغان كۆرپىدە چازا قۇرۇپ ئولتۇرۇشتى، مىكروفون پاكارلىتىلدى. بىر ئايال بۇ ئاخشامنىڭ ئەزەربەيجاندىن تەكلىپ قىلىنغان يەرلىك مۇقامچىلارغا بېرىلگەنلىكىنى، ئۇنىڭ تولىمۇ قىممەتلىك، ئۇنتۇلماس بىر ئاخشام ئىكەنلىكىنى بايان قىلدى ۋە مۇقامچىلارنى قىسقىچە تونۇشتۇرۇپ، سەھنىنى مۇقامچىلارغا بەردى.

غەزەلخان بالا سوزۇپ ئېيتىشقا باشلىدى. زالنىڭ ئىچى جىمىپ كەتتى. بالىنىڭ كۆزلىرى يۇمۇلدى، مۇشتۇملىرى تۈگۈلدى، بالا گويا سەھنىدە ئەمەس، تارىخنىڭ قايىنىمىغا شۇڭغۇپ كەتكەندى. مۇھەببەت ۋە مېھنەتنىڭ دەرد — ئەلەملىرى نەغمىلىرىنىڭ نازاكىتىدىن مەست بولۇپ، تىترىگەن ھالدا ئاشىقلارنىڭ كۆزلىرىدىن دومىلايتتى.

ساقىيا مەي سۇنكى، دامى غەمدۇرۇر ھوشيارلىغ،
مەستلىكتۇر كىم قىلۇر غەم ئەھلىگە غەمخارلىغ.

(ئەي ساقىي شاراب سۇنكى، ھوشيارلىق دېگەن غەم تۇزىقىدۇر، غەم ئەھلىگە سەرخۇشلۇقتىن باشقا غەم يوق.)

ۋار فىكرىن يوق غەمىن چەكمەك نەدۇر بىر جام ئىلە
بىر خەبەر قىلكىم ماڭا بىر ئولا يوقلۇق ۋارلىغ.
(بۇ بار، ئۇ يوق دەپ غەم يېيىشنىڭ ھاجىتى نېمە، بىر قەدەھ بىلەن مېنى خالاس قىلكى، كۆزۈمدە بارلىق بىلەن يوقلۇق بىر بولسۇن.)

ئىنسانلار بۇ دۇنيانىڭ كۆلپەت ۋە غەم - دىشۋارلىرىدىن ساقىت بولۇشنىڭ تۈرلۈك يولىنى ئىزدىدى. شەرق شائىرلىرى ئاشۇ قۇتۇلۇشنىڭ رىتسىپىنى «شاراب» دېگەن مېتافورىغا جەملىدى. لېكىن، «شاراب»نىڭ مەنىسىنى ئىزدەش تېخى ئاخىرلاشقىنى يوق، شۇڭا مۇقاملارنىڭ مۇڭى زامانىمىزغىمۇ ئورتاق.

مەن مۇقام ئاڭلاۋېتىپ فۇزۇلىنىڭ يۇقىرىقى مىسرالىرىنى قايتا مەززە قىلدىم. مۇقام ئويغاتقان كەيپىيات شېئىرنىڭ بالاغىتىنى يېگىمباشتىن بۆلەكچە بىر ئەلپازدا پاش قىلدى. نەق مەيداندا ئورۇنلىنىۋاتقان مۇقام ماڭا تۈركلەرنىڭ ئەسلىي تۇرمۇشىدىكى ئۇدارلارنى بىرقەدەر روشەن ئاڭلاتقاندەك بولدى. بۇ جەھەتتە ئۇ بىزنىڭ دولان مۇقامىغا يېقىندەك تۇيۇلدى.

بىر بۆلۈك مۇقام ئورۇنلانغاندىن كېيىن زالنىڭ چىراغلىرى ياندى، رىياسەتچى ئايال سەھنىگە چىقىپ غەزەلخان بالىنىڭ قارا چاچلىرىنى سىلاپ قويۇپ، مۇنداق دېدى:

- مەن بۇ بالا ئېيتقان مۇقامنى ئاڭلاپ، ئۇنى بىر مۆجىزىمىكىن، دەپ چاچلىرىنى تۇتۇپ باقتىم. ۋاھالەنكى، ئۇ بالىنىڭ چېچى ئادەتتىكى ئادەملەرنىڭ چېچىغا ئوخشايدىكەن. قارىغاندا، بىزگە بۇ مۆجىزىلىك تۇيغۇلارنى ئاتا قىلىۋاتقان نەرسە سەنئەت ئىكەن. سەنئەت ئىنسانلاردىكى مۆجىزىنىڭ بىر ئىپادىسى، بىز ئۇنى تەرجىمانسىزلا چۈشىنىپ يېتەلىدۇق.

www.nurkitap.com ئۇيغۇر كىتابلىرى

زالدا قىزغىن ئالقىشلار ياڭرىدى. چىراغ ئۆچۈپ، مۇقاملارنىڭ يېڭى بۆلىكى باشلاندى.

— تېكىستلىرىنى چۈشىنەلمىدىم، پەقەت مۇزىكىدىنلا زوق ئالالىدىم، — دېدى سەمىرە ماڭا ئارىلىقتا.

— لېكىن، مەن ئاساسەن چۈشەندىم، — دېدىم جاۋابەن.

كېچىلىك ئاخىرلاشقاندا مەن سەمىرەگە:

— بۇ كېچە سىزنىڭ ئانا تىلىڭىزنى تېپىۋېلىشىڭىزغا چوقۇم ئىلھام بېرىدۇ، — دېدىم.

— راستىنىلا ھاياجانلاندىم، — دېدى سەمىرە، — مەن ۋېلىنىڭ ئالدىدا خىجىل بولۇشۇم كېرەك.

بىز خوشلاشتۇق. كەچتە ئاپتوبۇس ئازادە ئىدى. چەترەك بىر ئورۇندا ئولتۇرۇپ خىيالغا چۆكتۈم. ئېسىمگە ئىران شائىرى ئىمران سالىھ (Emran Salahi) كەلدى. مەن ئۇنى 2006 - يىلى كۈزدە ئۈرۈمچىدە كۆرگەنىدىم. شۇ يىلى ئۇ سەككىز دۆلەت شائىرلىرىدىن تەشكىللەنگەن «پامىر شېئىرىيەت سەپىرى» گە قاتنىشىپ، قەشقەر تەرەپلەرگە بېرىپ، ئۈرۈمچىگە قايتىپ كېلىشى ئىكەن. شائىر شىچۈەن (西川) رىياسەتچىلىك قىلغان شېئىرىيەت كېچىلىكىگە پەرھاد ئىلياس، ئەيبۇ ياقۇپ ئۈچىمىز قاتناشقانىدۇق. ئىمران سالىھ تەكلىپ بىلەن شېئىر ئوقۇدى. كەسپىم ئەدەبىيات بولغاچقىمىكىن دۆلەتلەرنى ھامان شۇ دۆلەتلەرنىڭ شائىرلىرى بىلەن باغلاپ تەسەۋۋۇر قىلىدىغان ئادىتىم بار. مىسالەن، گېرمانىيە دېسە ھېيوتى، ئامېرىكا دېسە ۋالت ۋىتمان ئېسىمگە كېلىدۇ. مەلۇمكى، ئىران شائىرلار دۆلىتى، ئىران شائىرلىرىدىن بىۋاستە كۆرگىنىم ئىمران سالىھ بولغاچقىمىكىن، چاچلىرى ئاقارغان، سالماق بۇ پېشقەدەم شائىر كۆز ئالدىمدا جانلاندى. ئىككى يىل ئىلگىرى بىر كىتابتىن ئىمران سالىھنىڭ شېئىرلىرىنى كۆرۈپ قالدىم. ئۇنىڭ شېئىرلىرى نېمىشقىدۇر سەمىرەنى ئېسىمگە سالدى. نېمىشقا

شۇنداق بولىدۇ، شائىر ئىمران بىلەن سەمىرەنىڭ نېمە ئالاقىسى؟ ئىمران شېئىر ئوقۇغان كۈنى ماڭا ئۇنىڭ بىر يەرلىرى تۈركتەك بىلىنىپ كەتتى. ئۇنىڭ شۇ كۈنى ئوقۇغان شېئىرىنىڭ ماۋزۇسى «تۈرك قەھۋەخانىسى» مىكىن دەيمەن، لېكىن خاتىرەم مۇجمەللىشىپ قاپتۇ، ئەيىبۇ ياقۇپ «ئىمراننىڭ ئۇ كۈنى ئوقۇغان شېئىرى ‹قەغەز ئايروپىلان› بولۇشى مۇمكىن. ئىمراننىڭ شەجەرىسى ھەققىدىكى مۇجمەللىكنى يوقىتىش ئۈچۈن توردىن ئىمران ھەققىدە مەلۇمات ئاختۇردۇم. ئىمران ھەققىدە ئىنگلىزچە بىر قىسقىچە بايانىنامە ئۇچراپ قالدى. ئېيتىلىشىچە، ئۇنىڭ ئانىسى روزا باكۇدا تۇغۇلۇپ، كېيىن ئىران تەرەپكە مۇساپىر بولۇپ بارغان ۋە ئىسمىنى «پاناخەندە» (پاناھلىق ئىزدىگۈچى) دەپ ئۆزگەرتكەنىكەن. ئىمراننىڭ دادىسى مۇھىبۇللا ھازىرقى ئىراننىڭ غەربىي شىمالىدىكى نوپۇسى ئاساسەن ئەزەرىيلەر (ئەزەربەيجانلار) دىن بولغان ئەردەبىل (Ardebil) ئۆلكىسىدە تۇغۇلغانىكەن. دېمەك، سەمىرە بىلەن ئىمراننىڭ خىيالىمدىكى باغلىنىشىنىڭ رېئال يىپ ئۇچى تېپىلدى. ئىران تەۋەسىدە تۇغۇلۇپ پارس شېئىرىيىتىدىكى يىرىك شەخسكە ئايلانغان ئىمران بىلەن گۈزەل قىز سەمىرەنىڭ چوڭ ئىجتىمائىي تەقدىرى بىر ئىدى. سەمىرە ئەينى چاغدا ئۆز ئانا تىلىنى بىلمىسىمۇ، بۇ ھەقتىكى ئەپسۇس - نادامەتلىرى ماڭا سەمىمىي تۇيۇلۇپ، ئىچىم ئاچچىق بولغانىدى. ئىمران سالىھىنىڭ مۇنۇ مىسرالىرى بەئەينى سەمىرەگە بېغىشلاپ يېزىلغاندەكلا:

خانىم
سىزنىڭ گەپلىرىڭىز
ئايلاندۇرىدۇ تاشنى سۇغا
باشلاپ بارار ئۇيقۇنى چۈشكە
بالكونلارغا چۈشۈرەر ئايدىڭ.

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تورى

سۆزلىرىڭىزدە ئۇزىسىز بىمالال
بۇلاقتا يالتىرىغان ئاينىڭ گۈلىدەك
سۆزلەيسىز لەرزان ھەم ئەركىن
كۈمۈش رەك كۆلدىكى فونتاندەك.

سۆزلىرىڭىزدىن سۆزىمەن سىزنى
سۆزلىرىڭىزدىن پۈرايمەن سىزنى.

خانىم، سىز
قىسسە شاخلىرى ھەم ياپرىقى ئارا
بەئەينى قۇش بولۇپ قىلىسىز ناۋا.

سىز ئۆچۈرەلەيسىز
باشقا بىر ئاتەشتە ئاتەشلەرنى
بىز ئۇچۇن يوق قىلىسىز ئاپەتلەرنى.

ۋىلغا ئۇيغۇر تىلىدىن دەرس ئۆتۈش داۋامىدا، ئۇنىڭ تۈركچە بىلەن ئىككى قېرىنداش ئەلنىڭ سەنئەت سورۇنىغا قاتناشتىم. شۇ ئىككى قېتىملىق سورۇندا خەلقىمىزنىڭ سەنئەت بايلىقىدىن باشقىچە پەخىرلەندىم، ئۆزىمىز قەدرىگە يېتىشنى بىلىسەك چاقنايدىغان نەرسىلىرىمىز نۇرغۇن ئىكەن، دەپ كۆڭلۈم ئاۋۇندى.
سەمىرەمۇ ئانا بولىدۇ، ئۇ ئەۋلادلىرىغا ئۆز خەلقىنىڭ ئاجايىپ خىسلەتلىرى ۋە ئالاي ئاچچىق قىسمىتىنى نېمىگە تايىنىپ ئېيتىپ بېرىدۇ. ئۇ ئەۋلاد زەنجىرىنىڭ ئۇزۇلگەن بىر ھالقىسى بولۇپ قالارمۇ ياكى ئەۋلاد زەنجىرىنى ئۆز ئانا تىلى بىلەن ئۇلاپ، ھەيۋەتلىك تارىخ مېلودىيەسىنىڭ بىر تەركىبىگە ئايلىنارمۇ؟
سەمىرە بىلەن قايتا ئۇچراشمىدۇق. ئەمما، ئۇ ماڭا يۇقىرىقى

سوئالنى قالدۇردى.

ۋىلمو ئوقۇغۇشىنى پۈتكۈزۈپ دۆلەتكە قايتقان بولۇشى مۇمكىن. ئۇ «تەۋارىخى مۇسىقىيۇن» نىڭ ئىنگلىزچە تەرجىمىسىنى ئېلان قىلدىمۇ ـ يوق، ئۇقۇقلى بولمىدى. ئۇ ماڭا ئادەم ئۆز نىشانى ۋە ھەرىكىتىگە ئىگە بولالىغان يەردە ئۆز ۋاقتىنىڭ خوجايىنى بولالايدىكەن، دېگەن بىر تەسىراتنى ئاتا قىلدى.

مەندىن ئۇيغۇر تىلى ئۆگەنگەن ئىككىنچى ئوقۇغۇچۇم ئانتونىي روس (Anthony Ross) ئىدى. ئۇ كەمبىرىج ئۇنىۋېرسىتېتى پېمبىروك يۇكسەك ئوقۇلى (Pembroke College) دا سوتسىيال ئانتروپولوگىيە (ئىجتىمائىي ئىنسانشۇناسلىق) يۆنىلىشى بويىچە دوكتورلۇقتا ئوقۇۋاتقان جەنۇبىي ئافرىقىلىق يىگىت بولۇپ، تېگى ئىنگلىز ئىدى. ئۇ نېمىشقىدۇر ئۇيغۇرلارنىڭ بۈگۈنكى جەمئىيەتتىكى ئىجتىمائىي مۇناسىۋەتلىرى ۋە قوشنىدارچىلىقى ھەققىدە بىرەر تېمىنى ياقلاشنى ئويلاپ قاپتۇ. ئۇ ئۇيغۇر تىلىدىن باشلانغۇچ مەلۇمات ئېلىش نىيىتىدە كەمبىرىج ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ ئوتتۇرا ئاسىيا تەتقىقات مەركىزىدىكى مۇناسىۋەتلىك خادىملارنى ئىزدىگەنىكەن، ئۇلار مېنى ئىزدىشى كېرەكلىكىنى ئېيتىپتۇ. بىز لوندون ئۇنىۋېرسىتېتىدىكى ئېدمۇندنىڭ ۋاستىسى بىلەن كەمبىرىج ئۇنىۋېرسىتېتىدا كۆرۈشتۇق.

ئېدمۇند ئىككىمىز ئاۋات بىر قەھۋەخانىدا قەھۋە ئىچكەچ روسنى ساقلىدۇق. ھايال ئۆتمەي روسمۇ كەلدى. ئۆزئارا تونۇشتۇق، ھال ـ ئەھۋال سوراشتۇق. روس سېرىق چاچ، قامەتلىك يىگىت بولۇپ، سېرىق تۈك قاپلىغان يۈزى تۈچ رەڭگىدە ئىدى. قاپاقلىرى ئىچىگە تارتىلىپ تۇرغاچقا، قارىماققا ئاچچىقى ياماندەك كۆرۈنەتتى. ئۇ ئىسسىپ كەتكەن بولسا كېرەك،

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تورى



چاپىنىنى سېلىپ ئورۇندۇقنىڭ يۆلەنچۈكىگە ئارتىپ قويدى ۋە تەرلىگەن يۈزىنى قەغەز بىلەن سۈرتتى. تەر باسقان يۈزى قانسىرىتىلمىغان ئۆپكىدەك قىزىرىپ كەتكەنىدى.

ئۇ مەقسىتىنى بىر - بىرلەپ چۈشەندۈردى. روس گەپ قىلغاندا ئەتراپىدىكى مۇھىتنى ئۇنتۇپ كەتكەنىدەك تەسىرات بېرەتتى. ئۇنىڭ ئالدىدىكى قەھۋە سوۋۇپ كەتتى. ئۇ بىزنىڭ ئانا ماكانغا بېرىپ دالا تەكشۈرۈش قىلماقچى ئىكەن، شۇڭا ئۇيغۇر تىلى ئۆگەنمەكچى بوپتۇ. مەن بىرىتانىيە كۇتۇپخانىسىدا كۆرىدىغان ماتېرىياللارنى كۆرۈپ بولغاندىن كېيىن، كەمبىرىجدە تۇرغاچ روسقا ئۇيغۇر تىلىدىن باشلانغۇچ دەرس ئۆتۈپ بەرمەكچى بولدۇم.

شۇنىڭدىن كېيىن روس ماڭا ئانچە - مۇنچە تېلېفون قىلىپ تۇردى. كەمبىرىجدىن لوندونغا كىرگەندە قىز دوستى مىي (密) بىلەن بىللە مېنى ئىزدىدى. مىي ئەسلىدە شاڭخەيدە تۇغۇلغان قىز بولۇپ، ئون ئىككى ياشقا كىرگەندە ئاتا - ئانىسى بىلەن ئاۋستىرالىيەگە كۆچمەن بولۇپ چىقىپ كەتكەنىكەن. ئۇ قىز كەمبىرىج ئۇنىۋېرسىتېتىدا ئەدەبىيات تەتقىق قىلىدىكەن. خەنزۇ تىلى ۋە ئىنگلىز تىلىنىڭ ھەر ئىككىسىدە راۋان ئىكەن. مىي ئون ئىككى يېشىغىچە ئانا تىلىنى ئىگىلەپ، ئۇنىڭدىن كېيىن باشقا تىلنى ئۆگەنگەن بولغاچقا ماڭا ھەقىقىي قوش تىللىق بولۇش سالاھىيىتىنى ھازىرلاشنىڭ تىپىك ئۈلگىسىدەك كۆرۈندى. مىي كالپۇكلىرى توم، ياغاق يۈز، كالتە چاچ قىز ئىدى. ئۇ، ئەركىن پىكىرلىك بولۇپ، كىشىلىك ھوقۇق كومىتېتىنىڭ ئوتتۇرا شەرققە ئائىت بەزى تۈرلىرىگە ھەمكارلاشقۇچى بولۇپ قاتنىشىدىكەن. ئۇنىڭ ئەدەبىيات، قانۇن ۋە سىياسىي ساھەلەردىكى بىلىمى ئەتراپلىق ئىكەن. ئادەتتە ئۇ ئادۋوكاتلىق ئورۇنلىرىدا ياردەمچى بولۇپ، ئۆزىنىڭ خىراجىتىنى قامدايدىكەن.

2007 - يىلى ئاپرېلدا ئامېرىكىنىڭ مىننوسوتا ئىشتاتى كارلېتون يۇكسەك ئوقۇلى (Carleton College)دىكى ئوتتۇرا ئاسىيا تەتقىقاتچىسى ئەدىب خالىد (Adeeb Khalid) كەمبىرىج ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ يەسۇ يۇكسەك ئوقۇلىدا لېكسىيە سۆزلىدى. روس بىلەن يەنە شۇ يەردە كۆرۈشتۇق. ئەدىب خالىد لېكسىيەسىنى تۈگەتكەندىن كېيىن ئۇنىڭغا تونۇشلۇق بەردىم ۋە ئۇنىڭ ئوتتۇرا ئاسىيا جەدىدىزمى توغرىسىدىكى كىتابىدا ئۇيغۇر جەدىدلىرى توغرىسىدىكى مەزمۇنلارنىڭ كەم قالغانلىقىنى ئېيتتىم. ئۇ ماڭا «سىلەر تەرەپتىكى جەدىدلەر توغرىسىدا تۈزۈك بىرنەرسە بىلمەيمەن، ئۇنى تولۇقلاش يەنىلا ئۆزۈڭلارنىڭ زىممىسىدە» دەپ جاۋاب بەردى. ئەدىب خالىد كەمتەر، كىچىك پېئىل ئادەم ئىكەن. شۇ كۈنى سۆھبەت ئۇزۇن داۋاملاشتى بولغاي، لوندونغا قايتىشقا بەك كەچ قالغانىدىم، ئاخىرقى قېتىملىق پويىزمۇ كېتىپ بولغانىدى. روس مېنى ئۆزىنىڭ ياتىقىدا قونۇپ قېلىشقا ئۈندىدى، ئۇ: «مەن باشقا بىر ياتاقتا ئۇخلايمەن، ياتىقىمدا تارتىنماي دەم ئالالايسىز» دەپ ئەسكەرتتى. شۇنداق قىلىپ روسنىڭ ياتىقىدا قونۇپ قالدىم. روسنىڭ ياتىقى كەمبىرىج ئۇنىۋېرسىتېتى قارىمىقىدىكى بىر ئۆينىڭ ئۈچىنچى قەۋىتىدە بولۇپ، خېلى چوڭ ئىدى، ئىككى تامغا يۆلەپ قويۇلغان كىتاب ئىشكاپىدا لىق كىتاب بار ئىدى. تورۇستا يوغان بىر تۆڭلۈك بولۇپ، كىشىگە ئۆگزىدە ياتقاندەك تۇيغۇ بېرەتتى. شۇ ئاخشىمى چارچاپ قالغان ئوخشايمەن، قاتتىق ئۇخلاپ كېتىپتىمەن. ئەتىگەندىلا قوپۇپ كەمبىرىج ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ ئىچىنى ئايلاندىم. ھاۋا ئوچۇق ۋە تازا ئىدى. فىتز ۋىللىيام (Fitz William) مۇزېيىنىڭ ئالدىدىن مېڭىپ پېمبىروكې ئىنستىتۇتى (Pembroke College)، خان جەمەتى ئىنستىتۇتى (King’s College)، تىرىنىتى ئىنستىتۇتى (Trinity College) لارنى ئارىلاپ چىقتىم. ئەتىگەنلىك سۈس تۇمان تىنچ قانالنىڭ سۈيىنى

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تورى



خىيالىي مەنزىرىدەك كۆرسىتەتتى. دەرەخ شاخلىرىنىڭ ئاراچلىرىدىن چۈشكەن قۇياش نۇرى تۇپتۇز دەستىلىرى بىلەن تۇمانلارنى يىرىپ، چىملار ۋە گۈللەرگە باشقىچە جۇلا ئاتا قىلغانىدى. قويۇق دەرەخلىكتىكى پاكىز رەستىلەر گۈلشەنلەر قوچىقىدا سوزۇلۇپ بىرىپ چوڭ كوچىلارغا تۇتىشاتتى. ئەتراپتا ئادەملەر بەك ئاز، گۈللەر ۋە باشقا گىياھلاردىن كىلىۋاتقان پۇراقلار تەبىئەتكە بولغان كۆچلۈك شەيدالىقنى ئويغاتاتتى، ئۇزاقتىن بىرى بۇنداق شەيدالىقنى ئۇنتۇپ كەتكىنىمنى ھېس قىلدىم. مەندە بۇ يەردىكى نەرسىلەرگە بۆلەكچە بىر يىقىنچىلىق تۇيغۇسى پەيدا بولۇپ، ھەربىر مەنزىرە نۇقتىسىدا كۆزۈم قىيمىغاندەك بىرھازا تۇرۇپ كەتتىم. بىر - ئىككى مويسىپىت قېشىمدىن كۈلۈمسىرەپ ئۆتۈپ كىتىشتى. قايسىدۇر بىر كوچىدىن بايرون، ۋوردىسۋورس، نىيۇتونلار چىقىپ كىلىدىغاندەك قاراپ كەتتىم. نوبىل مۇكاپاتى ساھىبىدىن 88 نەپەر ئالىمنى ۋە ئۇنىڭدىن باشقا تالاي تۆھپىكارنى ئىنسانلار جەمئىيىتىگە تەقدىم قىلغان، سەككىز يۈز يىللىق تارىخقا ئىگە، دۇنياۋى شۆھرەتلىك بۇ مۆتىۋەر ئالىي مەكتەپنىڭ ھەممە يىرىدە ئاشۇ ھەيۋەتلىك ئىلىم تاجدارلىرىنىڭ ئىزى يوق دەپ كىممۇ ئىيتالايدۇ؟ بۇ مەكتەپنىڭ كارامىتىنى قىسقىغىنە ۋاقىت تۇرۇپ تونۇپ يىتىش ھەرگىز مۇمكىن ئەمەس ئىدى. يىقىنلا بىر يەردە خان جەمەتى ئىنىستىتۇتى (King’s College) نىڭ قەدىمىي بىنالىرى، يىراقتا چوقچىيىپ كۆرۈنۈپ تۇرغان چىركاۋ مۇنارلىرى ئەتىگەنلىك ئاپتاپتا رىۋايەتتىكى سىرلىق قەلئەلەرنى ئەسلىتەتتى. ئالدىمدىكى رىئال مەنزىرە چىركاۋ بىلەن مەكتەپنىڭ قېرىنداش ئىكەنلىكىگە گۇۋاھ بولۇپ تۇراتتى.

مەن ئاستا مېڭىپ، كىۋىن يۈكسەك ئوقۇلى (Queen’s College) نى ئىككى بۆلەككە ئايرىپ تۇرغان كەمبىرىج دەرياسىغا قوندۇرۇلغان ماتىماتىكىلىق كۆۋرۈككە كىلىپ، ئۇنى ئىنچكە

كۆزىتىپ باقتىم. بۇنىڭدىن بۇرۇن بۇ ئاددىي ياغاچ كۆۋرۈكنىڭ سۈرىتىنى كىتابلاردىن كۆرگەنىدىم. كەمبىرىج ئۇنىۋېرسىتېتىنى چۆشەندۈرىدىغان قوللانمىلاردا ئاشۇ كىچىككىنە كۆۋرۈك گويا بۇ ئالىملار بۆشۈكىنىڭ سىمۋولىدەك كۆرۈنەتتى. ياغاچتىن ياسالغان بۇ ئەگمە كۆۋرۈك قارىماققا ئالاھىدە ئەمەس، شۇنداق ئاددىي. بىراق، بۇ ھەقتە «كۆۋرۈكنى نيۇتون لايىھەلىگەن ۋە ياسىغانىكەن. ھېچقانداق مىخ ۋە بولتىلارنى ئىشلەتمىگەن، ياغاچلارنى كۈچ جەھەتتە بىر - بىرىگە تاياندۇرۇپ، مۇقىم ھالەتكە كەلتۈرگەنىكەن. كېيىنكىلەر چۇۋۇپ بېقىپ ئەسلىگە كەلتۈرەلمىگەنىكەن» دېگەندەك ھېكايىلەر بار ئىدى. ئەمەلىيەتتە، كۆۋرۈك 1749 - يىلى جېمس ئېسكس (James Essex) دېگەن كىشى تەرىپىدىن ياسالغان بولۇپ، نيۇتون ئۆلۈپ 22 يىل بۇرۇن ۋاپات بولغانىكەن. تەخمىنەن 260 يىل بولغان بۇ كۆۋرۈكنىڭ شۆھرىتى مېنى ئويلاندۇراتتى.

كەمبىرىج ئۇنىۋېرسىتېتىدىكى ھەربىر بىنا، ھەربىر يول، ھەربىر چېركاۋ، ھەربىر قەھۋەخانا، ھەربىر ئەسلىھەنىڭ ئىلىم - پەن، مەدەنىيەت تارىخىدىكى بۆسۈشلەرگە ئالاقىدار نىشانلىق كەچۈرمىشى بولغاچقا، كەمبىرىج ئۇنىۋېرسىتېتىنى ئارىلاپ يۈرۈش قەدىمىي، سۈلەتلىك بىر مۇزېينى زىيارەت قىلىش بىلەن ئوخشاش ئىش ئىدى. كەمبىرىج ئۇنىۋېرسىتېتىدىكى ھەربىر يۈكسەك ئوقۇش (College) نىڭ دەرۋازىسىدا يوغان ۋىۋىسكىلارنى كۆرگىلى بولمايتتى، تاملاردا ھەيۋەتلىك شوئارلارمۇ يوق ئىدى. ئېگىز بىنالار، ھەيۋەتلىك مەيدانلارمۇ يوق بولۇپ، كىشىنى ئەيمەندۈرىدىغان، باشقا بىنالاردىن پەرقلىق مەمۇرىي بىنالارنىمۇ كۆرگىلى بولمايتتى. قەشقەر شەھىرىنىڭ ھېيتگاھ، ئوردىئالدى، جانقورغان، چاسا مەھەللىلىرىدىكى تار، ئەگرى - بۈگرى كوچىلارنى ئەسكە سالىدىغان تار كوچىلار تەبىئىي بىر تورنى ھاسىل

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تورى



قىلغانىدى. «كەمبىرىج ئۇنىۋېرسىتېتى» دېگەن غايەت يوغان خەت چۈشۈرۈلگەن ھەيۋەتلىك دەرۋازىمۇ، كىرسە ئادەم تىزىملايدىغان تۇتۇق قاپاق ئىشىك باقارلارمۇ يوق. مەكتەپنىڭ ئوقۇتۇش ۋە تەتقىقات رايونلىرى جەمئىيەت، بازار ۋە تەبىئەت بىلەن ئورگانىك بىرىكىپ كەتكەنىدى. «كەمبىرىج ئۇنىۋېرسىتېتى» دېگەن گەپ ئەمەلىيەتتە تەڭ ھوقۇقلۇق 31 يۈكسەك ئوقۇلنىڭ فېدرال بىرلەشمىسىدىن دېرەك بېرەتتى. ھەربىر يۈكسەك ئوقۇل ئۆز ئالدىغا قارار چىقىرالايدىغان ئاپتونومىيەلىك ھوقۇققا ئىگە ئىدى. ھەربىر ئوقۇل (学院) مۇستەقىل مالىيە ھوقۇقى ۋە مەمۇرىي ھوقۇققا ئىگە بولۇپ، ئىلمىي نۇقتىدىن باشقا ئوقۇللار بىلەن ھەمكارىي بىرلىكنى تۈزىدۇ. يۈكسەك ئوقۇللار كەمبىرىج شەھىرىدىكى ھەرقايسى جايغا ئورۇنلاشقان بولۇپ، رىشاتكا ياكى تام بىلەن قورشىلىپ، نازارەت قىلىنىدىغان قورۇ دېگەن ئۇقۇم مەۋجۇت ئەمەس. مەكتەپكە كىرىشىمىز بىر شەھەرنىڭ ئۆزىگە تەبىئىي كىرىپ كەلگىنىمىز ئىدى.

ئايلىنىپ - ئايلىنىپ خان جەمەتى يۈكسەك ئوقۇلى (King's College) نىڭ ئالدىدىكى چوڭ رەستىگە كېلىپ قاپتىمەن. سۆڭەك رەڭ قەدىمىي بىنالار يارقىن ئاپتاپتا ئىللىق چىراي كۆرۈنەتتى. قىز - يىگىتلەر رەستە بويلىرىدىكى پاكار قاشا تاملاردا ئولتۇرۇپ قەھۋە ئىچىشەتتى، پاراڭلىشاتتى. مەنمۇ بىر دۇكانغا كىرىپ بىر ئىستاكان قېنىق چاي ۋە تاتلىق - تۈرۈم ئېلىپ، يول بويىدىكى بىر تاش ئورۇندۇقتا ئولتۇرۇپ ناشتا قىلدىم. ئىسسىق چاي ۋۇجۇدۇمغا تاراپ، روھلاندۇرغاندەك بولدى. يېقىنىدىكى بىر چېركاۋنىڭ دەرۋازىسى ئالدىدا ئۈچ قىز ئىسكرىپكا چېلىۋاتاتتى، مۇزىكا مەيلىمنى تارتقاندەك بولۇپ، توپقا

يېقىنلاپ باردىم. قىزلار چىرايىدىن قارىغاندا شەرقىي ئاسىيالىق بولسا كېرەك، ئىسكىرىپكىنى ئېڭەكلىرىگە تىرەپ، بېرىلىپ چالماقتا ئىدى. مۇزىكىنىڭ تەسىرىدە، قەبرە ئالدىدا تۇرغان ياش چوكاننىڭ شامالدا لەپىلدەپ تۇرغان باش ياغلىقىنى، يىراق ئاسمان بۇرجىدىكى ئاق بۇلۇتقا ئۇدۇل كەتكەن چىغىر يولنى تەسەۋۋۇر قىلدىم. مۇزىكا ئاخىرلاشقاندا كىشىلەر چاۋاك چالدى، قىزلار كىشىلەر ئارىسىنى ئارىلاپ ۋەرەقىچە تارقاتقىلى تۇردى.

ــ بەك ياخشى چالدىڭلار، ــ دېدىم ئالدىمغا كەلگەن بىر قىزغا، ــ سىلەر ئوقۇغۇچىمۇ؟

ــ رەھمەت، بىز ئوكسفورد ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ ئوقۇغۇچىلىرى، بىز دەم ئالغان ۋاقىتلاردا دىنىي تەرغىبات ئېلىپ بارىمىز، ــ دېدى قىز ماڭا بىر ۋاراق قەغەزنى بېرىپ.

ــ سىلەر جۇڭگودىنمۇ؟ ــ دەپ سورىدىم مەن.

ــ مەن كورېيەلىك، ئاۋۇ قىز جۇڭگودىن بولىدۇ، ــ دېدى قىز.

قولۇمدىكى ۋەرەقىگە قارىسام، ئۇ خىرىستىيان دىنىغا ئائىت ۋەزلەر ئىكەن.

چۈشكىچە ماگىزىن ۋە كىتابخانا ئارىلاپ، چۈش بولغاندا روسقا خوش دەپ، لوندون تامان يول ئالدىم.

بىرەر ئايدىن كېيىن مەن كەمبىرىجدە مۇقىم تۇرۇپ، روسقا ئۆتىدىغان ئۇيغۇر تىلى دەرسىمنى باشلىدىم. مەن پېتىز ۋىللىيام مۇزېيىنىڭ ئۇدۇلىدىكى بىر تار كوچىغا جايلاشقان ئۆينىڭ ئۈچىنچى قەۋىتىدە تۇردۇم. مەن بۇ ئۆيگە كۆچۈپ كىرىشتىن بۇرۇن، قوشنىلارغا مېنىڭ كۆچۈپ كىرىشىم توغرىسىدا ئۇچۇر بېرىۋەتكەنىكەن. ئەمەلىيەتتە، روس مەن كىرگەن شۇ ئۆينىڭ ھۆددىگىرى بولۇپ، ئىجارىگە بېرىش، ئىجارە ھەققىنى يىغىش ئىشلىرىنى كۆتۈرە ئېلىپ، ئارىدىن پايدا ئالىدىكەن. مەندەك ناتونۇش بىر ئادەمنىڭ

www.uyghurkitap.com



تاسادىپىي كۆچۈپ كىرىشىنىڭ باشقىلارنىڭ خاتىرجەملىكىنى بۇزماسلىقى ئۈچۈن، ئۇلارنى ۋاقىپلاندۇرۇپ قويۇش لازىم ئىكەن.

ئەسلىيەلىشىمچە، ئۆيدە بەش خانا بولۇپ، ھەربىرىدە بىردىن ئوقۇغۇچى بار ئىدى، ئولتۇرغۇچىلار ئەر ـ ئايال ئارىلاش ئىكەنمىز، مۇنچا ۋە ئاشخانا ئورتاق ئىشلىتىلەتتى. قوشنىلارنىڭ مېنىڭ كېلىشىمدىن خەۋىرى بولغاچقا، مېنى كۆرگەندە ئوچۇق ـ يورۇق سالام قىلىشتى. بەزىدە مۇنچىدىن چىققان قىزلار چاچلىرى ھۆل ھالدا كارىدوردا ماڭا دوقۇرۇشۇپ قالاتتى ـ دە، ئازراق خىجىل بولغان ھالدا، ئۆزىنى چەتكە ئېلىپ يول بېرەتتى. كۆپ ھاللاردا باشقا ياتاقلاردا ئادەم بار ـ يوقلۇقىنى بىلگىلى بولمايتتى، مۇھىت تولىمۇ تىمتاس ئىدى، بىراۋغا بىراۋ پۈتلىشىدىغان، كاشىلا قىلىدىغان ئىشلار يۈز بېرىپ باقمايتتى. بەزى ئۆيلەرنىڭ ئىشىكلىرى ئېتىلمەيتتى، شۇنداقتىمۇ بىرەرسىنىڭ نەرسە ـ كېرەكلىرىنىڭ يىتىپ كەتكەنلىكى توغرىسىدا بىرەر شىكايەت ئاڭلانمايتتى. روسمۇ ياتىقىغا پۈللىرىنى تاشلاپ قويۇپ يۈرۈۋېرەتتى. مۇنچا كەڭ بىر ئېغىز ئۆي بولۇپ، چىنىدەك پاكىز ئىدى. چاچ سوپۇنلىرى ۋە بەدەن سوپۇنلىرى بىر چەتتە دۆۋە بولۇپ تۇراتتى، ھەر كىم ئۆزىنىڭكىنى تېپىپ ئىشلىتەتتى.

روسنىڭ كەچ يېتىپ، كېيىن قوپىدىغان ئادىتى بار ئىكەن. ئۇ تۇز كۆڭۈل، قولى ئوچۇق، دوستانە، پاراڭخۇمار يىگىت ئىدى. لېكىن، ئۇنىڭ بىرئاز چېچىلاڭغۇ، تەرتىپسىز، ھۇرۇن تەرەپلىرىمۇ بار ئىدى. مەن ئەتىگىنى مەخسۇس كىتاب كۆردۇم، چۈشتە تاماق ئېتىپ يەپ بولغاندىن كېيىن، مەكتەپ ئىچىنى ئايلىنىپ، كۈن چۈشتىن قايرىلغاندا، روس بىلەن كۆرۈشتۇم. مانا بۇ روس بىلەن بولغان ھەمكارلىقتىكى دائىمىي بىر تەرتىپ ئىدى.

بۇنداق ۋاقىتتا، روس بايلا قوپۇپ تاماق يەۋاتقان بولاتتى.

بىز بىر بىناغا باراتتۇق، ئىشىكلەر ئوقۇغۇچىلىق كارتىسىنى تونۇپ ئاپتوماتىك ئېچىلاتتى. دىۋان ۋە يېزىق ئۈستەللىرى سەپلەنگەن بىر زال بولۇپ، ئىچىدە ھەر خىل ئىچىملىكلەر تەل ئىدى. ئازادە، پاكىز، تىنچ بۇ مۇھىت كۆڭۈلدىكىدەك ئۆگىنىش ئۆيى ئىدى. شۇ ئۆيدە تۇنجى دەرسنى باشلىدۇق.

مەن ئالدى بىلەن روسقا ئۇيغۇر تىلىدىكى 32 ھەرپنى ھازىرقى زامان ئۇيغۇر يېزىقى بويىچە يېزىپ، يېنىغا خەلقئارا تىرانسكرىپسىيە يېزىقى بويىچە ھەرپلەرنىڭ ئوقۇلۇشىنى قوشتۇم. ئاندىن ھەربىر ھەرپنى ئايرىم - ئايرىم ئوقۇپ بەردىم، روس ماڭا ئەگىشىپ ئوقۇدى. ئۇ باشقا ھەرپلەرنى تەلەپپۇز قىلىشتا ئانچە قىينالماي كەتمىسىمۇ، ھ، ق، غ ھەرپلىرىگە كەلگەندە قىينىلىپ كېتەتتى. ئۇ بۇ ھەرپلەرنى بىرھازا مەشىق قىلىپ كۆردى، لېكىن تەلەپپۇزى چۇشمەي قالدى. روس قىينىلىپ، تەرلەپ كېتەتتى ۋە دەرھال بىرىپ قەغەز ئىستاكاندا ئىچىملىك ئەكېلىپ ئىچەتتى. بىز تاغدىن - باغدىن پاراڭ قىلىپ، تەنەپپۇس قىلاتتۇق.

مەن روسقا ئۇيغۇرلار جەمئىيىتىدە كۆپ ئىشلىتىلىدىغان جۈملىدىن ئۇننى ئۆگەتتىم. جۈملىلەرنى ھازىرقى زامان ئۇيغۇر يېزىقى بىلەن يېزىپ، ئاستىغا ئۇنىڭ ئوقۇلۇشىنى لاتىن ھەرپى بىلەن ئىزاھلاپ بەردىم.

«ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم»

«ياخشىمۇسىز؟»

«تىنچلىقمۇ؟»

«قەيەرگە بارىسىز؟»

«مەن كۇتۇپخانىغا بارىمەن.»

....

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com





ئاپتور روسقا ئۇيغۇر تىلى ئۆگەتكەندە



ئاپتور ۋېلغا ئۇيغۇر تىلى ئۆگەتكەندە

روسىنىڭ تەلەپپۇزى مېنى كۈلدۈرەتتى. ئۇ جۈملىلەردىكى تاۋۇشلار ۋە بوغۇملارنىڭ مۇناسىۋىتىنى ئايرىيالماي، غەلىتە تاۋۇشلارنى چىقىراتتى ۋە قاملاشتۇرالماي، خۇددى ھوشىنى تاپماقچى بولغاندەك كاللىسىنى سىلكىپ قوياتتى. «چاشقانغا قىيىن، مۈشۈككە ئويۇن» دېگەندەك، روسىنىڭ قىينىلىشى ماڭا ئويۇندەك بىلىنەتتى.

دەرس تۈگىگەندە، روسقا باشتىكى 16 ھەرپنى ئۆگىنىپ كېلىشكە ۋە بايا يېزىپ بەرگەن ئۇ جۈملىنى مەنىسىنى چۈشەنگەن ھالدا يادلاپ كېلىشكە تاپشۇرۇق بەردىم.

روس بۇرۇن تەيۋەنگە ئىنگلىز تىلىدىن دەرس ئۆتكىلى بېرىپ، خەنزۇ تىلى ئۆگىنىپ باققانىكەن. ئۇ شۇ ۋاقىتتا ئۆگەنگەن بىرنەچچە ئېغىز خەنزۇچىسىنى مېنىڭ ئالدىمدا ئىشلىتىپ باقتى.

— مېي غا خەنزۇچە سۆزلەمسىز؟ — دەپ سورىدىم ئۇنىڭدىن.

— ياق، مېي ئىككىمىز ئىنگلىزچە سۆزلىشىمىز، خەنزۇچە سۆزلىسەم بەك قىينىلىپ، مۇھەببەتنىڭ پەيزىنى يوقىتىپ قويىدىكەنمەن، — دېدى.

مەن كۈلۈپ كەتتىم ۋە:

— تېخىچە سۆزلىشىپ يۈردىڭىزمۇ؟ مۇھەببەت ئۈچۈن سۆزلا كېرەكمۇ؟ — دەپ سورىدىم چاقچاق قىلىپ.

— مۇھەببەتتە سۆزۋازلىق مۇھىم. سۆز مەقسەتلەرگە يول ئاچىدۇ، — دېدى روسمۇ كۈلۈپ.

— تىل ئۆگىنىش مۇھىم ئىش، مەنمۇ ئىنگلىزچە سۆزلەيمەن دەپ، تىلىمنى چايناپ يۈرۈۋاتىمەنغۇ، — دېدىم مەن روسقا.

— چوڭ بولغاندا تىل ئۆگىنىش ھەقىقەتەن تەس، — دېدى روس جاۋابەن. ئۇ ماڭا ئاتاقلىق تىلشۇناس ۋە

سىياسىيون نوئام چومىسكىي (Noam Chomsky) نىڭ تىل توغرىسىدىكى نەزەرىيەسىدىن ئازراق سۆزلەپ بەردى. چومىسكىنىڭ قارىشىچە، ئادەمنىڭ مېڭىسىدە تەبىئىي بىر تىل ئۆگىنىدىغان رايون بولۇپ، ئۇ ئىرسىي بولىدۇ ۋە مەخسۇس تىل ئىقتىدارىغا ئىگە بولىدۇ. ھايۋانلاردا ئۇنداق رايون بولمىغاچقا، ئۇلاردا تىل ئۆگىنىدىغان قابىلىيەت بولمايدۇ. بالىلار ئاساسەن ئوخشاش بىر قۇرامدا (مەزگىلدە) تىلى چىقىپ، ئانا تىلدا سۆزلەيدىغان بولىدۇ، بۇ خۇددى ئوخشاش بىر مەزگىلدىن كېيىن، تەبىئىي رەۋىشتە ئايىغى چىقىپ، ماڭالايدىغان بولغاندەك بىر ئىش. شۇڭا، كىشىلەر بالىلارنىڭ پالانى ياشقا كەلگەندە تىلى چىقىدۇ، پوكۇنى ياشقا كەلگەندە ئايىغى چىقىدۇ، دەپ قانۇنىيەتلەشتۈرۈپ تەسۋىرلەشنى بىردەك قوبۇل قىلغان. بالىلاردا تەبىئىي تىل ئەقلى بار بولغاچقا، كېيىنكى ئۆگىنىش مۇھىتى بىردەك بولمىغان ئەھۋال ئاستىدىمۇ، تۆت - بەش ياشلارغا كىرگەندە ھەممىسى دېگۇدەك سۆزلەيدىغان بولۇپ كېتىدۇ. ئۇ خىل ئىقتىدار قۇرۇلمىسىنى چومىسكى «تىل ئىگىلەش قۇرۇلمىسى» (Language Acquisition Device)، قىسقارتىپ (LAD) دەپ ئاتىغان. بالىلار ئۆزلىرىنىڭ يېتىلىش مەزگىلىدىكى تىل مۇھىتىدىن دەسلەپكى ئامىللارنى تەدرىجىي قوبۇل قىلىپ، ئۇ خاراكتېرلىك تىل ئىقتىدارىنى شەكىللەندۈرىدۇ ۋە ئۆزىمۇ سەزمىگەن ھالدا تىلنىڭ ئومۇمىي ئالاھىدىلىكى — ئۇنىۋېرسال گىراماتىكا (Universal Grammar) نى ئىگىلىگەن بولىدۇ، ئۇلار مۇشۇ گىراماتىكىلىق ئىقتىدار قۇرۇلمىسى بويىچە ئانا تىلى توغرىسىدىكى سىستېمىلىق گىراماتىكىلىق بىلىملەرنى ھاسىل قىلىدۇ. بۇ بىلىملەر مۇستەھكەم، ئېنىق، ئىجادىي كۈچكە ئىگە بولۇپ، ۋاقتى كەلگەندە ئىككىنچى، ئۈچىنچى

تىللارنى ئۆگىنىشنىڭ ئىلمىي ئاساسىغا ئايلىنىدۇ. بۇ خىل تىل ئىقتىدارى ئۆگىنىشتىن ئەمەس، پەيدىنپەي ئادەتلىنىشتىن كەلگەچكە، كىشىدە بېسىم ۋە زورلىنىش تۇيغۇسى پەيدا قىلمايدۇ. ئەگەر باللار بىرىنچى تىلنى 10 ~ 12 ياشقىچە ئۆگەنمەي، كېيىنكە قالدۇرسا، ئۇ تىلنى مۇكەممەل ئىشلىتىش ئىقتىدارىنى ھازىرلاش پۇرسىتىدىن مەھرۇم بولغان بولىدۇ.

روسنىڭ چۈشەندۈرۈشلىرىنى ئاڭلاپ، تىل ئۆگىنىش توغرىسىدىكى مۇنداق بىر پىكىر كاللامدا چاقنىدى: زورلاپ ئۆگەنگەن تىل پەقەت يېزىق ھالىتىدىكى ئىنكاس دەرىجىسىدە تۇرۇپ قېلىپ، تۇرمۇش ۋە مەدەنىيەتنى ھېس قىلدۇرالمايدۇ. تۇرمۇش ئىچىدە يېتىلدۈرۈلگەن تىل بىر ئادەمنىڭ خاس تەپەككۇرىغا ئايلىنالايدۇ.

روسقا بېرىلىدىغان ئۇيغۇر تىلى كۈنىگە ئىككى سائەتتىن داۋام قىلدى. بارا - بارا روس بىلەن بىۋاستە ئۇچراشقاندا ياكى تېلېفوندا كۆرۈشكەندە ئۇيغۇر تىلىدا تىنچلىق سوراشنى ئادەت قىلىۋالدۇق. روس بەزى سۆزلەرنى ئويلاپ دېگۈچە مەن ساقلاپ تۇراتتىم ۋە ئۇنىڭ ئۇتۇقلىرىنى تېپىپ مۇئەييەنلەشتۈرۈپ، ئىلھام بېرىپ تۇراتتىم. ئۇيغۇر تۇرمۇشىدا ئەڭ كۆپ قوللىنىلىدىغان تاق سۆزلەرنى تىزىۋېلىپ، روسقا بىر - بىرلەپ ئۆگەتتىم ۋە ئۇنىڭ ئىنگلىزچە مەنىسىنى ئىزاھلاپ بەردىم. مەسىلەن، «رەھمەت»، «تاماق»، «نان»، «ئەر»، «ئايال»، «سوغۇق»، «ئىسسىق»، «دوست»، «ياز»، «قىش»، «ئۇخلاش»، «كۈن»... دېگەنلەردەك. ئاندىن ئۇ سۆزلەرنىڭ تۇرمۇشتىكى ئىشلىتىلىشىنى تۈرلەپ تۇرۇپ جۈملە تۈزۈپ، ئۇ جۈملىلەرنى يادلاتقۇزدۇم. كېيىنچە، روسمۇ ئۇيغۇر تىلى ئۆگىنىشتە تەشەببۇسكار ئورۇنغا ئۆتتى، ئۇ ئىنگلىزچە

ئۇيغۇر كىتاب تورى بەتكۈچى www.uyghurkitap.com

سۆزلۈكلەرنى ئېيتىپ، ئۇنى ئۇيغۇرچە قانداق دەيدىغانلىقىنى سورايدىغان بولدى. ئۇنىڭدا كىشىلىك تۇرمۇشتىكى ھېسسىياتنى ئىزھار قىلىدىغان سۆزلەرمۇ بار ئىدى. شۇنداق قىلىپ، روس ئىككى ئاي ئىچىدە بىر ئۇيغۇر بىلەن ئۇچرىشىپ قالسا، ئۆزىنى ئۇيغۇر تىلىدا تونۇشتۇرالايدىغان، ئۇيغۇر جەمئىيىتىگە بولغان ئىنتىلىشلىرىنى بىر ئاماللار بىلەن بىلدۈرەلەيدىغان ھالەتكە كەلدى.

روسقا ئۇيغۇر تىلى ئۆگەتكەن ۋاقىتلىرىم ئەڭ كۆڭۈللۈك ۋە مەنىلىك چاغلىرىم ئىدى. ئەجدادلىرىم نەچچە مىڭ يىل مابەينىدىكى تارىخ داۋانلىرىدىن ئامان - ئېسەن ھالقىتىپ، قولۇمغا تۇتقۇزغان ئانا تىلىمنىڭ چىرىغىنى ئەنگلىيەنىڭ داڭلىق بىر ئۇنىۋېرسىتېتىدىكى بىر دوكتور ئوقۇغۇچىسىنىڭ قەلب خانىسىغا ئەكىرىپ ياندۇرغىنىم ئۈچۈن ئۆزۈمنى تەلەيلىك ھېس قىلدىم. ئانا تىلنىڭ چىرىغى ئالدى بىلەن قەلبتە يېنىشى كېرەك. قەلبتە يانغان چىراغ ھەرقانداق ئىجتىمائىي بوران - چاپقۇندىمۇ ئۆچمەيدۇ. ئىچىدە تەپەككۇر قىلىپ تۇرغان ئادەمنىڭ قەلبىدىكى ئانا تىل چىرىغى تېخىمۇ نۇرلۇق بولىدۇ. قەلبىدە چىرىغى بار ئادەملەر چىراغ يوق يەرلەردىمۇ تەمتىرىمەي ماڭالايدۇ ۋە تالاي چىراغسىز ئۆيگە چىراغ ياقالايدۇ. قەلبىدە چىرىغى يوق ئادەملەر كۈپكۈندۈزدىمۇ ئۆزىنىڭ قەيەرگە كېتىۋاتقانلىقىنى ئاڭقىرالمايدۇ. قانداقلا بولمىسۇن، نۇرغۇن چىراغ كۆزلەرنى قاماشتۇرۇپ يېنىپ تۇرغان كەمبىرىج ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ بىر ئۆيىدە مەن ئۇيغۇر تىلىنىڭ چىرىغىنى غىل - پال ياندۇرغان بولدۇم.

چەمبەرنى يۇملاق قىلىپ سىزالمىغان ئا Q، ئەۋلادلىرىم يۇملاق سىزىدىغان بولىدۇ، دەپ ئۆزىگە

تەسەللى بەرگەنىكەن. مەنمۇ ئانا تىلىنىڭ چىرىغىنى دۇنيادىكى داڭلىق ئىلىم مەركەزلىرىدە ئەۋلادلىرىم نۇرلۇق قىلىپ ياندۇرىدۇ، دەپ تەسەللى تېپىشىم كېرەكمىدۇ!؟

— سىز كەمبىرىجدە ئۇيغۇر تىلىدىن دەرس ئۆتكەن تۇنجى ئۇيغۇر بولۇپ قالدىڭىز، — دېدى ئېدمۇند بىركۇنى ماڭا.

— مۇبالىغە قىلىپ شۇنداق دېسە بولىدۇ، — دېدىم مەن جاۋابەن، — لېكىن، بۇ ئۆزۈمنى ھاماقەتلەرچە خۇشال قىلىشتىن باشقا نەرسە ئەمەس.

— راست دەۋاتىمەن، — دېدى ئېدمۇند، — سىز كەمبىرىجدە ئۇيغۇر تىلىدىن دەرس ئۆتكەن ئاخىرقى ئۇيغۇر بولۇپ قالمىسىڭىزلا ئەسكە ئېلىشقا ئەرزىيدۇ. لېكىن، سىز ئاخىرقىسى بولۇپ قالسىڭىز، دەرۋەقە، تىلغا ئېلىشقا ئەرزىمەيدىغان ئىش بولىدۇ. كەمبىرىج ئۇنىۋېرسىتېتىدا موڭغۇللار، قازاقلار ۋە ئۆزبېكلەرنى تەتقىق قىلىدىغان مەركىزىي ئاسىيا مۇنبىرى بار، بۇ مۇنبەردە سىلەر بولساڭلارمۇ بولىدىغۇ.

ئېدمۇندنىڭ گېپى مېنى ئويلاندۇرۇپ قويدى. قەھرىمانغا مەيدان، مەيدانغا قەھرىمان بولمىسا بىكار. بىراق، بۇ ئىككىسىدىن قايسىسى بىرلەمچى؟ قەھرىمانمۇ ئۆزىگە مۇناسىپ كېلىدىغان مەيدانغا بىر كۈندىلا ئېرىشمەيدىغۇ، مەسىلە، مەيدان ئىزدەشتە.

كەمبىرىج ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ مەركىزىي ئاسىيا مۇنبىرى (Cambridge Central Asia Forum) نىڭ رەئىسى، پىروفېسسور سىدخارس ساكسېنا (Siddharth Sexena) ماڭا نىسبەتەن ئاكادېمىك ئۈلگە بولالايدىغان يىگىت ئىدى. ئادەتتە ئۇنى مونتۇ (Montu) دەپ چاقىرىشىدىكەن. ئۇ 1971 - يىلى ھىندىستاندا تۇغۇلۇپ، ئوتتۇرا مەكتەپ ۋە ئالىي

مەكتەپلەرنى ئامېرىكىدا تاماملىغانىكەن. ئۇ فىزىكىنى نۇقتىلىق كەسىپ قىلىپ تۇتۇش بىلەن بىللە ئىسلام تارىخىنىمۇ ئۆگىنىپتۇ. دوكتورلۇق ۋە دوكتور ئاشتىلىقنى ئەنگلىيە ۋە گوللاندىيەلەردە تۈگىتىپتۇ. ئۇ فىزىكا ساھەسى، كۆچلۈك تەسىرلەشمە ئېلېكترون (Strongly Correlated Electrons)، دەرىجىدىن تاشقىرى توك ئۆتكۈزۈشچانلىق ۋە ماگنىتىزم (Super Conductivity and Magnetism) قاتارلىق ساھەلەردە تەتقىقات قىلىدىكەن. ئۇ خەلقئارادا ئالدىنقى قاتاردا تۇرىدىغان فىزىكا ئالىمى بولۇش سۈپىتى بىلەن ئىسلام تارىخى، ئىنسانشۇناسلىق تارىخى، ئوتتۇرا ئاسىيا جەمئىيىتىگە ئالاقىدار تەتقىقاتلارنىمۇ قىلىپ، ئالمۇتا، ئاستانە، قەشقەر ۋە ئافغانىستاننىڭ بەزى يەرلىرىگە تەكشۈرۈش بىلەن بارغانىكەن. ئۇنىڭ ئىلىم ئىزدىگەن قەدىمى ئىران، مىسىرلارغىمۇ تۇتاشقانىكەن. ئۇ ئوتتۇرا ئاسىيا ۋە موڭغۇلىيە تەتقىقاتىغا دائىر كۆپلىگەن ئىلمىي جەمئىيەتنىڭ مەسلىھەتچىسى ئىكەن. دېمەك، مونتونىڭ ۋۇجۇدىدا تەبىئىي پەنلەر بىلەن ئىجتىمائىي پەنلەر، قېتىرقىنىپ تەتقىق قىلىش بىلەن ئىجتىمائىي پائالىيەتچانلىق بىرلىشىپ كەتكەن بولۇپ، ئۇنىڭ ئايىغى يەر شارىنىڭ شەرقىي ۋە غەربىي يېرىمىنىڭ ئىقلىملىرىدا ئىز قالدۇرغانىدى. مانا بۇ مېنىڭ نەزىرىمدىكى دۇنياۋى يۇقىرا ئىدى. ھازىرقى ھەۋەس ۋە ئىستەكلىرىم مونتونىڭ ئىلمىي ئوبرازىدا تولۇق ئەكس ئەتكەنىدى. شۇڭا، ئۇنىڭغا ھەۋەسىم كېلەتتى. ئۇ مېنى كەمبىرىج ئۇنىۋېرسىتېتىغا تەكلىپ قىلغان باش ساھىبخانا بولۇش سۈپىتى بىلەن قەلبىمدە تەشەككۇرانە ھېسسىيات ئويغاتقاچقا، مونتونىغا نىسبەتەن مەندە ئىللىق تۇيغۇ يېتىلىپ بولغان. لېكىن، مەن ئۇنىڭ بۇ قەدەر ياش ۋە كىچىك پېئىل ئىكەنلىكىنى

ئويلاپ باقمىغانىكەنمەن. ئۇ ئىلىم سورۇنلىرىدا خۇش چاقچاق، ئايىغى يەڭگىل سالاپەتتە ھەممىگە يېتىشەتتى. ئۇنىڭغا قاراپ، ئىلىمدە كامالەت تاپمىغەن دېگەن ئادەم ئەركىن تاللاش پۇرسىتى بېرىدىغان مۇھىتنى ئىزدەپ تېپىشنى بىلىشى كېرەك ئىكەن، دەپ ئويلىدىم. مونتۇ ئۆزىنىڭ مۇنبىرىنى ئاخىر تاپقانىدى.

روسقا ئۇيغۇر تىلى ئۆگىتىش داۋامىدا ئىنگلىز تىلىدىكى ئېغىزچەم تېز يۈكسەلدى. روس بىلەن پەلسەپە، ئەدەبىيات، دۇنيا ۋەزىيىتى توغرىسىدا كەڭ كۇشادە پاراڭلىشاتتۇق، مېنى روسنىڭ سۆيگىنى مېي بىرنەچچە قېتىم تاماققا چاقىرىۋالدى. ئۇ مېنى شۇبھىلەنمەي يېسۇن، دەپ دېگىز مەھسۇلاتلىرىدىن تائام تەييارلايتتى. ئۇنىڭ داستىخانىدا روسنىڭ باشقا دوستلىرى بىلەنمۇ تونۇشۇپ قالدۇق، ئۇلارمۇ مېنى تاماققا چاقىرىشتى. ئۇلار مەندىن نېمە يەيدىغانلىقىمنى سورىۋېلىپ، خاھىشىمنى ھۆرمەت قىلغان ھالدا كۈتەتتى. ئۇ باللار تۈز كۆڭۈل، مۇڭداشقاق ۋە دوستانە ئىدى، ياردەم تەلەپ قىلسام قىزغىنلىق بىلەن بەجا كەلتۈرۈشەتتى.

روس بۈگۈنكى مەدەنىيەت تەنقىدچىلىرىدىن فرېدرىك جامېسۇن (Fredric Jameson) نى، پەيلاسوپلاردىن سلاۋوج زىزەك (Slavoj Zizek) نى ئالاھىدە ياخشى كۆرەتتى، ياتىقىدا بۇلارنىڭ كىتابلىرىنى ئەتىۋارلاپ ساقلايتتى. گەپلىرىدە ئۇلارنىڭ سۆزلىرىدىن نەقىل ئالاتتى. مەن روسنىڭ تەۋسىيەسى بىلەن زىزەكنىڭ لوندون ئۇنىۋېرسىتېتىدىكى بىر قېتىملىق لېكسىيەسىنى ئاڭلىغانىدىم. يۈزلىرىنى ساقال بېسىپ كەتكەن زىزەك مايكىچان ھالدا لېكسىيەسىنى باشلىغاندا، ئاڭلىغۇچىلار ئۇنىڭ راھەت، ئىختىيارىي سەھنە ئوبرازىدىن سۆيۈنۈپ

ئۇيغۇر كىتاب تورى بىكىتى
www.uyghurkitap.com



كۆلۈپ كېتىشتى. ئۇ خۇددى قولى قىچىشىدىغان ئادەمدەك ھېلى بۇرنىنى سىلاپ، ھېلى مايكىسىنى چىمدىپ تارتىپ، ھېلى مورىسىنى قاشلاپ، تېز - تېز سۆزلەيتتى. سلوۋانىيەلىك بۇ پەيلاسوپنىڭ ئىنگلىزچىسىدە روسچە تەلەپپۇز كۈچلۈكتەك بىلىندى. چۈشىنەلمىگەن جايلارنى روس ماڭا ئاددىي قىلىپ چۈشەندۈرۈپ قويدى. روسنىڭ دېيىشىچە، زىيزەك ياۋروپا ۋە ئامېرىكىدىكى ئون بىر ئۇنىۋېرسىتېتنىڭ تەكلىپلىك پروفېسسورى بولۇپ، جاھان كېزىپ لېكسىيە سۆزلەيدىكەن. مېنىڭ نەزىرىمدە زىيزەكمۇ دۇنيا پۇقراسى ئىدى.

روس يەنە تاغقا چىقىش ھەۋەسكارى ئىدى. ئۇ، دۇنيادىكى خەتەرلىك، ھەيۋەت قارلىق تاغلارنىڭ سۈرەتلىرىنى يىغىپ، ئۇلاردىن زوق ئالىدىكەن. بىر قېتىملىق ھەپتىلىك دەم ئېلىشتا مېني بىلەن ئىككىسى گوللاندىيەگە بېرىپ تاغلارنى ئارىلاپ، تاغ جىرالىرىدا تۈنەپ دەم ئېلىپ كېلىشتى. روس دۇنيادىكى تاغ مەنزىرىلىرىنى سۈرەتتىن كۆرۈپلا قەيەر ئىكەنلىكىنى بىلەتتى. ئۇ، خەتەرلىك ئىشلارغا تەۋەككۇل قىلىش ھەۋەسكە ئىگە ساغلام، قاۋۇل يىگىت ئىدى. روس بىلەن مېني گويا نىكاھلىق ئەر - ئاياللاردەك چىقىشىپ كەتكەنىدى. مەن مېىنىڭ تەۋسىيەسى بىلەن ئەنگلىيە يازغۇچىسى جورجىي ئورۋېل (George Orwell) نى باشقىدىن تونۇدۇم. س. ئا. بايلىي (C.A.Bayly) نىڭ «ھازىرقى زامان دۇنياسىنىڭ بارلىققا كېلىشى» (The Birth Of Modern World) دېگەن كىتابىنى كۆرۈپ چىقتىم.

روس مېنى زىيرىكىپ قالمىسۇن دەپ كەمبىرىج ئۇنىۋېرسىتېتىدىكى مەدەنىيەت پائالىيەتلىرىگە ئاپىراتتى. ئوقۇغۇچىلار بىلەن تاماق يەپ بېقىشنىڭ دەپ مەكتەپ

ئاشخانىسىغا ئېلىپ چىقىپ، ساۋاقداشلىرى بىلەن ئورتاقلاشتۇراتتى. ئۆزىنىڭ ۋاقتى يەتمىسە، مېنى ساۋاقداشلىرىغا تاپشۇرۇپ قوياتتى. فىرانسۇز قىز سونيە، شوتلاندىيەلىك قىز كېيسىلار بىلەن چاي ئىچكەچ پاراڭلىرىغا داخىل بولدۇم. روس مېنى يەنە كەمبىرىج قانىلىدا قولۋاق سەيلىسى قىلدۇردى.

روس ئۆز ئوقۇشىنىڭ تەرتىپى بويىچە بىر يىللىق جەمئىيەت تەكشۈرۈشنى پىلانلىدى. ئۇ ماڭا ئۇيغۇرچە ئۆگىنىش بىلەن خەنزۇچىنىمۇ ئۆگەنگىسى بارلىقىنى ئېيتىپ، بۇنىڭغا قايسى مەكتەپنىڭ مۇۋاپىق كېلىدىغانلىقىنى سورىدى، مەن ئۇنىڭغا شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتىنى تەۋسىيە قىلدىم ۋە ئۇرۇمچىنىڭ ئىجتىمائىي ئىنسانشۇناسلىق قاتلىمىنى چۈشەندۈردۈم. روس تەۋسىيەمنى قوبۇل قىلدى ۋە 2007 ـ يىلى ئاۋغۇستتا ئۈرۈمچىگە يول ئالدى. مەن سىنتەبىرنىڭ ئاخىرلىرىدا ئەنگلىيەدىن ۋەتەنگە قايتتىم. روس بىلەن ۋەتەندىكى مۇلاقەتلىرىمىز باشلاندى. روس ھەپتە ئاخىرلىرىدا تاغ ـ دالىلارغا چىقىپ كېتەتتى. ئۇ تەبىئەت ۋە جەمئىيىتىمىز ھەققىدىكى كۆرگەن ـ بىلگەنلىرىنى ماڭا سۆزلەپ بېرەتتى. نىياز كېرىم تۇپەئاتانىڭ يەر ناملىرى توغرىسىدىكى كىتابىنى ماڭا كۆرسىتىپ، ئۇ كىتابنىڭ قىممىتىنى يۇقىرى باھالايتتى. ئۇ كىتابتا قەيت قىلىنغان يەر ناملىرى ۋە كوچا ناملىرىنى ئىزدىتىلاپ، ئۈرۈمچىنىڭ كونا كوچىلىرىنى ئارىلاپ چىقتى ۋە ئۇنى ھازىرقى خەرىتە بىلەن سېلىشتۇرۇپ، خاتىرە يازدى.

روس بارا ـ بارا ئۈرۈمچىدىكى ئادىمىيەت مۇھىتىمىزدىن قاقشايدىغان ۋە رەنجىيدىغان بولۇپ كەتتى. ئۇ دۆڭكۆۋرۈك ۋە بولاقبېشى تەرەپلەردە تۆت قېتىم يانفونىنى ئوغرىغا

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تورى


بەردى. ئۇ بۇ ھەقتە ماڭا شىكايەت قىلغاندا، مەنمۇ لوندوندا بىر قېتىم يامغۇرلۇقۇمنى ئوغرىغا بەرگەنلىكىمنى ئەسكەرتتىم ۋە ئۆزۈڭگە پۇختا بولمىساڭ ھەممە يەردە ئوغرى بار، دېدىم. ئۇ بىزنىڭ جامائەت قاتلىمىمىزنىڭ ئادىمىيەت ساپاسىدىن رازى بولمىدى. بىر قېتىم ئۇ مۇنداق بىر ئىشنى يۈزۈمگە سالدى:

ئۇ ئۇيغۇرچە ئۆگىنىمەن دەپ شارائىت ئىزدەپ يۈرسە، بىر ئۇيغۇر ئوقۇتقۇچى «بۇ تىلنى ئۆگىنىپ قەيەردە ئىشلىتەلەيتتىڭ، ئۇنىڭ ئورنىغا خەنزۇچە ئۆگەن» دەپتۇ. ئۇ جاۋابەن، سەن ئۆزۈڭگە قىزىقمىساڭمۇ، ساڭا مەن قىزىقىمەن، دەپتۇ.

مەن روسنىڭ گېپىگە «خەلقنىڭ نېنىنى يەپ، غېمىنى يېمەيدىغان ئادەملەر بىزدە ئاز ئەمەس» دەپ جاۋاب بېرىپ، گەپنى پەم بىلەن يۆتكىۋالدىم.

روس ئىشلىرىنى تۈگىتىپ ئەنگلىيەگە كەتتى. ئۇ دوكتورلۇق دىسسېرتاتسىيەسىنى يېزىش جەريانىدا دۇچ كەلگەن مەسىلىلىرىنى تور ئارقىلىق مەندىن سوراپ تۇردى. ئۇ ھازىر ئوقۇشىنى نەتىجىلىك تاماملاپ بولدى، ۋاقتى يەتكەندە ئېلخەت ئارقىلىق مەندىن ھال سوراپ تۇرىدۇ. خۇددى كەمبرىجدىكى تۇرمۇشۇم روس بىلەن باغلىنىپ كەتكەندەك، كەمبرىج ئۇنىۋېرسىتېتىدىكى روھىي كەچۈرمىشلىرىمنى روستىن مۇستەسنا ھالدا ئەسلىيەلمەيمەن.

كەمبرىج ئۇنىۋېرسىتېتىدىن بىر كەچقۇرۇن خۇشلاشقانىدىم. شۇ ۋاقىتتىكى ھېسسىياتىمدا ئەپسۇس، كۆزى قىيماسلىق، مەھرۇم بولۇش كەبى مۇرەككەپ روھىي ھالەت بار ئىدى. بۇ ھال تەبىئىي ھالدا بىر چاغلاردا ئوقۇغان جۇڭگو شائىرى شۇجىمو (徐志摩) نىڭ «خەير - خوش كەمبرىج» (再别康桥) دېگەن شېئىرىنى يادىمغا

سالدى. 1920 - يىلى شۈجىمو كەمبىرىج ئۇنىۋېرسىتېتىدىكى پەيلاسوپ بېرتراند راسسىلغا ئىخلاس قىلغىنىدىن ئامېرىكىنىڭ كولومبىيە ئۇنىۋېرسىتېتىدىكى دوكتورلۇق ئوقۇشىنى تاشلاپ، ئۇنىڭ ئوقۇغۇچىسى بولۇش ئۈچۈن ئەنگلىيەگە بارغانىكەن. ئەپسۇسكى، كەمبىرىج ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ تىرىنتى يۈكسەك ئوقۇلى (Trinity College) دا ئىشلەۋاتقان راسسىل ئەينى ۋاقىتتىكى ياۋروپا ئۇرۇشىدا تىنچلىقنى تەرغىب قىلغانلىقى ئۈچۈن مەكتەپتىن ئىستېپا بېرىشكە مەجبۇر بولغانىكەن. نەتىجىدە، شۈجىمونىڭ كەمبىرىج ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ رەسمىي ئوقۇغۇچىسى بولۇش ئارزۇسى ئىشقا ئاشماي، بىرەر يىلدەك ياندىن دەرس ئاڭلاپ قايتىپ كەتكەنىكەن. شۈجىمونىڭ مەھرۇمىيەت تۇيغۇسى مېنىڭكى بىلەن ئاساسەن ئوخشاپ كەتكەچكە، ئۇنىڭ شېئىرىنى تەرجىمە قىلىش ئارقىلىق ھېسسىياتىمنى بىلدۈرەي دېدىم:

## خەير - خوش، كەمبىرىج

كىرىپ كەلگەنىدىم مەن جىمجىت،
يەنە جىمجىت ئۇزاپ ماڭدىم مەن.
ئۇپۇقتىكى رەڭدار بۇلۇتقا
قوللىرىمنى پۇلاڭلاتتىم مەن.

ساھىلدىكى ئاشۇ زەرگۈن تال،
شەپەقتىكى كېلىنچەك گويا.
دولقۇندىكى نەپىس سايىلەر
تىترەر دىلدا قىلغاندەك ھايا.

لاي تۇپراقتا ئۆسكەن يىشىل لەش،
چايقىلىدۇ سۇنىڭ ئاستىدا.
سۇنىڭ مەيىن دولقۇنى ئارا
تۇرغۇم كەلدى بولۇپ بىر گىياھ.

بىر بۇلاق بار دەرەخ ئاستىدا،
نە بۇلاقكى، ھەسەن - ھۈسەن ئۇ.
ئوتلار ئارا بولدى سەكپارە،
بىر چۈش كەبى بەربات بولدىغۇ.

چۈش ئىزدىسەڭ، ئىرەپ خادىنى -
كىر ئوتلارنىڭ خىلۋەت يېرىگە.
يۇلتۇزلارغا لىق تولسۇن كېمەڭ،
ۋە ناخشاڭنى چىقار ئەۋجىگە.

ئېيتالمىدىم لېكىن ئۇن قويۇپ،
بولدى سۈك ۋە ت ھىجراننىڭ نىيى.
ھاشاراتلار تىندى مەن ئۈچۈن،
جىمىپ كەتتى كەمبىرىج ئەينى.

كىرىپ كەلگەنىدىم مەن ئاستا،
يەنە ئۇزاپ چىقتىم تىۋشسىز.
يەڭلىرىمنى قويدۇم مەن شىلتىپ،
قايتاي دېدىم ھەتتا بۇلۇتسىز.

سۇنىڭ مەيىن دولقۇنى ئارا،
تۇرغۇم كەلدى بولۇپ بىر گىياھ.



ئاپتور كەمبىرىج ئۇنىۋېرسىتېتىدا قولۋاقتا

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تورى



# ئىبلىسنىڭ كۆلەڭگىسى: لوندوندا ئوقۇغان بەزى كىتابلىرىم

ھەقىقەت جىلۋىگەردۇر دەرھەقىقەت ياشۇرۇپ بولماس،
مەجاز ئەھلى زەلىلىي تەلبەگە مۇنداغ قەباب ئەيلەپ.
(چاقناپ تۇرغان ھەقىقەتنى يوشۇرغىلى بولمايدۇ، سۆزمەنلەر زەلىلىيگە ئۆزىنى چىرايلىق كۆرسەتسىمۇ بىكار.)

— مۇھەممەدسىدىق زەلىلىي

ساڭا ئۆز تىرەڭنىڭ رەڭگىگە ئۆچ بولۇشنى ئۆگەتكەنلەر كىم، سىنى بۇجغۇر چاچلىرىڭغا ئۆچ قىلغان كىم، سىنى ئۆز بۇرنۇڭ ۋە كالپۇكۇڭنىڭ شەكلىگە ئۆچ بولۇشقا كۈشكۈرتكەنلەر كىم، بېشىڭدىن تاپىنىڭغىچە سىنى ئۆزۈڭگە ئۆچمەنلىك قىلىشقا ئۈندىگەن كىم؟

— مالكوم ئىكس (Malcolm X)، ئامېرىكىلىق نىگىر مۇسۇلمان)

مەن ئۆيىنى ئىزدەپ تېپىشىم كېرەك.

— غادا كەرمى (پەلەستىنلىك يازغۇچى)

تۇرمۇش ماددىي ھاجەت بىلەن تولغان. ۋاقتىمىزنىڭ خېلى كۆپ قىسمى ھاجەتلەرنىڭ زۆرۈرىيەت سىزىقى ئىچىدە قاندۇرۇلۇشى ئۈچۈن سەرپ بولىدۇ، شۇنىڭ بىلەن ئەمگەكنى يادرو قىلغان بىر قاتار مەشغۇلاتنى ئېلىپ بارىمىز ۋە بۇ جەرياندا ئۆزىمىزگە خاس ھايات كەچۈرمىشلىرىگە ئىگە بولىمىز. ئۆز كەچۈرمىشلىرى ئۈستىدە ئاز - تولا مەنتىقىي پىكىر يۈرگۈزۈش ئالاھىدىلىكىگە ئىگە بولغان كىشىلەر ئىبرەتلىك ساۋاقلىرىنى نۆۋەتتىكى تۇرمۇش قەدەملىرىگە سەرمايە قىلىدۇ. ۋاھالەنكى، ئۆز كەچۈرمىشلىرى ئۈستىدە ئويلىنىش ئادىتىنى يېتىلدۈرمىگەن كىشىلەر ھەرقانچە پاجىئەلىك كۈنلەرنى باشتىن كەچۈرسىمۇ ئاگاھلاندۇرۇش خاراكتېرلىك بىرەر ئاددىي خۇلاسىگىمۇ ئېرىشەلمەي، ئار - نومۇسسىز ياشاۋېرىشكە مەجبۇر بولىدۇ ھەمدە ئۆزلىرىنىڭ ئىنسانىي شەرىپىنى تەرك ئېتىشكە قايتۇرغۇسىز ھالدا يۈزلەنگەن بولىدۇ.

شۇنداق، ھەربىرىمىزنىڭ ئۆزىمىزگە خاس سەزگۈرەشتىمىز بار، لېكىن ھامان چەكلىك. چەكلىك سەزگۈرەشتلىرىمىزنى ئەقلىي خۇلاسىگە ئايلاندۇرۇش ئىقتىدارىمىز تېخىمۇ چەكلىك، بەلكى، ئويلاش ئۇسۇللىرىغا كەلگەندە، ئۆزىمىزنى ناقىس ھېس قىلىشىمىز مۇمكىن. دەل مۇشۇنداق ۋاقىتتا بىز سۆھبەتكە، مەسلىھەتكە ۋە ئەنجۈمەنلەرگە ئېھتىياجلىق بولىمىز. كىتاب تەنھا ۋاقىتلىرىمىزدا ئەقىل - پاراسەت ۋادىسىدا غايىۋانە سۆھبەت ئۆتكۈزۈشىمىزگە تۈرتكە بولىدۇ. ئۇ بىزنىڭ بىر كىشىلىك سەرگۈزەشتلىرىمىزنىڭ تار دائىرىسىنى بۆسۈپ چىقىپ، نىسبەتەن كەڭ دائىرىلىك تەپەككۇر قىلىشىمىزغا ياردەم بېرىدىغان ۋاستىلەرنىڭ بىرى.

ئەنگلىيەدىكى تەنھا ۋاقىتلىرىمدا ئويلار كەلكۈن بولۇپ يامرىدى، ئۆزۈمنى قەيەرگە قويۇشنى بىلمىگەندەك، بىسەرەمجان بولدۇم. روھىي سىقىلىشلىرىمغا كىتاب ئوقۇش ئارقىلىق

www.uyghurkitap.com



تەسەللى تاپتىم. تەتقىقاتىمغا ئائىت نۇقتىلىق ماقالىلەرنى كۆرۈشنى شۇ ۋاقىتتىكى مەجبۇرىيىتىم دائىرىسىگە كىرگۈزۈپ تۇرۇپ پىلانلىق ئوقۇپ، خاتىرە يازدىم. بۇ خىل ئاساسلىق مەشغۇلاتقا يانداش ھالدا ئېھتىياجىمنى قامداش يۈزىسىدىن كۆڭلۈم تارتقان بەزى كىتابلارنى ھەۋەس بىلەن ئوقۇپ چىقتىم. ھازىرغا قەدەر مەن ئوقۇيدىغان كىتابلارنىڭ تېما دائىرىسىگە قانداقتۇر بىرەر چەكنى قويۇپ باققىنىمنى بىلمەيمەن. مېنى جەلپ قىلالىسىلا، قانۇن ياكى ئىقتىسادقا دائىر بولامدۇ، بوتانىكا ياكى بىيولوگىيەگە دائىر بولامدۇ، ئوقۇۋەردىم. ئۇلار ماڭا يېڭىچە كۆزىتىش نۇقتىسىنى ئاتا قىلىپ، نەزەر دائىرەمنى كېڭەيتتى. يېشىمنىڭ چوڭىيىشىغا ئەگىشىپ مۇستەقىل كۆزىتىش خاھىشىم كۈچىيىشكە باشلىدى. ئۆزۈم ياشاۋاتقان جەمئىيەتنى كۆزىتىپ، ئېرىشكەن مەسىلىلەرگە جاۋاب تېپىش غەرىزىدە كىتاب ئوقۇيدىغانمۇ بولدۇم. بەزىدە ئېستېتىك تەلەپ ئۈچۈن، بەزىدە ئىجتىمائىي مەسىلىلەرگە جاۋاب تېپىش ئۈچۈن، بەزىدە كەسپىي ئېھتىياج ئۈچۈن ئوقۇيمەن. ئومۇمەن، كىتاب ئوقۇشتىن ئىبارەت قارىماققا ئاددىي كۆرۈنىدىغان بۇ پائالىيەتنىڭ مەزمۇن قاتلىمى مەندە يىلسېرى كۆپىيىشكە باشلىدى. كىتابقا كىرىپ، ئۇنىڭدىن چىقىپ كېتىشنى بىلىشمۇ پىشىپ يېتىلىشنى تەلەپ قىلىدۇ. كۆرگەن - بىلگەنلىرى كۆپەيگەن ئادەم ئۈچۈن كىتاب تەجرىبە دېڭىزىدىن كېرەكلىك نەرسە سۈزۈش ئۈچۈن ھەيدەلگەن كېمىگە ئوخشاپ قالىدۇ. مەن كىتابتىن ئىبارەت بۇ كېمىگە چىقىپ، يوشۇرۇن تەجرىبە دېڭىزىمنىڭ ئوخشىمىغان قۇتۇپ ھەم مۇھىتلىرىغا كىرىمەن ۋە ئۇنىڭ نەقەدەر پايانسىزلىقىنى ھېس قىلىمەن.

ئەنگلىيەدىكى ئاشۇ بىر يىلدا مۇمكىنقەدەر كۆپ كۆزىتىشكە، كۆپ ئويلاشقا، كۆپ ئوقۇشقا تىرىشتىم. بىر تۈركۈم تەتقىقات ئەسىرىنى ئوقۇغاندىن سىرت، تەنەپپۇس قىلىش يۈزىسىدىن يەنە

بەزى كىتابلارنى ئىختىيارىي رەۋىشتە ئوقۇپ چىقتىم. بۇ كىتابلار مېنى جەمئىيەت ۋە مەدەنىيەت مەسىلىلىرى ئۈستىدە ئويلىنىپ بېقىشقا ئۈندىدى. مەن بۇ كىتابىمدا ئاشۇ كىتابلارنىڭ بىرقانچىسىنى تەپەككۇر قىلىشقا ئامراق ئوقۇرمەنلىرىمگە قىسقىچە تونۇشتۇرۇپ قويۇشنى ئەھمىيەتلىك دەپ قارىدىم. بۇ كىتابلارنىڭ كۆپ قىسمى خەنزۇ تىللىق ئوقۇرمەنلەر بىلەن ئاللىبۇرۇن يۈز كۆرۈشكەن بولسىمۇ، ئۇيغۇر تىلىدا ھەر خىل سەۋەب تۈپەيلى نەشر قىلىنىش پۇرسىتىگە ئېرىشەلمىگەن. مېنىڭ بۇ تونۇشتۇرۇشۇم ئالدى بىلەن مۇلاھىزىلىك قىرىنداشلارغا بولغان بىر تەۋسىيە بولۇپ، كىتابلارنى ئۆزلىرى ئۆگىنىپ لاياقەت ھازىرلىغان باشقا تىل - يېزىقلاردا كۆرۈشكىمۇ بولىدۇ. ئىمكانىيەت يار بەرسە ئانا تىلىمىزغا تەرجىمە قىلىساقمۇ بولىدۇ. ھېچبولمىغاندا، ئۇلاردىكى پىكرىي يورۇتمىلار ئارقىلىق مەنىۋىيىتىمىزنى يورۇتساقمۇ بولىدۇ. «سازلار تۈزەلدى، ئاڭلىغۇچى، سەنمۇ تۈزەل». (مۇختار ئەۋېزوف)

## ئېدۋارد . ۋ. سەئىد: «مەدەنىيەت ۋە جاھانگىرلىك»






ئېدۋارد. ۋ. سەئىد (爱德华.W.萨义德) دېگەن بۇ ئىسمنى غەربنىڭ مەدەنىيەت تەنقىدچىلىكى ۋە ئەدەبىي تەنقىدچىلىكىگە ئائىت ماقالىلەردىن كۆپ ئۇچرىتاتتىم. ئۇنىڭ باشقىلار تەرىپىدىن نەقىللەنگەن سۆزلىرى مەندە يېڭى ئوي - پىكىرلەرنى پەيدا قىلىپ، ئۇنىڭ ئەسلىي ئەسەرلىرىنى كۆرۈپ بېقىش ئىستىكىنى ئويغىتاتتى. ئۇ ئىسىم بىلەن تونۇشۇشۇم ئون يىللار ئىلگىرى باشلانغان بولسا كېرەك. شۇنىڭدىن بېرى ئۇنىڭ خەنزۇ

www.uyghurkitap.com

تىلىدا نەشر قىلىنغان ئەسەرلىرىنىڭ ھەممىسىنى توپلىدىم ۋە ۋاقتىم يەتكەندە كۆز يۈگۈرتۈپ تۇردۇم. ئالىي مەكتەپلەر گەرچە ئالىي بىلىم يۇرتلىرى سانالسىمۇ، ئۇنىڭدىكى بىيۇروكرات سىستېمىلار ئادەمنى بىلىمنىڭ ھەقىقىي ماھىيىتىدىن چەتلەشتۈرۈپ، شەكلەن ۋەزىپە ئۆتەيدىغان بىلىم مەدىكارلىرىغا ئايلاندۇرۇپ قويۇۋاتىدۇ. مەن ئېدۋارد سەئىدنىڭ ئەسەرلىرىگە مەخسۇس چۆكۈپ، تەتقىق قىلىشنى ئارزۇ قىلساممۇ، ئۇ پەقەت شەخسىي خاھىشىم سۈپىتىدە تۇرۇپ قېلىپ، خىزمەت كۈنتەرتىپىدىن ئورۇن ئالالمىدى. ئۇيغۇر مەدەنىيەت ساھەسىنى ئۇنىڭ تەنقىدى روھى بىلەن ئۇچراشتۇرۇشنى ھازىرمۇ ئارزۇ قىلىمەن ۋە بۇ ئارزۇيۇمنىڭ قېرىنداش بىر قەلەم ساھىبىنىڭ ئىجتىھاتى بىلەن ئەمەلگە ئېشىشىغا سۈرۈكداشمەن.

ئېدۋارد ۋادى سەئىد (Edward wadie said, 2003 ـ 1935) دۇنياۋى تەسىرگە ئىگە ئەدەبىيات ۋە كۇلتۇر تەنقىدچىسى بولۇپ، يېرۇسالېم (قۇددۇس شەرىف) شەھىرىدىكى بىر ئەرەب ئائىلىسىدە تۇغۇلغانىكەن. ئۇ تۇغۇلغان شۇ مەزگىلدە «ئىسرائىلىيە» دېگەن دۆلەت مەۋجۇت ئەمەس ئىدى ۋە يېرۇسالېم ئەنگلىيە كونتروللۇقىدىكى پەلەستىنگە تەۋە قەدىمىي شەھەر ئىدى. ئۇنىڭ ئاتا ـ ئانىسى پىروتېستانت (Protestant) دىنى ئارقا كۆرۈنۈشىدىكى كىشىلەر بولۇپ، بۇ مۇقەررەر ھالدا ئېدۋارد سەئىدنىڭ پىروتېستانت مۇخلىسى سۈپىتىدە يېتىلىشىنى بەلگىلىگەن. ئۇنىڭ دادىسى يېرۇسالېم ۋە مىسىر ئارىلىقىدا يۈرىدىغان سودىگەر ئىدى. سەئىد ئون ئىككى يېشىغىچە قاھىرە ۋە يېرۇسالېم ئارىلىقىدا چوڭ بولغان. ئۇ ئەنگلىيە ئىشغالىيىتىدىكى مىسىرنىڭ قاھىرە شەھىرىدىكى غەربچە مەكتەپلەردە ئوقۇغان. كېيىن ۋىكتورىيە ئالىي ئوقۇلى (维多利亚学院) دا ئىيوردانىيەنىڭ سابىق پادىشاھى ھۈسەيىن

بىلەن ساۋاقداش بولۇپ ئوقۇغان. 1950 ـ يىلى ئۇنىڭ ئائىلىسى ئامېرىكىغا كۆچۈپ بارغان. ئۇ ئامېرىكىنىڭ پىرىنسېتون ئۇنىۋېرسىتېتى (Prinseton University) دا سەنئەت باكلاۋۇرلۇقىنى، خارۋارد ئۇنىۋېرسىتېتىدا سەنئەت ماگىستىرلىقىنى ھەمدە ئىنگلىز ئەدەبىياتى بويىچە دوكتورلۇقىنى ئالغان. ئىنگلىز، فىرانسوز، ئەرەب تىللىرىغا پىششىق ئېدۋارد سەئىد 1963 ـ يىلىدىن باشلاپ كولومبىيە ئۇنىۋېرسىتېتىدا ئوقۇتقۇچىلىق قىلىشقا باشلاپ، ئىنگلىز تىلى ئەدەبىياتى ۋە سېلىشتۇرما ئەدەبىيات پىروفېسسورى بولغان.

ئېدۋارد سەئىدنىڭ كىشىلىك سالاھىيىتى ھەقىقەتەن ئۆزگىچە بولۇپ، بۇ ھەقتە ئۇنىڭ ئۆزى مۇنداق يازغان: «سەئىد دېگەن بۇ ئەرەبچە فامىلىگە زۆرۈرىيىتى بولمىغان ئىنگلىزچە ئىسىم قوشۇلۇپ قالغان (مەن تۇغۇلغان يىللاردا ئانام ۋېلىش شاھزادىسى ئېدۋارد (Edward) قا ئىخلاس قىلار ئىكەن). مەن كىچىكىمدە ئۇققىلى بولمايدىغان بىر ئوقۇغۇچى ئىكەنمەن، ئۆزۈم پەلەستىنلىك، مىسىردا ئوقۇپتىمەن. ئەرەبچە ئىسمىغا ئىنگلىزچە ئىسىم قوشۇلۇپتۇ. پاسپورتۇم ئامېرىكا پاسپورتى، سالاھىيىتىم مۇجمەل، ئانا تىلىم ئەرەبچە، مەكتەپ تىلىم ئىنگلىزچە.»

غەربنىڭ ئەرەبلەرگە بولغان كۇلتۇرەل جاھانگىرلىكى ئۈستىدىن بىر ئۆمۈر شىكايەت قىلغان بۇ ئالىمنىڭ روھىدا ئەنە شۇ جاھانگىرلىكنىڭ ئىزناسى ۋە ئۇنىڭغا بولغان نەپرەت گىرەلىشىپ كەتكەنىدى. ئۇ، تارىخنىڭ زىددىيەتلىك كىملىك توغرىسىدىكى تېپىك بىر يالدامىسىنى ئۆزىدە نامايان قىلغان. ئۇ ئامېرىكا پۇقراسى بولسىمۇ، پەلەستىنىنىڭ ھوقۇقى ئۈچۈن سۆزلىدى، پىروتېستانت مۇخلىسى بولسىمۇ مۇسۇلمانلارنىڭ جاراھىتىگە دىياگنوز قويدى. غەربتە ياشاپ، شەرققە ھېسداشلىق قىلدى، ئامېرىكىدا ئولتۇراقلاشقان بولسىمۇ، ئۆزىنى كۇلتۇرەل سەرگەردان ھېس قىلدى. ئۇ ئىسرائىلىيە تەرەپدارلىرى تەرىپىدىن

www.uyghurkitap.com



«رادىكال» ئاتالدى. ياش ئەرەفاتنى ئىسرائىلىيەنىڭ مەۋجۇتلۇقىنى ئېتىراپ قىلىپ، ئوتتۇرا شەرقنىڭ قاتمال ۋەزىيىتىنى ئوڭشاشقا ئۇندىگەنلىكى ئۈچۈن پەلەستىنلىكلەر ئۇنى «ئىلمان» دېدى. ئۇ پەلەستىنلىكلەرنىڭ پارتىلىتىشلىرى ئۈستىدە سۆزلىگەندە «مەن ھەرقانداق شەكىلدىكى تېررورلۇقنى ئەيىبلەيمەن، شۇنداقلا ئىسرائىلىيەنىڭ پەلەستىن مۇساپىرلىرىنى بومباردىمان قىلىشىنىمۇ تېررورلۇق دەپ قارايمەن» دەيدۇ ۋە يەھۇدىي تەشكىلاتلىرىنىڭ قەستلەش ئوبيېكتىغا ئايلىنىدۇ.

ئېدۋارد سەئىد 11 ـ سېنتەبىر ۋەقەسىدىن كېيىن، ئامېرىكىنىڭ مۇسۇلمانلارغا قاراتقان بىر تەرەپلىمە سىياسىتىنى، جۈملىدىن ئەينى چاغدىكى كىچىك بۇش ھۆكۈمىتىنى قورقماي تەنقىدلىدى ۋە «تېررورىزم ھوقۇقى ئاياغ ـ ئاستى قىلىنىپ، ھېچقانداق تاللاش يولى قالمىغان نامراتلارنىڭ قورالى» دېدى.

ئېدۋارد سەئىد ئىشخانىسىدىن چىقماي پىكىر قىلىدىغان زىيالىيلاردىن ئەمەس ئىدى، بەلكى ئۇ بىر ئۆمۈر ئاجىزلار ئۈچۈن سۆزلىدى ۋە ئۆز پىكىرىگە پەلەستىنىنىڭ ئىس ـ تۈتەكلىك زېمىنىدىن خۇرۇچ ئىزدىدى. ئۇ «ئورىيېنتالىزم»، (شەرقچىلىق)، «پەلەستىن مەسىلىسى»، «كۇلتۇر ۋە جاھانگىرلىك»، «يېپىقلانغان ئىسلام»، «لاماكان» قاتارلىق كۆپلىگەن ئىلمىي، سىياسىي ئەسەر يېزىپ، زور تەسىر قوزغىدى ۋە كۇلتۇر تەنقىدچىلىكى ساھەسىدىكى كېيىنكى مۇستەملىكىچىلىك ئېقىمىنىڭ يىرىك ۋەكىلىگە ئايلاندى. ئەنگلىيەلىك دوكتور ۋالېرىيە كېننېدىي (Valerie Kennedy) ئېدۋارد سەئىد تەتقىق قىلغان ئەدەبىيات، سىياسىي، كۇلتۇرلەر ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەتنىڭ تەھلىلىنى مۇنداق ئۈچ شەكىلگە يىغىنچاقلايدۇ:

1. غەرب ـ شەرق مۇناسىۋەتلىرىنى مۇستەملىكە ۋە كېيىنكى مۇستەملىكە ئۇرانى (كونتېكستى) بويىچە تەھلىل قىلىش. (مىسالەن، «ئورىيېنتالىزم»، «كۇلتۇر ۋە جاھانگىرلىك»). 2.

دىققىتىنى پەلەستىن مەسىلىسىگە، ئەرەب - ئىسلام مەدەنىيىتىگە ۋە بۇلارنىڭ غەرب بىلەن بولغان مۇناسىۋىتىگە قارىتىش. 3. زىيالىيلار ۋە ئۇلارنىڭ بۈگۈنكى ۋەزىپىسىنى شەرھلەش.

ئېيتىلىشىچە، ئېدۋارد سەئىد ھۆكۈمەت ئورگىنىنىڭ ئاقىللار ئۆمىكىدە خىزمەت قىلمىغانىكەن. ئۇنىڭچە بۇ بىلىمنى ھوقۇق - مەنپەئەتكە بويسۇندۇرۇش بولۇپ، ئۇنداق بولغاندا، بىلىمنىڭ غۇرۇرى ۋە مۇستەقىللىقى دەپسەندە بولاتتى. ئۇ ئامېرىكىدا ياشاپ تۇرۇپ، ئامېرىكىنىڭ تاشقى ئىشلار سىياسىتىنى قاتتىق سۆكۈپ كەلگەنىكەن.

ئېدۋارد سەئىدنىڭ ئەسەرلىرى نەزىرىمدە سىستېمىلىق ئوقۇمىسام بولمايدىغان ئەسەرلەر بولۇپ، ئىچكىرىلەپ ئوقۇشقا مۇۋەپپەق بولالمىغانلىقىم ئۈچۈن بىئارام بولاتتىم. چۈنكى، ئۇنىڭ ئەسەرلىرى ئادەمنى قېتىرقىنىپ پىكىر قىلىشقا، ئۆز رېئاللىقىمىزغا چۆكۈپ تۇرۇپ ھەزىم قىلىشقا ئۈندەيدىغان نەزەرىيەۋى ئەسەرلەر ئىدى.

ئەنگلىيەگە ماڭغاندا، سەئىدنىڭ «كۇلتۇر ۋە جاھانگىرلىك» دېگەن ئەسىرىنىڭ خەنزۇچە نەشرىنى ئېلىۋالغانىدىم. چۈنكى، مەن ئەنگلىيەدىمۇ خەنزۇچە كىتابلانى كۆرۈپ تۇرۇشۇم كېرەك ئىدى. ئۇنداق قىلمىسام، خەنزۇچە كىتابلارنى كۆرۈشتىن چىقىپ قالاتتىم ياكى بەزىبىر خەتلەرنى ئۇنتۇپ قېلىشىم مۇمكىن ئىدى. كىيىن ئۆگەنگەن تىلنى ئىزچىل پەيلەپ تۇرمىسا، ئارىلىقىمىز يىراقلاپ كېتىشى مۇمكىن ئىدى.

بىرقانچە پارچە كىتابنى ئوخشاش كۈنلەردە ماس قەدەمدە ئوقۇيدىغان ئادىتىم بار. بىر تىلدىكى كىتابنى ئوقۇپ زېرىكسەم يەنە بىر تىلدىكى كىتابنى ئوقۇيمەن. بۇنداق بولغاندا، كەيپىيات ئالمىشىپ، كىتاب ئوقۇشنى ئۈنۈملۈك ھالدا ئۇزۇن داۋاملاشتۇرغىلى بولاتتى. ئەنگلىيەدىمۇ شۇنداق قىلدىم. ئىنگلىزچە كىتابلارنى قىيىنلىپ ئوقۇپ يورۇپ چارچىغان

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى
www.uyghurkitap.com


ۋاقىتلىرىمدا، «كۇلتۇر ۋە جاھانگىرلىك» دېگەن ئەسەرنى ئۇلاپ ئوقۇدۇم. خەنزۇچە كىتاب ماڭا ئاسان ھەم چۈشىنىشلىك تۇيۇلۇپ كېتەتتى.

1993 ـ يىلى ئېلان قىلىنغان «كۇلتۇر ۋە جاھانگىرلىك»نى 1978 ـ يىلى ئېلان قىلىنغان «ئورىيېنتالىزم» («شەرقچىلىك ـ 东方主义») نىڭ داۋامى دېيىشكە بولاتتى. لېكىن، «ئورىيېنتالىزم» نەزەرىيىۋىلىكى ناھايىتى كۈچلۈك، چۈشىنىش قىيىن بىر ئەسەر بولغان بولسا، «كۇلتۇر ۋە جاھانگىرلىك» غەرب ئەدەبىياتى تارىخىدىكى ئەسەرلەر ئۈستىدە كۇلتۇرەل مۇستەملىكىنىڭ ئەرزىيەتلىرىگە يولۇققۇچى بىر مۇتەخەسسىسنىڭ نەزىرى بىلەن تەكشۈرۈش ئېلىپ بارغان، نىسبەتەن ئاممىباب ئەسەر ئىدى. ئېدۋارد سەئىد كۇلتۇر (文化) نى جەمئىيەت، سىياسىي، تارىخ ۋە ئەدەبىيات بىلەن بىرىكىپ كەتكەن ئۇقۇم دەپ قارايتتى. شۇڭلاشقا ئۇ غەرب ئەدەبىياتى تارىخىدىكى بىر قىسىم كىلاسسىك ئەسەرنى نوقۇل ئەدەبىيات نۇقتىسىدىن كۆزەتمەستىن، ئۇلارنىڭ سىياسىي ۋە ئىقتىسادىي مەنپەئەت تەقەززاسى بىلەن بولغان ۋاسىتىلىك ياكى بىۋاسىتە شېرىكچىلىكىنى ئېچىپ كۆرسەتكەن. ئۇ ۋىللىيام بلاك (William Blake) نىڭ «جاھانگىرلىكنىڭ ئاساسى سەنئەت بىلەن پەن، جاھانگىرلىك سەنئەت بىلەن پەنگە سەل قارىسا مەۋجۇت بولالمايدۇ» دېگەن سۆزىنى نەقىل ئېلىپ، كۇلتۇرنىڭ جاھانگىرلىكنىڭ ھامىيسىغا ئايلاندۇرۇلۇشىدەك تارىخىي رېئاللىقنى ئىشارە قىلىدۇ. كۇلتۇر جاھانگىرلىك مەقسىتىگە يەتمەكچى بولغان ھاكىمىيەتلەرنىڭ ئۆزلىرىنىڭ مەقسىتى، ئارزۇسى، ئەخلاق ئۆلچىمى ۋە ئېستېتىك ئىنتىلىشىنى ئۇستىلىق بىلەن سىڭدۇرۇپ، ئۆزىگە قارشى كۈچلۈكلەر بىلەن كۈچ سىنىشىدىغان ۋە ئۆزىنىڭ تەسىر كۈچىنى ئۆتكۈزىدىغان بىر ساھە دېگەن نۇقتىئىنەزەر كىتابقا باشتىن ـ ئاخىر سىڭگەنىدى. غەرب ئەدەبىياتىدىكى رومان ژانىرىمۇ يىراق

ئەللەرگە ئىنتىلىش ۋە كېڭىيىش خاھىشلىرى بىلەن زىچ باغلىنىپ كەتكەن، سىياسىي تىندىنسىيەسى كۈچلۈك بىر فورما بولۇپ، ئۇنىڭدىكى بايانىنىڭ تەرتىپى ۋە قۇرۇلمىسى بىر ھاكىمىيەتنىڭ غەرىزىدىن دېرەك بېرىدۇ. بۇ مەنىدىن ئېيتقاندا، قانداق بايان قىلىش ھاكىمىيەتتۇر. ئېدۋارد سەئىد «دېڭىز سەرگەردانى روبىنزون كىرۇزون»دىكى بىر ياۋروپالىقنىڭ ياۋروپاغا تەۋە بولمىغان يىراق بىر ئارالدىكى تەنھا ئېچىش خاراكتېرلىك پائالىيەتلىرىنىڭ تەسۋىرى تاسادىپىي بولماستىن، بەلكى كېڭەيمىچىلىك ئۇرۇنۇشلىرىنىڭ سەنئەتلىك نامايەندىسى، دەپ قارايدۇ. ئۇ دانىيېل دېفو (Daniel Defoe)، چارلز دىككېنس (Charles Dickens)، يوسېف كونراد (Joseph Conrad)، لۇديارد كىپلىڭ (Ludyard Kipling) قاتارلىق ئەنگلىيە يازغۇچىلىرىنىڭ ئەسەرلىرىدە غەربنىڭ «بىز چوڭ، بىز كۈچلۈك، بىز باشقىلارنى يېتەكلەشكە ھەقلىق، بىز ئەركىنلىك ۋە تەرتىپكە ۋەكىللىك قىلىمىز» دەيدىغان خوجا بولۇش ئىدىيەسى ئەكس ئېتىدۇ، دەيدۇ ۋە ئۇلارنىڭ ئەسەرلىرىنى ئىنچىكە تەھلىل قىلىدۇ. بىز ئىنسانىيەتنىڭ ئورتاق ئازابى ۋە بىمەنە تەقدىرى ئۈستىدە قەلەم تەۋرەتكەن مەۋجۇدىيەتچى، دەپ قارايدىغان ئالبېرت كامىيۇ (Albert Camus) ئېدۋارد سەئىدنىڭ نەزىرىدە فىرانسىيە جاھانگىرلىكىنىڭ ئالجىرىيەدىكى مۇستەملىكە سىياسىتىنىڭ سەنئەت ئابىدىسىنى تىكلىگەن يازغۇچى. كامىيۇنىڭ ئۇيغۇر ئوقۇرمەنلىرىگە تونۇش بولغان «يېگانە ئادەم» ناملىق پوۋېستىدىكى مېرسول ئاپتورنىڭ ئەرەبلەرگە بولغان كەمسىتىشىنى نامايان قىلىپ بېرىدۇ. مېرسول بىر ئەرەبنى ئويۇننىڭ ئورنىدا ئۆلتۈرۈۋېتىپ، ھودۇقۇش ۋە ئازابلىنىش تۇيغۇسىدا بولمايدۇ، بەلكى ئەسەردە ئۆلگەن ئەرەبنىڭ ئىسمىنىمۇ ئېيتىپ بېرىلمەيدۇ. ئۇنىڭ تەقدىرى بەئەينى جانسىز بىر نەرسىنىڭ تەقدىرىدەك ئېرەنسىز بىر تەرەپ قىلىنىدۇ. ئەسەردە «ئەرەب» دېگەن ناممۇ

ئۇيغۇر كىتاب تورى بىلىكى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يىگانە ئادرېسى

نەرسىنىڭ نامىدەك تەسىرات بېرىدۇ. سەئىد كامىيۇنىڭ پىروزا ئەسەرلىرىنى نەچچە ئەۋلاد فىرانسىيەلىكلەر ئىنچىكىلىك بىلەن قوروپ چىققان ئالجىرىيەنىڭ سىياسىي جۇغراپىيەسىنىڭ بىر قىسمى بولۇپ، فىرانسىيە مۇستەملىكىسىنىڭ ماھىيىتىنى ئەكس ئەتتۈرگەن، دەپ باھالايدۇ.

سەئىد كىتابىنىڭ «قاتمۇقات زېمىن، چىرماش تارىخ» دېگەن بابىدا، جاھانگىرلىك توغرىسىدا مايكول دويل (Michael Doyle) دېگەن بىر ئاپتورنىڭ سۆزىنى نەقىل كەلتۈرىدۇ: «جاھانگىرلىك بىر تۈرلۈك رەسمىي ۋە غەيرىي رەسمىي مۇناسىۋەت بولۇپ، بۇ مۇناسىۋەتتە بىر دۆلەتنىڭ باشقا سىياسىي جەمئىيەتنى كونترول قىلىشتا ئۈنۈملۈك ئىگىلىك ھوقۇقى بولىدۇ. بۇنداق كونترول قىلىش زورلۇق كۈچ ياكى سىياسىي ھەمكارلىق ئارقىلىق ئەمەلگە ئاشىدۇ ۋە ياكى ئىقتىساد، جەمئىيەت ۋە مەدەنىيەت جەھەتتىكى تايىنىش ئارقىلىق ئەمەلگە ئاشىدۇ ... دەۋرىمىزدە بىۋاستە كونترول قىلىش ئاساسەن ئاخىرلاشتى. نۆۋەتتە كۆرىمىزكى، جاھانگىرلىك بۇرۇنقىدەكلا كونكرېت سىياسىي، ئىدىيولوگىيە، ئىقتىساد ۋە ئىجتىمائىي پائالىيەتلەردە، ئادەتتىكى مەدەنىيەت ساھەلىرىدە داۋاملىق مەۋجۇت بولۇپ تۇرىدۇ». روشەنكى، قورال كۈچى بىلەن باشقىلارنىڭ زېمىنىنى، بايلىقىنى ئىگىلىۋېلىش ۋە مۇئەييەن ئىدېئولوگىيە تەشۋىقاتلىرى ئارقىلىق بۇ قىلمىشنى ھەقلىق قىلىپ كۆرسىتىش جاھانگىرلىكنىڭ ئەنئەنىۋى فورمىسى سۈپىتىدە داۋاملىق ساقلىنىدۇ. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا باشقىلارنىڭ ئېتىقادى، تەپەككۇر قىلىش شەكلى، ۋاقىت باشقۇرۇش ئۇسۇلى، ساياھەتچىلىكى، مۇزىي ۋە چۈشلىرىنى ئىنتىزام قېلىپىغا چۈشۈرۈشنى خاراكتېر قىلغان كۇلتۇرەل جاھانگىرلىك (مەدەنىيەت جاھانگىرلىكى) بىر پۈتكۈل جاھانگىرلىك سىستېمىسىنى ئۇسۇل جەھەتتىن يېڭىمۇ

بېيىتتى. جاھانگىرلىك ۋە جاھانگىرلىككە قارشى مىللەتچىلىك بۈگۈنكى دۇنيانىڭ سىياسىي خەرىتىسىگە ئۆچمەس ئىزلارنى قالدۇردى، شۇنداقلا ئەينى ۋاقىتتىكى كەمسىتىلىش تۈپەيلىدىن ئۇنىڭغا ئۆزىنى قىسقا ۋە تاماملاپ، يېڭى بىر جاھانگىرلىك تاماسىدا ئۆزىنى نامايىش قىلدى.

جاھانگىرلىكنىڭ كۇلتۇر (مەدەنىيەت) ساھەسىدىكى تەسىرىنى شۇنىڭدىن كۆرۈۋالغىلى بولىدۇكى، جاھانگىرلىكنىڭ ھەربىي، سىياسىي، ئىقتىسادىي شەكىلدىن ساقىت بولغان خەلقلەر ئۆزۈن ئۆتمەيلا ئەينى ۋاقىتتىكى غوجايىنىنى سېغىنىشقا باشلايدۇ. چۈنكى، مۇستەملىكىدىن قۇتۇلۇپ، بەرپا بولغان يېڭى دۆلەتنىڭ بۇرژۇئا قاتلىمىنىڭ رەھىمسىزلىكى ۋە مۇستەبىتلىكى كىشىلەرگە كېتىپ قالغان يات، كونا غوجايىنىنى ئەسلىتىپ قويىدۇ. 1990 ـ يىلىدىن ئېتىبارەن پەيدا بولغان ئوتتۇرا ئاسىيا دۆلەتلىرىدىكى بىر قىسىم ئاۋامنىڭ ئىستالىن دەۋرىنى سېغىنىشى بۇنىڭغا ئوبدان مىسال بولىدۇ. مانا بۇ ئالامەتلەر مەدەنىيەت جاھانگىرلىكىنىڭ زامانىۋى تەرزدىكى پىسخولوگىيەلىك جاھانگىرلىكتىن ئىبارەت ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىدۇ.

جاھانگىرلىك ياكى مەدەنىيەت مۇستەملىكچىلىكى يەر شارىدىن قاچان يوقايدۇ؟ ئېدۋارد سەئىد ئېنىق بىر جاۋابنى ئوتتۇرىغا قويمايدۇ. بۇ سوئال نېمىشقىدۇر «قەيسەر يۈرەك» فىلىمىدە باش رول ئالغان مېل جىبسون (Mel Gibson) نىڭ رېژىسسورلۇقىدا ئىشلەنگەن «بېشارەت» (Apocalypto) دېگەن فىلىمدىكى بىر قەبىلە باشلىقىنىڭ چۈچىكىنى ئېسىمگە سالدى: بىر ئادەم دۇنياغا ئىگە بولماقچى ئىكەن، بىراق كۈچى ئاجىز كېلىپ قاپتۇ. ھايۋانلار ئۇنىڭغا ياردەم قىلىپ، يىلان ئۆتكۈر پۇراش سېزىمىنى، قاپلان كۈچلۈكلۈكى ۋە چەبدەسلىكىنى، بۈركۈت ئۆتكۈر

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تورى



كۆزىنى ئۇ ئادەمگە بېرىپتۇ. ئۇ ئادەم هايۋانلار ئاتا قىلغان تۇرلۇك قابىلىيەتنى ئۆزىگە جەملەپ، مەقسىتىگە يېتىش ئۇچۇن ئاتلىنىپتۇ. شۇ ۋاقىتتا بىر جەرەن «ئۇ ئادەم مەقسىتىگە يېتىپ بەختلىك بولىدىغان بولىدى» دېگەنىكەن، بۇنى ئاڭلىغان مۇشۇكياپىلاق تەمكىنلىك بىلەن: «ئۇ ئادەم سىلەر تەقدىم قىلغان كۈچ ـ قۇدرەتكە ئىگە بولدى، بىراق مەن ئۇنىڭ روھىدىن مەڭگۇ تولدۇرۇپ بولغىلى بولمايدىغان بىر هاڭنى كۆرگەندەك بولدۇم. ئىنسانلار ئەنە شۇ هاڭنى تولدۇرۇپ بولالماي بەختنى قولدىن بېرىپ قويىدۇ» دەپ جاۋاب بېرىپتۇ. فىلىمدە قەبىلىلەر بىر ـ بىرىنى قىرىدۇ، ئادەملەر ئۆلتۈرۈلۈپ، قانلىق نەزىر ئۆتكۈزۈلىدۇ. باش قەھرىمان قەتل سۇپىسىدىن، مىڭبىر خەتەردىن هالقىپ، ئانا ماكانى بولغان ئورمانلىقتا قايتىپ، مۆكتۈرۈپ قويغان ئايالى ۋە ئوغلىنى تېپىپ جەم بولغاندا، ئۇلار قىرغاقتا يېقىنلاپ كەلگەن ياۋروپا مۇستەملىكىچىلىرىنىڭ كېمىسىنى كۆرىدۇ. بۇنىڭدىن بىر مۇنداق بىر يەكۇنگە ئېرىشىمىز: هەرقانداق بىر مەدەنىيەت ئۆزىنىڭ چىرىش باسقۇچىنى زوراۋانلىق ۋە قانخورلۇق ئارقىلىق نامايان قىلىدۇ ۋە ئاستا ـ ئاستا بەربات بولۇش هارپىسىغا كىرىدۇ. ئىچىدىن چىرىۋاتقان مەدەنىيەت يات بىر هۆكۈمرانىنى ئۆزىگە سەزمىگەن هالدا ئۆز ئورنىغا چىللاۋاتقان بولىدۇ.

بىر هەدىستە: «شۇنداق بىر زامان كېلىدۇكى، كىشىلەر تاپقان پۇلىنىڭ هالال (قانۇنلۇق) ياكى هارام (قانۇنسىز) بولۇشى بىلەن هېسابلىشىپ ئولتۇرمايدۇ» دېيىلگەنىكەن. جاهانگىرلىكنىڭ بۆشۈكى ئادەملەرنىڭ تىزگىنسىز نەپسىدۇركى، ياخشى ـ يامانىنى ئايرىمايدىغان هەربىر يەككە شەخس هاكىمىيەتلەشكەن ئالدامچىلىق ۋە بۇلاڭچىلىقنىڭ ئاساسىغا ئايلىنىدۇ. ئۇلار تۈزگەن قانۇن ئاشۇ ناهەقچىلىكنىڭ نىقابى بولۇپ قالىدۇ.

## جورجي ئورۋېل: «ھايۋانلار قورۇقى»





«جورجي ئورۋېل» دېگەن ئىسمىنى بىلەتتىم. ئۇنىڭ ئەسەرلىرى توغرىسىدىكى قەيتلەر مەن ئوقۇغان ماقالىلەردە ئۇچراپ قالاتتى. ئەپسۇسكى، بۇ يازغۇچى ھەققىدە ئىچكىرىلەپ مۇھاكىمە قىلىشقا ئېتىبار بەرمەي قالغانىكەنمەن. ئۇيغۇر زىيالىيلىرى رۇسىيە ـ سوۋېت ئەدەبىياتى توغرىسىدا بىرقەدەر كەڭ مەلۇماتقا ئىگە بولۇپ، بىزگە تونۇشتۇرۇلغان چەت ئەللەر ئەدەبىي ئەسەرلىرىنىڭ ئىچىدە، شۇ ئەدەبىياتتىكى ئەسەرلەر زور سالماقنى ئىگىلەپ كەلدى. غەربىي ياۋروپا ئەللىرىنىڭ ئەدەبىياتىدىكى ئەسەرلەرنىڭ ناھايىتى ئاز بىر قىسمىنى يۈزەكى تونۇش بىلەن چەكلەندۇق. ئوتتۇرا ۋە يىراق شەرق ئەدەبىياتىنىڭ ھازىرقى ئەھۋالى بىز ئۈچۈن ئومۇمەن مەۋھۇم بىر دۇنيا. بۇ بىز ياشىغان ماكان ۋە زاماندا ھۆكۈم سۈرگەن ئىدېئولوگىيە بەرپا قىلغان مەنىۋى رېئاللىقتۇركى، ئىدېئولوگىيە ۋەزىيەتكە قاراپ تۈرلۈك شەكىلدە سەھنىگە چىقىپ تۇرىدۇ. ئۆزگىرىشچان ۋەزىيەتنىڭ ماھىيىتى ماھىيەت ھەققىدە پىكىر قىلىش سالاھىيىتىنى ھازىرلىغان كىشىلەر ئۈچۈن سىر ئەمەس.

جورجي ئورۋېل بىلەن ئەنگلىيەدىكى بىر يىللىق ئىلىم تەھسىلىدە بىرقەدەر چوڭقۇرلاپ تونۇشتۇم دېسەم بولىدۇ. بۇنىڭغا كەمبرىج ئۇنىۋېرسىتېتىدا ئوقۇغان جۇڭگولۇق قىز مېي خېنىم (تولۇق ئىسمى 周密) سەۋەبچى بولۇپ قالدى. مېي خېنىم ئەدەبىيات بىلەن خېلى كەڭ دائىرىدە تونۇش ئىدى. مەن ئۇنىڭ يېتىقىدا ساقلانغان كىتابلاردىن كۆچلۈك ئىلھام ئالغان ۋە ئۇنىڭ

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يىغىن ئادرېسى



تەۋسىيەسى بىلەن بەزىبىر كىتابلار بىلەن تونۇشتۇم ھەم قورىبىم يەتكەنلەرنى سېتىۋالدىم. كەمبىرىج ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ ئوقۇغۇچىلىرى بىلەن ئاز - تولا پاراڭلىشىش پۇرسىتىگە ئېرىشىپ قالسام، ئۇلارنىڭ ئىدىيەسىگە قىزىقماي تۇرالمايتتىم ۋە بۇ ئىدىيەگە تۇرتكە بولغان ئامىللارنى سوراشقا ئەھمىيەت بېرەتتىم. شۇلارنىڭ ئىچىدە ماڭا ئىدىيەگە ئائىت ئۇچۇرلارنى كۆپرەك بەرگىنى روس بىلەن مىبي بولدى.

بىركۈنى بىز ئىجتىمائىي باراۋەرلىك ھەققىدە پاراڭلىشىپ قالدۇق. ھەرقايسى ئەلنىڭ تارىخىدا تالاي قېتىم ئىنقىلاب بولغان. ئىنقىلاب باشلانغاندا غايىلەر ئالىيجاناب ۋە گۈزەل بولۇپ، مەۋجۇت جەمئىيەت بىلەن روشەن سېلىشتۇرما پەيدا قىلىدۇ - دە، كىشىلەرنى پائال ھەرىكەتكە ئۈندەيدۇ. ئەمما، ئىنقىلابنىڭ مېۋىسى غەلىبىدىن كېيىن ئوخشاشلا ئاز ساندىكى جەمئىيەت سەرخىللىرىنىڭ قولىغا چۈشۈپ قالىدۇ. تارىخ مۇشۇنداق رەۋىشتىكى ساۋاقلار بىلەن توشۇپ كەتكەن بولسىمۇ، ئىنسانلار تارىخىنىڭ ئاشۇ كونا ئىللىتىنى تەكرار سادىر قىلىشىدۇ. گەپ مۇشۇ ھەقتىكى ئىبرەتلىك مەسىلىلار ئۈستىدە كېتىۋاتقاندا، Mi خېنىم جورجىي ئورۋېلنىڭ مۇنۇ سۆزى ئارقىلىق ھەممىنى يىغىنچاقلىدى:

ھايۋانلارنىڭ ھەممىسى تۇغۇلۇشىدىنلا باراۋەر، بىراق ئۇلارنىڭ بەزىلىرى باشقىلىرىدىن بەكرەك باراۋەر.

(All animals are born to equal, but some are more equal than others.)

بۇ گەپ ماڭا قىزىق تۇيۇلۇپ كەتتى - دە، دەرھال پۇتۇۋالغۇم كەلدى. مەن قەغەز ئىزدەپ دەماللىققا تاپالماي، ئېدۋارد سەئىدنىڭ «كۇلتۇر ۋە جاھانگىرلىك» دېگەن كىتابىنىڭ ئىچ

مۇقاۋىسىنى ئېچىپ، مېيغا تەڭلىدىم. ئۇ يۇقىرىقى مەشھۇر سۆزنى ئۆز پوچېركىسى بىلەن قالدۇرۇپ بەردى.

ــ بۇ سۆز سىياسىي نۇتۇق ۋە ماقالىلەردە كۆپ ئىشلىتىلگەن، ــ دېدى مېي ماڭا.

مەن مېي يېزىپ بەرگەن جۈملىنى دىققىتىمدىن تەكرار ئۆتكۈزدۈم. بۇ سۆز بارغانسېرى زىددىيەتلىك ھەم ھەجۋىي بىلىندى. جۈملىدە «باراۋەرلىك» سۆزى ئىككى يەردە تەكرار ئىشلىتىلگەن بولسىمۇ، مەنىسى باشقا ـ باشقا ئىدى. بىرىنچىسىدە، ئەسلىي مەنىسىدىن ياتلاشمىغان بىر باراۋەرلىك مەلۇم ئىدى، ئىككىنچىسىدە، سۇيىئىستېمال قىلىنغان ۋە ياتلاشقان بىر باراۋەرلىك ئايان ئىدى. جۈملىنىڭ ئۆزىنىدىن قارىغاندا، باراۋەرلىككە تەبىر بەرگۈچى ھەقىقىي باراۋەرلىكنىڭ كۈشەندىسى بولسىمۇ، لېكىن تەبىر بېرىش ھوقۇقىنى كونترول قىلغۇچى ئىدى. بۇ جۈملە سىياسىي ئۇستاتلىقنىڭ بەلگىسى سۈپىتىدە ئىنقىلابنىڭ مېۋىسىنى ئۆزىنىڭ قىلىۋېلىش نەيرەڭلىرىنى ئاشكارا قىلاتتى. جۈملىدە تارىخىي چىنلىق، سۇيىقەست ۋە مەسخىرە بىرلا ۋاقىتتا ئۆز ئىپادىسىنى تاپقانىدى.

ــ بۇ سۆز ئورۋېلنىڭ قايسى ئەسىرىدىن ئېلىنغان؟ ــ دەپ سورىدىم مېيدىن.

مېي:

ــ Animal Farm («ھايۋانلار قورۇقى») دا بار، بۇ ئەسەر قىسقا، مېغىزلىق يېزىلغان. بەكلا قىزىقارلىق، ــ دېدى.

مەن «ھايۋانلار قورۇقى» دېگەن نېپىز كىتابنى بىرنەچچە كۈن ئىچىدە تېپىپ، بىر قۇر كۆرۈپ چىقتىم. مەزكۇر ئەسەر بىلەن بالدۇرراق يۈز كۆرۈشمىگىنىمدىن ئەپسۇسلاندىم. ئەمما مەندە نېمە ئامال، بىلىش ھەرىكىتىمىز كۆپ ھالدا مۇھىت بىلەن چېتىشلىق ئىكەن.

جورجىي ئورۋېل (George Orwell, 1950 ـ 1903) نىڭ ئەسلىي

ئۇيغۇر كىتاب تورى بىلگىسى
www.uyghurkitap.com



ئىسمى ئېرىك ئارتۇر بلايىر (Eric Arthur Blair) بولۇپ، يازغۇچى كېيىن بۇ ئىسىمنى تەخەللۇس قىلغان. جورجي ئورۋېل ژۇرنالىست ھەم يازغۇچى بولۇپ، ئۇنىڭ نامى ھاكىممۇتلەق سىياسىي تۈزۈمگە بولغان قارشىلىق ۋە ئىجتىمائىي ئادالەتكە بولغان چاقىرىق بىلەن زىچ باغلانغان ھالدا، ياۋروپا ھەم پۈتكۈل دۇنيانىڭ سىياسىي ئەدىبىيە تارىخىدا مەشھۇر. ئۇنىڭ دادىسى ئەنگلىيە مۇستەملىكە دائىرىلىرىنىڭ ھىندىستاندىكى ئەمەلدارى بولۇپ، ئورۋېل بومبايدا تۇغۇلغان. ئۇ تۆت ياشقا كىرگەندە ئائىلىسى بىلەن ئەنگلىيەگە قايتىپ، شۇ يەردە ئوقۇغان. ئۇنىڭ ئوقۇش نەتىجىسى ئالاھىدە ياخشى بولغاچقا، ئۇ ئادەتتىكى ئادەملەرنىڭ باللىرى كىرەلمەيدىغان ئىتون مەكتىپىگە ھەقسىز قوبۇل قىلىنغان. ئۇ شۇ مەكتەپتىلا كەمبەغەللەرنىڭ باللىرىنى كەمسىتىشتەك تەڭسىزلىكنىڭ تەمىنى تېتىشقا باشلىغان. ئۇ ئوقۇش پۈتكۈزگەندىن كېيىن بېرىتانىيە ئىمپېرىيەسىنىڭ بىرمىدا تۇرۇشلۇق ساقچى قىسمىدا ئىشلىگەن ھەم ئۇ يەردە ئىشلىگەن بەش يىل جەريانىدا يەرلىك خەلقنىڭ كۈلپەتلىرىنى يېتەرلىك دەرىجىدە كۆرۈپ چۈشەنگەن. ئورۋېل ئاخىر مۇستەملىكىنىڭ يانتايىقى بولۇشتىن يالتىيىپ، ئادەمگە ئادەم ھۆكۈمرانلىق قىلىدىغان ھەرقانداق سىياسىي بىلەن مۇرەسسەلەشمەسلىك ئىرادىسىگە كەلگەن ۋە «بىرمىدىكى كۈنلەر» (Burmese Days) دېگەن رومانىنى يېزىپ، 1934 ـ يىلى نەشر قىلدۇرغان. ئورۋېل بىر مەزگىللىك ھاياتىنى يېزىقچىلىق بىلەن ئۆتكۈزۈپ، «پارىژ ۋە لوندوندىكى غۇربەتچىلىك»، «ۋىگان پورتىغا بارىدىغان يول» قاتارلىق ئەسەرلەرنى يېزىپ، ئېلان قىلدۇ. ئۇ 1936 ـ يىلى ئايالى بىلەن ئىسپانىيەگە بېرىپ جۇمھۇرىيەتنى قوغداش ئۇرۇشىغا قاتناشتى. شۇ جەرياندا ئۇ ئىسپانىيە كومپارتىيەسىنىڭ مەخپىي ھالدا ئادەم تۇتۇشلىرىنى ئۆز كۆزى بىلەن كۆرۈپ، بۇ ھەرىكەتنىڭ ئىستالىن دەۋرىدىكى ئىچكى

تازىلاش ھەرىكىتى بىلەن بىردەك ئىكەنلىكىنى ھېس قىلىدۇ. ئۇنىڭ كۆز ئالدىدا نۇرغۇن بىگۇناھ ئادەم «فاشىزم بىلەن تىل بىرىكتۈرگەن» دەپ، بىر كېچىدىلا يوق قىلىۋېتىلىدۇ. ئورۋېل ئۆز ھاياتىنىڭمۇ خەۋپ ئاستىدا قالغانلىقىنى بىلىپ، نۇرغۇن خەتەرلىك جەريان بىلەن ئىسپانىيەدىن قېچىپ چىقىدۇ. ئۇ ئىسپانىيەدە ئىگە بولغان تەسىراتلىرىنى سوۋېت توغرىسىدىكى ئاڭلىغانلىرى بىلەن بىرلەشتۈرۈپ، ھەممە ئادەم چۈشىنەلەيدىغان، ھەممە تىللارغا ئاسان تەرجىمە قىلغىلى بولىدىغان ئاممىباب بىر ئەسەرنى يېزىپ چىقماقچى بولىدۇ ۋە ئالتە يىل كاللىسىدا پىشۇرۇپ، 1943 - يىلى قولىغا قەلەم ئالىدۇ. شۇنىڭ بىلەن، «ھايۋانلار قورۇقى» دېگەن پوۋېستى دۇنياغا كېلىپ، 1945 - يىلى نەشردىن چىقىدۇ.

بۇ كىتابنىڭ خەنزۇچە تەرجىمە نۇسخىلىرى كۆپ بولۇپ، ھەرقايسى ئەدەبىي تەرجىمانلار تەرىپىدىن ئارقا - ئارقىدىن تەرجىمە قىلىنىدى ۋە دۇنياۋى كىلاسسىك ئەسەرلەر قاتارىدا ياشلارنىڭ ئوقۇشلۇقىغا ئايلاندى. كىتابنىڭ نەشرگە بېرىلىش ۋە نەشردىن چىقىش جەريانى توغرىسىدا مەزكۇر كىتابنىڭ تەرجىمانلىرىنىڭ بىرى بولغان فۇ ۋېيسى (傅惟慈) ئەپەندى كىرىش سۆز يېزىپ، بەزى چۈشەندۈرۈشلەرنى بېرىدۇ. بۇ كىتابنى تەرجىمە قىلىش ھەققىدىكى ئىدىيە جۇڭگونىڭ زىيالىيلىرىدا «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» دەۋرىدىلا شەكىللىنىپ بولغانىكەن.

«ھايۋانلار قورۇقى»نىڭ سۇژىتى ناھايىتى ئاددىي ئىدى: جونس ئىسىملىك بىر ئادەمنىڭ ئىگىدارچىلىقىدا بىر قورۇق بار بولۇپ، «مانور قورۇقى» دېيىلەتتى. قورۇقتىكى تۈرلۈك ھايۋان چوشقىلار ئاقساقىلىنىڭ تەشۋىقاتى بىلەن ئىنسانلارنىڭ رەھىمسىز دىكتاتورىسىنى تونۇپ يېتىدۇ. ھايۋانلار بىرلىكتە زورلۇق كۈچ تەشكىللەپ جونسنى قورۇقتىن ھەيدىۋېتىدۇ - دە، قورۇقنىڭ ئەسلىدىكى نامىنى «ھايۋانلار قورۇقى» دېگەنگە ئۆزگەرتىدۇ. ئۇلار

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يىغىن ئادرېسى



يەتتە ماددىلىق مىزان تۈزۈپ، ئۆزئارا باراۋەر بولغان يېڭى تۈرمۇشنى باشلىۋېتىدۇ. ئىنقىلابنىڭ غەلىبىسىدىن خۇشال بولغان ھايۋانلار چوشقىلار تەبىقىسىنىڭ رەھبەرلىكىدە تىرىشىپ ئىشلەپ ئاشلىقتىن مول ھوسۇل ئالىدۇ. بىراق، مەھسۇلاتنى ئاشقانسىرى ھايۋانلارغا تېگىدىغان نورما ئازلاپ كېتىدۇ. ھايۋانلار كېچە ـ كۈندۈز جاپالىق ئىشلىگىنىگە يارىشا بەختلىك تۇرمۇشقا ئىگە بولالمايدۇ. ئۇلار توك چىقىرىش ئۈچۈن چاقپەلەك قۇرۇلۇشى قىلىدۇ. بىراق، قۇرۇلۇشنىڭ سۈپىتى لاياقەتلىك بولماي، بىر قېتىملىق كىچىك بوراندا چاقپەلەك ئۆرۈلۈپ چۈشىدۇ ۋە بۇ ئىش بىر قېتىملىق ئىچكى تازىلاش ھەرىكىتىگە سەۋەبچى بولۇپ، نۇرغۇن بىگۇناھ ھايۋان قەتل قىلىنىدۇ. ساۋاتسىز، نادان ھايۋانلار ساداقەت بىلەن ئىشلەشنى بىلىدۇ ـ يۇ، چوشقىلار تەبىقىسىنىڭ ھىيلە ـ نەيرەڭلىرىنىڭ تېگىگە يېتىشكە قادىر بولالمايدۇ. چوشقىلار باراۋەرلىك مىزانىنى ئۈستىلىق بىلەن پەيدىنپەي ئۆزگەرتىپ، ئۆزلىرى ئالاھىدە ئىمتىيازغا ئىگە بولۇۋېلىپ، راھەت ـ پاراغەتتە سەمرىپ ياشايدۇ. ئەكسىچە باشقا ھايۋانلار قىرىپ، ئاجىزلاپ كېتىدۇ. ئەسلىدە ئادەملەرنىڭ ھۆكۈمرانلىقىغا قارشى چوشقىلار قوشنا قورۇقلارنىڭ غوجايىنلىرى بىلەن يېقىنلىشىپ، ئادەملەردەك كارىۋاتتا ئۇخلايدىغان بولۇشىدۇ، ئىككى پۇتلۇق بولۇپ ماڭىدىغان بولىدۇ. ئادەملەر بىلەن قەدەھ سوقۇشتۇرۇپ پىۋا ئىچىشىدۇ. ھايۋانلار «بىز باراۋەرلىك ئۈچۈن بىرلىكتە ئىنقىلاب قىلغانىدۇق، ئەجەبا، راھەت ـ پاراغەت ۋە جاپا ـ مۇشەققەتتە باراۋەر بولالمىدۇقمۇ؟» دەپ سورىغاندا، ئۇلارنىڭ ئېرىشكەن جاۋابى: «توغرا، ھايۋانلارنىڭ ھەممىسى باراۋەر، لېكىن ئۇلارنىڭ بەزىلىرى يەنە بەزىلىرىدىن بەكرەك باراۋەر» دېگەندىن ئىبارەت بولىدۇ.

ئەسەردىكى ھېكايە ھايۋانلار ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەتتە قانات يايىدۇ، شۇڭلاشقا كېڭەيتىپ يېزىلغان ساتىرىك مەسەلدەك تەسىرات بېرىدۇ. تەبىئىي ھالدا ئىزوپ مەسەللىرى ۋە «كەلىلە ۋە

دەمنە»دىكى ھېكمەتلىك مەسەللەر يادىمىزغا كېلىپ، مەجازىي تىل بىلەن سۆزلەيدىغان ژانىرلارنىڭ قىممىتى توغرىسىدا يېڭى بىر تونۇشقا ئىگە بولىمىز.

مەشھۇر ئەدەبىي تەرجىمان فۇۋېيسى ئەپەندى «ھايۋانلار قورۇقى»نىڭ خەنزۇچە نەشرىگە يازغان كىرىش سۆزىدە ئالاھىدە ئەسكەرتىش بېرىپ، بۇ ئەسەردە ھەرگىزمۇ جۇڭگو كۆزدە تۇتۇلمىغان، چۈنكى بۇ ئەسەر يېزىلغان ۋاقىتتا، يېڭى جۇڭگو تېخى قۇرۇلمىغان، دەپ يازىدۇ. ئۇ ئەسەرنىڭ ئىستالىن دەۋرىدىكى ئاق تېررورلۇقنى تۇتقا قىلىپ، شۇ دەۋرنى ئەكس ئەتتۇرگەنلىكىنى تارىخىي ماتېرىيالىزم بىلەن دەلىللەپ كۆرسىتىدۇ. يازغۇچى ئورۋېلنىڭ ئۆزىمۇ سوتسىيالىزمچى بولۇپ، ئۇ سوتسىيالىزمنى ھەقىقىي ماھىيىتىدىن يىراقلاشتۇرۇۋېتىشكە قارشى ئىدى. ئۇنىڭچە، ھەرقانداق ئىنقىلاب ۋە ئىنقىلابنىڭ مېۋىسى بولغان سىياسىي ھاكىمىيەت كەڭ خەلق ئاممىسىنىڭ دېموكراتىك نازارىتىدىن ئايرىلىپ قالسا، شۇنداقلا ساغلام قانۇن ئاساسىغا ئىگە بولمىسا، تارىختىكى ئەكسىلئىنقىلابچىلارنىڭ ئورنىتىسىغا كىرىپ قالاتتى. فۇ ئەپەندى «ھايۋانلار قورۇقى»نىڭ مەقسىتى كىشىلەرنى سوتسىيالىستىك جەمئىيەتنى ياتلاشتۇرۇۋېتىشتىن ئاگاھلاندۇرۇش، دەپ ئالاھىدە تەكىتلەيدۇ. بىزنىڭ قارىشىمىزچىمۇ، خەلق ئۈچۈن ھاكىمىيەت يۈرگۈزىدىغان قاتلاملار ئالاھىدە بولۇۋېلىپ، خەلق بەرگەن ھوقۇقنى ئۆزلىرى ئۈچۈن خىزمەت قىلدۇرۇپ، خەلق ئاممىسى بىلەن ئالاھىدە پەرقلىنىپ تۇرۇۋالسا، چېرىگەن سەرخىللار قوشۇنى سۈپىتىدە سوتسىيالىستىك ھاكىمىيەتكە خەۋپ ئېلىپ كېلىدۇ.

ئورۋېلنىڭ بۇ ئەسىرىنى ئىدىيە جەھەتتىن تولۇقلايدىغان ۋە ئىزچىللىققا ئىگە قىلىدىغان يەنە بىر ئەسىرى «1984». مەزكۇر ئەسەر ۋە يېۋگېنىي ئىۋانوۋىچ زامىياتىن (1884 ــ 1937)نىڭ «بىز»، ئەلدوس ل. خاكسلى (1894 ــ 1963)نىڭ «جەڭگىۋار

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېگانە ئادرېسى



يېڭى دۇنيا» قاتارلىقلار ئۇتوپىيەچىلىككە قارشى ئۈچ مەشھۇر ئەسەر بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. ئەسەرنىڭ ئەسلىي ئىسمى «ياۋروپادىكى ئاخىرقى ئادەم» بولۇپ، مۇھەررىر تەرىپىدىن «1984» قىلىپ ئۆزگەرتىلگەن. ئەسەردە تەسۋىرلىنىشىچە، 1984 ـ يىلى دۇنيا تىنچ ئوكيان دۆلىتى، ياۋرو ـ ئاسىيا دۆلىتى ۋە شەرقىي ئاسىيادىن ئىبارەت ئۈچ دەرىجىدىن تاشقىرى دۆلەتكە ئايرىلىدۇ. بۇ دۆلەتلەر ھوقۇقنى يۇكسەك دەرىجىدە مەركەزلەشتۇرۇپ، تارىخ ئۆزگەرتىش، سۆزلەرنى ئۆزگەرتىش، ئىدىيەنى بىرلىككە كەلتۈرۈش ئېلىپ بېرىپ، ھەممە يەرگە ئېكران ئورنىتىپ، ئادەملەرنىڭ ھەرىكىتىنى قاتتىق كۆزىتىدۇ ھەمدە شەخسكە چوقۇنۇشنى يولغا قويىدۇ. ئامېرىكا خارۋارد ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ پروفېسسورى جۇدىس ن. شكلار (N.shklar Judith) ئۆزىنىڭ «سىياسىي ۋە سىياسىي مۇتەپەككۇر» ناملىق ئەسىرىدە جورجىي ئورۋېلنى مۇنتېسكيۇ، رۇسسو قاتارلىق مۇتەپەككۇرلار بىلەن بىر قاتاردا باھالايدۇ. ئۇ «شەپقەتسىزلىك، بولۇپمۇ رېئاللىقنى بۇرمىلاش بىلەن يالغانچىلىق ‹1984›نىڭ سىياسىي ئىنتىزامىنى ھاسىل قىلغان» دەيدۇ. قاتتىق بېسىم ئىچىدە ئېلىپ بېرىلغان بۇرمىلاش ۋە يالغان سۆزلەشلەر بىر تۈرلۈك مېڭە يۇيۇش ھەرىكىتى بولۇپ، بۇ شۇ ئەسەردىكى «ئۆتمۈشنى تىزگىنلىگىلى بولسا كەلگۈسىنى تىزگىنلىگىلى بولىدۇ، ھازىرنى تىزگىنلىگىلى بولسا، كەلگۈسىنىمۇ تىزگىنلىگىلى بولىدۇ» دېگەن مەشھۇر سۆزىدىن مەلۇم بولىدۇ. ئورۋېلنىڭ ئەسىرىدە تەسۋىرلەنگەن خۇسۇسىي پائالىيەتكە بولغان قاتتىق نازارەت خاكسلېينىڭ «جەڭگىۋار يېڭى دۇنيا»سىدا تېخىمۇ ۋايىغا يەتكۈزۈپ تەسۋىرلەنگەن. بۇ رومانىدا ئورگانلار ئىنساندا ھاياجان بولمىسا جەمئىيەت مۇقىم بولىدۇ، دەپ قاراپ، تەبىئىي قورساق كۆتۈرۈپ پەرزەنتلىك بولۇشنىڭ ئورنىغا سۈنئىي كۆپىيىشنى يولغا قويىدۇ. باللارنى ھامىلە ۋاقتىدىلا غىدىقلاپ تەربىيەلەپ، ئۇلارنى بەش

تەبىقە بويىچە ئوخشىمىغان ئالاھىدىلىككە ئىگە قىلىدۇ، بۇ ئارقىلىق ئۇلارنىڭ كەلگۈسىدىكى ئىجتىمائىي ئورنى ۋە تەقدىرىنى بەلگىلەيدۇ. مىسالەن، پولات تاۋلاش سېخىغا ئۇيغۇنلاشتۇرۇلغان ئادەملەر ئالەم كېمىسىدە ئىشلەشكە لايىقلاشتۇرۇلغانلار بىلەن ئۆزىنى سېلىشتۇرماستىن، ئەڭ ئەۋزەل ئىشنى قىلىۋاتىمەن، دەپ تولۇق رازىمەنلىك بىلەن ئىشلەيدۇ. شۇنىڭ بىلەن ئىجتىمائىي سىستېمىدىن چاتاق چىقمايدۇ. ئادەملەرنىڭ ئېڭىنى تەربىيەلەشتە ئۇخلىتىپ تەربىيەلەش بىلەن رېفلېكسلىق تەربىيەلەش تەڭ قوللىنىلىدۇ. ئۇخلىتىپ تەربىيەلىگەن بىراۋ ئۆزىنى باشقىلاردىن بەختلىك ھېس قىلىدىغان بولىدۇ. رېفلېكسلىق تەربىيەدە ئادەملەر گۈل ۋە كىتابقا ئۆچ قىلىپ تەربىيەلىنىدۇ. گۈلنى ياخشى كۆرۈش تەبىئەتنى ياخشى كۆرۈش بولۇپ، تەبىئەتنى ياخشى كۆرۈش جەمئىيەتكە بولغان زىياننى كەلتۈرۈپ چىقىرىشى مۇمكىن. كىتاب جەمئىيەتكە يات ئىدىيەلەرنى پەيدا قىلىشى مۇمكىن. بۇ جەمئىيەتتىكى ماددىي ئېھتىياجلار مۇقىم ئائىلە ۋە نىكاھتىن خالىي ھالدا مۇھەببەتسىز قالدۇرۇلىدۇ. كىشىلەرنىڭ ئۆتمۈش بىلەن بولغان ئالاقىسى ئۈزۈلگەن بولىدۇ. بۇ جەمئىيەتتە بەخت تابلېتكىسى دېگەن بىرنەرسە بولۇپ، خاپا بولغان، ئاچچىقلانغان ئادەملەرگە بېرىلگەن ھامان كاللىسى شېرىن تۇيغۇلارغا تولىدۇ. دېمەك، «جەڭگىۋار يېڭى دۇنيا»دا تەرتىپ، ئىنتىزام ئىچىدە قۇرۇپ چىقىلغان گۈزەل بىر دۇنيا بار، ئۇنىڭدا ئىنتىزامغا چۈشمىگەن نەرسىلەرنىڭ ھەممىسى مەۋجۇتلۇق ھوقۇقىغا ئېرىشمىگەن. ئۇ يەردە كونترول ئىچىدىكى بەخت، تەرتىپ ۋە قاندۇرۇشلا بار، بىراق ئىندىۋىدۇئاللىق بىلەن ئىنسانىي ھېسسىيات، كىشىلىك خاراكتېر يوق. ئىنساندا بولىدىغان ئېھتىياج ۋە خاراكتېرلارنىڭ ھەممىسى مەركەزلەشتۈرۈلگەن.

يۇقىرىقىلاردىن كۆرۈش مۇمكىنكى، «جەڭگىۋار يېڭى دۇنيا»

گەرچە «1984»دىن بۇرۇن يېزىلغان بولسىمۇ، ھاكىممۇتلەق جەمئىيەتنىڭ كەلگۈسى ئوبرازىنى فانتەزىيەلەشتۈرۈپ سۈرەتلەپ، كۆز ئالدىمىزغا «1984»تىكى ھاكىممۇتلەق جەمئىيەتنىڭ راۋاجىنى نامايان قىلىدۇ.

مەن مەيلى ئۇۋرېل بولسۇن، مەيلى خاكسلىي بولسۇن، بۇلارنىڭ ئەسەرلىرىدىكى تەمسىللىك خۇسۇسىيەت ۋە فانتازىيەلىك تەركىبتىن غەرب يازغۇچىلىرىنىڭ ئۆز ساپاسىنى يېتىلدۈرۈشتىكى ئېجتىھاتىنى كۆرۈپ يەتكەندەك بولدۇم. ئۇلار جەمئىيەتكە ساددا بىر رېئالىستىك نەزەر بىلەن قاراپ توختاپ قالمايتتى، بەلكى مۇئەييەن سەۋىيەدىكى مۇتەپەككۇرلۇق بىلەن كۆز ئالدىدىكى ھادىسىلەرنى كەلگۈسى بىلەن باغلاپ تەسەۋۋۇر قىلالايتتى.

ئورۋېل نوقۇل ئەدىبلا ئەمەس، بەلكى بىر سىياسىي مۇنەججىم ئىدى.

ئىسمايىل قادىر: «تەبىر سارىيى»






ئەنگلىيەگە چىقىشتىن بۇرۇن، «ئىسمايىل قادىر» ئىسىملىك دۇنياۋى يازغۇچىنىڭ بارلىقىدىن خەۋىرىم يوق ئىدى. جۇڭگودا مەدەنىيەت جەھەتتىكى غەربلىشىشكە قارشى شامال چىقىپ تۇرغانسېرى، غەرب ئەدەبىياتى شۇنچە كۆپ تونۇشتۇرۇلۇپ كېلىنىدى. بۇنى خۇددى قورققان نەرسىنى ياخشى كۆرۈشتەك پارادوكس (زىتلام) ھادىسىلىرىنىڭ بىرى دېيىش مۇمكىن. غەربكە ھەم ئىنتىلىش، ھەم قارشى تۇرۇش جۇڭگولۇقلارنىڭ مەدەنىيەت پىسخىكىسىدىكى مۇرەككەپ تاللاشنىڭ بىر ئىپادىسى سۈپىتىدە ھەممىمىزگە ئايدىڭ بىر رېئاللىقتۇر. ئۇيغۇر زىيالىيلىرىمۇ

ئالدىنقى ئەسىرنىڭ 80 ـ يىللىرىدىن تارتىپ خەنزۇ تىلىنىڭ ۋاستىسى بىلەن ياۋروپا ۋە ئامېرىكىدىكى تەرەققىي تاپقان، مەدەنىيەت ۋە ئىقتىسادتا ھاكىم ئورۇندا تۇرۇۋاتقان ئەللەرنىڭ ئەدەبىياتىدىكى كاتتا نامايەندىلەر بىلەن تونۇشۇپ كەلدى ۋە قىسمەن دەرىجىدە ئۇلارنىڭ تەسىرىگە يولۇقتى. بىزنىڭ چەت ئەللەرنىڭ ئەدەبىياتى ھەققىدىكى بىلىش دائىرىمىز جۇڭگودىكى مەمۇرىي ئىدېئولوگىيەنىڭ مايىللىقى بىلەن باغلانغان بولىدۇ، ئەلۋەتتە.

ئەنگلىيەدىكى مەدەنىيەت خادىملىرى بىلەن ئۇچراشقىنىمدا، بىز ئۇچۇن يېڭىلىق بىلىنگەن ئەدەبىيات يۆلتۈزلىرىنىڭ ئاللىبۇرۇن كىلاسسىكلىشىپ، ئۆتمۈش دەۋرلەرگە مەنسۇپ بولۇپ كەتكەنلىكىنى بايقىدىم. ئۇلار داۋاملىق ئالدىغا يۈزلىنىپ، بەدىئىي ئىپادىلەشنىڭ يېڭى ئاچقۇچلىرىنى مەيدانغا كەلتۈرۈپ بولۇشقانىدى. بىزنىڭ ئەدەبىيات ئاۋانگارتلىرىمىز ئۇلارنىڭ ئۆتمۈشىدە، ئۇلارنىڭ ئۆزلىرى بولسا كەلگۈسىدە ياشاۋاتقانىدى. كۆڭلۈمدىكىنى ئېيتقاندا، لوندوندىكى كىتابخانىلارغا كىرىپ ئىشكاپلاردىكى كىتابلارغا قارىغىنىمدا، ماڭا نىسبەتەن ئىسمى نامەلۇم، ئەمما بۆسۈش خاراكتېرلىك نەتىجىلىرى بىلەن ئەنگلىيە ئوقۇرمەنلىرىنىڭ ئىخلاسىغا ئېرىشكەن ئەدىبلەرنىڭ كۆپلۈكىدىن كۆزۈم ئالا چەكمەن بولۇپ كەتتى، ئەدەبىياتنىڭ ئىجتىمائىيىتىدە گىرۋەكلىشىش تەقدىرىدىن ساقىت بولالمىغىنىمدىن مەيۈسلەندىم.

مېنى ئىسمىنىڭ يېڭىلىقى بىلەن تەئەججۈپلەندۈرگەن غەرب يازغۇچىلىرىنىڭ بىرى ئىسمايىل قادىر بولدى. لوندون ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ ئوقۇتقۇچىسى، دوكتور ئېدمۇندنىڭ كۇتۇپخانىسىدا زىيارەتتە بولغىنىمدا، ئېدمۇند ماڭا ئىسمايىل قادىرنىڭ «سەكپارە ئاپرېل» (Broken April) ناملىق كىتابىنى تونۇشتۇرغانىدى. ئېدمۇند ئەنگلىيەدىكى مۇسۇلمانلار

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى



جامائىتىنىڭ مائارىپ مەسىلىسىنى تەتقىق قىلىدىغان ئادەم بولغاچقا، ئالبانىيەلىك بۇ يازغۇچىنىڭ ئەسىرىگە ئالاھىدە دىققەت قىلغانىدى. ئەمىن مەئالوف، ئورخان پاموك، نەجىف مەھفۇز، ئىسمايىل قادىرلار ۋە ئۇيغۇر يازغۇچىسى ئابدۇۋەلى ئەلىنىڭ ئافاق خوجا توغرىسىدىكى رومانى ئىبدىمۇندىنىڭ بەدىئىي كۆزىتىشلىرىنىڭ دائىرىسىدىكى جەلپكار نۇقتىلاردىن ئىدى.

ئىسمايىل قادىر، بۇ ئىسىم ماڭا شۇنداق ئۆز ۋە يېقىملىق تۇيۇلۇپ كەتتى - دە، ئۇنىڭ كىتابىنى كۆرۈپ بېقىش ئىستىكى پەيدا بولدى. «سەكپارە ئاپرېل»نى ئىبدىمۇندىتىن ئارىيەتكە ئېلىپ، بىر قۇر كۆرۈپ چىققان بولدۇم. جۈملىلەر شېئىرىي پۇراققا باي، بايانلار جەلپكار... ئەسەرنىڭ بەدىئىي ساپاسى غەرب ئەدەبىياتىدىكى زامانىۋى ئۇسلۇب بىلەن ياندىش ئىدى. كېيىنچە مەن كىتابخانىلارغا كىرسەم ئىسمايىل قادىرنىڭ ئەسەرلىرىگە مەخسۇس نەزەر سالىدىغان بولدۇم. «ئۆلگەن ئارمىيەنىڭ گېنېرالى»، «تەبىر سارىيى»، «كونسېرت»، «باھاردىكى گۈللەر ۋە باھاردىكى قىروۋ»، «قورغان» قاتارلىق ئەسەرلىرىنىڭ ئىنگلىزچە نەشرى كۆزۈمگە چېلىقتى. يازغۇچىنىڭ ئاساسىي مەۋقەسى ھاكىممۇتلەق جەمئىيەتنىڭ ئىنسانىيلىقنى ئېلىپ كەلگەن ئاپەتلىرى ئۈستىدىن شىكايەت قىلىش بولۇپ، بۇ جەھەتتە ئۇ مىلان كۇندېرا بىلەن ئوخشاش تىپقا كىرەتتى. خېرتامىللېر، كۇندېرا، ۋىكلاۋ خاۋېل، ئىسمايىل قادىرلارنىڭ ھەممىسى شەرقىي ياۋروپالىقلار بولۇپ، ئىستالىنزمنىڭ جۇدۇنلىرىنى يەتكۈچە تېتىغان ھەمدە شۇ ھەقتە مول كەچۈرمىشلەرگە ئىگە بولغانىدى. ئازاب غۇرۇر بىلەن توقۇنۇشقاندا تالانتنى ئۇرغۇتىدۇ. يۇقىرىقى يازغۇچىلار نوقۇل ئازابلىق تۇرمۇش تىندۇرمىسى بىلەنلا ئەدەبىيات يۇلتۇزلىرىغا ئايلانغان ئەمەس، بەلكى ئۇلار يەنە يېتەرلىك بەدىئىي ساپا تەربىيەسىدىن ئۆتكەنلەر ئىدى.

ئەنگلىيەدىن قايتىپ كەلگەندىن كېيىن ئىسمايىل قادىر

ئەسەرلىرىنىڭ جۇڭگو ئوقۇرمەنلىرىگە تونۇشتۇرۇلۇشقا باشلىغانلىقىنى كۆردۈم. جۇڭگونىڭ تەرجىمە ئەدەبىياتىغا ھەقىقەتەن سەل قارىغىلى بولمايدىغان يەرگە يەتكەنىدى. شەرقىي ياۋروپادىكى ھاكىممۇتلەق تۈزۈم دەۋرىدىن بالقىپ چىققان يازغۇچىلارنىڭ تەنقىد روھىغا باي ئەسەرلىرى جۇڭگو ئوقۇرمەنلىرىنىڭ دىققەت مەركىزىدىن ئاللىبۇرۇن جاي ئالغانىدى. ئىسمايىل قادىرنى جۇڭگو ئوقۇرمەنلىرى تەرىپىدىن سەل قارالغان، ئەمما بايقالغان ھامان ھەيرانلىق پەيدا قىلغان، دېيىشكە بولاتتى.

مېنىڭ ھازىرقى نىشانىم ئۇيغۇر ئوقۇرمەنلىرىگە ئىسمايىل قادىرنى مۇپەسسەل تونۇشتۇرۇش ئەمەس. مەن ئۇنىڭ ئوبزورچىلار تەرىپىدىن يۇقىرى باھالانغان «تەبىر سارىيى» ناملىق ئەسىرىنى چۆرىدىگەن ھالدا ئوقۇرمەنلەرگە ئۇنىڭ ئەدەبىيات قەسىرىدىن يىپ ئۇچى بېرىمەن.

ئىسمايىل قادىر (Ismail Kadare, 1936) ئالبانىيەلىك يازغۇچى. ئۇ شائىر، تەنقىدچى، دىراماتورگ ۋە ئىجتىمائىي پائالىيەتچى بولۇپ، بۈگۈنكى ياۋروپا ئاسمىنىدىكى بىر پارلاق يۇلتۇز دەپ قارىلىدۇ. ئۇنىڭ نۇرغۇن ئەسىرى ئۇنىڭ ئانا تىلىدىن باشقا ئوتتۇز خىل چەت ئەل تىلىغا تەرجىمە قىلىنغان. بەزىلەر ئۇنى كافكا، ھېمىڭۋايلار بىلەن سېلىشتۇرىدۇ. ئۇ كۆپ قېتىم نوبېل ئەدەبىيات مۇكاپاتى نامزاتلىقىغا كۆرسىتىلگەن.

بىز قۇراملىقلار ئادەتتە ئالبانىيەنى ئانچە چۈشىنىپ كەتمەيمىز. ماۋ زېدۇڭ دەۋرىدە جۇڭگو بىلەن ئالبانىيەنىڭ مۇناسىۋىتى قويۇق بولۇپ، 1960 ـ يىللارنىڭ باشلىرىدا خەلقئارا كوممۇنىزم لاگېرىدا ئېغىر ئىختىلاپ كۆرۈلۈپ، بۇ لاگېردىكى جان دوستلار سوۋېتلەر ئىتتىپاقى بىلەن جۇڭگو 1 ـ نومۇرلۇق رەقىبلەرگە ئايلانغاندىن كېيىن جۇڭگو بىلەن ئالبانىيە جان دوست بولۇشۇپ، ئالبانىيە ئەمگەك پارتىيەسىنىڭ باش سېكرېتارى

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى



ئەنۋەر خوجا جۇڭگوغا زىيارەتكە كېلىپ تۇرغان. شۇنداق بىر بەيتەلمىنەل سىياسىي مۇھەببەت ۋە يېقىنچىلىق سەۋەبىدىنمىكىن 1960 ـ يىللارنىڭ ئاخىرلىرى ۋە 1970 ـ يىللارنىڭ ئوتتۇرىلىرىغىچە (ئاتالمىش «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» ئەۋجىگە چىققان يىللار) «سالام ئالبانىيە» دېگەن ناخشىنى ئۇيغۇرچە ئېيتىش، چەت ئەل كىنولىرى دەپ پەقەت ئالبانىيە كىنولىرىنى كۆرۈش، ئۇ كىنولارنىڭ ناخشىلىرىنى ئېيتىش ۋە بۇ دەۋردە تۇغۇلغان ئۇيغۇر بالىلىرىغا «ئەنۋەر» دەپ ئىسىم قويۇشمۇ مودا بولغانىدى (مۇھەررىردىن). ئالدىنقى ئەسىرنىڭ 60 ـ 70 ـ يىللىرىدا ئۇيغۇر مەتبۇئاتلىرىدا ئالبانىيەگە ھېسداشلىق قىلىدىغان خاھىشتىكى بەزىبىر ئەسەرلەرنىڭ ئېلان قىلىنغانلىقى مەلۇم. بىراق، ھازىرقى ياشلىرىمىزدىن ئالبانىيەنى چۈشىنىدىغانلار ناھايىتى ئاز بولسا كېرەك، پىقىر مۇئەللىپمۇ ئانچە بىلمەيدىغانلارنىڭ ئىچىدە.

ئىسمايىل قادىرنىڭ دۇنياۋى يازغۇچى بولۇشى ھەرگىزمۇ تاسادىپىيلىق ئەمەس ئىدى. ئالبانلار ئۇزاق تارىخىي مەدەنىيەت ۋە ئەدەبىيات ئەنئەنىسىگە ئىگە بولۇش بىلەن بىللە، دۇنيا ئەدەبىياتىنىڭ يېڭى نەتىجىلىرى بىلەن ۋاقتىدا ئۇچرىشىپ تۇرالىغان ھەمدە بىر تۈركۈم يۇقىرى بەدىئىيلىككە ساھىپ ئەدىبنى ئوتتۇرىغا چىقىرالىغان.

ئىسمايىل قادىر ياشلىقىنىڭ دەسلەپكى يىللىرىدا ئۆزىنىڭ شېئىرىي تالانتىنى نامايان قىلىپ، بىرنەچچە شېئىر توپلىمىنى ئېلان قىلغان ھەمدە شېئىرىيەت سەھنىسىدىكى مەشھۇر شائىرلارنىڭ دىققىتىنى قوزغىغان. ئۇ 20 ـ ئەسىرنىڭ 50 ـ يىللىرىنىڭ ئاخىرىدا موسكۋادىكى ماكسىم گوركىي ئەدەبىيات ئىنستىتۇتىغا ئەۋەتىلگەن ۋە ئۇ يەردە رۇس، فىرانسۇز تىللىرىنى ئىرىشىپ ئۆگەنگەن. 1961 ـ يىلى ئالبانىيە ـ سوۋېت مۇناسىۋىتى ئۈزۈلۈپ، تىراناغا قايتىپ كەلگەن. ئۇنىڭ قايتىپ

كەلگەندىن كېيىن ئىلان قىلغان بىرنەچچە داستانى ئەنۋەر خوجا ۋە ئەمگەك پارتىيەسىنىڭ بۈيۈك تۆھپىلىرىنى مەدھىيەلىگەنلىكى ئۈچۈن شائىر ھۆكۈمەت دائىرىلىرىنىڭ قالتىس ئەتىۋارلىشىغا ئېرىشكەن، ھەتتا ئەنۋەر خوجا بىلەن بىۋاسىتە باردى - كەلدى قىلالىغان.

1990 - يىلى سوۋېت ئىتتىپاقى پارچىلانغاندا، ئالبانىيە ئەمگەك پارتىيەسى ھاكىمىيەتتىن ئايرىلدى. ئىسمايىل قادىر بەزىبىر سىياسىي رادىكاللارنىڭ تەھدىتىدە قېلىپ، فىرانسىيەدىن سىياسىي پاناھلىق تىلەپ پارىژغا چىقىپ كەتكەن. بەزىلەر ئۇنى ۋەتەن خائىنى دەپ ئەيىبلىگەن. لېكىن، ئىسمايىل قادىر ۋەزىيەتنى كۆزىتىشكە ماھىر ئادەم بولۇپ، گەرچە ئۆزى پارىژدا تۇرسىمۇ، تاراتقۇلاردا سۆھبەت بايان قىلىش، ئالىي مەكتەپلەردە لېكسىيە سۆزلەش ئارقىلىق ئۆزىنىڭ سىياسىي مەيدانىنى بىلدۈرۈپ تۇرغان. 1999 - يىلى كوسوۋودىكى ئالبانلار پاجىئەلىك كۈنگە قالغاندا، ئىسمايىل قادىر ئامېرىكا رەئىس جۇمھۇرى كىلىنتونغا مەكتۇپ يېزىپ، ئالبانلارنى قىرغىنچىلىقتىن قۇتۇلدۇرۇشنى تەلەپ قىلغان.

بىز گويا بىر - بىرىگە زىت ئىككى خىل ئىسمايىل قادىرنى كۆرگەندەك بولۇۋاتىمىز. 1990 - يىلىنىڭ ئالدى - كەينىدىكى خەلقئارا ۋەزىيەت ئۆزگىرىشى دىكتاتور ھاكىمىيەتنى تەنقىدلەيدىغان ئىسمايىل قادىرنى مەيدانغا كەلتۈردى. ئۇ ئالبانلارنىڭ تارىخى ۋە فولكلور بايلىقىدىن ئوزۇق ئېلىپ، تامامەن يېڭىچە بەدىئىي ئىپادىلەش ئۇسۇللىرى بىلەن ئالبانلارنىڭ لىرىك بەدىئىي ئوبرازىنى ياراتتى ۋە ئۆزىمۇ ھاكىممۇتلەق تۈزۈمنىڭ شىكايەتچىسىگە ئايلاندى.

«تەبىر سارىيى» (خەنزۇچە نامى 《梦幻宫殿》، ئىنگلىزچە نامى The Palace of Dreams) ئىسمايىل قادىرنىڭ پىروزچىلىقىدا مەيلى بەدىئىي پەللە ياكى سىياسىي تىندىنسىيە (مايىللىق)

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تورى

جەھەتتە بولسۇن ئالاھىدە ئورۇن تۇتىدۇ. ئەسەردە تەسۋىرلىنىشىچە، ئوسمانىيلار دەۋرىدە «تەبىر سارىيى» دەپ ئالاھىدە بىر ئورگان بولغان بولۇپ، جاي - جايغا قۇرۇلغان مىڭلىغان تارماقلا ئىگە. بۇ ئورگان سۇلتان تەرىپىدىن مەخسۇس تەسىس قىلىنغان بولۇپ، ۋەزىپىسى خەلق كۆرگەن ھەر خىل چۈشنى يىغىش، تاللاش، تۈرگە ئايرىش، تەھلىل قىلىش، بېكىتىش ۋە بىر تەرەپ قىلىش، ئاخىرىدا مەملىكەتكە تەھدىت بولىدىغان ئامىللار بايقالسا، دەرھال يۇقىرىغا مەلۇم قىلىشتىن ئىبارەت. تەھدىتلىك چۈشكە بىنائەن ھۆكۈمرانلار دەھشەتلىك باستۇرۇش ئېلىپ باراتتى.

تەبىر سارىيىنىڭ قۇرۇلمىسى سىرلىق ھەم مۇرەككەپ بولۇپ، قەسىرلەر بىر - بىرىگە كىرىشىپ كەتكەن، قاراڭغۇ، ئەگرى - بۈگرى كارىدورلارنىڭ ئايىغى يوق، ھېچقانداق بەلگە ۋە خەتلەرنى كۆرگىلى بولمايدۇ. بۇ غەلىتە ساراي خالىغان ئادەم كىرىدىغان يەر ئەمەس.

ئۇ يەردە ناھايىتى كۆپ ئادەم خىزمەت قىلىدۇ - يۇ، بىر - بىرىگە يولۇقمايدۇ، گويا باشقا ئادەم يوقتەكلا تۇيۇلىدۇ. ئەسەردىكى باش قەھرىمان مارك - ئالېم (Mark - Alem) ئوسمانىيلار ئوردىسىدا مۇھىم خىزمەتلەرنى ئۆتىگەن، بەش نەپەر ۋەزىر چىققان قۇپرىلى (Quprili) جەمەتىگە تەۋە ئالاھىدە بىر خادىم بولۇپ، تاغىلىرىنىڭ تىرىشچانلىق كۆرسىتىشى بىلەن تەبىر سارىيىدا چۈش تەھلىل قىلىش لاياقىتىگە ئېرىشكەن.

ئىمپېرىيەنىڭ ھەرقايسى رايونىدىن كەلگەن چۈشلەرنى ئايرىباشلاش، تەھلىل قىلىش ۋە بىر تەرەپ قىلىش جەريانىدا مارك - ئالېم جەمەتىگە مۇناسىۋەتلىك مۇنداق بىر چۈشنى يولۇقتۇرىدۇ: «كۆۋرۈك بويىدىكى بىر پارچە تاقىر يەر، ئۇ يەردە ئەخلەتلەر دۆۋىلىنىپ كەتكەن. تاشلاندۇق نەرسىلەر، توپا ۋە ئەسكى داسلار ئارىسىدا غەلىتە بىر قەدىمكى ساز ئۆزلۈكىدىن كۈي

ياڭرىتىپ تۇرىدۇ. بىر توپاق گويا مۇزىكىدىن ئەسەبىيلەشكەندەك كۆۋرۈك بويىدا تۇرۇپ مۆرەيدۇ.» دەسلەپتە ئۇ بۇ چۈشكە ئانچە ئېرەن قىلىپ كەتمىگەندەك بولىدۇ، ئەمما بۇ چۈش ئۇنىڭغا تەكرار ئۇچراپ، بىردىنلا دىققىتى قوزغىلىدۇ ـ دە، يۇقىرىغا مەلۇم قىلىدۇ. كۇتۇلمىگەندە، ئۇ چۈش ئۇنىڭ جەمەتىگە چېتىلىپ قۇپرىلى جەمەتىنىڭ بېشىغا چىقىدۇ. ئەمما، مارك ـ ئالېم ئۆزىنىڭ ۋەزىپىسىدە تۇرۇۋېرىدۇ. مارك ـ ئالېم چۈش تەھلىل قىلىشقا بېشچىلاپ كىرىپ كەتكەنىدى، كاللىسى مول تەسەۋۋۇرغا تويۇنغان، رەڭگارەڭ چۈشكە مەستانە بولۇپ كېتىپ، رېئال دۇنيا خۇنۇك، بىمەززە، مەنىسىز تۇيۇلىدىغان بولىدۇ. چۈشلەرنىڭ ھەممىسى دۆلەتنىڭ ئىگىدارچىلىقىدا، تەقدىر كىشىلەرنىڭ ئۆز ئىلكىدە ئەمەس. مارك ـ ئالېم شەخسنى تولىمۇ ئەرزىمەس، ئاجىز ۋە بىچارە ھېس قىلىدۇ ـ دە، ھەممە نەرسىگە پاسسىپ ماسلىشىشنى ئەڭ ياخشى تاللاش سۈپىتىدە قوبۇل قىلىدۇ. ئەسەردە مارك ـ ئالېمنىڭ تۇرقىنى كۆرگىلى بولمايدۇ. خۇددى ئەرۋاھتەك ئۇنىڭ ئاۋازى بىلەن ھەرىكىتىلا مەلۇم.

بۇ ئەسەر گويا ئىنسان خاراكتېرىگە زىت بىر ئىجتىمائىي رېئاللىق ھەققىدىكى تىراگېدىيەلىك گۈزەللىككە تويۇنغان ئەرزىنامىدەك بىلىنىدۇ.

ئەسەرنى ئوقۇپ بولغان شۇ كۈنى كېچىسى مەنمۇ چۈش كۆرۈپتىمەن، بۇ چۈش مۇنداق ئىدى:

پارچىلىنىپ يىمىرىلىۋاتقان يەر شارى، يەر شارىنىڭ بىر تەرىپىدە سۇ، يەنە بىر تەرىپىدە ئوت. مەن بىر توپ ئادەم بىلەن سازلىق بىر جىلغىدا قاپسىلىپ قاپتىمەن.

جىلغا شۇ قەدەر تاركى، مېڭىش ناھايىتى مۇشكۇل. مەن ئوتقا چۈشۈپ كېتىۋاتقانلارنىڭ نالىسىگە چىدىماي، ئۇلارنى تارتىۋېلىش ئۈچۈن قولۇمنى سۇنغۇدەكمەن. لېكىن، بەزىلەر سازلىققا چۆكۈپ كېتەتتى، بەزىلەر ئوت دېڭىزىغا غەرق بولۇپ كېتەتتى.

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تورى



ياپپېشىل چوڭ بىر سۆگەت دەرىخى ھەر تەرەپكە چېچىپ، قۇتقۇزۇش ئىشلىرىغا ھەيدەكچىلىك قىلاتتى. ئۇنىڭ شاخلىرى قوللارغا ئوخشاپمۇ قالاتتى. مەن ئۇنىڭغا قۇتقۇزۇشقا بولىدىغانلىرىنى قۇتقۇزايلى، دەپتىمەن.

— ئۇلارنىڭ ھەممىسى ئادەم، قۇتقۇزۇۋالايلى، — دەپتۇدەك سۆگەت دەرىخى.

— ئۆزىنى ئۆزى قۇتقۇزمىغانلارنى قۇتقۇزماق تەس، — دەپتىمەن. شۇ ئەسنادا يەر شارى پارچىلىنىپ، يىرىم پارچىسى قايناۋاتقان ئوتقا چۈشۈپ كەتتى.

غادا كەرمى: «فاتىمەنى ئىزدەش»






ئاز ـ تولا ئەقلىمگە كەلگەندە قارىسام، پەلەستىن ـ ئىسرائىلىيە توقۇنۇشى مەۋجۇت ئىكەن. گېزىت ۋە رادىيولىرىمىزدا ياسىر ئەرافاتنىڭ سىياسىي كۈرەشلىرى ھۆكۈمىتىمىزنىڭ مەۋقەسىگە يارىشا كەڭ ـ كۇشادە تەشۋىق قىلىناتتى. «پەلەستىن» دېسە ئىسرائىلىيە ئارمىيەسىنىڭ بىرونېۋىك ۋە تانكىلىرىغا تاش ئېتىۋاتقان قورقۇمسىز بالىلار كۆز ئالدىمغا كېلىدۇ، چاقلىق ئورۇندۇقتا ئولتۇرغان شەيخ ياسىن ئەھمەدنىڭ سۈرلۈك ۋە قەتئىي چىرايىنىڭ كەينىدىكى ھەسرەتنى ئەسلىمەي تۇرالمايمەن.

ياسىر ئەرافاتمۇ ئۆلدى، شەيخ ياسىن ئەھمەدمۇ پارتلىتىلىپ ئۆلتۈرۈلدى، نەچچە ئەۋلاد پەلەستىن جەڭگىۋارلىرى ئۆلدى. دىپلوماتىيە مۇنبەرلىرىدە سىياسىيونلارنىڭ كۆلۈپ تۇرۇپ ئۆچرىشىشلىرى كىشىلەردە ئۈمىد ۋە تەشۋىشلەرنى پەيدا قىلدى. تىنچلىق كېلىشىملىرى تالاي ئىمزالاندى، بىراق پەلەستىن

زېمىنىدا ئىس - تۈتەك يېنىپ تۇرۇۋەردى، ئادەملەر بومبىلاردا ئۆلۈۋەردى. تىنچلىق كېلىشىمى ماھىيەتمۇ ياكى ئۇرۇش ماھىيەتمۇ، دېگەن بىر مەسىلىدە چەكلىك تاراتقۇلارغا قاراشلىق بىزدەك ئاممىا گاڭگىراپ قالدۇق. دۇنيادا پەلەستىن - ئىسرائىلىيە توقۇنۇشىدىن كېيىن ئوتتۇرىغا چىققان تالاي مىللىي ۋە ئىرقىي مەسىلە ھەل بولدى، لېكىن تۆكۈلگەن قان، تۆلەنگەن بەدەل، كەتكەن ۋاقىتلارنىڭ قانچىلىك كۆپ بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، پەلەستىن خەلقىنىڭ ئارزۇسى ھەل بولمىدى، ئەكسىچە، ۋەزىيەت تېخىمۇ كەسكىنلەشتى، كېلەچەك تېخىمۇ قاراڭغۇلاشتى. قارىغاندا، پەلەستىن - ئىسرائىلىيە كرىزىسى ئوتتۇرا شەرق رايونىنىڭ ئۆزىدىن كۆپ ھالقىپ كەتكەن دۇنياۋى مەسىلە بولۇپ، بۇ دەھشەتلىك ئويۇندىكى تىزگىنەكنىڭ كىملەرنىڭ قولىدا ئىكەنلىكىنى پەرەز قىلىش ئۇنداق ئاددىي ئىش بولمىسا كېرەك. قانداقلا بولمىسۇن پەلەستىن - ئىسرائىلىيە كرىزىسىنى بۈگۈنكى دۇنيادىكى ھەققانىيەتنىڭ كرىزىسى دېيىشكە بولامدۇ - يوق، دېگەن مەسىلىنى يەنىلا جامائەتنىڭ ئۆزىگە قالدۇرغان تۈزۈك، دەپ ئويلايمەن.

پەلەستىن - ئىسرائىلىيە كرىزىسى ھەققىدىكى تۈگۈن مەندە ئۆزۈندىن بېرى ساقلىنىپ، كۆڭلۈمدىكى كۆپلىگەن تۈگۈنىنىڭ ئارىسىغا قوشۇلۇپ، تۈگۈن پېتى تۇرۇپ كەلدى ۋە ئاستا - ئاستا ئاڭسىزلىقىمغا ئايلاندى. بۇ ئاڭسىزلىق لوندوندىكى بىر كىتابخانىدا ئۆزىنىڭ مۆئەييەن ئىپادىلىنىش شەكلىنى تاسادىپىي ھالدا تاپقانىدى.

لوندونغا يېتىپ بېرىپ ئەتىسىلا كوچا ئايلاندىم، كىتابخانا ئارىلىماي كۆڭلۈم ئەمىن تاپمىدى. كىتابخانا ئارىلاۋېتىپ، «فاتىمەنى ئىزدەش — بىر پەلەستىنلىكنىڭ ھېكايىسى» ناملىق بىر كىتاب قولۇمغا چىقىپ قالدى.

كىتابنىڭ مۇقاۋىسىغا كەرېن ئارمىستروڭ (Karen Armstrong)

www.nurkitap.com نۇركىتاپ كىتابخانىسى

ئىسىملىك بىر ئاپتورنىڭ «مۇستەقىللىق» گېزىتىدە ئېلان قىلغان تەقرىزىدىن ئېلىنغان بىر جۈملە سۆز بېرىلگەن بولۇپ، ئۇنىڭدىكى «سۈرگۈندىكى پسىخولوگىيەلىك ماكانسىزلىق» دېگەن ئىبارە دىققىتىمنى تارتتى. ھازىرقى جەمئىيەتتە مەدەنىيەت جەھەتتە يا ئۇياقتا، يا بۇياقتا تەۋە بولالماي ئوتتۇرىدا قالغان، ھەتتا ئوتتۇرىدا قالغانلىقىنى بىلەلمەي قالغان، ئوي - خىيالى جان بېقىش مەسىلىسىدىن ھالقىپ ئۆتەلمىگەن ئىنسانلار ئاۋۇپ كەتتى. مۇنداقچە ئېيتقاندا، ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ مەدەنىيەت تەۋەلىكى ئۈستىدە تۈزۈكرەك ئويلىنىدىغان ساپاغا يەتمىگەن، ۋاستە تاللىماي تۇرمۇش يولى ئىزدىگەنلەر تىپىغا كىرىپ قالغانلاردۇر.

سۈرگۈن دېگەن زادى نېمە؟ سۈرگۈن دېگەن بىر ئادەم ئۆزىنىڭ يۇرتىدا ھەر خىل تەھدىت ياكى يەكلەش تۈپەيلى تۇرۇشقا ئامالسىز قېلىپ، ئايرىلىپ چىقىپ كېتىشنى بىلدۈرىدۇ. كىشىلەر بەزىدە ئۆزىنىڭ ماكانىغا بەند بولغان ھالدا سۈرگۈنلۈك ھاياتىغا مۇپتىلا بولىدۇ. ئۇلار تاشقى مۇھىت بىلەن ئۇچرىشىشقا ئىمكانسىز قالىدۇ. بۇنى ئىچكى سۈرگۈن دېيىش مۇمكىن. سۈرگۈن جىسمانىي ۋە ھېسسىياتىي تۈرلەرگە ئىگە بولۇش بىلەن بىللە، يەنە ئەخلاقىي، ئىجتىمائىي، دىنىي، ئىدىيەۋى ۋە كۇلتۇرەل قاتارلىق تۈرلەرگە ئىگە بولۇشى مۇمكىن. مىسالەن، بىر ئادەم ئۆزىنىڭ كۆپ سانلىققا ئوخشىمايدىغان ئىدىيەسى تۈپەيلى ئۆز يۇرتىغا پاتماسلىقى مۇمكىن ياكى كىشىلەر ئۇنى ئارىغا ئالماسلىقى مۇمكىن. يەنە بىر ئادەم ئۆزىنىڭ ئالاھىدە كۇلتۇر پەرقى بىلەن چەتكە قېقىلىشى مۇمكىن. «فاتىمەنى ئىزدەش» ناملىق كىتابىنىڭ ئاپتورى غادا كەرمى ئۆزىنى سۈرگۈندە ھېس قىلغان دەردمەن بىر ئايال ئىدى.

غادا كەرمى (Ghada Karmi, 1939) ئەنگلىيەدە تۇرۇۋاتقان پەلەستىنلىك ئايال يازغۇچى، دوختۇر، ئاكادېمىك، ئىجتىمائىي پائالىيەتچى.

غادا كەرمى ئەنگلىيە - پەلەستىنلىكلەر ھەرىكىتىنىڭ قورغۇچى ئەزالىرىنىڭ بىرى بولۇش ۋە پەلەستىن دەۋاسىغا ئائىت پۇبلىستىك ماقالىلىرى بىلەن خەلقئارادا ھۆرمەتكە سازاۋەر پەلەستىنلىك زىيالىيلارنىڭ بىرىگە ئايلانغان. ئۇ، دۇنيادىكى ھەرقايسى ئۇنىۋېرسىتېت ۋە تۈرلۈك ئاممىۋى سورۇندا تەكلىپ بىلەن نۇتۇق سۆزلەيدۇ.

غادا كەرمى پەلەستىنىنىڭ يېرۇسالېم (قۇددۇس شەرىف) شەھىرىدە تۇغۇلۇپ، مۇسۇلمان ۋە خىرىستىيان ئەرەبلەر ئارىلىشىپ تۇرىدىغان بىر مۇھىتتا چوڭ بولغان. 1948 - يىلى ئەنگلىيە ھامىيلىقىدىكى ۋە يەھۇدىي كۆچمەنلىرى يېغىلىقىدىكى پەلەستىن ئۇرۇش پاراكەندىچىلىكى ئىچىدە قېلىپ، يەرلىك خەلق تەھدىتكە ئۇچرىغاندا، كەرمىنىڭ ئائىلىسى دەمەشققە، ئاندىن لوندونغا مۇساپىر بولۇپ بارىدۇ. بۇ مەنىدىن ئالغاندا، غادا كەرمى توققۇز يېشىدىن باشلاپلا ۋەتەنسىزلىك ئىچىدىكى سۈرگۈن ھاياتىنى باشلايدۇ. ئۇنىڭ دادىسى ھەسەن سەئىد كەرمى ئەنگلىيە رادىيو شىركىتى (BBC) نىڭ ئەرەب تىلى بۆلۈمىدە خىزمەت قىلىدۇ.

غادا كەرمى ساھىبخانا دۆلەتنىڭ كۇلتۇرى، مائارىپى ۋە ئۆرپ - ئادىتى ئىچىدە يېتىلىشكە باشلايدۇ. يەھۇدىيلار، ئەرەبلەر ۋە ئىنگلىزلار ئارىلىشىپ كەتكەن بىر مۇھىت كىچىككىنە غادا كەرمىنى مۇرەككەپ بىر كىملىككە ئىگە قىلىدۇ. تارىختىكى پەلەستىن 1948 - يىلىدىن كېيىن مەۋجۇتلۇقىنى يوقىتىپ، ئىسرائىلىيە دائىرىلىرى ۋە ئۇنى قوللىغۇچىلارنىڭ خاھىشىغا ئۇيغۇن، لېكىن تۈگىمەس ماجىرا بىلەن تولغان پەلەستىن - ئىسرائىلىيە كىرىزىسى روياپقا چىقتى. شۇنىڭدىن باشلاپ، ئوسمانىيلارنىڭ قولىدىن چىقىپ كەتكەن بۇ مۇقەددەس زېمىن ئەينى دەۋردىكى غەرب سىياسىي دائىرىلىرىنىڭ رېژىسسورلۇقىدا كرېست بىلەن ھىلال ئاي ئوتتۇرىسىدىكى جېدەلنى مەركەزلىك

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



كۆرسىتىپ بېرىدىغان قانلىق بىر سەھنىگە ئايلاندى.
غادا كەرمى ئۆزىنى پەلەستىنلىك دەپ دېسە، ئۇنىڭ كىندىك قېنى تۆكۈلگەن پەلەستىن يوقىلىپ، غەيرىي رەسمىي بىر تۇسكە كىرىپ قالغان، ئۆزىنى ئەنگلىيەلىك دەپ دېسە، ئاتا ـ بوۋىسى ياراتقان شانلىق مەدەنىيەت ئەنئەنىسى ئۇنىڭغا پاناھ بولغان ئۇ دۆلەتتە يوق. دېمەك، ئۇ يىلتىزى ۋە تۇپرىقىدىن ئايرىلىپ، تەشتەككە كۆچۈرۈپ قويۇلغان پىكوس دەرىخىدەك ئاجىز، كىچىك ھالەتتە ياشىيالايتتى. لېكىن، باراقسان شاخلارنى چىقىرىپ، چوڭىيالمايتتى. بىراق، ئوتتۇرا شەرقتە يىللارسېرى ئۇلغىيىۋاتقان ئۇرۇش ئوتى غادا كەرمىنىڭ زېددىيەتلىك كىملىكىدىكى يىلتىزىغا تارتىشىش ئېڭىنى ئويغاتتى ۋە ئاستا ـ ئاستا ئىرادىسى مۇستەھكەم بىر پائالىيەتچى سۈپىتىدىكى غادا كەرمىنى يېتىشتۈردى.
غادا كەرمىدە ئەرەب كىملىكى ۋە ئىنگلىز كىملىكىنىڭ ھەر ئىككىسى بار ئىدى، بىراق ھەر ئىككىسى تولغان، مۇكەممەل كىملىك ئەمەس ئىدى. ئۇ، يېشى چوڭايغانسېرى پەلەستىنلىككە خاس كىملىكنىڭ مەستانە ئىزدىگۈچىسى بولىدۇ. 1998 ـ يىلى ئۆزىنىڭ سۆيۈملۈك بالىلىقىنى ئۆتكۈزگەن قاتامون (پەلەستىن)غا قايتىپ، ئۆتمۈش دەۋرلەردىكى تەۋەررۈك ئىزلارنى ئىزدەيدۇ ۋە ئۇ ئىزلارنىڭ خاراب ھالىتىدىن يۈرىكى ئەلەمگە توشىدۇ.
«دالاننىڭ ئىشىكىنى ئاچتىم، يۈرىكىم لەختە بولدى.»
غادا كەرمى پەلەستىندىكى كونا ئۆيىنىڭ ئىشىكىنى ئېچىپ كىرگەندە تاشلاندۇق، خارابە بىر مەنزىرە ئۇنىڭ يۈرىكىنى ئېزىدۇ. ئەجدادلار ئاللىبۇرۇن يوق بولغان. ئەجەبا بۇ پەلەستىنگە تىمسال ئەمەسمۇ!
«مەيداننىڭ ئوتتۇرىسىدا ئوسمانىيلار دەۋرىدىن قالغان مەسچىت بار، بىراق ئۇ تاقىلىپ قاپتۇ!»
ئۆي ۋە مەسچىتنىڭ تاقىلىپ قېلىشى بۇ يەردىكى كۈلتۈرەل

جەھەتتىكى تازىلاشنىڭ نەقەدەر سىستېمىلىق ئىكەنلىكىنى بىلدۈرەتتى. ئاخىرىدا ئاپتور بالىلىق دەۋرىدە ئۆزىگە ئىككىنچى ئانا بولغان، 1948 - يىلى ئاپتورنىڭ ئائىلىسى مۇساپىر بولۇپ چىقىپ كەتكەندە قاتاموندا قالغان فاتىمەنى ئىزدەپ تاپالمايدۇ. كىتابنىڭ ئاخىرقى بابى ھەسرەت بىلەن سۇغىرىلغان مۇسىبەت ناخشىسىغا ئوخشاپ كەتكەندى.

«پەلەستىن بېرىتانىيە ھۆكۈمرانلىقىغا ئۆتكەندىن بۇيان پەلەستىنگە مۇستەقىللىق بېرىلىش توغۇل، بۇ تۇپراققا يەھۇدىي كۆچمەنلىرىنىڭ كۆچۈپ كېلىشىگە مەدەت بېرىلدى، بۇ خىل ئەنسىزلىك داۋاملىشىۋەردى.»

غادا كەرمى پەلەستىنگە يۈزلەنگەن ئاپەت ۋە بەختسىزلىكنىڭ تارىخىنى ئۆز كەچۈرمىشى ئارقىلىق جانلىق ۋە كونكرېت سۈرەتلەپ بەرگەن. يوقىتىش، تاشلاپ بېرىش، ئۆزلىشىش، سىڭىشىش، ئارىسالدى بولۇش، تەمتىرەش، ئىزدەش، ئۆزىگە قايتىش، ئازابلىق ئايرىلىش، ئامالسىزلىق كەبى ئەلەملىك خاتىرىلەر قارىماققا كەرمىنىڭ كىشىلىك تەقدىرىدە مەركەزلىك ئەكس ئەتسىمۇ، ئەمەلىيەتتە ئۇلار پەلەستىن خەلقىنىڭ ئورتاق تەقدىرىگە ۋەكىللىك قىلىدۇ.

پەلەستىن بۇرۇنقى مەنبەلەردە «كەنئان» مۇ دېيىلگەن. ئارخېئولوگىيەلىك بايقالمىلار مىلادىيەدىن 3000 يىل بۇرۇن كەنئانلىقلارنىڭ غەززەدە ياشىغانلىقىنى دەلىللەيدۇ. مىلادىيەدىن 1000 يىل ئىلگىرى ئىبرايىلار ئۆزلىرىنىڭ دۆلىتىنى قۇرغان، كېيىن ئۇلار پارس ئىمپېرىيەسىنىڭ كونتروللۇقىغا ئۆتكەن. مىلادىيەدىن ئىلگىرىكى 63 - يىلى پەلەستىننى رىملىقلار ئىگىلەپ، قاتتىق سىياسەت يۈرگۈزۈپ، يەھۇدىيلار قىرىلغان ۋە تارقىلىپ كەتكەن.

پەلەستىن ئىسلام ھاكىمىيىتىگە ئۆتكەندىن كېيىن، خەلىپىلىكنىڭ ھامىيلىقىدا پەلەستىندىكى قالدۇق يەھۇدىيلار

www.uyghurkitap.com ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى

ئاپتونومىيە ھوقۇقىغا ئېرىشىپ، رىم ھاكىمىيىتى دەۋرىدە چېچىلىپ كەتكەن يەھۇدىيلار يېرۇسالېمغا بىر - بىرلەپ قايتىشقا باشلىغان. سالجۇقىيلار دەۋرىگە كەلگەندە پەلەستىندىكى يەھۇدىيلارنىڭ سانى تەخمىنەن 300 مىڭغا يەتكەن. ئەمما، ئەھلىسەلىپ ئۇرۇشى دەۋرىدە يەھۇدىيلار سورۇقچىلىق تارتىپ ئازلاپ كېتىپ، بىرنەچچە مىڭغا چۈشۈپ قالغان. 20 - ئەسىرنىڭ بېشىدا، يەنى بىرىنچى دۇنيا ئۇرۇشى ئاخىرلاشقاندا پەلەستىندە 750 مىڭ ئاھالە بولۇپ، مۇسۇلمانلار ئومۇمىي نوپۇسنىڭ 80% نى ئىگىلىگەن، پەلەستىندىكى يەھۇدىيلارنىڭ 1914 - يىلىدىكى ئومۇمىي سانى 85 مىڭ ئىكەن.

19 - ئەسىرنىڭ باشلىرىدا باش كۆتۈرگەن ئىلمانىيە (ھاكىمىيەتنى دىندىن ئايرىش) ھادىسىلىرى يەھۇدىي دىنىغا بولغان كەمسىتىشنى كەلتۈرۈپ چىقارغان. نەتىجىدە، يەھۇدىيلار ياۋروپانىڭ مىللەتچىلىك لوگىكىسىغا ئۇيغۇن ھالدا زىئونىزم ۋۇجۇدقا كەلگەن. زىئونىزم (Zionism) — يەھۇدىيلارنىڭ ئۆز تەقدىرىنى ئۆزى بەلگىلەش ۋە پەلەستىندە يەھۇدىيلارنىڭ مىللىي دۆلىتىنى قۇرۇپ چىقىشنى مەقسەت قىلغان مىللەتچىلىك ھەرىكىتىنى كۆرسىتىدۇ. بۇ ھەرىكەت ئىسرائىلىيە دۆلىتى قۇرۇلغاندىن كېيىنمۇ، دەۋرلەرنىڭ قەدىمىگە مۇناسىپ يېڭى شەكىللەرگە تەرەققىي قىلىپ تۇرغان. بۇ ئاتالغۇ «Zion» دېگەن سۆزنى يىلتىز قىلغان بولۇپ، ئۇ شەھرى قۇددۇسنىڭ يېنىدىكى تاغنىڭ ئىسمى. دەسلەپتە ئۇ يۇرتىغا قايتىش، ئانا يۇرت سۆيگۈسى، يەھۇدىيلارنى ئىرىلدۇرۇش خاھىشىدىكى دىنىي ئاقارتىش مەنىسىدە ئىشلىتىلگەن. رەسمىي سىياسىي مەنىدىكى زىئونىزمنىڭ ئاساسىي سېئودور خېرزىل (Theodor Herzl, 1904 — 1860) تەرىپىدىن 1896 - يىلى قۇرۇلغانىكەن. شۇنىڭدىن باشلاپ يەھۇدىيلار ئۆزلىرىنىڭ مىللىي دۆلىتىنى ۋۇجۇدقا كەلتۈرۈشنىڭ ئەمەلىي ھەرىكىتىنى باشلاپ، ھەر خىل تەشكىلاتنىڭ ھىمايىسىدە پەلەستىنگە سىستېمىلىق ھالدا يەھۇدىي ئاھالىلىرى

كۆچۈرۈلۈپ، ئولتۇراقلىشىدۇ. 1917 ـ يىلىغا كەلگەندە ئەنگلىيە دىپلوماتىيە ۋەزىرى ئارتۇر جېمىس بىلفور (A.J.Balfour, 1848 ـ 1930) زىئونىزمچىلارنىڭ رەھبىرىگە يەھۇدىيلارنىڭ پەلەستىندە دۆلەت قۇرۇشىنى قوللايدىغانلىقىنى بىلدۈرۈپ مەكتۇپ تاپشۇرىدۇ. ئوتتۇرا شەرق ۋەزىيىتىدە تارىخىي بۇرۇلۇش ياسىغان ئۈچ جۈملە، 125 سۆزدىن تەشكىل تاپقان بۇ مەكتۇپ تارىختا «بىلفور خىتابنامىسى» دەپ ئاتالدى.

«بىلفور خىتابنامىسىنىڭ يېزىلىشىغا يەھۇدىي خىمىيە ئالىمى خايىم ئا.ۋېزمان (Chaim A.Weizman, 1874 ـ 1952) بىۋاسىتە تەسىر كۆرسەتتى. ۋېزمان 1906 ـ يىلى بىلفور بىلەن كۆرۈشكەندە، بىلفورغا ناھايىتى ئىجابىي تەسىر قالدۇرغان. بىلفور ۋېزماندىن زىئونىزمنىڭ مەركىزى نېمە ئۈچۈن باشقا يەر بولماي، دەل پەلەستىن بولىدۇ، دەپ سورىغاندا، ۋېزمان «بىلفور ئەپەندى، بىرى سىزدىن لوندوننى ئېلىۋېلىپ، ئۇنىڭ ئورنىغا پارىژنى بەرسە قوشۇلامسىز؟» دەپ جاۋاب بەرگەن. بىلفور رەددىيە بېرىپ «دوكتور ۋېزمان، لوندون ئاللىبۇرۇن ئۆزىمىزنىڭ ـ دە » دېگەندە، ۋېزمان «شۇنداق، لوندون بىر سازلىق پېتى تۇرغاندا، يېرۇسالېم بىزنىڭ ئىدى» دەپ جاۋاب بەرگەن.

گەرچە خىتابنامىدە يەرلىك خەلقلەرگە زەرەر يەتكۈزمەسلىك شەرتى ئاستىدا يەھۇدىيلارنىڭ «مىللىي ئائىلىسى»نى قۇرۇپ چىقىش ئالاھىدە ئەسكەرتىلگەن بولسىمۇ، كېيىنكى تارىخنىڭ بەتلىرى قان بىلەن تولغان. 1948 ـ يىلى 14 ـ مايدا ئىسرائىلىيە دۆلىتى قۇرۇلۇپ، ئەتىسىلا ئوتتۇرا شەرق ئۇرۇشى باشلىنىپ، بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتى 1947 ـ يىلى ئەرەبلەرگە ئاجرىتىپ بەرگەن 6000 كۋادرات كىلومېتىر زېمىننى ئىسرائىلىيە ئىگىلىۋالىدۇ. شۇنىڭدىن باشلاپ زىئونىزم ئەرەب ـ ئىسلام ئەللىرىنىڭ يۈرىكىگە بۆسۈپ كىرىپ ئوتتۇرا شەرق خەلقلىرىنى ئىتتىپاقلىشالماس ھالەتكە كەلتۈردى ۋە ئۇلارنى تۈزۈك ئۇخلىيالمايدىغان ياكى تۈزۈك تۇۋلىيالمايدىغان قىلىپ

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com

قويدى.

سېئودور خېرزىل غەربتە ياشايدىغان يەھۇدىي بايلىرىدىن پۇل توپلاپ، ئەينى ۋاقىتتىكى ئوسمانىيلارغا تەۋە پەلەستىنىدىن يەر سېتىۋېلىش ئۈچۈن كۆپ ئۇرۇنغان. ئەمما، ئۇنىڭ تورلۇك شەكىلدىكى تەلەپ - ئۇرۇنۇشلىرى خەلىپە ئابدۇلھەمىد II تەرىپىدىن كەسكىن رەت قىلىنغان. خەلىپە خېرزىلغا مۇنداق جاۋاب بەرگەن: «يەھۇدىيلار پۇللىرىنى ئۆزلىرىگە ساقلاپ تۇرۇشسۇن، مېنىڭ ئىمپېراتورلۇقۇم پارچىلانغاندا، پەلەستىنىنى پۇل خەجلىمەيلا قولغا كىرگۈزۈۋالالايدۇ. ئەمما، بۇ دۆلەت بىزنىڭ جەسەتلىرىمىز پارچىلانمىغۇچە پارچىلانمايدۇ، تەقسىم قىلىنالمايدۇ. مەن جانلىق بىر بەدەن ئۈستىدىمۇ ئوپېراتسىيە قىلىشقا ئەسلا رۇخسەت قىلمايمەن.»

لېكىن، ئوسمانىيلار غەربنىڭ قولى بىلەن ئاخىر پارچىلاندى. ئۇزاققا سوزۇلغان بىر سۇيىقەست زامانىۋى دۇنيانىڭ جەلپكار لىباسلىرىنى كىيىپ، كىشىلەرنى ئالتۇن ياكى پۇلغا باش ئۇرىدىغان ئىپراغا يېتەكلىدى ۋە خاتىرجەملىك ئەمەلگە ئاشمايدىغان.چۈشكە ئايلاندى. ئەمدى ھەقىقىي ئەخلاق ئەخلاقسىزلىققا ئايلىنىپ، ماكياۋېللىزم مودا بولدى. ماكياۋېللىزم روھى زىئونىزم توغرىسىدا ياساپ چىقىلغان ساختا قارارنامە — «زىئون دانىشمەنلىرىنىڭ قارارنامىسى» (Protocols of the learned Elders of Zion) دە ناھايىتى تىپىك ئەكس ئەتتى. ئىنتايىن قورقۇنچلۇق بۇ «قارارنامە» گەرچە زىئونىزم ئۈستىدىن توقۇلغان نەرسە بولسىمۇ، دۇنيادىكى نۇرغۇن تىلغا تەرجىمە قىلىنغان بولۇپ، بارلىق فاشىستىك ھاكىمىيەتنىڭ ئاپپاراتىدىكى ماھىيەتنى ئومۇملاشتۇرۇپ بەرگەن «يالغانچىلىق ئىچىدىكى چىنلىق» بولۇپ قالغان. ئوقۇرمەنلىرىمىز «يەھۇدىيلارنىڭ قەد كۆتۈرۈش تارىخى»، «ئوتتۇرا شەرق تارىخى» قاتارلىق مەنبەلەرنى كۆرسە سىياسىي ئويۇن ھەققىدىكى مول تارىخىي بىلىملەرگە ئىگە بولىدۇ.

ئۇزاقتا سوزۇلغان بىر سۈيىقەست زامانىۋى دۇنيانىڭ جەلپكار لىباسلىرىنى كىيىپ، كىشىلەرنى ئالتۇنغا باش ئۇرىدىغان ئىبراغا يېتەكلىدى ۋە خاتىرجەملىك ئىشقا ئاشمايدىغان چۈشكە ئايلاندى (مۇناسىۋەتلىك تارىخىي ئۇچۇرلار خائەنچۈەننىڭ «ئوتتۇرا شەرق تارىخى» ناملىق كىتابىدىن ئېلىندى).

غادا كەرمى كىتابىنىڭ ئاخىرىنى مۇنداق چۈشۈرگەن بولۇپ، بۇ ھال ئاپتورنىڭ تامامەن بىردەك بولغان كەيپىياتىنى ياخشى ئىزاھلاپ بېرىدۇ:

«كۆزلىرىمنى ئەنسىز ھالدا يۇمۇپ ئاچتىم. ھېكايە تېخى تۈگىمىگەنىدى، كىشىلەر بۇ يەردە مەۋجۇت ئىدى... بەلكىم ئۇلار ماكان - زامان جەھەتتىكى ئۆتكۈنچى سۈرگۈنلەر. لېكىن، مەن باشقىچە بىر سۈرگۈندە، ئۇنىڭ ئۇچ - چېكى يوق بولۇپ، ھېچ يەرگە قايتقىلى بولمايتتى.»

«مەن ئىنتايىن ئۈمىدسىزلەنگەن ھالدا شۇنى ھېس قىلماقتا ئىدىم. نەچچە يىلدىن بېرى قورقۇپ، قېچىپ يۈرگەن، يىلتىزىم بار يەرگە قايتمىشىم كېرەك ئىدى. بىراق، ھەقىقەت شۇكى، تېنىم بىلەن ھەر ئىككى يەردىن يىلتىزىنى تاپالمىدىم. مەن گەرچە ئىككى خىل مەدەنىيەت مۇھىتىدا چوڭ بولغان بولساممۇ، ئاخىرقى ھېسابتا ھېچقايسىسىغا تەئەللۇق بولالمايۋاتاتتىم.»

غادا كەرمى ئۆزىنى مەنىۋىيەت سۈرگۈنى دەپ ئاتاۋاتاتتى، ئۇ نە ئەنگلىيەدىن، نە پەلەستىنىدىن ئۆزىگە ھەقىقىي تېگىشلىك نەرسىلەرنى ئىزدەپ تاپالمىغانىدى. ئۇ زادى ئەرەبمۇ ياكى ئىنگلىزمۇ؟ ئۇنىڭ بىيولوگىيەلىك ۋە فىزىيولوگىيەلىك تەۋەلىكى قانداق، سىياسىي تەۋەلىكى قانداق؟ مەدەنىيەت تەۋەلىكى قانداق؟ غادا كەرمى بۇلارنى ئوخشاش بىر نۇقتىدا ئۇچراشتۇرالماي ئاۋارە ئىدى.

ئۇ تېپىك بىر كىملىك سەرگەردانى ئىدى. ئۆزىگە مەنسۇپ ۋەتىنى بولمىغانلارنىڭ باشقىلار ئالدىدا ئىناۋەتلىك كىملىكى بولاتتىمۇ!

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تورى



# پاسپورت ۋە كىملىكتىكى مەن

(خاتىمە ئورنىدا)

نام ـ ئاتاق، قەسىرلەر بولدى ماڭا تار،
ماڭا ئەركىن ماكان تاغدىكى ساتما.
مېنى ئالەمدە يوق «مەردان» دېگەنتىڭ،
يۈزۈڭنى داپ قىلىپ يامانغا قاتما.

ــ سەيپىدىن ئەزىزى

ھەر قېتىم چەت ئەلگە چىققىنىمدا، بەزى قېرىنداشلىرىم «ئۇ ئەمدى قايتىپ كەلمەيدۇ» دېيىشىپتۇ. تۇنجى قېتىم پاسپورتقا ئىلتىماس سۇنغىنىمدا، جامائەت خەۋپسىزلىكى تارماقلىرى تەلىپىمنى چۈشەنگىلى بولمايدىغان ئۇسۇلدا رەت قىلغانىدى. كىشىلەر ئارىسىدا ئاساسسىز ھالدا يامراپ كەتكەن «قايتىپ كەلمەسلىك» غۇلغۇلىسى ماڭا سوغۇق كېلىپ، چەت ئەلگە چىقالمىدىم. بىلىمگە ئىنتىلىپ تۇرغان ئىسسىل چاغلىرىم ئۆرتىنىش ئىچىدە ئۆتتى. ئالتە يىل ئۆتكەندىن كېيىن مىڭبىر مۇشەققەت، مىڭبىر تەشۋىشتە پاسپورتقا ئېرىشتىم. ئىشىمدىن چېچەك چىقىپ قالامدىكىن دەپ، ياپونىيەگە داۋراڭسىز يۈرۈپ كەتكەنىدىم (بۇ ھەقتە «ئۆزىنى ئىزدەش بوسۇغىسىدا» ناملىق كىتابىمدا بەزى سەھىپىلەرنى ئاچقانىدىم). ياپونىيەدىكى بىر يىللىق ئىلمىي ئىستىقامىتىنى تاماملاپ ۋەتەنگە قايتىپ

كەلگەندە، مەكتىپىمىزنىڭ كادىرلار باشقارمىسى «قايتىپ كەلگىنىڭىز ياخشى بولدى، ئەمدى خاتىرجەم بولدۇق» دېيىشىپ كەتكەنىدى. مەن ئۇلارغا جاۋابەن، «دۇنيادا مېنىڭ بىرلا ۋەتىنىم بار، قايتىپ كەلمەي نەگە باراتتىم» دېگەنىدىم.

ۋەتەنگە ھەر خىل سۈپەت بېرىش مۇمكىن: ۋەتەن مەن تۇغۇلۇپ ئۆسكەن يەر، ۋەتەن مېنى تۇغقان خەلق، ۋەتەن بىر قەلب، ۋەتەن بىر ئەقىدە، ۋەتەن ھەقىقەت، ۋەتەن جاراھەت... ۋەتەن بىر ئادەمنىڭ قەدىر ـ قىممىتى، بۇرچ تۇيغۇسى ۋە قىممەت قارىشىنى شەرت قىلغان ھالدا تۈرلۈك سۈپەتتە نامايان بولىدۇ. ئەقىدە بىلەن ياشايدىغان ئىنسانلار مەيلى قەيەردە بولمىسۇن ۋەتەنسىز بولمايدۇ، ئەڭ بولمىغاندا ئۇ غايىۋانە ھالدا قەلبىدىكى ۋەتەندە ياشايدۇ.

يىغىپ ئېيتقاندا، مەن بىر غايىچى سۈپىتىدە مەنىۋىيەت بىلەن ياشاۋاتىمەن، تەبىئىتىمدىن كۈچلۈك مۈلۈكدارلىق ھېرىسلىرىنى بايقىيالمىدىم. نېمىشقىدۇر، ئەلنىڭ ئىزتىراپلىرى بىلەن مەنىۋى جەھەتتە ئۆزۈمنى بىر چەتكە ئالالمايدىغان دەرىجىدە باغلىنىپ كەتكەنىكەنمەن. دىل كەچمىشلىرىم ۋە قىسمەت تەشۋىشلىرىم ئانا تىلىمدا مىسرالارغا، ئىدراكىي تەلقىنلەرگە ئايلىنىپ، ئەلنىڭ غېمىگە بولغان ئاشنالىقتىن پىكىرلەرگە تەشنا بولغان ۋەتەنداشلىرىمنىڭ نەزەرلىرىدە ئىززەت ۋە قىممەت تاپىدىكەن. شائىرلىقىم ۋە ئىلمىي سالاھىيەتلىرىم يەنىلا ۋە يەنىلا ئەجدادلىرىم ياتقان، خەلقىم تىرىكچىلىك قىلىۋاتقان تەۋەررۈك تۇپراقتا ئىكەن. خەلقىم ئاررزاق بولسىمۇ بىرنەرسىلەرنى ئويلاشقا چولىسى تەگمەي، ھەرقانچە قاشاقلىشىپ كەتكەن ھالەتتىمۇ يازماي تۇرالمايمەن. بۇ مېنىڭ تەقدىرىم ھەم تاللىشىم بولۇپ، بۇنىڭدا ئاچچىق بىلەن تاتلىق چۈشەنگىلى بولمايدىغان دەرىجىدە يۇغۇرۇلۇپ كەتكەن. شەكىلسىز تەقدىر بەخش ئەتكەن تاللاشنى ئۆزۈمنىڭ ئاكتىپ تاللىشى سۈپىتىدە مۇئەييەنلەشتۈردۈم، خالاس. دېمەك، مەن ئانا تىلدا پىكىر

قىلغۇچى، قىممىتىم ئانا يۇرتتا، بۇ بىر مۇقەددەس سورگۇن. مەن بىر دۇنياۋى گىراژدان لاياقىتىدە خالىغان ئەللەرنى كېزىپ، ئۆزۈمنى قوروپ چىقىدىغان پۇرسەت ئىزدەشنى ئارزۇ قىلىمەن، شۇنداقلا ھەرقاچان ئۆزۈم بولۇشنى خالايمەن. مانا بۇ مەندىكى مۇئەييەنلەشمىگەن پارادوكس (زىتلام).

يۇنان ئەپسانىلىرىدە ئانتېئۇس (Antaeus) ئىسىملىك بىر ئىلاھ بار بولۇپ، ئۇ دېڭىز ئىلاھى بىلەن زېمىن ئىلاھىنىڭ بالىسى ئىكەن. ئۇنىڭ تاپىنى زېمىنغا تېگىپلا تۇرسا ھېچقانداق رەقىب ئېلىشىشتا ئۇنىڭغا تەڭ كېلەلمەيدىكەن. چۈنكى، ئۇنىڭ ئانىسى بولغان زېمىن ئىلاھى ئۇنىڭغا چەكسىز مەدەت بېرىدىكەن. كېيىن، ھېراكلىس دېگەن بىرى ئانتېئۇسنىڭ سىرىنى بىلىۋالغاندىن كېيىن، ئانتېئۇسنىڭ پۇتىنى ئاسمانغا كۆتۈرۈپ تۇرۇپ ئۆلتۈرۈۋەتكەنىكەن. ئانتېئۇسنىڭ پۇتى ئانا زېمىندىن ئايرىلىشىلا كۈچىدىن قالىدىكەن. بىز بۇ ھېكايىدىن مۇنداق خۇلاسىگە كېلىمىز: ئۆزىنىڭ ۋەتىنى ۋە خەلقىدىن ئايرىلىپ قالغان ھەرقانداق ئادەمنىڭ كۈچ - مادارى بولمايدۇ. دېمەك، ۋەتىنى يوقنىڭ جېنى يوق.

مۇبادا مەن بىر تەبىئىي پەنچى بولۇپ، ئۆز كەسپىمدە دۇنياۋى پەللىگە چىقماقچى بولسام، قەيەردە ئالىي تەجرىبىخانا، ئەۋزەل شارائىت بولسا يات ۋە يىراق كۆرمەي شۇ يەرگە يۈزلەنگەن بولاتتىم. ۋاھالەنكى، مېنىڭ كەسپىياتخانام خەلق ھاياتى. شۇڭا، خەلقنىڭ قەلبىگە ھىجرەت قىلىشىم كېرەك. سەن ئالىدىغان رول قەيەردە بولسا شۇ يەر سېنىڭ ھىجرەتگاھىڭدۇر.

مانا بۇ مېنىڭ «قانداقسىگە قايتىپ كەلگەنسەن؟» دېگۈچىلەرگە بەرگەن جاۋابىم.

ۋەتەنگە قايتىپ كەلگەندىن كېيىن چېگرانىڭ ئىچى ۋە سىرتىدا يولۇققان ئاۋارىچىلىكلىرىمنى ئۇنتۇپ كېتەلمىدىم. ئۇنتۇشقا ھەرقانچە ئۇرۇنساممۇ، يىغىۋاشتىن يۈز بېرىپ تۇرغان

ئۇششاق ئىشلار كۆڭۈلسىز خاتىرەمنى يېڭىلاپ تۇردى.

قايسىدۇر بىر مەتبۇئاتتىن قەلەم ھەققى ياكى باشقا تۈردىكى يوللانما كەلسە، چەك ياكى ئۇقتۇرۇشنى كۆتۈرۈپ يېقىن ئەتراپتىكى پوچتىخانىلارغا بارىمەن. يوللانمىلارغا ئادرېس ۋە ئىسمىمىزنىڭ ئۇيغۇرچە يېزىلىشى ئاللىبۇرۇن تارىخقا ئايلىنىپ بولدى. چەكلەردە ئىسمىمنىڭ خەنزۇچە يېزىلىشى ھامان كىملىكتىكى خەنزۇچە يېزىلىشى بىلەن ئوخشىماي قالاتتى. ئۇيغۇرچە كىشى ئىسىملىرىنىڭ تەلەپپۇزىنى خەنزۇچە خەتلەر بىلەن ئەينەن تەلەپپۇز قىلىش مۇمكىن بولمىغانلىقتىن، خەنزۇ تىلىدىكى تەخمىنەن ئۇدۇل كېلىدىغان تاۋۇش (بوغۇم) ياكى خەت بىلەن ئىپادىلەشكە توغرا كېلەتتى. مىسالەن، ئىسمىم ئۇيغۇرچە بولغاندا تۆت بوغۇمدىن تۈزۈلگەن بولۇپ، خەنزۇچە يېزىقتا ئىپادىلىگەندە ئالتە بوغۇمغا كۆپىيىدۇ: ئابدۇقادىر (阿不都卡德尔). بۇنداق بولغاندا، ئەسلىي ئىسمىمدىكى تاۋۇشلار تامامەن ياتلىشىپ، خەنزۇ تىلىنىڭ پىنيىن سىستېمىسىغا ئايلىنىدۇ. ئەگەر بىز خەنزۇ تىلىدىكى «بىر خەت - بىر مەنە» ئۇقۇمى بويىچە ئىسمىمىزدىن مەنە چىقىرىدىغان بولساق، ئىسمىمىزنىڭ خەنزۇچە يېزىلىشىدىن چۈشىنىكسىز بىرنەرسىلەرنىڭ كېلىپ چىقىشى تۇرغانلا گەپ. بۇ خۇددى توخۇ شورپىسىدا پىشۇرۇلغان بېلىق گۆشىنىڭ تەمىنى ئۇققىلى بولمىغاندەك بىر ئىش. خەنزۇ تىلىدا ئوخشاش بىر پىنيىندە بىرنەچچە خىل خەت بولىدۇ. پوچتا، بانكا، قاتناش ۋە باشقا مۇلازىمەت تارماقلىرىدا، ھەتتا ھۆكۈمەت ئورگانلىرىدا مۇلازىمەتچى خادىملار ئىسىملىرىمىزنى خەنزۇ يېزىقىدا ئىپادىلىگەندە، يەڭگىللىك بىلەن ئۆزى بىلگەن مەلۇم خەت بىلەن يازىدۇ - دە، ئۇ بىزنىڭ كىملىكتىكى ئىسمىمىز بىلەن ئاھاڭ جەھەتتە تەخمىنەن يېقىن كەلسىمۇ، خەتلەر بىردەك چىقماي قالىدۇ، ئەمما مەسئۇلىيەتنى ئىسىم ئىگىسى تارتىدۇ. شۇنىڭ بىلەن

بىرەر خەتنى تۈزەتكۈزۈش ئۈچۈن ئورگان ۋە ئىشخانىلار ئارا قاتراپ، ھەپىلەپ، ئايلاپ ۋاقىت زايە قىلىدۇ. بۇنداق كەچۈرمىشلەر بېشىمدىن تالاي قېتىم ئۆتتى ھەم تەقدىرىم سۈپىتىدە كاللامدىن ئۆتتى. پوچتىخانا مۇلازىمەتچىلىرىنىڭ كۆپلىرى چەكتىكى ئىسمىڭ كىملىكتىكى ئىسمىڭ بىلەن ئوخشىمايدىكەن دەپ، ھەققىمنى بېرىشنى رەت قىلاتتى. مەن ئۆز ئىسمىمنىڭ دەۋاسىنى ھەرقانچە قىلساممۇ، ئاقتۇرالمىدىم. بۇ يەردە بىر گىراژدان يەنە بىر گىراژداننىڭ ئىسمىدىكى چىنلىقنى تونۇمايۋاتاتتى، بىر مەدەنىيەت ئۆز قوينىدىكى يەنە بىر مەدەنىيەتنىڭ ئىنچىكە خاراكتېرىنى چۈشەنمەيۋاتاتتى. يەنە كېلىپ بۇنداق چۈشەنمەسلىك ھەقلىق بولۇپ، ئىسمى بۇرمىلانغان شەخس پاراكەندە بولۇۋاتاتتى.

نىمىشقىدۇر مەن ئوخشىمىغان مۇھىتلاردا ئۆزۈمنى چۈشەندۈرۈش ئورنىغا چۈشۈپ قالىمەن. بەزىدە ئۆزۈمنى «مېنىڭ ئىسمىم خان» ناملىق كىنودىكى رىزۋانخانغا ئوخشىتىپمۇ قالىمەن.

ئەگەر مەن•كىملىكتىكى، شەرەپ گۇۋاھنامىلىرىمدىكى، خەت ـ چەكلىرىمدىكى ئىسىملىرىمنىڭ خەنزۇچە يېزىلىشىنى سېلىشتۇرسام، ئۇلارنىڭ ھەر خىل يېزىلغانلىقىنى بايقايمەن. مەن پەقەت بىر، لېكىن ئىسمىم ھەر خىل يېزىلغان. دېمەك، مەن ئۆز ئىسمىمغا ئىگە بولالمىدىم. باشقىلار مېنى خاتا يازىدۇ، مەن تۈزىتەلمەي ئاۋارە. بۇ يالغۇز مېنىڭلا قىسمىتىم ئەمەس، ئەتراپىمدىكى كىشىلەرنىڭ ئىسمىدىكى خەتتە كۆرۈلگەن سەۋەنلىكلەر تۈپەيلى ھەربىرىنىڭ ئۆزىگە لايىق تارتىمىشلىرى بار.

مېنىڭ يەنە پاسپورت بىلەن باغلانغان ئۆزگىچە كەچۈرمىشلىرىممۇ بار. ھەر قېتىم چېگرادىن ئۆتسەم پەرقلىق ھالدا تەكشۈرۈلىمەن. پاسپورتۇمنى باشقىلارنىڭ پاسپورتى بىلەن سېلىشتۇرۇپ باقسام ئوخشاش. پەقەت ئىسمىملا ئوخشىمايدىكەن.

بىر قېتىم بىر ساياھەت ئۆمىكى بىلەن شىياڭگاڭغا ئۆتۈۋاتقاندا، تاموژنا خادىملىرى پاسپورتنى قولغان ئېلىپ «ئىسمىڭ نېمە؟» دەپ سوراشتى، دەپ بەردىم، ئۇلار ئىسمىڭ بەك ئۇزۇنىكەن، دەپ كۈلۈپ كېتىشتى. شۇنداق، ئىسمىم بەك تەس، دېدىم مەنمۇ كۈلۈپ تۇرۇپ. ئەنگلىيەدە ئىلىم تەھسىل قىلىش جەريانىدا تۈركىيەگە ئون كۈنلۈك ساياھەتكە كەلدىم. ساياھەتنى ئاخىرلاشتۇرۇپ ئەنگلىيەگە قايتقان چاغدا، تۈرك ھاۋا يوللىرىنىڭ خادىملىرى مېنى خېلى ئۇزاق سوراق قىلىشتى، مېنى ۋە پاسپورتۇمنى سۈرەتكە ئېلىشتى. ئۇلارنىڭ سوئالى تۈگىگەندە ئۇلارغا «مەن سوئال سوراشقا كۆنۈپ كەتكەن، يەنە باشقا سوئالىڭلار بارمۇ؟» دېدىم خورلۇق ھېس قىلىپ. ئۇلار «سورايدىغانلىرىمىز تۈگىدى، سىزنىڭ باشقا گېپىڭىز بارمۇ؟» دېدى.

— سىلەرچە مەن تېررورچىغا ئوخشامدىكەنمەن؟ — دەپ سورىدىم.

ياش خادىم گېپىمدىن ئەندىكىپ كەتتى. مەن ئۇنىڭغا:

— مېنى ئالاھىدە تەكشۈرۈشۈڭلارنىڭ سەۋەبى توغرۇلۇق چۈشەندۈرۈش بەرمىدىڭلار، مېنىڭ بۇنى بىلىش ھوقۇقۇم بارمۇ - يوق؟ — دېدىم.

ئۇنىڭغىچە ياشقىنە بىر ئايال خادىم يېنىمغا كەلدى ۋە مۇنداق دېدى:

— كەچۈرۈڭ ئەپەندى، بىزدە ئەنگلىيە تەرەپنىڭ جۇڭگو پاسپورتىنى قاتتىق تەكشۈرۈڭلار، دېگەن ئۇقتۇرۇشى بار، بىز ۋەزىپە ئىجرا قىلىۋاتىمىز.

— بىزنى تەكشۈرمەيدىغان قەيەر بار؟ — دېدىم مەن.

ئايال خادىم مۈرىسىنى قىسىپ قويدى.

تاموژنا خادىملىرى ۋە ئەلچىخانا خادىملىرى ئىسمىمنىڭ ئۇزۇن ھەم غەلىتىلىكىدىن بىئارام بولاتتى. Abudukadeer Jialaliding — بۇ ئىسىم ئۇلارنىڭ ئاغزىغا كەلمەيتتى. ناۋادا پاسپورتقا خەلقئارا تىرانسكرىپسىيە بويىچە «Jalalidin Abduqadir» دەپ قىستۇرۇپ

www.uyghurkitap.com



قويۇلغان بولسا، ھەممىگە چۈشىنىشلىك بولاتتى. ئەپسۇسكى، پاسپورتتىكى ئىسمىم جۇڭگولۇقلارنىڭ ئۆزىمۇ ئوچۇق ئاڭقىرىپ بولالمايدىغان، چەت ئەللىكەرنىڭمۇ ئاغزىغا كەلمەيدىغان، ئانكىتتىكى كاتەكچىلەرگە پاتمايدىغان غەلىتە بىر ئىسىمغا ئايلىنىپ قالغانىدى.

تەيۋەنلىك ئالىم ۋاڭ مىڭكې (王明珂) «جۇڭگولۇقلارنىڭ پاسىلى» («华夏边缘») ناملىق كىتابىدا مىللەتنىڭ ئېتنىك نامى ھەققىدە توختالغاندا، «ئۆز لەۋزىدىكى نام» (自称族名) ۋە «ئۆزگە لەۋزىدىكى نام» (他称族名) دېگەن تېرمىنلارنى ئوتتۇرىغا قويىدۇ. ئۇنىڭچە، «ئۆز لەۋزىدىكى نام» بىر مىللەتنىڭ ئۆز ـ ئۆزىنى ئاتىشىنى بىلدۈرىدۇ. «ئۆزگە لەۋزدىكى نام» بىر مىللەتنىڭ باشقا بىر مىللەت تىلىدىكى ئاتىلىشىنى كۆرسىتىدۇ. بىر مىللەتنىڭ مىللىيىتى شۇ مىللەتنىڭ ئۆز لەۋزىدىكى نامىدىلا توغرا ئەكس ئېتىدۇ. ئىنگلىزچە «Chinese»، رۇسچە «كىتاي — к и т а й» دېگەندەك ناملار «华人»، «中国人» دېگەن ناملاردەك ئۆلچەملىك بولمايدۇ. ۋاڭ ئەپەندىنىڭ بۇ قارىشىنى شەخس ئىسىملىرىغىمۇ تەتبىقلاش مۇمكىن. ئەگەر بىز ئىسىمنى ئادەمنىڭ شەخسىيەت ھوقۇقى (人格权) نىڭ بىر قىسمى دەپ قارىساق، شەخس ئىسىملىرى مەسىلىسى ئەستايىدىل قاراشقا تېگىشلىك بىر مەسىلە بولۇپ چىقىدۇ. چۈنكى، ئىسىم ئادەملەرنىڭ ئىجتىمائىي، مەدەنىي مەۋجۇدىيىتىدە بىر تۈرلۈك ھوقۇق سۈپىتىدە ئۇلارنىڭ ئىنسانىيىتىنى كاپالەتلەندۈرىدۇ. «قانۇن بۇيرۇق قىلىدۇكى، — دەيدۇ گېگېل ‹قانۇن پەلسەپىسى› دېگەن ئەسىرىدە، ـ ئادەم بول ھەم باشقىلارنىڭ ئادەم بولۇشىنى ھۆرمەت قىل.»

مەن بۇ يەردە ئۆز ئىسمىمنىڭ باشقا بىر تىلدىكى يېزىلىشىغا قارشى پىكىردە بولماقچى ئەمەس. بەلكى مەن ھەربىر تىل ۋە ھەربىر مەدەنىيەتنىڭ باشقا بىر مەدەنىيەت ئېلېمېنتىنى ئۆز خاسلىقى بويىچە گەۋدىلەندۈرۈشىنى تامامەن قوبۇل قىلىمەن.

لېكىن، مەن چىنلىق ۋە ھۆرمەت پرىنسىپىنى تەكىتلەيمەن. «ئۆزىمىزگە قانداق قارىشىمىزدىن قەتئىينەزەر، باشقىلارنىڭ نەزىرىدىكى شەخسىي سالاھىيىتىمىزنى قوغداش ئىمكانىيىتىمىز ھامان چەكلىك.» (ئامارتيا سېن: «كىملىك ۋە زوراۋانلىق»).

بىر ئادەمنىڭ ئادەم بولۇشى ئۈچۈن ئوزۇق، كىيىم ۋە تۇرالغۇنىڭ بولۇشىلا كۇپايە قىلمايدۇ، يەنە ئۇنىڭ ئادىمىيلىك ئىززىتى بىلەن غۇرۇرى باشقىلار تەرىپىدىن قوبۇل قىلىنغان بولۇشى كېرەك. شۇنداق بولغاندىلا ئۇ ئۆزىنىڭ ئادەم ئىكەنلىكىدىن رازىمەنلىك ھېس قىلالايدۇ. ئادەم ئابستراكت نەرسە ئەمەس، ئۇنىڭ مىللىتى، دۆلىتى، مەدەنىيىتى، ئېتىقادى ۋە قىممەت قارىشى بولىدۇ. بىر پۇقرانىڭ پۇقرالىقى ئۇلارنى ئۆزىگە سىغدۇرالايدىغان چوڭ بىر كىملىك بىلەن قەدىر - قىممەت تاپىدۇ. بىردەكلىك بىلەن كۆپ خىللىق بىر - بىرىگە زىت نەرسە بولماستىن، بەلكى بىر تەڭگىنىڭ ئىككى يۈزىگە ئوخشايدىغان نەرسىلەردۇر.

بىز تەكىتلەۋاتقان «ئىناق جەمئىيەت» قاچان ئىشقا ئاشىدۇ؟ بىز ھە دېسىلا باشقىلارغا ئۆزىمىزنىڭ كۆزى بىلەن قارىۋالماستىن، ئۆزىمىزگىمۇ باشقىلارنىڭ كۆزى بىلەن قاراشنى ئۆگىنەيلى، شۇنداقلا باشقىلارنى شۇلارنىڭ ئۆز ئۆلچىمى بىلەن باھالاشنى بىلىۋالايلى. كۆزىتىش بۇلۇڭلىرى ئۆزئارا ئۆتۈشۈپ تۇرسۇن. ئەنە شۇ چاغدىلا بىزدىكى كىبىر - تەمەننا ئازلاپ، بىر - بىرىمىزگە باراۋەر ھۆرمەتتىكى گىرازدان بولۇپ كۆرۈنىمىز، كەلگۈسىدىكى تەرەققىياتتىن ھەممىمىز ئۆز ئورنىمىزنى تاپالايمىز.

2011 - يىلى ماي، شىنجاڭ مائارىپ ئىنستىتۇتىدىكى ئۆيۈمدە تاماملاندى.

www.uyghurkitap.com

**图书在版编目(CIP)数据**

存在的渴望：维吾尔文化与西方文化的对话：维吾尔文/阿不都卡德尔•加拉里丁著.—乌鲁木齐:新疆科学技术出版社，2012.4
（新疆名家名著丛书）
ISBN 978-7-5466-1257-7

I.①存…II. ①阿…III. ①维吾尔族—名族文化—研究—中国—维吾尔语(中国少数民族语言)②西方文化—研究—维吾尔语（中国少数民族语言）IV. ①K281.5②G15

中国版本图书馆CIP数据核字(2012)第075112号

پىلانلىغۇچى: ئادىل مۇھەممەت
مەسئۇل مۇھەررىرى: ئادىل مۇھەممەت
تەكلىپلىك مۇھەررىرى: قۇربان مامۇت
مەسئۇل كوررېكتورى: ئابدۇرېھىم ئابلىمىت
مۇقاۋىسىنى لايىھەلىگۈچى: نۇرمۇھەممەت ئۆمەر ئۇچقۇن
بەت لايىھەلىگۈچى: ئاينىسا ئوبۇل

شىنجاڭدىكى يازغۇچىلارنىڭ نادىر ئەسەرلىرى

**مەۋجۇتلۇق تەشنالىقى**

ــ ئەنگلىيەدە كۆرگەن ـ ئويلىغانلىرىم

*　　*　　*

شىنجاڭ پەن - تېخنىكا نەشرىياتى نەشر قىلىپ تارقاتتى
(ئۈرۈمچى شەھىرى يەنئەن يولى №255 پوچتا نومۇرى: 830049)
شىنجاڭ شىنخۇا كىتابخانىسىدا سېتىلىدۇ
بېيجىڭ شېڭتۇڭ مەتبەئەچىلىك پاي چەكلىك شىركىتىدە بېسىلدى
فورماتى: 880mm×1230mm 1/32 باسما تاۋىقى: 14.375
2012 - يىلى 4 - ئاي 1 - نەشرى
2012 - يىلى 4 - ئاي 1 - بېسىلىشى
ISBN 978 - 7 - 5466 - 1257 - 7
باھاسى: 52.00 يۈەن

策　　划：阿迪力·穆罕默德
责任编辑：阿迪力·穆罕默德
特约编辑：库尔班·马木提
责任校对：阿布都热依木·阿不力米提
封面设计：努尔买买提·艾买尔
版式设计：阿依努沙·吾不力

新疆名家名著丛书

# 存在的渴望

## —维吾尔文化与西方文化的对话(维吾尔文)

阿不都卡德尔·加拉里丁　著

新疆科学技术出版社出版发行
(乌鲁木齐市延安路 255 号　邮政编码：830049)
新疆新华书店经销　北京盛通印刷股份有限公司印刷
880mm×1230mm　32 开本　14.375 印张
2012 年 4 月第 1 版　2012 年 4 月第 1 次印刷

ISBN 978-7-5466-1257-7 (民文) 定价:52.00 元